غەيرەتجان ئوسمان

# قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى
新疆大學出版社


www.uyghurkitap.com

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

غەيرەتجان ئوسمان، ئەدەبىي تەخەللۇسى ئۆتغۇر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى پەنلىرىنىڭ ماگىستىرانت يېتەكچىسى. ئۇ 1958- يىل 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قەشقەر شەھىرىگە تەۋە يۇقىرىقى قازىرىق كەنتىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1965 ~ 1975- يىللىرىغىچە ئۆز يۇرتىدا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تاماملاپ، 1978- يىلى 2 - ئايغىچە زىيالىي ياش بولۇپ يېزىغا چۈشۈپ، دېھقانچىلىق ئەمگىكىگە قاتنىشىپ دېھقانلاردىن قايتا تەربىيە ئالغان. 1978 - يىلى 2 - ئايدا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان، 1983 - يىلى 2 - ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، شۇ فاكۇلتېتتا ئېلىپ قېلىنىپ، بۈگۈنگىچە ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

غەيرەتجان ئوسمان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىلىرىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ئىشىغا قىزىققان. ئەدەبىي ئەسەرلىرى مەكتەپنىڭ تام گېزىتلىرى ۋە مەكتەپ سەنئەت كۆرۈۋژۈكلىرىدا كۆرۈرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە سۇنۇلغان. ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇش جەريانىدا ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن ئىزچىل شۇغۇللانغان. ئوقۇتۇش خىزمىتىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، پۈتۈن دىققىتىنى ئالىي مائارىپ ئوقۇتۇشى ۋە ئالىي مائارىپ ساھەسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا قارىتىپ مۇئەييەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇ تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرس، ئىشتىن سىرتقى ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى، ماگىستىرانتلار ۋە ياش ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت تارىخى»، «دىنشۇناسلىق»، «شىنجاڭ دىن تارىخى»، «جۇڭگو مەدەنىيىتى جەۋھەرلىرى»، «ئوت-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى» ، «ئۇيغۇر پەلسەپە ـ ئىندىيە لار[illegible]
«خەلق مەدەنىيەتشۇناسلىقى» ، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەشھۇر ئەدە-
بىي ئەسەرلىرى ۋە نەزەرىيىۋى ئەسەرلىرى» ، «ئۇيغۇرشۇناسلىق» ،
«ھۆججەتشۇناسلىق» ، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ھۆججەتلىرى ئوقۇش-
لۇقى» ، «فولكلور مەدەنىيەتشۇناسلىقى» ، «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدە-
بىياتى ۋە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات» ، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىيا-
تى ۋە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات» قاتارلىق ئون نەچچە خىل دەرسنى
ئۆتكەن. ئۇ 2001 ـ ، 2002 ـ ۋە 2005 ـ يىللىرى ئۈچ قېتىم
«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلەش
لايىھىسى» نىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى «ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيا-
تى كەسپىي ئوقۇتۇش لايىھىسى» ، «كاتىباتلىق كەسپىي ئوقۇتۇش
لايىھىسى» ، «ئېكران ئەدەبىياتى ئوقۇتۇش لايىھىسى» قاتارلىقلارنى
تۈزۈشكە قاتناشقان ۋە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «ئۇيغۇر كلاس-
سىك ئەدەبىيات تارىخى» ، «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى» ، «شىنجاڭ مەدەنىيەت
تارىخىغا مۇقەددىمە» ، «ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقى» ،
«مۇقامشۇناسلىق» ، «ئۇيغۇر ئاياللار ئەدەبىياتى» ، «دىنشۇناسلىق
ئاساسلىرى» ، «قەدىمكى ئۇيغۇر ھۆججەتلىرى تەتقىقاتى» ، «چىڭ
سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە
سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى» قاتارلىق دەرسلىكلەرنىڭ ئوقۇتۇش
پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىققان. بۇ لايىھەلەر 2001 ـ ، 2002 ـ ،
2005 ـ يىللىق «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچى-
لىرىنى تەربىيىلەش لايىھىسى» گە ، زۆرۈرىي ئوقۇشلۇق بولغان
«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ، «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى» ،
«شىنجاڭ مەدەنىيەت تارىخىغا مۇقەددىمە» ، «ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبى-
يات ئوقۇشلۇقى» قاتارلىق دەرسلىكلەرنىڭ پروگراممىلىرى 2005 ـ
يىللىق «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تولۇق كۇرس ئوقۇتۇش پروگرام-
مىسى» غا كىرگۈزۈلگەن. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن تەكلىپ بىلەن
مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېر-
سىتېتى، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستى-
تۇتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى ۋە ياپونىيە
فۇكۇكا مائارىپ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ

دەرس ئۆتكەن ياكى لېكسىيە سۆزلىگەن. غەيرەتجان ئوسمان يازغان
«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن تېزىس» (شىنجاڭ ئۇنىۋېر-
سىتېتى نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى)، «ئۇيغۇر كلاسسىك
ئەدەبىيات تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەش-
رى)، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» (شىنجاڭ ئۇنى-
ۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)، «ئۇيغۇر-
لار شەرقتە ۋە غەربتە» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى
نەشرى)، «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيىتىگە دائىر مۇلاھىزە» (شىن-
جاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى) قاتارلىق كىتابلار ۋە
ئۇ تۈزگەن «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» (شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈر-
لەر نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى)، «بۈيۈك شائىر نەۋائى»
(شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتار-
لىق كىتابلار نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ باش تۈزگۈچىلىكىدە يېزىلغان
ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»
(ئىككى قىسىم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەش-
رى)، ئالىي پېداگوگىكا مەكتەپلىرى دەرسلىكى بولغان «ئۇيغۇرلار-
نىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى» (ئىككى قىسىم، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىيا-
تى، 2004 ـ، 2005 ـ يىللىرى نەشرى) قاتارلىقلار نەشر قىلىنغان
ۋە بىر تۇتاش دەرسلىك قىلىنىپ كەڭ قوللىنىلغان. «ئالىي مەكتەپ
تىل ـ ئەدەبىياتى» (شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى،
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى)، «جۇڭگودىكى
مىللەتلەرنىڭ دىن ۋە ئەپسانىلەر قامۇسى» (بېيجىڭ، ئىلىم گۈلزارى
نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)، «ئۇيغۇر ئەدەبىيات
تارىخى» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى خەنزۇ-
چە نەشرى)، «جۇڭگو تارىخىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر قەھرىمانلى-
رى شەجەرىسى» (گەنسۇ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى خەنزۇچە
نەشرى)، «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (مىللەتلەر نەشرىياتى،
2006 ـ يىلى نەشرى) قاتارلىق كىتابلارنى يېزىشقا قاتناشقان. «ئۇي-
غۇرلارنىڭ ئېپتىدائىي ئىشەنچ ۋە ئېتىقادلىرى» (1993 ـ يىلى)، «غەر-
بىي يۇرت مەدەنىيەت تەتقىقاتى» (1993 ـ، 1995 ـ يىللىرى)،
«چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرى ھەققىدە تەت-

قىقات» (1997 ـ 1999 ـ يىللىرى)، «ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق [illegible] مەدەنىيىتى ھەققىدە» (2004 — 2006 ـ يىللىرى) قاتارلىق [illegible] دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان. «غەربىي يۇرت ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» (1995 — 1997 ـ يىللىرى)، «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتى» (1995 — 1997 ـ يىللار)، «ئۇيغۇر ئالىملىرى بىلەن ياپون ئالىملىرىنىڭ تۈرمۇش مۇھىتى توغرىسىدا سېلىشتۇرما تەتقىقات» (1995 — 1998 ـ يىللار)، «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (1997 — 2002 ـ يىللار)، «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى» (2000 — 2003 ـ يىللار) قاتارلىق تەتقىقات تۈرلىرىنى ئىشلەشكە قاتناشقان. بىر مۇنچە شېئىر، نەسر ۋە 240 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىسى ئۇيغۇر، خەنزۇ، ياپون تىللىرىدا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى گېزىت، ژۇرنال ـ مەجمۇئەلەر سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغان. 20 نەچچە پارچە ماقالىسى خەنزۇچە «جۇڭخۇا مەدەنىيەت ـ تارىخ تورى»، «تەڭرىتاغ تورى»، «ئۇيغۇر توردا»، «گۈزەل شىنجاڭ تورى»، «تيەنيۈڭ تورى»، «ئۆزبېك تورى» ۋە تەپسىلىي تەرجىمىھالى خەنزۇچە «جۇڭگو مىللەتلەر ئەدەبىياتى تورى»، «ئۇيغۇر توردا» قاتارلىقلار سەھىپىسىدە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا تارقىتىلغان. بەش قېتىملىق خەلقئارالىق، 10 نەچچە قېتىملىق مەملىكەت دەرىجىلىك ۋە نەچچە 10 قېتىملىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ ئىلمىي ماقالە ئوقۇغان. ئۇ توپلاپ رەتلىگەن بىر قاتار ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر «شايار خەلق چۆچەكلىرى» (1992 ـ يىلى)، «ئۈرۈمچى تيانشان رايونى خەلق چۆچەكلىرى» (1994 ـ يىلى)، «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» (1 ـ، 2 ـ، 3 ـ قىسىملار، 1998 ـ يىلى)، «رىۋايەتلەردىكى شىنجاڭ» (2003ـ يىلى، خەنزۇچە)، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىيات قامۇسى» (2005 ـ يىلى)، «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» (2006 ـ يىلى نەشرى)، «شىنجاڭنىڭ يەر ناملىرى ۋە رىۋايەتلىك ھېكايىلىرى» (2007 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى) قاتارلىق توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن ۋە «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» (خەنزۇچە)، «مىراس»، «بۇلاق»، «مىللىي يازغۇچىلار» (خەنزۇچە)، «تارىم» قاتارلىق ژۇرناللار سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغان. ئون نەچچە پارچە ماقالىسى ۋە كىتابلىرى

مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن تەقدىرلىنىپ مۇكاپاتلانغان، جۈمـ
لىدىن «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ناملىق كىتابى
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق
ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن 2001 ـ ۋە 2002 ـ يىللىرى نادىر ئەسەر
مۇكاپاتىغا، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتىدىكى
ئۈچ مەسىلە» (خەنزۇچە) ناملىق ماقالىسى 2002 ـ يىلى شىنـجاڭ
ئۇنىۋېرسىتـېتى تەرىپىدىن 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتۇش تەتقىقاتى مۇكاـ
پاتىغا، «نەسر ھەققىدە مۇلاھىزە»، «شېئىرىي رومان ھەققىدە»
ناملىق ماقالىلىرى جۇڭگو بۈگۈنكى زامان ئاز سانلىق مىللەتلەر
ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن 2006 ـ يىلى نادىر ماقالە
مۇكاپاتىغا، «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيىتى ھەققىدە مۇلاھىزە» ناﻣـ
لىق كىتابى 2007 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن 3ـ
دەرىجىلىك پەن تەتقىقات نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. غەيرەتـ
جان ئوسمان كۆپ قېتىم شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات
فاكۇلتېتى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى
بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەنگەن. يەنە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ
گۇاڭخۇا (1995 ـ، 1999 ـ يىللىرى)، شياۋداۋكاڭيۈ (1997 ـ
يىلى)، شىچۈەنلياڭيى (1996 ـ يىلى) ئوقۇتۇش مۇكاپاتى قاتارلىقـ
لارغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ تەرجىمىھالى ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېـ
تى نەشر قىلغان «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرى قوللانمىـ
سى» (1995 ـ يىلى) ۋە «جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى سەنئەت ساھەسىدىكى
مەشھۇر كىشىلىرى تەركىزىسى» (جۇڭگو خەلقئارا رادىئو نەشرىياتى،
1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)، «ئالىي مائارىپ گۈللىرى» (شىنـ
جاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)،
«جۇڭگو ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي مۇتەخەسسىسلەر قامۇسى» (جۇڭـ
گو كادىرلار نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى)، «بۈگۈنكى
زامان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى لۇغىتى» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى،
1999ـ يىلى نەشرى)، «دۇنيادىكى مەشھۇر مۇتەخەسسىسلەر قامۇـ
سى» (جۇڭگو خەلقئارا ئالماشتۇرۇش نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى
خەنزۇچە نەشرى)، «دۇنيادىكى مەشھۇر كىشىلەر تەزكىرىسى»
(جۇڭگو خەلقئارا ئالماشتۇرۇش نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى خەنزۇچە

نەشرى) ، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» (مىللەتلەر
نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى نەشرى) قاتار ـ
لىقلاردا تونۇشتۇرۇلغان. ئۇ هازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي
جەمئىيىتى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق شۆبىسى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ مەدەنىيىتى ئىلمىي جەمئىيە-
تى، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى قاتارلىق
ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگى-
يە ئىنستىتۇتىنىڭ ئاساسىي پەنلەر يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى، شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقات
يۇرتىنىڭ تەكلىپلىك تەتقىقاتچىسى.

# كىرىش سۆز

«تارىم» قۇتلۇق ئىسىم، تەۋەررۇك ئىسىم. دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقىنىڭ نامى، يەنە تېخى جۇڭگودىكى ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى دەريانىڭ نامى. 11 ـ ئەسىردە يېزىلغان مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە «تارىم»، «ئالتۇن تارىم»، «ئۈسمى تارىم» دېگەن شەكىلدە تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن، «تارىم، ئۇيغۇرلار چېگراسىدىكى ‹كۈچا› دېگەن يەرنىڭ يېنىدىكى بىر جاي. بۇ يەر ‹ئۈسمى تارىم› مۇ دېيىلىدۇ. ئۇ يەردە ئاقىدىغان بىر دەريامۇ ‹تارىم› دېيىلىدۇ»؛ «تارىم، كۆل ۋە قۇملۇقلارغا قۇيۇلىدىغان دەريا تارماقلىرى (تارماق دەريا)»؛ «تارىم تېگىنلەر (شاھزادىلەر) گە، ئافراسىياپ ئەۋلادىدىن بولغان خېنىملارغا، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ـ ئۇششاق بالىلىرىغا خاس بىر سۆز. خاقان ئوغۇللىرىدىن باشقىلار ھەر قانچە يۇقىرى مەرتىۋىدە بولسىمۇ بۇ سۆز ئۇلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. خان ئەۋلادىدىن بولغان ئاغىچا ـ خېنىملارغا ئۇنۋان ئورنىدا ئالتۇن تارىم دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ.» («دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» 1 ـ توم، 514 ـ بەت) دېمەك، ئۇ كىتابتىكى بۇ بايانلار «تارىم» دېگەن ئاتالغۇنى دەسلەپ يازما شەكىلگە كەلتۈرگەنلىك شەرىپى بىلەن قىممەتلىكتۇر. «تارىم» ئۇيغۇر تىلىدىكى «تارى ـ تارىماق» يەنى «تېرى ـ تېرىماق» دېگەن پېئىلدىن ياسالغان ئىسىم بولۇپ، پېئىل شەكلىدە «تېرىش ـ تېرىماق»، ئىسىم ھالىتىدە «تارىم ـ تېرىم» شەكلىدە ئىستېمال قىلىنىپ كېلىنمەكتە.① بۇنىڭ كونكرېت ئىستېمال

---

① مەسىلەن، بۈگۈنكى كۈندە، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شايار ناھىيىسىدە ۋە لوپنۇر ناھىيىسىدە «تارىم» يېزىسى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا يېقىن بولغان يوپۇرغا ناھىيىسىدە «تېرىم» يېزىسى نامى بار بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى «تارىم» سۆزىدىن كەلگەن. تەكلىماكان ۋادىسىدا يەنە بىر مۇنچە «تارىم» بىلەن باغلىنىپ كېلىدىغان جاي ناملىرى بار. بۇ يەردىكى «ى» ئەۋەلقى قوشۇمچىسى «م» شەخس قوشۇمچىسى، ئىككى ئاۋۇقى قوشۇلۇپ «ىم» ھالىتىگە كەلگەندە، بۇ ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە بولىدۇ. بۇ خىل شەكىل باشقا ئاتالغۇلاردىمۇ ئوخشاش كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، «ئال + ىم = ئالىم ـ ئېلىم» (ئېلىم ـ بېرىم، ئېلىم ـ سېتىم)، «تال + ىم = تالىم ـ تېلىم»، «باغ + ىم = باغىم ـ بېغىم»، «ئاغ + ىم = ئاغىم ـ ئېغىم» ۋە باشقىلار. دېمەك، سوزۇق ئاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان قەشقەر ئەتراپىدىكى جايلاردا «تارىم» سۆزى «تېرىم» شەكلىگە، ئاقسۇ ۋە لوپنۇر ئەتراپلىرىدا قەدىمكى شەكىل بويىچە «تارىم» شەكلىدە قوللىنىلىپ كېلىنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە 19 ـ ئەسىرلەردە بۇ ئىسىم زامانىۋى ئىلىم دۇنياسىغا كىرىپ قوللىنىلغان ۋاقىتتا، قەدىمكى ئەنئەنە بويىچە، يەنە بىر تەرەپتىن، تارماق ئېقىنلار ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدە قوشۇلۇپ رەسمىي «تارىم دەرياسى» نى ھاسىل قىلغانلىقى، شۇنىڭ ئۈستىگە ئاقسۇ تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «تارىم» شەكلىدە ئەنئەنىۋى قىلىنغانلىقى سەۋەبىدىن «تارىم» دېگەن شەكىلدە ئىشلىتىلگەن.

مەنىسى «مېنىڭ تېرىلغۇ يېرىم» دېگەندىن ئىبارەت. بۇ تارىم ئاھالى-لىقى هەم تارىم ۋادىسىنىڭ تېرىقچىلىق - ئېكىنچىلىك ئىگىلىكىنىڭ تارىخىي جەريانى ۋە تەرەققىيات سەۋىيىسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتى بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تارىم دەرياسى بىلەن تارىم ئويمانلىقى بىر - بىرى بىلەن سەۋەب- نەتىجىلىك مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرگەن. يەنى تارىم دەرياسى ۋە ئۇنىڭ تارماق ئېقىنلىرى بىلەن سۇغىرىلىدىغان كەڭ بوستانلىق تارىم ئويمانلىقى دەپ ئاتالغان. كەڭ كەتكەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپلىرى تارىم ئويمانلىقى ھاۋزىسى دەپ ئاتالغان.

تارىم ئويمانلىقى تەڭرىتاغلىرى بىلەن قۇرۇم تاغلىرى ئارىسىغا جايلاشقان بىپايان تەكشىلىكتۇر. ئۇ شىمالىي پاراللېل °37 بىلەن °42، شەرقىي مېرىدىئان °76 دىن °89 ئارىسىدىكى مۆتىدىل بەلۋاغ دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 520 كىلو-مېتىر (كېرىيىدىن كۇچاغىچە)، شەرقتىن غەربكىچە ئۇزۇنلۇقى (قەشقەردىن لوپنۇرغىچە) 1400 كىلومېتىر كېلىدۇ. تارىم ئويمان-لىقىنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى 530 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بو-لۇپ، تەخمىنەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئومۇمىي يەر مەيدا-نىنىڭ 31.9 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سۇسىز ياكى چۆل- باياۋان، قۇملۇقلار تەخمىنەن 470 مىڭ كۋادرات كىلو-مېتىر كېلىدۇ.

تارىم دەرياسى، تارىم ئويمانلىقى ۋە تارىم ھاۋزىسى ئۆزىنىڭ مەپتۇنكارانە جەزبدارلىقى ۋە تىلسىملىق سېھىرلىكى ھەمدە ياڭقۇنلۇق شۆھرىتى بىلەن زامان - زامانلاردىن بۇيان ئىنسانلارنى ھەيران قالدۇ-رۇپ ھەم ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلگەن، ھېلىھەم شۇن-داق قىلىپ كەلمەكتە. بۇنىڭ بۇنداق بولۇشى بۇ يەرنىڭ ئۆزىدىكى پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىقلار، جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشىدىكى ئۆزگى-چە ئەۋزەللىك ھەم گۈزەللىكلەردىن باشقا، شەرق بىلەن غەربنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان ئۇلۇغ «يىپەك يولى» نىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغان-لىقى قاتارلىق سەۋەبلەرنىڭ خاسىيىتى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

«تارىم» تارىم دەرياسى ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئومۇمىي ئاتالمى-سى، ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزىي جايلىرىنىڭ

مۇبارەك نامى بولۇش سۈپىتى بىلەن يەنە جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىغا
جايلاشقان ئەڭ چوڭ ئاپتونوم رايوننىڭ سىمۋوللۇق نامى سۈپىتىدە
قوللىنىلىشقا مۇناسىپ كېلىدۇ. چۈنكى، ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ
ئىسپاتلىشىغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسى-
دىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ يەردە ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى ئەڭ بۇرۇن
باشلانغان. كونا تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ «ئاتۇش ئادىمى»،
تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 34 كى-
لومېتىر يىراقلىقتىكى جىرغال قەدىمكى ئىزى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ
خوتەن شەھىرى يورۇڭقاش دەرياسى بويى، لوپ ناھىيىسى، نىيە
ناھىيىسى قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان كونا تاش قورال ئىزلىرى
تارىم ھاۋزىسى مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ. چارۋىچىلىقتىن كېيىن تا بۇ-
گۈنكى كۈنگىچە يېتەكچى ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى بولۇپ كەلگەن
دېھقانچىلىق، ئېكىنچىلىك ۋە ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇش ھالىتى تارىم
بوستانلىقىدا بۇرۇن بولغان. قول ھۈنەرۋەنچىلىك، بىناكارلىق قاتار-
لىق ساھەلەردىكى كەشپىياتلارمۇ خۇددى شۇنداق بولغان. دۇنيانى
ھەيران قالدۇرۇۋاتقان «كرورەن گۈزىلى» ۋە ئۇ دەپنە قىلىنغان
گۈمۈگۇ (ئۈردەكلىك) قەبرىستانلىقى، كىچىك مۇرەن قەبرىستانلە-
قى، زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى، چابچا قەدىمكى قەبرىستانلى-
قى، سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقى، نىيە قەدىمكى ئىزى، كرورەن
قەدىمكى شەھىرى ئىزى، كۈسەن مىڭئۆيلىرى مەدەنىيىتى قاتارلىقلار-
نىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە يارىتىلغان. قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ يازما
ھۆججەتلەرنىڭ ئىچىدە تارىم ھاۋزىسىدىكى قەدىمگاھلاردا ساقلىنىپ
قالغانلىرى ئالاھىدە كۆپ بولغان. يەنى قارۇشتى يېزىقى ۋەسىقىلى-
رى، كۈسەن ـ كىنگىت يېزىقى ۋەسىقىلىرى، ئۇدۇن يېزىقى ۋەسى-
قىلىرى، خەنزۇ يېزىقى ۋەسىقىلىرى، تۇبۇت يېزىقى ۋەسىقىلىرى،
سوغدى يېزىقى ۋەسىقىلىرى، توخرى تىل ـ يېزىقى ۋەسىقىلىرى،
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋەسىقىلىرى قاتارلىقلاردىن نەچچە مىڭ پارچە
ساقلىنىپ قالغان. يەنە تېخى قەدىمكى دەۋردە دۇنياغا مەشھۇر بول-
غان، خەنزۇچە تارىخنامىلەردە «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن
بۇ زېمىندا ئالاھىدە تارىخ قالدۇرغان «قەلئەلىك خانلىقلار» نىڭ
ئىچىدىكى سانى ئاز بولغان «كۆچمەن خانلىقلار» تەگرىتاغلىرىنىڭ

شىمالىي تەرەپلىرىگە، كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلغان مۇقىم ئاھالى-
لىك خانلىقلار بولسا تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى — تارىم ھاۋزىسىغا
جايلاشقان. ئۇدۇن خانلىقى، سۇلې خانلىقى، كۇسەن خانلىقى ۋە
كرورەن خانلىقى قاتارلىقلارنىڭ مەدەنىيىتى ئالاھىدە تەرەققىي قىلـ-
غان. بۇ بەگلىك ـ خانلىقلار جۇڭگو تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى غەربىي
يۇرت ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىمۇ ئالاھىدە تەسىر قالدۇرغان. شۇ-
نىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار ھەممىنى ھەيران قالدۇرغان «غەربىي يۇرت»
مەدەنىيىتىنىڭ غولىنى ياراتقان، جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ غەربىي قى-
سىم بوشلۇقىنى تولدۇرغان. ئوتتۇرا جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ غەربكە،
غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا توختاۋسىز ئۆتۈشۈپ
تورۇشى ئۈچۈن پىداكارانە ھالدا كاتالىزاتورلۇق رول ئوينىغان.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى ۋە تارىخ مەدەنىيىتىنى
تەتقىق قىلغان ئالىملارنىڭ بايانلىرىغا ئاساسلىنىپ سۆز قىلغاندا،
بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونى ئوتتۇرا ياكى مەركىزىي ئاسىيانىڭ دەل ئوتتۇرا قىسـ-
مىغا جايلاشقان. يەنە قەدىمكى دەۋردە خەنزۇچە تارىخنامىلەردە خاتىرى-
لىنىپ كەلگەن ۋە تار مەنىنى بەرگەن «غەربىي يۇرت» نىڭ مەركىزى
ياكى تار مەنىدىكى «غەربىي يۇرت» دەل بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونى تېررىتورىيىسى دائىرىسىدە ئىدى. بۇ نۇقتىنا 20 ـ
ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا جۇغراپىيونلار ئۆلچەپ بېكىتكەن ئاسىيانىڭ
دەل مەركىزىي نۇقتىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەر-
كىزى بولغان ئۈرۈمچى شەھىرىدە بولۇشى بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن
ھالدا ئىسپاتلىنىپ، ئەجدادلارنىڭ جاپالىق شارائىتلاردا ئىشلىگەن
ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى ئېنىق پاكىت ئاساسىغا ئىگە قىلىش بىلەن
ھەممىنى سۆيۈندۈردى.

تارىم ئويمانلىقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزىي
رايونىنىڭ بىرى بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇ يەنە قەدىمكى چۈشەنچە
بويىچە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەركىزى بولغان «غەربىي يۇرت» نىڭ ھەم
مەركىزىي رايوندىن بىرى ھېسابلىنىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، ئۇ-
نىڭ مۇبارەك ئاتالمىسى ئۆزىگە چوڭقۇر تارىخ، جۇغراپىيە، مەدەنى-
يەت، ئانتروپولوگىيە، سوتسىئولوگىيە ۋە فولكلور مەنىسىنى مۇ-

جەسسەم قىلغان. يەنى ئۇ بۈگۈنكى زامان ئالىملىرىنىڭ ئالدىغا توپو-
نومىيە ئۇقتىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى سېمانتىكىلىق مەنە ۋە مەدەنىيەت
مەنىسىنىمۇ يېشىشتەك چوڭ ۋەزىپىنى قويۇپ كەلمەكتە. دېمەك،
«تارىم مەدەنىيىتى» تۈرى مانا مۇشۇ سوئالغا جاۋاب بېرىدىغان بىر
خىل پەن ھادىسىسى. شۇنداق ئىكەن، بۈگۈنكى كۈندە ئۇ كىشىلەر-
نىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىغا تايىنىلىپ قالغان بولماستىن، بەلكى
ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغان بىر خىل ئىلىم بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان.
مەلۇمكى، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن پەنمۇ
ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ بارماقتا. ئۆز نۆۋىتىدە پەن يەنە ئىنسانلار
جەمئىيىتىنى ئالغا سىلجىتماقتا. پەننىڭ تەرەققىياتى بىر تەرەپتىن،
ئۇنى كۆپ خىللاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەربىر پەن تۈرلىرىنى
ئىنچىكىلەشتۈرۈۋاتىدۇ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ۋە سىستېمىلاشتۇرۇپ
بېرىۋاتىدۇ. جۇڭگونىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ ئېشىشىغا ئە-
گىشىپ، جۇڭگونىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش بۇرۇنقىغا
قارىغاندا كۆلەم جەھەتتە كېڭىيىپ، مەزمۇن جەھەتتە چوڭقۇرلىشىپ
بېرىش بىلەن بىرگە، ساھە ۋە تۈرلىرى كۆپىيىپ بېرىۋاتىدۇ. قاتلام-
قاتلاملارغا ئايرىلىۋاتىدۇ. دائىرىلەر يەنىمۇ ئېنىقلىنىۋاتىدۇ، نۇقتى-
لار روشەنلىشىۋاتىدۇ. ئاق قالغان جايلار ئازىيىپ بېرىۋاتىدۇ، بەزى
چەت جايلار، ئادەم شالاڭ جايلار، ئىقتىسادىي كۈچى ئاجىزراق رايون-
لارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ جۇلالىق دەرىجىسى گەۋدىلىنىۋاتى-
دۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان ياخشى ئەھۋال،
جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى، ھەيۋەتلىكىنى، شانۇ -
شۆھرىتىنى ئاشۇرىدىغان بىر خىل ئەھمىيەتلىك ھەرىكەت.
دۇنيادىكى بارلىق شەيئى ۋە ھادىسىلەر يەككە - يېگانە بولغان
ئەمەس. ئۇلار ئۇزاق تارىخ بىلەن ھەم كەلگۈسى بىلەن چەمبەرچاس
باغلانغان بولۇپ، مۇئەييەن ماكان ۋە زاماندا باشقا شەيئى ۋە ھادىسىلەر
بىلەن گارمونىيىلىك بىردەكلىك ھاسىل قىلغان بولىدۇ. دۇنيادا
بىر- بىرىگە ئوخشىمايدىغان، يەنە بىر - بىرىگە بېقىنمايدىغان شەيئى
ۋە ھادىسە، ئۇقۇم ۋە چۈشەنچە بولغان ئەمەس. شۇنىڭدەك «تارىم
مەدەنىيىتى» بىر پەن ھادىسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزىنى
مەركەز قىلغان بىر پۈتۈن شىنجاڭ مەدەنىيىتى، غەربىي يۇرت مەدەنى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يېتى بىلەن، يەنە ئالدى بىلەن جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىن كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى بىلەن، ئاخىرىدا دۇنيا مەدەنىيىتى بىلەن ئۇيغۇنلاشقان، بىردەكلىككە ئىگە بولالىغان. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، «تارىم مەدەنىيىتى» دېگەن ئاتاق ئاستىدىكى مەدەنىيەت ھادىسىسى تارىم ھاۋزىسىدا يارىتىلغان مەدەنىيەت سەمەرىلىرىنى ۋەكىل قىلغان ھالدا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدا، شۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە مەيدانغا كەلگەن مەدەنىيەت ھادىسىسىنىمۇ يىغىنچاقلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى بىر نامايەندە ياكى ۋەكىل يەككە - يېگانە ئوتتۇرىغا چىقالمايدۇ. ئۇنىڭ چوقۇم يانداشقۇچىلىرى، تۈرتكۈچىلىرى ۋە قوللىغۇچىلىرى بولىدۇ. بۈگۈنكى شىنجاڭ قەدىمكى دەۋردە تار مەنىنى ئىپادىلىگەن «غەربىي يۇرت» بولغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ گۈلتاجىلىرىدىن ھېسابلىنىشى لازىم بولغان «تارىم مەدەنىيىتى» نى غەربىي «يۇرت مەدەنىيىتى» نىڭ ۋەكىلى قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىرىش مەيلى تارىخ نۇقتىسىدىن، مەيلى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن، ياكى ئانتروپولوگىيە نۇقتىسىدىن بولسۇن، ئىلمىي قاراش ھېسابلىنىشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

«قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى» دېگەن بۇ كىتابتا، قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى نامايەندە قىلىنغان ھالدا، تار مەنىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ نادىر مەدەنىيەت ھادىسىلىرى جۇڭگونىڭ غەربىي قىسىم مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىگە، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كەڭ مەنىدىكى «غەربىي يۇرت» نىڭ مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىگە قويۇلۇپ ئاممىباب ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىدا بايان قىلىندى.

ئاخىرىدا شۇنى قىستۇرۇپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇكى، «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى» ناملىق بۇ كىتابنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى 1995 - يىلى تاماملانغان. شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ساھەسىدە يېڭى - يېڭى بايقىلىشلار ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ يېڭى ئۇتۇقلارنى قىسمەن بولسىمۇ مەزكۇر كىتاب يۈزىدە ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن بەزى تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاقتا سوزۇلغان نەشر قىلىنىش جەريانى داۋاملىق تولۇقلاپ ئۆزگەرتىۋېرىشكە مۇمكىنچىلىك بەرمە-

دى. ئەپسۇس، كىتاب ئۆز ۋاقتىدىلا نەشر قىلىنىپ كېتىلگەن بولسا، بۇنداق ئەھۋاللار قايتا نەشرىدە تولۇقلىنىپ كېتىپ، ئاپتورنىڭ يۈزى ئوقۇرمەن ئالدىدا تېخىمۇ يورۇق بولغان بولاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، يوللار راۋان، بەلگىلىمىلەر يوللۇق ۋە كەڭرىلىشىپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندە كىتابنىڭ جامائەتنىڭ دىققىتىگە سۇنۇلغانلىقىنىڭ ئۆزى تولىمۇ سۆيۈنىدىغان كاتتا ۋەقە دەپ يۈرەكلىك ھالدا ئېيتىشقا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە چالا قالغان، قاڭقىپ كەتكەن جايلارنى زامانداشلار ۋە كېيىنكىلەرنىڭ تولۇقلاپ، تۈزىتىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىش ئاپتورنىڭ يۈرەك سۆزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2007 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


I باب شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ............... 1
II باب غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى دەۋر ئىگىلىكى ... 6
§ 1 . چارۋىچىلىقى ............................ 7
§ 2 . ئېكىنچىلىكى ............................ 19
§ 3 . سۇ ئىنشائاتچىلىقى ............................ 34
§ 4 . سودا ـ سېتىق ۋە قاتناش ............................ 40
1. سودا ـ سېتىقى ............................ 40
2. قاتناش ............................ 48
III باب يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، تۇرالغۇ جاي، قەلئە ۋە شەھەر مەدەنىيىتى ............................ 54
§ 1 . يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى ............................ 54
§ 2 . كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى ............................ 71
1. غەربىي يۇرت كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ خام ماتېرىيالى ............................ 71
2. غەربىي يۇرت كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ تۈرى ۋە ئالاھىدىلىكى ............................ 75
3. قەدىمكى كىشىلەرنىڭ تارىنىش ـ ياسىنىش ۋە زىننەتلىنىش ئادەتلىرى ............................ 84
§ 3 . تۇرالغۇ جاي ۋە قەلئە ـ شەھەر مەدەنىيىتى ............................ 90
1. تۇرالغۇ جايلار ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ............................ 90
2. قەلئە ـ شەھەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ... 108
3. قەلئە ۋە قەلئەلىك شەھەر خانلىقلىرى ............................ 126

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

4. شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تۈزۈلۈشى ...... 143
IV باب ھۈنەر - سەنئەت، پەن - تېخنىكا ............ 149
§1. ئورۇندۇق، كارىۋات ............................ 149
§2. توقۇمىچىلىق .................................... 151
1. يۇڭ توقۇمىچىلىقى ............................... 151
2. گىلەمچىلىك .................................... 153
3. يىپەك توقۇمىچىلىقى .............................. 159
4. پاختا توقۇمىچىلىقى .............................. 166
§3. مىسچىلىق ...................................... 172
§4. تۆمۈرچىلىك ۋە كۆمۈرچىلىك ...................... 174
§5. قەغەزچىلىك .................................... 183
§6. مەتبەئەچىلىك .................................. 190
§7. تېبابەتچىلىك ................................... 207
1. شىنجاڭ تېبابەتچىلىكىنىڭ كېلىپ چىقىشى ......... 207
2. قەدىمكى زامان تېبابەتچىلىكىگە دائىر بەزى ئۇ-
چۇرلار ............................................ 212
3. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى تېبابەتچىلىك ...... 218
4. قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى تېبابەتچىلىك ...... 223
5. يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى تېبابەتچىلىك ........... 227
6. يەكەن خاندانلىقىدىن كېيىنكى مەزگىلدىكى تېبابەتچىلىك
ئىشلىرىغا دائىر بەزى ئەھۋاللار ..................... 233
7. ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى تۆت ئاساسىي سىستېمىسى ...... 238
§8. ئاسترونومىيە ۋە كالېندارچىلىق .................. 240
1. مۇچەللىك يىلنامە ................................ 245
2. ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىدە سۆزلەنگەن ئاسترو-
نومىيىلىك ۋە جۇغراپىيىلىك بايانلار ................. 254

§9 . ھېسابلاش ئىلمى ...................................... 263

VII باب دىن، پەلسەپە، ئېتىكا، قانۇنچىلىق ۋە مائارىپچىلىق ...................................... 274

§1 . دىن ...................................... 274

1. ئىپتىدائىي دىن ...................................... 274

2. شامان دىنى ...................................... 277

3. زوروئاستىر دىنى ...................................... 284

4. مانى دىنى ...................................... 287

5. بۇددا دىنى ...................................... 290

6. خرىستىيان دىنى ...................................... 293

7. ئىسلام دىنى ...................................... 294

§2 . پەلسەپە ...................................... 297

§3 . ئېتىكا ...................................... 320

§4 . قانۇنچىلىق ...................................... 328

§5 . مائارىپچىلىق ...................................... 342

1. مائارىپچىلىق ھەققىدە ...................................... 342

2. كلاسسىك مائارىپ دەۋرى ...................................... 344

3. يېقىنقى زامان مائارىپى ئەھۋالى ...................................... 361

VIII باب تىل - يېزىق، ئەدەبىيات، تارىخشۇناسلىق، تەرجىمىچىلىك ...................................... 366

§1 . تىل - يېزىق ...................................... 366

1. ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللار ۋە يېزىقلار ...................................... 368

2. ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللار ۋە يېزىقلار ...................................... 380

3. خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللار ۋە يېزىقلار ...................................... 394

4. ھام ـ سام تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللار ۋە يېزىقلار ........ 396
§ 2 . ئەدەبىيات ........ 399
1. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ........ 399
2. يازما ئەدەبىيات ........ 401
§ 3 . تارىخشۇناسلىق ........ 406
§ 4 . تەرجىمىچىلىك ........ 410
VI باب سەنئەت ۋە تەنتەربىيە ........ 422
§ 1 . سەنئەت ........ 422
1. رەسساملىق ........ 422
2. ھەيكەلتىراشلىق ........ 436
3. مۇزىكا ـ مۇقام ........ 444
4. ئۇسسۇل ........ 458
5. سېركچىلىك ........ 474
§ 2 . تەنتەربىيە ........ 478
پايدىلانغان ئاساسلىق ماتېرىياللار ........ 493
ئاخىرقى سۆز ........ 507

# I باب

## شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى

تارىم بوستانلىقىنى قوينىغا ئالغان شىنجاڭ ــ گۈزەل، باي، پىرى كەڭ، بايلىقى مول جاي بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن چەكسىز ئەۋزەل جۇغراپىيىۋى مۇھىتقا ۋە تەبىئىي ئەۋزەللىككە ئىگە.

شىنجاڭنىڭ تولۇق نامى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، ئۇ ھازىرقى دەۋردە مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئۆلكە ــ ئاپتونوم رايونلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭنىڭ يەر كۆلىمى 1 مىليون 650 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ ئالتىدىن بىر ئۈلۈشىنى تەشكىل قىلىدۇ.

شىنجاڭ تارىختا ھەر خىلناملار بىلەن ئاتىلىپ كېلىنگەن. ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە يازما مەنبەلىرىدە بۇ يەر مىلادىيىنىڭ دەسلىپىدىن باشلاپ غەربىي يۇرت (西域 — ياكى غەربىي دىيار) دەپ ئاتالغان. چىڭ سۇلالىسى (يەنى 1884 ــ يىلى) دىن تارتىپ «شىنجاڭ ئۆلكىسى» دېگەن ئىسىم ئىشلىتىلگەن[①].

قەدىمكى زامانلاردا غەربىي دىيار (قۇرىغار) نىڭ دائىرىسى ھازىرقىدىن كۆپ چوڭ ئىدى. پەقەت غەربىي شىمال چېگراسىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ بالقاش كۆلىگىچە بېرىپ يېتەتتى. كېيىن چارروسىيەنىڭ تاجاۋۇزى تۈپەيلىدىن ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگراسىدىكى ئەنە شۇنداق كەڭ تېررىتورىيە قولدىن كەتكەن.

---

① جىدابۇن باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «شىنجاڭ تارىخ لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ــ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 671 ــ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ رايونى تاغلىرى ئېگىز، دەريالىرى كۆپ ۋە ئويمانلىقلىرى بوستانلىقلار بىلەن بېزەلگەن، دەريا ۋادىلىرى ئوتلاق بىلەن قاپلانغان بىپايان بىر زېمىن بولۇپ، ھەقىقەتەن ئىسمى جىسمىغا لايىق گۈزەل جاي.

شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا «دۇنيانىڭ ئومۇرتقىسى» ھېسابلانغان جاھانغا مەشھۇر پامىر ئېگىزلىكى جايلاشقان. جەنۇبىدا بولسا قاراقۇرۇم تاغلىرى، قۇرۇم (كۇئېنلۇن) تاغلىرى ۋە چىمەن تېغى ئورۇن ئالغان. بۇ تاغلار شەرقتە چىڭخەينىڭ غەربىدىكى، گەنسۇ ۋە شەنشىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلارغا تۇتىشىپ كېتىدۇ. پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي شىمالىدا غەربتىن شەرققە قازاپ ئەگرى - بۈگرى سوزۇلۇپ ياتقان شىنجاڭنىڭ سىمۋولى — تەڭرىتاغلىرى بار. ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغلىرى غەربتىن شەرققە توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، شىنجاڭنى جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئىككى قىسىمغا ئايرىپ تۇرىدۇ. شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدا قىيپاش سوزۇلغان پاكارراق تارباغاتاي تېغى بىلەن ناھايىتى ئېگىز ئالتاي تېغى بار.

شىنجاڭدىكى تاغ تىزمىلىرىنىڭ تۇتاش كەتكەن چوققىلىرىنى يىل بويى قار - مۇزلار قاپلاپ تۇرىدۇ. ياز كۈنلىرى ئېرىپ مىڭلىغان ئېقىن - جىلغىلار ئارقىلىق بوستانلىقلارغا ئېقىپ كېلىپ، يايلاق ۋە باغ - ئېتىزلارنى سۇغىرىدۇ. تاغ باغىرلىرى بىپايان باراقسان ئىپتىدائىي ئورمان بىلەن پۈركەنگەن، قارىغاي، قېيىن، قارىياغاچ ئۆسىدۇ. ئېيىق، يىلپىز، ئارقار چېپىشىپ يايراپ يۈرىدۇ. جىرالىرىنىڭ ھاۋاسى سالقىن، ئوت - سۈيى مول، كاتتا يايلاقتۇر.

پامىر ئېگىزلىكى، قاراقۇرۇم تېغى، كۇئېنلۇن تېغى، چىمەن تېغى ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقى — تارىم ئويمانلىقى جايلاشقان. شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 59.3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان، 972 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان ۋادىنىڭ مەركىزىدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسى زور چۆلدىن ئىبارەت. بۇ چۆلنىڭ ياقىلىرىغا 60تىن ئارتۇق چوڭ - كىچىك بوستانلىقلار جايلاشقان.

تەكلىماكاننىڭ ئەتراپىدىكى تاغلاردىن كېلىدىغان دەريالار ئويمان-

لىقىنىڭ مەركىزىگە قاراپ ئېقىپ، يۈرەك شەكلىدىكى سۇ سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ سىستېما تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىنى يانباغىرلاپ ئاقىدۇ. خوتەن، يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ دەريالىرى ئاقسۇ شەھىرىگە 150 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا قوشۇلۇپ ئاققاندىن كېيىن، تارىم دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تۆت چوڭ ئېقىننىڭ ھەربىرىنىڭ بىرقانچىدىن باش تارماقلىرى ۋە ھەربىر تارماقنىڭ يەنە بىرقانچىدىن جىلغىلىرى بار. تارىم دەرياسى شۇ ئاققىنىچە بېرىپ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ.

تارىم دەرياسى لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلغۇچە بولغان جەريانىدا، ئۆزىنىڭ ئىككى ساھىلىدىكى كەڭ كەتكەن بوستانلىقلارنى كۆكەرتىشكە كۈچ قوشىدۇ. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قايدۇ دەرياسى، باغراش كۆلى، كۆنچى دەرياسى قاراشەھەر تۈزلەڭلىكىنى كۆكەرتىپ تۇرىدۇ.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ مەركىزى بىپايان تەكلىماكان قۇملۇقىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ كۆلىمى 330 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئۇ مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا، دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان كۆچمە قۇملۇق. بۇ يەرلەردە ئاندا - ساندا ياۋا ئوت - گىياھلار، چاتقاللار ئۆسىدىغان، ياۋايى ھايۋانلار ئاندا - ساندا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمەن قاقاسلىق. بىراق، ئۇ يەردىكى كۆچمە قۇملار قۇياش ئىسسىقلىقىنى سۈمۈرۈۋېلىپ، ئەتراپتىكى بوستانلىقلارغا تارقىتىپ، شۇ جايلارنىڭ ھارارىتىنى ئاشۇرۇش بىلەن، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا بەكمۇ قولايلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەن. شۇڭا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدا ياشىغان قوۋملارنىڭ زور كۆپچىلىكى قەدىمدىن تارتىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىغا تۇرپان ئويمانلىقى جايلاشقان. ئۇ ئەمەلدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ بىر قىسمى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. يەر تۈزۈلۈشى جەھەتتە، بۇ جاينىڭ چەت - ياقىلىرى ئېگىز، ئوتتۇرىسى بارغانسېرى ئويمان، ئۇنىڭ ئەڭ ئويمان يېرى دېڭىز يۈزىدىنمۇ 154 مېتىر تۆۋەن. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى ئىسسىق، ھۆل - يېغىن بەك ئاز. مۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەھۋال پۈتۈن مەملىكەتتە ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ.

غەربىي تەڭرىتاغلىرى ئارىلىقىغا تار، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىلى ۋادىسى جايلاشقان. ئىلى دەرياسى ۋە ئۇنىڭ يۇقىرى ئېقىنى — تېكەس دەرياسى، كۈنەس دەرياسى، قاش دەرياسى بۇ ۋادىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. بۇ ۋادىدىكى ئەڭ زور ۋە ئەڭ داڭلىق دەريا — ئىلى دەرياسى بولۇپ، بۇ دەريا تەڭرىتاغلىرىدىن باشلىنىپ، بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. بۇ دەريالارنىڭ ۋادىسى گۈزەل يايلاقلار ۋە مۇنبەت تېرىلغۇ يەرلەر بىلەن قاپلانغان. بۇ ۋادىنىڭ ئىقلىمىمۇ بەك ياخشى. ئىلى ۋادىسى بىلەن يۇلتۇز دەريا ۋادىسى (بۇ دەريا ئۆزىنىڭ تۆۋەن ئېقىنلىرى بولغان قاراشەھەر دەرياسى، قايدۇ دەرياسى ۋە كۆنچى دەرياسى ئارقىلىق ئاخىرى بېرىپ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ) نى پەقەت بىرلا تاغ ئايرىپ تۇرىدۇ. ئەمەلدە بۇ ۋادىلارنى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن دېيىشمۇ بولىدۇ. نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى بۇ جايلارمۇ چارۋىچى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ بىر مۇھىم پائالىيەت مەيدانى بولۇپ كەلگەن.

تەڭرىتاغلىرى، ئالتاي تېغى ۋە تارباغاتاي تېغى ئارىلىقىدا ئۇمۇمەن ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك يەنە بىر ئويمانلىق بار. ئۇ بولسىمۇ يارىش (جۇڭغار) ئويمانلىقى. بۇ ئويمانلىقنىڭ مەركىزىمۇ قۇملۇق، ئەتراپى كەڭ يايلاق ۋە تۈزلەڭلىكتىن ئىبارەت. ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىن باشلىنىدىغان نۇرغۇن ئېقىنلار ۋە دەريالار قوشۇلۇپ، بىر چوڭ دەريانى — ئېرتىش دەرياسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ دەريا شەرقتىن غەربكە قاراپ ئېقىپ ئۆتۈپ، شىمالىي مۇز ئوكيانغا قۇيۇلىدۇ. ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئېقىنلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئۇلۇڭگۇر دەرياسى ئۇلۇڭگۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. بۇ دەريا ۋە كۆللەر ئالتاي يايلىقىنى كۆكەرتىپ كەلمەكتە. تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى تۈزلەڭلىك، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدىكى دۆربىلجىن ئويمانلىقىنىڭ ھاۋاسى ئىللىق، ئوت - سۈيى مول، بۇ يەرلەر نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ مۇھىم بىر پائالىيەت مەيدانى بولۇپ كەلدى.

ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا بۇ دەريادىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ئىسسىقكۆل بار.

ئومۇمەن، تارىم بوستانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭنىڭ

مەنزىرىسى ئىنتايىن كۆركەم ۋە رەڭگارەڭ بولۇپ، ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ يەر چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك، قاتناش - راۋاجلانغانلىقى ۋە كان بايلىقلىرىنىڭ مول ھالدا مەشھۇردۇر. بۇ مول تەبىئىي بايلىقلار بۇ جايلاردا ھايات كەچۈرۈپ ئەمگەك قىلىپ ۋە كۆپىيىپ كەلگەن ھەر مىللەت خەلقىنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا بېقىپ كەلگەن، شۇنداقلا قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ بۇ جايلاردا ياشاپ ۋە ھەرىكەت قىلىپ كەلگەن ئىنسانلار بۇ گۈزەل زېمىننى ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچان ۋە ئەمگەكچانلىقى، جەسۇرانە كۈرەش روھى بىلەن زامان - زامانلاردىن بېرى گۈللەندۈرۈپ بېزەپ كەلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# II باب

# غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى دەۋر ئىگىلىكى

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگو 5000 يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە. ئۇ دۇنيادا مەدەنىيىتى ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان، مەدەنىيەت خەزىنىسى ئەڭ باي مەملىكەتلەرنىڭ بىرى، جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتىنى ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ياراتقان. ستالىن (1879 — 1953) «فىنلاندىيە ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا قىلغان سۆز»ىدە: «ھەربىر مىللەت چوڭ ياكى كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا خاس، لېكىن باشقا مىللەتلەردە بولمىغان تۈپ، ماھىيەتلىك خاسلىقى ۋە ئالاھىدىلىكى بولىدۇ، ھەربىر مىللەت ئۆزىنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى بىلەن دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاق خەزىنىسىگە ھەسسە قوشىدۇ، ئۇنى تولۇقلايدۇ ۋە بېيىتىدۇ»① دەپ كۆرسەتكەن. بىز ئېلىمىزنىڭ ئىچكىرى رايونلىرىدا يارىتىلغان مەدەنىيەت نامايەندىلىرى بىلەن شىنجاڭ رايونىدا بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەت نامايەندىلىرىنى ئىلمىي ئاساستا ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، شىنجاڭنىڭ بىرمۇنچە نەرسىلىرى جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالالايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

ماركس بىلەن ئېنگېلس مۇنداق دېگەنىدى: «... ئالدى بىلەن بارلىق ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنىڭ بىرىنچى ئالدىنقى شەرتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز لازىم. بۇ ئالدىنقى شەرت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، كىشىلەر تارىخنى يارىتىش ئۈچۈن ھايات كەچۈرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن بولسا ئالدى بىلەن كىيىم — كې-

① «ستالىن ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1985 — يىلى خەنزۇچە نەشرى 539 — بەت.

چەك، ئوزۇق ـ تۈلۈك، تۇرالغۇ جاي ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئېھتىياج چۈشىدۇ. شۇڭا بىرىنچى تارىخىي پائالىيەت مۇشۇ ئېھتىياجنى قاندۇرىدىغان ماددىي ئەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئەينى زاماندا بۇ يەنە كىشىلەرنىڭ ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈنلا ھەر كۈن، ھەر سائەتتە ئېلىپ بېرىشى زۆرۈر بولغان (ھازىرمۇ بىرنەچچە مىڭ يىلدىن بۇرۇنقىغا ئوخشاش) بىر خىل تارىخىي پائالىيەتتى يەنى بارلىق تارىخنىڭ ئاساسىي شەرتى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ.»[1] ئېنگېلس يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەمگەكنىڭ ئۆزى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلاد ھەر تەرەپلىمە بولۇپ باردى. ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتىن باشقا، يەنە دېھقانچىلىق بارلىققا كەلدى. دېھقانچىلىقتىن كېيىن يىپ ئېگىرىش، رەخت توقۇش، مەدەن ئېرىتىش، ساپال قاچا ياساش ۋە دېڭىز قاتنىشى كېلىپ چىقتى. سودا ۋە قول سانائەت بىلەن بىرگە، ئاخىرىدا ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە ئىلىم ـ پەن مەيدانغا كەلدى؛ قەبىلىلەر تەرەققىي قىلىپ مىللەت ۋە دۆلەتكە ئايلاندى. قانۇن بىلەن سىياسىي تەرەققىي قىلدى، بۇنىڭ بىلەن بىللە ئادەمنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ ئادەملەر مېڭىسىدىكى خىيالىي ئىنكاسى — دىنمۇ تەرەققىي قىلدى.»[2] ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ يۇقىرىقى تارىخىي نۇقتىئىنەزەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، غەربىي يۇرتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك ھەممە جەريانلارنى بېسىپ ئۆتكەن.

## § 1 . چارۋىچىلىقى

شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۇنيا چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى ۋە چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ماكانى ھېسابلىنىدۇ.

ف. ئېنگېلس ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى «نادانلىق دەۋرى (Barbarsm) نىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى شۇكى، ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش، كۆپەيتىش ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىش»تىن ئىبارەت.

[1] ماركس، ئېنگېلس: «نېمىس ئىدېئولوگىيىسى»، «ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتى، 1972 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[2] «تەبىئەت دىيالېكتىكىسى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1979 ـ يىلى ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىق نەشرى، 301 ـ، 302 ـ بەتلەر.

«پادىلارنىڭ پەيدا بولۇشى چوپانلىق ھاياتى ئۈچۈن يايلاق جايلاردا... چوپانلىق ھاياتىغا ئېلىپ كەلدى. يىرىنچى مەرتىۋە ھايۋانلارنى ئېھتىمال، ئەنە شۇنداق ئوتلاق دائىرىسىدە قولغا ئۆگىتىشكە مۇۋاپىق بولسا كېرەك.»، «ئەڭ ئالغا كەتكەن قەبىلىلەرنىڭ بەزىلىرىدە — ئارىيىلار (ئارىئانلار — نەقىلچىدىن) دا، سىمىتلاردا ۋە ئېھتىمال تۇرانلاردىمۇ — ئەڭ دەسلەپتە ئاساسلىق ئەمگەك ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ بېقىشتىن ئىبارەت بولغان، كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندىلا ھايۋانلارنى كۆپەيتىش ۋە شۇلارنى پەرۋىش قىلىش مەشغۇلاتى باشلانغان»① دەيدۇ.

تۇران تۇزلەڭلىكى بىلەن زېمىنلىرى تۇتاش بولغان غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى چارۋىچىلىق ئۈچۈن ئەۋزەل شارائىت ھازىرلىغان. بۇ زېمىندا كەڭرى كەتكەن ئوتلاقلار يازلىق ۋە قىشلىق دائىرىسى بىلەن ئايرىلغان. چارۋىلار ئوزۇقلۇقىغا كېرەكلىك بولغان قۇۋۋەتلىك ئوت ـ چۆپلەرنىڭ تۈرى مول، يايلاق ئۈسۈملۈكلىرىدىن سىرت يەنە ئورمان ـ چاتقاللار ۋە تېرىلما چۆپلەرمۇ ئۈستۈرۈلىدۇ.

غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى قوۋملار قەدىمدىن باشلاپ چارۋىچىلىقنى ئۆز ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى قىلىپ كەلگەن. ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار، قىيا تاش رەسىملىرى، يازما خاتىرىلەر ۋە ئىگىلىك سىستېمىسىدىكى ئەنئەنىۋىلىك بۇ مەسىلىنى يېتەرلىك پاكىتلار بىلەن تەمىن ئەتتى.

ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلارنى ئۆگىتىپ بېقىشى تەخمىنەن ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلىنىپ، يېڭى تاش قورال دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا بولغان، دەپ قارىلىدۇ.②

چارۋىچىلىقنىڭ ئىختىرا قىلىنغانلىقى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى جەھەتتىكى ئىنقىلابىي ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۇ تارىخنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش بىلەن خاراكتېرلەندى.

ئىنسانلار ئۇزاق مۇددەتلىك ئۈزۈچىلىق ئەمگىكى ئەمەلىيىتى جەر-

① ف. ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى، 1952 ـ يىلى نەشرى، تاشكەنت.

② ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» 1 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 8 ـ بەت، 2000 ـ يىلى نەشرى، ئۈرۈمچى.

يانىدا، تەدرىجىي يوسۇندا بەزى هايۋانلارنى قولغا ئۆگەتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن. ھەممىدىن ئاۋۋال قولغا ئۆگىتىلگەن هايۋان — ئىت بولغان.① ئىت دەسلەپ ئۆگىتىلگەندە، ئىنسانلار ئۇنى ئوزۇق قىلغان، كېيىن تەدرىجىي يوسۇندا ئوۋچىلىقتا ئىشلىتىلگەن. باشقا هايۋانلارنىڭ كۆندۈرۈلۈشى، ئېھتىمال كىشىلەر ئاساسلىقى ئوۋچىلىقتا تايىنىپ هايات كەچۈرۈشنى تەدرىجىي توختاتقان ۋاقىتتا باشلانغان بولۇشى مۇمكىن. ئىت كۆندۈرۈلگەندىن كېيىن، قوي، ئۆچكە، توڭگۇز، ئات، ئۆكۈز قاتارلىقلار ئۆگىتىلگەن. چوڭ ئۆي هايۋانلىرىنى ئۇلاغ قىلىپ ئىشلىتىش، مەسىلەن، ئېغىر يۈكلەرنى توشۇش، هارۋا ۋە ساپاننى سۆرىتىش بولسا بىرقەدەر كېيىنرەك بولغان بولۇپ، باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ يىمىرىلىش باسقۇچىغا كەلگەندىلا، ئاندىن مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان.

غەربىي يۈرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىشلار نەتىجىسىدە، تاش قوراللار دەۋرىگە خاس ئىنسانلار قالدۇرۇپ كەتكەن قەدىمكى ئىزلاردىن ۋە قەبرە خارابىلىرىدىن كۆپ مىقداردا هايۋان ئىسكىلىتلىرى تېپىلدى.

تاشقورغان ناهىيىسىدىكى كونا تاش قورال دەۋرىگە ئائىت جىرغال قەدىمكى ئىزىدىن هايۋان سۆڭەكلىرى ئۇچرىدى.

كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى ئۆردەكلىك (گۇمۇگۇ) قەبرىستانلىقىنى قازغاندا شۇ نەرسە ئايان بولدىكى، تەخمىنەن 3800 يىللار بۇرۇن، شۇ رايوندا ياشىغان ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي هاياتىدا چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنغان. گۆرگە جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن ئۆكۈز، قوي مۈڭگۈزى ئەڭ كۆپىدە 26 گە يەتكەن. كىشىلەر بېشىغا كىگىز قالپاق كىيگەن، بەدىنىگە يۇڭ توقۇلما ياكى يۇڭ پالاس ئورىۋالغان، پۇتىغا ئۆكۈز تېرىسىدە، چورۇق (كەش) كىيگەن، ياغاچتا ياسالغان بەزى ئاخىرەتلىك بۇيۇملارنىڭ ئۈستىگە كالا تېرىسى يېپىپ قويۇلغان، چىغ سېۋەتتە قۇرۇپ كەتكەن ئاق رەڭلىك شىرنىدەك نەرسە بولۇپ، ئۇ قېتىق بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىنماقتا. دېمەك، ئاساسلىق تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ كۆپى

① «قىسقىچە دۇنيا تارىخى» (قەدىمكى زامان قىسمى)، 30 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېگۈدەك چارۋىچىلىقتىن ئىبلىنغان. چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە ئۇلاغ، قوي، ئۆچكە بېقىلغان، باشقا چارۋىلارنى بېقىلغانلىقى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس.

قومۇل قارادۆۋە قەبرىستانلىقى (3000 يىللار بۇرۇنقى) دىن كۆپ مىقداردا تېرە، يۇڭ قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۇنىڭدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار تېپىلدى. بۇ ئورۇندا ئۆكۈز، قوي، ئات سۆڭەكلىرى ئاخىرەتلىك بۇيۇم سۈپىتىدە جەسەت بىلەن بىرگە كۆمۈلگەن.

غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تاغ قىيالىرى قەدىمكى شىنجاڭدا ياشىغان قوۋملار تەرىپىدىن ئويۇلغان مول مەزمۇنلۇق تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى بىلەن بېزەلگەن. بۇ سىزمىلار ئىچىدە ھايۋان كۆرۈنۈشلىرى، جۈملىدىن چارۋىچىلىققا مۇناسىۋەتلىك كۆرۈنۈشلەر نىسبەتەن كۆپ. شىنجاڭ قىيا تاش رەسىملىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان تەتقىقاتچىلار ئۇلارنى دۇنيادىكى باشقا خەلقلەرنىڭ خۇددى ئاشۇ خىل مەدەنىيەت يادنامىلىرىنىڭ بارلىققا كەلگەن دەۋرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى مەدەنىيەتنىڭ تەڭ قەدەملىك بارلىققا كېلىش، راۋاجلىنىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ، يەنى ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن مەشغۇل بولىدىغان دەۋرنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراشتى.

غەربىي يۇرت قىيا تاش رەسىملىرىدە ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن ھايۋانلار ئىچىدە ئوتخور ۋە گۆشخور ھايۋانلار ياكى ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۆي ھايۋانلىرى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆزگە گەۋدىلىك ھالدا چېلىقىدىغىنى، گۆشخور ھايۋانلاردىن بۆرە، يولۋاس، يىلپىز، تۈلكە، ئىت قاتارلىقلار، ئوتخور ھايۋانلاردىن بۇغا ــ مارال، غۇلجا ــ قارقار، تاغ تېكىسى، بۆكەن، غاز بويۇن بۆكەن، كۆكمەت (تورۇق تېكە)، جەرەن، ئات، تۆگە، قېچىر، ئۆكۈز قاتارلىقلاردۇر. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى كېيىنچە ئۆي ھايۋانلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

شىنجاڭ يازما تارىخى باشلانغان دەۋرنىڭ ئالدى ــ كەينىدە ھۆججەتلەردە ئىسمى قەيت قىلىنغان قوۋملاردىن ساك — ساق، توخرىي — يۈەشى (يۈجى)، ھون، ئۇيسۇن (ئاسىيو)، قۇس (قۇز، گۇشى)، چاڭ — كەن... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى چارۋىچىلىق،

جۇملىدىن كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ھەققىدە خاتىرىلەر بار.

سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى» دە: «ئۇلۇغ يۈشى دۆلىتى... كۆچمەن ئەل، ئۇنىڭ ئاھالىسى چارۋا بىلەن بىللە كۆچۈپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ھونلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ»، «ئۇيسۇن ئېلى... كۆچمەن ئەل. ئاھالىسى چارۋىغا ئەگىشىپ ياشايدۇ» دېيىلگەن. بەن گۇنىڭ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «ئۇيسۇن ئېلى... ئۆرپ - ئادىتى ھونلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ. بۇ ئەلدە ئات كۆپ، بايلارنىڭ 4000 — 5000 غا يېتىدۇ» دېيىلگەن. سىماچيەن «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى» دە: «ھونلار... چارۋىسى ئىچىدە سانى كۆپرەكى ئات، ئۆكۈز، قوي، ئۇنىڭ غەلىتە چارۋىسى تۆگە، ئېشەك، قېچىر، بىرنەچچە خىل داڭلىق ئاتتىن ئىبارەت». ھونلاردا چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ زور تەرەققىياتى شۇ نەرسىدىن ئېنىق روشەن نامايان بولىدۇكى، ئۇلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 200 - يىللىرى ئەتراپىدا بىر قېتىملىق ئۇرۇش ئۈچۈن قارا، بوز، كۆك ۋە قىزىل تورۇق ئاتتىن 400 مىڭ تۇياق خىللانغان ئۇرۇش ئېتى تەييارلىغانىكەن.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىرلەرنىڭ ئاخىرلىرىدا، غەربىي يۇرتتا 36 «سېپىللىك ئەل» بولۇپ، كېيىن بۆلۈنۈپ 50 نەچچىگە يەتكەن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا 43 «سېپىللىك ئەل» بار ئىدى. بۇلارنىڭ كۆپى دېگۈدەك چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان، بەزىلىرىدە چارۋىچىلىق قوشۇمچە ئىگىلىك سۈپىتىدە بەلگىلىك ئورۇن تۇتقان.

مىلادىيىدىن كېيىنكى يىللاردا غەربىي يۇرت تارىخىدا نام قالدۇرۇپ كەتكەن سىيانپى، رورەن، تېلى، تۈرك، تۈبۈت، ئۇيغۇر، قىرغىز، قىتان، موڭغۇل، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى چارۋىچىلىقتا بەكمۇ ماھىر بولۇپ، ئىقتىسادىي كىرىمى ئاساسەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن كىرەتتى.

غەربىي يۇرتتا بېقىلغان چارۋىلارنىڭ تۈرلىرى خېلى كۆپ ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئات، قوي، كالا، ئۆچكە، ئېشەك، قېچىر، تۆگە،

قوتاز قاتارلىقلار ۋە توڭگۇزمۇ بولغان.

غەربىي يۇرت چارۋىلىرىنىڭ تۈرىگە دائىر مەلۇماتلار قەدىمكى ئىزلاردىكى ھايۋان ئىسكىلىتلىرى، قىيا تاش رەسىملىرى ئارقىلىق ئېلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يازما ھۆججەتلەردىمۇ خاتىرىگە ئېلىنغانلىرى ئارقىلىق تولۇقلىنىدۇ.

فاڭ شۈەنلىن يازغان «جۇ نامە. يات قوۋملار تەزكىرىسى»دە: «تۈيغۇندىن ئات، قوتاز چىقىدۇ» دېيىلگەن، ۋېي شۇ يازغان «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە ئۇدۇن ئېلىدە «ياخشى ئات، تۆگە، قېچىر بار» دېيىلگەن، لىڭخۇدېفىن يازغان «جۇ نامە. ياقا يۇرتلار تەزكىرىسى»دە ئاگنىدا «تۆگە، ئات، ئۆكۈز، قوي قاتارلىق چارۋا بار»، كۇسەندىن «... ياخشى ئات، قوتاز چىقىدۇ» دېيىلگەن، ياۋ سىليەن يازغان «لياڭنامە. قوچو تەزكىرىسى»دە: قوچو ئېلىدە «ئادەملەر كۆپىنچە تېرىق قورۇمىسى ۋە قوي، ئۆكۈز گۆشى يەيدۇ، ئۇ يەردىن ياخشى ئات چىقىدۇ»، «بارچۇق ئېلىدە ئۆكۈز، ئات، تۆگە، قوي كۆپ»، چەرچەندە «ئۆكۈز، قوي، قېچىر، ئېشەك كۆپ» دېيىلگەن.

غەربىي يۇرتنىڭ چارۋىچىلىقىدا كۆپ خىل چارۋا باقمىچىلىقى ئاساس قىلىنىسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدە ئات بىلەن قوي نىسبەتەن جەھەتتە كۆپ، ئاتچىلىق ۋە قويچىلىق تۈراقلىق چارۋىچىلىق ئىگىلىك تارمىقى ھېسابلانغان.

ئات — شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جەنۇبىي سىبىرىيە يايلاقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمدە كۆندۈرۈلگەن ئاساسلىق چارۋىسى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئوزۇقلۇق، كىيىم - كېچەك، قاتناش، ئۇرۇش ئىشلىرىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان ۋاستىسى ئىدى. ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈش دەۋرى ھەققىدە ھەر خىل قاراش بار. ياپونىيىلىك تارىخچى كۇجىما جۇيىچى (چيەنداۋ شىنسى) ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدە سۆزلەپ كېتىپ، ئاتقا مىنىش تېخنىكىسىنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1000 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ.① گەي شەنلىن كەپەندى بولسا ئېلىمىزنىڭ شىمالىي

① كۇجىما جۇيىچى (چيەنداۋ شىنسى، ياپونىيە): «يىپەك يولىدىكى 99 سىر»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 26 - بەت، 1986 - يىلى.

يايلاق رايونىدىكى قىيا تاشلارغا ئويۇلغان رەسىملەر ۋە بەزى يازما ھەم ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈشىنى 5000 يىللىق تارىختا ئىگە دەپ قارايدۇ.[①]

ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈشى گرېتسىيىدە 4000 يىللىق، مىسىردا 3600 يىللىق، ياۋروپادا 2700 يىللىق تارىختا ئىگە بولغانلىقىغا قارىغاندا،[②] ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ ھەم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ شىمالى (ئاساسەن سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالى) دۇنيا ئاتچىلىقىنىڭ بۆشۈكى ھېسابلىنىپ، شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېلىمىز جۇڭگو 5000 يىلدىن ئارتۇق تارىختا ئىگە، دۇنيا بويىچە ئەڭ قەدىمكى ئات باققۇچى مەملىكەت ھېسابلىنىدۇ.[③]

غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى قوۋملار مەيلى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن، مەيلى ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانسۇن، ئاتچىلىققا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن.

قىيا تاش سىزمىلىرىدا ئاتنىڭ ئوبرازى ھەمىشە كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ ئاتچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ ئىنكاسى بولسا كېرەك.

ساك، ھون، يۈشى (يۈجى)، ئۇيسۇن، ئوغۇز، دىڭلىڭ، سىيانپى، رورەن، تېلى، تۈرك، ئۇيغۇر، قىتان، موڭغۇل، قىرغىز، قازاق قاتارلىقلارنىڭ ئاتلىق مەشغۇلاتى كۆپ بولۇپ، ئۇلار تارىختا «چەۋەنداز مىللەت» سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلغان.

قەدىمكى زاماندا بېقىلغان ئاتلارنىڭ سانى كۆپ بولغان، بىر قەدەر تولۇق مەلۇماتقا ئېرىشكىلى بولىدىغان، ئىلى ۋادىسىدىكى ئۇيسۇنلارنىڭ ئاتچىلىقى ھەققىدە سۆز ئېچىشقا توغرا كەلسە، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇيسۇندا 120 مىڭ ئائىلە، 630 مىڭ كىشى بولۇپ، ئاتلىق قوشۇنى 200 مىڭغا يەتكەن. بەزى بايلارنىڭ قولىدا 4000 — 5000 تۇياق ئات

① گەي شەنلىن: «جۇڭگو (يىڭشەن) تاغلىرى قىيا تاش رەسىملىرى»، بېيجىڭ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى، 357 ـ بەت.

② يەن شىڭ: «تۆپ ھايۋانلىرى نەسلشۇناسلىقى» (ۋاڭ زۈجى: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى چارۋىچىلىق تەرەققىيات تارىخى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» قوشۇمچە ژۇرنال، 1987 ـ يىلى 1 ـ سان 2 ـ بەت.)

③ مەخمۇت ھېيت: «كىتسمان ۋە ئات» («شىنجاڭ گېزىتى»، 1990 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى.)

بولغانىكەن.

ليۇ شۈي يازغان «كونا تاڭنامە»، ئوۋياڭ شيۇ يازغان «يېڭى تاڭنامە» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ سودىسىدا ئات ۋاسىتە قىلىنغان بولۇپ، بىر قېتىملىق سودىغا ئۇيغۇرلار تەرەپتىن 100 مىڭ تۇياق ئات سودىغا قاتناشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن 1 مىليون 800 مىڭ توپ تاۋار ئېلىش بەلگىلەنگەن. بۇ خىل سودا خېلى ئۇزۇن داۋاملاشقان.

تۇتۇ يازغان «سۇڭنامە. قوچو تەزكىرىسى» دە، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ بەشبالىق (باشبالىق) دېگەن «يېرىدە ئات كۆپ، خان، خانىش ۋە خانزادىلەرنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاتلىرى بار، تۇزلەڭلىكتە باقىدۇ، بىر - بىرىنىڭ ئارىلىقى 100 چاقىرىمدىن ئاشىدۇ، رەڭگىگە قاراپ ئۆز يىلقىلىرىنى ئايرىيدۇ. ئۇنىڭ سانى مەلۇم ئەمەس» دېيىلگەن. ئاتلار كۆپلەپ بېقىلىپ قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ نەسلى ياخشىلىنىپ، خىللانغان ۋە تۈرلەرگە ئايرىلغان. ئەڭ ياخشى ئاتلار دۇلدۇل (تۇلپار) دېيىلگەن. بەزىلىرى سۇلى ئېتى، قوچو ئېتى، كۇسەن ئېتى، ئۇدۇن ئېتى، يۈشى ئېتى قاتارلىق يەر ناملىرى بىلەن، يەنە بەزى ئاتلار خۇلار (غۇزلار) ئېتى، ئۇيسۇن ئېتى، تۈرك ئېتى، ئۇيغۇر ئېتى، تۇيغۇن ئېتى، قىرغىز ئېتى قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتالغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مەركىزىي جۇڭگو رايونىغا كىرگۈزۈلگەن ئاتلارنىڭ تۈرى 83 خىلغا يەتكەن[①] بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمىنى غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملار تەمىنلىگەن.

يۈەن، مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە تاتار ئېتى (موڭغۇل ئېتى)، قۇرىغار ئېتى، يەنى ئىلى ئېتى، ئارغۇ ئېتى (ئەرەب ئېتى بولسا كېرەك)، قىرغىز ئېتى، قازاق ئېتى قاتارلىقلار بولغان.

غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى قوۋملار تۇرمۇشىدا ئاتنىڭ ئەمەلىي رولى چوڭ بولغاچقا، ئۇلار قەدىمدىن بېرى ئاتنى قىممەتلىك ھايۋان سۈپىتىدە ئەتىۋارلاپ كەلدى.

غەربىي يۇرتنىڭ كۆپ جايلىرىدىن ئاتلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ دەپنە

---

① ما جۇنمىن: «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «خۇلار ئېتى» نىڭ كىرگۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ تارىختىكى رولى» («تيەنجىن پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1988 - يىلى 4 - سان، 76 - بەت.)

قىلىنغان گۈزەللىكلىرى تېپىلماقتا. مەسىلەن، خوتەن لوپ ناھىيىسى سانپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىغا جەسەت بىلەن ئىككى بوز ئات (نومۇرى M16, M1) مۇ كۆمۈلگەن. قەدىمكى كىشىلەر ئاتلارنىمۇ ئادەمنى دەپنە قىلغانغا ئوخشاش لەھەت كولاپ، ئات قويۇلغاندىن كېيىن ئۈستىدىن شاخ ـ شۇمبا تاشلاپ توپا بىلەن كۆمگەن. كۆمۈلگەن ئاتلارنىڭ ساقلىنىشى خېلى ياخشى بولۇپ، ھەر ئىككى ئاتنىڭ بېشىغا قۇشنىڭ پېيى قىستۇرۇلغان ھالەتتە كۆمۈلگەن، ئېگەر تېرە قاپلانغان قۇش باشلىق بولۇپ، توقۇمى ئۈچ قەۋەت ئاق كىگىزدىن تۆت چاسا قىلىپ تىكىلگەن. ئېگەر ئۈستىگە 73 × 76.5 سانتىمېتىر چوڭلۇقتىكى گىلەم يېپىلغان. گىلەمنىڭ تۆت بۇرجىكىدە چۇچىلىرى بار. چەرچەن ناھىيىسىنىڭ زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى (2960 ± 115 يىللار بۇرۇن) نى قازغاندا ئاتنىڭ باش سۆڭىكى ۋە بىر دانە پاچىقى چىققان. ئۇنىڭدىن باشقا گۇچۇڭ ناھىيىسىدىن 3000 يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمكى ئىزلاردىن باشقا ھايۋان سۆڭىكى بىلەن بىرگە ئاتنىڭ سۆڭىكى تېپىلدى.[1]

غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى قوۋملار ئاتلارنى دائىملىق ھەمراھى دەپ بىلگەچكە، كۈندىلىك ئوبوروتتا ئىشلىتىدىغان پۇللارغا ھەممىشە ئاتنىڭ ئوبرازىنى چۈشۈرۈپ تۇرغان. مەسىلەن، قەدىمكى خوتەن خانلىقىغا دائىر پۇللارنىڭ تولىسىغا دېگۈدەك ئات كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن. بەزى پۇللارغا ئاتنىڭ جىم تۇرغان كۆرۈنۈشى، بەزى پۇللارغا مېڭىپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشى، بەزى پۇللارغا ئالدى بىر پۇتىنى ئالدىغا چىقىرىپ تۇرغان كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن. بۇ بىر تاسادىپىيلىق ئەمەس، ئەلۋەتتە. غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى قوۋملارنىڭ نەزەرىدە ئاتنىڭ زادى قانچىلىك ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھادىسىلەردىن مۇجەسسەم قىياپەتتە كۆرۈۋالالايمىز. تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى مۇشۇ سوئالىمىزغا مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «ئەل — ئاتنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمى. ئات تۈركلەرنىڭ قانىتى بولغانلىقتىن، ئاتنى ‹ئەل› دەپمۇ ئاتايدۇ. ‹ئات باقار› نى ‹ئەل باشى› دېيىش ئۇنىڭدىن كەلگەن. بۇ ‹ۋىلايەت باشلىـ

---

① ئابدۇقەييۇم خوجىنىڭ شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىگە دائىر ئېلان قىلىنغان بىرقانچە پارچە ماقالىسىگە قاراڭ.

قى، دېگەن سۆز بولسىمۇ، بۇنىڭدىن «ئات باقار» دېگەن ئۇقۇم ئاڭلىنىدۇ.»①

ئات — غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى قوۋملارنىڭ نەزەرىدە ئىلاھ دەپ قارالغان. گرېتسىيىلىك ھېرودوت (تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرى 480 — 425 ـ يىللاردا ياشىغان) «تارىخ» ناملىق كىتابىدا خاتىرىلىنىشىچە، قەدىمكى ساكلار داغدۇغىلىق مۇراسىملاردا ئاتنى قۇربانلىق قىلىشقانىكەن. ۋېي جىڭ يازغان «سۇينامە» دە، تۈركلەر «ھەر يىلى 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قوي، ئات ئۆلتۈرۈپ تەڭرىگە قۇربانلىق نەزىرسى قىلىدۇ» دېيىلگەن.

ئاتنىڭ كاللىسىنى مەبۇد سۈپىتىدە باغ ـ ھويلىلاردىكى كۆزگە كۆرۈنەرلىك يەرگە ئېسىپ ساقلاش، ھازىرقى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەتلەرنىڭ بىرى.

ئاتچىلىق غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى قوۋملارنىڭ نەزەرىدە يۇقىرى ئورۇندا تۇرغاچقا، پەقەت ئاتچىلىققا دائىر نۇرغۇن ئاتالغۇلار بارلىققا كەلگەن، مەسىلەن، ئاتلارنىڭ ياش پەرقىگە قاراپ ئايرىلىشى: يېڭى تۇغۇلغان ئات قۇلۇن دېيىلىدۇ، بىر ياشتىن ئىككى ياشقىچە «تاي» دېيىلىدۇ، ئۈچ ياشتىن باشلاپ چىشى ۋە ئەركەككە ئايرىلىدۇ، ئۈچ ياشلىق ئەركەك ئات «قۇلان» (قازاقچە «قۇنان»)، ئۈچ ياشلىق چىشى ئات «قۇلان (قۇنان) بايتال» (قازاقچىدا «قۇناجىن بىيە»)، تۆت ياشلىق ئەركەك ئات «بوشتى» (قازاقچىدا «دونەن»)، تۆت ياشلىق چىشى ئات «بىيە» ياكى «بايتال» (قازاقچىدا «دۆنەچەدىن بىيە»)، بەش ياشلىق ئەركەك ئات «ئاسى» (قازاقچىدا «بەسى ئات»)، بەش ياشلىق چىشى ئات «ئاسى بىيە» («ئاسى بايتال») دەپ ئاتىلىدۇ. ئالتە ياش ۋاقتىدا «بىر ئاسى»، يەتتە ياش ۋاقتىدا «ئىككى ئاسى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردىكى «ئاسى» ئاتنىڭ ياش سانىنى، يەنى بەش ياشتا كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئالدىغا سان قوشۇلسا ئاتنىڭ ئەسلىي يېشىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئاتلارنىڭ رەڭگى ئومۇمەن ئاق، قىزىل، قارا، كۆكتىن ئىبارەت تۆت خىل رەڭدە بولۇپ، ئۇ يەنە ئۆز ئىچىدىن بوز، سۇر (كۇل رەڭ)، تۆمۈركۆك

---

① «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» («دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك») شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 1 ـ توم 67 ـ، 68 ـ بەتلەر.

(كۆك)، ئالا، چىپار، چىلان تورۇق (قىزىل)، جىرەن (جىگەر-رەڭ)، قوڭۇر قاتارلىق رەڭلەرگە بۆلۈنىدۇ؛ ئاتنىڭ يۈرۈشىگە قاراپ بۆلۈنۈشى: سوكسوك ئات، يورغا ئات، بەيگە ئات، تۆلپار، دۈلدۈل، تۇياق، قاشقا؛ قۇيرۇقتىكى بەلگە ـ ئالامەتلىرىگە قاراپ بۆلۈنۈشى: قاشقا ئات، ئاي قاشقا ئات، ئالا پاچاق ئات، ئاق يايلىلىق ئات، چاپدار ئات (چىپار ياكى ئالا قۇيرۇقلۇق ئات)...

ئومۇمەن «يىلقا» دېگەن سۆز ئاتنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، كۆپرەك ئاتلار توپىنى كۆرسىتىدۇ ۋە يېتىلگەن ئات، قۇلۇن (تاي)، چىشى ئات، ئەركەك ئات، مىنىدىغان ئات (مىنىك ئات)، كۆندۈرۈلگەن ئات قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. «ئات» دېگەندە كۆپرەك يېتىلگەن ئاتنى (تۆت ياشتىن يۇقىرى ئاتنى)، ئەركەك ئاتنى، بايتال، ئۈچ ياشلىق چىشى ئاتنى كۆرسىتىدۇ.

بۇلار تۇرمۇش مەدەنىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئاتچىلىق تەتقىقاتىدىكى ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدىغان بىر جەھەت.

غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملار چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى يۈك-سەلدۈرۈشتە بىرقاتار چارە ـ تەدبىرلەرنى يولغا قويغان، بۇ ئارقىلىق نوقۇل ياكى ناتۇرال چارۋىچىلىقتىن تېخنىكىلىق مەشغۇلاتنى يېتەكچى قىلغان زامانىۋى چارۋىچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتۈش ئۈچۈن دائىم تىرىش-چانلىق كۆرسەتكەن. مەسىلەن، ئۇلار چارۋىلارنى مۇنتىزىم بېقىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئوتلاقچىلىق قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەن، يەنى ئالدى بىلەن ياخشى ئوتلاقلارنى تاللاشقا كۆڭۈل بۆلگەن، ئوتلاق-لارنى قوغدىغان؛ چارۋىچىلىق پەرۋىشىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىگەن ۋە چارۋا دوختۇرلۇقى خىزمىتىنىمۇ خېلى بۇرۇن قولغا ئالغان ھەم بۇ ساھەدە بىرقاتار داۋالاش نەزەرىيىسىنى يەكۈنلىگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا چارۋا بېقىشتا يەنە بەزى تېخنىكىلىق يېڭى-لاشلارنى ئېلىپ بارغان. مەسىلەن، ھونلار بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇن ئېشەك بىلەن ئاتنى شالغۇتلاشتۇرۇپ، قېچىرنى پەيدا قىل-غان.① بۇ چارۋىچىلىق تارىخىدىكى كارامەت مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ.

تەتقىقاتچىلار تارىختىكى غەربىي يۇرت چارۋىچىلىقىنىڭ يېزىقچا

① لى دې: «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېلىپىز يەن ـ مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى» («شىنجاڭ گېزىتى»)، 1987 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى.

ئېلىنغان بىرقانچە دەۋرىدىكى ئەھۋالىنى ستاتىستىكا قىلىپ، ئوۋچىلىق تارىخىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى مەلۇم تەرەپتىن كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملارنىڭ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشى ۋە ئاساسلىق ئوزۇقىنى چارۋا مەھسۇلاتلىرىدىن ئېلىشى ئۇلارنىڭ كېيىنكى نۇرغۇن ئىشلىرىغا تۈرتكىلىك رول ئويناپ كەلدى، ئەقىل - زېھنىنى ئېچىشقا، ئىجادكارلىقىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بەردى. چۈنكى، دەسلەپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان خەلقلەرنىڭ ئەقىل تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىپ باراتتى. ف. ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «ئېھتىمال ئارىيلار (ئارىيانلار) بىلەن سېمىتلارنىڭ چاپسان راۋاج تاپقانلىقلىرىنى، بۇ ئىككى ئىرقنىڭ گۆش ۋە سۈتنى ئىستېمال قىلغانلىقىدىن ۋە گۆش بىلەن سۈتنىڭ خۇسۇسەن باللارنىڭ ئۆسۈشىگە ناھايىتى ياخشى تەسىر قىلىدىغانلىقىدىن بولغان بولسا كېرەك، ھەقىقەتەن، دېگۈدەك، پەقەت ئۆسۈملۈك ئوزۇقى بىلەن قورساق تويدۇرۇشقا مەجبۇر بولغان يېڭى مېكسىكا پوئېبلو-ھىندىلىرىنىڭ مېڭىسى ياۋايىلىق دەۋرىنىڭ تۆۋەنكى باسقۇچىدا تۇرغان ۋە لېكىن گۆش بىلەن بېلىقنى كۆپرەك يەيدىغان ھىندىلارنىڭ مېڭىسىگە قارىغاندا كىچىكرەك.»[1]

چارۋىچىلىق — ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ئىگىلىك بولۇپ، ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى تۇنجى قېتىملىق چوڭ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ باشقا ياۋايىلاردىن بۆلۈنۈپ چىقىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن.

دېمەك، غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملار دەسلەپكى ئىپتىدائىي ئوۋچىلىقتىن ئوۋچىلىق ئىگىلىكىگە، ئوۋچىلىق ئىگىلىكىدىن قەدەممۇقەدەم ئىلگىرىلەپ ئوتخور ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتۇپ قولغا ئۆگىتىش، كۆندۈرۈش، بېقىپ كۆپەيتىش ۋە بۇ ئارقىلىق ئاخىرى خېلى راۋاجلانغان چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى تىكلەش باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن.

بۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىكى بىر قېتىملىق سەكرەپ ئىلگىرى-

---

① ف. ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى، 1952 - يىلى نەشرى، 38 -، 274 - بەتلەر.

لەش، بۇنىڭ بىلەن ئوتلاق ئاھالىلىرى بىرىنچى قېتىم ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىش ئارقىلىق يېمەك - ئىچمەكنى ھەل قىلىدىغان ئۇسۇل - چارىنى ئۆگىنىۋالدى، شۇنداقلا ئوۋچىلىق ئىشلىرىدا دائىم دېگۈدەك تەبىئىي چەكلىمىلەرگە ئۇچرايدىغان ھالەتتىنمۇ قۇتۇلدى. شۇڭا، ئىنسانىيەت چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئارقىلىق مۇئەييەن دەرىجىدە تەبىئەت دۇنياسى ئۈستىدە تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولالىدى.

غەربىي يۇرتىنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى تارىختا ئىزچىللىقنى ساقلاپ، ھېلىھەم، شىنجاڭ ئىگىلىكىدە ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەپ كەلمەكتە.

## § 2 . ئېكىنچىلىكى

ئوتتۇرا ئاسىيا — يېزا ئىگىلىك مەدەنىيىتى ئەڭ بۇرۇن بىخ سۇرگەن رايونلارنىڭ بىرى.

ف. ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «نادانلىق دەۋرى (barbarsm) نىڭ ئۆزىگە خاس بەلگىسى شۇكى، ھايۋانلارنى كۆندۈرۈش، كۆپەيتىش ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىش»؛① «تۇران تۈزلەڭلىكى② نىڭ ئوزاق ۋە قاتتىق سوغۇق بولىدىغان قىش پەسلىدە لازىم بولىدىغان يەم - خەشەك زاپىسىنى تەييارلىماي تۇرۇپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى؛ شۇڭا بۇ يەردە ئوت - چۆپ يېتىشتۈرۈش ۋە زىرائەت تېرىش زۆرۈرىي شەرت بولۇپ قالدى... زىرائەتلەر دەسلەپ ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ يېمەكلىكى تەرىقىسىدە تېرىلىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىنسانلارنىڭمۇ يېمەكلىكى بولۇپ قالدى.»③

ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ بۇ بايانلىرىدىن شۇ نەرسە ئايان بولىدۇكى، دېھقانچىلىقنى چارۋىچى مىللەتلەر كەشىپ قىلغان. شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دۇنيا دېھقانچىلىق ئىگىلىكى ئاپىرىدە بولغان رايون ئىكەنلىكىدىن شۇبھىلىنىش ھاجەتسىز.

---

① ف. ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، 35 - بەت.
② تۇران تۈزلەڭلىكى — ئارال دېڭىزىنىڭ ئەتراپى. كەڭرەك مەنىدە ئەگىرسۇلىرى، كاسپىي دېڭىزى ۋە كوپېت تاغلىرى ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان كەڭ تېررىتورىيە.
③ «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، 276 - بەت.

بىز بىلمەيدىغان يېزا ئىگىلىكىگە دائىر ئەڭ قەدىمكى [illegible] ئوتتۇرا ئاسىياغا بەكمۇ يېقىن ياكى قوشنا رايونلار — يەنى ئوتتۇرا شەرق، ئىراق ۋە مىسىر، ئىران، خۇاڭخې ۋادىسى تېررىتورىيىلىرىدىن ئېلىنماقتا.

ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن غەربىي يۇرتىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك ئىشلىرى ئىلگىرى دېگەندەك ياخشى ۋە ئەتراپلىق ئىشلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ھەقتە بەزىبىر نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىك ساھەسىدە باشقا يىرىك يېزا ئىگىلىك رايونلىرى بىلەن سېلىشتۇرما قىلىش خىزمىتى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتماي كەلگەنىدى.

يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بېرى غەربىي يۇرتىنىڭ قەدىمكى زامان يېزا ئىگىلىكى ساھەسىدە يېڭى - يېڭى بايقاشلار بولدى. ئەمدى مەسىلىنى قايتا ئويلاش زۆرۈر بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ ھەقتىكى مۇنازىرىنى مەملىكەت دائىرىسى بىلەنلا توختىتىپ قويماستىن، بەلكى خەلقئارا سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ، دۇنيا ئىلىم ئەھلىنىڭ دىققىتىنى تارتىش تولىمۇ مۇھىم بولۇپ قالدى.

غەربىي يۇرتىنىڭ قەدىمكى زامان دېھقانچىلىقىغا ئائىت بىلىشكە تېگىشلىك ماتېرىياللار مەنبەسى قەدىمكى يادىكارلىق ئىزى ۋە قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان ھەر خىل دېھقانچىلىق سايمانلىرى، دېھقانچىلىق زىرائەت ئۇرۇقلىرىدىن ئېلىنىدۇ.

مانا مۇشۇ نەق ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، غەربىي يۇرتىنىڭ دېھقانچىلىقى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 4000 يىللار بۇرۇنقى ۋاقىتتا تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئېتەكلىرىدىن تاكى قۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىگىچە بولغان كەڭ رايون دائىرىسىدىكى تاغ يامزاللىرى، جىلغا تۈپلىكلىرى، دەريا ۋادىلىرىدىكى مۇنبەت يەرلەردە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى مەيدانغا كەلگەن.①

غەربىي يۇرتىنىڭ قەدىمكى زامان دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلگەن تاش قوراللار، مىس قوراللار، ياغاچ قوراللار، مىس -

---

① ۋاڭ بىڭخۇا: «ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامانىدىكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا نەزەر»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، فوتوئۇچە ژۇرنال، 1982 - يىلى، 7 - سان، 2 - بەت.

تۆمۈر قوراللارنىڭ تۈرى، شەكلى، قۇرۇلمىسى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ، ئۈزلۈكسىز سىپتىلىنىپ، ئىشلىتىش ئۈنۈمى ئۈستۈرۈلۈپ بارغان.

غەربىي يۇرتنىڭ دېھقانچىلىق قوراللىرى بۇ رايوننىڭ ھەممە يېرىگە دېگۈدەك تارقالغان بولۇپ، قەدىمكى ئىزلار ۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىن ئۇنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى زاماندىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى بىۋاستە ئىپادىلەپ بېرىشتە، ھەرقانداق ماتېرىيال ھەرقايسى جايلاردىكى يادىكارلىق ئىزلىرى ۋە قەبرىلەردىن چىققان دېھقانچىلىق زىرائەت دانلىرى، پاشاق پوستى ۋە بۇ خىل زىرائەتلەر توغرىسىدا يېزىلغان يەر ئاستىدىن چىققان تارشا پۈتۈكلەر ۋە خەت - چەكلەردىكى بىۋاستە خاتىرىلەرگە يەتمەيدۇ.

غەربىي يۇرت رايونى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تارقىلىشى جەھەتتە ياۋروپا - ئاسىيا ئورمان ۋە ئوتلاق رايونى، مەركىزىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا چۆللۈك رايونى بىلەن تۈر تەركىبى ۋە يېيىنچا ئۆسۈملۈك جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

ئادەم ۋە ھايۋانات ئۆسۈملۈكسىز ھايات كەچۈرەلمەيدۇ. قەدىمدىن تارتىپ ئىنسانلار ئاشلىق زىرائەتلىرى، مايلىق زىرائەتلەر، پۇرچاق تىپىدىكى زىرائەتلەر، تالالىق زىرائەتلەر، مېۋىلەر ۋە دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ھاياتىنى كاپالەتلەندۈرۈپ كەلدى.

دۇنيادىكى بارلىق ئۆسۈملۈكلەر ياۋايى ئۆسۈملۈكلەر ۋە مەدەنىي ئۆسۈملۈكلەر دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

ھەرقانداق مەدەنىي ئۆسۈملۈكنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى بولىدۇ. بىرەر جايدا تېرىلىۋاتقان مەدەنىي ئۆسۈملۈك ياۋا تۈرىنىڭ بار - يوقلۇقى ئۇنىڭ كېلىپ چىققان ئورنىنى بېكىتىشتە مۇھىم پاكىت ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭ رايونىدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشلەردە، بۇ رايوندا بۇنىڭدىن 4000 يىل بۇرۇنقى ئاشلىق زىرائەتلىرى، 2000 — 3000 يىل بۇرۇنقى

مېۋە ـ چېۋە ئەۋرىشكىلىرى، پاختا، كەندىر، يىپەك ـ يۇڭ [illegible] لار تېپىلىپ، مەدەنىي ئۇسسۇلۇقلىرىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېرىلىش تارىخىنى نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرى سۈرۈۋەتتى. جۈملىدىن بەزى ئۇسسۇلۇقلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىگە قارىتا يېڭى مەسىلىلەرنى مەيدانغا چىقاردى.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئەمەلىي تەكشۈرۈپ، دەللىلەپ چىقىشىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى «دائىرىسىدىن ئېيتقاندا، تاغ ئۇسسۇلۇقلىرىنىڭ تۈر سانى تۈزلەڭلىك ئۇسسۇلۇقلىرىنىڭكىدىن كۆپ (ئىكەن). مەسىلەن، تەڭرىتاغلىرىنىڭ (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى) دائىرىسىدىكى قىسمىدا تارقالغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇسسۇلۇك تۈرلىرى تەخمىنەن 2300 تۈر بولۇپ (تەڭرىتېغىنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىسىدىكى قىسمىدا 3000 تۈرگە يېقىن)، (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى) بويىچە يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇسسۇلۇك تۈرلىرىنىڭ تەخمىنەن 70% نى تەشكىل قىلىدۇ. گەرچە قۇرۇم تاغلىرىنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى چوڭ بولسىمۇ، لېكىن ئۇسسۇلۇقلىرىنىڭ تۈر تەركىبى ئاز. يارىش (جۇڭغار) ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئۇسسۇلۇقلىرى تەخمىنەن 600 تۈرگە يېتىدۇ.»①

غەربىي يۇرت تەۋەسىدە قەدىمدىن بېرى تېرىلىپ، ئۆستۈرۈلگەن ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، سۆك، تېرىق، ئاق قوناق، چۈژگۈن (قىياق)، ئارپا قاتارلىقلار، ياغلىق دان زىرائەتلىرىدىن زىغىر، كۈنجۈت، قىچا، زاراڭزا، ئاپتاپپەرەس قاتارلىقلار، پۇرچاق تىپىدىكى زىرائەتلەردىن ئاساسلىقى پىدە، ياۋا پىدە، ياۋا ماش، ياۋا كۆك پۇرچاق قاتارلىقلار؛ تالالىق زىرائەتلەردىن كەندىر، كېۋەز قاتارلىقلار ئۆستۈرۈلگەن.

1. ئاشلىق زىرائەتلىرى ۋە مېۋە ـ چېۋىلەر

بۇغداي. بۇ دەسلەپتە باركۆل ناھىيە تەۋەسىدىكى قەدىمكى ئىزدىن تېپىلغان بولۇپ، ئارخېئولوگلار ئۇنى 3280 يىل ئىلگىرىكى بۇغداي ئەۋرىشكىسى دەپ بېكىتكەنىدى.

1979 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1980 ـ يىلى تارىم ۋادىسى لوپنۇر

① «شىنجاڭ خۇداپەردى: «شىنجاڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇسسۇلۇقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك تارقىلىشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى.

رايونى كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىكى ئۆردەكلىك (گۇمۇگۇ) قەبرىستانلىقىدىن بۇغداي ئەۋرىشكىسى تېپىلغان بولۇپ، ئۇ 3800 يىللىق تارىختا ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى (دەسلەپ 6412 يىل بۇرۇن دەپ بېكىتىلگەن)① . بۇ ماددىي پاكىت مەملىكىتىمىز مىقياسىدا بۇغداينى ئەڭ بۇرۇن ئۆستۈرگەن جاي — غەربىي يۇرت رايونى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. شۇ دەۋرلەردىن كېيىنكى ھەرقايسى يىللارغا خاس قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى ۋە قەدىمكى قەبرىلەردىن يەنە بىرمۇنچە بۇغداي دانلىرى، بۇغداي باشىقى، بۇغداي ئۇنىدىن تەييارلانغان يېمەكلىكلەر، بۇغداي تېرىش ھەققىدە يېزىلغان ھەر خىل يېزىقتىكى خاتىرە پۈتۈكلەرمۇ تېپىلدى. ھازىرقى زاماندا بۇغداينىڭ مەملىكىتىمىز خەلقىنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغانلىقى شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇغداي — كۆزگى بۇغداي، يازغى بۇغداي قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. گو يىگۇڭ «تەپسىلىي تەزكىرە» («广志»: 郭义恭) دېگەن كىتابىدا: «يازغى بۇغداي، 3 ـ ئايدا تېرىلىدۇ، 8 ـ ئايدا پىشىدۇ، غەربتىن چىقىدۇ» دەپ يازغان. جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە (420 — 581 ـ يىللار) قوچودىكىلەر ئاق بۇغداي ئۇنىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەرگە تەقدىم قىلىدىغان ماللارنىڭ بىرى قىلغان.

بۇغداينى تەكرار تېرىش — ئېلىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلار شۇنداق قارايدۇكى، خۇاڭخې دەرياسى ساھىلىدا تېرىق بىلەن بۇغداينى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىپ ئىككى يىلدا ئۈچ قېتىم ھوسۇل ئېلىش مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرى (1368 — 1911 ـ يىللار) دەۋرىدە ئاندىن شەكىللەنگەن بىر خىل ئۇسۇل بولسىمۇ، بىراق، تورپان رايونىدا ۋېي، جىن، جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر (240 — 581 ـ يىللار) دەۋرىدە تېرىق، بۇغداينى تەكرار تېرىش بىرقەدەر ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلغان. ۋېي شۇ يازغان «ۋېينامە. 11 ـ جىلد. قوچو تەزكىرىسى» دە، بۇ يەردە «ھاۋا

① «خەلق گېزىتى» («人民日报») نىڭ 1981 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى سانىغا قارالسۇن.

ئىللىق، تۇپراق ئوبدان، تېرىق، بۇغداي بىر يىلدا نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىسا پىشىدۇ» دېيىلگەن. ئوۋياڭ شيۇ يازغان «يېڭى تاڭنامە» 221 - جىلد، ئالدىنقى قىسىم «قوچو تەزكىرىسى» دىمۇ، قوچودا «تۇپراق ياخشى، بۇغداي، تېرىق تەكرار (نۆۋەتلەشتۈرۈپ) تېرىسا پىشىدۇ» دېيىلگەن. تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان جىن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە مەنسۇپ ۋەسىقىلەردە، بۇغداي بىلەن تېرىق توغرىسىدا ئېنىق خاتىرە قالدۇرۇلغان. بەزى ئىجارە ئېلىش توختامنامىلىرىدە بۇغدايدىن ئىككى پەسىلدە ئىجارە تاپشۇرۇش بەلگىلەنگەن.① بۇ تارىخىي خاتىرىلەردىكى ھۆججەتلەر بىلەن ئوخشايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. دېمەك، «تېرىق، بۇغداينى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش ئۇسۇلى ئەڭ دەسلەپ (مەملىكىتىمىز بويىچە — نەقىلچىدىن) قوچودا بارلىققا كەلگەن.»② بۇنىڭ بۇنداق بولۇشى ھەرگىز تاسادىپىي ۋەقە ئەمەس، تەبىئىي شارائىتنىڭ ماسلىشىشىدىن باشقا، ئۇنىڭ يەنە ئۇزاق يىللىق بۇغداي تېرىش ئەنئەنىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مۇشۇنداق ئەنئەنىۋى بۇغداي تېرىش كۆزگى بۇغداينى مەركەز قىلغان نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش ئۇسۇلىنى بىرقەدەر ئوڭاي راۋاجلاندۇرغان.

شىنجاڭ بۇغدىيى توغرۇلۇق گەپ بولغاندا شۇ نەرسىنى سۆزلەپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، پۈتۈن دۇنياغا مەلۇمكى، ياۋا بۇغداي ئۆسۈملۈكىنى يۇرت زىرائىتى قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش بىرىنچى بولۇپ، بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىللار مۇقەددەم غەربىي ئاسىيادا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلغانىدى. بۇنىڭدىن 8000 — 9000 يىللار مۇقەددەم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جەيتون نامازگاھ ۋە ئاناۋ (ھازىرقى تۈركمەنىستاننىڭ پايتەختى ئاشخاباد يېنىدا) قاتارلىق جايلارغا يېتىپ كەلگەن. لى يۈڭ ئەپەندى بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھازىرغىچە تارىم ۋادىسىغا بۇغداي تېرىقچىلىق مەدەنىيىتى قاچان كەلگەنلىكى ئىلىم - پەندە تېخى بىر بوشلۇق بولسىمۇ، لېكىن تارىم ۋادىسى ئارقىلىق شەرققە تارقىلىپ، تا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنلىرىغا قەدەر يېتىپ بارغانلىقى مەلۇم بولدى. دېمەك، كەم دېگەندە بۇنىڭدىن 7000 يىللار

---

① «تۇرپاندىن چىققان جىن - تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە مەنسۇپ ۋەسىقىلەر توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» («文物») ژۇرنىلى، 1977 - يىلى، 3 - سان، خەنزۇچە، بېيجىڭ.

② لۇشۈن، لى گېنپەن: «مىللەت ۋە ماددىي مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى»، 32 - بەت.

بۇرۇن تارىم ۋادىسىدا ئەڭ قەدىمكى دېھقانچىلىق ئىگىلىكى مەيدانغا كەلگەن، دەپ پەرەز قىلىشقا مەنتىقىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ...»①

كەندىر. بۇ تالالىق زىرائەتلەر ئىچىدە ئىقتىسادىي قىممىتى ناھايىتى ئۈستۈن زىرائەتلەرنىڭ بىرى، غەربىي يۇرتتا كەندىرنىڭ ئۆستۈرۈلۈش تارىخى 3800 — 4000 يىللىق تارىخقا ئىگە. تارىم ۋادىسى لوپنۇر رايونى كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىكى ئۆردەكلىك قەبرىستانلىقىدىن قېلىن ۋە زىچ توقۇلغان سېۋەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇيۇملارنى ئېنىقلىغاندا، ئۇنىڭغا كەندىر تالاسى ئىشلىتىلگەن. قەبرىلەرنىڭ ئۈستى ۋە يانلىرىغىمۇ لوپنۇر كەندىرى ئىشلىتىلگەن.

1985 - يىلى چەرچەن ناھىيىسى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىلىرى (3000 يىل بۇرۇن)نى قېزىپ تەكشۈرگەندە، قەبرىنىڭ ئۈستى ۋە ئەتراپىنى يېپىش ئۈچۈن لوپنۇر كەندىرى ئىشلىتىلگەن. بۇلار ھازىرغىچە تېپىلغان ئەڭ بۇرۇنقى كەندىر ئەۋرىشكىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قوغۇن. بۇ مەملىكىتىمىزدە ئەڭ بۇرۇن شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلگەن. 1961 -، 1981 - يىللىرى پىچان ۋە قۇمۇلدىن ياۋا قوغۇن بايقالغان. بۇ قوغۇن ئەجدادىنىڭ شىنجاڭ ئىكەنلىكىگە ئېنىق گۇۋاھچىلىق بېرىدۇ②. بۇ ياۋا قوغۇنلاردىن ھازىرقى قوغۇنلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. لى شاۋفاڭ «ئامانلىق تەپسىلىي خاتىرىسى» ( « 太平广记 » ) دېگەن كىتابتا، «خەن سۇلالىسىنىڭ مىڭ دي خانى قوغۇن يەپ چۈش كۆرگەن، تولىمۇ شېرىن ئىكەن... شۇ چاغدا دۇنخۇاڭ (ئارقىلىق) قوغۇن تارتۇق قىلىنغان... چيۇچۈلۈك دەپ ئاتىلىدىكەن.»③ دېيىلگەن. بۇ يەردىكى چيۇچۈلۈك « 穹隆 » دېگەن ئىسىمنى ئالىملار تۈركچە - ئۇيغۇر تىلىدىكى «Kogun» (قوغۇن) دېگەن ئىسىمنىڭ تاۋۇش تەرجىمىسى دەپ ئېنىقلاپ چىققان.④ بۇنىڭدىن شىنجاڭ قوغۇنى مىلادىيىدىن

---

① لى بۇلاڭ: «ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكا سەنئىتىنىڭ يىراق ئۆتمۈش ئىقتىساد - مەدەنىيەت ۋە ئېتنىك ئاساسى». «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1995 - يىللىق 2 - سانى.

② نۇرنىسا قاسىم: «قوغۇن». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 7 -، 9 - بەتلەر.

③ «ئامانلىق تەپسىرى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1961 - يىلى نەشرى، 411 - جىلد، قوغۇن ماددىسى.

④ لۇشۇن، لى گېنپىن: «سىلالەت ۋە ماددىي مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى». خەنزۇچە نەشرى، 102 - بەت؛ لوفېر (ئامېرىكا): «جۇڭگو. ئىران توغرىسىدا»، بېيجىڭ سودا نەشرىياتى، 1964 - يىلى نەشرى.

www.uyghurkitap.com

بۇرۇنقى 2 - ئەسىردىلا ئىچكىرى ئۆلكىلەر (مەركىزىي رايونى) گە تارقالغانلىقى بىلىنىدۇ.①

تاۋۇز. بۇ دەسلەپ شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلۈپ، ئاندىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يېتىپ بارغان. ئۇنىڭ تارقىلىش ۋاقتى قىتان - لياۋ سۇلالىسى دەۋرى (907 — 1125 - يىللار) گە توغرا كېلىدۇ.② ئېلىمىزدە تاۋۇز ھەققىدە ئەڭ بالدۇر بەش سۇلالە دەۋرى (907 — 960 - يىللار) دىكى خېياڭ ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى خۇ چياۋ يازغان «تۇتقۇنلۇق خاتىرىسى» (胡峤：《陷虏记》) دە ئۇچۇر ساقلانغان. ئۇنىڭدا خۇ چياۋ: «پىڭچۇەنگە بارغاندا تۇنجى قېتىم تاۋۇز يېدىم، قىتانلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار تاۋۇز ئۇرۇقىنى ئۇيغۇرلار يۇرتىنى ۋەيران قىلىش جەريانىدا قولغا چۈشۈرگەنىكەن، ئۇ ئۆكۈز تېزىكى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تېرىلىدىكەن، تاۋۇزنىڭ چوڭلۇقى جۇڭگو كاۋىسىچىلىك بولۇپ، تەمى تاتلىق ئىكەن» دەپ يازغان. بۇ پاكىتقا ئاساسلانغاندا، بۇنىڭدىن مىڭ نەچچە يىللار بۇرۇن خېبېيدىكى چېگرىدا تاۋۇز ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ تاۋۇزلار ئۇيغۇر يۇرتىدىن تارقالغان.③

ئۈزۈم. ئۈزۈم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىشتىن ئىلگىرى④ ئېلىمىزدە ئەڭ دەسلەپ شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلگەن.⑤ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەن. بەنگۇنىڭ «خەننامە. 96 - جىلد. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، «چەرچەندىن ئۈزۈم چىقىدۇ» دېيىلگەن. مىلادىيە 25 - يىلدىن 220 - يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەۋرگە مەنسۇپ خوتەن نىيە قەدىمكى ئىزىدىن بىر مېۋىلىك باغنىڭ خارابىسى بايقالغان بولۇپ، ئۇ يەردە قۇرۇپ كەتكەن ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر ساقلانغان.⑥ يېقىندا يەنە

---

① فەن شياۋفالاڭ: «شىنجاڭ قوغۇنىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ۋە ئۇنى ئۆستۈرۈش تارىخى»، «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 - يىلى 1 - سان.

② سەي مېيبياۋ قاتارلىقلار يازغان «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى»، خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىلى نەشرى، 7 - توم 355 - بەت، خەنزۇچە.

③ «تاۋۇزنىڭ تارىخى ھەققىدە، ئىككى ئېغىز پاراڭ»، «دېھقان ۋە تۇرمۇش» ژۇرنىلى، 1994 - يىلى، 2 - سان، ئۈرۈمچى.

④ جياڭ يۈجياڭ: «ئۈزۈم ۋە ئۈزۈم ھارىقىنىڭ ئېلىمىزگە تارقىلىشى توغرىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك دەلىللەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1993 - يىلى، 3 — 4 - قوشما سان.

⑤ «مىللەت ۋە ماددىي مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى»، 79 - بەت.

⑥ «سەنبېيىن غەربىي يۇرتنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك خاتىرىسى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى، بېيجىڭ، 75 - بەت.

پىچان ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ياڭخې قەبرىستانلىقىدىن ئۈزۈملۈكى 1.15 مېتىر كېلىدىغان 2500 يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە تەۋە ئۈزۈم تېكى بايقالدى.[1] 1959 ـ يىلى يەنە بۇ ناھىيىدىكى ئەر ـ خوتۇن بىللە دەپنە قىلىنغان بىر قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان يۇڭ توقۇلمىلار ئىچىدىكى بىرنەچچە بېزەك بۇيۇملارغا ئەينەن سۈرەتلەنگەن ئۈزۈم نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن. بۇنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيە 1 — 2 ـ ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. نىيە ناھىيىسىدىكى نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان مىلادىيە 3 — 4 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق قارۇشتى يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەردە يۇقىرى قاتلام راھىبلىرىنىڭ ئۈزۈمزارلىق بېغى بارلىقى توغرىسىدا ۋە ئۈزۈم بېغى ساتقانلىقىغا دائىر ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن.

غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى قوۋملار، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق ئۈزۈمنى نەسلىنى يوقىتىۋەتمەي، ئۇنىڭ سورتلىرىنى كۆپەيتىپ، نەچچە ئون خىلغا يەتكۈزۈپ دەۋرىمىزگىچە ئەكەلدى.

ياڭاق ۋە ئانار. بۇلار ئېلىمىز بويىچە ئەڭ بۇرۇن غەربىي يۇرتتا ئۆستۈرۈلگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خەن سۇلالىسى ئەلچىسى جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كېلىپ قايتقاندىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ياڭاق بىلەن ئانار بار بولغان.[2] ئالىملار ياڭاقنى شىنجاڭ بىلەن تىبەت چېگرالىرىدا ياشىغان قەدىمكى چياڭ (كەن—羌) قوۋمى يېتىشتۈرگەن بولسا كېرەك، دەپ قارىشىدۇ. شىنجاڭدا ھازىرغىچە ياۋا ياڭاق نەسلى ساقلىنىپ قېلىنىش بىلەن بىرگە، قاغىلىق قاتارلىق جايلار ئەڭ چوڭ ياڭاقچىلىق بازىسى سانىلىدۇ. ئانار بولسا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئارشاكلار ئېلىدىن دەسلەپ شىنجاڭغا كىرىپ يەرلەشكەن، ئاندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغان.

ئالما. بۇ ئەسلى غەربىي يۇرت ئەتراپلىرىدا بارلىقىقا كەلگەن.[3] شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدا ھازىرغىچە كەڭ كەتكەن ياۋا ئالمىلىق بار. يېتىشتۈرۈلگەن ئالما تەخمىنەن غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 206 ـ يىلىدىن مىلادىيە 23 ـ يىلىغىچە بولغان

---

① «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» 2004 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى سانىغا قارالسۇن.
② «مىللەت ۋە ماددىي مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى»، 83 ـ بەت.
③ «مىللەت ۋە ماددىي مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى»، 84 ـ، 85 ـ، 86 ـ بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئارىلىق) دە ئوتتۇرا ئۆزلەشلىككە كىرگەن. ھازىر شىنجاڭ تې[illegible]نىڭ ئەڭ چوڭ ئالمىلىق بازىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالماستىن، بۇ يەردە يېتىشتۈرۈلگەن سورتلارمۇ نەچچە ئون خىلغا يېتىدۇ.

نەشپۈت. بۇ شىنجاڭ رايونىنىڭ مۇھىم مېۋىسى. شەرقىي جىن خانلىقى زامانى (مىلادىيە 317 — 420 ـ يىللار) دا ئۆتكەن گې خۇڭ (葛洪) يازغان «غەربىي ئاستانە خاتىرىلىرى» (« 西京杂记 ») دېگەن كىتابتا «قۇمتاغ نەشپۈتى (瀚海梨) خەنخەي (قەدىمكى چاغدا خەنزۇچە ماتېرىياللاردا پىچان ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمتاغ قۇملۇقى خەنخەي دەپ ئاتالغان)① دىن چىقىدۇ، سوغۇقتا قۇرۇپ قالمايدۇ» دېيىلگەن. ئۇ شىنجاڭ نەشپۈتىنىڭ بىر خىلى ھېسابلىنىدۇ. تۇرپاندىن جىن خانلىقى ۋە تاڭ سۇلالىسى (618 — 907 ـ يىللار) دەۋرىگە مەنسۇپ قەبرىلەردىن ئاز بولمىغان نەشپۈت قېقى چىققان. تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، بۇ نەشپۈت قېقى تېپىك نەشپۈت قېقى ئىكەن. شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى قوۋملار نەشپۈت يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن.②

بادام. بۇ ئەڭ دەسلەپ شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلگەن. تۇرپان ئاستانىدىكى 4 — 9 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق قەدىمكى قەبرىلەردىن بادام تېپىلدى.③ شىنجاڭدا ھازىرغىچە ياۋا بادام ئۆسۈملۈكى ساقلىنىپ قالغان.④ ھازىر شىنجاڭ تەۋەسىدە بادامنىڭ بىرقانچە تۈرى (يەنى ئادەتتىكى مەدەنىي بادام تۈرى، ياۋاچ بادام تۈرى، سېدە يوپۇرماقلىق بادام تۈرى)، بەش ئۆزگەرگەن كەنجى تۈرى بار. تارباغاتاي تېغى، بارلىق تېغى، ئالتاي تېغى، چاغانتوقاي تېغى، تولى ناھىيىسى قاتارلىق جايلاردىكى تاغ، ئېدىر، دەريا بويلىرىدا قەدىمكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قالدۇقى بولغان ياۋا بادامنىڭ تا ھازىرغىچە تەبىئىي تارقىلىپ ئۆسۈۋاتقانلىقى، بادامنىڭ قەدىمدىن تارتىپلا شىنجاڭدا ياۋا تۈردىن مەدەنىي تۈرگە ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى، جۈملىدىن ھازىر جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۆستۈرۈلۈۋاتقان بادامlarنىڭمۇ ئەسلى ياۋا بادامدىن ئۆزگەرگەن

① «شىنجاڭ تارىخ لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 740 ـ بەت.
② «مىللەت ۋە ماددىي مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى»، 86 ـ بەت.
③ ئابدۇقەييۇم خوجا: «يۇرتىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك تارىخىغا ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىلى، 1 ـ سان.
④ مۇھەممەد تۇردى: «بادام»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 152 ـ بەت.

بادام تۈرلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

2. ياغلىق دان زىرائەتلىرى

كۈنجۈت. بۇنىڭ ماكانى ئەسلى جەنۇبىي ئافرىقا قۇرۇقلۇقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئىسسىق بەلۋاغ يايلاقلىرىدا بولۇپ، ئېلىمىز بويىچە ئەڭ دەسلەپ غەربىي يۇرتتا ئۆستۈرۈلگەن. تۇرپاننىڭ غەربىدىكى ئالغوي (ئارافول) جىلغىسىدىن بايقالغان ئېپتىدائىي جامە قەبرىستانلىقىدىن كۈنجۈت ئۇرۇقى چىققان بولۇپ، بۇ قەبرىستانلىقنىڭ يىل دەۋرى 2200 — 2800 يىل ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ كۈنجۈتنىڭ ئەڭ بۇرۇن شىنجاڭدا ماكانلاشقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.① بەنگۇ يازغان «خەننامە» دە: «جاڭ چيەن چەت ئەلگە چىققاندا، كۈنجۈتكە ئىگە بولغان» دېيىلگەن. بۇ خاتىرىگە كىشىلەر گۇمان بىلەن قارىسىمۇ، ھەر ھالدا غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك (مەركىزىي جۇڭگو رايونى) تە كۈنجۈت تېرىلغان ۋە كۈنجۈت يېغى ئىستېمال قىلىنغانلىقى توغرۇلۇق خاتىرە قالدۇرۇلۇشقا باشلىغان.②

زىغىر، زاراڭزا. بۇ مۇھىم ياغلىق دان زىرائەتلىرى بولۇپ، دەسلەپ غەربىي يۇرتتا ئۆستۈرۈلگەن. جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كېلىپ قايتقاندىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە تېرىلىشقا باشلىغان.③

3. تالالىق ئۆسۈملۈكلەر

كېۋەز. بۇنىڭ غەربىي يۇرتتا ئۆستۈرۈلۈشى ناھايىتى بۇرۇن. 1959 ـ يىلى، بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇنلا قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن خوتەننىڭ قەدىمكى نىيە خارابىسىدىن ئادەم ۋە كۆل نۇسخىلىرى كۆك بوياقتا بېسىلغان پاختا رەخت (ھەمزەك دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تېپىلدى. مارالبېشى ناھىيىسىدىكى قەدىمكى توققۇزساراي (بارچۇق) خارابىسىنى قېزىپ تەكشۈرگەندە، 6 — 9 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق مەدەنىيەت قاتلىمىدىن پاختا بىلەن بىرلىكتە، چىگىتمۇ تېپىلغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى لياڭ خانلىقى (502 — 557 ـ يىللار) نىڭ تارىخى بولغان ۋە ياۋ سىليەن يازغان «لياڭنامە» نىڭ

① ۋاڭ بىڭخۇا: «شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئارخېئولوگىيىسىدىن بايانلار»، «يېزا ئىگىلىك ئارخېئولوگىيىسى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1983 ـ يىلى، 1 ـ سان.
② ③ «مىللەت ۋە ماددىي مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى»، 58 ـ، 59 ـ بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

54 ـ جىلد «غەربىي شىمالدىكى رۇخلار تەزكىرىسى» دە، قوچۇ (تۇرپان رايونى) دە پاختا بارلىقى توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرۇلغان. سۇلىلىق بۇددا تەتقىقاتچىسى خۇيلىن (مىلادىيە 737 — 820 ـ يىللار) «نوملار شەرھى» («一切经音义») ناملىق كىتابىدا، «پاختا، غەربتىكى ئەلدىن چىقىدۇ، پاختىسىدىن رەخت توقۇلىدۇ» دېيىلگەن. ئومۇمەن، پاختا ئىلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا غەربىي يۇرت ۋە جەنۇبتىكى رايونلاردىن يېتىپ بارغان. چاڭجياڭ ۋە خۇاڭخې دەريا ساھىلىدا كېيىنكى سۇڭ سۇلالىسى (960 — 1279 ـ يىللار) دەۋرىدىن باشلىنىدۇ.[①] ئۇنىڭدىن ئىلگىرى غەربىي يۇرتتىكىلەر يىپەك ۋە كەندىر تالالىرىدىن رەخت توقۇپ، كىيىم كىيگەن.

4. ئوتياش ـ كۆكتاتلار

يۇمغاقسۇت، تەرخەمەك، پىياز، سامساق، سەۋزە، چامغۇر، پالەك. بۇ كۆكتاتلار دەسلەپ غەربىي يۇرتتا ئۆستۈرۈلۈپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامدىغان. كېيىنچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئومۇملاشقان، بۇنىڭ بەزىلىرىنى جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كەلگەندىن كېيىن ئېلىپ كىرگەن ئېلىپ بارغان.[②]

5. پۇرچاق تىپىدىكى زىرائەتلەر

پۇرچاق. بۇمۇ ئەڭ دەسلەپ غەربىي يۇرتتا ئۆستۈرۈلگەن. خەنزۇچە «گىياھنامە» («本草经») دېگەن كىتابتا، «جاڭ چيەن چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن خۇ پۇرچىقى (胡豆) نى ئېرىشكەن» دېيىلگەن. شىنجاڭدىن ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشتا پۇرچاق تىپىدىكى زىرائەتلەر تېپىلغان. مەسىلەن، كورلا تەۋەسىدىكى خېجىڭ ناھىيىسىدىكى بەزى قەدىمكى قەبرىلەر (بۇنىڭدىن 2000 — 3000 يىل بۇرۇنقى قەبرىلەر) دىن ماش دانلىرى، تۇرپان ئاستانىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن دادۇر، پۇرچاق دانلىرى تېپىلغان.[③] پۇرچاقلارنىڭ تۈرى خىلمۇخىل بولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆك پۇرچاق (نوقۇت)

---

① «مىللەت ۋە ماددىي مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى»، 66 ـ بەت.
② گۇ باۋ: «جۇڭگودا مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىيلىقى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، قوشۇمچە سان، 1991 ـ يىلى، 2 ـ سان، 25 ـ بەت.
③ ئا. خوجا ماقالىسى، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىلى، 1 ـ سان، 26 ـ بەت.

ۋە «ئۇيغۇر پۇرچىقى» قاتارلىقلار دەسلەپ شىنجاڭدا تېرىلغان.[1]

زەپەر. پۇرىقى مەززىلىك، پارقىراقلىقى كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، تاماق سىڭدۇرىدۇ، تەم تەڭشەيدۇ. ئۇيغۇر دورىلىرى ئىچىدە زەپەر «دورىلارنىڭ پادىشاھى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۇنى ئۇزاق ۋاقىت ئىشلىتىش داۋامىدا دورىغا قوشۇپلا قالماي، يۇقىرى دەرىجىلىك ئوزۇقلۇق ۋە ئىچىملىك قىلغان، ئۇنى قاننى راۋانلاشتۇرىدىغان، بەدەننى ساغلاملاشتۇرىدىغان، ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىغان قىممەتلىك بۇيۇم، دەپ قارىغان. شىنجاڭدا 2000 يىلدىن ئىلگىرىلا زەپەر ئىشلىتىلگەن.[2] «دورا ئۆسۈملۈكلەر قامۇسى» (« 本草纲目 ») ناملىق كىتابتا: «زەپەر غەربىي يۇرتتىن چىققان... غەمگە پېتىش، قايغۇرۇش، روھىي ھالىتىنى ئوڭشاشقا، قاننى جانلاندۇرۇپ، خەپرۇكنى راۋانلاشتۇرۇشقا شىپا بولىدۇ. بۇنى دائىم ئىستېمال قىلغاندا كۆڭۈل ئېچىلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. «تاغ - ئېزىملار قۇرئى. مۇتيەنزى تەزكىرىسى» (« 山海经 . 穆天子传 ») دېمۇ: جۇمۇۋاڭنىڭ غەربكە ساياھەتكە بېرىپ كۇئېنلۇنغا چىققانلىقى، غەربىي خان ئانا ( 西王母 ) نى تاۋاپ قىلغانلىقى، خان ئانا ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى تىلەپ، ئۇنىڭغا زەپەر... قاتارلىق ئېسىل بۇيۇملارنى بەرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. زەپەر شىنجاڭدا قايتا ئۆستۈرۈلۈپ ھەم ئۇنىڭدىن ئالىي دەرىجىلىك ئۆمۈرنى ئۇزارتىش دورىسى ياسىلىپ، ئېلىمىزنىڭ تىبابەتچىلىك ساھەسىدە كەڭ ئالقىشقا ئېرىشىلدى ھەم خەلقئاراغا يۈزلەنگەن دورا بولۇپ قالدى.

بېدە. بۇ ئاقسىل ماددىسىغا باي، ياخشى يەم - خەشەك بولۇپ، تەكرار ئۆسۈش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئۈنۈمدارلىقى يۇقىرى، سۇ - ئوغۇت يېتەرلىك بولغان ئەھۋالدا يىلدا بىرقانچە قېتىم ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى باشقۇرۇشقىمۇ ئانچە كۈچ كەتمەيدۇ. تارىخىي كىتابلاردىن قارىغاندا، شىنجاڭ رايونىدا ناھايىتى بۇرۇنلا بېدە ئۆستۈرۈلگەن.[3] خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياخشى نەسىل-

① «مىللەت ۋە ماددىي مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى»، 39 - بەت.

② لى يېنىدۇڭ: «ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك خەزىنىسىنىڭ سىرى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1994 - يىل 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىكى سانى، 2 - بەت.

③ ۋاڭ بىڭخۇا: «ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زاماندىكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا نەزەر»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، قوشۇمچە 1982 - يىلى، 7 - سان.

لىك ئاتلارنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كىرىشى بىلەن بېدىمۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يېتىپ بارغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا جاڭ چيەن مىلادى-يىدىن بۇرۇنقى 126 ـ يىلى غەربىي يۇرتتا كەلگەندىن كېيىن بېدە ئۇرۇقىنى ئەكەتكەن.①

## 6. لۇ مىڭشەن ۋە «تېرىقچىلىق ـ پىلىچىلىك ئاساسلىرى»

لۇ مىڭشەن ( 鲁明善 ) نىڭ تەخەللۇسى تىجۇ بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىغا «تۆمۈر تۈۋرۈك» دەپ تەرجىمە قىلىنىپ كېلىنمەكتە. ئۇ 13 — 14 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان ئۇيغۇر ئاگرونوم بولۇپ، دادىسى كاروناداس ( ؟—1312 ) شىنجاڭدىن خانبالىق (بېيجىڭ) قا بېرىپ ئوردىدا يۇقىرى دەرىجىلىك تەرجىمان بولۇپ ئىشلىگەن ھەم شېئىرلار يازغان زىيالىيلاردىن ئىدى.

لۇ مىڭشەن ئىچكىرىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان، كىچىكىدىن باشلاپ ناھايىتى ياخشى تەربىيە ئالغان ۋە چوڭقۇر مەلۇماتلىق كىشى بولۇپ يېتىلگەن. ئۇ «تېرىقچىلىق ـ پىلىچىلىك ئاساسلىرى» ( «农桑衣食撮要» ) دېگەن ئەسەرنى يېزىشتا، جۇڭگونىڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمىغا دائىر مىراسلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك كىتابى تۈزۈش-تىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىگىمۇ ئىنتايىن ئەھ-مىيەت بەرگەن. شۇڭا «تېرىقچىلىق ـ پىلىچىلىك ئاساسلىرى» دې-گەن كىتابقا ئەزەلدىن بۇيان ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىلىپ كېلىن-مەكتە. «تۆت قەسىردىكى كىتابلار مۇندەرىجىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى» ( «四库全书提要» ) دېگەن كىتابتا، «لۇ مىڭشەننىڭ بۇ كىتابى قەمەرىيە كالېندارىدىكى مەۋسۇملەر بويىچە سىستېمىلىق، ئېنىق، ئاممىباب يېزىلغان، ئۇنىڭدىكى تېرىقچىلىق ۋە يىغىش ـ ساقلاشقا دائىر بايانلار كىشىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. مەزمۇنى ئىلگىرى يېزىلغان يېزا ئىگىلىكىگە ئائىت كىتابلارنىڭ ھەرقاندىقىدىن مول بولۇپ، ھەقىقەتەن قىممەتلىك كىتابتۇر» دەپ قەيت قىلىنغان. ۋاڭ يۈخۇ «تېرىقچىلىق ـ پىلىچىلىك ئاساسلىرى» نىڭ يېڭى نەشرىگە يازغان كىرىش سۆزىدىمۇ «لۇ مىڭشەننىڭ بۇ كىتابى دەۋرىمىزگە

① «ئوكيانۇس» ( «辞海» )، شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى، 569 ـ بەت.



www.uyghurkitap.com

يېتىپ كەلگەن يېزا ئىگىلىك مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر ئىچىدە يېزا ئىگىلىك بىلىملىرى قەمەرىيە كالېندارىدىكى مەۋسۇملار بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن مۇھىم كلاسسىك كىتابتۇر» دەپ تىلغا ئېلىنغان.

جۇڭگونىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن، بۇ ھەقتىكى تەجرىبىلەرمۇ ناھايىتى مول. ئۇيغۇر ئاگرونوم لۇ مىڭشەننىڭ «تېرىقچىلىق - پىلىچىلىك ئاساسلىرى» دېگەن كىتابى بۇنىڭ بىر مىسالى. بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول، ئۇ ھاۋارايى، سۇ ئىنشائاتى، چارۋىچىلىق، تېرىقچىلىق، باغۋەنچىلىك، پىلىچىلىككە دائىر يېزا ئىگىلىك پائالىيەتلىرىنى، ھەتتا گۆشچىلىق، ئۆي قۇشلىرى تۇخۇمى ھەمدە كۆكتاتلارنى قانداق چىلاش قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ كىتابتا كىشىلەرنىڭ ھەربىر مەۋسۇمدە شۇغۇللىنىشقا تېگىشلىك يېزا ئىگىلىك پائالىيەتلىرى يېزىلغان ھەم ھەربىر پائالىيەتكە ئىخچام ئىزاھات بېرىلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ پائالىيەتنى قانداق ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىمۇ چۈشەنچە بېرىلگەن.①

ئەجدادلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسىگە ئەھمىيەت بېرىش ناھايىتى مۇھىم. لۇ مىڭشەن ئۇيغۇر يېزا ئىگىلىك ئالىمى بولغاچقا، شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ (جۈملىدىن ئەجدادلىرىنىڭ) يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا دائىر تەجرىبىلىرىنى ۋە يېزا ئىگىلىكتىكى ھەرخىل تېرىلغۇ تۈرلىرىنى تونۇشتۇرغان. «تېرىقچىلىق - پىلىچىلىك ئاساسلىرى» دا ئۇزۇم ئۆستۈرۈش، قېتىق ئۇيۇتۇش ۋە تۇل ئېلىشقا ئوخشاش ئىشلارمۇ تونۇشتۇرۇلغان. دېمەك، بۇ كىتاب ھەم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى، ھەم شىنجاڭ رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرى تونۇشتۇرۇلغان ۋەتىنىمىزنىڭ قىممەتلىك كلاسسىك يېزا ئىگىلىك كىتابى.

---

① «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يېزا ئىگىلىك ئالىمى — لۇ مىڭشەن»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1985 - يىل 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىكى سانىغا قارالسۇن.
— لۇ مىڭشەن ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى ھەققىدە يەنە «لۇ مىڭشەننىڭ ‹تېرىقچىلىق - پىلىچىلىك ئاساسلىرى› ۋە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەدىبىيسى» دېگەن ماقالە، خەنزۇچە «مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1982 - يىلى 6 - سان ۋە «لۇ مىڭشەن ھەققىدە ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، خەنزۇچە، 1985 - يىلى 3 - سانىغا قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## § 3 . سۇ ئىنشائاتچىلىقى

شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تىپىك قۇرغاق رايون. بۇ يەردە ئىنسانلار رەسمىي دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە كىرىشكەندىن باشلاپلا ئاساسەن سۇ باشلاپ دېھقانچىلىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ دېگەنلىك، ئېرىق - ئۆستەڭ سۇلىرىغا تايىنىش دېگەنلىك. غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى قوۋملار ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ تۇرمۇشتىكى رولىغا بەكمۇ ئەھمىيەت بىلەن قارىغاچقا، ئۆزىنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى دائىم شۇ ساھە بىلەن باغلاپ تۇردى. دەسلەپ ئۇلار دەريا - ئېقىنلارنىڭ بۆلۈنۈشىگە ئىستىخىيىلىك يوسۇندا ماسلاشقان بولسا، يىرىك ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە ئۇيۇشقاندىن كېيىن، بۇ خىل ئېقىنلارنىڭ يۆتكىلىشىنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش رىتىمىگە ماسلاشتۇرۇشقا قادىر بولدى.

جەنۇبىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭنىڭ بوستانلىق رايونىدا قەدىمدىن بېرى يامغۇر ئاز ياغاتتى. دېھقانچىلىقتا ئاساسەن سۇنئىي ئۇسۇل بىلەن سۇغىرىشقا تايىنىلاتتى. شۇڭا ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىش بۇ يەردە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا زۆرۈر تەدبىر ئىدى. تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى خەلقلەر مىلادىيىدىن كۆپ ئەسىر ئىلگىرىلا دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغان. شۇڭا ئۇلار بۇرۇندىنلا ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىش، سۇ باشلاپ يەر سۇغىرىش ئىشلىرىنى قىلىپ كەلگەن. مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدە، بۇ خىلدىكى سۇ ئىنشائاتى ئىشلىرىنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ بارغان، شۇنداقلا بەزىبىر يېڭى تېخنىكىلارمۇ قوللىنىلغان. قاراشەھەردىن كۇچاغىچە بولغان جايلاردا، لوپنۇر بىلەن چاقىلىق ناھىيىسىدىكى مىرەن ئەتراپىدا مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى يىللارغا مەنسۇپ كىشىلەر تەرىپىدىن چېپىلغان ئۆستەڭلەردىن بىرمۇنچىلىرىنىڭ خارابە ئىزى تېپىلدى. شايار ناھىيىسى تەۋەسىدە مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى يىللارغا تەۋە بىر قەدىمكى ئۆستەڭ بار. ئۇنىڭ ساقلىنىپ قالغان خارابە ئىزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ.

ئۆستەڭنىڭ كەڭلىكى سەككىز مېتىر، چوڭقۇرلۇقى ئۈچ مېتىر كېلىدۇ. ئۆستەڭنىڭ ئەتراپىدىن ئەينى دەۋرگە مەنسۇپ پۇللار ۋە ئېتىز - ئېرىق خارابە ئىزلىرى تېپىلدى.①

بىرقەدەر قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ كىرورەن قەدىمكى شەھىرىنى مىسال قىلىپ سۆزلىسەك، ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشلار ئارقىلىق تەمىن ئېتىلگەن ماتېرىياللارغا قارىغاندا، بۇ يەردە چوڭ دەريا ئاچاللىرى زىچ تارقالغان، دەريا قىنىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا نۇرغۇن دەريا شاخاپچىلىرى ۋە كۆلچەكلەر جايلاشقان بولۇپ، قەدىمكى كىرورەن شەھىرى ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى دەريا قىنىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان.

قەدىمكى كىرورەنلىكلەر سۇ قۇرۇلۇشىغا كۆپ كۈچ چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ يەرگە بارىدىغان سۇ مەنبەسى باشتىن ئۈزۈلۈپ كەتكەن ياكى ئېقىشىنى بۇراپ كەتكەچكە، بۇ ئورۇن كېيىنچە تاشلاندۇق جايغا ئايلىنىپ قالغان.

غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى قوۋملارنىڭ سۇچىلىققا دائىر قەدىمىيرەك چۈشەنچە ماتېرىيالى قىيا تاش سىزمىلىرىدا ئۇچرايدۇ.

بۇ خىل ماتېرىيال ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە تېخى تۇنجى قېتىم بايقالغان، دەپ قارىلىۋاتقان② تۇرپان ئويمانلىقى، توقسۇن ناھىيىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا 70 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان كۆجەي يېزىسىدىكى «كۆجەي قىيا تاش رەسىملىرى» دە ئۇچرايدۇ.

مۇشۇ جايدىكى رەسىملەرنىڭ بىرىدە 40 — 50 كە يېقىن بۇلاق بېشى، ئېقىن سۇ، كۆلچەك قاتارلىقلارنىڭ كۆرۈنۈشى، جۈملىدىن تاشقا ئويۇلغان چوڭ - كىچىك ئېقىنلارنىڭ مەنبەسى، قوشۇلغان جايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بەزى كۆلچەكلەرگە قۇيۇلۇپ، ئاخىرىدا بەزى چوڭراق ئېقىنلارنى ھاسىل قىلغانلىقى خېلىلا ئېنىق كۆرسىتىلگەن③ بۇلار تاشنىڭ شىمالىي بۇرجىكىدىن (ئېگىزرەكتىن) جەنۇبىي (پەسرەك) تەرىپىگە ماسلاشتۇرۇپ ئويۇلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئۇزۇن ئېقىن 350 مېتىر، ئويۇلغان سىزىقلارنىڭ چوڭقۇرلۇقى 9 — 13 سانتىمېتىر، توملۇقى 15 — 30 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

---

① «شىنجاڭ تارىخىغا دائىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىلى نەشرى، 19 - بەت.

② ③ ئا. خوجا: «كۆجەي قىيا تاش رەسىملىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1989 - يىلى 5 - سان، 30 - بەت.

بۇ كۆرۈنۈشتىن قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ئەينى چاغلاردا [illegible]لىقتا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ.

بۇ خىل كۆرۈنۈشنى تەكشۈرۈپ، ئۆگىنىپ كۆرگەن ئارخېئولوگىيە خادىملىرى ئۇنى كارىزنىڭ ئىپتىدائىي قۇرۇلۇش خەرىتىسىنىڭ كۆرۈنۈشى بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراشتى.

كارىز غەربىي يۇرت سۇ ئىنشائاتچىلىقىدىكى ئالەمشۇمۇل نەمۇنە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىغا قوشۇلغان ئۇلۇغ تۆھپىلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

كارىز قۇرغاق رايونلارنىڭ قەدىمكى سۇغىرىش ئىنشائاتى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ماددىي مەدەنىيەت يارىتىش يولىدىكى ئۇزاق تەرەققىيات جەريانىدا زور رول ئوينىغان.

كارىز شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان. كۆپرەك تارقالغان جايى تۇرپان، قۇمۇل، پىچان، توقسۇن، گۇچۇڭ ناھىيىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا، قەشقەر، قۇكاڭ، گۇما، كۇچا قاتارلىق جايلاردىمۇ كارىز خارابىلىرى بار، بولۇپمۇ تۇرپان ئويمانلىقىدا ئەڭ كۆپ.

1957 ـ يىلىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، تۇرپان ئويمانلىقىدا 1237 كارىز بولۇپ (ھازىر 730 غا چۈشۈپ قالغان)، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 4000 — 5000 كىلومېتىر ئەتراپىدا، قېزىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان ئەمگەك كۈچى 50 مىليوندىن ئارتۇق (ھەر يىلى رېمونت قىلىش ئۈچۈن كەتكەن ئەمگەك كۈچىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ). بۇنىڭغا ئۇزۇن تارىخىي جەريانىدا ئەمەلدىن قالغان ۋە يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان كارىز خارابىلىرىنى قوشقاندا 6000 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. بۇ كارىزلارنى قېزىش جەريانىدا قېزىپ چىقىرىلغان تاش ـ تۇپا تەخمىنەن 1 مىليون كۇب مېتىردىن ئاشىدۇ. بۇلار ئېگىزلىكى ۋە كەڭلىكى ئىككى مېتىردىن قىلىپ تام قوپۇرۇلسا 3000 كىلومېتىردىن ئېشىپ كېتىدۇ.

ئادەتتە يالغۇز كارىزلاردىن 400 — 850 كۇب مېتىر سۇ چىقىدۇ. بەزى كارىزلارنىڭ 7000 كۇب مېتىرغىمۇ يېتىدۇ. بۇ كارىزلارنىڭ يىللىق سۈيى 900 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ يىللىق ئومۇمىي ئېقىن مىقدارىدىن ئۈچ ھەسسە-

دىن كۆپرەك.

كارىز ياساش مۇرەككەپ سۇ ئىنشائاتى. ئۇ تەشمە، تىك قۇدۇق، قۇدۇق ئاغزى، تىلما ۋە كۆللەردىن تۈزۈلىدۇ. تەشمىنىڭ يۆنىلىشى يەرنىڭ يانتۇلۇقى بويىچە جايلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇ تاغدىكى قار - مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان چوڭقۇر سۇلۇق شېغىل قاتلىمىدىكى يەر ئاستى سۈيىنى يىغىپ-ۋە ئېقىتىپ يەر ئۈستىگە چىقىرىپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

كارىز تەشمىلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى باش قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن يەر يۈزىنىڭ ئوكلونىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەڭ قىسقىلىرى 400 — 500 مېتىر ئەتراپىدا، ئەڭ ئۇزۇنلىرى 10 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ. تۇرپاندىكى بەزى كارىزلار 30 كىلومېتىرغا يېتىدۇ.

تىك قۇدۇق — تەشمىدىن قېزىلغان توپا ۋە لايلارنى يەر ئۈستىگە چىقىرىش، تەشمىگە يورۇقلۇق ۋە ھاۋا يەتكۈزۈپ بېرىش، كارىزچىلارنىڭ قۇدۇققا چۈشۈپ - چىقىشى قاتارلىق جەھەتلەردە پايدىلىنىش ئۈچۈن ياسىلىدۇ. قۇدۇقلارنىڭ ئارىلىقلىرى ئاياغ قىسمىدا 20 مېتىر، يۇقىرى قىسمىدا 30 — 50 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. قىسقىراق كارىزلاردا نەچچە ئون قۇدۇق بولىدۇ، ئۇزۇن كارىزلاردا 200 — 300 قۇدۇق بولىدۇ. بۇ قۇدۇقلارنىڭ ئەڭ چوڭقۇرلىرى 100 مېتىر، تېيىزلىرى بىرقانچە مېتىر كېلىدۇ.

تەشمە تېشىلىپ كارىزنىڭ ئاخىرقى قىسمىغا بارغاندا تەشمە يەر يۈزىگە يېقىنلىشىدۇ. ئادەتتە تەشمە بىلەن يەر يۈزىنىڭ ئارىلىقى ئىككى - ئۈچ غۇلاچ قالغاندا تەشمە تېشىش توختىتىلىپ، ئۇنىڭ ئايىغىغا ئۈستى ئوچۇق چوڭقۇر ئېرىق قېزىلىدۇ، بۇ تىلما دەپ ئاتىلىدۇ. تىلمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە 300 — 500 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. قۇدۇقلارنىڭ ئارىلىقى تۆۋەن ئېقىندا قىسقىراق، يىراقلىغانسېرى ئۇزۇنراق، سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى 0.3 — 0.5 مېتىرغىچە بولىدۇ.

كارىزنىڭ سۈيى ئادەتتە ئاز بولغاچقا، سۇنى بىۋاسىتە ئېتىزغا باشلىسا سۇنىڭ سىڭىپ كېتىشى ۋە پارغا ئايلىنىپ زىيانغا ئۇچرىشى كۆپ بولىدۇ. شۇڭا كارىزدىن چىققان سۇ ئالدى بىلەن كۆلگە باشلىنىپ كۆل تولغاندىن كېيىن ئېتىزغا باشلىنىدۇ.

كارىزنى شىنجاڭدا ياشىغان قوۋملار ئۆز يېرىنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتىغا ماسلاشتۇرۇپ ئىجاد قىلىپ چىققان.

1954 ـ يىلى موسكۋادا رۇسچە نەشر قىلىنغان «چەت ئەل تىللىرى لۇغىتى» دا، كارىزنىڭ قەدىمكى تۈركلەر، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ كەشپىياتى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. شۇ لۇغەتنىڭ 388 ـ بېتىدىكى «كارىز» ماددىسىدا مۇنداق يېزىلغان: «كارىز — تۈركىيچە (ئۇيغۇرچە) سۆز، ئۇ نۇرغۇن قۇدۇقلارنى تۇتاشتۇرۇپ، يەر ئاستى سۈيىنى ئالىدىغان ئىنشائات. كارىز ئوتتۇرا ئاسىيا، كاۋكازلاردا ئومۇملاشقان» دېيىلگەن.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ھوزۇرىدا تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»① دا، كارىز، يەنى تۇرپاندىكى كارىز ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېيىلگەن: «تۇرپان كارىزلىرىنى بەزىلەر ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن تارقىلىپ كەلگەن، دەيدۇ. بەزىلەر ئىراندىن تارقىلىپ كىرگەن، دەيدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىزاھات مۇنداق بولۇشى كېرەك: ‹كارىزنى مۇشۇ يەردە ياشىغۇچى ئەمگەكچى خەلق مۇشۇ يەرنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجىغا ئاساسەن پەيدىنپەي ئىجاد قىلغان. لېكىن، بۇنىڭدا ئۇلار باشقا جايلارنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ تەجرىبىلىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان بولۇشى مۇمكىن›». بۇ كۆپچىلىك ئېتىراپ قىلىۋاتقان قاراش.

ھازىرغىچە ئىگىلەنگەن كارىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئالامىتىگە دائىر ماتېرىيال قىيا تاش سىزمىلىرىدىكى كارىزنىڭ ئىپتىدائىي كۆرۈنۈشى دەپ قارالماقتا. تۇرپان ئويمانلىقى، توقسۇن ناھىيىسى تەۋەسىدىن بايقالغان قىيا تاش سىزمىلىرى مىس قورال دەۋرىگە تەئەللۇق، يەنى بۇنىڭدىن 2300 يىل ئىلگىرىكى تاشقا ئويۇلغان «سۇ سىستېمىسى خەرىتىسى» بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.

ئارخېئولوگ ۋاڭ بىڭخۇا كۆجەي قىيا تاش سىزمىلىرىدىكى سۇ سىستېمىسى كۆرۈنۈشلىرى توغرۇلۇق توختىلىپ، ئۇنىڭ ئەينى دەۋردىكى كارىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، يىل دەۋرىنىڭ 2000 — 3000 يىل بۇرۇنقى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى

---

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى خەنزۇچە، 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ قىسىم.

ئېيتىدۇ.
تۇرپان كارىزلىرى تۇرپان ئويمانلىقىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان ئاساسلىق ياكى بىردىنبىر سۇ مەنبەسى. بۇ يەرنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى كارىزسىز ياشارمايدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ ئورۇندا ئىلگىرى كارىز — ھاياتلىق مەنبەلىرىنىڭ بىرى دېيەلىك ئىدى.
مەلۇمكى، تۇرپان ئويمانلىقتا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 150 نەچچە مېتىر تۆۋەن، يەنى 4050 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان قىسمى دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن. ئۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئويمان، چۆرىسى ئېگىز تاغ، 6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا سېلسىيە 30 گرادۇستىن ئۈستۈن بولىدۇ. ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا سېلسىيە 47.6 گرادۇس ، مەملىكىتىمىز بويىچە ياز كۈنى ئەڭ ئىسسىق جاي بولۇپ، «ئوت يۇرتى» دېيىلىدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشلار نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ رايوندا كونا تاش قورال (پالېئوت) دەۋرىدىن باشلاپلا ئىنسانلار تىرىكچىلىكنى باشلىغانىكەن. شىنجاڭنىڭ يازما تارىخى باشلانغان مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تۇرپان ئويمانلىقىدا تەسىرگە ئىگە خانلىقلار مەۋجۇت بولغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى تۇرپان ئويمانلىقىدا قارار تاپقان ئىجتىمائىي ئۆيۈلمىلار ۋە خانلىقلار ئۆز يۇرت دائىرىسىدىلا ئەمەس، بەلكى شەرق ـ غەرب ئالاقە تارىخىدا ئەھمىيەت بېرىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. مۇشۇ جەرياندا ھاياتنىڭ تەشنالىقىنى مۇشۇ يەرگە ماس سۇ ئىنشائاتى بولغان كارىزلار قاندۇرۇپ كەلگەن.
پەقەت مۇشۇ تارىخىي رېئال تەلەپ تەن ئېلىنسىلا، تۇرپان، جۈملىدىن شىنجاڭ كارىزلىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىش جەريانى يورۇتۇلىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ لىللا باھاسىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.
مەركىزىي خەلق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مەخسۇس پروگراممىسى «ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدە»نىڭ 1991 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى «ئۇيغۇرلار» قىسمىدا، «كارىزنى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئىجاد قىلغان» دەپ جاكارلىدى. بۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ كارىزنى جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇ-

غوّلارنىڭ ئىجاد قىلغانلىقىنى رەسمىي ئىلىم ئەھلىگە جاكارلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇگۈنكى كۈندە، كارىز — ئۆلۈغ سەددىچىن سېپىلى، ئۆلۈغ يۈنخې قانىلى بىلەن قوشۇلۇپ، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى «ئۈچ چوڭ ئۆلۈغ قۇرۇلۇش» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

## § 4 . سودا ـ سېتىق ۋە قاتناش

### 1 . سودا ـ سېتىقى

سودا ـ سېتىق شىنجاڭ ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق تارمىقى، غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى قوۋملار قەدىمدىن بېرى سودا ـ سېتىق جەھەتتىكى ماھىرلىقى ۋە قولغا كەلتۈرىدىغان نەپ ـ پايدىسىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن شەرقتە ئېلىمىز جۇڭگونىڭ، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش تارىخىدا بەلگىلىك شۆھرەتكە ئىگە.

غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى قوۋملارنىڭ سودا ـ سېتىق مەدەنىيىتى ئۇزۇن تارىخقا ۋە تەسىرچان كۈچكە ئىگە. شۇنداقلا ئۇ مۇشۇ رايون كىشىلىرىنىڭ يېرىك ئىگىلىكلىرىدىن بېرى بولۇپ، ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ھەر خىل سەۋەبلەر بار.

(1) شىنجاڭ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان، شەرق ـ غەرب قاتناش ئالاقىسىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ ۋە ھەمدە كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان سودىگەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. شەرق ـ غەرب سودا ـ سېتىق پائالىيەتلىرىنىڭ ئۆچرىشىپ، يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشى ئارقىسىدا، شىنجاڭدىكى بوستانلىقلاردا شەھەر ـ بازارلار ئۈزلۈكسىز تۈردە گۈللىنىپ، ئۇزۇن مۇساپىلىق توشۇش جەريانىدا ئۆتەڭلىك ئورنىدا تۇرۇپ، مۇھىم سودا بازىرىلىق رولىنى جارى قىلدۇرغان.

(2) ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى بەزى قوۋملار، بولۇپمۇ كۆچمەن چارۋىچى خەلق كۆپ ھاللاردا ناتۇرال ئىشلەپچىقىرىش شەكلىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. بۇ ھال تۇرمۇش ئېھتىياجىنى دېگەندەك قامداپ كېتەلمەيتتى. شۇڭا، مال ئالماشتۇرۇش بىردىنبىر

ئېھتىياجىنى قامدىيالايدىغان چارە ئىدى. چارۋىچى قوۋملارنىڭ كۆچمەنلىك ھاياتى، ھۈنەرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ مۇقىم تۇرمۇشى ھەر خىل ۋاستىلەر ئارقىلىق ئالماشتۇرۇشنىڭ سۈپىتى ۋە شارائىتىنى ھازىرلىغان. شەرق - غەرب ئالاقىسى، بولۇپمۇ قاشتېشى، يىپەك بۇيۇملىرىنى ئالماشتۇرۇشنىڭ گۈللىنىشى بىلەن، بۇ خىل كۆچمەن ئىقتىساد ۋە تۇراقلىق ئىقتىساد بارغانسېرى روشەنلىشىپ، مۇئەييەن تىجارەتچىلىك خاھىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

(3) تارىخىي پاكىتلارغا قارىغاندا، شىنجاڭ جەمئىيىتى ۋە غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ سودىگەرلىرى خېلى يۇقىرى ئورۇندا تۇرغان، «قەيەردە سېپىللىك شەھەرلەر بولىدىكەن، شۇ يەردە سودا بولۇپ، مەنپەئەت يەتكۈزۈلگەن». نۇرغۇن پايدىلىق ئامىللار سودىگەرلەرنىڭ قولىدا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سودا پائالىيەتلىرى ئەينى چاغدىكى مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئىگە بولغان.①

بۇنىڭدا ئەڭ مۇھىمى، سودا - سېتىقنىڭ غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئىگىلىك تارىخى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك قويۇق ئالاقىسىنىڭ بولغانلىقىدا.

ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ بايانىغا قارىغاندا، سودا - سېتىقنى ئەڭ دەسلەپ كۆچمەن چارۋىچى قوۋملار كەشىپ قىلغان. بۇ توغرۇلۇق ف. ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى تۇنجى، قېتىملىق زور ئىش تەقسىماتى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر باشقا قەبىلىلەردىن ئاجرىلىپ چىققاندىن كېيىن، كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ئىشلەپچىقارغان تۇرمۇش ۋاستىلىرى، مەسىلەن، كالا سۈتى، سۈتتىن ئىشلەنگەن يېمەكلىكلەر، گۆش ۋە باشقىلار سان جەھەتتىن باشقا قەبىلىلەرنىڭكىگە قارىغاندا جىق كۆپ بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلاردا يەنە ھايۋان تېرىلىرى، قوي يۇڭى، تىۋىت ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن توقۇلما بۇيۇم قاتارلىق يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ سان ۋە تۈر جەھەتتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا زور دەرىجىدە كۆپىيىشى نەتىجىسىدە، ئىلگىرى پەقەت ئاشۇ قەبىلىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولۇپ كەلگەن

---

① يىن جىلاڭ: «قەدىمكى زاماندىكى شىنجاڭ تىجارەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە سودىگەرلەرنىڭ پائالىيىتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1989 - يىلى، 3 - سان، 32 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاسادىپىي ئالماشتۇرۇش ھەمدە ئۇرۇق ئاقساقاللىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان قەبىلە بىلەن قەبىلە ئوتتۇرىسىدىكى تېخىمۇ تاسادىپىي ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى تەرەققىي قىلىپ، «تۇنجى قېتىم دائىملىق ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتى يارىتىلدى»، «شۇڭلىدەك «ئوخشاش بولمىغان قەبىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا ئالماشتۇرۇشنى يولغا قويۇش، ھەمدە ئۇنى دائىملىق تۈزۈم سۈپىتىدە راۋاجلاندۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەشنىڭ ھەممە شارائىتلىرى ھازىرلاندى.»①

دېمەك، غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملار ئەسلى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ نۇقتا مۇئەييەنلىشىدىكەن، غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تىجارەتچىلىك تارىخىدىكى پېشقەدەملىك ئورنىنى كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشمەي مۇمكىن ئەمەس.

ئىنسانىيەت تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تەكشۈرىدىغان بولساق، تىجارەتچىلىك تەبىئىي يوسۇندا قاتناش راۋاچلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا «سودا» بىلەن «سودا يولى» تەڭداش ئۇقۇم سۈپىتىدە چۈشىنىلىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ يول – قاتناش تارىخىنى تەكشۈرسەك، ئۇ تەبىئىي يوسۇندا سودا تارىخى بىلەن بىر مەنبەلىك ئامىل بولۇپ چىقىدۇ. شەرق – غەرب ئالاقىسىدا غەربىي يۇرتنىڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرۇشىمۇ يۇقىرىقىدەك سەۋەبتىن، دەپ چۈشىنىش مەمەدانلىق ئەمەس.

مەلۇمكى، تارىخشۇناسلار شەرق – غەرب، شىمال – جەنۇب قاتناش – ئالاقە تارىخىدا شىنجاڭدىن ئۆتكەن يوللارنى ئاتىلغلار يولى، برونزا يولى، ياقۇت يولى، قاشتېشى يولى، يىپەك يولى، سوغدى – ئۇيغۇر يولى، ئۇيغۇر يولى، سوقاق يولى، مىلى يول، ئىپار يولى، دورا – دەرمەك يولى، بۇلان يولى، قۇلان يولى، ياۋروپا – ئاسىيا كۆچۈش يولى، قەدىمكى كارۋان يولى، خان يولى... دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتاپ كېلىشمەكتە.

غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملارنىڭ تىجارەت قىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. ئالماشتۇرىدىغان ماللىرىنىڭ تۈرىمۇ كۆپ خىللىقتا ئىگە ئىدى. ئۇلار يالغۇز شىنجاڭ دائىرىسىدە، يەنى شەھەر بىلەن

① «ماركس – ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 3 – توم، 87 – بەت.

يىزا، ئەمەلدار بىلەن پۇقرا، ھۈنەرۋەنلەر بىلەن ئىستىبالچىلار، دېھقانلار بىلەن چارۋىچىلار ئارىسىدىلا مال ئالماشتۇرۇپ قالماستىن، بەلكى شەرقتە ئىلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك (ئوتتۇرا جۇڭگو) رايونى، شىمالدا كۆچمەن چارۋىچىلار، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران ئېگىزلىكى، ئوتتۇرا شەرق، ۋىزانتىيە، ھىندىستانلار بىلەن مال ئالماشتۇرۇپ، بۇ ئەل خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇش ساھەسىنى مولّلاشتۇرۇشقا مۆلچەرلىگۈسىز ھەسسە قوشقان.

غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملارنىڭ تىجارەتچىلىكى ۋە سودا يولى راۋاجلىنىشىنىڭ باشقا ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكىنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشكە يەتكۈزىدىغان پايدىسى ناھايىتى كۆپ ئىدى. بۇ ھەقتە ك. ماركس «كاپىتال» دا: «كارۋان سودىسى كارۋان يوللىرى ئۆتىدىغان رايونلار ئۈچۈن مۇھىم ئىقتىسادىي ئامىل بولۇپ، ئوبيېكتىپ رەۋىشتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ، ئېنىقراقى ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئاھالىنىڭ جايدىن جايغا كۆچۈشى، مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىرى ئۈچۈن شارائىت يارىتىدۇ، كونا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئورنىتىلىشىغا تەدرىجىي تەسىر كۆرسىتىدۇ» دېگەنىدى.

دېمەك، ماركسنىڭ بۇ سۆزىگە ياندىشتۇرۇپ، شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، غەربىي يۇرتتا تىجارەتچىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىنىڭ نوقۇل مال ئالماشتۇرۇش جەھەتتىلا رولى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بازار، ئۆتەڭ، شەھەر ـ قەلئەلەرنىڭ قۇرۇلۇشى، شىنجاڭدىكى قەدىمكى قەبىلىلەرنىڭ ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتە تېخىمۇ جىپسىلىشىشى، مىللىي روھ (ئاڭ)، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشى، پۇل ۋە ئۆلچەمنىڭ بىرلىككە كېلىشى قاتارلىقلاردىمۇ غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. شۇڭا، 11 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ تىجارەتچىلەرنىڭ رولىنى باھالاپ:

«ئەگەر كەزمىسە سودىگەرلەر جاھان،
قاراقاما، جۇۋا كىيەتتىمۇ قاچان.»

دەپ يازىدۇ.

غەربىي يۇرتنىڭ تىجارەتچىلىك تارىخىدا سوغدىلار بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنى ۋە رولى چوڭ بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

سوغدىلار — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمىي خەلقلەرنىڭ بىرى، ئۇلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 5 — 4 ـ ئەسىرلەردىن مىلادىيە 10 ـ ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا، بولۇپمۇ شەرق ـ غەرب سودا ـ تىجارەتچىلىك يولىدا ئاكتىپ ۋاسىتىچىلىك رولىنى ئوينىغان. سوغدىلار تىجارەتنى ئاساسىي كەسىپ قىلغان بولغاچقا، مۇھىم بىر جايدا ماكانلاشماي، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەڭ رايونلىرىدا ھەرىكەتچان پائالىيەتتە بولغان (تۇراقلىق دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرىمۇ بار ئىدى).

تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا، سوغدىلار تىجارەتچىلىككە بەكمۇ ماھىر بولغان. ئۇلار باللارغا بەش يېشىدىن تارتىپلا خەت ۋە ھېساب ئۆگەتكەن. خەت ساۋاتى چىقىشى بىلەنلا ئۇلار باللىرىنى سودىگەرچىلىككە كىرىشتۈرۈپ پايدا ئېلىشقا ئۆگەتكەن. سوغدىلارنىڭ نەزەرىدە پايدا ئەڭ قەدىرلىك نەرسە ھېسابلانغان. شۇڭا ئۇلار يېڭى تۇغۇلغان باللىسىنىڭ قولىغا «پايدا ساڭا ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولسۇن» دەپ تۇمار باغلاپ قويىدىغان بولغان.

سوغدىلارنىڭ ۋاسىتىچىلىك قىلىشى نەتىجىسىدە قەدىمكى تۈرك يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بەزى تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ئۆتكەن دېگەن قاراشمۇ بار. تەتقىقاتچىلارنىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا، 7 — 8 ـ ئەسىرلەردە سوغدى تىلى ۋىزانتىيىدىن تارتىپ تا چاڭئەنگىچە بولغان كەڭ رايوندا يىپەك يولى بويلاپ ئولتۇراقلاشقان سوغدىلارنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولغان ۋە شۇ يىپەك يولىدا ياشىغۇچى باشقا خەلقلەرنىڭ زىيالىيلىرىمۇ بۇ تىلنى ئوبدان بىلگەن ۋە مەدەنىي ئالاقىدە ئۇنىڭدىن پايدىلانغان.

سوغدىلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتى غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى خەلقلەرگە، بۇ خەلقلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتى سوغدىلارغا ئۆتۈش، ئۇزۇن مۇددەت ئارىلىشىپ ياشاش، قۇدا ـ باجا بولۇش نەتىجىسىدە، سوغدىلار ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل خىسلەتلىرى بىلەن بىللە ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرگە سىڭىپ كەتكەن. غەربىي يۇرتتا ياشىغان سوغدىلار ھازىرقى كۈندە بىر پۈتۈن خەلق سۈپىتىدە مەۋجۇت بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىرمۇنچە ئالاھىدىلىكلىرى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىر ئۆلۈشى سۈپىتىدە جارى قىلدۇرۇلۇپ كېلىنمەكتە.

ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن غەربىي يۇرتتا سودا ـ تىجارەتچىلىك يولىدا ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن خەلقلەرنىڭ بىرى ئىدى، بولۇپمۇ يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى بۇ مىللەتنىڭ تىجارەتچىلىكى ئۈچۈن مۇھىم سورۇن بولۇپ قالدى.

بەزى ئالىملار شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى يىپەك سودىسى هون ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىن تارتىپلا مەۋجۇت ئىدى، هونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي كۈرەشنىڭ ئىقتىسادىي سەۋەبلىرى ئىچىدە ئەنە شۇ يىپەك سودىسى مەسىلىسىمۇ بار ئىدى، دەيدۇ. ئەگەر بۇ پەرەز كەلگۈلاشقا ئېرىشكەن بولسا، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى شۇ زامانلاردىن تارتىپلا يىپەك يولى سودىسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن خەلقلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ. ياۋروپاغا ئاتىللا (مىلادىيە 434 — 453 ـ يىللىرى) باشچىلىقىدا بارغان هونلار تەركىبىدە ئىككى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ بولغانلىقى ۋە بۇ هونلارنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئۆزىنىڭ شەرقتە قالغان تۇغقانلىرىغا سودا كارۋانلىرى ئەۋەتكەنلىكى بۇنى ئىسپاتلايدۇ[1].

هونلار بىلەن رورەنلەرنىڭ پائالىيەتلىرىدىن كېيىن غوبى چۆلىنىڭ شىمالىدا كۆكتۈرك خانلىقى باش كۆتۈردى. هۆججەتلەر، بولۇپمۇ تۈركچە مەڭگۈ تاشلاردىكى خاتىرىلەردىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، تۈركلەر تەركىبىدە ئۇيغۇرلار ئاساسىي قەبىلىلەرنىڭ بىرى بولغان.

خەنزۇچە هۆججەتلەرنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، مىلادىيە 5 ـ ئەسىرلەردە تېلىلار (ئۇيغۇرلار) ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەڭ داللىرىدا هەرىكەت قىلغان. قەدىمكى تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىگىلەپ ۋىزانتىيە ۋە ئىران چېگرالىرىدا هەرىكەت قىلغان دەۋرلەردە تۈرك قوشۇنلىرى تەركىبىدە ئۇيغۇرلارمۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن.

ئاسىيا يايلىقىدا قەدىمكى تۈركلەرنىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر خانلىقى بۇ رايوننىڭ سىياسىي سەھنىسىگە چىقتى. مەلۇمكى، شەرقتە تاڭ سۇلالىسى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەتتە بولغان بۇ خانلىق قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئاكتىپ هىمايىچىلىرى بولدى ۋە بۇ سودىدىن كۆپ مەنپەئەت كۆردى.

---

[1] «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1990 ـ يىلى نەشرى، 250 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

مىلادىيە 6 — 7 ـ ئەسىرلەردە، قەدىمكى ئۇيغۇرلار [illegible] جەنۇبتىكى مىللەتلەر بىلەن مال ئالماشتۇرۇپ تۇرغان 7 ـ ئەسىرلەردە تۇبۇتلەر ئاۋات «يىپەك يولى» نى تىزگىنلىۋالغان بولغاچقا، غەرب ۋە شەرققە قاتنايدىغان سودا كارۋانلىرى شىمالىي تەرەپ بىلەن ئايلىنىپ، ئۇيغۇرلار زېمىنىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغان. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەن. ئەن لۇشەن ـ شى سىمىڭ (ئۆتلۈك ـ سۈيگىن) توپىلىڭىدا ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ توپىلاڭنى جىمىقتۇرۇشىغا يارد‌ەملەشكەنلىكى ئۈچۈن، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى ئۇلارغا نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش، تاۋار ـ دۇردۇن ئىنئام بېرىپ، مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئۇيغۇرلارغا پايدىلىق بولغان ئاتقا تاۋار ـ دۇردۇن تېگىشىش سودا مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغان. ئۇيغۇرلار 100 نەچچە مىڭ ئاتنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بېرىپ تاۋار ـ دۇردۇنغا تېگىشىپ، نۇرغۇن مال ـ دۇنياغا ئېرىشكەن.

ئەينى ۋاقىتتا چاڭئەندە 1000دىن ئارتۇق ئۇيغۇر سودىگەر بولۇپ، ئۇلار بۇ يەرنىڭ غەربىي گۈزەر بازىرىنى ئىگىلىگەن. چاڭئەننىڭ يىنىڭ مەھەللىسىدە خوتەن خان جەمەتى ۋېيسارا نامىدا كۆڭۈل ئېچىش ئورنى، لىچۈەن مەھەللىسىدە ئۇيغۇر خاقانلىقى سومۇز ـ نەۋرۇز تىياتىرخانىسى تەسىس قىلىنغان.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان شېئىرلار ۋە تارىخىي خاتىرىلەردىن قارىغاندا، چاڭئەن، لوياڭلاردا پىلو (پولۇ)، شورپا، لوپنۇر ھارىقى (پوچاڭ ھارىقى)، لۇڭگاۋ ھارىقى، مەيزاپ (ئۈزۈم ھارىقى) ساتىدىغان ئۇيغۇر سودىگەرلەر ياشىغان. كەيپۇەن تيەنباۋ يىللىرىدا ئۇيغۇرچە (ياكى غوزچە) ياسىنىپ، ئۇيغۇر كىيىملىرىگە، ئۇيغۇر كات ـ كارىۋاتلىرى، ئۆي جاھازلىرى، چالغۇ ئەسۋابلىرى، نەغمە ـ ئۇسسۇللىرىغا ۋە ئات مىنىشكە قىزىقىش رەسمىي ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلانغان. ①

مىلادىيە 840 ـ يىلى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر ئورقۇن خانلىقى قىرغىزلارنىڭ تويۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان، بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بىر قىسمى غەربكە كۆچۈپ، غەربىي ئوبلاست (شى-

---

① ئا. مۇھەممەد ئىمىن: «ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ يىپەك يولىدا كۆرسەتكەن خىزمىتى» («شىنجاڭ گېزىتى» 1989 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى)

جۇ، قوچو) ئۇيغۇرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، غەربىي رايون ئۇيغۇرلىرىنى شەكىللەندۇرگەن. يەنە بىر تارمىقى يەتتىسۇ، پەرغانە ئويمانلىقىنى ئايلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇرغان. ئۇيغۇرلار تارىختىكى بۇ ئۆزگىرىش ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىقى ۋە سودىسىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇلار يىپەك يولىدىكى ئەڭ پائالىيەتچان سودىگەرلەرگە ئايلانغان. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ دۇنيا بويىچە ئات، ئۆكۈز، تۆگە، ئېشەك ۋە ھارۋىلاردىن تەركىب تاپقان كاتتا سودا كارۋانلىرى بار ئىدى. بۇ كارۋانلار سۇڭ سۇلالىسى، قىتان ـ لياۋ خانلىقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا بېرىپ سودا ـ سېتىق قىلغان. ئۇلار غەربتىكى ئىسلام دۇنياسىدا «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دېگەن ھەممىگە ئورتاق سۆزنى قوللىنىپ، سودا ئىشلىرىنى تەرجىمانسىز راۋان بېجىرگەن. ئۇيغۇر كارۋانلىرى بارـدى ـ كەلدى قىلىش ۋە ھەج قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، غەربتىكى دۆلەت، رايونلاردا پائالىيەت دائىرىسىنى كېڭەيتكەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە يۈز، ھەتتا نەچچە مىڭ ئۇلاغ ۋە ھارۋىدىن تەركىب تاپقان سودا كارۋانلىرىدا ھارۋىكەش، ئات باقار، مۇھاپىزەتچى، لاۋازىمەتچى قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىش تەقسىماتى ئوخشاشمايتتى. ئۇلار ئۇزۇن يىپەك يولىدا كۈندۈزى يول يۈرۈپ، كېچىسى قونۇپ، بىر ئۆتەڭدىن يەنە بىر ئۆتەڭگە تەرتىپلىك سەپەر قىلىپ، يول بويىدىكى جايلارنى ئاۋاتلاشتۇرغان.

سودا كارۋانلىرى ئاساسلىقى ئات، قاشتېشى، رەخت، ئېپار، دورا ـ دەرمەك، كەھرىۋا، پىل چىشى قاتارلىقلارنى ئېلىپ بارغان. بۇ ماللارنىڭ بەزىلىرى غەربىي يۇرتنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى، بەزىلىرى ھىندىستان ۋە غەربتىن كەلتۈرۈلگەن. ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن تاۋار ـ دۇردۇن، ساپال قاچا، كۈمۈش بۇيۇم، چاي ۋە تۈرلۈك نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئەكېلەتتى. سودىنىڭ شەكلى ۋە كۆلىمى ئۆزگىرىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئوردىغا تارتۇق قىلىش نامى بىلەن قىلىنىدىغان سودا يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. بۇنداق سودىدا نەچچە ھەسسە، بەزىدە ھەتتا 100 ھەسسە پايدا ئالغىلى بولاتتى.①

① پالۋ بىلاك: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر كارۋانلىرى» («شىنجاڭ گېزىتى»، 1987 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى)

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، شەرقشۇناسلاردىن جەئفەر ئوغلى ئەھمەدنىڭ «ئۇيغۇرلاردا قانۇن ۋە مالىيە ئاتالغۇلىرى» دېگەن ماقالىسىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئارىسىدىكى سودىدا ئاساسىي پېرسوناژ ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر سودىگەرلىرى ئىدى»① دېگەن بايانى ئەمەلىي ئەھۋالغا قارىتىپ ئېيتىلغان دېيىشكە بولىدۇ.

يۇقىرىقى پاكىتلار، ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەك يولى ئارقىلىق تىجارەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەتراپتىكى خەلقلەر ۋە مىللەتلەر بىلەن دوستلۇق ئالاقىسى ئورناتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## 2. قاتناش

ئىنسانلارنىڭ قاتناش تارىخى تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان. ئىنسانلارنىڭ قاتناش ئىشلىرى كىشىلەر ئۆزلىرى سۆرەپ توشۇشتىن كۆتۈرۈپ ـ يۈدۈپ توشۇشقا، ئاندىن هايۋانلارغا سۆرىتىپ توشۇشقا تەرەققىي قىلغان، ئاندىن هارۋا (قاڭقا) ئىجاد قىلىنىپ، هارۋىلارغا قاچىلاپ توشۇشقا راۋاجلانغان، ئەڭ ئاخىرى ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى ئىجاد قىلىنغان. بۇ خىل ئۇسۇللارنىڭ بىرىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرىنىڭ كەشىپ بولۇشى ئۈچۈن ناهايىتى ئۇزاق دەۋرلەر كەتكەنلىكى مەلۇم. ئىنسانلار يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ هارۋا ئىجاد قىلغان بولۇپ، شۇنىڭدىن بېرى هارۋا كىشىلەرنىڭ يول ـ قاتناش، ئالماشتۇرۇش ـ سودا ۋە توشۇش ئىشلىرىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇهىم قورال بولۇپ كەلگەن. دۇنيادىكى هەرقايسى خەلقلەرنىڭ هارۋا ئىجاد قىلغان ۋاقتى ئوخشاش بولغان ئەمەس. ئىنسانلار تەخمىنەن مىلادىيىدىن 3000 — 3500 يىللار بۇرۇن چاقنى، ئۇزۇن ئۆتمەي چاقلىق هارۋىلارنى ئىجاد قىلغانلىقى ئىنسانلارنىڭ قاتناش ئىشلىرى تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەهمىيەتكە ئىگە ۋەقە بولۇپ قالغانىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى دۇنيادىكى باشقا خەلقلەر قاتارىدا يىراق ئۆتمۈشتىلا هارۋا ئىجاد قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىگە كۆرۈنەرلىك تۆهپىلەرنى قوشقان.

---

① «شەرقىي تۈركىيان تارىخى تەتقىقاتى»، پايونجە، 4 ـ توم، 510 ـ بەت («شىنجاڭ گېزىتى» 1989 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىكى ماقالىگە كەلتۈرۈلگەن نەقىل).

تارىم ۋادىسىدىكى چەرچەن ناھىيىسىنىڭ ئالتۇنتاغ رايونى ئىچىدىكى مۇلچەر دەرياسى بويىدىكى قىياتاشلارغا ئويۇلغان سۈرەتلەر ئىچىدە ھارۋا چاقىنىڭ سۈرەتلىرىمۇ بولغانلىقى پەرەز قىلىنماقتا. «ئالتۇنتاغدىكى قەدىمكى قىيا تاش سۈرەتلىرى ئۇسلۇبى، مەزمۇنى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، بۇنىڭدىن 6000 — 8000 يىللار ئىلگىرى مەيدانغا كەلگەن دېيىش مۇمكىن».① خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلارغا قارىغاندا، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان گۈيفاڭ (鬼方، دىڭلىڭ) لار② جۇڭگونىڭ شاڭ سۇلالىسى دەۋرى (تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 16 - ئەسىردىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1066 - يىلىغىچە) دە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سىبىرىيە رايونلىرىغا، ئالتاي، يېنسەي - ئورال تەرەپلەرگە سۈرۈلگەن. ئۇلار مۇشۇ چاغدىلا ھارۋا ئىجاد قىلىپ، قاتناش ئىشلىرىدا رەسمىي ئىشلەتكەن. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەشتىن باشقا (بۇ جايلاردىن قەدىمكى ھارۋىلارنىڭ كەمتۈكلىرى تېپىلدى)، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى، بايقال كۆلىدىن تارتىپ ئالتاي ۋە بالقاش كۆلى ئەتراپىدىكى تاغلاردىن دىڭلىڭلار ئۇسلۇبىدىكى ھارۋىلارنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن قىيا تاش سىزمىلىرى بايقالدى. ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى ئىجادىيەتلىرى سەنئەت شەكلى ئارقىلىق ئالدى بىلەن ئىپتىدائىي قىيا تاش سىزمىلىرىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى، دۇنيادىكى كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار ۋە ئالىملارنىڭ قارىشىدا ئورتاقلىق ھاسىل قىلغان مەسىلە. ۋېي شۇ يازغان «ۋېينامە. ئېگىز ھارۋىلىقلار تەزكىرىسى» (شىمالىي ۋېي سۇلالىسى مىلادىيە 386 — 534 - يىللار) دە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئېگىز ھارۋىلىقلار — قاڭقىلىقلار ھەققىدە توختىلىپ، ئۇلارنىڭ «ھارۋىلىرىنىڭ چاقلىرى ناھايىتى ئېگىز، توشۇلىدىغان ماللىرى كۆپ» ئىدى. چارۋىچىلىق قىلغان چاغلاردا «ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارغا ئەگىشىپ ئوت - چۆپ قوغلىشىپ يۈرەتتى» دېيىلگەن بولسا، ئوۋياڭ شيۇ يازغان «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»

---

① ئابدۇقەييۇم خوجا: «ئالتۇنتاغدىكى قىيا تاش رەسىملىرى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1985 - يىلى 12 - دېكابىر سانى.

② گۈيفاڭلار — ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى دەپ قارىلىدۇ. بۇ ھەقتە دۇەن ليەنچىننىڭ «دىڭلىڭلار، ئېگىز قاڭقىلىقلار ۋە تېلىلار» ناملىق كىتابىغا قارالسۇن.

ده بولسا، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى هونلار ئىدى. ئېگىز ھارۋىلىق ھارۋىلاردا يۈرگەنلىكى ئۈچۈن يۈەنۋېي دەۋرى (مىلادىيە 493 ـ 557 ـ يىللار) دە ئېگىز ھارۋىلىقلار قوۋمى دەپ ئاتالغان» دېيىلگەن. ئۇيغۇر قەھرىمانلىق ئېپوسى «ئوغۇزنامە» دە بارماقلىق يوسۇن بىلىگ دېگەن كىشىنىڭ ھارۋا ياسىغانلىقى ۋە ئوغۇزخاننىڭ ئۇنىڭ بۇ تۆھپە-سىنى مەڭگۈ ياد ئېتىش ئۈچۈن بۇ ئادەمگە «قانغالۇق» دەپ ئىسىم قويغانلىقى ئېيتىلغان (تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا «ئوغۇزنامە» نى مىلادى-يىدىن بۇرۇنقى 16 ـ ئەسىرلەردىن 3 ـ ئەسىرلەرگىچە بولغان ئارىلىقتا بارلىققا كەلگەن دەپ قارايدىغانلارمۇ بار). «ھارۋا» دېگەن بۇ ئەرەبچە (ئەسلى ئەرابە) سۆز قوبۇل قىلىنماستىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار قەدىمكى دەۋردە ئۇنى «قاڭغا، قاڭقا» دەپ ئاتىغان. بۇ ئىسىمنىڭ قويۇلۇشى توغرىسىدا «ئوغۇزنامە» دە ھارۋا ماڭغاندا «قانغا، قانقا» دېگەن ئاۋاز چىقارغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغانلىقى ئېيتىلغان.

ئامېرىكىلىق ئالىم مىكوۋېرنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر» ناملىق كىتابىدا، هونلاردا ھارۋا ئىشلىتىش ناھايىتى ئو-مۇملاشقانلىقى، ئۇلارنىڭ دائىم چوڭ ھارۋىلار بىلەن ئۇياندىن ـ بۇيانغا قاتناپ يۈرگەنلىكى، بۇنداق ھارۋىلار ئۇلارنىڭ تۇرالغۇسى بولۇپ قالغانلىقى ئېيتىلغان. بۇنىڭدىن شۇ زامانلاردا ھارۋىنىڭ ئو-مۇملاشقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى يىراق ئۆتمۈشتىلا ھارۋا ئىجاد قىلغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ناھايىتى كەڭ دائىرىدە ئىشلەتكەن ۋە ئېپچىنكىسىمۇ خېلىلا يۇقىرى بولغان. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ ھارۋى-لىرىنىڭ چاقلىرى ئېگىز بولۇپ، باشقىلارنىڭكىدىن ئالاھىدە پەرقلە-نىپ تۇرغان. بۇ ھارۋىلار ئىككى، تۆت، ئالتە چاقلىق بولغان. چاغانتوقاي ناھىيىسى بالدىكۆل (ئاتلىقكۆل) رايونىدىكى ھارۋا شەكلى ئويۇلغان قىيا تاش سىزمىلىرى ئىچىدىكى ھارۋىلارنىڭ شادىسى (كۆ-گۈسۈنى) 12، ئاراتۇرك ناھىيە بازىرىغا يېقىن يەردىكى قىيا تاش سۈرەتلىرىدىكى ھارۋىلارنىڭ شادىسىمۇ 12، ئىچكى موڭغۇل چۇغاي تاغلىرىدىن تېپىلغان سۈرەتلەردىكى دېڭىلار ئۇسلۇبىدىكى ھارۋىلار-نىڭ شادىلىرى بولسا 15 تىن كۆپرەك ئىكەن. جۇملىدىن خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە ئۇلارنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلانغان. ھارۋىلارنىڭ

چاقلىرى ۋە شادىلىرىدىن باشقا ئورۇنلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ ئالاھىدە ۋە تېخنىكىسىمۇ يۇقىرى بولغان.

قەدىمكى ئېگىز قاڭقىلىقلار ياسىغان ھارۋىلارنىڭ سۈپىتى ياخشى، تېخنىكىلىقى يۇقىرى بولۇش بىلەن بىرگە، ئېگىز قاڭقىلىقلار ئوخشاش زاماندا ئىشلەتكەن ھارۋىلارنىڭ سانى ھەم ناھايىتى كۆپ بولغان. مەسىلەن، مىلادىيە 399 ـ يىلى ۋېي سۇلالىسى قوشۇنلىرى غوبىنىڭ شىمالىغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا بىر قېتىمدىلا «ئېگىز قاڭقىلىقلارنىڭ 200 مىڭدىن ئارتۇق ھارۋا» (ۋېي شۇ: «ۋېينامە. تەيزۇ ھەققىدە خاتىرە» ) سىنى غەنىيمەت ئالغان. تارىخچى دۇەن ليەنچىن بۇ خاتىرىنى تەھلىل قىلىپ، بۇ نۆۋەت ئەسىرگە ئېلىنغان ئېگىز قاڭقىلىقلار ئاران 100 مىڭ بولۇپ، ئەگەر قېچىپ كەتكەن ۋە ئۇرۇشتا ئۆلگەنلىرىنىمۇ مۇشۇ ساننىڭ ئىچىدە دەپ ئويلاشقاندا، ھەر بىر ئۆيلۈك ئېگىز قاڭقىلىقلارنىڭ ئائىلىسىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئىككى ئەتراپىدا ھارۋا توغرا كېلىدۇ دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ، دەيدۇ.①

ئېگىز قاڭقىلىقلار تۇرمۇشىدا ھارۋىلارنىڭ رولى بەك چوڭ بولغان. مەسىلەن، ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارنى ئىشلىتىپ قونغاندا، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ چارۋا ـ ماللارنى قاشالاپ توسۇغىلى، كۆچكەندە نەرسە ـ كېرەكلەرنى توشۇغىلى بولاتتى. ئۇنىڭدىن سىرت، بەزىدە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ يەنە ياۋايى ھايۋانلارنى قورشىغىلى بولاتتى. مىلادىيە 399 ـ يىلى ۋېي سۇلالىسى قوشۇنلىرى غوبىنىڭ شىمالىدىن قايتقاندا، پادىشاھ داۋۇدى ئەسىرگە ئېلىنغان ئېگىز قاڭقىلىقلارغا 200 مىڭدىن ئارتۇق ھارۋىنى ھەيدەپ، باش ـ ئاخىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ، «دائىرىسى 700 چاقىرىم» كېلىدىغان ئۇزۇنلۇقتا قورغان ھاسىل قىلىپ، «قاشالاپ ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىچىگە ياۋايى ھايۋانلارنى سولاپ، تاكى پىڭچېڭنىڭ شەھىرىگىچە ھەيدەپ بېرىش»نى بۇيرۇق قىلغان. ھەيدەپ كېتىۋاتقان ئېگىز چاقلىق ھارۋا بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئوۋ ئوۋلاش ۋە ياۋايى ھايۋانلارنى قوغلاش، شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ تارىخىدا ئاز ئۇچرايدۇ. ئېگىز قاڭقىلىق-

① دۇەن ليەنچىن: «دىڭلىڭلار، ئېگىز قاڭقىلىقلار ۋە تېلىلار»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 190 ـ بەت.

لارنىڭ موڭغۇل يايلىقىدا ئۇرۇق ياكى قەبىلىلەرنى بىرلىك قىلغان هالدا ئېگىز چاقلىق هارۋىلارنى هەيدەپ ياۋايى هايۋانلارنى ئوۋلىغان ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنىڭ بىرى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ هارۋىچىلىق تارىخى ئوتتۇرا ئاسىياغا نىسبەتەن ئەڭ بۇرۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، باشقا خەلقلەرنىڭ هارۋىچىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن. قازاقىستان دالىسىغا ساكلار كۆچۈپ كېلىشتىن بۇرۇن (تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 8 — 7 - ئەسىرلەر) بايقال كۆلىدىن تارتىپ ئالتايغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى دىڭلىڭلار ياشىغان بولۇپ، ئۇلار بۇ يەردە بۈيۈك «قارا سۆك مەدەنىيىتى»نى ياراتقان. قازاق دالىسىنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدىكى ساكلار مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 8 - ئەسىرلەردىن باشلاپ هارۋىنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق قاتناش قورالى قىلىپ كەلگەن. گرېكلارنىڭ مەشهۇر تارىخچىسى هېرودوت «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە، ساكلارنىڭ ئىككى چاقلىق، تۆت چاقلىق، ئالتە چاقلىق هارۋىلىرىنىڭ بارلىقىنى، هارۋىنىڭ ئۈستىدە ئېگىز ياغ سۇركەلگەن هارۋا چېدىرلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى، هارۋىلارنى كالا ياكى تۆگە بىلەن سۆرىتىدىغانلىقى ئېيتىلغان. قازاق دالىسىدىكى قەدىمكى ساكلار چارۋىچىلىق قىلىپ كۆچۈپ يۈرۈشىدە ۋە قاتناش ئىشلىرىدا يالغۇز هارۋىغا تايىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۇيسۇن، قاڭلى، ياۋچىلارمۇ ساكلارنىڭ مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، هارۋا ئاۋۋالقىدەكلا مۇهىم قاتناش قورالى بولۇپ قېلىۋەرگەن. قازاق دالىسىغا غەربىي تۈركلەر هۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردىمۇ ئەهۋال يەنىلا شۇنداق بولغان. مىلادىيە 6 - ئەسىردە ۋىزانتىيە (شەرقىي رىم) تارىخچىسى مېناندىر ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى جوستىنىننىڭ زامارچوسنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ ئوردىسىغا ئەلچى سۈپىتىدە ئەۋەتكەن (مىلادىيە 568 — 569 - يىللار) دە تۈرك خاقانى ئىستەمىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ كېلىپ: «... چېدىر بارگاهلىرىنىڭ ئالدىدا سانسىزلىغان هارۋىلار تىزىپ قويۇلىدىكەن» دەپ يازغان. كېيىن چىڭگىزخان زامانىسىغا كەلگەندە، شەرق - غەرب قاتنىشى، سودا ئالماشتۇرۇشنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا هارۋا قاتنىشى تېخىمۇ راۋاجلانغان. چىڭگىزخان

ۋە جۇجىخان دەۋرىدە موڭغۇللارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرى ئارىسىدا ھارۋا بەك كۆپەيگەن. ئادەتتە توي قىلغاندا ئات مىنىپ بارماستىن، بەلكى ھارۋا بىلەن يۆتكىگەن. فرانسىيىلىك روبروك موڭغۇل رايونىدا كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ: «دۆلەتمەن موڭغۇللار، يەنى تاتارلارنىڭ ھەربىرىنىڭ 100 دىن تارتىپ 200 گىچە چوڭ تىپتىكى ھارۋىلىرى بار ئىدى» دەيدۇ. دېمەك، ھارۋا قاتنىشى زامان ـ زامانلاردىن بېرى ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى جارى قىلىپ كەلگەن تارىخىي قاتناش ۋاستىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# III باب

# يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ جاي، قەلئە ۋە شەھەر مەدەنىيىتى

## § 1 . يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى

يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ جاي ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، راۋاجلىنىپ تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. «كىشىلەر ‹تارىخنى يارىتىش› ى لازىم، بۇنىڭ ئۈچۈن تۇرمۇش كەچۈرۈشى كېرەك، لېكىن تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، تۇرالغۇ جايغا ئېھتىياج چۈشىدۇ.»① دېمەك، يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى بىر مىللەت ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇللىشىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

بىر مىللەت كىشىلىرى نىمە يەيدۇ، تاماقنى قانداق ئېتىدۇ، قانداق يەيدۇ، تاماق يېيىشكە قانداق رىئايە قىلىدۇ، باشقا رايون ۋە مىللەتلەر بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتى بار ھەم تەسىرى قانداق بولغان، دېگەن مەسىلە يالغۇز چوڭقۇر مەنىلىك ئىش بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئىنسانلار مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشتە ناھايىتى پايدىلىق مەسىلە.

غەربىي يۇرت قەدىمكى زاماندىلا يۈكسەك بىر مەدەنىيەت يارىتىلغان ۋە شەرق - غەربنىڭ ئىلغار ھەم نادىر مەدەنىيەتلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ كلاسسىك مەدەنىيەت ھاسىل قىلغان مەدەنىيەت مەركەزلە-

① ئېنگېلس: «نېمىس ئىدېئولوگىيىسى»، «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 - توم، خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1972 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

رىدىن بىرى بولغان. مۇشۇ ئەسىر كىرگەندىن بېرى، ئارخېئولوگلار غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان يىراق قەدىمكى دەۋر مەدەنىيەت خارابىلىرى ۋە مەدەنىيەت يادنامىلىرىنى قېزىپ چىقىرىپ، شۇ نەرسىنى ئېنىقلاپ چىقتىكى، ئالاھازەل بۇندىن 4000 يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىرلەرگىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭ مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم بې- سىپ بولغان. ئاھالىلەر ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغان، چارۋىچىلىق ئىقتىسادى ۋە دېھقانچىلىق ئىقتىسادى بارلىققا كېلىپ ھەم مۇكەممەل- لىشىپ، تارىم، تۇرپان مەدەنىيىتى بىلەن يايلاق مەدەنىيىتىنى شە- كىللەندۈرگەن. ئارخېئولوگ چېن گې مۇنداق يازغان: «ئېلىمىزنىڭ جاي - جايلىرىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئومۇمەن، مەملىكىتىمىزنىڭ تۆمۈر قوراللىرىنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتى چۇنچيۇ دەۋرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 772 - يىلىدىن 481- يىلىغىچە) نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدۇ. (بۇ) بۈگۈنكى كۈندىن 2500 — 2600 يىللار بۇرۇن··· بىراق، ئېلىمىزنىڭ غەر- بىي شىمال چېگرا رايونى بولغان شىنجاڭ بولسا، پۈتكۈل چۇنچيۇ دەۋرىدە تۆمۈر قوراللار بىرقەدەر ئومۇملاشقان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى غەربىي جۇ سۇلالىسى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1066 - يىلىدىن 771 - يىلىغىچە) دىن ئىلگىرىكى چاغقا توغرا كەلسە كېرەك. بۇ ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ئې- لىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىنىڭكىگە قارىغاندا ئارقىدىراق دەپ ھې- سابلايدىغان ئەنئەنىۋى قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، ئېلىمىزنىڭ تۆمۈر قو- راللىرىنىڭ بارلىققا كەلگەن دەۋرىنى بىرقەدەر ئىلگىرى سۈردى.»①

غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلار ناھايىتى بۇرۇنلا تاماقلارنى پىشۇرۇپ يېيىش دەۋرىگە قەدەم باسقان. تاماقلارنى پىشۇرۇپ يېيىش ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن دەۋرىنىڭ مەھسۇلى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يېمەك - ئىچمەكنىڭ مەنبەسى، مەزمۇنى ۋە پائالىيەت شەكلى بىر خىل سەنئەت، ئەخلاق، گۈزەللىك كۆزقاراشلىرىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا يېمەك - ئىچ-

① چېن گې: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى تونۇش»، «ئوتتۇرا ئاسىيا مەجمۇئەسى» («中亚学刊»)، جۇڭخۇا نەشرىياتى، تومۇسى 4 - توپلام.

مەكنىڭ مەزمۇنى ۋە پائالىيەت شەكلىنى ماددىي ۋە مەنىۋى ئىككى ئامىلغا ئايرىش مۇمكىن. بىرىنچىسى، يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ خام ئەشياسى، تاماق تەييارلاش قوراللىرى، يېمەك ـ ئىچمەككە تەم كىرگۈزگۈچى ماددىلار — دورا ـ دەرمەك، تېتىتقۇلار. ئىككىنچىسى، تاماق تەييارلاشنىڭ پائالىيەت شەكلى، ماھارىتى، سەنئىتى، خىلمۇخىل تۈرلەرگە، سىمۋول خاراكتېرلىك شەكىللەرگە كەلتۈرۈش بىلىمى، ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇن، زىياپەت ـ مېھماندارچىلىق ئەنئەنىلىرى. مانا شۇ ئىككى خىل مەزمۇن دائىرىسىدىكى يېمەك ـ ئىچمەك پائالىيىتىنى «يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى» دەپ ئاتاش مۇمكىن.①

بىر مىللەت ئىستېمال قىلىدىغان تائاملارنى ئومۇمەن تەييار (خام) تاماقلار، پىشۇرۇلغان گۆش ياكى ھايۋان ئەزالىرى تائاملىرى ۋە پىشۇرۇلغان ئۇن غىزالىرى (بۇنىڭ ئىچىگە پىشۇرۇلغان زىرائەت، پۇرچاق دانلىرى قاتارلىقلارمۇ كىرىدۇ) قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلار يىراق قەدىمكى زاماندىن باشلاپ بۈگۈنكى كۈنگىچە بۇ ئۈچ خىل تۈردىكى تاماقلاردىن كەڭ غىزالىنىپ كەلگەن.

ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئەجدادلار تەييار (تەبىئىي) نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىدىغان ھاياتتىن چارۋىچىلىق ھاياتقا قەدەم قويۇش بىلەن تەڭ، گۆش، ياغ، سۈت، قىمىز، قېتىق، قايماق، قۇرت، ھېسىپ قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىدىغان بولدى، بولۇپمۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يېمەكلىكلەرنى پىشىشقلاپ ئىشلىگەندىن كېيىن ئوزۇقلىنىدىغان ئادىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئارخېئولوگىيىلىك يادىكارلىقلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئىنسانلارنىڭ پىششىق ئوزۇقلۇق تەييارلاشتىكى ئەڭ دەسلەپكى ئۇسۇلى خام ئەت ـ گۆشنى قىزىتىلغان تاشنىڭ ئۈستىگە قاقلاشتىن ئىبارەت بولغان.② غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلارمۇ ئوۋچىلىق دەۋرىدە گۆشنى تاشنىڭ ئۈستىدە قاقلاپ پىشۇ-

---

① ب. قادىر: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 ـ يىلى، 3 ـ سان.

② ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى.

رۇپ پەيدىغان بولغان، ھەمدە دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاشۇ دەسلەپكى ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇشتىن زىخقا ئۆتكۈزگەن كاۋاپنى پەيدا قىلدى. كاۋاپنىڭ بارلىققا كېلىشىدە يەنە مۇنداق بىر سەۋەبمۇ بولۇشى مۇمكىن: بىرەر ئورمانلىق ياكى قاشالانغان دائىرىگە ئوت كېتىپ، ئوت يېيىلغان دائىرىگە قاپسىلىپ قالغان ھايۋانلارمۇ كۆيۈپ قېلىپ، ئوت پەسەيگەندىن كېيىن، ئادەملەر بۇ كاۋاپ بولۇپ قالغان ھايۋان گۆشلىرىنى تېتىپ بېقىپ، ئۇنىڭ خام گۆشكە قارىغاندا تەمـلىك ئىكەنلىكىگە قايىل بولماي قالمىغان. شۇنىڭ بىلەن خام گۆشـلەرنى ھەر خىل ئاماللار بىلەن پىشۇرۇپ يېيىشكە ئادەتلەنگەن بولسا كېرەك. بۇ ھەقتە غەربىي يۇرت تەۋەسىدىن، بولۇپمۇ 1985 ـ يىلى چەرچەن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىن بۇنىڭدىن 3000 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ يۇلغۇن ياغىچىدا ياسالغان زىخقا ئۆتكۈزۈلگەن پاخلان گۆشىدىن قىلىنغان كاۋاپنىڭ تېپىلىشى[1] بىرىنچى قول پاكىت سۈپىتىدە غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملارنىڭ كاۋاپنى ئىختىرا قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي تائاملىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلىدى.

كىشىلەرنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىـشىپ، كاۋاپنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپىيىپ باردى. ھازىر ئۇيغۇرلاردا كاۋاپنىڭ 10 — 20 تۈرى بار. بۇلار زىخ كاۋاپ، قېرىن كاۋىپى، تونۇر كاۋىپى، قازان كاۋىپى، سوقما كاۋاپ، قورۇما كاۋاپ، كۆممە كاۋاپ، دۇملىمە كاۋاپ، قىيما كاۋاپ، تاۋا كاۋىپى، بېلىق كاۋىپى، پوستۇرما كاۋاپ، شىرى كاۋاپ، جىگەر كاۋاپ، بۆرەك كاۋاپ، تال كاۋىپى قاتارلىقلار. ئادەتتە كاۋاپ قوي گۆشىدە قىلىنىدۇ. بەزى رايونلاردا يەنە ئۆردەك، غاز، توخۇ، كەكلىك، كەپتەر، بۆدۈنە، ئاق توشقان، ئاق قۇشقاچ قاتارلىقلاردىمۇ ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن كاۋاپ تەييارلىنىدۇ.[2]

ئۇيغۇرلارنىڭ پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلىرى، بولۇپمۇ كاۋاپلىرى

---

① ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.

② ئا. رەھمان، ر. ھەمدۇللا، ش. خۇشتار: «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.

ئىستېمال قىلىدىغان ئادەم كۆپ، تۈرى جىق، تولىمۇ تەملىك، يۇقىرى سۈپەتلىك، پۇرىقى ئۆزگىچە بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى خەلقلەر ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلىرىدىكى يۇقىرى ماھارەت ئىگىلىرى، يەنى كامالەتكە يەتكەن ئاشپەزلەر — تاماق پىشۇرۇش مەدەنىيىتىنى تارقاتقۇچىلار تارىختا جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە ئۆز ھەسسىسىنى قوشۇپلا قالماستىن، بەلكى بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئۆز ماھارىتىنى كۆرسەتمەكتە.① كاۋاپنى ئېلىپ ئېيتساق، بۈگۈنكى ۋەتىنىمىزنىڭ بىپايان زېمىنىدا، مىڭلىغان بازار ۋە شەھەرلەردە شىنجاڭ كاۋاپىنىڭ مەززىلىك ھىدى ھەممە يەردە گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. «10 يىل ئىلگىرى، كاۋاپ پەقەت شىنجاڭدىكى بىر خىل يەرلىك يېمەكلىك ئىدى. شىنجاڭنىڭ سىرتىدا ئۇنىڭدىن لەززەتلىنىدىغانلار كۆپ ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ مىڭلارچە يىللىق تارىخى بولۇپ قالماستىن، بەلكى، بۈگۈنكى كۈندە ئۇ شىنجاڭ چېگراسىدىن ھالقىپ چىقىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە ئوتتۇرا، چوڭ شەھەرلىرىدە دېگۈدەك شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ كاۋاپ تىجارىتى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ»، «شىنجاڭ كاۋاپى پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىياغا بۆسۈپ كىردى، دۇنياغا يۈزلەندى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، نيۇيورك كوچىلىرىدىمۇ كاۋاپ پەيدا بولۇشقا باشلىغان. زېرەك ئۇيغۇرلار ئوقەت قىلىپ ئامېرىكىغا بارغان... ئەمما كاۋاپنىڭ ھەقىقىي ئىخلاسمەنلىرى يەنىلا شىنجاڭدا، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەشھۇر شەھەر قەشقەردىكى كىشىلەر بىلەن داڭلىق قەشقەر يەنىلا كاۋاپنىڭ «ئىختىرا قىلىنغان ئانا ماكانى،»» .②

ئۇنلۇق يېمەكلىكلەرنىڭ ئىستېمال قىلىنىشى. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ياشىغان مۇھىتى، تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىكى ۋە قىزىقىش ھەۋەسىنىڭ دەرىجىسىگە ئاساسەن، بەزى يېمەكلىكلەرنى بۇرۇنراق ۋە كەڭرەك دائىرىدە ئىستېمال قىلىنغان بول-

① ما شىڭرېن: «ئۇيغۇرلارنىڭ تاماق پىشۇرۇش مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىللىق 2 ـ سان، خەنزۇچە، لەنجۇ.

② فەن يىڭلى، جۇلاڭ: «شەھىرىمىز شەھەر ھاياتى ـ مۇيەت قىلىنىۋاتقان قوي گۆشى كاۋاپلىرى»، «خەلق گېزىتى»، 1990 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىكى سانى.

سا، بەزى يېمەكلىكلەرنى كېيىنرەك ئىستېمال قىلغان. غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملار ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئوۋچىلىق باسقۇچىدا تەبىئىي ـ تەييار يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلغان، چارۋىچىلىق دەۋرىگە قەدەم قويغاندا بولسا ئەت ـ گۆش، ياغ، سۈت، قېتىق، قىمىز، قايماق، قۇرۇت قاتارلىقلارنى ئاساسلىق تائاملار قاتارىدا ئىس‑تېمال قىلىپ، مېۋە ـ چېۋىلەر، دانلىق زىرائەتلەر، يۇرچاق تېپىمدە‑كى دانلىقلار، ئوتياش ـ كۆكتاتلارنى ئىستېمال قىلىشنى قوشۇمچە ئورۇنغا قويغان. يېزا ئىگىلىك دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، زىرائەت دانلىرى، بولۇپمۇ ئۇنلۇق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش ئاساسىي ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەن.

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، غەر‑بىي يۇرتتا دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى تېرىش 4000 يىلنىڭ ئالدى‑كەينىدە تېز سۈرئەتتە ئومۇملىشىشقا باشلىغان. بۇ ھال ئۇنلۇق يې‑مەكلىكلەرنىڭ ئىستېمال قىلىنىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى تارىخىي پاكىتتۇر. غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملارنىڭ ئۇنلۇق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشى توغرۇلۇق سۆز ئېچىلسا تەبىئىي يوسۇندا نان، تۇگمەن، تونۇر قاتارلىقلارنىڭ تارىخىنى تەك‑شۈرۈشكە زۆرۈرىيەت تۇغۇلىدۇ.

نان. بۇ پارسچە سۆز بولۇپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلىشىپ قالغان. نان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئەتمەك» دېيىلگەن.[1] قۇمۇلدىكى قارادۆۋە قەبرىستانلىقىدىن ئار‑خېئولوگىيىلىك قېزىش جەريانىدا بىر دانە تېرىق قاتلىمىسى بايقال‑غان، شۇ قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان باشقا ئەۋرىشكىلەرنى كاربون 14 ئارقىلىق تەكشۈرگەندە، بۇ قەبرىستانلىقنىڭ يىل دەۋرى 3000 يىل ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان. يەنە تۇرپاننىڭ ئاستانە يېزىسىدىن 1969‑يىلى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا 1400 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ بۇغداي ئۇنىدىن تەييارلانغان شەكلى ۋە گۈل نۇسخىلىرى ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئىستېمال قىلىۋاتقان نانغا ئوخشايدىغان بىر دانە نان تېپىل‑غان.[2] يەنە جۇۋاۋا، چۆچۈرە، ھەر خىل پېچىنە ـ پىرەنىكلەر ۋە

---

① مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» (دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك)، شىنجاڭ خەلق نەشرىيا‑تى، 1981 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ توم، 138 ـ بەت.

② «شىنجاڭ گېزىتى»، 1990 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈندىكى سانى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بۇغداي كېپىكى، سامسىنى چىققان. بۇنىڭدىن باشقا قاراشەھەردىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى شەھەر «تاڭ ۋاڭ شەھىرى» دىنمۇ بۇغداي ۋە ناھايىتى يۇمشاق تارتىلغان بۇغداي ئۇنى تېپىلغان. نەق ئارخېئولوگىيىلىك ۋە يازما ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئېلىمىزدە ئۇنلۇق يېمەكلىكلەر،① بولۇپمۇ نان، قاتلىما، توقاچ ئىستېمالى شىنجاڭدا كەشىپ بولغان.

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇنلۇق يېمەكلىكلەر نان (قاتلىما) دېيىلگەن، لىيۇ شى يازغان «سۆزلەر ئىزاھى» («说文») دا ناننى «غوز (خۇ) نېنى» (胡饼) دېگەن. بۇ خىل يېمەكلىك ئوتتۇرىسى نېپىز، گىرۋەكلىك بولۇپ، يۈزىگە كۈنجۈت سۈركەيدۇ، دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇنى پىشۇرۇشتا يەنە كۈنجۈت يېغى ئىشلىتىلگەن. ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ غەربىي شىمالىدا تارقالغان بولغاچقا، «غوز نېنى» دېيىلگەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەندىن كېيىن قىزغىن قارشى ئېلىنغان. بەن گۇنىڭ «خەننامە. شۇەندى تەزكىرىسى» دىن بىلىنىشىچە، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 74 - يىلى تەختكە چىققان پادىشاھ شۇەندى تەختكە چىقىشتىن بۇرۇن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، خەلق ئارىسىدا سەرسان بولۇپ يۈرگەن چېغىدا ھەر كۈنى دېگۈدەك بازاردىن نان سېتىۋېلىپ يەيدىكەن. بۇنىڭدىن، ناننىڭ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كىرگەنلىكى ئېنىق. فەن يې يازغان «كېيىنكى خەننامە» دە: «لىڭدى پادىشاھ غوز قاتلىمىسىنى ياخشى كۆرەتتى، ئاستانىدىكى ئۆستىلارنىڭ ھەممىسى غوز قاتلىمىسى يەيتتى» دېيىلگەن.

نان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپ كىرگەندە يۇقىرى قاتلامدىكى كىشىلەر بىلەن ئەدىب ۋە ئالىملار ئالاھىدە ياخشى كۆرىدىغان يېمەكلىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، يۇقىرى قاتلامدىن خەلق ئىچىگە تارقىلىپ، بارا - بارا ھەممە كىشى ياخشى كۆرىدىغان يېمەكلىككە ئايلانغان. شۇنداقلا ناننى كىشىلەر بازاردىن سېتىۋالالايدىغان بولغان. مەسىلەن، سىماگۇاڭ يازغان «ئەللىك ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئۆرنەكلەر» («资治通鉴»)

---

① گۇ باۋ: «جۇڭگودا مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىيلىقى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1991 - يىلى 2 - سان، 24 - بەت.

ناملىق كىتابنىڭ 218 - جىلدىدا خاتىرىلىنىشىچە، ئەن لۇشەن - شى سىمنىڭ توپىلىڭى يۈز بەرگەندىن كېيىن تاڭ شۈەنزۇڭ چاڭئەندىن قېچىپ چىقىپ، شيەنياڭغا بارغاندا ياڭ گوجۇڭ بازاردىن نان سېتىۋې- لىپ ئەكىرىپ بەرگەن. بۇ مەلۇمات ئەينى زاماندا ناننى تەييارلاپ، بازاردا سېتىش ئەھۋالىنىڭ بىرقەدەر ئومۇملاشقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىگە كەلگەندە، ناننىڭ ئومۇملىشىش دائى- رىسى تېخىمۇ كېڭەيگەن. بۇ ھەقتە جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مىڭ يۈنلاۋنىڭ «شەرقىي ئاستانىدە ساقلانغان خاتىرىلەر» («东京梦华录») دېگەن كىتابىدا، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ مەركىزى كەيفېڭنىڭ ئاۋات مەنزىرىسىنى تەسۋىرلىگەن- دە، كەيفېڭ شەھىرىدىكى يېمەكلىك دۇكىنىدا «خۇ نېنى» نى تە- رىپلەپلا قالماستىن، بەلكى كۆپلىگەن مەخسۇس «خۇ نېنى» ساتىدى- غان دۇكانلارنىڭ بارلىقىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ.

تارىخچى چى سىخې ئەپەندى نان ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مىسىر ۋە غەربىي ئاسىيادىكىلەرنىڭ تۈگمەننى كەشىپ قى- لىپ، قاتلىما ياساش ھۈنىرى بىزدىن ئىلگىرى بولغان. غەربىي يۇرتتىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئەڭ دەسلەپ تۈگمەن ئۇنىدا توقاچ ئېتىش ھۈنىرىنى ئىگىلىگەن، كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ يېمەكلىك ئۇسۇلىنى بىرقەدەر ئىلگىرى سۈرگەن.»①

ئۇيغۇرلار تارىختا تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئار- قىسىدا ناننىڭ سۈپىتىنى ۋە شەكلىنى غايەت زور دەرىجىدە ياخشىلى- غان. بۇ خىل ئەھۋالنى بىز ناننىڭ ھەر خىل تۈرىدىن بىلىۋالالايمىز. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر نانلىرى پىياز نان، گىردە نان، توقاچ نان، سەپەر نان، كۈنجۈتلۈك نان، شىكەر نان، گۆشنان، كاكچا نان، بىجاق نان، شىرمان نان، ھەمەك نان، پېتىرنان، ياغنان، دامان نان، چىگىردەك نان، كۆمەچ، قىيمىلىق قاتلىما نان، جەۋەندە نان، جىرىس نان، زاغرا نان قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇ نانلارنىڭ بەزىلىرى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. مەسىلەن، مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ-

---

① چى سىخې: «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەتىنىمىز مەدەنىيىتىگە قوشقان ئۇلۇغ تۆھ- پىسى»، «جۇڭگو تارىخ تەتقىقاتى»غا كىرگۈزۈلگەن. جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1981 - يىلى نەشرى، بېيجىڭ، خەنزۇچە.

لۇغەتت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە، «توقاچ» ھەققىدە توختىلىپ «توق ئادەم» دېگەن ئىبارىدىكى «توق» دېگەن سۆزدىن ياسالغان. «چۈنكى توقاچ ئادەمنى تويدۇرىدۇ» (I توم، 464 ـ بەت) دەپ چۈشەندۈرگەن بولسا، «قاتلىما» توغرۇلۇق توختىلىپ، ئۇنىڭ «قاغۇرغان» دېگەن نامىنىڭ بارلىقى، بۇ «ياغ بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، تونۇر ياكى ئوچاقتا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل نان» (I توم، 672 ـ بەت) ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. بۇلاردىن باشقا «چۆرەك» (I توم، 504 ـ بەت) كىمۇ «توقاچ» دەپ ئىزاھ بېرىلگەن. «كۆۋشەك» (I توم، 628 ـ بەت) نى «بولدۇرۇلغان نان» دېسە، «چوقمىن» (I توم، 578 ـ بەت) دېگەن سۆزنى «ھور ناننىڭ بىر خىلى» دەپ ئىزاھلىغان. «كۆمەچ» (I توم، 567 ـ بەت) سۆزىنى كۈلگە كۆمۈپ پىشۇرۇلىدىغان نان، سىنچۇ (I توم، 544 ـ بەت) «گىردە بىلەن ھەمەك ئارىسىدا بولىدىغان بىر خىل نان. خۇيلىما نان» ، «پوسكەچ» (I توم، 564 ـ بەت) ۋە «يۇغا» (III توم، 34 ـ بەت) سۆزلىرىگە «قاتلىما» ، «ياغدا پىشۇرۇلىدىغان نېپىز نان» دەپ ئىزاھ بېرىلگەن.

تۈگمەن. بۇ بۇغداي، تېرىق، ئارپا، قوناق قاتارلىق يىرىك ئاشلىقلارنى يۇمشىتىپ ئۇنغا ئايلاندۇرىدىغان سايمان بولۇپ، شىنجاڭدا تۈگمەن ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. تۈگمەننىڭ دەسلەپكى شەكلى يارغۇنچاق ئىدى، شىنجاڭ تەۋەسىدىن يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت يارغۇنچاق، دان ئايرىش، يانجىش قوراللىرى قاتارلىقلار تېپىلدى.① بۇ شىنجاڭدا ئەجدادلار ئىشلەتكەن ئىپتىدائىي تۈگمەندۇر.② كېرىيە ناھىيىسىنىڭ «مارجانلىق خارابىسى» دىن تۆت پاي تۈگمەن تېشى تېپىلغان بولۇپ، بۇ جاي مىلادىيە 4 — 6 ـ ئەسىرلەردە خارابىلىككە ئايلانغان.③ مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» دېگەن كىتابىدا، تۈگمەنگە دائىر پاكىتلىق ئۇچۇرلار خاتىرىلەنگەن. ۋاڭ يەندېنىڭ «قوچوغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» (« 使高昌记 ») دە قوچو ئۇيغۇرلىرى «سۇدا تۈگمەن چۆرۈيدۇ» دەپ يازغان. شىنجاڭنىڭ

① ئا. خوجا ماقالىسى، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىلى 1 ـ سان.

② ئا. مەخسۇت: «شىنجاڭنىڭ تۈگمەنچىلىك تارىخى توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1993 ـ يىلى 1 ـ سان، 50 ـ بەت.

③ ئابلىز مۇھەممەد سايرامى: «مارجانلىق خارابىسى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1991 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىكى سانى.

قەدىمكى زامان جەمئىيىتىدە شامال تۈگمىنى ئالاھىدە بولغان. قىتان مىللىتىدىن چىققان ئەدىب يوللۇغ چۇسەينىڭ «غەربىي يۇرت دەريالىرى كۈيى» («西域河中杂咏») دە، «شامالدا تۈگمەن چۆرۈپ، بۇغداي تارتىدۇ» دېگەن جۈملە بار. ئۇ ئۆزى بۇ جۈملىنى ئىزاھلاپ، «غەرب ئادەملىرى تۈگمەن ياسايدۇ، شامالدا ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بۇغداي تارتىدۇ» دەيدۇ. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى لۇشۇن، لى گېنپېن قاتارلىق تەتقىقاتچى ئالىملار بۇ جۈملىگە قوشۇمچە قىلىپ، بۇ خىل شامال تۈگمىنى ئەينى زاماندا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە يوق ئىدى، دەپ يازىدۇ.

تونۇر. بۇ نان پىشۇرىدىغان سايمان. ئۇيغۇر ناۋايلىرى ۋە ئائىلىدە قولى ئەپچىل ئەر-ئاياللار تونۇرغا نان يېقىپ پىشۇرۇشقا تولىمۇ ئۇستا. تونۇر ئادەتتە «ئۆي تونۇرى» ۋە «ناۋاي تونۇرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ كېسەك ياكى خىش، سېغىز توپا، يۇڭ، سامان، شور ياكى تۇز، سۇ قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىدىن شەھەرلىرىگىچە ھەممە يەردە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر ناۋايلىرىنىڭ قەدىمى يەتكەن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ قاتارلىق شەھەرلەردىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. بىز بۇ تونۇرلارنى كۆرۈپ تۇرغىنىمىزدا تەبىئىي يوسۇندا ئۇنىڭ تارىخىنى سۈرۈشتە قىلغۇمىز كېلىدۇ. شىنجاڭ تەۋەسىدە مەلۇم بولغان ئەڭ بۇرۇنقى تونۇر ئارخېئولوگىيە خادىملىرى 1958-يىلى نىيە قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى قازغاندا بايقالغان بولۇپ، ھازىر بۇ تونۇر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ. تونۇر ھەققىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى يازما خاتىرىنى كەشبالىق (سۇلى، كاشغەر)لىق ئالىم خۇيلىن (مىلادىيە 737 — 820-يىللىرى ياشىغان) خەنزۇ تىلى بىلەن يازغان «نوملار شەرھى» («一切经音义») ناملىق كىتابىنىڭ 37-جىلدىدا قالدۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ كىتابىدا «خۇر-غۇر ئاشپەزلىرى پولو، قاتلىما، خۇز نېنى، تونۇر قاتارلىقلار»نى ياسايدۇ دېيىلگەن. دېمەك، «تونۇر» دېگەن ئاتالغۇنى خۇيلىن خەنزۇ تىلىغا «تانا—tana» (搭纳) دەپ خېلى ئەينەن ترانسكرىپسىيە قىلىپ يازغان بولۇپ، بۈگۈنكى زامان ئالىملىرى ئۇنىڭ ھەققەتەن «تونۇر» دېگەن سۆزگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ چىقىشتى. بۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىگەدىن بىلىنىدۇكى، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئەنە ئاشۇنداق زامانلاردىن بېرى تونۇرنى ئىشلىتىپ كەلگەن.

غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملار، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار نانىدىن باشقا ئۇنلۇق يېمەكلىكلەرنىڭ خىلمۇخىل تۈرلىرىنى كەشىپ قىلغان، بەزىلىرىنى قوشنا خەلقلەر يېمەكلىكلىرىدىن قوبۇل قىلىپ، يېمەكلىك مەدەنىيىتىنى موللاشتۇرغان. ھازىرقى زامان شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا ئىستېمال قىلىنىدىغان تاماق تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ، ئۇنىڭ ئاساسلىقلىرى سامسا، پەرمۇدە، پولۇ، لەغمەن (پىلتە ئاش)، مانتا (پېتىر مانتا، بولاق مانتا)، شورپا، شويلا، شوۋگۇرۇچ، ئۇگرە، چۆچۈرە، كۆك چۆچۈرىسى، جۇۋاۋا، چۆپ (نېرىن چۆپ، پوستومبا - جىگە چۆپ، پېتىر چۆپ)، پوشكال، قويماق، قېيىقچە، تۇرمەل، سامبۇسا، كۆمەچ، ھۇمەلچاي، زاڭ، كۆجە، سىقماق، ساڭزا، تۇرمەل، قولداما، تالقان، گۈرۈچ قورداق (گاڭفەن)، ھور نان، تالقان قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلاردىن باشقا ئۆپكە - ھېسىپ، دۈمبىجىگەر، چەينەك شورپىسى (داڭقان شورپىسى) قاتارلىقلارمۇ بار.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇنلۇق تاماقلىرىنىڭ تارىخى نانغا ئوخشاش ئۇزۇن تارىختا ئىگە. بۇنىڭغا ئىسپات قىلىپ ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە يازما ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەرنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تۇرپان ئاستانىدىكى تاڭ دەۋرىنىڭ جىنگۇەن 17 - يىلىغا مەنسۇپ (مىلادىيە 642 - يىلى) 301 - نومۇرلۇق قەدىمكى قەبرىنى قازغاندا ئۈچ دانە جۇۋاۋا (چۆچۈرە) بايقالغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قەبرىنىڭ ئىچىدە ياغاچ تاۋاقتا سېلىنغان ۋە بىجىرىم ساقلانغان جۇۋاۋىمۇ تېپىلغان. 1950 — 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە بولغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، ئاستانە - قاراغوجا قەبرىستانلىقىدا جۇۋاۋىدىن باشقا يەنە بىر تۈركۈم چۆچۈرە، ئەۋرىشكىلىرىمۇ تېپىلدى. جۇۋاۋا بىلەن چۆچۈرە، قىيمىلىق غىزالار بولۇپ، بۇلارنىڭ قىيمىسى ئوخشاشلا گۆش، پىياز، تۇز، دورا - دەرمەك سېلىنىپ تەييارلانسىمۇ، خېمىرىنىڭ ھازىرلىنىشى، تۈگۈش شەكلىنىڭ ئوخشاشماسلىقى جەھەتتىن پەرقى بار. يازما ماتېرىياللارغا قارىغاندا، قەدىمكى زاماندا جۇۋاۋا بىلەن

چۆچۈرە ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق بولمىغاچقا، مىڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇن خەنزۇچە ھۆججەتلەردە ئوخشاش ئاتىلىپ كېلىنگەن. چۆچۈرە-نىڭ شىنجاڭدا ئىستېمال قىلىنىشى ئېلىمىزدە ئەڭ بۇرۇن.

بۇلاردىن باشقا، تۇرپان ئاستانە - قاراغوجا قەبرىستانلىقىدىن يەنە بىر تۈركۈم ئۇندىن تەييارلانغان يېمەكلىكلەر، مەسىلەن، تولغىما قۇيماق، ئادەم شەكىللىك يېمەكلىكلەر، پېچىنە - پىرەنىك قاتارلىق-لار تېپىلغان. 1968 - يىلى تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن بىر ھېجىردە قۇرۇپ قالغان كەسمە سۇيۇقئاش بايقالغان. مىلادىيە 10 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىگە مەنسۇپ ئۇيغۇرچە يازمىلاردىمۇ ھەر خىل تاماقلارغا دائىر خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

«دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» تە تاماقلارنىڭ مۇنداق تۈرلىرى تونۇشتۇ-رۇلغان:

«تۈرمەك» (I توم، 622 - بەت) — «تۈرمەل»؛ «سارمۇ-چاق» (I توم، 683 - بەت) — «قۇشقاچ تىلى ئاش، سۇيۇقئاش»؛ «ئۈگرە» (I توم، 171- بەت)— «سۇيۇقئاشنىڭ بىر تۈرى»؛ «سوغۇت» (I توم، 462 - بەت) — «ھېسىپ، ئۈچەي ئىچىگە گۈرۈچ، گۆش ۋە دورا - دەرمان سېلىپ قىلىنىدىغان يېمەكلىك»؛ «سوق-تۇ» (I توم، 443 - بەت) — «ھېسىپنىڭ بىر خىلى، جىگەر بىلەن گۆشكە دورا - دەرمان ئارىلاشتۇرۇپ ئۈچەيگە تىقىلىدۇ، ئاندىن پىشۇرۇپ يېيىلىدۇ»؛ «تۇتماچ» (I توم، 590 - بەت) — «چۆپ، تۈركلەرنىڭ ئاتاقلىق تاماقلىرىنىڭ بىرى»؛ «قوۋۇت» (II توم، 233 - بەت) «(قاغۇت دېمۇ ئاتىلىدۇ) تۇغۇتتا خۇنسىراپ كەتكەن ئاياللارغا بېرىلىدىغان تاماق. بۇ تاماق قورۇلغان تېرىق ئۇنىنى ياغ بىلەن شېكەرگە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ»؛ «توپىق» (I توم، 492- بەت) —«قوينىڭ توپىق سۆڭىكىدىن قىلىنىدىغان غىزا»؛ «بولدۇنى» (I توم، 625 - بەت) — «ئىچىگە قۇرۇق ياكى ھۆل ئۈزۈم سېلىپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل يېمەكلىك»؛ «سۇ-رۇش» (I توم، 477 - بەت) — «چۈرۈش بۇغداي باشقىنى دېنى قېتىشتىن ئىلگىرى ئۈزۈۋېلىپ، ئوتتا پۇچىلاپ يانجىپ يېيىلىدىغان يېمەكلىك»؛ «بولغاما» (I توم، 640 - بەت) — «ياغسىز ۋە تەمسىز بولماق»؛ «قوغۇرماچ» (I توم، 137 - بەت)— «قېتىق بىلەن

سۈت ئارىلاشتۇرمىسى، ئىچى قېتىپ قالغان ئادەملەرنىڭ ئىچىنى
سۈردۈرۈش ئۈچۈنمۇ ئىچۈرۈلىدۇ»؛ «بۇخسى» ( I توم، 551 ـ
بەت) — «بىر خىل يېمەكلىكنىڭ ئىسمى، بۇ يېمەكلىك مۇنداق
تەييارلىنىدۇ: قاينىتىپ ئېلىنغان بۇغداينىڭ ئۈستىگە بادام مېغىزى
سېلىنىدۇ، ئاندىن ھەسەل ۋە سۈت بىلەن قىلىنغان بولماقنى قۇيۇپ،
شۇ پېتى ئىچىلىدۇ»؛ «ياماتا» ( I توم، 580 ـ بەت) — «قۇيماق
خېمىرىغا ئوخشاش سۇيۇق قىلىنىپ چېلىنىدىغان بىر خىل خېمىر.
سېمىز توخۇنى ياكى سېمىز گۆشنى قورۇغاندا ياكى كاۋاپ قىلغاندا،
يېغى ئېقىپ كەتمىسۇن دەپ، ئۇنىڭغا شۇ خېمىر سۈرتۈلىدۇ»؛ «سىم
سىراق» ( I توم، 187 ـ بەت) — «بىر خىل تاماق، باش پىشۇ-
رۇلغاندىن كېيىن ئۇششاق توغرىلىپ، دورا ـ دەرمان ئارىلاشتۇرۇ-
لۇپ بىر قاچىغا سېلىنىدۇ ۋە ئۈستىگە ئاچچىق قېتىق قۇيۇلۇپ سىڭىش-
كەندىن كېيىن يېيىلىدۇ»؛ «يازۇق» ( II توم، 19 ـ بەت) — «كۆزدە
ھەرخىل دورا ـ دەرمانلار بىلەن قورۇتۇپ قويۇلۇپ، ئەتىيازدا يېيى-
لىدىغان قاق گۆش»؛ بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ «قومىلاق»
( I توم، 620 ـ بەت)؛ «قىمىز» ( I توم، 474 ـ بەت)؛
«بۇخسۇم» ( I توم، 631ـ بەت)؛ «ئاقازتقۇ» ( II توم، 600ـ
بەت) قاتارلىق ئىچىملىكلىرى توغرىسىدا ئۇچۇر بېرىلگەن.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى زامانىدا توخرى تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا
ئىجادىي ئىشلەنگەن «مايتىرى سىمىت» ناملىق 27 پەردىلىك دراما-
نىڭ قولىيازمىسىدا بىرقاتار ئۇيغۇر تائاملىرىنىڭ ناملىرى خاتىرىلەن-
گەن. بولار گۆش، شورپا، ئۇگرە، پولۇ، قېتىق قاتارلىقلاردىن
ئىبارەت.① «مايتىرى سىمىت» ئادەتتە تەرجىمە ئەسەر دەپ قارىلى-
دۇ. كىشىنى ئويلاندۇرىدىغىنى شۇكى، بۇ تاماقلار ئەسەرنىڭ ئەسلى
توخرى تىلىدىكى نۇسخىسىدا نېمە دەپ ئېلىنغان دېگەندىن ئىبارەت.
بىز پەقەت ئاتاقلىق تەرجىمان پىرتانراكشىتنىڭ بۇ تاماقلار ئىسمىنى
ئۆز زامانىسىدا ئۇيغۇرلار ئىستېمال قىلىۋاتقان تاماقلار بىلەن ئوخ-
شاش ئالغانلىقى كىشىنىڭ دىققەت نەزەرىنى قوزغايدۇ.

ئۇيغۇرلار تارىختىن بېرى ئۆزلىرى ئىستېمال قىلىپ كەلگەن

---

① ي. يۈسۈپ قاتارلىقلار نەشرگە تەييارلىغان: «مايتىرى سىمىت» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى.

تائاملارنىڭ ناملىرىنى ھەر خىل شەكىلدە خاتىرىگە چۈشۈرۈپ كەلگەن. مەھمۇد كاشغەرى خاتىرىسىدىن ۋە «مايتىرى سىمىت»تىن باشقا، موللا نىياز دېگەن شائىرنىڭ 1841 ـ يىلى كۆچۈرۈلۈپ قەشقەرنىڭ ئوپالدىن تېپىلغان «دىۋانى نىيازى» ناملىق توپلىمىدا بىر داستان بولۇپ، ئۇنىڭغا كېيىنكىلەر «تائاملار مۇنازىرىسى» دەپ ئىسىم قويغان. بۇ داستاندا شائىر سىمۋوللۇق مەنىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇيغۇر تائاملىرىدىن بىرمۇنچىلىرىنىڭ نامىنى تىلغا ئالغان. بۇلار نان، كاكچا، گىردە، قاتلىما، مانتا، سامبۇسا، شورپا، چەلپەك، رىشالە، چۆپ، بەتتە، چۆچ بىرە (چۆچۈرە؟)، ئۇگرە، زاڭ، ئۆپكە (ئۆپكە ـ ھېسىپ)، كۆجە، سىرماقۇ، يوبدان، ئۇماچ، شىرى پىرەنج (؟)، قەلىيە پىرەنج (؟)، ھالۋا، شىللە جىگەر قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ تاماقلار تارىخىنى بىلىشتىكى ياخشى ماتېرىيال.①

قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇلۇغ شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك قائىدە ـ يوسۇنلىرى، ئۆرپ ـ ئادەت، ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆلچەملىرى ۋە ئوردىلاردىكى يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى توغرىسىدا قىممەتلىك بايانلارنى يېزىپ قالدۇرغان. مەسىلەن، داستاننىڭ 36 ـ، 37 ـ، 65 ـ، 66 ـ بابلىرىدا «باش ئاشپەزنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى»، «زىياپەتكە چاقىرىش قائىدە ـ يوسۇنلىرى»، «زىياپەتكە بېرىش قائىدە ـ يوسۇنلىرى» قاتارلىق قائىدە ـ يوسۇنلار توغرىسىدا مەخسۇس توختىلىپ، يېمەك ـ ئىچمەك گەرچە ئادەملەرنىڭ تەبىئىي ئېھتىياجى ئۈچۈن بولسىمۇ، لېكىن، ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق، گۈزەللىك (كۆركەملىك) ئۆلچەملىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولۇشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېيتقان بۇ تۇرمۇش مىزانلىرى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا تەتبىقلىنىپ كېلىنىۋاتقانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىدىكى ئىزچىللىق ۋە ۋارىسلىق مەسىلىسىنى ئۆگىنىشتە يېتەرلىك ماتېرىيال ئاساسى بولالايدۇ.

ئۇيغۇرلاردا يېمەك ـ ئىچمەك يەنە تېبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن. ئۇيغۇرلاردىكى تاماق بىلەن كېسەل

① «بۇلاق» ژۇرنىلى، ئومۇمىي 10 ـ سان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى.

داۋالاش — كېسەل ئەھۋالىغا قاراپ يېمەك - ئىچمەكنى مۇۋاپىق تەڭشەش، پەرھىز تۇتۇش ئارقىلىق كېسەلگە خىل كەلمەيدىغان تاماقلارنى چەكلەش ئارقىلىق كېسەلنى يەڭگىللىتىش ۋە ھەر خىل شىپالىق يېمەك - ئىچمەكلەرنى بېرىش ئارقىلىق بەدەن قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇپ، تېزرەك ساقىيىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. ئۇيغۇرلار كېسەلنى تاماق بىلەن داۋالاشتا كېسەلگە مۇۋاپىق تاماقنى ئۈچكە بۆلىدۇ: ① غىزائى مۇتلەق: ئوزۇقلۇق رولىنىلا ئوينايدىغان يېمەكلىكلەر؛ ② داۋائى غىزائى: ئالدى بىلەن داۋالىق رولىنى، كېيىن ئوزۇقلۇق رولىنى ئوينايدىغان داۋالىق يېمەكلىكلەر؛ ③ غىزائى داۋائى: ھەم ئوزۇقلۇق، ھەم داۋالىق رولىنى ئوينايدىغان يېمەكلىكلەر.[1]

بۇنداق ئۇسۇلنىڭ تارىخىغا ئۇزۇن يىللار بولغان. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى زامانى (850 — 1250 - يىللار) دا خاتىرىگە ئېلىنغان «تېبابەتچىلىككە دائىر يازما يادىكارلىقلار» (پارچە) دا بۇ توغرۇلۇق ئۇچۇرلار بار. ئۇنىڭدا: سىيگەك كىشىگە تۆگە گۆشىنى ئارپا يارمىسى بىلەن قايناتىپ ئۇگرە قىلىپ بەرسە ئوڭشىلىدۇ؛ قارا ئۆچكىنىڭ يېتىم ئوغلىقىنىڭ جىگىرىنىڭ ئىچىگە قارىمۇچ سېلىپ ئوتقا كۆمۈپ، كۆيۈكىنى كۆزگە سۈرتۈپ بەرسە، كېچىسى ياخشى كۆرىدىغان بولىدۇ... دېگەنگە ئوخشاش خاتىرىلەر بار.[2]

كىشىنى تولىمۇ قىزىقتۇرىدىغىنى شۇكى، ئۇيغۇر قاتارلىق شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ تاماق تەييارلاش ئۇسۇلى ۋە غىزائى داۋا ھۈنىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا يېتىپ بېرىپ، مەركىزىي جۇڭگونىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىگە غايەت زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن.

بۇ ھەقتە سۆز بولغاندا ئالدى بىلەن يۈەن سۇلالىسى زامانى (1271 — 1368 - يىللار) دا ياشىغان ئۇيغۇر تائامشۇناس قۇسقۇينى تىلغا ئالىمىز.[3] قۇسقۇينىڭ ئاتا - بوۋىلىرى شىنجاڭلىق بولۇپ، قۇبلايخان غەربكە يۈرۈش قىلىپ قايتقاندا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ

---

① «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشرى، 30 - بەت.

② ئا. خوجا قاتارلىقلار تەييارلىغان: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىلى نەشرى.

③ قۇسقۇينىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى قاراشنى «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ «جۇڭگو تارىخى» تارماق تومى «ئۇيغۇر» ماددىسىدىن كۆرۈڭ.

كېتىلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئاشپەزلىك ماھارىتى بىلەن
شاھلارنىڭ دىققىتىگە نائىل بولغان ۋە تېمۇر (يۈەن چېڭزۇڭ، 1294 —
1307 ـ يىللار ئارىلىقىدا تەختتە ئولتۇرغان) ۋە ئاخىرقى پادىشاھ
توقون تېمۇر يەنى ئولجايتۇ قاغان (يۈەن شۈندى، مىلادىيە 1333 —
1368 ـ يىللار ئارىلىقىدا تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىدە ئوردىدا باش
داستىخانچى بولۇپ ئىشلىگەن. قۇسقۇي ئۆزىنىڭ تەخمىنەن 40 يىل‌ـ
لىق ئوزۇقشۇناسلىق ۋە ئەمچىلىك (تېبابەتچىلىك) بىلىملىرى ئاسا‌ـ
سىدا «تائام تەييارلاش دەستۇرى» (« 饮膳正要 ») ناملىق كىتابنى
1330 ـ يىلى يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەر جۇڭگودا بارلىققا كەلگەن
«قەدىمكى زاماندىكى يېمەكلىك ـ ئىچمىلىك تازىلىقى ۋە تائامشۇناس‌ـ
لىققا دائىر تۇنجى ۋە مەخسۇس ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ».[1]

«تائام تەييارلاش دەستۇرى» ئۈچ جىلد بولۇپ، 1 ـ جىلدتا،
تۈرلۈك يېمەكلىكلەر، 2 ـ جىلدتا، يېمەكلىك ـ ئىچمىلىكلەرنىڭ
خۇرۇچلىرى، 3 ـ جىلدتا، ئاشلىق، كۆكتات، تۈرلۈك گۆش،
مېۋە‌ـ چېۋە قاتارلىقلار ھەققىدە سۆزلەنگەن... «قۇسقۇي ۋە ئۇنىڭ
‹تائام تەييارلاش دەستۇرى› ئېلىمىزنىڭ سەھىيە ۋە ساقلىقنى ساق‌ـ
لاش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇئەييەن تۆھپە قوشقان».[2]

قۇسقۇينىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ھەققىدىكى تەتقىقاتى يالغۇز ئېلى‌ـ
مىز تەۋەسىدىلا زور ئىلگىرىلەش بولۇپ قالماستىن، بەلكى دۇنياۋى
سەۋىيىدىنمۇ ئاللىقاچان ئېشىپ كەتكەن.

غەرب دۇنياسى 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئوزۇقلۇق يېتىش‌ـ
مەسلىك كېسەللىكى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولسا، ئېلىمىز
جۇڭگودا مىلادىيىدىن 200 يىل بۇرۇن ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكنى
ئېنىق بىلگەنلىككە دائىر يازما خاتىرىلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىغان.
يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە قۇسقۇي ئەمەلىي ئىزدىنىشلەر ئار‌ـ
قىلىق، بۇ كېسەللىكنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى بايقاشتا ئۇنۇم‌ـ
لۇك تۆھپىلەرنى قوشتى. «جۇڭگونىڭ دۇنيا بويىچە تۇنجى 100 چوڭ
كەشپىياتى» دېگەن داڭلىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئەنگلىيىلىك ئالىم

---

① ۋاڭ چىجۇڭ: «يۈەن دەۋرىدىكى ئوزۇقشۇناس قۇسقۇي»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1987 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى سانى.

② «قۇسقۇي — يۈەن دەۋرىدىكى ئوزۇقلۇقشۇناس»، شيې چىڭشاڭ قاتارلىقلار تۈزگەن: «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىي شەخسلىرى» دېگەن كىتابنىڭ 87 ـ بېتىگە قارالسۇن. مىللەتلەر نەشرىياتى، خەنزۇچە، 1983 ـ يىلى نەشرى.

روبېرت تامپول ئۆز كىتابىنىڭ «ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك كېسەللىكى» دېگەن 15 ـ ماددىسىدا قۇسقۇينىڭ ئىجادىنى باھالاپ تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: «قۇسقۇي ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك مەسىلىسى ۋە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك كېسەللىكى مەسىلىسى بويىچە ئاتاقلىق ئاپتور ئىدى. ئۇ 1314 ـ يىلدىن 1330 ـ يىلغىچە بۇ ساھەدە ئوتاچى ـ تېۋىپ بولۇپ ئىشلىگەن چاغلىرىدا ، تائام تەييارلاش دەستۇرى، دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان. بۇ كىتاب جۇڭگونىڭ يېمەكلىكلەر توغرىسىدىكى كلاسسىك ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتابتا قۇسقۇي ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكتىن بولىدىغان پۈت تەمرەتكىسىنىڭ ئىككى تۈرى (ھازىر بىز ئاتاپ كېلىۋاتقان ھۆل تەمرەتكە ۋە قۇرغاق تەمرەتكە) نى تەپسىلىي بايان قىلغان. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان داۋالاش ئۇسۇلى، ئاساسلىقى، تەركىبىدە ۋىتامىن $B_1$ ھەم باشقا ۋىتامىنلار كۆپ بولغان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن ئىبارەت».

دېمەك، جۇڭگونىڭ دۇنيا بويىچە تۇنجى 100 چوڭ كەشپىياتى ئىچىدىكى بەزى مەزمۇنلار ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى بىلەن تولۇقلانغان.

تۆۋەندە قۇسقۇينىڭ تائام تەييارلاش ئۇسۇلىدىن بىرقانچىسىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز:

ئۇسسۇلۇق تۈرىدىكى غىزائى داۋا نۇسخىلىرى:

(1) تورۇپ ئۈمىچى

ماتېرىيال: چوڭ تۇرۇپتىن بەش دانە.

ئاساسىي داۋاسى: كۆپ ئۇسساش ۋە سىيىش، تىل كۆيۈشۈش، ئېغىز قۇرۇش، سۈيدۈك قېتىم سانى كۆپىيىش.

تەييارلاش ئۇسۇلى: تۇرۇپنى قاينىتىپ پىشۇرغاندىن كېيىن سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا ئۈچ ئوچۇم گۈرۈچ سېلىپ، يەنە قاينىتىپ ئۈماچ تەييارلىنىدۇ.

(2) بۇغداي ئۈمىچى

ماتېرىيال: بۇغداي نورمال مىقداردا.

ئاساسىي داۋاسى: كۆپ ئۇسساش، ئېغىز قۇرۇش.

تەييارلاش ئۇسۇلى: يۇيۇپ پاكىزلاپ، قاينىتىپ ئۈماچ قىلىپ ياكى تائام تەييارلاپ ئاچ قورساق ئىستېمال قىلىنىدۇ.

غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملار، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى سۆز-سىزكى ناھايىتى چوڭ. بۇلار بۈگۈنكى كۈندە غايەت زور يېمەك ـ ئىچمەك سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر تائاملىرى» (ئاپتورى: توختى باقى) ناملىق كىتابتا 300 خىلغا يېقىن تاماق تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭ تەييارلىنىش ئۇسۇلى، خۇرۇچى قاتارلىقلارنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى، يەنە شۇ نەشرىياتنىڭ 1993 ـ يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيە-سى» (ئاپتورى: ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا) ناملىق كىتابتىمۇ خېلى كۆپ تارىخىي ۋە رېئال يېمەك- ئىچمەكلىكلەرنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇلار بىزنىڭ ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشى-مىزغا يېتەرلىك ماتېرىيال بولالايدۇ.

## § 2 . كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى

### 1. غەربىي يۇرت كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ خام ماتې-رىيالى

غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلار كىيىم ـ كېچەك قۇرۇلۇشىغا تولىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. چۈنكى غەربىي يۇرت تېپىك ئوتتۇرا ئاسىيا قۇرغاق رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەردە ھاۋا رايى، تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىشى تېز، جۇدۇن، شامال ـ بوران كۆپ، قىش بىلەن يازنىڭ پەرقى چوڭ. شۇنداق بولغاچقا، قەدىمدىن ھازىر-غىچە بۇ يەردىكى ئىنسانلار كىيىنىش ئىشلىرىغا تۈرمۇش تىرىكچىلى-كىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن. ئۇلار دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ خام ماتېرىيالىنى يېڭىلاپ تۇرغان، بەزى خام ماتېرىياللارنى نەچچە ئەسىر ئىشلەتكەن، بەزىلىرى شاللىنىپ قالغان.

بىرىنچى، يۇڭ. قەدىمكى دەۋردە غەربىي يۇرت يېرى كەڭرى، سۈيى كۆپ، ئوت ـ چۆپى مول رايون بولۇپ، چارۋىچىلىق ئىشلىرى خېلىلا تەرەققىي قىلغان. ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرى، يۇڭلى-رى، يۇڭىدىن ئىشلەنگەن كىگىز، پالاس، چەكمەن، يۇمشاق گىلەم

ۋە باشقا يۇڭ رەختلەر شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى قوۋملارنىڭ ئاساسلىق كىيىم - كېچەك خام ماتېرىيالى قىلىنغان. ئارخېئولوگىيە خادىملىرىنىڭ تەكشۈرۈشى ۋە تەتقىقاتىغا قارىغاندا، جۈملىدىن فاڭ يىڭجيېنىڭ «شىنجاڭنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تارىخى» («新疆屯垦史») ناملىق كىتابىنىڭ 7 - بېتىدە ئېيتىلىشىچە، 50 مىڭ يىل ئىلگىرى شىنجاڭ تارىخى كونا تاش قورال دەۋرىگە كىرىپ بولغان. فاڭ يىڭجيې سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، 50 مىڭ يىل ئىلگىرى جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى ئىپتىدائىي ئىنسانلار شىنجاڭدا ياشىغان، ئۇلار ئەڭ بۇرۇن شىنجاڭنى ئاچقان، كونا تاش قوراللارنى ياساپ ئىشلەتكەن، ئىپتىدائىي توپ تۇرمۇشىنى كەچۈرگەن… شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخى ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە قەدەم باسقان.»

ئېلىمىزدە نوپۇزلۇق ۋە ئىشەنچلىك دەپ قارىلىدىغان خەنزۇ ئەپسانە-رىۋايەتلىرى ۋە تارىخىي ھۆججەتلىرىدە سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدا قەدىمكى دەۋردىن بېرى دى، گۇيفاڭ، روڭ، چياڭ قاتارلىق قوۋملار ياشاپ كەلگەن. بۇلارنى كېيىنكىلەر تەتقىق قىلىپ، تۈركىي تىلىدىكى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ۋە باشقا جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى قوۋملارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى دەپ ھېسابلاشقان. دېمەك، تاش قورال دەۋرىدە ياشىغان شىنجاڭ رايونىدىكى ئاشۇ ئەجدادلار ھەر خىل شەكىللىك تاش قوراللار ياردىمىدە ياۋايى ھايۋانلار، ئۇچار قۇشلار ۋە ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلارنى ئوۋلىغان، سۇلاردىن بېلىقلارنى تۇتقان، بۇ ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرى يېمەكلىك قىلىنغان بولسا، تېرە، يۇڭلىرى كىيىم ماتېرىيالى قىلىنغان. غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىنى كىيىم - كېچەك خام ماتېرىيالى قىلغانلىقىغا ئاساسلىنىشتا تارىخىي ھۆججەتلەرگە مۇراجىئەت قىلساق، پاكىتلىرىمىز يېتەرسىزلىك قىلىدۇ. بۇنىڭدا پەقەت ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلارغا دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئىشەنچلىك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويالايمىز.

1979 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تارىم بوستانلىقىدىكى كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەرنى قېزىپ، نۇرغۇن ئارخېئولوگىيىلىك ماددىي بۇيۇملارنى تاپتى.

كۆنچى ۋادىسىدىكى قەدىمكى كىشىلەر يۇڭ بۆك، يۇڭ توقۇلمىدىن يۆگەنچە كىيگەن. ئۇلاردىن باشقا لوپنۇر رايونىدىن يەنە 3000 — 4000 يىل ئىلگىرىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن يۇڭ كىيىم - كېچەك، يۇڭ ئەدىيال، يۇڭ رەخت قاتارلىق بۇيۇملار بايقالدى. قۇمۇلدىكى 3000 يىل ئەتراپىدىكى قەدىمگاھ بەش قىلئە قەبرىستانلىقىدىنمۇ رەڭلىك يۇڭ رەختلەر ئۇچرىتىلدى. ئومۇمەن، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 يىلدىن مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىگىچە بولغان بۇ ئۇزۇن يىللارغا مەنسۇپ قەدىمكى ئىزلارنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك يۇڭدىن ئىشلەنگەن ھەر خىل بۇيۇملار بايقالدى. بۇ ھال غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى قوۋملارنىڭ تۇرمۇشىدا يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىككىنچى، تېرە - كۆن. كۆنچى دەريا ساھىلىدىكى 3800 يىل بۇرۇنقى قەدىمكى جەسەتلەرنىڭ پۇتىغا كۆندىن ئىشلەنگەن ئۆتۈك كىيگۈزۈلگەن. يەنە قۇمۇل قارادۆۋە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان 3200 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ جەسەتلەرنىڭ پۇتىغىمۇ قونچلۇق ئۆتۈك كىيدۈرۈلگەن. يەنە تېرە شىم - ئىشتانمۇ چىققان. ئۆتۈك كۆندىن تىكىلگەن، ئۇ ئوبدان ئاشلانغان تېرىدىن قىلىنغان، ئىشتاننىڭ تېرىسىمۇ ئاشلانغان. سېلىشتۇرما ماتېرىياللارغا قارىغاندا، تېرىنى ئاشلاش ۋە ئۇنىڭدىن كىيىم - كېچەك تەييارلاش ئىلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قوۋملارنىڭ كەسپىياتلىرى بولغان، دېگەن قاراشمۇ بار. كۆنچى دەرياسىنىڭ نامىمۇ «كۆن تەييارلىغۇچى» دېگەن مەنىدە «كۆنچى» دەپ ئاتالغان. كىشىنى تېخىمۇ قىزىقتۇرىدىغىنى شۇكى، بەزىلەرنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، «كۆن» دېگەن بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلىنىڭ يىلتىزى بولغان ئالتاي تىللىرى دەۋرىدە بار بولۇپ، ئۇنىڭ 6000 — 8000 يىللىق تارىخىنى سۈرۈشتە قىلىشقا بولىدىكەن. مەسىلەن، تاڭ شەنچۈن، ليۇجېڭخۇالارنىڭ «‹خۇاڭ دى› نىڭ يەشمىسى» دېگەن ماقالىسىدا، «خۇاڭ دى» دىكى «خۇاڭ» ( 黄 ) ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى «Kön» بىلەن ئوخشاش تەلەپپۇزدىكى سۆز بولۇپ، مەنىسى ئوخشاش، ھايۋان تېرىسى دېگەندىن ئىبارەت.[1] چۈنكى خۇاڭ

① «ئەدەبىيات - تارىخ بىلىملىرى» («文史知识») ژۇرنىلى، 1988 - يىلى 9 - سان، 106 - بەت، بېيجىڭ.

دى ئەسلى جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن چارۋىچى «رۇڭدى» (戎狄) قوۋمىنىڭ بوۋىسى بولۇپ، كېيىنچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بوۋىسى بولۇپ قالغان[1] دېگەن قاراش بايان قىلىنغان.

ئۈچىنچى، يىپەك. يىپەك جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۇلۇغ كەشپىياتى، ئۇ ئەڭ دەسلەپ، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى ۋە شىنجاڭ رايونىدا ئىستېمال قىلىنغان. شىنجاڭدا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 10 ـ ئەسىرلەردىلا يىپەك رەختلەر ئىستېمال قىلىنغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە شىنجاڭنىڭ يىپەكلىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى چېگرا ئېغىزلىرى ئارقىلىق غەرب ئەللىرىگە چىقىرىلغان. غەرب ئاپتورلىرى يەنى يۇنان، رىم ئاپتورلىرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 5 ـ ئەسىردىن باشلاپ شەرقىنىڭ يىپەكى توغرىسىدا خاتىرىلەر قالدۇرغان ھەم شىنجاڭنى «Serec — يىپەك ئېلى» دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتىغان.[2] دېمەك، 2500 يىلدىن بېرى غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملار يىپەك رەختلەرنى ئىشلىتىپ كەلگەن.

تۆتىنچى، پاختا. پاختا غەربىي يۇرتنىڭ كىيىم ـ كېچەك خام ماتېرىياللىرىدىن بىرى بولۇپ كېلىۋاتقىنىغا 2000 يىل بولدى. 1959 ـ يىلى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى نىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى قەدىمكى خارابىلەردىن زور تۈركۈمدىكى پاختا توقۇلمىلارنى بايقىدى. بۇلار 1700 يىلدىن ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ ئىكەن. ياۋ سىليەننىڭ «لياڭنامە. قوچو تەزكىرىسى»دە، پاختىغا دائىر خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە يازما ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەڭ كېچىككەندىمۇ مىلادىيە 2 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 3 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىن باشلاپ، پاختا توقۇلمىلار غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى قوۋملارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىغان. غەربىي يۇرتتا پاختىدىن ئىشلەنگەن توقۇلما بۇيۇملارنى ئىشلىتىش تارىخى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئىلگىرىرەك بولغان. ئالىملارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ

---

① گومورو: «جۇڭگو تارىخى تېزىسلىرى» («中国史稿»)، 1 ـ قىسىم، خەلق نەشرىياتى، 1976 ـ يىلى نەشرى 118 ـ بەت، بېيجىڭ.

② چيەن بوجۈن: «سېرىس، ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، «غەربىي يۇرت تارىخ مەجمۇئەسى» («西域史论丛»)، 1 ـ قىسىم.

پاختا توقۇلمىلارنى كىيىم قىلىپ كىيىشى 1000 يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەن.

بەشىنچى، كەندىر. كەندىر توقۇلمىلىرى غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى قۇۋمىلارنىڭ مۇھىم كىيىم - كېچەك خام ماتېرىيالى. ئۇ جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ كەندىر تالا توقۇلمىلىرىنىڭ تارىخىدىنمۇ ناھايىتى قەدىمىي. تەخمىنەن 4000 يىل ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ كۆنچى ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئىزلاردىن كەندىر تالا توقۇلمىلىرى بايقالدى. ئۇ يەردە لوپنۇر كەندىرى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇ كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساشتا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان. تۇرپان رايونىدىكى قەدىمكى ئىزلاردىن ھەم كەندىر تالالىرىدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار، كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپە، كەندىر پايپاق، سېۋەت، ئارقان قاتارلىقلار قېزىۋېلىندى. يەنە خەنزۇچە ھۆججەتلەردىمۇ تۇرپان رايونىدا كەندىر ئىشلىتىلگەنلىككە دائىر بىرمۇنچە خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يۇڭ، يىپەك، پاختا ۋە كەندىر غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى قوۋملار، جۈملىدىن تارىم ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ خام ماتېرىيالى قىلىنغان. شىنجاڭ، جۈملىدىن جۇڭگونىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بۇ خام ماتېرىياللار توغرۇلۇق بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش كېرەك. شۇنداق بولغاندا غەربىي يۇرتنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى تارىخى ھەققىدە ئىلمىي كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغىلى بولىدۇ.

## 2. غەربىي يۇرت كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ تۈرى ۋە ئالاھىدىلىكى

كىيىنىش سەنئىتىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىگە ئۇزۇن يىللار بولغان. ئىدراكلىق ئىنسانلار ھايۋانلار دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىققان ئاشۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدىلا ئۇياتلىق ئەزالىرىنى يوشۇرۇن تۇتۇشنى بىلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار ئۆزلىرى ياشىغان جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئاددىي كىيىنىشتىن

بارا ـ بارا مۇرەككەپ كىيىنىشكە، تەبىئىي ئېھتىياجغا ئاساسەن كىيىنىشتىن، گۈزەللىك تەلىپىگە ماسلاشقان كىيىنىشكە قاراپ تەرەققىي قىلغان.

ئالىملار كىيىنىش ئادىتى يېمەك ـ ئىچمەك ۋە تۇرالغۇ جايغا ئىگە بولۇش ئادىتىگە ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ ياشاش ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئۈچ ئالدىنقى شەرتىنىڭ بىرى دەپ ھېسابلايدۇ. دېمەك، قورسىقى توق ئادەملەر قەھرىتان سوغۇقتىن، جۇدۇن ـ چاپقۇندىن، پىژغىرىم ۋە سەراتان ئىسسىقتىن يېتەرلىك دەرىجىدە ئۆزىنى قوغدىيالمىسا ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. كىيىم ـ كېچەكسىز ئىنسانلار تارىخىنى تولۇقى بىلەن ئۆگىنىش مۇمكىن ئەمەس.

غەربىي يۇرت ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، دېڭىزدىن يىراق، ھاۋاسى قۇرغاق، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، قىش پەسلى ئۇزۇن بىر جاي. قەدىمكى كىشىلەر قۇرغاقچىلىقتا، چۆل ـ باياۋان ۋە ھەر خىل ئاپەتلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مۇكەممەل ۋە يۈرۈشلۈك كىيىم ـ كېچەك تۈرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. كىيىم ـ كېچەكسىز پائالىيەت قىلىش ياكى ئۇياتلىق ئەزالىرىنىلا چۈمكەپ يۈرۈش ئادىتى قەدىمكى چاغلاردىلا ئەمەلدىن قالغان.

ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ۋە يازما ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ يۈرۈشلۈك ۋە پۈتۈن بەدەننى ياپقۇدەك، سېلىپ ـ كىيىشكە ئوڭاي كىيىملەرنى كىيگەنلىك تارىخى 3000 — 4000 يىللىق تارىخقا ئىگە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ يىراق دەۋرلەردە باشلانغان، دەپ پەرەز قىلساق، ئىلىم ساھەسىدىن چىقىپ كەتكەن ھېسابلانمايدۇ.

تارىختىن بېرى غەربىي يۇرتتا ئىستېمال قىلىنغان كىيىم ـ كېچەكلەرنى مۇنداق تۈر ۋە خىللارغا ئايرىشقا بولىدۇ: ئومۇمىي تۈر جەھەتتە تاشقى كىيىم ۋە ئىچ كىيىم دەپ ئىككى تۈرگە؛ جىنسىي پەرقىگە قاراپ ئەرەنچە كىيىم، ئايالچە كىيىم دېگەن ئىككى خىلغا؛ پەسىلگە قاراپ يازلىق كىيىم، قىشلىق كىيىم؛ ئائىلە ئىشلىرى، ئەمگەك ـ كەسىپ، توي ـ تۆكۈن ۋە مۇراسىم ئەھۋالىغا قاراپ

ئۆيچىلىك كىيىم، ئەمگەك كىيىمى، كەسپىي كىيىم، تويلۇق - مۇراسىملىق كىيىم، مېھمان كىيىمى؛ ياشاش مۇھىتى، ئىمتىياز پەرقىگە قاراپ يېزا كىيىمى، شەھەرلىكلەر كىيىمى، ئاقساقال - مۆتىۋەرلەر، بەگلەر كىيىمى، مىرزىلار، شاھلار، خان - ئايىملار كىيىمى؛ ياش پەرقىگە قاراپ بالىلار كىيىمى، چوڭلار كىيىمى دېگەنگە ئوخشاش خىللارغا ئايرىلىدۇ. ئومۇمەن، يۇرۇشلۇك كىيىملەر بولسا ئاياغ كىيىم، ئۈچ (ئۈست) كىيىم ۋە باش كىيىم دېگەن ئۈچ خىل بولىدۇ. بۇلاردىن باشقا ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىك تەلىپى بويىچە قوشۇمچە نەرسىلەرمۇ بار بولۇپ، بۇلار ئاسقۇ، ياپقۇ، يۆگەك قاتارلىق خىللارغا تەئەللۇق، ئۇلار ئوتۇغات، ئۆكە، بۇلاپكا - مېدالىئون، مارجان، ھالقا - سىرغا، بىلەزۈك، ئۈزۈك، گالستۇك، باغىرداق (لىپتىك)، بەلۋاغ - پوتا، غىلاپلىق پىچاق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاياغ كىيىملەر: غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلار قەدىمدىن بېرى ئاياغ كىيىمگە بەك ئەھمىيەت بەرگەن. پەسىل، سورۇن، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى قاتارلىقلارغا ئاساسەن يازلىق ۋە قىشلىق، قونچلۇق ۋە قونچىسىز، پاشنىلىق ۋە پاشنىسىز ئاياغلارنى تېرە - كۆن، يۇڭ، رەخت، ياغاچ قاتارلىقلاردا تىكىپ كىيىشكەن. بۇلار ئۆتۈك، مەسە، كالاچ (كېپىش)، چورۇق، سەندەل كەش، بەتىنكە، بوتىي، پىيما، كەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئۆتۈك (كۆنچەك): ئۆتۈك غەربىي يۇرتتا ئەڭ بۇرۇن بارلىققا كەلگەن ۋە ئىزچىل ئىستېمال قىلىنىپ كېلىنگەن سەرخىل ئاياغ كىيىملىرىنىڭ بىر خىلى. ئامېرىكىلىق ئالىم مىكوۋېرىن «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى» ناملىق كىتابىدا ئۆتۈك توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «نىل ۋادىسى، ھىندى ۋادىسى، تىگىر- ئېفرات ۋادىسى، شۇنداقلا خۇاڭخې ۋادىسىدىكى رايونلاردا ياشىغان قەدىمكى كىشىلەر ياغاچتىن ئىشلەنگەن كەش كىيەتتى، تېرە ئۆتۈك كىيمەيتتى، ئۆتۈك ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بولۇشى مۇمكىن». غەربلىك بۇ ئالىمنىڭ 1939 - يىلى ئېيتقان بۇ پەرىزى 20 - ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدىن كېيىن شىنجاڭدىن ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشتا بايقالغان ماددىي پاكىتلار ئارقىلىق يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن

ھالدا ئىسپاتلىنىشقا قادىر بولماقتا. مەسىلەن، كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىكى 3800 يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمكى قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان كۆن ئۆتۈك، قۇمۇل قارادۆۋە قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان 3000 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ كۆن ئۆتۈكلەر بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ خەنزۇچە ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئۆتۈك ھەقىقەتەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ غەربىي شىمالىدىكى خۇلارنىڭ ئاياغ كىيىمى ئىدى. ئۇ جەنگو زامانىسى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 475 ـ يىلىدىن 221 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىق) دا مەركىزى جۇڭگو رايونىدا ھۆكۈم سۈرگەن جاۋ بەگلىكى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرگە تونۇشلۇق بولۇشقا باشلىغان. بۈگۈنكى كۈندىمۇ شىنجاڭ خەلقى ئۆتۈك كىيىش ئادىتىنى سۇسلاشتۇرماي كەلمەكتە.

ئۇچ (ئۇست) كىيىم: ئۇچ — ئۇچا (ئۇچىغا كىيىدىغان) كىيىملەرنىڭ تۈر ـ خىللىرىنىڭ كۆپلۈكى، شەكلىنىڭ ھەر خىللىقى، پاسونىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن غەربىي يۇرت دۇنياغا مەشھۇر. غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلار پەسىل، ياش، جىنس، ئىمتىياز ، كەسىپ قاتارلىقلارغا ئاساسەن خىلمۇخىل ئۇست كىيىملەرنى كىيگەن. ئىچ ۋە تاش كىيىم پەرقىمۇ ئاساسەن مۇشۇ ئۇست كىيىملەرگە قارىتىلغان.

تارىختىن بېرى غەربىي يۇرتتا ئىستېمال قىلىنغان بۇنداق كىيىملەر ئۇزۇن ـ قىسقا كۆڭلەك (بۇ ئەرەنچە، ئايالچە كۆڭلەك دېگەن خىلغا ئايرىلىدۇ)، چاپان (بۇ كالتە چاپان، مەخسۇمچە چاپان، تون، يەكتەك، پەلتو، نىمچا، پەشمەت، جۇۋا قاتارلىق خىللارغا ئايرىلىدۇ)، ئىشتان (بۇ كالتە ئىشتان، ئۇزۇن ئىشتان، نېپىز، قوش ئەستەرلىك، پاختىلىق، تېرە ئىشتانلارغا ئايرىلىدۇ. بۇلار ئومۇمىيۈزلۈك «تامبال» دەپمۇ ئاتالغان) دىن ئىبارەت.

ئۇچ (ئۇست) كىيىملەر ئىچىدە چاپاننىڭ تۇتقان ئورنى بىر قەدەر چوڭ. بىراق قەدىمكى زاماندا چاپان ھازىرقىدەك خىلمۇخىل تۈرلەرگە بۆلۈنمىگەن بولسا كېرەك، ئىگىلەنگەن ماتېرىياللارغا قارىغاندا، شىنجاڭ تارىخىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى چاپان قۇمۇلنىڭ قىزىل چوقىقا (ۋۇباۋ) دىكى قەدىمكى قەبرىدىن چىققان ئۇزۇنلۇقى 1.35 مېتىر، ياقىسىز، تار يەڭلىك، يەڭ ئۇچى ۋە ئاستىغا تېرە تاسمىدىن جىيەك

ئۇتۇلغان چەكمەن تون بولۇپ، ئارخېئولوگلارنىڭ دەلىللىشىچە، بۇ بۇنىڭدىن 3200 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا توغرا كېلىدىكەن، بۇنىڭدىن باشقا يەنە قۇمۇل قارا دۆۋە قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان 3200 يىللىق تارىخقا ئىگە رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن ئۇزۇن تون قاتارلىقلار بار. شىنجاڭ كىيىم - كېچەك تارىخى تەتقىقاتچىسى شاڭ يەنبىن قۇمۇل قىزىل چوقىقادىكىلەرنىڭ چاپان كىيىشى ئوتتۇرا توزلەڭلىكتىكىلەرگە قارىغاندا ئىلگىرى ئىدى، دېگەن قاراشتا بولغان.①

قىزىل مىڭئۆيدىكى 55 - ئۆڭكۈرنىڭ ئىككى تېمىغا سىزىلغان رەسىمدە ئەرلەر ياقىلىرى ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان، پەشلىرى ئېچىلىپ تۇرغان تون كىيگەن، بېلىگە بەلۋاغ باغلىغان، پىچاق قىسقان ھالەتتە تۇرغان. بېزەكلىكتىكى 32 - ئۆڭكۈردىكى تام رەسىمىگە سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن قوچو ئۇيغۇر خانى يۇمىلاق ياقىلىق، قىزىل رەڭلىك، تار يەڭلىك ئۇزۇن چاپان كىيگەن، بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئىچىدە ئەرلەرنىڭ كىيىملىرى يانتۇ ياقىلىق ياكى يۇمىلاق ياقىلىق، تار يەڭلىك ئۇزۇن چاپان كىيىش ئاساس قىلىنغان.② مەسىلەن، ئاستانىدىكى 305 - نومۇرلۇق قەبرە (يىل دەۋرى مىلادىيە 384 - يىلى دەپ بېكىتىلگەن) دىن ئەرەنچە، ئايالچە بەدەننى يېپىپ تۇرىدىغان يىپەكتىن تىكىلگەن يەكتەك تېپىلدى. يەنە 306 - نومۇرلۇق قەبرە (يىلى مىلادىيە 541 - يىلى دەپ بېكىتىلگەن) دىكى بۇيۇملار ئىچىدىن يۇمىلاق ياقىلىق، قىسقا يەڭلىك بىر يەكتەك چىققان بولۇپ، يېڭى پەقەت جەينەككىچىلا بارىدۇ.③ غوبى چۆللۈكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرپان ۋادىسىغا كېلىپ ئۇزۇن مۇددەت ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئادەتلىنىشى نەتىجىسىدە كىيىم - كېچەكلەردە كەڭ يەڭلىك ئۇزۇن چاپان كىيىش ئادىتى شەكىللەنگەن. پارس تارىخچىسى گەردىزى «زەينۇل ئەخبار» ناملىق كىتابىدا بۇ خىل چاپانلار توغرۇلۇق توختىلىپ: «بۇنداق كەڭ- چوڭ كىيىملەر پۈتۈن بەدەننى ئورىيالايدۇ، ياقىسى

① شاڭ يەنبىن: «قالدىنلى جىن دەۋرىدىكى شىنجاڭدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1989 - يىلى 2 - سان، 34 - بەت. خەنزۇچە.

② «جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامانلاردا شىمالدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخى» (مىللىي مەدەنىيەت تومى)، خېيلۇڭجياڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىلى نەشرى، 1153 - بەت.

③ مۇنىلوۋى مايىللارد: «قەدىمكى قوچو خانلىقىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تارىخى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1985 - يىلى نەشرى، 142 - بەت.

كەڭ، پېشى ئۇزۇن»[1] بولىدۇ دېگەن بولسا؛ ئەرەب ساياھەتچىسى تەمىم ئىبنى بەھر قوچو ئۇيغۇرلىرى توغرۇلۇق توختىلىپ: «ئادەتتىكى كىشىلەر يىپەكتىن ياكى پاختا يىپتىن كىيىم كىيىدۇ، كىيىملەر كەڭ ھەم چوڭ، پۈتۈن بەدەننى ئورايدۇ، ياقىسى كەڭ، پېشى ئۇزۇن»[2] دەپ يازغان. گاباتىن خانىمنىڭ «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى» ناملىق كىتابىدىمۇ قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ چاپانلىرى توغرۇلۇق ئۇچۇرلار بار. تارىخىي خاتىرىلەر، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە مىڭئۆي تام سىزمىلىرىدىكى كۆرۈنۈشلەرگە قارىغاندا، ئاياللارمۇ قەدىمدىن تارتىپ ئەرلەرگە ئوخشاش چاپان كىيىشكە ئادەتلەنگەن. قىزىل مىڭئۆي 55 - ئۆڭكۈردىكى رەسىملەردىكى يان تەرىپىدە چېكى بار نىمچە كىيگەن، نىمچىنىڭ ئۈستىگە كالتە يەڭلىك سىرتقى كىيىم كىيگەن ئاياللارنىڭ رەسمى[3] ھەمدە چەرچەن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشتا قېزىۋېلىنغان 3000 يىللىق تارىخقا ئىگە، بويى 1.90 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئايال جەسەتنىڭ ئۈستىگە كىيدۈرۈلگەن جىگەررەڭ يۇڭ توقۇلمىدىن تىكىلگەن تونچە ياقىلىق كالتە چاپان،[4] تۇرپاننىڭ يالقۇنتاغ ئېتىكىدىن قېزىۋېلىنغان 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە قەدىمكى قەبرىلەردىن چىققان 10 دىن ئارتۇق ئەر ۋە ئاياللارغا كىيدۈرۈلگەن قايرىما ياقىلىق تېرە جۇۋا قاتارلىقلار[5] بۇ قاراشنى ئىسپاتلايدۇ.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «ئىچۈك - ئوچۇك، بۇلغۇن، سۆسەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا» (I توم، 93 - بەت)؛ «قارس، يۇڭ چەكمەن چاپان»، «تۈگە ياكى قوي يۇڭىدىن ئىشلەنگەن كىيىم» (I توم، 453 - بەت) دەپ ئىزاھ بېرىلگەن ھەم تون، ئەر - ئاياللار جىلىتكىگە دائىر بەزى

---

① بارتولد: «گەرەمزىنىڭ «زەينۇل ئەخبار» ئەسىرىدىن ئۈزۈندىلەر»، «غەربىي شىمالنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1983 - يىلى 4 - سان، لەنجۇ.

② مۇشۇنىڭ قاتارلىقلار: «شىنجاڭدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1985 - يىلى نەشرى، 18 - بەت.

③ شالۇڭ بەنيىن: «ئۇيغۇر كىيىم - كېچەكلىرى ۋە زىبۇزىننەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە تارىخىي كۆزىتىش»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994 - يىلى 3 - سان.

④ گا. خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، 52 - بەت.

⑤ «شىنجاڭ گېزىتى»، 1993 - يىل 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى سانىنىڭ 1 - بېتىگە قارالسۇن.

ئۇچۇرلارمۇ بېرىلگەن. «قۇتادغۇ بىلىك»تە «قاماجۇۋا» توغرۇلۇق توختىلىلغان. بوخېلڭ يازغان «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» («西域图志») ناملىق كىتابتا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدىكى «ئەرلەر چولڭ ياقىلىق، تار يەڭلىك تون كىيگەن، ئاياللار ئىككى تەرىپىدە چېكى بار نىمچە كىيەتتى. ئىچ كىيىملىرى تىزىغا چۈشەتتى» (شۇ كىتاب، 42 - جىلد) دەپ يېزىلغان. مەدەنىيەتشۇناسلار شۇنى تونۇپ يەتتىكى، بۈگۈنكى چاپانلار غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلار كىيگەن تونلارنىڭ مەھسۇلى ئىكەن.

ئەمدى، ئاياللارنىڭ مۇھىم ئىچكى كىيىملىرىدىن بىرى بولغان «باغىرداق» (لىپتىك) ھەققىدە توختىلىمىز.

باغىرداق ھەم ئىچكى كىيىم ھەم ئاياللارنىڭ ياسىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك بېزەك كىيىمى. مەھمۇد كاشغەرى مىلادىيە 1075 - يىلى تاماملىغان «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» ناملىق كىتابىدا «باغىرداق» (لىپتىك) دېگەن سۆزگە ئەرەبچە لىپتىك مەنىسىدە ئىزاھات بەرگەن ( I توم، 653 - بەت). بۇ ئەينى چاغدا ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارىسىدا ئۇنىڭ ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەپسۇسكى، خارىجى نەشرىياتى نەشر قىلغان «دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى بار» دېگەن كىتابتا «لىپتىك»نى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئامېرىكىدا پەيدا بولغان، ئۇنى ئامېرىكىلىق دىنكولىن خانىم كەشىپ قىلغان دەپ يازغان. «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» تىكى مەلۇمات بۇ قاراشنى رەت قىلىدۇ.①

ئىشتان (تامبال): بۇ مۇھىم ئۇچ (ئۈست) كىيىملەرنىڭ بىر خىلى. غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلار ئات مىنىش، كۆندۈرۈش جەھەتتە قەدىمكى زامان دۇنيا تارىخىدا ئالدىدا ماڭغانلار بولغاچقا، ئىشتان كىيىشتىمۇ بۇ خىل چېمپىيونلۇقنى قولدىن بەرمىگەن. چۈنكى ئېغى بار، تارراق ئىشتان بىلەن ئات مىنىش تولىمۇ قۇلاي ئىدى. غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلار كىيگەن ئىشتاننىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئەۋرىشكىسى 1985 - يىلى چەرچەن ناھىيىسىنىڭ زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشتا بايقالغان جىگەررەڭ

① ي. ئاخىر: «باغىرداق كىيىمگە بەتمۇپ»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1992 - يىل 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىكى سانىغا ۋە «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1994- يىللىق 3 - سانىدىكى ماقالىسىگە قاراڭ.

يۇڭ توقۇلمىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن ئىشتان بولۇپ، ئۇ 3000 يىللىق تارىختا ئىگە بولۇپ، ئېلىمىز مىقياسىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى ئىشتان ئەۋرىشكىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەزىلەر بۇنداق ئىشتان توغرۇلۇق توختىلىپ: ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئىچكى رايونلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەقىقىي ئىشتان كىيىشى جۇ سۇلالىسى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1066 ــ يىلىدىن 221 ــ يىلىغىچە) نىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ «جاۋ بەگلىكىنىڭ ۋۇلىڭ خانىنىڭ 19 ــ يىلىنىڭ بېشىدىكى خۇچە ياسىنىش» زامانىسى ئىدى. بۇنىڭدىن شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئۇزۇن ئىشتان كىيىش تارىخى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىن بۇرۇن بولغان.①

باش كىيىم (بۆك): غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئېگىز- ئۇچلۇق باش كىيىمى (بۆكى) تارقىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ئىزچىللىقى جەھەتتە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. باش كىيىم قەدىمكى چاغدا «بۆك» دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ «بۆرك» سۆزىدىن كەلگەن. شىنجاڭ تارىخىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى بۆك (تۆپە) ئەۋرىشكىسى كۆنچى دەريا ۋادىسىدىن ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشتا قېزىۋېلىنغان دۇنياغا مەشھۇر ئايال جەسەتنىڭ بېشىدىكى ئۇچلۇق كىگىز قالپاق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئۇچلۇق تۇماقلار قەدىمكى دەۋرلەردە كەڭ تارقالغان. ئارخېئولوگلار كۆنچى دەريا ۋادىسىدىكى قەدىمكى قەبرە خارابىسىدىن ئايال قونچاقنىڭ بېشىدا ئۇچلۇق بۆكنىڭ بارلىقىغا دىققەت قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا كۆنەس ناھىيىسىدىكى كۆنەس دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 475 ــ يىلىدىن 221 ــ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەۋرگە مەنسۇپ بىر قەبرىدىن بېشىغا ئۇچى ئالدىغا ئېگىلگەن، يۇمىلاق بۆك (تۆپە) كىيگەن، مىستىن ياسالغان بىر قونچاق قېزىۋېلىنغان. يۇنان تارىخچىسى ھېرودوتنىڭ «تارىخ» ناملىق كىتابىدىكى بايانلارغا قارىغاندا، ئۇچلۇق بۆك كىيىش ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان قەدىمكى ساكلاردىمۇ بولغان. بۇ كىتابتا ساكلار «باشلىرىغا ئېگىز، ئۇچلۇق، قېلىن كىگىزدىن ياسالغان بۆك كىيىدۇ» دېيىلگەن. قۇمۇلنىڭ قىزىل چوققا (ۋۇباۋ)،

---

① شاڭ پەنبىننىڭ «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ خەنزۇچە 1989 ــ يىللىق 2 ــ سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىگە قارالسۇن.

چەرچەن ناھىيىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى ئىزلاردىن، كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىن قېزىۋېلىنغان جەسەتلەردىن قارىغاندا، ئۆلگۈچى بېشىغا ئۇچلۇق كەلگەن بۆك كىيگەن. مەھمۇد كاشغەرى بەرگەن ئۇچۇرغا قارىغاندا، ماكېدونىيىلىك ئىسكەندەر شەرققە يۈرۈش قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئالدىن يۈرەر قوشۇنلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرغان 4000 كىشىلىك ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ قالپاقلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشاش بولغان. بۇ ۋەقە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 329 – يىللىرى بولغان بولسا كېرەك دەپ قارىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ غوبى چۆللۈكى ساھىلىدا ياشىغان ئەجدادلىرى ئارىسىدا بۆك كىيىش ئادىتى غەربىي يۇرتتا ياشىغان باشقا قەدىمكى ئەجدادلار بىلەن ئوخشاش بولغان. خەنزۇچە ماتېرىياللاردا ئۇيغۇر خانىشلىرى «ئۇچلۇق ئالتۇن تاج» كىيگەن («كونا تاڭنامە» 5312– بەت) دەپ خاتىرىلەنگەن. بېزەكلىكتىكى 55 – غاردىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىككى خىل بۆك كىيگەن ھالەتتە سىزىلغان. بىرىنچى خىلدىكى بۆكنىڭ ئۇچى ئۇچلۇق، ئاستى يۇمىلاق، ئۇچىغا جىيەك تۇتۇلغان؛ ئىككىنچى خىلدىكى بۆك ئۇچى ئالدىغا ئېگىلگەن، كەينىگە يۇمىلاق جىيەك تۇتۇلغان. «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» تىمۇ «قوتۇرما بۆك» دېگەن بىر خىل بۆك تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇنىڭغا «قايرىما بۆك، ئالدى ۋە ئارقا تەرىپىدە قايرىمىسى بولغان قالپاق» (I توم، 638 – بەت) دەپ ئېنىقلىما بېرىلگەن. خې يىڭنىڭ «مۇسۇلمان يۇرتلارنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» («回疆通志») ناملىق كىتابىدا، «مىڭ، چىڭ دەۋرلىرىدە ئەرلەرنىڭ بۆكىنىڭ ئۈستى يۇمىلاق، ئېگىزلىكى ئالتە – يەتتە سۇڭ، ئالدى – كەينى ئۇچلۇق بولۇپ، جىيەكلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئالتە – يەتتە سۇڭ كېلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ بۆكلىرىگە قارىتىلغان.

ۋاڭ زېڭيىي يازغان «مۇسۇلمان يۇرتلار ھەققىدە خاتىرە» («回疆杂记»: 王曾翼) ناملىق كىتابتا، شىنجاڭدىكى ئاياللار «كىچىك دوپپا كىيىدۇ، ئۈستىگە گۈللەر كەشتىلەنگەن بولىدۇ» دېيىلگەن. بۈگۈنكى زامانغا كەلگەندە، شىنجاڭدا ياشايدىغان ئۇيغۇر،

قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەر ھەر خىل بۆكلەرنى كىيىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىمىنىڭ خىلىنىڭ كۆپلۈكى، نەقىش ۋە كۆركەملىكى جەھەتتە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. پەقەت ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ 100 نەچچە خىلغا يېتىدىغانلىقى ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدۇ. ئىلمىي خادىملار شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىكى، ئۇيغۇر بۆكلىرى، بولۇپمۇ دوپپىلىرى غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ بۆك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىنىپ، ئۆزگىرىش ياساپ، بۈگۈنكىدەك سىپتا ۋە كۆركەم شەكىلگە كەلگەن.①

مىلادىيە 3 - ئەسىردىن ئىلگىرىكى چاغقا مەنسۇپ نىيە قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىكى ھەمدەپنە بۇيۇملار ئىچىدە ماسكا، پەلەي، پايپاق ۋە ياستۇق، يوتقان قاتارلىقلار بايقىلىپ، بۇ نەرسىلەرنىڭ تارىخى توغرۇلۇق ماددىي پىكىر ئېيتىشنىڭ پاكىتى بار بولدى.

## 3. قەدىمكى كىشىلەرنىڭ تارىنىش - ياسىنىش ۋە زىننەتلىنىش ئادەتلىرى

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر ئاياللىرى چاچلىرىنى تال - تال ئۆرۈپ، ئۇستىگە رەڭگارەڭ بېزەكلەرنى قىستۇرۇپ، ئۇزۇن قويۇۋېتىپ يۈرىدۇ (1980 - يىللاردىن كېيىن قىسمەن ئۆزگىرىشلەر بولدى). بۇ خىل ئادەت قازاق، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق مىللەت ئاياللىرىدىمۇ بار. ئۇ يىراق تارىخىي ئەنئەنىگە ۋە كۈچلۈك ھەم قويۇق مىللىي ئاساسقا ئىگە.

1979 - يىلى ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىشتا بايقىلىپ، پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان كۆنچى دەرياسى ۋادىسى ئۆرەدەكلىك (گۇمۇگۇ) قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان 3800 يىل بۇرۇنقى ئايال جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن بەش تال ياغاچ قونچاق، بىر تال تاش قونچاق② نىڭ باشلىرىغا ئۇچلۇق بۆك كىيدۈرۈلگەن، چاچلىرى كال-

---

① بۇ ھەقتە ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىننىڭ «ساك - سكىتاي - ئۇيغۇر كىيىم مەدەنىيىتىدىكى ئېتنولوگىيىلىك ئىزچىللىق توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1992 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان) ۋە شۇڭ يەنىسىنىڭ يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان بىرقاتار ماقالىلىرىغا قارالسۇن.

② ۋاڭ بىڭخۇا: «يىپەك يولى ئارخېئولوگىيىسى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىلى نەشرى، 206 - بەت، خەنزۇچە.

تە، ئۆرۈمە چاچ بولۇپ مۇرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ. 1976 — 1977 - يىللىرى يەنە ئارخېئولوگىيە خادىملىرى ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن (جەنۇبىي تاغ) كان رايونىدىكى ئالغۇي (ئاراغول) جىلغىسىدىن قېزىۋالغان قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان «بەزى جەسەتلەرنىڭ چېچى ئۇزۇن ئۆرۈلگەن، بەزىلىرىنىڭ چېچىغا تور شەكىللىك قاپ (چاچلىق) تارتىپ قويۇلغان». [1] قۇمۇلنىڭ قارادۆۋە قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان 3200 يىللىق تارىخقا ئىگە ئايال جەسەتلەرنىڭ بەلگىچە چۈشىدىغان ئۆرۈمە چېچى بولغان. يەنە چەرچەن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقى (ۋاقتى 3000 يىل) دىن تېپىلغان ئەر جەسەتنىڭ چاچ - ساقاللىرى قوڭۇر رەڭدە بولۇپ يېرىم ئاقارغان. بۇ مېيىتنىڭ بەش سانتىمېتىر توملۇقتا ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى بولۇپ، چاچنىڭ ئۇچىدىن 15 سانتىمېتىر ئارىلىقتا قىزىل يۇڭ يىپ قوشۇپ ئۆرۈلگەن؛ ئايالنىڭ ھەم تۆت تال ئۆرۈمە چېچى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى تېلى يالغان [2]چاچ.[2] تۇرپان يالقۇنتاغ باغرىدىن قېزىۋېلىنغان 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن چىققان ئايال جەسەتلەرنىڭ باشلىرىدىمۇ تۈگۈلگەن قويۇق چاچ بار. نىيە قەدىمكى ئىزىدىن قېزىۋېلىنغان ئايال جەسەتنىڭ ھەم ئىككى تال چېچى بار بولغان. [3]

ئارخېئولوگىيە ساھەسىدە بايقالغان بۇ خىل ئەھۋاللار تارىخىي يازما خاتىرىلەردىمۇ تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن، چىن شۇنىڭ «ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى. ۋېينامە. غەربىي چياڭلار تەزكىرىسى» («三国志・魏书・西羌传») دە، «دىلار (氐人)… ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى… چياڭ (كەن)، ئارىلاشما خۇ (杂胡) لار بىلەن ئوخشاش… ئۆرۈمە چاچ قويىدۇ»؛ فەن يې «كېيىنكى خەننامە. غەربىي چياڭلار تەزكىرىسى» دە بولسا، «چياڭ (كەن) لاردىن ۋۇگې قىلىچۋاز ئىدى، چىن خانلىقى تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنغان، كېيىنچە قېچىپ كېتىۋاتقىنىدا پاناق بۇرۇن بىر ئايالغا ئۇچرىشىپ يايلاقتا تونۇشقان، ئايال تولىمۇ كۆرۈمسىز بولۇپ، چېچى بىلەن يۈزىنى دالدا قىلىپ يۈرىدىكەن. چياڭلار شۇنىڭدىن باشلاپ بۇنداق ئادەتنى يۇقتۇ-

---

① ② ئا. خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت».
③ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1998 - يىلى 2 - سان، ئۈرۈمچى.

روۋالغان» دېيىلگەن. ۋېي شۇ «ۋېينامە. تۈيغۇنلار تەزكىرىسى» دە، «قاغان خانىشنىڭ ھۆسن تۇرقىغا ھېرىسمەن ئىدى. (خانىش) توقۇلما كۆكلەك كىيەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يىپ ۋە يىپەكتىن چوڭ پەرىجە ئارتاتتى، چاچلىرىنى ئۆرۈپ قويغاندا ئۈستىگە ئالتۇن ئوتۇغات بېكىتەتتى» دېيىلگەن. بۇ خاتىرىدە تىلغا ئېلىنغان چىياڭلار قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىن پامىر تاغلىرىغىچە ياشىغان قەدىمىكى خەلق بولۇپ، قۇرىغار - غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئۆرۈق - ئايماقلىرىنىڭ بىر قىسمى، يەنى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرىدىن بولۇپ قالغان. دى ( 氐 ) ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى دېيىلگەن دى ( 狄 ) نىڭ باشقىچە يېزىلىشى ئىدى.① تۈيغۇنلارنىڭ كۆپچىلىك قىسىملىرىمۇ شىنجاڭدا ياشاپ، بۇ يەردىكى ئاساسىي مىللەتنىڭ شەكىللىنىشىگە قېتىلىپ، تارىخ سەھىپىسىدە نامى ئۆچكەن. ئۆرۈمە چاچ قويۇش غەربىي ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان «توققۇز چاۋۇپ خۇ»لىرى ئارىسىدا ۋە غوبى چۆللۈكى ساھىلىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ بولغان. مەسىلەن، ئۇۋيالڭ شيۇ «يېڭى تاڭنامە. كانگىيە (سوغدىيانا) تەزكىرىسى» دە، ئۇ يەردىكى «قىزلار چېچىنى بانتلايدۇ» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا پەنجىكەنتتىكى تام رەسىملىرىدە خۇ (غۇز، 胡人 ) قىزلىرىنىڭ ئۆرۈمە چاچ ھالەتتىكى كۆرۈنۈشى سىزىلغان بولۇپ، بۇ چاچ بەش تال قىلىپ ئۆرۈلگەن، ئوڭ - سولغا ئىككى تالدىن قىلىپ ئۆرۈلگەن، بىر تېلى ئارقىسىغا چۈشۈرۈلگەن، چاچنىڭ ئۇزۇنلۇقى بەلگىچە كەلگەن. ئۇيغۇرشۇناس ئالىم ليۇ يىتاڭ تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن قەدىمكى «ئۇيغۇرلاردا ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتى بار ئىدى»② دەيدۇ. 11 - ئەسىردىكى ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۇزۇن چاچ قويۇش ئادىتى، ئۆرۈمە چېچى، چاچ تاراش، ئۆچكە چۈپۈرىدىن قىلىنغان ياسىما چېچى، چاچ سىلىش، تارغاق قاتارلىقلار توغرۇلۇق قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان. مەسىلەن، «ئۆرگۈج — ئۆرۈمە

① ليۇزۇبېشىن باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى» («新疆民族辞典»)، 30 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى خەنزۇچە نەشرى

② ليۇ يىتاڭ: «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» (《维吾尔研究》)، تەيۋەن جېڭجۇڭ نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 213 - بەت.

چاچ. خوتۇنلارنىڭ ئۆرۈمە چېچى» ( I توم، 129 ـ بەت) ؛ «ئۇنىڭ — چۇۋۇر چاچ. خوتۇنلارنىڭ ئۇچكە چۇۋۇرىدىن قىلىنغان ياسىما چېچى» ( I توم، 182 ـ بەت) . قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارىسىدىكى چۇۋۇر چاچتىن ياسىما چاچ سېلىش قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرى بىلەنلا توختاپ قالغان ئەمەس، 14 ـ ئەسىردە ئۆتكەن خەنزۇ جۇغراپىيىشۇناسلىرىدىن چېن چىڭ قاتارلىقلار يازغان «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى» (« 西域番国志 ») ناملىق كىتابتا ليۇچېڭ (لۇكچۇن؟) شەھىرىدىكى «ئاياللار يۇزىگە چۈمبەل تارتىپ، چاچلىرىنى پېشانىسىگە چۇشۇرۇپ يۇرىدۇ» دېيىلگەن بولسا، 18 — 19 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىدىمۇ ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتى بولغان. چۇن يۈەن يازغان «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلاردىن خاتىرە» (« 西域见闻录 ») ناملىق كىتابتا، «مۇسۇلمان ( 回 خۇي — بۇ يەردە ئۇيغۇرلار كۆزدە تۇتۇلغان دەپ چۈشىنىلسە بولىدۇ — نەقىلچىدىن) ئاياللار چېچىنى نەچچە ئون تال قىلىپ ئۆرۈۋالىدۇ. ياتلىق بولۇپ بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپ كەينىگە تارايدۇ... ئۇزۇن چاچلىرى تاپىنىغا چۇشۇپ تۇرىدۇ...» دېيىلگەن.

ئۇيغۇر ئاياللىرىدا ئۇزۇن چاچ قويۇش، چېچىنى تال قىلىپ ئۆرۈش دەۋرلەرنىڭ ئالمىشىشى بىلەن بەلگىلىك تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئايلانغان، مۇئەييەن ئادىمىيلىك قارىشىنى ئىپادىلىگەن. بۇ خىل ئادەت يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىگىچە قويۇق ساقلانغان. بۇ ھەقتە «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى» ناملىق كىتابتا مۇنداق بايان قىلىنغان: «ئۇيغۇر ئاياللىرىدا چاچ قويۇشتا بىر يۈرۈش ئادەتلەر شەكىللەنگەن. ئۇيغۇرلاردا ياتلىق بولمىغان قىزلارنىڭ چېچى 15، 17، 21، ھەتتا 41 تال قىلىپ تاق ئۆرۈلىدۇ، ھەرگىز جۈپ ئۆرۈلمەيدۇ ھەمدە مۇنداق توي قىلمىغان قىزنىڭ پېشانىسىدە كوكۇل چېچى بولىدۇ. ئۇنىڭ پاتاڭ (شىللە) قىسمىدىكى سۇمبۇل چاچنىڭ ئاستى قىسمى ئۈستىرا بىلەن چۈشۈرۈپ تۇرۇلىدۇ. قىزنىڭ تويى بولىدىغان كۈنى ئۇنىڭ شىللە قىسمى ئاخىرقى قېتىم چۈشۈرۈلىدۇ.

توي قىلىپ ئەتىسى ياكى بىرقانچە كۈندىن كېيىن ياتلىق قىلىنغان بۇ قىزنىڭ نىياز چېچى ئىككى تەرىپىگە قايرىلىدۇ. ئۇزۇن

سۇمبۇل چېچى جۈپ ئۆرۈلىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ياڭاق سېكىلەك قويۇلىدۇ. چاچنى جۈپ ئۆرۈش ياتلىق بولغانلىقنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. چاچنىڭ بەدىلىگە «چاچ قوشاق تويى» ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ياتلىق قىلىنغان ئايال بالىلىق بولغاندا بالىچۇق چاچ (كىچىك ئۆرۈمە چاچ) قويۇلىدۇ. ياڭاق چاچمۇ بولىدۇ. ئېرىدىن ئايرىلغان ياش ئاياللار جۇۋان دېيىلىپ، ئۇلار ياڭاق چاچ قويۇش بىلەن بىرگە، چېچىنى 5، 7، 9… تال قىلىپ تاق ئۆرۈۋالىدۇ. بۇ تۇللۇق بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ.

نەۋرىلىك بولغان ئاياللارنىڭ بالىچۇق، ياڭاق چاچلىرى بولمايدۇ. ئۇزۇن چېچىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپ ئۇنى چاچتەڭگە بىلەن جۈپلىۋالىدۇ.

چېچىنى بىر تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان ئاياللار باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئۆزىگە ئەر تەلەپ قىلىپ يۈرگەن ئاياللار دەپ قارىلىدۇ…

دېمەك، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچ تۈرىگە ۋە سۇمبۇل چېچىنىڭ جۈپ ياكى تاق ئۆرۈلگەنلىكىگە قاراپلا ئۇنىڭ قىز، چوكان، جۇۋان، نەۋرىلىك بولغان ئايال، ياشانغان ئايال ۋە… تۇل ئايال… ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاياللارنىڭ چېچىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارايدۇ».①

ياسىنىپ، بېزىنىش، ئارىنىش — نوقۇل كىيىنىش ئادىتىدىن باشقا كۆركەملىك - گۈزەللىك ئادىتى تەركىبىگە كىرىدۇ. شىنجاڭدا ياشىغان قوۋملار يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا بۇ خىل ئادەتنى يېتىلدۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىش، خۇشال، شوخ ۋە تەبەسسۇم ئىچىدە ياشاش ئېڭىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ خىل ئادەت پەرداز قىلىش، بېزەك تاقاش، ھەميان قورالى ئېسىش قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ. پەرداز بۈگۈنكى كۈندە نوقۇل ئادەم چىرايىنى كۆركەملەشتۈرۈش ئۈچۈن دەپ قارىلىدۇ. لېكىن، قەدىمكى قوۋملار ئۇنىڭدىن ئىككى خىل مەقسەتتە، يەنى بىرى، ئادەم بەدىنىنى سىرتقى تەسىرنىڭ زىيىنى (مەسىلەن، قۇرت - قوڭغۇزلار چېقىۋېلىش، ياللۇغلىنىش، قەھرىتان سوغۇقنىڭ چاۋىدىتىپ يېرىۋېتىشى، سەراتان ئىسسىقنىڭ كۆيدۈرۈۋېتىشى قاتارلىقلار) دىن ساقلاش؛ يەنە بى-

① ئا. رەھمان، ق. خۇشتار، ر. ھەمدۇللا: «ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى»، 156 - بەت.

رى، كۆركەملەشتۈرۈشكە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن پايدىلانغان. چەرچەن ناھىيىسى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان بىر ئەرنىڭ جەسىتىنى تەكشۈرگەندە، ئۇنىڭ يۈزىگە قىزغۇچ سېرىق بوياق سۈركەلگەنلىكى بىلىنگەن. ئارخېئولوگلار بۇنى قەدىمكى ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تەڭرى دەرگاھىغا ساپ، چىرايلىق جامالى بىلەن بېرىشنى كۆرسىتىسە، يەنە بىر جەھەتتىن، مېيىتنىڭ ئۆڭ - چىرايىنىڭ بۇزۇلماسلىقى ئۈچۈن قىلىنغان ئالاھىدە پەرداز بولۇشى مۇمكىن، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇنداق پەرداز قىلىش بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ يۈزىگە ئەڭلىك، قاپىقىغا سۈرمە، قېشىغا ئوسما، چېچىغا يىلىم، تىرناقلىرىغا خېنە قويۇش ئادىتىنىڭ باشلىنىشى بولسا كېرەك.

قىز - چوكانلارنىڭ چاچلىرىغا زىننەت قىلىش ئۈچۈن رەڭلىك شوينا - لېنتىلارنى باغلاش، چاچ بانتىسىغا ئوراق بېكىتىش زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى جەسەتلەردە بار بولۇش بىلەن بىرگە، تۇرپان يالقۇنتاغ باغرىدىن قېزىۋېلىنغان ئايال جەسەتلىرىنىڭ باش زىننەت بۇيۇملىرىدىكى ئالاھىدىلىك كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۈلگۈچىنىڭ چېچىغا چاچ تورى (ئوراق) تاقالغان، ئۇ ياغاچ ئىلما بىلەن تۇراقلاشتۇرۇلغان، بەزىلىرىنىڭ چاچ تورىنىڭ ئۈستىگە كىگىزدىن كانايسىمان ئۇزۇن بۆك كىيگۈزۈلگەن. بەزى كىگىز بۆكلەرگە بۇقا مۈڭگۈزى شەكلى چىقىرىلغان، ئىككى مۈڭگۈز پېشانىسىگىچە ئېگىلگەن بولۇپ، شەكلى ئۆزگىچە. غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلار ئالتۇن، كۈمۈش، كەھرىۋا، ئۈنچە - مەرۋايىت، سۆڭەك، ھېقىق ۋە باشقا نەرسىلەردىن خىلمۇخىل بېزەكلەرنى ياساپ، ئۇلارنى ئوتتۇغات (تاج)، بۇلاپكا - مېدالىئون، ھالقا - زىرە، بىلەزۈك، ئۈزۈك قاتارلىق شەكىللەرگە كەلتۈرۈپ، زىننەت بۇيۇمى قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ بۇيۇملارنى ھەر خىل كىيىم - كېچەكلەر بىلەن قوشۇپ شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا تاۋار سۈپىتىدە پايدىلانغان ھەم سىرتقى جايلاردا بەلگىلىك تەسىر پەيدا قىلىپ، شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ جەزبدارلىقىنى ئاشۇرغان. بىز ئەجدادلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ كېيىنىش تارىخىغا قوشقان ئالەمشۇمۇل تۆھپىسىنى ئەسلىگىنىمىزدە ئۇنىڭدىن چەكسىز ئىلھام ئالماي تۇرالمايمىز.

## § 3 . تۇرالغۇ جاي ۋە قەلئە - شەھەر مەدەنىيىتى

### 1. تۇرالغۇ جايلار ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى

تۇرالغۇ جايلار ئىنسانلار تارىخىنىڭ مۇئەييەن بىر دەۋرىنىڭ مەھسۇلى. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرىدا ھەرقايسى ئۇرۇقلارنىڭ مۇقىم تۇرالغۇ جايلىرى بولمىغان. ئۇلار تەبىئىي غارلار، ئازگال - ئورەك، پور دەرەخ، چاتقاللىقلار، قاپتاللاردا پاناھلانغان. ھاۋا رايى نورمال كۈندۈزلىرى ئاساسەن ئوچۇقچىلىقتا مەشغۇلات قىلىشىۋەرگەن. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تەبىئىي تۇرالغۇلارنىڭ نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلىرى سېزىلىپ، ئۇنى ياخشىلاش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان. بۇنىڭ بىلەن ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە بىرقەدەر ئىلگىرىلىگەن ئىنسانلار سۈنئىي تۇرالغۇلارنى تەييارلاشقا كىرىشكەن. بۇ ھال ئۇلارنىڭ ھايۋانلار دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىقىشىدىكى ئۇزۇن مۇساپىنىڭ بىر ۋاخنىسى بولغان.

دۇنيانىڭ جاي - جايلىرىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئولتۇراق جايلىرى كۆچلۈك مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئىنسانلار قاچاندىن باشلاپ رەسمىي تۇرالغۇ جايلاردا ئولتۇرىدىغان بولغان، بۇ ھەقتە بەزىلەر بۇنىڭدىن 600 مىڭ يىل ئىلگىرىكى بېيجىڭ ئىپتىدائىي ئادەملىرى ئولتۇرغان جوكۇدىيەن دېگەن يەر ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تۇرالغۇ جايلىرى ھېسابلىنىدۇ، دېسە؛ يەنە بەزىلەر بۇنىڭدىن 6000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن ئىلگىرىكى شىئەن شەھىرىنىڭ بەنپو كەنتىدىكى گەمە ئۆيلەر ئىنسانلارنىڭ تۇنجى تۇرالغۇ جايلىرى ھېسابلىنىدۇ، دەپ قارىغان. ھالبۇكى، بېيجىڭ ئىپتىدائىي ئادەملىرى تۇرغان جايلار پەقەت تەبىئىي ئۆڭكۈردىن ئىبارەت؛ بەنپو خارابىسىدىكى ئۆيلەر گەرچە 6000 نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئىنسانلار ياشىغان ئەڭ دەسلەپكى تۇرالغۇ جايلاردىن ھېسابلانمايدۇ.

بۇلاردىن باشقا ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت

يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بايقىغان ۋۇلەنجاپو ئايمىقىدىكى لياڭچىڭ ناھىيىسىنىڭ يۈەنزىجيالىڭ كەنتىدىن يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە تەۋە چوڭ تىپتىكى مۇكەممەل ساقلانغان غارلارنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ ئەتراپىدا يەنە قەدىمكى ئىزلارمۇ بار ئىكەن. بۇ ئورۇن 1987 - يىلىدىكى مۇھىم ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش دەپ ھېسابلانغان. ھازىر قېزىپ چىقىرىلغان غارلارنىڭ ھەربى-رى ئىككى - ئۈچ ئېغىزدىن بولۇپ، تاغ باغرىغا جايلاشقان. جۈملە-دىن ياخشى ساقلانغان ئىككى غارنىڭ ئاستى ۋە تاملىرى ئاپئاق، تەكشى ئاقارتىلغان. بۇ غارنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى مېتىردىن ئوشۇق-راق، كۆلىمى 12 كۋادرات مېتىر. 1987 — 1988 - يىللىرىدىكى ئىككى قېتىملىق قىدىرىشتىكى بايقىلىش كۆلىمى 2000 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 28 ئېغىز گەمە شەكىللىك ئۆي، 43 ئېغىز يېرىم ئۆڭكۈر شەكىللىك ئۆي خارابىسى قېزىلغان. بۇ گەمىلەرنىڭ قۇرۇ-لۇش ئالاھىدىلىكى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئىشىكلىرى شەرققە ياكى شىمالغا قارىغان. ياسىلىش شەكلى بىر - بىرى بىلەن بەكمۇ ئوخشى-شىپ كېتىدۇ. ئىچكىرى - تاشقىرى ئۆيلۈك گەمىلەرنىڭ تاشقىرىقى ئۆيىدە ئاش - تاماق ئېتىدىغان ئوچاق بار؛ ئىچكىرىكى ئۆيى ياتاق ئۆي بولۇپ، ئۆينى ئىسسىتىش ئۈچۈن سېلىنغان بىر دۈگىلەك مورا ئوچاق بار. بۇ ئوچاقنىڭ دىئامېتىرى بىر مېتىر، چۆرىسىگە قارا گىرۋەك چىقىرىلغان بولۇپ، تولىمۇ نەپىس ياسالغان. گەمە ئەتراپى-دىن يەنە ساپال پىشۇرىدىغان خۇمدان ۋە ھاك كۆيدۈرىدىغان كۆلچەك تېپىلغان.

ئۇكرائىنانىڭ شىمالىغا جايلاشقان چىرنىگوۋ شەھىرى يېنىدىكى دىسنا دەرياسى جىلغىسىدىن 1908 - يىلى ئىپتىدائىي ئادەملەر ياشى-غان بىر ئىز بايقالغان. ئارخېئولوگ، تارىخشۇناس ۋە پالېئونتولوگ-لارنىڭ ئورتاق تەتقىق قىلىشى ئارقىلىق 1955 - يىلى بۇ جاينىڭ بۇنىڭدىن 20 مىڭ يىل ئىلگىرى، يەنى تاش قورال دەۋرىدىكى ئىنسان-لارنىڭ تۇرالغۇ جاي خارابىسى ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان. بۇ خارابىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇ يېرىم شارسىمان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 2.6 مېتىر، كۆلىمى 20 كۋادرات مېتىر كەلگەن. بۇنداق ئۆي ماموتنىڭ ئۇزۇن چىشى، تارغاق سۆڭكى قاتارلىق

نەرسىلەردىن قۇراشتۇرۇلۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستى ھايۋانات تېرىسى بىلەن يېپىلغان. 1966 ـ يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چىركاپىيىسى ئوبلاستىدىن كۆلىمى تېخىمۇ زور مۇشۇ خىلدىكى بىر ئۆي تېپىلغان. ئۇنىڭ ئەتراپىدا مامونتنىڭ 95 پارچە باش سۆڭىكى رەتلىك ئىككى قاتار قىلىپ تىزىلغانلىقى بايقالغان. بۇنىڭدىن 20 مىڭ يىل ئىلگىرى ئىنسانلار تېخى تۆمۈر قوراللارنى ئىشلىتىشنى بىلمىگەن چاغلاردا ھايۋانلارنىڭ سۆڭىكىدىن بۇ خىل ئۆيلەرنى سېلىشنىڭ قىيىن ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئانچە تەس ئەمەس.

غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملار دەسلەپ ئولتۇراقلاشقان چاغدا قانداق ئۆيلەردە ئولتۇرغان، ئۇلارنىڭ قەلئە ۋە شەھەرلىرى قايسى شەكىلدە لايىھىلەنگەن، ئۇنىڭدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۇسلۇبى قانداق، بۇ ھەقتە تولۇق ئارخېئولوگىيىلىك يادىكارلىقلار ۋە يازما تارىخىي ماتېرىياللارغا ئىگە ئەمەسمىز. بۇلارنى پەقەت كەمتۈك تارىخىي ماتېرىياللار، قىيا تاش رەسىملىرى، دىنىي پائالىيەت ئۆچۈن ياسالغان ئىبادەتخانا، مەسچىت ئۇسلۇبى ۋە خەلق ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئولتۇراق جاي شەكلىگە ئاساسەن قىياس قىلىش يولى بىلەن بايان قىلىشقا بولىدۇ.

غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئولتۇراق جايىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، چېدىر شەكىللىك ئۆي شەكلى. غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلار دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتۈشتىن ئىلگىرى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ھەم بۇنى كۆپ ھاللاردا تاغ باغرىلىرىدا داۋام ئەتكۈزگەن. ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپ ئۆزلىرى بىۋاسىتە ماتېرىياللاردىن ئۆي سېلىپ ئولتۇرماي، بەلكى تاغ غارلىرىدا يېتىپ ـ قوپقان. قەدىمكى چاغلاردا ئاھالىلەرمۇ كۆپ ئەمەس، ئوتلاقلارمۇ يېتەرلىك بولغاچقا، بىرەر ئۇرۇق بىرەر غارنى ماكان قىلسا تارلىق قىلمايتتى. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ نوپۇس كۆپىيىپ، چارۋىلارمۇ ئاۋۇپ، چەكلىك غارلار يېتىشمەي قالغان. ئۇرۇقلار يۆتكىلىشكە مەجبۇر بولغان. تاغلارنىڭ ھەرقانداق يېرىدىكى جىلغا ـ جىرالىرىدا غارلار بولۇۋەرمەيتتى. تۇرالغۇ جايدىن قىسىلغان ئۇرۇقلار ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىدىن، كېيىنچە كىگىزنى ئىجاد قىلىپ كىگىزدىن ئۆي

ياساشقا ئۇتتۇنغان. بۇنداق ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىنى تەكشى قىلىپ قوي-
خاندا توختىماي يېغىپ تۇرىدىغان قار ـ يامغۇرلارنىڭ ئېغىرلىقىغا
بەرداشلىق بېرەلمەي، پەسكە چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا
قەدىمكى ئەجدادلار بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن «چېدىر» شە-
كىللىك ئۆي شەكلىنى ئىجاد قىلىپ چىققان. بۇ كۆچمەن چارۋىچىلار-
نىڭ تۇرمۇشىغا تولىمۇ قولايلىق تۇغدۇرغان. دېمەك، غەربىي يۇرتتا
ياشىغان ئەجدادلارنىڭ چارۋىچىلىق ھاياتىدىكى ئولتۇراق جاي شەكلى
«چېدىر» شەكىللىك ئۆي شەكلىدىن ئىبارەت بولغان دېيىش تارىخىي
پاكىتلارغا خېلىلا ئۇيغۇن. بۇنى مۇنداق تەرەپلەردىن ئىسپاتلاشقا بو-
لىدۇ:

(1) خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆي شەكلىدىكى ئىزچىللىق ۋە ئۇدۇم-
لۇق ئادەت. ھازىر شىنجاڭدا ياشاپ تۇرغان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز،
موڭغۇل، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ چارۋىچى ئاھالىلىرى «چې-
دىر»، يەنى «كىگىز ئۆيلەر» دە ئولتۇرىدۇ. بۇ ئۆيلەرنىڭ شەكلى
ۋە ئۇسلۇبى ھەرگىز يېقىنقى دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، ئۇنىڭ
ئۇدۇملۇق تارىخى تولىمۇ يىراق زامانلارغا تەئەللۇق.

ھازىرچە، بىز بىلەلەيدىغان ئەجدادلارنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى غەر-
بىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى خەلق — ھونلارنىڭ ئولتۇراق جاي
پاسونى توغرىسىدىكى تارىخىي ئۇچۇردىن ئىبارەت. ھونلار ئۆكۈز،
ئات، قوي قاتارلىقلارنىڭ تېرىلىرىنى ئاشلاپ كۆن ئىشلىگەن ۋە
بۇنىڭدىن تېرە ئامبال ھەم ساۋۇت ـ دۇبۇلغا تىككەن. قوي، تۆلكە،
يىلپىز قاتارلىقلارنىڭ تېرىلىرىنى ئاشلاپ، يۇمشاق ھالەتكە كەلتۈرۈپ
جۇۋا تىككەن. ھونلار يەنە «كىگىز چېدىر» (氈帐) ياسىغان
بولۇپ، بۇ يۇڭدىن ئىشلەنگەن. ھونلارنىڭ قوپالراق جۇۋىلىرى،
كىگىز چېدىرلىرى ھۆل ـ يېغىندىن ساقلىيالايتتى (فەن يې «كېيىن-
كى خەننامە». 80 ـ جىلد «دۇدۇ تەزكىرىسى»).

كىگىزدە تاملىرىنى قۇراشتۇرۇپ، تېرىلەر بىلەن قوشۇپ ياسال-
غان چېدىرلەر ھونلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرى قىلىنغان. سىماچيەن
«تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە نەشرى 411 ـ
بەت) دە: «ھونلاردا بىر كىگىز ئۆيدە ئاتا ـ بالا بىللە تۇرىدۇ»
دېيىلگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھونلاردا بىر ئائىلە (گاھىدا بىر

چېدىر، بىر جەمەت دېمۇ ئاتالغان) بىر كىگىز چېدىردا ئولتۇرىدىكەن. چوغاي (يىڭشەن) تاغلىرى قىيالىقىدا «كىگىز چېدىر ئۆينىڭ كۆرۈنۈشى» بايقالغان. بۇ ناھايىتى قەدىمكى دەۋرنىڭ مەھسۇلى ئىدى، ئەلۋەتتە. چېدىر ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىگە تۈڭلۈك قويۇلغان. ئۆي ئىچىدە ئوچاق بولۇپ، يېمەكلىك پىشۇرۇشتا، ئىسسىنىشتا پايدىلىنىلغان. تۈڭلۈك يەنە ئىسلارنى چىقىرىۋېتىش، ھاۋا ئۆتكۈزۈش رولىنىمۇ ئوينىغان. ھونلارنىڭ چېدىر ئۆيلىرى مۇستەھكەم بولۇپ، ئۇ يەنە سوغۇق، جۇدۇن - چاپقۇن، ھۆل - يېغىندىن مۇداپىئەلىنەلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ يۆتكىلىشچان تۇرمۇشىغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ. ئالىملار ھونلار كىگىز چېدىر ئۆيلەرنى ئاسماننىڭ يۇمىلاق ھالەتتە ئىكەنلىكىگە ئوخشىتىپ ياسىغان، دەپ قارىشىدۇ، يەنى قەدىمكى زاماندا بۇنداق ئۆيلەر «ئاسمان يوپۇقى» (天幕) دەپ ئاتالغان. ئاسمان يوپۇقى ياكى «ئاسمان چېدىرى» ئەمەلىيەتتە «چېدىردىن ياسالغان ئاسمان» دېگەنلىك ئىدى. كىگىز ئۆي كىچىكلىتىلگەن زېمىن، تەبىئەت بولسا بىپايان زېمىن، بۇ دەل ھون قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئاسمانغا چوقۇنۇش چۈشەنچىسىنىڭ ئولتۇراق جاي مەدەنىيىتىدە يىغىنچاق ئەكس ئېتىشىدىن ئىبارەت.

قەدىمكى تۈركلەرمۇ كىگىز چېدىرلاردا تۇرغان. ئوۋياڭ شيۇ يازغان «يېڭى تاڭنامە» 80 - جىلدتا، تۈركلەردە «بەش ئادەم بىرلىك قىلىنىدۇ، چېدىردا ئولتۇرىدۇ، بەش بۆرىنىڭ بېشىدىن تۇغ - ئەلەم ياسايدۇ... كىگىز ئۆي تۇرالغۇ قىلىنىدۇ» دېيىلگەن. لىڭخۇ دېفېن يازغان «جۇنامە» 50 - جىلد «تۈركلەر تەزكىرىسى» دە، تۈركلەر خاقانىنىڭ «بارگاھى كۈنچىقار تەرەپكە قارىتىلىدۇ، بۇ كۈنچىقار ياقنى ئىززەتلىگەنلىكتىندۇر» دېيىلگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارمۇ تۈركلەرگە ئوخشاش كىگىز چېدىر ئۆيلەردە ئولتۇرغان. ئالىملار چوغاي (يىڭشەن) تاغلىرى قىيالىقىدىن ئۇيغۇرلار ئولتۇرغان كىگىز ئۆيلەرنىڭ كۆرۈنۈشىنى بايقىغان.[①] ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خانلىرى ھەم مۇشۇنداق كىگىز ئۆيلەردە ئولتۇرغانىكەن. مىلادىيە 821 - يىلى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاستانىسى بايبالىق —

① گېي شەنلىن: «يىڭشەن (چوغاي) قىيا تاش سىزمىلىرى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1982 - يىلى نەشرى.

ئوردۇبالىق (قارابالغاسۇن) قا بارغان گەرەپ ساياھەتچىسى تەمىم ئىبىن بەھر ئۇيغۇر خاقانىنىڭ بىر چېدىرى بارلىقى، ئۇنىڭ ئالتۇندىن ياسالغانلىقى توغرۇلۇق خاتىرە قالدۇرغان. بۇنداق چېدىرغا 100 ئادەم سىغىدىكەن. ئۇيغۇر خانى تاڭ سۇلالىسى مەلىكىسى تەيخې مەلىكىگە ئۆيلەنگەن چاغدا، خاقان خانىش ئۇچۇن ئايرىم چېدىر ئۆي ياسىتىپ بەرگەن (ليۇشۇي: «كونا تاڭنامە» 195 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»). ئۇيغۇر خانلىقى زامانىسىدا شەھەرلەرمۇ بولغان، ھەتتا بۇنداق شەھەرلەر «ئاقسۆڭەكلەر شەھىرى»، «قاتۇنبالىق» (خانىشلار شەھىرى) دەپ بۆلۈنگەن. سوۋېت ئارخېئولوگلىرى ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدىن 15 ئورۇندا شەھەر سېپىل خارابىسى ۋە ئاھالىلەر نۇقتىسىنى بايقىغان.①

(2) ئارخېئولوگىيىلىك يادىكارلىقلار ۋە قىياتاش سۈرەتلىرىدە «چېدىر شەكىللىك ئۆي شەكلى»نىڭ ماددىي ئاساسى ۋە رەسىملىك كۆرۈنۈشى كۆرسىتىلگەن. مەسىلەن، تارىم ۋادىسىدىكى قۇرۇقتاغدىن ئۈزۈنچاق ئۆينىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن بىر تاش رەسىم بايقالغان. بۇ ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە مۇنار شەكلىدە بىر بەلگە ئويۇلغان. بۇ بەلگە ئورۇق ياكى قەبىلىداشلىقنىڭ بەلگىسى بولسا كېرەك. بۇ رايوندىن يەنە رشاتكىسىمان ئۆينىڭ كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن بىر تاش رەسىمى تېپىلغان. ئۇنىڭدا تۆۋرۈكنىڭ ئۈستىگە كەپە، يېنىغا پەلەمپەي ياسالغان. تاش سۈرەتتىكى بۇ ئۆيدىن بىنانىڭ دەسلەپكى شەكلىنى كۆرگىلى بولىدۇ.②

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا جەنۇبىي سىبىرىيىدە ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىش ئېلىپ بارغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئەنقارا دەرياسى ساھىلىدىن تارتىپ يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ساھىلىغىچە بولغان رايونلاردا دىڭلىڭ قەبىلىلىرى ياشىغان بولۇپ، ئۇ جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ مىس قوراللار دەۋرى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان «قاراسۇ»

---

① ت. ئىسقاقوف (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى): «ئۇيغۇرلار تۇۋادا»، «مىللەتلەرگە دائىر تەرجىمىلەر» (《民族译丛》)، 1985 ـ يىللىق 5 ـ سان، خەنزۇچە، بېيجىڭ.

② لى ۋېنجۇڭ: «تاش رەسىم ۋە ئىلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى زامان پەن ـ تېخنىكىسى»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1987 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى سانى.

(قاراسۇك) مەدەنىيىتىنى ياراتقان.① سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئار-خېئولوگلىرىنىڭ قىدىرىش نەتىجىلىرىدىن شۇ نەرسە ئىسپاتلاندىكى، «قاراسۇ مەدەنىيىتى» جۇڭگونىڭ خۇاڭخې ۋادىسىدىكى شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى زامانىسىغا توغرا كېلىدىكەن. ئۇلار مىس قوراللارنى ئىشلىتىشكە باشلىغان (مەسىلەن، ئەگرى ساپلىق پىچاق، قىسقا شەمشەر قاتارلىقلار). بۇ دەۋردە يېزا ئىگىلىكى، قوشۇمچە چارۋىچى-لىق مەدەنىيىتى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. ئۇلارنىڭ ئولتۇ-راق جايى مەسىلىسىگە كەلسەك، مىنۇسىنىسكىغا يېقىن «بويار قىيار» سۈرەتلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلاردا ياغاچ ئۆيلەر، ئوت-چۆپ، لاي ئارىلاشتۇرۇپ قىلىنغان ئۆيلەر بولۇپ، ئۆگزىسى ئوت-چۆپلەر بىلەن چۈمكەلگەن، ئۆي ئىچىگە ئوچاق ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ تاش سۈرەتلەرنىڭ ئەتراپىدىكى كۆرۈنۈشلەردە يۇمىلاق كىگىز ئۆي-لەرنىڭ سۈرىتى ئويۇلغان، تۆت ئەتراپىدا بولسا ھەرىكەتلىنىپ تۇر-غاندەك قىياپەتتىكى ئۆچكە ۋە بۇغا پادىسىنىڭ كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈل-گەن. بۇ كىگىز ئۆيلەر تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ 3000 — 4000 يىللار ئىلگىرىلا تاش سۈرەتلەردە ئىپادىسىنى تاپقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىكى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى 1976 ـ يىلى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كەلپىن ناھىيىسى تەۋەسىدىن ئۈچ دانە چېدىر شەكىللىك ساپال كومزەك قېزىۋالغان بولۇپ، ئىچىگە جەسەت كۆلى قاچىلانغان. ئۇ مىلادىيە 6 — 8 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان تۈركلەرنىڭ قەبرە شەكىللىرىنىڭ بىر خىلى دەپ قارالغان.② بۇ دەۋرلەردە ئالتاي رايونى غەربىي تۈركلەرنىڭ مەدەنى-يەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئەينى زاماندا تۈركلەر «جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلاتتى».③

بۇ كومزەكلەرنىڭ سىرتىغا گېئومېتىرىك سىزىقلاردىن ھاسىل بولغان زىننەت نۇسخىلىرى چوقچىيىپ تۇرغان قاتمۇقات تاغ چوققىلى-

① كىسىلېف (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى) لېكسىيىلىرى: «سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخ ئىلمى ۋە تارىخ ئوقۇتۇشى»، لىيۇ بوۋلىڭ قاتارلىقلار خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان، 1953 ـ يىلى بېيجىڭ دەۋر نەشرىياتى نەشرى، 80 ـ، 81 ـ بەتلەر.

②③ «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى، 244 ـ، 245 ـ بەتلەر.

رىنىڭ شەكلىگە تەقلىد قىلىپ سىزىپ چىقىلغان بولۇپ، ئارخېئولو-
گىيە خادىملىرى بۇ كومزەكلەرنى قەدىمكى تۈركلەر يىراقتىن كۆرۈ-
نۈپ تۇرغان ئاپئاق قارلىق تاغلارنىڭ ئوبرازى تەرىقىسىدە ياساپ
چىققان دەپ ھېسابلىغان.① بۇنداق جەسەت كۆلى قاچىلانغان كوم-
زەكلەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «چادار» دەپ ئاتالغان.② دېمەك،
قەدىمكى تۈركلەر جەسەت كۆلى كومزىكىنى بىر تەرەپتىن تاغ چوققى-
لىرىغا تەقلىد قىلىپ ياسىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاشۇ تاغ
چوققىلىرىدىن نۇسخا ئېلىپ ياسالغان چېدىر شەكىللىك كىگىز ئۆي-
لەرگە ئوخشىتىپ ياسىغان، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىنمۇ، ھايات چېغى-
دىكىگە ئوخشاش ئۆيدە ئارامخۇدا يېتىشى لازىم، دېگەن ئويدا بولغانلى-
قى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

بۇنىڭدىن باشقا، مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدىن باشلاپ قىزى-
لىشقا باشلىغان شىنجاڭدىكى مىڭئۆيلەرنىڭ قۇرۇلۇش شەكلى چېدىر
شەكىللىك ئىمارەت شەكلىگە كىرىدۇ. يىل دەۋرى مىلادىيە 3 -
ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان غارلارنىڭ تېمىغا سىزىلغان بۇددىزم رە-
سىملىرىدىمۇ مۇشۇنداق چېدىر شەكىللىك كومزەكلەرنىڭ رەسىمى
بار. فون لىكوك كۇچا ۋە تۇرپاندىكى خارابىلىقتىن بۇددىزم دەۋرىگە
ئائىت گۈمبەزلىك ئىبادەتخانىلارنى ئۇچراتقان ۋە تورۇسقا رەسىم
سىزىلغان بىرقانچە گۈمبەزنى يۆتكەپ كەتكەن. ئۇزۇنتات قەدىمكى
شەھەر خارابىسىدىن تەخمىنەن مىلادىيە 8 - ئەسىرگە ئائىت بوغۇ-
لۇق قۇببە تېپىلغان. قىزىل، مورتۇق تەۋەسىدىن مىلادىيە 5 — 9-
ئەسىرلەرگە ئائىت ئويما نەقىشلىك ياغاچ ئىشىك ئەگمىلىرى تېپىل-
غان. قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 17 غارىغا گۈمبەز تورۇسلۇق، گۈمبەز
ئۈستىگە بوغۇملۇق قۇببە ئورنىتىلغان، كىرىش ئاغزىغا ئەگمە چىقى-
رىلغان، ئىچىگە چېدىر شەكىللىك جەسەت كۆلى كومزىكى قويۇلغان
مۇنار (ستۇپا — Stupa) نىڭ رەسىمى سىزىلغان. ئىلمىي خادىملار،
شىنجاڭدىكى مەسچىت - خانىقالاردا قوللىنىلغان گۈمبەز، قۇببە
شەكلىنىڭ نوقۇل ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن كىرىپ كەلگەن
شەكىل ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئىسلامىيەت شىنجاڭغا كىرىشتىن ئىل-

---

① ② «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، 244 -، 245 - بەتلەر.

كىرىكى يەرلىك قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتۈشمەكتە.[1]

(3) «چېدىر» نامىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ئارقىلىق كۆز-ىتىش ئېلىپ بېرىش. «چېدىر» دېگەن نام ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا كىگىز ياكى باشقا يىرىك توقۇلمىلاردىن تىكىپ تەييارلىنىپ، ياغاچ ياكى مېتالدىن ياسالغان چاتقۇچ خادىلار بىلەن كېرىپ - قۇراش-تۇرۇلىدىغان كۆچمە ئۆيلەرنىڭ نامى. بۇ قازاق تىلىدا «چادىر»، قىرغىز تىلىدا «چاتىر» دېيىلىدۇ. ئۇ 11 - ئەسىردە يېزىلغان «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» تە: «چاتىر»، «چاچىر» ( I توم، 528 - بەت) شەكلىدە يېزىلغان بولسا، 10 — 13 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر بۇددىزىم ئەسەرلىرىدە «چادار» دەپ يېزىلغان. ئىلمىي خادىملار «چې-دىر» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى ئىزدىنىپ كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قەدىمكى سوغدى تىلىدىن كەلگەنلىكىنى، سوغدى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە «چادار» دەپ يېزىلىپ، «ئاخىرەتلىك پاناھ، ئاتا ما-كان» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەنلىكىنى بايقىغان (پېللىئوت: «سوغ-دى تېكىستلىرى»، پارىژ، 1940 - يىل نەشرى، 250 - بەت).[2]

«چېدىر» دېگەن سۆز سانسكرىتچە ئەسەرلەردە «چادرا» دەپ يېزىلغان. بۇ سۆز ئۆز نۆۋىتىدە «پاناھ» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن. خان - پادىشاھلار ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان سايىۋەن ياكى كۆۋ-رۈكنىڭ نامىمۇ مۇشۇ سۆز بىلەن ئاتالغان (ھازىرغا قەدەر تارىم ۋادىسىدىن تېپىلغان توخرىچە، ساكچە، قارۇشتىچە ئەسەرلەردە بۇ سۆز تېخى ئۇچرىمىدى).

يۇقىرىدىكى تىل ماتېرىياللىرىنى سېلىشتۇرۇپ، يىل دەۋرى بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇپ چىققاندا مۇنداق بىر خىل ئېتىمولوگىيە فورمىسى ھاسىل بولىدۇ:

چېدىر (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى) «چادىر» (چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى)، «چادار» (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، سوغدى تىلى)، «چادرا» (قەدىمكى زامان ئارىيان تىلى).

---

① ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن: «ئۇيغۇر بىناكارچىلىقى ۋە ئىسلام دىنى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1996 - يىلى 2 - سان.

② «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، 248 - بەت.

خۇلاسە: «چېدىر» دېگەن سۆز مىلادىيىدىن ئىلگىرى تارىم ۋادىسىدا ياشاپ ئۆتكەن ئارىيانلارنىڭ تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى (قەدىمكى تۈركىي تىل)، قاراخانىيلار تىلى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى قاتارلىق تارىخىي تىل دەۋرلىرى ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان.① بۇ سۆز ئارقىلىق كىگىز ئۆي، يەنى چېدىرنىڭ تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

قەدىمكى تۈركلەر ئۆيلەرنى دائىم «چېدىر» پاسونىدا تەسەۋۋۇر قىلغاچقا، ھەرپ بەلگىلىرىنى ئىجاد قىلغاندا «» قاتارلىق تاۋۇش بەلگىلىرىنى «ئەۋ — ئۆي» دېگەن ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە قىلغان. قەدىمكى تۈرك يېزىقى تۈرك خانلىقى زامانى (552— 744 ـ يىللار) دا دەسلەپ تاشلارغا ئويۇپ خاتىرىلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى بەزى تاۋۇشلارنىڭ ئىجاد قىلىنغانلىقىغا ئۇزۇن زامانلار بولغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن.

ئىككىنچى، تۆت چاسا، تەكشى ئۆگزىلىك ئۆيلەر. غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلار ئېدىرلىقلار، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى بوستانلىقلار ۋە تۈزلەڭ سازلىق ـ يايلاقلاردا تىرىكچىلىك قىلغان چاغلىرىدا شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا لايىق تۇرالغۇ جاي تەييارلاپ ئولتۇرغان. بۇ خىل ئۆيلەرنى ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ.

(1) گېرەم، يەنى گەمە شەكىللىك ئۆي. بۇ خىل ئۆيلەر ئېكىنچى ئاھالىلەرنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي شەكلى بولۇپ، بۇنداق ئۆيلەرگە دەسلەپ ھېچقانداق قوشۇمچە ماتېرىيال ئىشلىتىلمىگەن. سېرىق تۇپرىلىق ئېدىرلىقلاردا ياشىغان ئاھالىلەر ئىپتىدائىي ۋە قەدىمكى دەۋرلەردە تەييار ئازگال ـ ئورەكلەردىن پايدىلانغان بولسا، كېيىنچە تاش قوراللار، ياغاچ، سۆڭەك قوراللار ۋە ھەر خىل مېتال قوراللار ياردىمى بىلەن ئورەكلەرنىڭ يان تەرەپلىرىگە گەمىلەرنى قېزىپ تۇرالغۇ جايلارنى تەييارلىغان. بۇ خىل ئۆيلەر «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (I توم، 420 ـ بەت، Ⅲ توم، 172 ـ بەت) تە «كەرەم» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا

---

① «چېدىر» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى توغرۇلۇق «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» ناملىق كىتابقا قارالسۇن.

«كىبرەم» (مەسىلەن، «بەشكىبرەم») ۋە «گىرەم ـ گەرەم» (ئاقسۇ، تۇرپان، كۇچا، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا) شەكلىدە ساقلىنىپ كەلـ مەكتە. بىز تۇرپان يارغول قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى كۆزدىن كەچۈرىدىغان بولساق، بۇ يەردە گەمە ياكى يېرىم گەمە شەكىللىك ئۆي خارابىسىنى كۆرەلەيمىز. «بەشكىبرەم» نامىنى ئايرىملار «بېهىش كىبرەم» دەپ تەبىر بېرىپ، ئۇنى ئەرەب ـ پارسچە ئىسىملار قاتارىغا قوشۇۋەتكەندى. لېكىن بۇ نامنىڭ مەنە چوڭقۇرلۇقىنى خەلق ئارىسىـ دىكى رىۋايەتلەر بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرگەندە، ئۇ ساناق سان «باش» بىلەن گەمە مەنىسىدىكى «كەرەم» نىڭ قوشۇلمىسىدىن ياسالغان ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىم بولۇپ، بۇ يۇرتنىڭ ئەڭ بۇرۇن «بەش گەمىلىك — بەش ئۆيلۈك» كىشىلەر تەرىپىدىن يېڭىۋاشتىن يۇرتقا ئايلاندۇرۇلغانلىقىنى ئىسـ پاتلايدۇ، دەپ قاراۋاتقانلار بار. بۇنى قەشقەرنىڭ «بەشكىبرەم» يېزىـ سىدىن بايقالغان ئاز كەم 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە ئاسارئەتىقىلەر (مەسىلەن، «خانئۆي قەدىمكى شەھىرى»، «مورا بۇددا مۇنارى» قاتارلىقلارغا ئوخشاش) بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىنىدىغان بولـ سا، بۇ نامنىڭ يىراق تارىخىنى ھەم «گەمە — كىبرەم» ئۆيلەرنىڭ ئومۇملىشىش جەريانىنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ. ھازىرقى زاماندا شىنجاڭدا پۈتۈن گەمە ۋە يېرىم گەمە شەكىللىك ئۆيلەردىن پايدىلىـ نىش ئەھۋالى داۋاملاشماقتا. بۈگۈنكى كۈندە يېرىم گەمىلىك ئۆيلەرـ گە چىرايلىق ئىشىكلەر، تۈڭلۈك ـ كۆزنەكلەر قويۇلۇپ، ئىچى چىرايلىق بېزەلگەن، ئازادە ـ كۆركەم ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، قىشتا ئىسسىق، يازدا سالقىن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كىشىلەرگە قۇلايلىق يارىتىپ بەرمەكتە.

(2) ساتما شەكىللىك ئۆيلەر. غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلار قۇم بارخانلىرى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردا پائالىيەت قىلغاندا قۇم ۋە يۇمشاق توپىلىق يەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن «ساتما» لارنى كەـ شىپ قىلغان. ساتمىلار تۈزلەڭ جايلارغا تەييارلانغان، بۇنىڭدا تۆت بادرىنى كىگىز ئورنىدەك دائىرىنىڭ تۆت بۇرجىكىگە قوزۇقسىمان قىلىپ بېكىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىنى چوڭ ـ كىچىك بادرا ـ ياغاچلار بىلەن چېتىپ، ئەتراپىنى تال ـ چىۋىقلاردا ئالماپ ـ توقۇپ، ئۈستىـ گە شاخ ـ شۇمبا سېلىپ چۈمكەپ تەييارلانغان. بەزىلەر ساتمىلارنىڭ

ئەتراپىنى كاكىل بىلەن سۇۋاپ قويغان. بۇ خىل ئۆيلەر شىنجاڭدىكى قەدىمكى ئىزلاردىن ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىشتا بايقالدى. مەسىلەن، نىيە قەدىمكى ئىزى قاتارلىق جايلاردىن بۇنداق ساتمىلار بايقالغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۈگۈنكى كۈندە تارىم ۋادىسىدىكى ئايرىم جايلاردا بۇ خىل ئۆيلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. قوغۇنلۇقلارغىمۇ ساتما سېلىنىدۇ.

قەدىمكى زاماندا ساتمىلار يەنە «چىتلاق» شەكلىدىمۇ ياسالغان. «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» (I توم، 420 ـ بەت) تە: «چىت — قومۇش ۋە تىكەندىن قىلىنغان چىت» دېيىلگەن بولۇپ، بۇنداق چىتلاردىن قوتان، ئاپتاپخانا ۋە ئۆي تەييارلاش ئەنئەنىسى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىشلاردىن بۇنداق چىتلاردىن تەييارلانغان تۇرالغۇ جايلار خارابىسى تېپىلغانلىرى بار. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قەدىمكى زاماندا ئەسلى «چىت» بىلەن قاشالاش توپا ـ لاي بىلەن تام ـ سېپىل سوقۇپ قەلئە ـ شەھەر ياساش دېگەن مەنىدىمۇ ئىستېمال قىلىنغان. مەسىلەن، ئۇيغۇر خانى «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» (مىلادىيە 759 ـ يىلى تىكلەنگەن) دا: «ئول يىل (ئۆتۈكەن كىدىن ئۇچىنتا تەز) باشىنتا قاسار قۇردان ئورگىن ئانتا ئىتتىدىم، چىت ئانتا توقىتدىم» دېگەن جۈملىلەرنى ئالىملار بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىغا «شۇ يىلى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىي ئۇچىدا تەز بېشىدا قاسار قۇردان ئوردىسىنى ياساتتىم، ئوردا تېمىنى ياساتتىم»① دەپ يەشمە بېرىپ، بۇ جۈملىدىكى «چىت» دېگەن سۆزنى «تام» مەنىسىدە يەشكەن. يەنى قەدىمكى ئۇيغۇرلار «ئوردا سالدۇردۇم، ئوردا تېمى ياساتتىم» دېگەن ئۇقۇمنى «ئورگىن ئانتا ياراتتىم، چىت ئانتا توقىتتىم»② دېگەن جۈملە بىلەن ئىپادىلىگەن. ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «چىت» ئەينەن ئىستېمال قىلىنىۋاتقان سۆز بولۇپ، ئۇ «چىتلىماق»، «چىتلاندى»، «چىتلاش» دەپ تۈرلەنگەندىن باشقا، «لاق» قوشۇلۇپ «چىتلاق» شەكلىدە ئىسىم ياسايدۇ. ئۇ ئىككى خىل مەنىگە ئىگە، بىرى غىلاڭ (ئوچۇقچىلىق) يەرگە چىت ئۆستۈرۈپ ياسالغان تام ياكى باشقا يەر-

① ② ئابدۇقەييۇم خوجا قاتارلىقلار تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى، 111 ـ، 118 ـ بەتلەر.

دىن كېسىپ كېلىنىپ، ئاستى تەرىپىنى كۆمۈپ تەييارلانغان چىتلاق؛ يەنە بىرى، مەلۇم ئېگىزلىكتە تام قوپۇرۇلۇپ، ئۈستىگە چىت سادىجىپ تەييارلانغان چىتلاق.

«ساتما» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆيلەرنىڭ كىچىكرەكلىرىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يەنە «كەپە» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ ئەرەب تىلىدىكى «كەئبە» دىن كەلگەن بولسا كېرەك. قىزىق يېرى شۇكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان «ساتما» دېگەن نام قەدىمكى ئارىيان تىلىدىن كەلگەن بولۇپ، تەكشى ئۆگزىلىك، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەر ئارىيان تىلىدا «ساتما» (Satma) دېيىلگەن.①

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەر ئەتراپلىرىدا ياشايدىغان قىسمىلىرى گەمە بىلەن ساتمىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ، دەسلەپ سوقما تاملىق ئۆيلەرنى، ئاندىن لاي تاملىق ئۆيلەرنى (لاي تامنىڭ بەزىلىرىنى «ئەنجان تېمى» دەپمۇ ئاتايدىغان ئەھۋال بار)، ئۇنىڭدىن كېيىن چالما تاملىق ئۆيلەرنى، بۇلاردىن يەنىمۇ بىرقەدەم ئىلگىرىلەپ كېسەك تاملىق، خىش تاملىق ئۆيلەرنى ياساپ ئولتۇرغان. كېسەك تاملىق ۋە خىش تاملىق ئىمارەت شەكلىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ھالىتىگە دائىر ئەھۋاللارنى شىنجاڭدىكى ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇشلاردىن بىلگىلى بولغانغا قارىغاندا، بۇ خىل قۇرۇلۇش ئۇسۇلى شىنجاڭغا ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىن تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن بولسا كېرەك. چۈنكى، بىر قىسىم مەسچىت، مەدرىسە ـ خانىقالارنى شەھەر ئىچىگە سېلىشقا توغرا كەلگەچكە، ئاھالە ۋە ئىمارەتلەر زىچ بولىدىغان جايلاردا سوقما تام، چالما تام، لاي تام قىلىش ئىمكانىيىتى يوق. خىش ـ كېسەكلەرنى سىرتتا تەييارلاپ يۆتكەپ كېلىپ ئىشلىتىش بىرقەدەر قولاي چارىدۇر. بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭدا سوقما تام، چالما تام ۋە لاي تاملىق ئۆي سېلىشنىڭ ئىزنالىرى ھېلىھەم يېزا ـ قىشلاق، سەھرا رايونلىرىدا ساقلىنىپ كېلىنمەكتە.

بۇنداق دېگەنلىك، غەربىي يۇرتتا كېسەك ـ خىشنىڭ تارىخى

---

① «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»؛ «ساتما» دېگەن سۆز «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»نىڭ (I توم، 564 ـ بەت) تە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا «كېچىسى بانىي كۆرۈش ئۈچۈن دەرەخنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان قاراۋۇللۇق سائىسى» دېيىلگەن.

قاراخانىيلار سۇلالىسى زامانىسىدىن باشلىنىدۇ. دېگەنلىك ئەمەس، بۇمۇ ئۇزۇن بىر تارىخىي جەرياننى بېسىپ ئۆتكەن. مەسىلەن، ئارخېئولوگلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردە بىنا قىلىنغان، دەپ قارىغان خوتەندىكى «ئاقسىپىل قەدىمكى شەھىرى» نىڭ تاملىرىغا ھەر خىل شەكىلدىكى كېسەكلەر ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇلاردىن بىز ئەينى زاماندا ئەجدادلارنىڭ شۇنداق چوڭ بىر شەھەر سېپىلىنى ياساش ئۈچۈن نۇرغۇن كېسەكلەرنى تەييارلىغانلىقى ۋە بۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ ئەمگەك كۈچىنىڭ ئۇزۇن يىل ئەمگەك سىڭدۈرگەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز. بۇلاردىن باشقا، قەشقەرنىڭ شەرقىدىكى «خانئۆي» خارابىسىنىڭ شىمالىي دەرۋازىسى يېنىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «مورا» بۇددا ئىبادەتخانىسى قۇرۇلۇشىنىڭ ئېگىزلىكى 15 مېتىر (بەش قەۋەت) كېلىدۇ. بۇ مۇنارغا ئىشلىتىلگەن كېسەكلەر ئالاھىدە بولۇپ، بىر تەرىپى كەڭ، بىر تەرىپى تار، كەڭ تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 سانتىمېتىر، تار تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 16 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 10 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇلار غەربىي يۇرتتا بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى كېسەك ئەۋرىشكىلىرى بولۇپ سانىلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇلـلۇغەتت تۈرك» ناملىق كىتابىدا خىش، قىلىپ (كەپ، كېپىت)، قالاق (كېسەك ـ خىش بىلەن تام قوپۇرغاندا لاي ئېلىش ۋە ئۇنى كېسەك قويۇلىدىغان جايغا يېيىتىش ۋە پارچە كېسەك ـ خىش لازىم بولغاندا كېسەك ـ خىشنى چېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئەسۋابنى كۆرسىتىدۇ) قاتارلىقلار توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن بولۇپ، شۇ زاماندا كېسەكچىلىكنىڭ كەسىپلىششكە قاراپ ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۈچىنچى، يەرنى ئويۇپ ئۆي ياساش ئۇسۇلى. تۇرپان ئويمانلىقىدىكى بەزى قەدىمكى ماكانلاردىن يەرنى ئويۇپ ئۆي ياساش ئۇسۇلى بويىچە ياسالغان ئۆيلەرنىڭ خارابىسى بايقالدى. بۇنىڭغا 1994 ـ يىلى 6 ـ، 8 ـ ئايلاردا ئارخېئولوگىيە خادىملىرىنىڭ يارغولدىكى 1 ـ، 2 ـ نومۇرلۇق ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا بايقىغان ئۆي خارابىلىرى مىسال بولىدۇ.

1 ـ نومۇرلۇق تۇرالغۇ قەدىمكى شەھەر مەركىزىي چوڭ كوچىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربىي تۆپىلىكتىكى

يارداڭلىقتا ياندىشىغان گىرەم شەكلىدە ئويۇپ ياسالغان ئىككى ئېغىز ئۆيدىن ئىبارەت. ئىككى ئۆي ئۆزئارا تۇتىشىدۇ. پۈتۈن يارغول قەدىمكى شەھىرىدىكى ئاھالىلەر قەدىمكى ئۆيلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ بىرى، يەرنى ئويۇپ ئۆي ياساش ئۇسۇلى بولۇپ، قورۇسى ئويۇپ چىقىرىلغان. يەنە بىر خىلى، 1 ـ نومۇرلۇق تۇرالغۇغا ئوخشاش گىرەم شەكىللىك ئۆيلەر. ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل شەكىلدىكى تۇرالغۇ ئىزلىرىنىڭ جايلىشىشىدا مەلۇم قانۇنىيەت بار. ئالدىنقىسى ئاساسلىق بولۇپ، شەھەر رايونىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ۋە شىمالىي قىسمىلىرىغا مەركەزلەشكەن. كېيىنكىلىرى ئازراق بولۇپ، شەھەر رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا مەركەزلەشكەن. 1 ـ نومۇرلۇق تۇرالغۇ بىلەن ئوخشاش شەكىلدىكى قۇرۇلۇشلارنى تەكشۈرۈش ۋە يەرنى ئويۇپ ئۆي ياساش ئۇسۇلى بىلەن سېلىنغان ئۆيلەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق مۇتەخەسسىسلەر يارغول قەدىمكى شەھىرىدىكى گىرەم شەكىللىك ئۆيلەرنىڭ يىل دەۋرى خېلى كېيىنرەك بولۇپ، دەسلەپكى ئاھالىلەرنىڭ ئاز ئويغۇرلىرى قەدىمكى شەھەرنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ئەسلىدىكى ئۆينىڭ ئورنىغا ئۆزگەرتىپ ياسىغان ياكى قايتىدىن قېزىپ ياسىغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىماقتا. بۇ قىياس قەدىمكى شەھەردىكى ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆيلىرىدىكى ئوخشاش بولمىغان شەكىل، ئۆزگىرىشنى تەتقىق قىلىشتا مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە.

2 ـ نومۇرلۇق تۇرالغۇ يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ شىمالىغا، مەركىزىي چوڭ كوچىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. كونا شەھەرنىڭ جايلىشىشىدىن قارىغاندا، بۇ رايون ئاھالىلەر ئەڭ مەركەزلەشكەن رايوندۇر. بۇ يەردىكى ئاھالىلەر كىرىلىشىپ كەتكەن كوچىلار ئارقىلىق ئوخشاشمايدىغان رايونلارغا ئايرىلغان. ھەربىر رايوننىڭ قورشاۋ تېمى بار بولغان.

يارغول قەدىمكى شەھىرىدىكى باشقا ئىمارەتلەرگە ئوخشاش 2 ـ نومۇرلۇق تۇرالغۇمۇ يەرنى كولاش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ خام توپا ئىچىدىن ئويۇپ چىقىرىلغان تىك تۆت تەرەپلىك، ھويلا ـ ئارام شەكلىدىكى تۇرالغۇدىن ئىبارەت. قورو تامنىڭ ئۇزۇنلۇقى 28 مېتىر، كەڭلىكى 15 مېتىر، ھويلا ئىشىكى غەربىي تەرەپكە ئېچىلغان، كىرىش ئىشىكى ھويلىنىڭ جەنۇبىدىكى كىچىك ھويلىدا، شىمالىي

قىسمىدا شەرق ـ غەرب ئىككى رەتتە بەش ئېغىزدىن ئۆي بار. بۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ئۆيلەر بولۇپ، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئۆيلەرنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئۆيلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاشمايدۇ. چوڭلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى تۆت ـ بەش مېتىرچە، كىچىكلىرىنىڭ ئىككى ـ ئۈچ مېتىرچە كېلىدۇ. ئۆي جابدۇقلىرى يوق ئىكەن. غەربىي رەتتىكى قەدىمكى ئۆيلەرنىڭ ئەڭ شىمالىدا بىر ئائىلە بۇتخانىسى بار بولۇپ، بۇتخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چاسا مۇنارنىڭ ئۇلى بار. بىردىنبىر قۇدۇق غەربىي رەتتىكى ئۆيلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كارىدورنىڭ ئالدى تەرىپىگە قېزىلغان بولۇپ، ھويلىدا قۇدۇق يوق. خارابە ئىزنالىرىدىن قارىغاندا، ئەينى زاماندىكى كىشىلەر ئالدى بىلەن قۇدۇقنى قېزىۋېلىپ ئاندىن كېيىن ھويلا ـ ئۆيلەرنى قېزىپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئاۋۋال قۇدۇق قېزىپ، ئاندىن ئۆي قېزىشتەك ئەھۋال يارغول قەدىمكى شەھىرىدىكى باشقا قۇرۇلۇشلاردىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب ئېھتىمال بۇ يەردە ياشاشقا كېرەكلىك يەر ئاستى سۇ مەنبەسىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى ئېنىقلاش بولسا كېرەك.

يەرنى كولاش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت قۇرۇلۇش ئۇسۇلىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن 2 ـ نومۇرلۇق تۇرالغۇ ئەڭ دەسلەپ ياسالغاندىن تارتىپ تاكى تاشلىۋېتىلگىچە بولغان پۈتكۈل جەرياندا چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان. ئۆيلەر ئىشلىتىلىش جەريانىدا قانچە قېتىملاپ ئۆزگەرتىلىپ تۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزگەرتىش شەكلى كۆپىنچە ئەڭ باشتا ئىشلەنگەن پاكار تاملاردىن بارا ـ بارا تام گەۋدىسى نىسپىي ھالدا ئېگىزلىتىپ تۈزۈلگەن. شۇڭا ئۆيلەرنىڭ ئاساسىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدا ئەڭ دەسلەپكى شەكىل ساقلاپ قېلىنغان. بۇ يارغول قەدىمكى شەھىرىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىشلىتىلىش جەريانىدىكى ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىك نۆۋەتتە يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تەھلىل قىلىش ئۈچۈن يېڭى پىكىر بىلەن تەمىنلىدى.①

تۆتىنچى، چېدىر شەكىللىك ئۆي بىلەن گەمە ۋە ساتما شەكىللىك

① لى ۋېيىڭ، ۋاڭ زۇڭلى: «يارغول ئارخېئولوگىيىسىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قولغا كەلگەن يېڭى نەتىجىلەر»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» («西域研究»)، 1997 ـ يىلى 3 ـ سان، خەنزۇچە، ئۈرۈمچى.

ئۆيلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى بىرلەشتۈرۈلگەن ئىمارەت شەكلى.
يۇقىرىدا بىز غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ تارىختا تاغلىق رايونلاردا ياشايدىغان ئۆرۈق - ئايماقلىرىنىڭ كىگىز ئۆي، يەنى چېدىرلارنى تۇرالغۇ قىلغانلىقىنى، تۇزلەڭلىك - ئېكىنزارلىقلاردا ياشايدىغان قوۋملىرىنىڭ بولسا گەمە - گېرەم ۋە ساتمىلاردا ياشاپ تارىخنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. تارىخىي جەھەتتىن كۆزىتىش ئېلىپ بېرىپ شۇنى ھېس قىلغىلى بولىدۇكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى، ئولتۇراق جاي ئالاھىدىلىكى مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا تېپىكلەشتۈرۈلۈپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.
ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكىنىڭ بىناكارلىق ساھەسىدە مۇجەسسەملىنىشى: شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆپچىلىكى دېھقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي قىسمى مۇقىم تۇرالغۇ جاي تەييارلاپ ئولتۇرۇشقا ئادەتلەنگەن. «ئۆيى يوقنىڭ جېنى يوق»، «پۇل تاپقۇچە ئۆي تاپ»، «ئۆز ئۆيۈمنىڭ بوشلۇقى، پۇت - قولۇمنىڭ خۇشلۇقى»، «ئەر ئۆمرىدە بىر قېتىم ئۆي سالىدۇ، ئۆي سالمىسا نېمە سالىدۇ»، «كىچىك بولسىمۇ ئۆيۈڭ بولسۇن»، «قوشنا ئولتۇرغىچە ئۆي سال، ئۆي سالمىساڭ بولسەن ئوسال» دېگەنگە ئوخشاش ماقال - تەمسىللەر ئاساسەن شۇلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىنائەن يەكۈنلىنىپ چىققان. دېھقانلارنىڭ ئاساسلىق مەشغۇلاتى تېرىقچىلىق بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى كۆپ قولى ئەپچىل، ئىشچان ۋە زېرەك دېھقانلار باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىقلار بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. بۇ خىل ئىگىلىك شەكلى دەل ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ جاي قۇرۇلۇشىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن، دېھقان ئۆيلىرىنىڭ ئەتراپىدا مەلۇم دائىرىدە باغ بىنا قىلىنغان بولىدۇ. ھويلىنىڭ ئايرىم يېرىدە چوڭ-كىچىك چارۋىلار ئۈچۈن ئېغىل - قوتان تەييارلىنىدۇ. بىر يەرگە توخۇ، ئۆردەك، توشقان كاتەكلىرى، ئۆگزىلەردە كەپتەر قونىلىرى، بالكون، پېشايۋان - ئايۋان ساراي لىم - خارلىرىغا يانداشتۇرۇلۇپ پاختەك، قارلىغاچ ئۇۋىسى — كوۋۇك ھازىرلاپ بېرىلىدۇ. ھويلا

ئەتراپىدىكى ئۈجمە دەرىخى، ئۈرۈك دەرىخى قاتارلىقلارغا قاراقۇشقاچ
قاتارلىقلار ئۈچۈن ئۇۋۇلىق جاي ياساپ بېرىلىدۇ. ئاساسلىق تۇرالغۇ
ئۆيلەرنىڭ يېنىدا ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرى بولىدۇ. ھويلا - قورو
دەرۋازىسىنىڭ ئۈستى، ئېغىل - قوتانلار، ھاجەتخانىلارنىڭ ئۈستىدە
بالكونلار بولۇپ، ئۇلارغا چارۋىلارنىڭ يېمەكلىكى بولغان ئوت -
سامان، يەم - خەشەك قويۇلىدۇ. دۇكان، چايخانا، پېشايۋان سۇپىلى-
رىنىڭ ئاستى گەمە قىلىنىپ، قىشلىق يەل - يېمىش، قوغۇن -
تاۋۇز، ئوتياش ۋە باشقا ئائىلە سايمانلىرى ساقلىنىدۇ.

چېدىر، گەمە، ساتىملارنىڭ تۆت چاسا، ياغاچ، توپا قۇرۇلمى-
لىق ئۆيلەر بىلەن قوشۇلۇپ مۇجەسسەم قىلىنىشى: ھازىرقى زامان
ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىناكارلىقىدا ئەجدادلارنىڭ چېدىر، گەمە، ساتما شە-
كىللىك تۇرالغۇ جايلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى جىپسىلاشتۇرۇلغان. گۈم-
بەز، ئەگىملىك ئىشىكلەر ۋە مېھراب - تەكچىلەر توپا، ياغاچ قۇرۇل-
مىلىق ئۆيلەردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلە مۇنداق ئوتتۇرىغا
قويۇلسا، دەماللىقتا بەزىلەر مۇسۇلمان دۇنياسىدا، ھىندىستان قاتار-
لىق ئەللەردە مەسچىتلەردە گۈمبەز، ئەگمە ئىشىك، مېھرابلار بارغۇ،
دېيىشى مۇمكىن. بۇلارغا شۇنداق جاۋاب بېرىلسە توغرا بولىدۇكى،
ئۇ يەرلەرگە شىنجاڭدىكى تۈركىي، موڭغۇل تىللىق ئائىلىسىگە مەنسۇپ
خەلقلەرنىڭ چېدىر - كىگىز ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى تەسىر
قىلغان. ئۇلار ھون دەۋرى، ئېفتالىتلار (ئاق ھونلار) دەۋرى، تۈرك
خانىدانلىقى دەۋرى، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرى، موڭغۇل ئىمپې-
رىيىسى ۋە تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە ئۇ رايونلارغا قويۇق مەدەنىيەت تەسى-
رىنى سىڭدۈرگەن، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلار ناھايىتى
بۇرۇنلا مۇقىم تۇرالغۇ جايلاردا پاناھلىنىشقا ئادەتلەنگەن. تەبىئىي
تۇرالغۇلاردىن سۈنئىي تۇرالغۇ جايلارغا يۆتكىلىش، سۈنئىي تۇرالغۇ-
لارنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش، ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، ئۇنىڭدىن نو-
قۇل تۇرمۇش ئېھتىياجى ئۈچۈنلا پايدىلىنىپ قالماستىن، بەلكى بۇن-
داق جايلاردىن گۈزەللىك زوقى ئېلىش، ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن تالاي-
تالاي قېتىم تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. يېڭى - يېڭى بىناكارلىق

ئىستىلىنى ياراتقان، شەرق ـ غەرب بىناكارلىق ئۇسلۇبىدىكى ئەۋزەللىكلەردىنمۇ پايدىلىنىپ، شىنجاڭ بىناكارلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ياراتقان.

## 2. قەلئە ـ شەھەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى

شەھەرلەر ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى.

شەھەرلەرنى «ئىستىخىيىلىك شەھەرلەر»، «سۈنئىي شەھەرلەر» دەپ ئايرىش مۇمكىن. ئىستىخىيىلىك شەھەرلەرنىڭ تارىخى سۈنئىي شەھەرلەرنىڭ تارىخىغا قارىغاندا ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ئەمگىكى، تىرىشچانلىقى ۋە تەجرىبىلىرىدىن تەدرىجىي شەكىللەنگەن. شۇڭا ئۇ مۇئەييەن زۆرۈرىيەتنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. بۇ خىل زۆرۈرىيەت ئالدى بىلەن ئېشىنچا مەھسۇلاتلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنى ئالماشتۇرۇش ئېھتىياجى ئىدى.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە كېيىنكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە ئېشىنچا مەھسۇلات بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «ياۋايىلىق دەۋرىنىڭ[1] تۆۋەنكى باسقۇچىدىكى كىشىلەر توغرىدىن ـ توغرا پەقەت ئۆزلىرى ئىستېمال قىلىدىغان مەھسۇلاتلارنىلا ئىشلەپ چىقىراتتى. بەزىدە، ناگاندا ئالماشتۇرۇش يۈز بېرىپ قالسا، ئۇ ئايرىم ئىش ھېسابلىناتتى. ياۋايىلىق دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدا چارۋىچى خەلقلەردە چارۋىچىلىق ئىگىلىكى مەۋجۇت بولغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ئىگىلىك — پادىلار بىرقەدەر چوڭ بولغان تەقدىردە، ئاھالىنىڭ ئۆزى ئىستېمال قىلىدىغىنىدىن ئاشقىرى مۇنتىزىم يوسۇندا بىرمۇنچە ئارتۇق مەھسۇلاتنىمۇ بېرىپ تۇرىدۇ.»[2]

كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ باشقا ياۋايىلاردىن ئايرىلىپ چىقىشى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى بىرىنچى قېتىملىق ئىش تەقسىماتى

---

① ئېنگېلس ئىپتىدائىي جەمئىيەتنى ياۋايىلىق، ۋارۋارلىق ۋە سىۋىلىزاتسىيە دەۋرى دېگەن ئۈچ باسقۇچقا ئايرىغان.

② ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، شەرق ھەقىقىتى، تاشكەنت، ئۆزبېكچە نەشرى.

بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەڭ بۇرۇنقى ئالماشتۇرۇش كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردە بولغان. «چۈنكى كۆچمەن چارۋىچىلار قەبىلىسى ئىشلەپ چىقارغان تۇرمۇش ۋاستىلىرى باشقا ياۋايىلارنىڭكىدىن كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ تۈرىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايتتى. ئۇلاردا باشقا ياۋايىلارغا قارىغاندا خېلى كۆپ سۈت، گۆش ـ ياغ بولاتتى، ئۇنىڭدىن باشقا يۇڭ، قېرىن ۋە تىۋىتمۇ بولاتتى. خام ئەشيانىڭ كۆپىيىشى بىلەن توقۇلما بۇيۇملارمۇ بارا ـ بارا كۆپەيدى. بۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم مۇنتىزىم يوسۇندا داۋاملىشىپ بارىدىغان ئالماشتۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىلدى.»[1]

دېمەك، ئىنسانلاردا سىنىپ بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنلا ئالماشتۇرۇشقا، ئېشىنچا مەھسۇلاتلارنى ساقلاش ۋە مۇداپىئە قىلىشقا ئېھتىياج چۈشكەن. شۇڭا، ئىستىخىيىلىك شەھەرلەرنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى مانا مۇشۇنداق ئەڭ بۇرۇنقى ئالماشتۇرۇش مەركەزلىرى بولۇشى مۇمكىن.

شەھەر — بىر تارىخىي كاتېگورىيە. چۈنكى ئۇنىڭ پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش جەريانى بولىدۇ. شەھەرلەر ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋردە ئوخشاشمىغان مەزمۇنلارغا ئىگە بولۇپ كەلدى. بىز بىر خىل ئاددىي تەبىر ئارقىلىق ئوخشاشمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى شەھەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بېرەلمەيمىز. بۇ يەردە بىز شەھەرلەرنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، پەقەت كەڭ مەنىدىكى شەھەر ئۇقۇمى نۇقتىسىدىن چىقىپ، شەھەرلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكىللىنىش ھالىتىنى ئىزدىنىپ كۆرەيلى، كېيىنكى تەرەققىياتلاردا بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان شەھەرلەردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، بىز بىخلىنىشقا باشلىغان شەھەرلەرنى «شەھەرلەرنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى» دەپ ئاتىساق مۇۋاپىق بولىدۇ. بۇ خىل «شەھەرلەرنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى» زادى قاچان شەكىللەنگەن؟

ئامېرىكىلىق مەشھۇر قەدىمكى زامان جەمئىيىتى تەتقىقاتچىسى مورگان (1818 — 1881 ـ يىللار) ئىپتىدائىي جەمئىيەتنى ئۇزۇن يىل تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مۇنداق يەكۈننى چىقارغان: «ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ جەريانىنى ئەسلىگەندە، شۇنىڭغا دىققەت قىلىشى-

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى».

مىز كېرەككى، ياۋايىلىق جەمئىيىتىنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا، ھەرقاي-
سى قەبىلىلەر قاشالانغان مەھەللىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ داۋاملىق ئولتۇ-
رىدىغان ئۆيلىرى قىلغانىدى. ياۋايىلىق جەمئىيىتىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇ-
چىدا ئۇلار كېسەك ۋە تاش بىلەن سېلىنغان، توپ - توپ ھويلا -
ئارامىلاردا ئولتۇرىدىغان بولۇشتى، بۇ ھويلىلار خۇددى قورغانغا ئوخ-
شاپ كېتەتتى. لېكىن ياۋايىلىق جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچىغا
يەتكەندە، ئىنسانىيەت تەجرىبىسىدە، تۇنجى قېتىم چۆرىدەپ سېپىل
سوقۇلغان شەھەرلەر، ئەڭ ئاخىرىدا بولسا، تاش بىلەن رەتلىك قوپۇ-
رۇلغان سېپىللىك قەلئەلەر ۋۇجۇدقا كەلدى». ① مورگان يەنە مۇن-
داق دەيدۇ: «خەقلەر يېزىلاردا ياكى شەھەرلەرگە ئولتۇراقلىشىدىغان
چاغدا، ئۇرۇق، قوۋم، قەبىلىلەر بويىچە جايلارغا بۆلۈنۈپ توپلىشىپ
ئولتۇرغانىدى، بۇنى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرى كەلتۈرۈپ
چىقارغان.»②

بۇ بايانلار، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرلىرىدا ھەقىقەتەن
«شەھەرلەرنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى» شەكىللىنىپلا قالماستىن، بەلكى
بۇ چاغدا كىشىلەر ئۇرۇق، قوۋم، قەبىلىگە قاراپ، بۇ خىل شەھەر-
لەردە ئولتۇراقلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئېنگېلس: «تاش
تاملار بىلەن، راۋاقلار بىلەن، كۇنگۈرىلەر بىلەن چۆرىدەلگەن تاش
ئۆيلەر ياكى خىش ئۆيلەر سېلىنغان شەھەر — قەبىلە ياكى قەبىلىلەر
ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالغان». ③ قەبىلە ۋە قەبىلىلەر ئىت-
تىپاقى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدىكى ئىجتىما-
ئىي تەشكىلىي فورماتسىيە بولۇپ، بۇمۇ روشەن ھالدا ئىپتىدائىي
جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە «شەھەرلەرنىڭ ئىپتىدائىي
شەكلى»نىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇشىمىزغا ياردەم بېرى-
دۇ. ئېنگېلس يەنە: «مەدەنىيلىك (سىۋىلىزاتسىيە) دەۋرى ئۆزىدىن
بۇرۇن پەيدا بولغان بۇ ئىش تەقسىماتى تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنى
خۇسۇسەن يېزا بىلەن شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىقنى كەس-
كىنلەشتۈرۈۋېتىش بىلەن مۇستەھكەملەيدۇ ۋە كۈچەيتىۋېرىدۇ»④

---

① ② مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - قىسىم، 508 -، 529 - بەتلەر.

③ ④ «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، ئۇيغۇرچە، 281 -، 286 - بەتلەر.

دەپ ئېيتقان.

دېمەك، ئىستىخىيىلىك شەھەرلەر ئىپتىدائىي جەمئىيەت (سىنىپسىز جەمئىيەت) نىڭ مەھسۇلى بولۇپ، مەدەنىيلىك دەۋرىدىن بۇرۇنلا — يۇقىرى دەرىجىلىك ياۋايىلىق مەزگىلىدىلا شەكىللىنىشكە باشلىغان.

ياۋروپا، ئامېرىكا ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، دەسلەپكى شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ يىلتىزى دائىلىق زىرائەت تېرىقچىلىقىنى ئاساس قىلغان مۇقىم ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەردە ھاسىل بولغان... شەھەر دۆلەت پەيدا بولغان، مەرىپەت دەۋرى يېتىپ كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى، ۋەھالەنكى، مىتال بۇيۇملىرى، يېزىق، مۇراسىم خاراكتېرىدىكى ئىمارەتلەر قاتارلىق كونكرېت ئوبرازنىڭ ھەممىسى شەھەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى دەلىللەيدىغان ئارخېئولوگىيىلىك ئاساس بولۇشى كېرەك. ئۇلارنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى شەھەرنىڭ مەزمۇنىنى ھاسىل قىلىدۇ، كونكرېت ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى ھەر تەرەپلىمە ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ئەينى دەۋردىكى مەھەللە شەكلىنىڭ شەھەر كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى دەلىللەپ چىقالايمىز. شەھەرلەرگە بولغان تونۇشىنىڭ ئايدىڭلىشىشى بىلەن دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى نامايان قىلالايمىز.①

شۇنداق قاراشقا بولىدۇكى، مەدەنىيەت، دۆلەت ۋە شەھەردىن ئىبارەت بۇ ئۈچى مەنە جەھەتتىن زىچ باغلىنىشقا ئىگە ئۇقۇملاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئوخشاش بىر تارىخىي ھادىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن يېشىپ بېرىلىشىدۇر، يەنى مەدەنىيەت — ئىنسانىيەت تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچى، ئۇ قاتلاملارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، دۆلەت پەيدا بولغاندىن كېيىنكى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلىدىن ئىبارەت. دۆلەت — مەرىپەت (سىۋىلىزاتسىيە) دەۋرىگە خاس بولغان ئىجتىمائىي تەشكىلات بولۇپ، مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى ھۆكۈمرانلىق بىلەن باشقۇرۇش ئورگىنى (ھوقۇق مەركىزى) مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان جەمئىيەتتۇر. شەھەر-

① شۇ خۇلاڭ: «شەھەرلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى مەسىلىسى ھەققىدە مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1997 - يىلى 1 -، 2 - قوشما سان، 185 - ، 187 - بەتلەر.

لەر بولسا، مەرىپەت دەۋرىگە خاس بولغان، دۆلەت بىلەن مۇناسىپ ھالدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەھەللە ھالىتى بولۇپ، دۆلەتنىڭ ماددىيلاشقان شەكلىدۇر.

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا «دەقيانۇس» شەھىرى (ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، تۇرپاندىكى قەدىمكى شەھەر ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن ئىكەن) نىڭ 4000 يىللىق تارىختا ئىگە ئىكەنلىكى ھەققىدە رىۋايەتلىك مەلۇماتلار تارقىلىپ يۈرمەكتە. بىزنىڭچە بولغاندىمۇ شىنجاڭدا «شەھەرلەرنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى» قەدىمكى كۆنچى دەريا ۋادىسىغا دەپنە قىلىنغان كىشىلەر دەۋرىدە شەكىللىنىشكە باشلىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ دەۋرگە خاس شەھەر خارابىلىرى تېخى ئېنىقلاپ بېكىتىلگىنى يوق.

قەدىمكى تارىملىقلار تاملارنى ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس ھالدا ئىشلەپ چىقىشقان، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرلىرىدىكى شەھەرلەر ئەمدىلا شەكىللەنگەن ۋە بارلىققا كەلگەن چاغلاردا ئۇ يەنىلا ئىپتىدائىي ھالەتتە تۇراتتى. ئەينى چاغدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ناھايىتى تۆۋەن ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىمۇ خاتىرجەم ئەمەس، قەبىلىلەر دائىم كۆچۈپ يۈرەتتى. ئەينى چاغدا يەنە قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئارىسىدا بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشلىرىمۇ بولغاچقا، ئۆزلىرىنىڭ ئېشىنچا مەھسۇلاتىنى قوغداش، باشقا قەبىلىلەرنىڭ بۇلاڭچىلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن توپا بىلەن قاڭداپ ياسالغان (تارىم ۋادىسىدا توقۇلما، سۇۋالما، سوقۇلما تاملار بولغان) شەھەر سېپىللىرى قۇرۇلۇپ، شەھەرلەرنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى شەكىللىنىشكە باشلىغان. بۇ خىل شەھەرلەرنىڭ ئىپتىدائىي شەكلىنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ قۇرۇلمىسى تېخى بەكمۇ مۇكەممەلسىز ئىدى، شۇنداقلا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي مەركەزگە ئايلىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرلىرىدىكى شەھەرلەر ئەمدىلا شەكىللەنگەن ۋە بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئىپتىدائىي ھالەتتە تۇراتتى. ئەينى چاغدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. چۈنكى ئۇ ئاددىي قورغان شەكلىدىنلا ئىبارەت ئىدى. قورغان شەھەر كاتېگورىيىسىگە كىرەمدۇ ـ كىرمەمدۇ؟ شەھەرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا «ئېقىم» بىلەن «مەنبە» نىڭ مۇنا-

سىۋتىنگە دىققەت قىلىشىمىز لازىم. شەھەرلەر ئەمدىلا شەكىللەنگەن
چاغدا تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئاددىي
قورغاندىن تاشقىرى ئۇلچەم قىلىشقا بولىدىغان ھېچقانداق باشقا شە-
ھەرلەرنىڭ قۇرۇلمىسى تېخىچە يوق ئىدى. ئەمما كېيىن تەرەققىي
قىلغان شەھەرلەر دەل مانا مۇشۇنداق ئىپتىدائىي قورغانلار ئاساسىدا
تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. ئۇلار ئارىسىدا پۈتۈنلەي ئايرىلىپ تۇرىدى-
غان ھالەت يوق. ئىككىسى ئوخشاش بىر سىستېمىغا مەنسۇپ بولغان
ئۇقۇم بولۇپ، «قورغان» دىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇم «شەھەر» دىن ئىبا-
رەت بۇ «ئۇقۇم» نىڭ ئۇقۇم دائىرىسىگە كىرىدۇ. «شەھەر» بىر
ئۇقۇم بولۇپ، «قورغان» ھەم ئۇقۇمغا مەنسۇپ، ئىككىسىنىڭ ئارى-
سىدا بېقىندىلىق مۇناسىۋەت بار. شۇنداق ئىكەن بىز ئىپتىدائىي
قورغانلارنى كەڭ مەنىدىكى شەھەر ئۇقۇمى نۇقتىسىدىن قاراپ، «شە-
ھەرلەرنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى» — كېيىنكى ھەقىقىي شەھەرلەرنىڭ
مەنبەسى. شۇڭا «قورغان» نى شەھەر كاتېگورىيىسىنىڭ سىرتىغا چە-
قىرىۋېتىشكە بولمايدۇ، دەپ قارايمىز.
تارىخچىلارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي
جەمئىيەتتىن قۇللۇق جەمئىيەتكە ئۆتۈشى ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزۇن بىر
جەريان كەتكەن ياكى بىر چوڭ ئۆتكۈنچى دەۋر بېسىپ ئۆتۈلگەن.
ئىپتىدائىي قورغانلارنىڭ شەھەرلەرنىڭ ئىپتىدائىي كېلىش مەنبەسى
ئىكەنلىكىنى بىرقەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، بۇ
يەردە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى شەھەرلىرىنىڭ قانداق قىلىپ ئىپتىدائىي
قورغانلاردىن تەدرىجىي «ھەقىقىي شەھەرلەر» گە تەرەققىي قىلغانلىقى-
نى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇلاھىزە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.
ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە شەھەرلەرنىڭ ئىپ-
تىدائىي شەكلى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، تارىخىي تەرەققىياتقا
ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى جەمئىيىتى تەدرىجىي سىنىپىي جەم-
ئىيەتكە كىرگەن. 1976 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيە خادىم-
لىرى ئۈرۈمچى شەھىرى نەنشەننىڭ ئالغۇي رايونىدا چۇنچيۇ ـ جەنگو
دەۋرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 772 ـ يىللاردىن 221 ـ يىللارغىچە)
دىكى بىر تۈركۈم قەبرىلەرنى قازغانىدى. ئۇنىڭدىن تۆمۈردىن ياسال-
غان، ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە چىرىپ كەتكەن بىر قىسىم قەلەمتىر-

راچلار تېپىلدى. ئېنگېلسنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئىنسانلار تۆمۈر رۇدىسىنى ئېرىتىشتىن باشلاپ، ئومۇمىيۈزلۈك مەدەنىيەت دەۋرىگە ئۆتكەن.[①] لېكىن لوپنۇر رايونىنى تاغلىق (رۇدا بار) رايونلارغا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. بۇ رايونلاردىن قەدىمكى دەۋرلەرگە خاس تۆمۈر رۇدىلىرىغا ئائىت نەرسىلەر تېپىلمىغان بىلەن، تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە خاس غەيرىي تۆمۈر قوراللار تېپىلدى. كىشىلەرنىڭ مۇشۇ دەۋرگە ماس ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى ھەم ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرى شەكىللىنىپ بولغانلىقىنى يۇقىرىدا يېتەرلىك پاكىتلار بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتتۇق.

قىسقىسى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1000 - يىللاردىن كېيىن، غەربىي يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئىگە بولغان، ئىجتىمائىي ھالەتتە ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن شەھەرلەرمۇ يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشكە باشلىغان ھەم ئۇنىڭغا يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلغان. بۇلار ماركس ئېيتقاندەك، شەھەرلەرنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى بولماستىن، بەلكى ھەقىقىي شەھەرلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھېرودوت (تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 485 — 425 - يىللاردا ياشىغان) «تارىخ» ناملىق مەشھۇر كىتابىدا، تۇران تۈزلەڭلىكىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى شەھەر ئەللىرى توغرىسىدا سۈرۈشتۈرۈپ ئاڭلىغانلىرىنى يېزىپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «‹چەككە ئىسكەندەر›، دەپ ئاتالغان قورغاندىن شەرقتە، خېلى يىراقتا، ‹تەخر كىيانوس› (ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، ‹دەقيانۇس› ئىكەنلىكى چوقۇم ئىكەن) دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ شەھەر بارمىش، خەلقى كۆپ، بازار - رەستىلىرى ئاۋاتمىش».

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1000 - يىللاردىن كېيىن، غەربىي يۇرتتا «سۇنئىي شەھەرلەر» بارلىققا كېلىشكە باشلىغان، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. سۇنئىي شەھەرلەر ئاساسەن سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» ناملىق كىتابىدا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرمۇنچە شەھەرلەرنى ئافراسىياپ قۇرغان شەھەرلەر دەپ قەيت قىلغان. مەسىلەن، «كاشغەر — ئوردۇ

① «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى».

كەنت دېيىلىدۇ. ئافراسىياپ مۇشۇ شەھەردە تۇرغان»، «بارسغان — ئافراسىياپ ئوغلىنىڭ ئېتى. بارسغان شەھىرىنى شۇ بىنا قىلدۇرغان. بۇ مەھمۇدنىڭ ئاتىسىنىڭ شەھىرىدۇر. بەزىلەر ئۇيغۇر خانىنىڭ بارسغان ئىسىملىك بىر ئات باقارى بار ئىدى، ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئۇ ئاتلارنى شۇ يەردە باقاتتى، كېيىنچە بۇ ئىسىم بۇ يەرگە نام بولۇپ قالغان دېيىشىدۇ» (Ⅱ توم، 569 ـ، 570 ـ بەتلەر)، «تۈرك — تۈرك شەھەرلىرىدىن بىرىنىڭ نامى» (Ⅰ توم، 445 ـ بەت)، «بارمان — ئافراسىياپنىڭ ئوغلى سالدۇرغان شەھەر، بۇ شەھەر شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان (Ⅱ توم)، «بارچۇق — ئافراسىياپ قۇرغان بىر شەھەر. ئۇ يەردە بۇختۇ نەسسارنىڭ ئوغلى بەتزەن قامالغان» (Ⅰ توم، 608 ـ بەت)، «قاز — ئافراسىياپنىڭ قىزىنىڭ ئېتى بولۇپ، قازۋىن شەھىرىنى ئۇ بىنا قىلغان» (Ⅱ توم، 204 ـ بەت). مەھمۇد كاشغەرى «شۇ» قەلئەسى توغرىسىدا توختىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ «شۇ» ناملىق خانى ئىسكەندەر بىلەن دوستلۇق ئەھدىنامىسى تۈزۈشكەندىن كېيىن، ئۆز نامى بىلەن «شۇ» شەھىرىنى سالدۇرغانلىقىنى ئېيتىدۇ (Ⅱ توم، 568 ـ بەت).

ئافراسىياپ — ئىرانچە ئىسىم بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئالىپ ئەر تۇڭا — قاپلاندەك باتۇر ئەر، دەپ ئاتايدىغان، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 7 ـ ئەسىردىن 3 ـ ئەسىر ئارىلىقىدا ياشىغان دەپ قارىلىدىغان،① كاشغەرنى مەركەز قىلىپ خاقانلىق قۇرغان قەدىمكى پادىشاھ. مەھمۇد كاشغەرى يەنە تارىم بوستانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قوچو، بەش-بالىق، ياڭى بالىق، چانبالىق ۋە سۈلمى قاتارلىق بەش شەھەر چىن ئېلىدىكى ئۇيغۇر خانى زۇلقەرنەين بىلەن دوستلۇق شەرتنامىسى تۈزگەندە (مىلادىيىدىن بۇرۇن 329 ـ يىللىرى تۈزۈلگەن بولسا كېرەك دەپ قارىلىدۇ) بىنا قىلىنغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن.②

قوچو — تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئىدىقۇت شەھىرى بولۇپ، ئۇ قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى «قۇس ـ قۇز» يەنى غۇز ـ قۇز، غۇر-قور، ئوغۇز ـ ئوغۇر (ئۇيغۇر) دېگەن سۆزدىن كەلگەن دېگەن قاراش ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ.

---

① ئىسىن تۇرسۇن: «تارىخدىن ئانچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى، 585 ـ 590 ـ بەتلەر.
② مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»، Ⅱ توم، 568 ـ بەت.

بەشبالىق — بەش شەھەر دېگەنلىك. ھازىرقى جىمسار تەۋەسىدە. يەنە بەزىلەر «باشبالىق» — باش شەھەر، چوڭ شەھەر، دەپمۇ ئىزاھلايدۇ.

ياڭى بالىق، يېڭىبالىق — يېڭىشەھەر دېگەنلىك. بۇنىڭ خارابىسى بۈگۈنكى ماناس ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى يىراق بولمىغان بىر جايدا.

چانبالىق، مەنىسى ئېنىق ئەمەس، بۈگۈنكى سانجى ئەتراپىدا، خەنزۇچە «昌吉» مۇشۇ سۆزدىن كەلگەن بولسا كېرەك، دېگەن قاراش بار.

سۇلمى، بۇنى ئالىملار تۈركىي تىلىدىكى «sol — سول» دېگەن سۆزگە «mi + مى» دېگەن قوشۇمچە سۆزنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان ئىسىم بولۇپ، «سول تەرەپتىكى شەھەر» دېگەن بولىدۇ، دەپ قارىماقتا. كېيىنكى شىمىن، جاڭ گۇاڭدا قاتارلىق ئالىملار «سۇلمى»نى قاراشەھەر — ئاگنى شەھىرى دەپ ئېنىقلاپ چىققان بولسا، چېن بوچۈەن ئەپەندى باركۆل ناھىيىسى تەۋەسىدە، ئۇ بەن گۇنىڭ «خەننامە. غەربىي يۇرت (قۇرىغار) تەزكىرىسى»دە تىلغا ئېلىنغان «且弥 — chemi» قەلئەسى شۇ. «且弥» دىكى «且» «祖 — zu» دەپمۇ تەلەپپۇز قىلىناتتى. «zu» بىلەن «su»نىڭ تەلەپپۇزىدا پەرق چوڭ ئەمەس، «且弥» «Solmi» دېگەنلىك، كېيىنچە «Solmi» «Sulmi»غا ئۆزگەرگەن دەيدۇ.

زۇلقەرنەيىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 356 ـ يىلدىن 323 ـ يىلغىچە ياشىغان، قەدىمكى ماكېدونىيە ئىمپېراتورى، تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 329 ـ يىللاردا ھەربىي ئىستىلا بىلەن بۈگۈنكى شىنجاڭ چېگراسىغا يېقىنلاشقان دېيىلىدۇ.

تارىخچى سىما چيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق مەشھۇر كىتابىدا، بەن گۇنىڭ «خەننامە» ناملىق تارىخىي كىتابىدا، شىنجاڭدىكى قەدىمكى شەھەرلەر توغرۇلۇق قىممەتلىك مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مىلادىيىدىن بۇرۇنلا، بۈگۈنكى شىنجاڭ تەۋەسىدە 36 شەھەر (خانلىق، بەگلىك) بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي 55 شەھەر (خانلىق، بەگلىك)گە پارچىلىنىپ كەتكەنىكەن. بۇلار، «نوقۇل» بىرەر شە-

ھەرنى مەركەز قىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان بەگلىكلەر ئىدى،

غەربىي يۇرت ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا شىمال - جەنۇب، شەرق - غەربنىڭ ئالاقە تۈگۈنى بولۇپ كەلگەن. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 2000 - يىللاردا ئالتاي بىلەن ھىندىستاندىكى كالكۇتتىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئارىيانلارنىڭ بۈيۈك «برونزا يولى» ۋە مىلادىيەدىن خېلى بۇرۇن ئېچىلغان يىپەك يولى دەل شىنجاڭ - تارىم ۋادىسىدىن ئۆتەتتى. ماركس: «ھەقىقىي شەھەرلەر پەقەت ئىچكى - تاشقى سودىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان يەرلەردىلا شەكىللەنگەن» دەيدۇ. مانا شۇنىڭغا قارىغاندا، ئەنە شۇ چاغلاردا شەھەرلەر خېلى مۇنتىزىملىشىپ قالغان بولسا كېرەك.

غەربىي يۇرتتىكى شەھەرلەر ئۇزۇن تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈپ، داۋاملىق يوسۇندا مۇكەممەللىككە قاراپ ماڭدى. غەربىي يۇرتنىڭ ھەممە يېرىدە خۇددى يۇلتۇزدەك شەھەر ئىزلىرى قالدۇرۇپ كېتىلدى. ئىنسانلار زور كۆپچىلىك شەھەرلەردە ئىزچىل ياشاپ، غەربىي يۇرتنىڭ ئىقتىسادى - مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشتە چوڭ ھەسسىلەرنى قوشتى. شەھەرلەرنى «مەدەنىيەت پاراۋۇزى» دەپ ئاتىساق ئارتۇقچە كەتمەسلىكى مۇمكىن. قەدىمدىن بېرى غەربىي يۇرتتىكى شەھەرلەردە خان، بەگ، ئاقساقاللار ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتلىرى ياشاپلا قالماستىن، بەلكى بىر گۇرۇھ قول ھۈنەرۋەن ياكى كاسىپلار، سودا - سېتىقچىلار ۋە ئىلىم - پەن بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر ياشىدى. ئۇلارنىڭ غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشتە قوشقان تۆھپىسى ناھايىتى چوڭ.

بىز بۈگۈنكى كۈندە چوڭ شەھەرلەردە تۇرغان چېغىمىزدا، شەھەرلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئەجدادلارنىڭ قانداق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، تەر ئاققۇزغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، ئۇلارغا رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمىز ھەم ئۇلارنىڭ قىممەتلىك ئەمگىكىنى ئەسلىمەي تۇرالمايمىز.

بەزىلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «شەھەر» ئاتالغۇسى 15 - ئەسىرلەردىن كېيىن پارسچىدىن قوبۇل قىلىنغان تۇرسا، شىنجاڭ تارىخىدا باشتىن - ئاخىر كۆپ سانلىق ئاھالە بولۇپ كەلگەن ئۇيغۇرلاردا «شەھەر» مەدەنىيىتى ئانچە ئۇزۇن بولمىسا كېرەك، دەپ

قارىشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇيغۇرلاردا «شەھەر» چۈشەنچىسىنىڭ تارىخى توغرۇلۇق ئىزدىنىپ كۆرۈشنىڭ بەلگىلىك ئاساسى بار.

ئۇيغۇرلار «شەھەر» ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن، باشقا سۆزلەرنى ئىشلەتكەن. مەھمۇد كاشغەرى بۇ جەھەتنى ئۆز زامانىسىدىلا ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرگەن: «بالىق — ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى تۈرك ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا شەھەر، قەلئە. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى ‹بەشبالىق› دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ ‹بەش شەھەر› دېگەن بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر شەھىرى ‹ياڭى بالىق› دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ ‹يېڭى شەھەر› دېگەن بولىدۇ» («دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» I توم، 491 ـ، 492 ـ بەتلەر)، «كەن — كۈنچىقىش تەرەپتىكى ھەر بىر شەھەر نامىغا ‹كەن› سۆزى قوشۇلىدۇ. بۇ سۆز ‹كەند› سۆزىنىڭ قىسقارغان شەكلىدۇر» (I توم، 442ـ بەت)، «كەند — شەھەر. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ كاشغەر ‹ئوردۇكەند› دېيىلىدۇ. بۇ ‹خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز› دېگەن بولىدۇ. چۈنكى، بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئافراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان» (I توم، 447 ـ بەت)، «كەند — ئوغۇزلار ۋە ئۇلارغا يېقىن يەردىكى خەلقلەر تىلىدا ‹يېزا ـ كەنت› دېگەن بولىدۇ، شۇنىڭدىن ئېلىنىپ فەرغانە شەھىرىگە ‹ئۆزكەند› نامى بېرىلگەن. بۇ ‹ئۆز شەھىرىمىز› دېگەن بولىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك ‹سەمىزكەند› مۇ چوڭ شەھەر بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. بۇنى پارسلار ‹سەمەرقەنت› دەيدۇ» (I توم، 448 ـ، 449 ـ بەتلەر)، «ئوردۇ — ئوردا، خان شەھىرى. بۇنىڭدىن ئېلىنىپ خاقانلار تۇرىدىغان كاشغەر شەھىرى ‹ئوردۇكەنت› دېيىلىدۇ»، «ئوردۇ. بالاساغۇنغا يېقىن بىر شەھەر. بالا ساغۇن شەھىرىمۇ ‹قۇز ئوردۇ› دېيىلىدۇ» (I توم، 447 ـ بەت).

بۇلاردىن شۇ نەرسە ئۇقۇلىدۇكى، «شەھەر» سۆزى ئىشلىتىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇيغۇر تىلىدا «بالىق، كەنت، ئوردا» دېگەن سۆزلەر كەڭ ئىشلىتىلگەن. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تەبىرىچە، بۇ ئاتالغۇلارنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، غەربىي يۇرتتا بەزى شەھەرلەرنىڭ بىنا بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، جۈملىدىن ئافراسىياپ، زۇلقەرنەين زامانى بىلەن ئالاقىدار قىلىپ سۆزلەنگەن.

«ئوردۇ» سۆزىنىڭ مەھمۇد كاشغەرى يەتكۈزگەن مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ئەپسانىۋى تۈسى بارەدەك بىلىنىدۇ. بىز قەدىمكى زاماندا يېزىلغان خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ رېئال ئاساسىنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز. مەسىلەن، خەن سۇلالىسى زامانىسىدىكى ھۆججەتلەردە «ئارقا قۇس (后部车师) — قۇز خانلىقى» نىڭ ئاستانىسى «ۋۇتۇ — 务涂» دەپ يېزىلغان بولۇپ، تارىخشۇناس چيەن بوچۇەن بۇ تۈركىي تىلىدىكى «ordu» سۆزىنىڭ خەنزۇچە ترانسكرىپسىيەقىلىنىپ يېزىلىشى، دەپ ئېنىقلاپ چىققان.①

«كەنت» سۆزىگە كەلسەك، بۇ سۆز ئەسلى سوغدى تىلىدا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، «يۇزى، يۇزلۇك» دېگەن مەنىنى بەرگەن ۋە ئۇيغۇرلارغا مىراس بولۇپ قالغان. يەنە بەزى تەكشۈرۈشلەردە بۇ توخارچە يۇز دېگەن سۆزدىن كەلگەن، دېيىلىدۇ.

«بالىق» — بۇ ئەسلى «لاي» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ،② بۇ سېغىز توپىدىن لاي قىلىپ، تام قوپۇرۇپ، ئۆي ـ قەلئە ياساش دېگەن مەنىدە بولسا كېرەك. بەزى مەنبەلەردە بالىق — بالچىق مەنىسىنى بېرەتتى،③ «كۆچمەن چارۋىچى خەلق تىلىدا ‹شەھەر› ئاتالغۇسى ئەنە شۇ ‹بالچىق› سۆزى بىلەن ئىپادىلەنگەن»④ دېيىلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرى «بالچىق» نى «پاتقاق»⑤ دەپ ئىزاھلىغان. «لاي» بىلەن «پاتقاق» تۈپ مەنىسى ئوخشاش سۆز بولۇپ، بۇ لاي ـ پاتقاقتىن تام ـ سېپىل ياساش ـ شەھەر بىنا قىلىش، دېگەن ئۇقۇمنى ئىپادىلىگەن، دەپ پەرەز قىلىنىدۇ.

«بالىق» بىلەن «ئوردۇ» (ئوردا) قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىدا، بەزىدە ئوخشاش ئۇقۇمنى بىلدۈرگەن، بەزىدە ئازراق پەرقى بولغان. مەسىلەن، مەھمۇد كاشغەرى «ئوردۇ — بالاساغۇنغا يېقىن بىر شەھەر. بالاساغۇن شەھىرىمۇ ‹قۇز ئوردۇ› دېيىلىدۇ» دەپ مەلۇمات بەرگەن. بالاساغۇن شەھىرىنى پېرسىيىلىك تارىخشۇناس

---

① چيەن بوچۇەن: «قۇس — قۇزلارنىڭ تىلى ۋە قۇسلارنىڭ ئىرقى ھەققىدە مۇھاكىمە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997 ـ يىلى 3 ـ سان، 57 ـ بەت، خەنزۇچە.
② م. كاشغەرى: «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»، I توم، 491 ـ بەت.
③ ئەمىر ئەسەن (تۈركىيە): «‹بالىق› ۋە ‹ئوردۇ› ھەققىدە»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ماتېرىياللىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1985 ـ يىللىق قوشۇمچە سان، ئۈرۈمچى.
④ «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، ئىستانبۇل، 1967 ـ يىلى تۈركچە نەشرى، ۷ توم، 132 ـ بەت.
⑤ م. كاشغەرى: «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»، I توم، 491 ـ بەت.

جۇۋەينى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئۇيغۇر خانى «بۆگۈخان... تۈركىستان چېگراسىغا كەلگەندە، ئوت ـ چۆپلەر بولۇق ئۆسكەن چىرايلىق بىر يايلاقنى كۆرۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ، شۇ يەردە قېلىپ، بالاساغۇن شەھىرىنى سالدۇرۇپتۇ. ھازىر بۇ شەھەر ‹قۇز بالىق› دېيىلىدۇ».① مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تەبىرى بويىچە بولغاندا، «قۇز — تەسكەي، قۇزتاغ — تەسكەي تاغ، كۈن قايرىلغاندىن كېيىن ئاپتاپ تېگىدىغان تاغ، ئۇ كۈننىڭ سول تەرىپىدە قالىدۇ». دېمەك، بۇ غەرب دېگەن سۆز بىلەن «شەھەر» سۆزىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ئاتالغۇ بولۇپ، «غەربىي شەھەر» دېگەنلىك ئىدى.② ئومۇمەن، بالاساغۇن «قۇز ئوردۇ» ۋە «قۇز بالىق» نامى بىلەنمۇ ئاتالغان بولۇپ، بۇ شەھەر نامىدا «ئوردۇ» (ئوردا) بىلەن «بالىق» ئوخشاش مەنىدە كەلگەن، ھەتتا بۇ ئىككى ئىسىم بىرلىشىپ «ئوردۇبالىق» شەكلىدىمۇ قوللىنىلغان. مەسىلەن، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاستانىسى شۇنداق ئاتالغان.

ئالىملار تارىخنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق شۇنى بىلدىكى، «بالىق» كەڭ مەنىدە ئىشلىتىلگەن بولسا، «ئوردۇ» (ئوردا) «خان تۇرىدىغان شەھەر» مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنغان.

غوبى ئۇيغۇرلىرى شەھەر قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ لەززىتىنى كۆرۈپ ھوزۇرلانغانىدى. 8 ـ ئەسىرنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر خانى بايانچور بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ياساتقان شەھەرلەر ئىچىدە تۆت ئورۇندىكىسىگە «ئونغىن» (Ongin، «خانبالىق» مەنىسىمۇ بولغان) ياكى «ئوردا ئونغىن» دەپ نام بېرىلگەن. مەڭگۈ تاشلاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ شەھەرلەرنىڭ ئىچىدە ئىككى شەھەرنىڭ چۆرىسىدە «چىت» بولغان. بەزى «ئوردا ئونغىن»نىڭ يېنىدا يەنە ئابىدە تاش تىكلەنگەن. كىلياشتورنىنىڭ بايانچور خاقان شەرىپىگە تىكلەنگەن ئىككى مەڭگۈ تاشنى يەنى «شىنە ئۇسۇ مەڭگۈ تېشى» بىلەن «تارىيات مەڭگۈ تېشى»نى تەكشۈرۈپ چىققان ئەھۋالىغا قارىغاندا، بۇ يەر «تېرخىن كۆلى» بولۇپ، قۇرۇلۇشىنىڭ

① جۇۋەينى: «تارىخىي جاھانكۇشاي»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ قىسىم، 65 ـ بەت.
② «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەر مەدەنىيىتى توغرىسىدا»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994 ـ يىلى 2 ـ سان، 17 ـ بەت.

مىلادىيە 750 — 753 - يىللىرى ئارىلىقىدا قىلىنغانلىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان. مىلادىيە 750 - يىلى بايانچور قاغان يازلىق ئارامگاھ قىلغان «ئونغىن» «قاسار قۇردان» دەپمۇ ئاتالغان. بۇنىڭ ئورنى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىي شىمالىي باغرى، تەز دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىغا يېقىن جايغا توغرا كېلىدۇ. شۇ يىلى ئىچىدە، بايانچور يەنە كېم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى (يېنسەي دەرياسى) دا، يەنە بىر «ئوردا ئونغىن» شەھەر سېپىلىنى ياسىتىپ، ئابىدە تاش تىكلەپ، ئەتراپىغا ياغا (پاسىل بولسا كېرەك) ياساتقان. 752 - يىلى، ئۇ ئۈچىنچى شەھەر «ئوردا ئونغىن» سالدۇرغان. بۇ شەھەرنىڭمۇ سېپىللىرى بولغان بولۇپ، ئۆتۈكەن تېغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، سۆگۈس باسقان مۇقەددەس چوققىنىڭ غەربى، ياباش دەرياسى بىلەن توقۇش دەرياسىنىڭ قوشۇلغان جايىدا ئىدى. «شىنە ئۇسۇ مەڭگۈ تېشى» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، بايانچور قاغاننىڭ تۆتىنچى خان شەھىرى ئورقۇن دەرياسى بىلەن بالىقلىق (Balikliq) شەھىرىنىڭ قوشۇلىدىغان جايىدا ئىدى. مەزكۇر شەھەر بايانچورغا خاس شەھەر بولۇپ، «ئېل ئونغىن» («خانلىقنىڭ ئالتۇن ئارامگاھى» دېگەن مەنىدە) ۋە «ئېل ئېبى» («خان سارىيى» ياكى «خان قەسرى» دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتالغان.

دېمەك، ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىدە بۈگۈنكى تاشقى موڭغۇلىيە ۋە سىبىرىيە رايونلىرىدا نۇرغۇن شەھەرلەر قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى «ئوردا» شەكلىدە بولغان. مەسىلەن، شەھەر سېپىللىرى قوش قەۋەت لايىھىلەنگەن، شەھەر ئىچىدە كۆزىتىش سۇپىسى بولغان بۇنداق شەھەرلەر ئىچىدە قەسىر ۋە ئىبادەتخانا ئىزلىرى بار. بۇ ئورۇندىن زور مىقداردا قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرى قېزىۋېلىنغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرىنى مىسالغا ئېلىپ سۆزلىسەك، «قارۇ قايىن قارا بالغاسۇن» شەھىرى قارا قايىن دەرياسى بىلەن توغلا دەرياسىنىڭ قوشۇلىدىغان جايىغا جايلاشقان. بۇ شەھەرمۇ ئوردا شەكلىدە لايىھىلەنگەن، تۆت ئەتراپقا پاراللېللاشتۇرۇلۇپ، تۆت چوڭ قوۋۇق ۋە شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان چوڭ كوچىدىن بىرى ئېلىنغان. ئورقۇن دەرياسى بويىدىكى «ئوردا ئونغىن» شەھىرى بولسا تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا بۈگۈنكى ئورقۇن دەرياسىنىڭ سول قېتىدا-

كى قارابالغاسۇن خارابىسىدە ئىكەن. مەزكۇر شەھەرنىڭ «ئۇيغۇر شەھىرى» (ئوردابالىق) دېگەن نامىمۇ بولغان. تارىخىي ماتېرىياللار-غا قارىغاندا، بۇ شەھەر 8 - ئەسىردە ناھايىتى گۈللەنگەن بىر مەزگىل-نى باشتىن كەچۈرگەن. شەھەر ئىچىدە بازار - گۇزەر، مەھەللە ۋە گۈلزارلىقلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان، شەھەر سىرتى بىرقانچە قەۋەت سې-پىللار بىلەن قورشالغان. ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشلار شۇنى ئىس-پاتلىدىكى، «ئوردا» دا كۆركەم قۇرۇلۇش كۆپ بولۇپ، بىنا ئىزلى-رىنىڭ دائىرىسى 25 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ ئىچكى قورغان ۋە تاشقى قورغاندىن تۈزۈلگەن. بۇ يەردە سېپىلنىڭ قالدۇقلىرى ۋە قەلئە ئىچىدىكى كۆلچەكلەرنىڭ تېگى ھېلىغىچە ساقلانماقتا. ئۇنىڭ مەركىزىدە بىر تۆر جايلاشقان بولۇپ، ئېگىزلىكى 14 مېتىردىن ئاشىدۇ. ئىچكى قەلئەنى ئالاھىدە ياسالغان بىر سېپىل قورشاپ تۇرى-دۇ. ئۇنىڭ كۆلىمى بىر كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ سىرتىغا ئاھالىلەر رايونى جايلاشقان. شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدا خىش قۇرۇلمىلىق قەۋەتلىك قەسىرنىڭ خارابىسى بار. قەسىرنىڭ كۆلىمى كەڭ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خارابىلىككە ئايلانغان سېپىل قالدۇق-لىرىنىڭ ئېگىزلىكى 10 مېتىردىن ئاشىدۇ. بۇ قەلئەنىڭ ئوتتۇرىسى-دىكى خان ھەرەمخانىسىدىن نەپىس ھەيكەللەر، نەقىشلەنگەن خىش ساپاللار تېپىلغان. مەزكۇر قەسىرنىڭ مىس قوۋۇقىنىڭ ئۈستىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەنئەنىۋى سەنئىتى — گۈللۈك تامغا بىلەن بېسىپ چىقىرىلغان نەقىشلەر بار. ئوردا گۈلزارلىقى ئورقۇن دەرياسى بويى-غىچە سوزۇلغان.

بايانچور 750 - يىلى كېم دەرياسى ساھىلىغا بىنا قىلغان شە-ھەر، تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، قارا كېم رايونىدىكى تېرې كۆك خارابىلىكىدە بولغان، مەزكۇر شەھەردىن قەدىمكى تۈرك يېزىقى چېكىلگەن مەڭگۈتاش بايقالغان. بۇ شەھەر كۋادرات شەكىللىك (158 × 211 مېتىر) بولۇپ، شەرقتىن غەربكە سوزۇنچاقراق كەل-گەن، چوڭ قوۋۇق شەرققە قارىتىلغان. بۇ شەھەرنىڭ ئىچىگە ياغاچ قۇرۇلما ئورۇنلاشتۇرۇلغان، سىرتىغا بولسا خىش - كېسەك ئىشلە-تىلگەن، چوڭ قوۋۇقنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاراۋۇللۇق راۋىقى بار، شەھەر ئىچىدە، جەنۇب، شىمال، غەربنى بويلاپ سېپىل قوپۇرۇل-

غان، يەنە بەزى تۇرالغۇ جايلارمۇ سېلىنغان، بۇ تۇرالغۇلار بەلگىلىك تەرتىپتە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن. شەھەرنىڭ ئىچىدە ئىككى يەردە قەسىر (قارشى)، قەسىر ئاستىدا سۇپا، ئۇنىڭ ئەتراپىدىن پەلەمپەي ياكى يانتۇ يۆنىلىش بويىچە سۇپىغا چىققىلى بولىدۇ. بۇ ئىككى قەسىرگە كېسەك ئىشلىتىلگەن. سارايىنىڭ ئىچىگە ياغاچ تۈۋرۈك قويۇلغان. ياغاچ تۈۋرۈكلەر تاش ئۇل ئۈستىگە قويۇلغان. ئۇنىڭ ئەتراپىدىن ساپال ۋە كاھىش پارچىلىرى بايقالغان. بۇ ئىككى قەسىر بىلەن ئۇيبات دەرياسى ئېغىزىدىكى ئىبادەتخانا خارابىسىنىڭ قۇرۇلمىسىدا تولىمۇ ئوخشاشلىق ساقلانغان. بۇ ئۇلاردا مەلۇم ئالاقە بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بايانچور خاقان كېم دەرياسى ساھىلىدا ياساتقان پاسىل تام - ياقا مەزكۇر خارابىلىكىنىڭ غەربىي قىسمىدا بولغان. بۇ ياقا ئۇلۇغ كېم دەرياسى بىلەن قىمۇچىق دەرياسى ساھىلىغىچە سوزۇلغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 250 كىلومېتىر، چېگرا تاملىرى ئېگىز بولۇپ، جەمئىي 15 قەلئەنىڭ ئەتراپىنى بويلاپ ماڭغان. ئۇنىڭ ئىچىدە بىرى شاغونار دەپ ئاتالغان 3 - نومۇرلۇق قەلئە بولسا ئىككى قەۋەت سېپىل بىلەن قورشالغان. شەھەر ئىچىدە زور مىقداردىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرى بايقالغان، ئالىملار بۇنىمۇ بىر «ئوردا» بولسا كېرەك دەپ قارىغان.①

ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىدىكى شەھەر قۇرۇلۇشلىرى تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى شەھەر قۇرۇلۇش مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ھەم ئۆز دەۋرىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن ھەمدە بىناكارلىق سەنئىتى ۋە تاڭ سۇلالىسى بىلەن باشقا قوشنا خەلقلەرنىڭ بىناكارلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

تۈركىي تىللىق قوۋملار تۈرك خانلىقى مەزگىلىدىلا شەھەر قۇرۇلۇشى، يەنى «ئوردا» قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بارغان. ئۇلار خانلىق ئوردىسىنى «ئۆتۈكەن» تېغىغا قۇرغان ھەم ئۇنى مۇقەددەس جاي دەپ ھېسابلىغان. مەڭگۈ تاشلار ۋە پالنامىلاردىكى بايانلارغا قارىغاندا،

---

① گەيسىر گىيسىن: «بالىق» ۋە «ئوردا» ھەققىدە»، «ئوتتۇرا ئاسىيا ژۇرنىلى» (CAJ) نىڭ 1983 - يىلى، 27 - جىلد.

«ئۆتۈكەن» بىلەن «ئوردۇ» (ئوردا) ھەرقايسى جايلارنىڭ تەرەپلىرى ئۆزئارا تۇتىشىدىغان نۇقتا، زېمىننىڭ مەركىزى بولۇپ، كۈن، ئايلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرارمىش. ۋىزانتىيىلىكلەرنىڭ ئالتاي توغرىسىدىكى بايانلىرىغا قارىغاندا، 6 ـ ئەسىرلەردە تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئالىي خانلىرى ئالتاي تېغىدا تۇرغان.

تۈرك خانلىقى (552 — 744 ـ يىللار) زامانىسىدا «ئوردۇ» دېگەن ئاتالغۇ مەلۇم بىر تەڭرى ياكى خاقاننىڭ مۇقەددەس شەھىرى مەنىسىدە قوللىنىلغان. بۇ تۈردىكى قۇرۇلۇشقا «تەڭرىلىك» («ئىبادەتخانا»لارنى كۆرسەتكەن، بۇ ئېھتىمال تەڭرى ئىبادەتخانىسى بولسا كېرەك)، خان جەمەتىدىكىلەرگە مەنسۇپ «ئەۋ بارق» («ئىبادەتخانا»لارنى كۆرسەتكەن، بۇ ئەرۋاھلار تۇرىدىغان جاي)، «بارقان ئورۇن» (بۇددا دىنى ئىبادەتخانىسى) قاتارلىقلار ۋە باشقا تۈردىكى شەھەرلەر كىرگەن. بارلىق قۇرۇلۇشلار ئوخشاشلا كۋادرات شەكىللىك بولۇپ، شەرققە قارىتىلغان، يوللىرى «×» شەكلىدە لايىھىلەنگەن؛ قوش قاتلىق كۋادرات شەكىللىك قورغانلاردىن تەركىب تاپقان شەھەرنىڭ مەركىزىدە ياكى ئۇزۇنىسى ۋە توغرىسىغا تۈز سوزۇلغان يولنىڭ كېسىشكەن جايىدا ئېگىز بىر تۇر (تۇرا) بولۇپ، ئۇ يەرگە تەڭرى قەسرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بۇلار بەزىدە ئۆگزىسى يۇمىلاق شەكىللىك قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىدا ياكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىناكارلىق ئۇسلۇبى بويىچە ياسالغان. ئۇنىڭ قورغان سېپىللىرىغا خام خىش ۋە چالما خىش ئىشلىتىلگەن. شەھەرنىڭ بۇرجەكلىرى ياكى قوۋۇق بېشىغا (ۋەياكى شەھەرگە يېقىن جايدا) تۇر ياسالغان. بۇنداق شەھەر خارابىلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشتا زور تۇركۆمدە ياغاچ قۇرۇلمىلار قالدۇقلىرى بايقالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى ياغاچ قۇرۇلمىلارغا رەڭلىك نەقىشلەر چېقىرىلغان بولۇپ، ئۇلارغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن، ئۈستىدە بولسا سىرلانغان ئويما كاھىشلار قويۇلغانلىقى ئېھتىمال.

ئالىملار شۇنى بىلىپ يەتتىكى، «ئوردۇ» ئاتالغۇسى ھونلار تىلىدا بار بولغان، يەنى ھونلار «ئوردۇ» قۇرۇلۇش شەكلىنى قوللىنىشقا باشلىغان. بۇ «ئوردۇ» تۈركىي تىلىدىكى «ئوردۇ» (ئوترۇ — مەركەز) دېگەن سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، چۈنكى

ئىچكى شەھەر (خانبالىق — خان شەھىرى) مەركىزىي ئورۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ھونلار زامانىسىدا موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىگە بىنا قىلىنغان بەزى قەلئەلەر كۋادرات شەكىللىك بولۇپ، شەرققە مايىللاشتۇرۇلغان، تۆت ئورۇندا پارالېللاشتۇرۇلۇپ لايىھىلەنگەن چوڭ قوۋۇق ئورۇنلاشتۇرۇلغان. قورغان سېپىللىرىغا تاش، كېسەك ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، قارالچىن - كېرىمكىن ۋە تېرېلزىت - دېرۋېلزىن خارابىلىرىنى ئالساق، بۇلارنىڭ «ئوردۇ» تۈزۈلۈشىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ ھەيران قالىمىز. بۇلاردىن باشقا يەنە بىر تۈردىكى قەلئەلەر بار بولۇپ، بۇنىڭغا كۆرېتدوۋ شەھىرىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. قورغاننىڭ ئىچكى شەھىرى سۈپىسىمان ئېگىزلىككە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، شىمالغىراق قارىتىلغان بولۇپ، سېلىنگا دەرياسىنىڭ يۇقىرى ساھىلىدىكى بىر شەھەر بىلەن شىمالىي ئاسىيا ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبىغا يېقىنلىقىنى ساقلىغان. ھونلارنىڭ گەنسۇ ئۆلكىسى تەۋەسىدە بىنا قىلغان گۇزاڭ شەھىرىنى تىلغا ئالمىدىغان بولساق، ئارخېئولوگلارنىڭ خەۋەر بېرىشىچە، بۇ شەھەرمۇ كۋادرات شەكىللىك بولۇپ، شەھەرنىڭ شەرق بىلەن غەرب تەرىپى ئۇزۇنراق سوزۇلغان. ئالىملارنىڭ قارىشىچە، بۇ خىل ئالاھىدىلىك كۈنچىقىش ياقىنى ئۇلۇغلاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. بۇ تۈركلەرنىڭ بارگاھلىرىنى كۈنچىقىش ياققا قارىتىپ سالىدىغانلىق قائىدىسىگە ماس كېلىدۇ.

جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچى بولۇپ كەلگەن زاماندا، بۈگۈنكى شىنجاڭ تەۋەسىدىكى ھەرقايسى شەھەر خانلىقلىرى ھونلارغا قارام ئىدى. بۇ خىل مۇناسىۋەت ھونلارنىڭ موڭغۇل ئېگىزلىكىدە بىنا قىلغان شەھەرلىرى بىلەن شىنجاڭدا بىنا قىلىنغان شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك باغلىنىش ۋە ئورتاقلىقنىڭ بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

دېمەك، شىنجاڭنىڭ تۇرالغۇ جاي ۋە شەھەر قۇرۇلۇشى مەدەنىيىتى يەرلىك ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبنى ئاساس قىلىش بىلەن بىرلىكتە، شىمالىي يايلاق مىللەتلىرىنىڭ، ئوتتۇرا جۇڭگو ۋە غەربنىڭ بىناكارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى قوبۇل قىلىپ بېيىتىلگەن.

## 3. قەلئە ۋە قەلئەلىك شەھەر خانلىقلىرى

بەن گۇنىڭ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى قۇرىغار — غەربىي يۇرتتا ياشاۋاتقان ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۆلۈنمە ھالەتتىكى شەھەر خانلىقلىرى ۋە كۆچمەن ئەللەر بولۇپ، ئۇلار تارىختا «36 خانلىق» دەپ ئاتالغان. كېيىن 50 نەچچە خانلىققا بۆلۈنۈپ كەتكەن.

قۇرۇم (كۇئېنلۇن) تىغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدا نوپچان (نوپ، چاقىلىق)، كىرورەن (كېيىنچە پىشامشان دەپ ئۆزگەرتىلگەن)، چورچان (سارامادانبالىق، چەرچەن)، ئەندىرە (ئەسكى توخرى بالىق)، نىيە (ئوغايبالىق)، روخلۇ، ئۇزۇن تات، توخارا، ئۇدۇن، پاسئان، ساكارئول (ئوساربالىق، ياركەنت) خانلىقلىرى بولغان؛ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي ياقىسىدا قۇرۇقتاغ بەگلىكى، ئاگنى، ئۇشاق، ۋائىرىيە، چىدىر، ئۇرۇياپ، كۇسەن، ئورىنسۇ (ئونسۇ)، بالوكا (ئاقسۇ)، سەپەرباي، سۇلى (كەشبالىق) خانلىقلىرى بولغان؛ تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىي شىنجاڭ رايونلىرىدا باركۆل، ئارقا باركۆل، ئالدى قۇس (ئالدى گۇشى)، خوزخۇر، ئارقا قۇس (ئارقا گۇشى) قەلئە بەگلىكى، ئۇرۇمىسمىنى، براكى، ئارقا براكى، چانبالىق، شەرقىي چۇمۇل، غەربىي چۇمۇل، تۇرپامى، ئوتەنرى، ئۇسۇن بەگلىكلىرى بولغان؛ پامىر ۋە ئۇنىڭ غەربىدە ئۇديانا، داردا، يولئېرىق، لىچخەۋىر، سارىقۇل (كاۋانتا)، سىغناق، مالۇر، ئەركەشتام، جۇەندۇ، دارۋاز، پەرغانە بەگلىكلىرى بولغان؛ ئۇنىڭمۇ غەربىدە يەنە كەشمىر، ئىسكەندىرىيە، توخرى، كانگىيە، ئارساك قاتارلىق بەگلىكلەر بولغان. بۇ خانلىقلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ نەچچە يۈز مىڭدىن، كىچىكلىرىنىڭ بىرنەچچە مىڭدىن، ئەڭ كىچىكلىرىنىڭ 100 — 200 ئاھالىسى بولغان.

تۆۋەندە قۇرىغار — غەربىي يۇرتنىڭ تارىخىدا تەسىرى بىرقەدەر چوڭراق بولغان قەلئەلەر ۋە شەھەر خانلىقلىرىدىن بىرقانچىسىنى تونۇشتۇرىمىز:

### 1. باركۆلدىكى قەدىمكى قەلئە

قۇمۇل ۋىلايىتى باركۆل ناھىيە بازىرىنىڭ غەرب تەرىپىگە ئالتە كىلومېتىر كېلىدىغان «لەنجۇ ۋەنزى» دەپ ئاتىلىدىغان يەردىن قەدىمكى تاش قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەرنىڭ ئورنى بايقالدى. ئۇ يەردە دىئامېتىرى 20 — 30 مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن ئۈچ مېتىر كېلىدىغان قورام تاش دۆۋىلىرى بولۇپ، بۇنداق تاش دۆۋىلىرى كۆپىسى، ئاراتۇرۇك ھەربىي ئات فېرمىسى، شىرىنىزى قاتارلىق جايلاردىمۇ ئۇچرىدى. ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە يېقىن بولغان ئېگىزلىكلەرگە توغرا كېلىدۇ.

لەنجۇ ۋەنزىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز بولۇپ، كەينى قارلىق تاغقا ياندىشقان، ئالدى باركۆل كۆلىگە تۇتاشقان، ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە تاغ تىزمىلىرى بار. ھاۋا كىلىماتى باشقا جايلاردىن يۇقىرىراق. قارا سايغا يېقىن بولغانلىقتىن ئۇنىڭ سۇ مەنبەسى تولۇقلۇق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا باب كېلىدۇ. بۇ قېتىم قېزىلغان تاش دۆۋىسى تېگى قورام تاشلاردىن قۇرۇلغان چوڭ ئىمارەت بولۇپ، كۆلىمى 200 كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ. تاش تامنىڭ قېلىنلىقى ئۈچ مېتىر، قالدۇق تامنىڭ ئېگىزلىكى ئاز كەم ئىككى مېتىر كېلىدۇ. بۇ ئىمارەت ئىككىگە بۆلۈنگەن: جەنۇب تەرەپتىكىسىنىڭ كۆلىمى 100 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ، يەر تېگىدە تۈۋرۈك ئىزى ۋە ياغاچ تۈۋرۈك قالدۇقى ئۇچرىدى؛ شىمال تەرەپتىكىسى ئۇنىڭغا تۇتاش بولۇپ، ئۆتۈشىدىغان ئارا تام ئىشىكى بار، ئىشىكى شەرققە ئېچىلىدۇ. بۇ ئىمارەتكە ئىشلىتىلگەن قورام تاشلار ئۇنىڭ يېنىدىكى تاغدىن ئېلىنغان بولۇپ، چوڭلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.5 مېتىردىن، كەڭلىكى ۋە قېلىنلىقى 50 — 60 سانتىمېتىردىن ئوشۇق، ئۇنى قاۋۇل ئەمگەكچىدىن تۆت - بەش كىشىمۇ يۆتكىيەلمەيدۇ. ئىمارەت تېمىنىڭ ئىچ تەرىپى تەكشى بولۇپ، بۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ ئۇستىلارنىڭ يۈرەك قېنى سىڭگەن. بۇ ئورۇندا كۆپ قېتىم ئادەم ئولتۇراقلىشىپ ئۆتكەن، ئەڭ ئاخىرىدا ئوت كېتىپ خاراب بولغان. بۇ خارابىنىڭ ئىچىدىن نۇرغۇن چۆچۈلە، كۆمۈر ۋە كۈلدىن باشقا، يەنە چوڭ مىس داڭقان، مىس پىچاق، ئىككى قۇلاقلىق يۇمىلاق قىزىل ساپال كومزەك، رەڭلىك ساپال كومزەك، ساپال ئېكەك، ئات، قوي، بۇغا سۆڭەكلىرى، چوڭ بىلەي ۋە نۇرغۇن يۇمىلاق تاش، كۆيگەن بۇغداي

قاتارلىقلار تېپىلدى...

كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق ئۆلچەنگەن بۈگۈندىن 3285 ± 75 يىل بۇرۇنقى، يەنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك (مەركىزىي جۇڭگو) رايونىدا ئۆتكەن يىن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە توغرا كېلىدىغان ئىمارەت ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدى.

قېزىۋېلىنغان بۇ ماتېرىياللار شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيىتىنىڭ رايون ۋە دەۋر جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇرۇپ، غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى مىللەتلەرنى تەتقىق قىلىشتا ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغان يېڭى مەسىلىلەر بىلەن تەمىنلىدى. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، بۈگۈندىن 3200 يىل بۇرۇنلا باركۆلدە چوڭ تىپتىكى مىس قوراللار بولغان، بۇ رايون شۇ زامانلاردا مىس قوراللار دەۋرىدە تۇرغان. تاش قۇرۇلمىلىق ئىمارەتنىڭ كۆلىمىدىن قارىغاندا، ئۇ ئادەتتىكى ئاھالىلەرنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن. بۇ يەردە دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى ئېنىق، كۆزگى بۇغداي تېرىلغان، چارۋىلاردىن قوي، ئات، بۇغا قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرى ئەينى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ۋاستىلىرى بولغان.①

2. كاشغەر

كاشغەر (قەشقەر) شەھىرى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي شىمالىي بۇرجىكىگە، پامىر تاغلىرىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە جايلاشقان، شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ بوستانلىق — قەشقەر بوستانلىقىنىڭ مەركىزىي شەھىرى.

قەدىمكى كاشغەر خانلىقىنىڭ مەركىزىي شەھىرىنىڭ كونكرېت ئورنىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى بۈگۈنكى كۈنگىچە ئېنىقلانغىنى يوق. بۇ توغرۇلۇق مۇنداق قاراشلار بار:

بىرىنچى، كاشغەر شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى بەشكېرەم يېزىسى تەۋەسىدىكى «خانئۆي» قەدىمكى شەھىرى (شەھەر مەركىزىدىن ئارىلىقى 27 كىلومېتىر).

ئىككىنچى، كاشغەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى قۇمال تاغنىڭ جەنۇبى، چاقماق دەرياسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تۆپىلىككە جايلاشقان تۇتۇركتىكى «ئافراسىياپ شەھىرى» خارابىسى.

---

① «شىنجاڭ يىلنامىسى»، (1985 ـ يىلى) 1155 ـ، 1156 ـ بەتلەر.

ئۈچىنچى، كاشغەر شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى پايناپ دېگەن جايدا خارابىسى بولغان «ئەسكىھىسار» خارابىسى.

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، مۇشۇ دائىرە ئىچىدە كاشغەر بوستانلىقىنىڭ بىر مەركىزىي شەھىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن، شەھەر سېپىللىرى كەڭرى، مۇستەھكەم ۋە ھەيۋەتلىك، شەھەر مەدەنىيىتى گۈللەنگەن، يەنى بىناكارلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا - تىجارەت روناق تاپقان، مەمۇرىي باشقۇرۇش، تەرتىپ-ئىنتىزام، قانۇن - قائىدىلەر چىڭ، شەرق - غەرب قاتناش ئالاقە تارىخىدا مەشھۇر بولغان. بۇ شەھەر تارىخىي ماتېرىياللاردا بىرمۇنچە ناملار بىلەن ئاتالغان:

بىرىنچى، «ئوردۇكەنت»، بۇنى مەھمۇد كاشغەرى 1072 — 1075 - يىللىرى يازغان «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» ناملىق كىتابىدا ئۈنجى قېتىم تىلغا ئالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن ئىكەنلىكىدىن شەپە بېرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «... كاشغەر ،ئوردۇكەنت،، بۇ خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز دېگەن بولىدۇ، چۈنكى بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئافراسىياپ شۇ شەھەردە تۇرغان.» ( I توم، 447 - بەت) . بۇ ئاتالغۇدىكى «ئوردۇ» يۇقىرىدا دېيىلگەندەك قەدىمكى ھون تىلىدا قوللىنىشقا باشلىغان سۆز بولۇپ، بۈگۈنكى ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالىدىكى «ئوردا» بىلەن ئوخشاش، «كەنت» بولسا سوغدى - پارس تىلىدىن تۈركىي - ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆز بولۇپ، كەنت، شەھەر مەنىسىگە ئىگە. شۇ نەرسە كىشىنى ئويلاندۇرىدۇكى، «ئوردۇ كەنت» دېگەن بۇ ئىسىم باشقا مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنمىغان ھەم كېيىنچە ئاساسەن قوللىنىلمىغان.

ئىككىنچى، سۇلې، بۇ ئەڭ دەسلەپ خەنزۇچە تارىخنامىلەردە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، يېزىلىش شەكلى « 疏勒 » (shu le) ، ئۇنىڭ خاتىرىگە ئېلىنغان ۋاقتى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 130 — 125 - يىللار ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ خەنزۇچە تارىخنامىلەردە دەسلەپ ئىزچىل قوللىنىلغان (تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە) ، كېيىنچە باشقا ئىسىمغا ئورۇن بېرىپ، 1828 - يىللىرىغا كەلگەندە بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى يېڭىشەھەر ناھىيە بازىرى ئىچىدە سېلىنغان

سىپىللىك قىلئە دەسلەپ «خۇيۇۋئەن» ( 回武安 ) ، 1884 ـ يىلى رەسمىي «سۇلې قارام ئايمىقى» ( 疏勒直隶州 ) دەپ ئاتالغان. بۇ يەر بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرچە «يېڭىشەھەر ناھىيىسى»، خەنزۇچە « 疏勒县 » — سۇلې ناھىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ. «سۇلې» دېگەن ئىسىم نېمە مەنىدە ئىكەنلىكى توغرىسىدا مۇنداق قاراشلار مەۋجۇت:

(1) بۇ قەدىمكى تۈركىي تىلى بولۇپ، «سۇلۇق يەر» دېگەن مەنىدە،[1] چۈنكى تارىختا سۇلې بەگلىكىنىڭ سۈيى ئەلۋەك، مەنزىرىسى گۈزەل ئىدى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە باشقا تۈركىي تىللاردا ھەم «سۇ» دېگەن بۇ سۆز ئەسلىي لۇغەت مەنىسى ۋە ئىستېمال قىممىتىنى يوقاتمىغان دەپ قارىلىدۇ، ھەم كاشغەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا «سۇللاغ ـ سۇللۇغ» دېگەن يەر نامىنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقى دەلىل قىلىنىدۇ.

(2) قەدىمكى «سوغدى» دېگەن قوۋم نامىدىن كەلگەن دېگەن قاراش، بەزىلەر بۇ يەردە قەدىمكى چاغدا سوغدىلار ياشىغان بولۇپ، سوغدىلار «سوغلاق» ياكى «سوغداق» دېگەن ئىككى خىل نامدا ئاتالغان، بۇ ئۇلارنىڭ تىلىدا «ل» تاۋۇشى بىلەن «د» تاۋۇشىنىڭ ئالمىشىش ھادىسىسى بار بولۇپ، سوغدى تىلىنىڭ بىر شېۋىسىدە بۇ مىللەت نامى سوغداق دېيىلسە، كاشغەر ئەتراپىدا ياشايدىغان سوغدىلار شېۋىسىدە سوغلاق دېيىلىدۇ، دېگەن قاراش بويىچە «سوغدى» لارنىڭ نامىدىن كەلگەن بولسا كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت.[2]

(3) «سىبىرىس» تىن كەلگەن، جۇڭگو دۇنيادا يىپەكچىلىك باشلانغان ئەل بولۇپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 5 — 10 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ غەربكە ئېكسپورت قىلىنىشقا باشلىغان ھەم بۇ خىل ئېكسپورتتا كاشغەر مۇھىم ئۆتەڭ ھېسابلانغان. شۇنداق بولغاچقا غەربلىكلەر ئۆزلىرىگە بىرقەدەر يېقىن بولغان بۇ يەرنى بۇرۇنراق بىلىپ، ئۇنى «يىپەك ئېلى» دېگەن مەنىدە «سىبىرىس» دەپ ئاتىغان.[3]

(4) سۇلې سانسكرىت تىلىدىكى «Surika» دېگەن سۆزدىن

---

① جۇ لىيەنكۇن: «‹بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى› دىكى تارىخ ـ جۇغراپىيە تەتقىقات تېزىسلىرى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1984 ـ يىلى نەشرى، 110 ـ بەت.

② ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بۇ خىل ھادىسە مەۋجۇت، مەسىلەن، «ئىزدەش»، «ئىزلەش»، بۇنىڭدا «ل» بىلەن «د» ئالماشقان.

③ چيەن بوجۈەن: «‹سىبىرىس› ھەققىدە تەتقىقات»، «غەربىي يۇرت تارىخ مەجمۇئەسى»، 1 ـ توپلام، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

كەلگەن. خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، بىر شاھزادە بۇ يەردە بارىمتاي بولۇپ تۇرغان ھەم بۇددا ئىبادەتخانىسى سېلىپ ئۇنى «سۇرد-كا» دەپ ئاتىغان، بۇ كېيىنچە «سۇلې»غا ئۆزگەرگەن، مەنىسى «كاشغەر شاھزادىسى»، بەزىلەر «جۇڭگولۇق» دېگەن مەنىدە دەپمۇ قارىغان.[1]

(5) «سېرىق» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، دەسلەپ ھون تىلىدا بۇ سۆز بار بولغان، جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا كېلىشتىن ئىلگىرى بۇ يەر ھونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئۇزۇن يىل تۇرغان، ھونلارنىڭ ئاپىرىدە بولغان جايى سېلىنگا دەرياسى بولۇپ، بۇ دەريا نامى دائىم خەنزۇ تىلىغا «سېرىق دەريا» (黄河) دەپ تەرجىمە قىلىناتتى؛ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى دۇنخۇاڭغا يېقىن بىر دەريانىڭ نامى ھەم «سۇلې دەرياسى» بولۇپ، ئۇمۇ «سېرىق دەريا» دېگەن مەنىدە، موڭغۇل تىلىدا «سېرىق» (Serik) نى «سىرا»، دا-غور، شىبە تىلىدا «سارا»، سىيانپى تىلىدا «سائارگ» دېيىلىدۇ؛ موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدە بىر دەريا بولۇپ، ئۇ «ساراگ» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ، (خەنزۇ تىلىغا) «سېلىنگا دەرياسى» (色楞格河) دەپ تەرجىمە قىلىناتتى؛ «ساراگ»نىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى «سۇلې»دىكى «ساراگ» بىلەن ئوخشاش ھەم «سارىك» (سارىق) قا يېقىن. ھونلار سېلىنگا دەرياسى ساھىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، سىيانپى، ئۇيغۇر، موڭغۇللار بىلەن كېلىپ چىقىش جەھەتتە يېقىنچىلىقى بار، تىل جەھەتتىن ھەم كۆپ جەھەتتە ئوخشاش، شۇڭا «سۇلې» (سارىك — سارىق) دېگەن بۇ سۆز ھون تىلى بولۇپ، «سېرىق» دېگەن مەنىسى بار. كاشغەر دەرياسىنىڭ رەڭگى سېرىق بولۇپ، بەزىدە سېرىق دەريا (قىزىل دەريا) دەپمۇ ئاتىلىدۇ،[2] دېگەنگە ئوخشاش قاراش.

(6) «سۇلې» دېگەن بۇ ئاتالغۇ قەدىمكى ئۇدۇن تىلىدىكى ھۆج-جەتلەردىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «سۇلىيا» (Sulya) دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنغان، مەنىسى «سودىگەر» دېگەن بولىدۇ، دېيىش، بۇ

---

① بۇ ھەقتە فرانسىيىلىك پېللىئوتنىڭ «كاشغەر ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1986 ـ يىللىق 1 — 2 ـ سانلىرى، خەنزۇچە.

② مەسىلەن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئالىم ئۇ سۇلاڭ تۈزگەن «غەربىي يۇرت سۇ ئېقىنلار خاتىرىسى» ناملىق كىتابتا قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىي «سېرىق دەرياغا ئۆتىشىدۇ، غەربىي ياسىر بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ» دېيىلگەن، بۇ چىيەن بوجۇەنىڭ قارىشى.

قاراشنى ئەنگلىيىلىك ئالىم بايلىي ئوتتۇرىغا قويۇپ باققان.①

ئۈچىنچى، كەشبالىق. «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نى سىڭقۇ. سېلى تۇتۇڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغاندا (قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخا ٧ باب، 78 ـ ۋاراق 9 ـ قۇر)، «كاشغەر»نى «كەشبالىق» دەپ تەرجىمە قىلغان، بۇ سۆزدىكى «كەش» ياكى «كاش» ھەر خىل چۈشەندۈرۈلمەكتە؛ بەزىلەر، بۇ قەدىمكى ھىندى يازما مەنبەلىرىدە ئۇچ. رايدىغان ھىمالايا تاغلىرىدا ياشايدىغان «كاشال» دېگەن قەبىلە ئىسمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېسە؛ يەنە بەزىلەر قەدىمكى ئۇدۇن ھۆكۈمرانلى. رىدىن ۋىساراسىياغا كاشغەر ھۆكۈمدارىنىڭ مەلىكىسىگە ئۆيلەنگەندىن كېيىن كاشغەردە «كاسۇنا» («كاشغەرلىك») دېگەن نامدا بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى سالدۇرغان. خوتەن ساك تىلىدا بوغۇم بېشىدا كەلگەن «گ» تاۋۇشى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە ئومۇمەن «ق» ياكى «غ» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. خوتەن ساك تىلىدا «گ» سۆزى قاشتېشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇلاردىن قارىغاندا كاشغەردىكى «كەش» ياكى «كاش» سۆزى قاشتېشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ چىقىدۇ.② «بالىق» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «شەھەر» مەنىسىدە.

تۆتىنچى، كاشغەر. بۇ ئىسىم گەڭ دەسلەپ خەنزۇچە ھۆججەتلەر. دە ترانسكرىپسىيە شەكلى بويىچە خاتىرىگە ئېلىنغان. مەسىلەن، «奇沙» (چىشا، «شىمالىي خانلىقلار تارىخى — 北史»دا)، «竭叉» (چىېشا، فا شۈەن خاتىرىسىدە)، «去沙» (چۈشا، شۈەنزاڭ خاتىرىسىدە)، «伽师» (جىياشى، «يېڭى تاڭنامە — 新唐书» قاتارلىقلاردا)، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە ۋە ئەرەب، پارسچە ھۆججەتلەردە ئېنىق ھالدا «كاشغەر» دەپ خاتىرى. لىنىشكە باشلىغان ھەم يېقىنقى دەۋرلەرگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن جانلىق تىل، يەنى سەھرا تىلىغا ماسلاشتۇرۇش مەقسىتىدە «قەشقەر» بولۇپ مەتبۇئاتتا ئومۇملىشىپ كەتكەن. «كاشغەر» نىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىلگىرى ئەسىردىن بېرى كىشىلەر كۆپ ئىزدەنگەن. بۇ «كاش + غار» دېگەن ئىككى سۆزدىن قۇرۇلغان سۆز بولۇپ، بىرىنچى سۆز قاشتېشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك،

---

① «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997 ـ يىلى 4 ـ سان، 62 ـ بەت، خەنزۇچە.
② ئىبراھىم مۇتىئى: «ئەكلىماكان ئەتراپىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىللىق 1 ـ سان.

ئىككىنچى سۆز «شەھەر» دېگەن مەنىدە، دېگەن قاراش بارغانسېرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىمەكتە.① لېكىن يەنە بەزىلەر، قەدىمكى ھون ـ ئالتاي تىللىرىدا «غار» (ghar) «يەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن، بۇنىڭغا قارىغاندا، «قاشغار» — قاش يەر (قاشتاشلىق يەر ياكى قاش يەر — دەريا قېشىدىكى يەر) دېگەنلىك بولۇشى مۇمكىن. كېيىنچە يۈرچ ـ كۇسەن ـ توخار تىلىدا (گرېك تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان تىلدا) «كاشغەر» بولۇپ ئۆزگەرگەن.② دېگەن يېڭىچە پىكىرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا. يەنە «قاش+قىر» قاشنىڭ قىرىدىكى شەھەر، دەپ چۈشەندۈرۈۋاتقانلارمۇ بار. كاشغەر — شىنجاڭدا ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇن پائالىيەت ئېلىپ بارغان قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى. بۇ ئورۇندىن تاش قوراللار، دەۋرگە خاس ئىزلار، ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، توقۇمىچىلىق ئىشلىرىغا دائىر ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بايقالدى. مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇش ۋە شەھەرلىشىش مىلادىيىدىن خېلى يىللار ئىلگىرى باشلانغان. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئافراسىياپ بۇ شەھەردە تۇرغان. خەن سۇلالىسى ئەلچىسى جاڭ چيەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردە بۇ يەرگە ئەلچىلىككە كەلگەندە، كاشغەر بوستانلىقىدا «سۇلې خانلىقى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خانلىقنىڭ بارلىقى، ھونلارغا قارام ئىكەنلىكى، مەركىزى سۇلې شەھىرى ئىكەنلىكىنى، بۇ يەردە 1510 تۈتۈن ئاھالە، 18640 نوپۇس بارلىقى، ئەسكىرى 2000 ئىكەنلىكى، ئاساسلىق ئىگىلىكى دېھقانچىلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە يازغان. كېيىنى چاغدا بۇ خانلىق «قەلئە خانلىقى» دەپ ئاتالغان، بۇ ئۇنىڭ ئېگىز ۋە كەڭ سېپىللار بىلەن قورشىلىپ، سىرتقى كۈچلەرنىڭ تاسادىپىي قوزغىغان ھۇجۇمىدىن ئۈنۈملۈك مۇداپىئەلىنەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە، سېپىل ئىچىدىكى ئاھالىلەرنى بىر مەزگىلگىچە مۇھاپىزەت قىلالايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ خانلىق مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 — 2 ـ ئەسىرلەردىن مىلادىيە 3 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭ تارىخىدىكى خېلى چوڭ ۋە

---

① ئىبراھىم مۇتىئى: «ئەكلىماكان ئەتراپىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىللىق 1 ـ سان.

② ئى. تۇرسۇن: «توپونىمغا دائىر ئىزدىنىشلەر»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىللىق 3 ـ سانى.

كۆچلۈك خانلىق سۈپىتىدە ھەرىكەت قىلغان. مىلادىيە 1 ـ ئەسىردىن 2 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنىڭ كۆچى بارغانسېرى زورايغان. بۇ چاغدا ئۇ ساكارائۇلنى بويسۇندۇرۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇدۇننىمۇ بويسۇندۇرغان، ھەتتا كۇسەن خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى بەزى جايلارنىمۇ ئىگىلىگەن، يەنە تېخى يىراق شەرقتىكى جاڭيې، جيۇچۇەنلەرگىمۇ دەخلى ـ تەرۇز قىلغان.① شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەينى چاغدا سۇلې كىچىك ئىمپېرىيە بولۇپ قالغان بولۇپ،② ئىگىلىگەن زېمىنى خېلىلا كەڭ بولغان. يۇخۇەن يازغان «ۋېي ئەستىلىكلىرى. غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى» ناملىق كىتابتا، سۇلېغا قارام خانلىقلار 11 ئىدى، دېيىلگەن بولسا، ۋېي شۇ يازغان «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، ئۇنىڭ چوڭ شەھەرلىرى 12، كىچىك شەھەرلىرى 10 دېيىلگەن. كاشغەر شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتناش ئالاقە ئىشلىرىدىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. بەن گۇنىڭ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: (سۇلې) دا «بازار بار، ئۇنىڭ غەربىدىن ئۆلۈغ يۈشى — ياۋچىلارغا، پەرغانە، سوغدىيانالارغا بارغىلى بولىدۇ» دېيىلگەن. بۇ ئۇنىڭ بۇ رايونلار بىلەن باردى ـ كەلدى، سودا ئالاقىسىنىڭ قويۇق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. سۇلې خانلىقى يەنە خەن سۇلالىسى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا «قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى» تەسىس قىلىپ، بۇ رايوننىڭ ھەربىي ئىشلىرى ۋە خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىدىكى مۇھىم رايون ھېسابلانغان. قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن كاشغەر شەھىرى تۆت ئەسىرگە يېقىن بۇ سۇلالىنىڭ پايتەختى بولۇپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ناھايىتى گۈللەنگەن. قىتان خانلىقى، چاغاتاي خانلىقى، يەكەن خانلىقى زامانىسىدا كاشغەر مۇھىم ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزىلىك رولىنى، بەزى چاغلاردا سىياسىي مەركەزلىك رولىنىمۇ ئويىنىغان. 17 — 19 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ ۋە ناھايىتى مۇھىم شەھەرلىك ئورنى مۇقىملىشىپ قالغان. ئۇنىڭ شىنجاڭ تارىخىدىكى ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن 19 ـ ئەسىر ئىچىدە غەرب ئەللىرى شىنجاڭنى «كاشغەر»، «كاشغەرىيە»، ئۇيغۇرلارنى

① فەن خۇا: «كېيىنكى خەننامە. لى يېڭنىڭ تەرجىمىھالى».
② چيەن بوجەننىڭ بايانى. «غەربىي يۇرت تارىخ مەجمۇئەسى» («西域史论丛»)، خەنزۇچە، 1 ـ توپلام، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى، 155 ـ بەت.

«كاشغەرلىكلەر»، «كاشغەرىيىلەر» دەپ ئاتاشقان. بۇ خىل ئاتاشنىڭ تەسىرى 20 - ئەسىردىمۇ ئۆز رولىنى يوقاتمىغان. 1865 - يىلى ياقۇپبەگ كاشغەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىرمۇنچە شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىپ، ئاتالمىش «يەتتە شەھەر خانلىقى»نى قۇرۇپ، كاشغەرنى مەركەز قىلىۋالغان. 1877 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ياقۇپبەگنىڭ يەتتە شەھەر خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شىنجاڭدا چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن، 1884 - يىلى شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغان. بۈگۈنكى قەشقەر ۋىلايىتى ۋە خوتەن ۋىلايىتى كاشغەر ۋىلايىتى دەپ ئايرىلغان. مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) دىن 1949 - يىلىغىچە ئىلگىرى - كېيىن كاشغەر ۋىلايىتى ھازىرقى قەشقەر ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى ۋە خوتەننىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى باشقۇرغان. بۇ يىللاردا يەنە خوتەن ئايرىم ۋىلايەت قىلىنغان. 1954 - يىلى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلۇپ، كاشغەر ۋىلايىتىدىن ئايرىلغان.

كاشغەر — غەربىي يۇرت تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان جاي. ئۇ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيىتىگە چوڭ ھەسسىلەرنى قوشقان، بۇ جايدا بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنى بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا ۋەكىللىك قىلغۇچى بىرمۇنچە ئاسار ئەتىقىلەر بار. «ئۈچ بۇرھان مىڭئۆيى» (توققۇز مۇجرا)، «ھېيتگاھ جامەسى» قاتارلىقلار ناھايىتى مەشھۇر. جۇڭگو بۇددا نوملىرىنى ئۆگىنىشنىڭ ئاچقۇچى ھېسابلىنىپ كېلىنىۋاتقان «نوملار شەرھى» ناملىق 100 جىلدلىق كىتابنىڭ ئاپتورى خۇيلىن، «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»نىڭ ئاپتورى مەھمۇد كاشغەرى، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق ئالىملار ياشىغان.

### 3. ئۇدۇن

ئۇدۇن (خوتەن) غەربىي يۇرتتىكى ئەڭ قەدىمكى يۇرتلارنىڭ بىرى، بۇ رايوندىن كونا - يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ ئىزلارنىڭ بايقالغانلىقى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خوتەن تارىختىن بېرى خىلمۇ خىل ناملار بىلەن ئاتىلىپ كېلىنگەن. مەسىلەن، ئۇدۇن، قۇستانا، ئۇديانا، لىيال، ئىلچى، چىن-

ماچىن قاتارلىقلار. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇدۇن — خوتەن دېگەن نامنىڭ قوللىنىلىش ۋاقتى ناھايىتى ئۇزۇن بولغان، خەنزۇچە يازمىلاردا «于阗» (يۈتيەن) دەپ يېزىلغان بولۇپ، ئەڭ دەسلەپ، بۇ نام سىما چيەن يازغان «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى»دە ئۇچرايدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، «和田» (خېتيەن) دەپ يېزىلىشقا ئۆزگەرتىلگەن، كېيىنچە «于阗» (يۈتيەن) كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ئىسمى بولۇپ قوللىنىلىدىغان بولۇپ قالغان. مىلادىيە 10- ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىگىچە قوللىنىلغان «ئۇدۇن» نامى يەرلىك خەلق تىلىدا «خوتەن» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» ناملىق كىتابىدىكى بايانلارغا قارىغاندا، «ئۇدۇن» يەر نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغاندىن باشقا، شۇ يۇرتتىكى كىشىلەرمۇ «ئۇدۇن» دەپ ئاتالغان. «ئۇدۇن» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى ھەققىدە خىلمۇخىل قاراشلار بار، ھازىرغىچە كىشىلەر ئۇنىڭ «يەر ئەمچىكى»، «كالىلىق» ياكى «كالا ئەمچىكى»، «كۆچتۈڭگۈر»، «گۈلباغ» (گۈللۈك)، «قاشتېشى يۇرتى»، «قۇدرەتلىك» قاتارلىق مەنىلىرى بارلىقىنى خىلمۇخىل نۇقتىدىن ئىزاھلاپ چىقىشقان.①

خوتەن رايونىدا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىرلەردە ئۇدۇن شەھىرىنى مەركەز قىلغان بىر قەدىملىك خانلىق قۇرۇلغان، بۇ خانلىقنىڭ قۇرۇلۇشى توغرىسىدا قەدىمكى زامان ماتېرىياللىرىدا بىر نەرسە دېيىلمىگەن، ئەمما، مىلادىيە 7 - ئەسىردىن كېيىنكى بەزى بۇددا دىنىغا دائىر كىتابلاردا ئۇدۇن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىغا دائىر رىۋايەتلەر خاتىرىلەنگەن. بۇ خىل رىۋايەتلەر ئەڭ دەسلەپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ھىندىستان (ئەنەتكەك ئېلى) غا نوم ئېلىش ئۈچۈن بارغان شۈەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»دە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا خۇي لى، يەن سۇڭ يازغان «ئۇلۇغ شەپقەت ئىبادەتخانىسى ئۈچ بۇددا ئاچارىيا (ئۇستاز) نىڭ تەزكىرىسى»، «گادىجور» (ئۇلۇغ نوملار)، «ئۇدۇن ئېلىدىن تەلىم ئېلىش خاتىرىسى» (Liyul Lungbstan — pa) قاتارلىقلاردا ئۇچۇرلار بار. بۇلاردىكى رىۋايەتلەر بىرقاتار ئەپسانىۋى تۈس ئالغان

① لى يىنخۇا: «بۇددا ئېلى ئۇدۇن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى نەشرى.

بولسمۇ، لېكىن، ئۇلاردىن يەنىلا تارىختا خېلىلا يېقىن ئۇچۇرلارغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

ئۇدۇن خانلىقى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 9 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتتە گۈللەنگەن بىر دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن، كەڭ تارىم بوستانلىقىنىڭ جەنۇبى، قۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، گۈللەندۈرۈش، شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرغان. ئۇ غەربىي يۇرتتىكى 36 قەلئەلىك خانلىق ئىچىدە 10 ئەسىردىن ئارتۇق ئۇزۇلمەي ئىزچىل ھاكىمىيەت سورىغان خانلىقلارنىڭ بىرى. ئۇدۇن قاشتاش ئويمىچىلىقى، يىپەكچىلىك ۋە بۇددا مەدەنىيىتى تەرەپتىن غەربىي يۇرتتا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئورۇن. بۇ جايدىن مىلادىيە 1 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەۋرگە مەنسۇپ نۇرغۇن يازما يادىكارلىقلار قېزىۋېلىنىپ، ئىلىم ـ پەن دۇنياسىدا «خوتەنشۇناسلىق» ئىلمىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس ياراتقان.

خوتەن دىيارىدىن چىققان ۋىسا سامخاۋا (مىلادىيە 912 ـ يىلىدىن 966 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) دەك ئۇلۇغ سىياسىئونلار، سىكساناندا (652 — 710 ـ يىللىرى ياشىغان)، ۋىسا كۈيچى (598 — 682 ـ يىللار) قاتارلىق مەشھۇر سەنئەتكارلار، دىۋاپراجنا، ۋىيدىپىسلا، نەۋبەتى، مەھزۇن، ئەھمەدشاھ قاراقاشى، مۇھەممەد خوتەنى قاتارلىق مەشھۇر ئەدىب ۋە تېۋىپلار شىنجاڭ مەدەنىيەت تارىخىنى يارىتىشتا تۆھپە قوشقان.

4. كۇسەن

كۇچا قەدىمكى زاماندا كۇسەن دەپمۇ ئاتالغان. بۇ جاي خەنزۇچە ھۆججەتلەردە « 龟兹 » (چيۇزى) دېگەنگە ئوخشاش خىلمۇخىل سۆزلەر بىلەن تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى «كۇچا» ياكى «كۇسەن» دېگەن نامنىڭ ھەر خىل شەكىلدە يېزىلىشىدىن ئىبارەت. كۇچا تارىختىن بېرى كەڭ ئاقسۇ بوستانلىقىنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدىن بولۇپ كەلگەن ھەم تارىخنامىلەردە مول ماتېرىياللار خاتىرىلەنگەن. دۇ يۇ يازغان «ئومۇمىي قامۇس» ( « 通典 » ) ناملىق

كىتابتا: «كۇسەن... جەنۇبى ئوغايبالىق (نىيە) بىلەن، شەرقىي
جەنۇبى سارامادانبالىق (چەرچەن ناھىيىسى) بىلەن، غەربىي جەنۇبى
بىمبالىق — ئۆزۈنتات (بۈگۈنكى چىرا ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى
قۇملۇق تەۋەسىدە — نەقىلچىدىن) بىلەن، شىمالى ئۇيسۇن بىلەن،
غەربى بالۇكا (قۇم، بۈگۈنكى ئاقسۇ ئونسۇ ناھىيىسى) بىلەن چېگرا-
لىنىدۇ» دېيىلگەن. قەدىمكى كۇسەننىڭ چېگراسى بۈگۈنكى كۇچا،
ئونسۇ، باي، توقسۇ، شايار، بۈگۈردىن تارتىپ كورلىنىڭ بىر قىسىم
جايلىرىغىچە بولغان يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇلار ليۇ شۈي
يازغان «تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى — I»، شۈەنزاڭنىڭ
«بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دىكى «كۇسەن ئې-
لى» توغرىسىدا خاتىرىلەنگەن «كۇسەن... توغرىسى 1000 چاقىرىم،
ئۇزۇنلۇقى 600 چاقىرىم كېلىدۇ»، «كۇسەن ئېلى، شەرقىدىن
غەربىگىچە 1000 چاقىرىمدىن ئارتۇق، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان
ئارىلىقى 600 چاقىرىمدىن ئارتۇق» دېگەن دائىرە ئىچىدە ئىدى.

كۇسەندە مىلادىيىدىن خېلى يىللار ئىلگىرىلا قەلئەلىك خانلىق
قۇرۇلغان ۋە غەربىي يۇرتتىكى 36 خانلىق ئىچىدە ئەمەلىي كۈچى
ۋە نوپۇزى يۇقىرى خانلىق ھېسابلانغان. بەن گۇ يازغان «خەننامە.
غەربىي يۇرت تەزكىرىسى — I» دە، مىلادىيىنىڭ باشلىرىدا كۇسەن
بەگلىكىنىڭ مەركىزى يام (yam) شەھىرى بولغان، نوپۇسى 6970
تۈتۈن، 81 مىڭ 317 نوپۇس، 21 مىڭ 76 نەپەر ئەسكىرى بارلىقى
يېزىلغان. قەدىمكى كۇسەن خانلىقىدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق،
مېتالچىلىق راۋاجلانغان، ئاھالىلەر مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ياشىغان،
ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ جايلىرى، شەھەر سېپىللىرى، خان ئوردىلىرى
ۋە بۇددا مىڭئۆيي غارلىرى خاس بىناكارلار تەرىپىدىن ئالدىن لايىھىلە-
نىپ سېلىنغان. خان ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇپ سەلتەنەت سۈرگەن.
شەھەر سېپىللىرى تولىمۇ ھەيۋەتلىك ۋە مۇستەھكەم بولۇپ، خانلىق-
نىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلغان. قەدىمكى كۇسەن بىناكارلى-
رى لايىھىلەپ ياسىغان قىزىل مىڭئۆيي ۋە قۇمتۇرا، سىم - سىم
مىڭئۆيلىرى 2000 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان ئاساسىي شەكىل
ھالىتى ۋە رەڭ - بوياق سىزمىچىلىق ئۇسلۇبىنى يوقاتماي، ئوتتۇرا
ئاسىيا مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك قىزىقىشىنى قوزغاي-

دىغان ئۆلمەس ئابىدىلىك ئورنىنى ساقلاپ كەلمەكتە. دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن تاشكۆمۈر بىلەن تۆمۈر تاۋلاپ، قوشنا ئەللەرنى تەمىنلەپ داڭ چىقارغان بۇ يۇرتتا كۆمۈراجىۋا، سۇجۇپقا ئوخشاش ئاجايىپ زور مەدەنىيەت ئەربابلىرى ۋە ئۇستازلار مەيدانغا كەلگەن.

كۇسەن — كۇچا نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ئالىملار كۆپ ئىزدىنىشلەردە بولۇپ، يېڭى - يېڭى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلمەكتە، بۇنىڭ ئىچىدە كۇسەن نامى كۇشان ئىمپېرىيىسى- نىڭ نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، دېگەن قاراشمۇ بار، يەنە بىر خىل قاراش بويىچە «كۇچا» بولسا قەدىمكى ئالتاي تىللىرى ياكى ئۇنىڭدىن بۆلۈنۈپ چىققان تۈركىي تىلىدىكى «قۇز» نىڭ ھىند- دى- گرېك تىللىرىدىكى تەلەپپۇزى «گيۇزى» ، «گۇز» نىڭ ئۆزگەر- مىسى بولۇپ، توخرىيلار تىلىدا بۇ خىل ئۆزگىرىش ھالىتىدە ساقلان- غان، دېگەن قاراش تارىخىي ئەمەلىيەتكە يېقىن تۇرماقتا.①

5. قوچو

قوچو — تۇرپان ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى بىر شەھەرنىڭ نامى. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدىكى ئۇ- چۇرغا قارىغاندا، قوچونى مەركەز قىلغان تەڭرىتاغ ئەتراپىدىكى قو- چو، چانبالىق، ياڭى بالىق، بەشبالىق، سۇلمى (ئاگنى — قاراشەھەر؟) قاتارلىق بەش شەھەرنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ «قوچو» دەپمۇ ئاتالغان، بۇلار زۇلقەرنەين ياۋروپادىن شەرققە ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 329 - يىللىرى تۈركىي تىللىق خەلقلەر يۇرتىغا يېقىنلاشقاندا، ئۇيغۇر خانى ئۇنىڭ بىلەن تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالاپ، بۇ ئەھدىنامىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن مۇشۇ بەش شەھەرنى بىنا قىلغانىكەن، بۇلاردىن قوچو قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ مىلادىيىدىن خېلى يىللار ئىلگىرى بىنا قىلىنغانلىقى بىلىنىدۇ.

بۈگۈنكى تۇرپان ئويمانلىقىدا قەدىمكى زاماندا ئىككى مەشھۇر شەھەر بولغان، بۇنىڭ بىرى «قوچو» شەھىرى، بۇ خەنزۇچە تارىخنا- مىلەردە «高昌» (گاۋچاڭ) دەپ ئاتالغان ھەم لى يەنشۇ يازغان

① ئىمىن تۇرسۇن: «تۇيۇغىغا دائىر ئىزدىنىشلەر»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1996 - يىلى 3 - سان، 47 - بەت.

«شىمالىي خانلىقلار تارىخى». «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: «بۇ يەرنىڭ ئورنى ئېگىز... بولغاچقا، «گاۋچاڭ» (高昌) دەپ ئاتالغان» دېيىلگەن. قەدىمكى تۈركچە يازمىلاردا بولسا، QOČO، KhOČO شەكلىدە يېزىلغان. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» تىمۇ بۇنىڭغا ئېنىق پاكىت كەلتۈرۈلگەن. بۇ شەھەر كېيىنچە يەنە «قاراغوجا»، «ئىدىقۇت» ياكى «دەقيانۇس» شەھىرى دەپمۇ ئاتالغان. خەنزۇچە تارىخنامىلەردە لياۋ (قىتان)، جىن، يۈەندىن ئىبارەت ئۈچ سۇلالە دەۋرىگە كەلگەندە بولسا «خوجۇ» (火州، 和州) شەكلىدە يېزىلىدىغانمۇ بولغان؛ يەنە بىرى، «يارغول» شەھىرى، بۇ شەھەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى نامى خەنزۇچە تارىخنامىلەردە «交河城» (جياۋخېچېڭ) دەپ يېزىلغان، بۇ ئۇنىڭ ئىككى دەريانىڭ قوشۇلمىسى ساھىلىغا جايلاشقانلىقىدەك جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قويۇلغان ئىسىم بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە «雅尔城» (يارچېڭ)، يەنى «يارغول شەھىرى» دەپ ئاتاشقا ئۆزگەرتىلگەن. يەرلىك ئۇيغۇرلار بولسا ئۇنى قەدىمدىن بېرى «يارغول شەھىرى» دەپ ئاتاپ كەلگەن، تارىخشۇناس چېن بوچۈەن «交河» نى ئەسلى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزنىڭ ترانسكرىپسىيىسى دەپ يېشىپ چىققان.

بۇ ئىككى شەھەر مىلادىيەدىن بۇرۇنقى ئەسىر ئىلگىرىكى چاغلاردىن مىلادىيە 11 — 12 - ئەسىرلەرگىچە بولغان ئۇزاق ئەسىرلەر ئىچىدە نۆۋەت بىلەن تۇرپان ئويمانلىقى، جۈملىدىن شىمالىي شىنجاڭ، ھەتتا بەزىدە تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى كۇچاغىچە بولغان رايونلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت، دىن مەركىزى بولۇپ كەلگەن. مىڭ سۇلالىسى زامانىسىغا كەلگەندە تۇرپان ئويمانلىقى خەنزۇچە تارىخنامىلەردە «吐鲁番»، يەنى «تۇرپان» دەپ ئاتىلىپ، يەنىلا مۇھىم شەھەرلىك ئورنىنى ساقلاپ قالغان.

قەدىمكى زاماندا، قوچو قۇز (قوس) خانلىقى تەۋەسىدە يالغۇز مۇشۇ ئىككىلا شەھەر بولغان ئەمەس، شەھەر - شەھەرچىلەر ناھايىتى كۆپ بولغان. مەسىلەن، شىمالىي ۋېي خانلىقى زامانىسى (مىلادىيە 386 — 584 - يىللاردا ھۆكۈم سۈرگەن)غا كەلگەندە، قوچو خانلىقىنىڭ مەركىزىي شەھىرى چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن خانلىق تەۋەسىدە سەككىز شەھەرچە بولغان، شىمالىي جۇ خانلىقى زامانىسى (مىلادىيە

557 — 581 ـ يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن) غا كەلگەندە 16 شەھەرچىگە كۆپەيگەن، سۇي سۇلالىسى زامانىسى (مىلادىيە 581 — 618 ـ يىللار) غا كەلگەندە 18 شەھەرچىگە كۆپەيگەن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە كەلگەندە بولسا 21 شەھەرچىگە كېڭەيگەن، ئاس- تانىنىڭ دائىرىسى تەخمىنەن 10 چاقىرىم كېلەتتى.

قوچو شەھىرىنىڭ نامى ئەڭ بۇرۇن سىما چيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر. غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە «گۇشى» ( 姑师 ) شەكلى- دە خاتىرىلەنگەن. بەن گۇنىڭ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكى- رىسى ـ I » دە، «ئالدى قوس (تۇرپان) بەگلىكى مەركىزى يارغول شەھىرى… ئاھالىسى 700 تۈتۈن، 6050 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىك- كە يارامىلىقى 1865 نەپەر»① دەپ يېزىلغان. بۇ بايانلاردىن ئەينى چاغدا بۇ رايوندا بىر خانلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. ھەقى- قەتەن مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تۇرپان ئويمانلىقى، نەنسەن (جەنۇبىي تاغ) رايونلىرى ۋە يارىش (جۇڭغار) ئويمانلىقىنىڭ شەر- قىي ساھىللىرىدا ئوخشاش بىر تىل ۋە ئىرقىقا مەنسۇپ بىر خىل قوۋم ياشىغان بولۇپ، بۇ قوۋم « 车师部 » قوۋمى دەپ خاتىرىلەنگەن. «تارىخىي خاتىرىلەر» دە بولسا « 姑师 » دېيىلگەن. ئالىملار بۇنداق ئىككى خىل ئاتىلىشنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا « 车 » خېتى ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىغا ئوخشاش «che» ئوقۇل- ماستىن، بەلكى «جۇ» ئوقۇلاتتى. شۇڭا ئوخشاش بىر قەبىلە نامى ئىككى خىل خەت بىلەن يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇلۇشى ئوخ- شاش بولۇپ، «قوس» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىشى كېرەك دەپ ھېساب- لاشماقتا.② بۇ قوۋم دەسلەپ خانلىق قۇرغاندا ھونلارغا قارام بولغان، كېيىنچە ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر قىسمى تۇرپان ئويمانلىقى ئەتراپىدا ياشىغان، بۇلار خەنزۇچە تارىخنامىلەردە « 车师前王国 » (ئالدى قوس بەگلىكى) دەپ ئاتىلىپ، يارغولنى مەركەز قىلغان؛ يەنە بىرى « 车师后王国 » (ئارقا قوس بەگلىكى) دەپ ئاتالغان، مەركىزى ئۈنۈقورغىز (بۈگۈنكى جىمسار ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىغا توغرا

① بەن گۇ: «خەننامە»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 931 ـ بەت.
② ئامېرىكىلىق ئالىم جۇشۇيۈەن: «جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ مەنبەسى» (« 中国北方诸族的源流 »)، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى، 213 ـ بەت) دە « 车师 » قەدىمكى خەنزۇچە مۇنجەتلەردىكى « 赤狄 — چىدى» (قىزىل دىلار) نىڭ باشقىچە تەلەپپۇزى بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىغان.

كېلىدۇ).

تۇرپان ۋادىسىدا ئەينى چاغدا خانلىق قۇرغان ئاشۇ قوۋمنىڭ ئىرقىي كېلىپ چىقىشى توغرۇلۇق ئوخشاشمىغان قاراشلار بار. ئارخېئولوگلار توقسۇن ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى ئالغۇي (ئاراغول) جىلغىسىدا ۋە ئۈلانباي (ئوغلانباي) ئەتراپلىرىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىش ئېلىپ بېرىپ بىرقاتار قەدىمكى قەبرىلەرنى قېزىپ چىقتى. ئانتروپولوگلار بۇ يەردىن چىققان ئادەم ئىسكىلىتلىرىنى ئۆلچەپ ۋە تەتقىق قىلىپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە خاتىرىلەنگەن «قۇس» لارنىڭ دەپ قارىدى ھەم 85 پىرسەنتى غەرب ئادەملىرى ئىرقىغا مەنسۇپلىقى، ئۇنىڭدىن باشقا 15 پىرسەنتى ئەتراپىدا ئازراق ئاق تەنلىكلەر ئىرقى ئارىلاشقان موڭغۇلوئىدلار دەپ ھېسابلاشقان.① ۋېن يىن ئەپەندى، تارىخنى ئىچكىرىلەپ تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، «قۇس» لار قەدىمكى «گۇيفاڭ» لارنىڭ ئەۋلادلىرى دېگەن قاراشقا كەلگەن.②

بىز بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قالغان خارابە ئىزلىرىدىن شۇنى بىلەلەيمىزكى، تۇرپان ئويمانلىقىدىكى قوچو (ئىدىقۇت) ۋە يارغول قەدىمكى شەھەر خارابىسى قەدىمكى زاماندا قوچو خانلىقلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى «قەلئەلىك خانلىقلار»نىڭ بىرى بولۇپ قېلىشىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان. ئالىملار بۇ ئورۇنلاردىكى شەھەر قۇرۇلۇشىنى شەھەر قۇرۇلۇشى، قەلئە، خۇسۇسىي تۇرالغۇ جايلار، ئىبادەتخانىلار، تاش غار ئىبادەتخانىلىرى قاتارلىقلارغا ئايرىپ چۈشەندۈرگەن. بۇ قۇرۇلۇشلار يەرلىك ئۇستىلار تەرىپىدىن، يەرلىك ماتېرىياللار بىلەن يۇقىرى سۈپەت، كامالەتكە يەتكەن ھۈنەر بىلەن پۇختا، مۇستەھكەم، ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم قىلىپ ياسالغان. قۇرۇلۇشلارنىڭ بېزىلىش ئۇسلۇبىدا تەسۋىرىي بېزەش، رەڭلىك بېزەش، ھەرىكەتچان بېزەش ئۇسۇلى قوللىنىلغان.③ قەدىمكى قوچولۇقلارنىڭ تۇرالغۇ جاي، بىناكارلىق ساھەسىدە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى بەكمۇ چوڭ بولغان،

① «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر قامۇسى»، 1995 ـ يىلى نەشرى، 29 ـ بەت.

② ۋېن يىن: «قەدىمكى زاماندىكى شىنجاڭ مىللەتلىرىنىڭ ئەجدادلىرى»، «شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقات خەۋىرى» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىلى 1 ـ سان، ئۈرۈمچى.

③ مونىكوي مائىللارد (فرانسىيە): «قەدىمكى قوچو خانلىقىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تارىخى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى، بېيجىڭ.

ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك يادىكارلىقلار شەرق مەدەنىيەت خەزىنىسىنى ئاجايىپ رەڭدار بوياقلار بىلەن جۇلالاندۇرۇپ، غەرب شەرقشۇناسلىرىنىڭ ئۇزۇن يىللارغىچە ھەۋەسلىنىدىغان سەنئەت ئابىدىسى بولۇپ قالغان. بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭ خەلقى، جۈملىدىن ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئەجدادلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن زوقلىنالايدىغان ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلالايدىغان بولدى.

## 4. شىنجاڭدىكى شەھەرلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تۈزۈلۈشى

غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلار كىيىنىدىكى جەمئىيەتنىڭ ئاخىرى، سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ دەسلىپىدىن باشلاپلا شەھەر ھاياتىغا قەدەم قويغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە تۈزۈلۈشى جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ـ سەنئەتنى شەكىللەندۈرگەن.

غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملار تارىخىدىن دەسلەپ قۇرۇلغان يەرلىك ھاكىمىيەتلەر ئوردا قۇرۇلۇشىغا بەك ئەھمىيەت بەرگەن. ئوردىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ھەيۋەتلىكلىكى، مۇستەھكەملىكى ۋە بىخەتەرلىكى قوۋملارنىڭ ـ ئۇلۇسلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ھايات ـ ماماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان. ئوردىدا خان، ۋەزىر، سەركەردىلەر ۋە خان جەمەتى ئەزالىرى تۇرغان بولسىمۇ، ئاۋام خەلق ئۇنى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، مۇھاپىزەت قىلغان. چۈنكى ئوردىنىڭ ۋەيران قىلىنىشى ھۆرلۈك ـ ئەركىنلىكنىڭ دەپسەندە قىلىنغانلىقى بىلەن ئوخشاش دەپ قارالغان. كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان قوۋملاردا «كۆچمە ئوردا» يولغا قويۇلغان، بۇنداق ئوردىلار چوڭ ھەجىملىك كىگىز ئۆيلەر بولۇپ، بۇلار ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر بىلەن بېزەلگەن، ئۇنىڭ ئىچىدە خانلار ئولتۇرىدىغان ئالتۇندىن ياسالغان ھەشەمەتلىك تەختلەر بولغان. مىلادىيە 8 ـ ئەسىردىن كېيىنكى قەدىمكى تۈركچە مەڭگۈ تاشلاردا ۋە باشقا تۈركچە ۋەسىقىلەردە «ئوردا» (Orda) دېگەن نام كۆرۈلۈشكە باشلىغان. شۇنىسى ئېنىقكى، مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىلا تۈركىي تىللاردا «ئوردۇ» سۆزى ئىشلىتىلىشكە باشلىغان بولۇپ، خەنزۇچە «ۋۇتۇ» ( 务涂 ) دەپ يېزىلغان. «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» تە «ئوردۇ» «خان

شەھىرى... خاقانلار تۇرىدىغان كاشغەر شەھىرى «ئوردۇ كەنت» دېيىلىدۇ» ( I توم، 168 ـ بەت) دەپ مەلۇمات بېرىلگەن. بۇلاردىن ئوردىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن تۇراقلىق ئولتۇراق رايونلىرىغا كۆچۈش ئەھۋالىنى ئۇقۇۋالغىلى بولىدۇ.

غەربىي يۇرت تارىخىدا مەۋجۇت بولغان «قەلئەلىك خانلىقلار» ھەم ئوردا ۋە شەھەر قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بەن گۇنىڭ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: «غەربىي يۇرتتىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپىنچىسى شەھەرلەرگە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ»① دەپ يېزىلغان. بۇ رايوندا يالغۇز دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان خانلىقلارلا ئەمەس، بەلكى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان خانلىقلار، مەسىلەن، كىرورەن، پىراكى (فۇكاڭ ئەتراپىدا)، تۇرپامى (سانجى ئەتراپىدا) قاتارلىقلارنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇ خانلىقلار ئىچىدىمۇ چوڭ ـ كىچىك شەھەر ياكى قەلئەلەر بولغان. غەربىي يۇرتتىكى كۆپلىگەن خانلىقلاردا ئاھالىلەر شەھەر قەلئەلىرى ئىچىدە ياشىغان. خانلىق ئاستانىلىرى خان ئوردىسى ۋە قەلئە ـ تاشقىرىقى شەھەردىن تەركىب تاپقان. خان ئوردىسىدا خان، بەگ ـ تۆرىلەر ۋە خان ـ بەگلەر جەمەتى تۇرغان. قەلئە ـ تاشقىرىقى شەھەرچىلەردە قىسمەن ئاقسۆڭەكلەر، ئەمەلدارلار مەھەللىسى، تىجارەت رايونى ۋە پۇقرالار، يانچىلار، قۇللار مەھەللىسى بولغان. شەھەر سېپىللىرىگە توپا ئىشلىتىلگەن، بەزىدە توپا تاش ئىشلىتىلگەن. تاش قۇرۇلمىلىق تاملارمۇ بولغان. مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ھەرقايسى خانلىقلاردا شەھەرلەر بارغانسېرى زورايغان. مەسىلەن، كاشغەر ـ كەشبالىق خانلىقىدا 4 — 6 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا، خانلىق ئىچىدىكى چوڭ شەھەرلەر 12گە، كىچىك شەھەرلەر بەشكە يەتكەن، ئوخشاش دەۋردە خوتەن ـ ئۇدۇن خانلىقى تەۋەسىدە چوڭ شەھەردىن بەشى، كىچىك شەھەردىن 10 نەچچىسى بولغان. كۇچا ـ كۇسەن خانلىقى دائىرىسىدە مىلادىيە 265 — 316 ـ يىللار ئارىلىقىدا ئۈچ شەھەر بولغان بولسا، مىلادىيە 386 — 534 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرلەردە چوڭ ـ كىچىك شەھەرلەر نەچچە ئونغا يەتكەن. مىلادىيە 618 — 907 ـ

① بەن گۇ: «خەننامە»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 849 ـ بەت.

يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرگە كەلگەندە چوڭ شەھەردىن بەشى، كىچىك شەھەر (بازار) دىن 700 نەچچىسى بولغان. قوچو خانلىقىدا مىلادىيە 386 — 534 ـ يىللىرى شەھەرلەر كۆپ بولمىغان. خانلىق تەۋەسىدە پەقەت سەككىز شەھەر بولغان؛ 557 — 581 ـ يىللىرىغا كەلگەندە 16 شەھەرگە، 581 — 618 ـ يىللىرىغا كەلگەندە 18گە، 618 — 907 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە كەلگەندە بولسا 21گە يەتكەن. ئاستانىسىنىڭ دائىرىسى تەخمىنەن 10 چاقىرىم بولغان. ئاگنى خانلىقىدا 354 — 386 ـ يىللار ئارىلىقىدا توققۇز شەھەر بولغان.

تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، غەربىي يۇرتتىكى بەزى چوڭ، مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ ئورنى ۋە شەكلى ـ تۈزۈلۈشى ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرغان. مەسىلەن، كاشغەر ـ كەشبالىق دەسلەپ قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىگە توغرا كېلىدىغان بەشكېرەم يېزىسىدىكى «خاندۆۋي» شەھەر خارابىسىدە بولغان، كېيىنچە چاقماق دەرياسىنىڭ سۈيىنىڭ ئازلاپ كېتىشى سەۋەبلىك چاقماق دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى تۇتۇرۇك ئېگىزلىكىگە كۆچكەن. مىلادىيە 10 ـ ئەسىرلەردىن بۇرۇن ھازىرقى شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى «ئەسكىبېسار» قەلئەسىگە كۆچكەن.

يەنە ئۇدۇن شەھىرى (بۈگۈنكى خوتەن ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىغا 50 چاقىرىم كېلىدىغان جايدىكى مەلىكە ئابات شەھەر خارابىسى) يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان، ئىچكى شەھەر، تاشقى شەھەردىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭ غەربىي جەنۇبى مەمۇرىي دائىرىلەر ۋە ئاقسۆڭەكلەر رايونى، ئوتتۇرا قىسمى سودا ـ تىجارەت رايونى، شەرقىي شىمال قىسمى بولسا پۇقرالار رايونى ۋە ئىبادەتخانا رايونى بولغان.

كۇسەننىڭ قەدىمكى ئاستانىسىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئۇ كۇچانىڭ شەرقىدە، مەزكۇر شەھەر مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە سەلتەنەت سۈرگەن كۇسەن خانلىقىنىڭ ئاستانىسى يام شەھىرى، مىلادىيە 618 — 907 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى كۇسەن خانلىقىنىڭ ئاستانىسى ئىرول (伊罗卢) شەھىرى جايلاشقان يەر بولۇپ، ئادەتتە كۇسەن قەدىمكى شەھىرى دېيىلىدۇ. ئۇ كۋادرات شەكىللىك، ئايلانمىسى تەخمىنەن يەتتە كىلومېتىر كېلىدۇ، سېپىل تاملىرىنى

قاڭداپ ياسىغان، ساقلىنىپ قالغان تاملىرىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 2 — 6.7 مېتىر، شەھەر ئىچىدە ئالتە ئورۇندا توپىدىن قاڭداپ ياسالغان تۇر ساقلىنىپ قالغان، بۇ تۇرغا يېقىن يەردىن ھۆل كېسەك بايقالغان. يەنە مىلادىيە 618 — 907 ـ يىللارغا مەنسۇپ نىلۇپەر نەقىشلىك كاھىش، پارچە كاھىش؛ ساپال نوكەش، ساپال ھېجىر، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن تۇڭباۋ پۇلى، ھەتتا تۇچ، تۆمۈر قوراللار پارچىسى قاتارلىق نەرسىلەر چىققان.① مىلادىيە 581 — 618 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋردە «شەھەر ئۈچ قات بولغان بولۇپ، تاشقى شەھەر بىلەن كەڭ ئارامبەخش شەھەرچىسىدىن ئىبارەت. ھۇجرىلار كۆركەم ـ ئازادە، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، زەر، قاشتېشى بىلەن بېزەلگەن».② خانزادىلەر شەھىرىدە خانلار بىلەن خانزادىلەر جەمەتى، خانىشلار تۇرغان، ئىچكى شەھەردە ئاقسۆڭەكلەر، ئەمەلدارلار تۇرغان، تاشقى شەھەردە ئادەتتىكى پۇقرالار، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار تۇرغان، شەھەر ئىچىدە يەنە سودا ـ تىجارەت كوچىسى بولغان، يەنە كۆڭۈل ئاچىدىغان بەزمىخانىلارمۇ تەسىس قىلىنغان. شەھەر سېپىللىرى، ئاھالىلەر تۇرالغۇ جايلىرىدا سوقما تام بولۇپ، قاڭداپ چىڭدىتىلغان. ئۆگزىلەرنىڭ ئۈستى سامان ـ پاخاللىق لاي بىلەن سۇۋالغان. كەشبالىق، ئۇدۇننىڭ شەھەرلىرىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتەتتى.

يارغول قەدىمكى شەھىرى — تۇرپان شەھەر مەركىزىنىڭ غەربىگە تەخمىنەن 10 كىلومېتىر كېلىدىغان يارغول تۆپىلىكىگە جايلاشقان. تۆپىلىكنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1700 مېتىر، شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئارىلىقىنىڭ ئەڭ كەڭ جايى تەخمىنەن 300 مېتىر، يار لېۋىدىكى تاملار تىك بولۇپ، تولىمۇ خەتەرلىك كۆرۈنىدۇ. يارغول دەرياسى تۆپىلىكنىڭ شىمالىدىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئېقىپ، جەنۇبقا كەلگەندە يەنە بىرلىشىپ كېتىدۇ. مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى يىللاردىن مىلادىيە 6 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا شەھەر كىچىكرەك بولغان، مىلادىيە 581 — 907 ـ يىللار ئارىلىقىغا كەلگەندە چوڭايغان. شەھەرنىڭ ئەتراپىنى دەريا ئېقىنى قورشاپ تۇرغاچقا، سېپىل بىلەن دائىرىگە ئېلىش زۆرۈرىيىتى

① «جۇڭگو چوڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى»، «ئارخېئولوگىيە تومى»، 260 ـ، 261 ـ بەتلەر، 1986 ـ يىلى جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى نەشرى.

② ياۋ سىليەن: «لياڭنامە» 54 ـ جىلد. «غەربىي شىمالدىكى روڭلار تەزكىرىسى».

تۇغۇلمىغان، پەقەت پەسرەك كەلگەن غەربىي جەنۇب يار لېۋىدە قىسقىراق بىر سېپىل سېلىنغان. شەھەرنىڭ شەرقى بىلەن جەنۇبىدىكى قىيالىق تامدا بىردىن دەرۋازا قويۇلغان، ئېگىزلىكى تەخمىنەن بەش مېتىر، ئىشىكنىڭ يېنىدىكى مۇداپىئە تېمىنىڭ ئاستىدا بىر يان ئىشىك قويۇلغان. شەھەرنىڭ مەركىزىدە، جەنۇبتىن شىمالغا كېسىپ ئۆتكەن، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 350 مېتىر، كەڭلىكى ئۈچ مېتىر كېلىدىغان بىر يول ئېلىنغان. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە كوچا بار، كوچىنىڭ شىمالىدا پۈتۈن شەھەر بويىچە ئەڭ ئېگىز بولغان ئىبادەتخانا بار، جەنۇبىي بۆلەك ۋە شەرقىي بۆلەكتىن شەھەر سىرتىغا چىقىپ-كىرگىلى بولىدىغان چىقىش ئىشىكى سېلىنغان. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپى ھەم ئېگىز، ھەم قېلىن توپا تام ياكى ئېگىزلىكتىن ئىبارەت. شەھەر ئىچىدە تەخمىنەن تۆت رايون بولغان: مەركىزىي كوچىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىغا ئىبادەتخانىلار مەركەزلەشكەن. ھەرقايسى ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشلىرى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇلغان، كوچىنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ شىمالى ئاھالىلەر رايونى بولۇپ، تۇرالغۇ ئۆيلەر بەلگىلىك تەرتىپتە بولمىغان، ھۇجرىلارمۇ تارراق تەييارلانغان. توغرىسىغا تارتىلغان كوچىلار بىرقانچە مەھەللىنى ھاسىل قىلغان. جەنۇبىي قىسمى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ تۇرالغۇ رايونى بولۇپ، بۈگۈنگىچە بىرقانچە قۇرۇلۇش خارابىسى ساقلىنىپ كەلمەكتە. شەھەر خارابىسىدىكى ئەھۋاللارغا قارىغاندا، بۇ يەردە شۇ يەرنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ماس بولغان قۇرۇلۇش ھۈنىرى ئىشلىتىلگەن، تام ۋە تۆر يېنىدىكى توپىدىن پايدىلىنىپ قوپۇرۇلغان، شەھەر ئىچىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۆگزىلىرى توپىدىن قىلىنغان تۈۋرۈكلەر بىلەن كۆتۈرمە قىلىنغان. قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ ماس تېمىنىڭ ئۈستىدە ئاستىدىن قېزىپ چىقىرىلغان كۇنگۇرە بولۇپ، ياغاچ بادرا بىلەن تىرەلگەن. بەزى يەر ئاستى قەۋەتلىرىدە توپىدىن قوپۇرۇلغان تام ياكى چوقچىيىپ چىققان ئويۇقچىلار بار، ئۈستۈنكى قەۋەتتى لايدىن قىلىنغان تام بىلەن ياغاچ ئارىلاشتۇرۇلۇپ كۆتۈرمە قىلىنغان. ئۆگزىنىڭ ئۈستى لاي بىلەن سۇۋالغان، يەنە مەلۇم ساندا كاھىشلارمۇ ئىشلىتىلگەن.

غەربىي يۇرتتىكى بەزى شەھەرلەردە مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ

ئالدى ـ كەينىدە كىرەكسىز سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئەۋرەزلەر ئىشلىتىلگەن، ھەتتا سۇلار شەھەر ئىچىگە ساپال نور بىلەن سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن.

ئومۇمەن، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە غەربىي يۇرتتا، بولۇپمۇ تارىم ـ تۇرپان بوستانلىقىدا شەھەرلەر كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قۇرۇلۇش سۈپىتى يۇقىرى، تۈزۈلۈشى ئۆز دەۋرىگە يارىشا زامانىۋى بولغان.

# IV باب

# ھۈنەر ـ سەنئەت، پەن ـ تېخنىكا

## § 1 . ئورۇندۇق، كارىۋات

بۇگۈنكى كۈندە، كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن قارىساق، ئالەم ئايروپىلانىدا ئولتۇرۇپ، كائىناتقا سەپەر قىلىشقىچە ئورۇندۇققا بولغان ئېھتىياج ناھايىتى چوڭ بولماقتا. ئېلىمىزدە ھازىرغىچە تېپىلغان ئەڭ بالدۇرقى ئورۇندۇق خوتەننىڭ نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان ياغاچ ئويمىلىق ۋە يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ 1959 ـ يىلى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا[1] بايقالغان. نىيە خارابىسى ئاھالىلىرى 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە.

كىشىلەر ئورۇندۇقنى ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى كارىۋات ئىشلەتكەن. ئېلىمىزدە كارىۋاتمۇ ئەڭ دەسلەپ شىنجاڭدا ئىشلىتىلگەن بولۇپ،[2] شەرقىي خەن سۇلالىسى (مىلادىيە 25 — 200 ـ يىللار) نىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئىچكىرى رايونلارغا تارقىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇرۇپ ـ قوپۇش ئادىتىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتكەن.[3] غەربىي يۇرتتا خانلار «ئالتۇن شىرسىمان كارىۋات» (پايە) تا، پۇقرالار بولسا ئاددىي كارىۋاتتا ئولتۇرغان. بەن گۇنىڭ «كېيىنكى خەننامە. بەش كەسىپ تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى «غۇز (خۇ) كارىۋىتى» ( 胡床 )، «غۇز (خۇ) ئورۇندۇقى» (胡椅) قاتارلىقلارغا ئامراق ئىكەن. سۇڭ سۇلالىسى زامانىسىدا ئۆتكەن جاڭ دۈەنيى «ئېسىل بۇيۇملار توپلىمى»

---

① جى باڭلىن: «ئۈنجى ئورۇندۇق غەربىي دىياردا پاسالغان»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1994 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىكى سانى.

② ③ «جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى شىمال مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخى»، خەنزۇچە 1993 ـ يىلى خارېبىن نەشرى، 1070 ـ، 1080 ـ بەتلەر.

بىرىكتۈرۈلۈپ توقۇلغان. قومۇلنىڭ قارادۆۋە قەبرىستانلىقىدىن چىققان يۇڭ توقۇلمىلار ئىچىدىمۇ ئالاھىدە، ئۇلارغا ھەرخىل رەڭدىكى جۇلالىق يۇڭ يىپلار بىلەن گۈل نۇسخىلىرى چىقىرىلغان. قىزىل، قوڭۇر ۋە قارا رەڭلىك يۇڭ يىپلار ئارقىلىق چوڭ - كىچىك كاتەكچىلەر، كەڭ - تار يوللۇق سىزىقچىلار چۈشۈرۈلۈپ، كۆركەم قىلىپ توقۇلغان. يۇڭ يىپلاردا ئىشلەنگەن يەنە بىر پارچە كەشتىنىڭ تېگى قىزىل، كەشتىسى سېرىق بولۇپ، پۈتۈنلەي ئۈچ بۇرجەك گۈل نۇسخىسى كەشتىلەنگەن. بۇ جايدىن ئېلىنغان ئەۋرىشكىلەرنىڭ كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق چىقىرىلغان تەجرىبە يەكۈنى بۇنىڭدىن 3200 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇلارمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى قىممەتلىك يۇڭ توقۇلما ئەۋرىشكىلىرى.① غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملار بۇنىڭدىن 3200 يىل بۇرۇن يۇڭ يىپنى بوياش تېخنىكىسىنى ئىگىلەپ بولغان. قومۇل ۋۇ باۋ (قىزىل چوققا) دىن بىر يۇڭ كىيىم قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇ قىزىل، جىگەررەڭ، يېشىل، قارا، كۆك رەڭلىك يىپلاردا بىرىكتۈرۈپ توقۇلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر ئايال جەسەتنىڭ ئۈستىگە كىيدۈرۈلگەن بىر دانە يۇڭ كەشتە قېزىۋېلىنغان بولۇپ، تېگى قىزىل، كەشتىلىرى سېرىق، ئۈچ بۇرجەك شەكىلدە، ئۇ مەيلى توقۇلۇش جەھەتتە، مەيلى بوياقلىرى جەھەتتىن بولسۇن خېلىلا يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن.② بۇلار جۇڭگودا بايقالغان يۇڭ يىپ بوياق ئەۋرىشكىلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى.

كەشتىلەش ئۇسۇلى، يەنى بىۋاسىتە ئارقاق يىپقا گۈل چىقىرىش ئۇسۇلى ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان توقۇمىچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىدىكى بىر دەستە ئېسىل گۈل. كەشتىچىلىك يۇڭ كەشتىچىلىكىدىن كېلىپ چىققان. ئۇ مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى يىللاردا مەيدانغا كەلگەن. 1930 - يىلى ئا. ستەيىن قەدىمكى كروران قەدىمگاھىدىن خەن سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان بىر پارچە توقۇلما بايقىغان بولۇپ، ئۇ چاپچىپ تۇرغان ئات كەشتىلەنگەن يۇڭ توقۇلما ئىدى.

---

① مۇ شۇنىڭ قاتارلىقلار ماقالىسى، «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، خەنزۇچە نەشرى.
② «مىللەت ۋە مادىي مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 353 - بەت.

ئۇنىڭغا رەڭلىك ئارقاق يىپتا ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن چاپچىپ تۇرغان ئاتنىڭ كۆرۈنۈشى ۋە نەپىس جىيەك چىقىرىلغان. بۇ بۈگۈنگىچە بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى بىۋاسىتە (ئۆزىدىن) ئارقاق يىپتا ئالماپ توقۇلغان بۇيۇم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھازىر ئەنگلىيە خان جەمەتى مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كەشتىچىلىكتىكى بۇ خىل ھۈنەر ـ سەنئەت شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى قوۋملار تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغان.①

رەختكە موم بىلەن گۈل بېسىش تېخنىكىسىمۇ غەربىي يۇرتتا كەشىپ قىلىنغان. «مەسىلەن، نىيەدىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان قەبرىستانلىقتىن تېپىلغان بىر پارچە تېگى كۆك پاختا رەختكە موم بىلەن گۈل بېسىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. بۇ ھازىرغىچە تېپىلغان ئەڭ دەسلەپكى موم بىلەن گۈل بېسىلغان رەخت، بۇ خىل تېخنىكا پۈتۈن مەملىكەتكە تەدرىجىي ئومۇملاشقان. جەنۇبتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگىمۇ تارقالغان.»②

## 2. گىلەمچىلىك

گىلەمنىڭ خام ئەشياسى يۇڭ (قوي، تۆگە، ئۆچكە قاتارلىقلارنىڭ يۇڭى، تىۋىتى) بولۇپ، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ھەم ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ مەھسۇلى. گىلەمنىڭ ئىشلىنىشى ئۈچۈن چارۋىچىلىقلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن يەنە مۇقىم تۇرمۇش مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن ھۈنەرۋەنچىلىك ئىگىلىكى بولۇشى كېرەك. مۇقىم تۇرمۇش ئادەتتە يېزا ئىگىلىك سىستېمىسى ئاساسىدا بولىدۇ. بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گىلەمچىلىك — چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ئالدىنقى شەرتى ئاساسىدا ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن روياپقا چىقىدىغان كەسىپ.

گىلەم بەلگىلىك ئىستېتىك قىممەتكە ھەم ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە تۇرمۇش بۇيۇمى، ئۇ بۈگۈنكى زامانىۋى تۇرمۇشقا قەدەم قويغان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىن نۇرغۇنلىغان ئىپتىدائىي ۋە قەدىمكى تۇر-

① «مىللەت ۋە مادىي مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 553 ـ بەت.
② لى ۋەي: «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىلىم ـ پەن ـ مەدەنىيەتكە قوشقان تۆھپىسى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1987 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى سانى.

مۇش بۇيۇملىرىنىڭ سىقىپ چىقىرىلىۋاتقانلىقىنىڭ ئەكسىچە، مەدەنىي تۇرمۇشقا تېخىمۇ يۇقىرى بەدىئىي سەنئەت ۋە ئېستېتىك مەزمۇن قوشۇپ كەلمەكتە. ئۇ تېخىمۇ جۇلالىنىپ، ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلماقتا.

جەمئىيەتتىكى سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ ئازادە ئۆيلىرىدىن تارتىپ، دۆلەتنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ساراي - خانىلىرىنى ئوتتاشتەك جۇلالاندۇرۇپ ۋە بېزەپ تۇرۇۋاتقان گىلەمنىڭ نەق كۆرۈنۈشىنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ تارىخىنى ئەسلىمەي تۇرالمايمىز.

شىنجاڭ گىلەم تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى جا يىڭيى شىنجاڭ گىلىمى توغرۇلۇق بىرقانچە ئىلمىي ماقالە ۋە مەخسۇس كىتاب يېزىپ، جۇڭگو گىلەمچىلىك تارىخىدا شىنجاڭنىڭ گىلەمچىلىكىنىڭ تۇتقان ئورنى توغرۇلۇق نۇرغۇن كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ بۇ ئەمگەكلىرىنىڭ ئىچىدىكى «گىلەم ۋە شىنجاڭ» ناملىق بىر پارچە ماقالىسىدە: «... زور مىقداردىكى يازما خاتىرىلەر، قېزىلىۋاتقان قەدىمكى ئاسار ئەتىقىلەر ۋە خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەت قاتارلىق تەرەپلەرگە ئاساسلىنىپ شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، گىلەم شىنجاڭدا ئىشلەپ چىقىرىلغان، شىنجاڭ ئېلىمىزنىڭ گىلەمچىلىك ماكانى» دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ كۆزقاراشنى تولۇقلاپ ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شىنجاڭ گىلىمى ئېلىمىزنىڭ سەنئەت بېغىدىكى بىر دەستە گۈل. ئۇ كۆپ خىل تۈرگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى نەقىشلىرى كۆركەم، ھەرخىل شەكىللىك، پۇختا، رەڭلىرى ئوچۇق، ماس نىسبەتلىك، بويىقى ئۆڭمەيدۇ، چىدامىلىق - ئۇزۇنغىچە ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ بارلىققا كەلگەن دەۋرى ئۇزۇن، تەرەققىياتى تېز، بولۇپمۇ توقۇش تېخنىكىسىدا ئىجادچانلىق زور، ئۇ غەربىي شىمال ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى كەڭ رايونلارغا تارقالغان. ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى بېيىتقان. ئۇ شىنجاڭدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك جاپالىق ئەمگىكىنىڭ ۋە ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ

ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان تۆھپىسى.»[1]

سۇ خوتەن دېگەن بىر غەربلىك 1949 ـ يىلى ستوكھولمدا نەشر قىلدۇرغان بىر كىتابىدا: «... شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، گىلەمنى تارىم ئويمانلىقىدىكى خەلق ئىجاد قىلغان بولۇشى مۇمكىن» دېسە، ئەنگلىيىلىك گىراك لوئىسمۇ ئومۇمىي نۇقتىدىن شەرھلەپ، «شەرق گىلەملىرىنى ئىشلىتىش قوللانمىسى» دېگەن كىتابىدا، «كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ خىل گىلەم توقۇش ھۈنىرىنى ئالدى بىلەن ئىجاد قىلغۇچىلار جۇڭگولۇقلار ئىدى.» دەيدۇ. ھەقىقەتەن جۇڭگولۇقلارنىڭ بىر قىسمى بولغان غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى قوۋملار گىلەم توقۇش ھۈنىرى جەھەتتە دۇنيادا شۆھرەت قازىنىپ، ئېلىمىز جۇڭگونىڭ نام ـ شۆھرىتى ۋە ئىناۋىتىنى ئۆستۈرۈشتە بەلگىلىك تۆھپە قوشقان.

غەربىي يۇرتنىڭ گىلەمچىلىك تارىخىنى يىراق ئۆتمۈش دەۋرلەردىن سۈرۈشتە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى ئۆردەكلىك (گۇمۇگو) قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان يۇڭدىن ئىشلەنگەن پالاسنى بەزى ئارخېئولوگلار مەملىكەت مىقياسىدا ئىشلەنگەن ئەڭ بۇرۇنقى پالاس ـ گىلەم ئەۋرىشكىسى دەپ ھېسابلاشتى. بۇنى خەنزۇچە يېزىلغان «شىنجاڭنى ئۆزلەشتۈرۈش تارىخى» ناملىق كىتابتىكى «مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 16 ـ ئەسىردە غەربىي يۇرت گىلىمى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يېتىپ بارغان» دېگەن قاراش بىلەن سېلىشتۇرسا ھېچقانداق مۇبالىغە تۇيۇلمايدۇ.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1200 ـ يىللارغا خاس قۇمۇلنىڭ قارا دۆۋە قەدىمكى قەبرىلىرىدىن تېپىلغان يۇڭ توقۇلمىلارمۇ گىلەمنىڭ ئىپتىدائىي ئەۋرىشكىسى بولالايدۇ. 1989 ـ يىلى 11 ـ ئايدا كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ساھىلى كرورەن خارابىسىگە 60 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىن 37 قەبرە قېزىپ رەتلەنگەن. بۇ قەبرىلەردىن ھەرخىل يۇڭ توقۇلمىلار بىلەن بىللە ئۈچ پارچە گىلەم قېزىۋېلىنغان. بۇ گىلەملەرنىڭ توقۇلۇشى، رەڭلىرى، گۈللىرى ئۆزگىچە بولۇپ، چۈ-

---

① «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1980 ـ يىلى 3 ـ سان، خەنزۇچە.

رىسىگە ئۈچ بۇرجەك نۇسخا چۈشۈرۈلگەن. گىلەملەر ئالدى بىلەن يۇڭ يىپنى بوياپ، ئاندىن توقۇلغان. گىلەملەرنىڭ ئارقاق يىپلىرىغا يۇڭ يىپ ئىشلىتىلگەن. بۇ گىلەملەرنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات گورۇپپىسىدىن يەتتە نەپەر مۇتەخەسسىس باھالاپ، بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى مەدەنىيەت يادىكارلىقى، دۆلىتىمىزدە ۋە خەلقئارادا تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغان، ئوتتۇرىسى چىرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن دەرىجىسى دۆلەتلىك 2 ـ دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقىغا ياتىدۇ، دەپ ھېسابلىدى.

بۇ يېڭى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشتىن ئىلگىرى، ئارخېئولوگلار گىلەمنىڭ بىرقەدەر روشەن خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەۋرىشكىسى خوتەن ۋىلايىتى نىيە قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان گىلەم ئەۋرىشكىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، دەپ قاراپ كەلگەن. مەسىلەن، 1959 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىكى خادىملار بۇ خارابىدىن مىلادىيە 25 — 220 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرگە مەنسۇپ بىر تاۋۇتنى قېزىۋالغان بولۇپ، تاۋۇت ئىچىدىن بىر جۈپ ئەر- ئايال ۋە ئىككى پارچە گىلەم چىققان. بۇ گىلەملەر ئازراق بۇزۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ غەربىي يۇرت گىلەمچىلىكىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ئەۋرىشكە بولۇپ كەلگەن.

بۇ ئىككى پارچە ئاسار ئەتىقە نىيە خارابىسىدىن چىققان قارۇشتى يېزىقى ۋەسىقىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «گىلەم» ياكى خوتەن گىلىمى ئىدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا كرورەن خارابىسى ۋە لوپنۇرغا يېقىن قەبرىستانلىقتىن ھەمدە كوچا قاتارلىق جايلاردىنمۇ مىلادىيە 1 ـ ئەسىردىن 3 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىگىچە بولغان دەۋرگە مەنسۇپ گىلەم ئەۋرىشكىسى تېپىلدى. مارالبېشى «توققۇز ساراي» قەدىمگاھىدىن تېپىلغان گىلەم ئەۋرىشكىسى مىلادىيە 386 — 581 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرگە مەنسۇپ.

دېمەك، غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى گىلەمچىلىك ئىگىلىكى بۇ رايوننىڭ ھەممە يېرىگە دېگۈدەك تارقالغان.

غەربىي يۇرتنىڭ گىلەمچىلىك تارىخى ئارخېئولوگىيىلىك تېپىن-

دىلار ئارقىلىق ئېنىق ماددىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاندى. ئۇنى يازما خاتىرىلەر ۋە خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەر ھەم زامانىمىزدىكى گىلەمچىلىك ئەنئەنىسىنىڭ ئۇدۇملۇق راۋاجى ئارقىلىق تېخىمۇ تولۇق ئىنىقلاشقا بولىدۇ.

جەنگو دەۋرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 475 — 221 ـ يىللار) دە كىتاب ھالىتىگە كېلىشكە باشلىغان خەنزۇچە «يۈگۇڭ» («禹贡») ناملىق كىتابتىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، غەربىي يۇرتتىكى قوۋملار ئوتتۇرا جۇڭگودىكى قوۋملار بىلەن يۇڭ توقۇلمىلار ۋە ھايۋان تېرىلىرىنى باشقا مالغا ئالماشتۇرۇش سودىسىنى قىلغان.

ئارىم ۋادىسىدىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقى (تەخمىنەن 3 — 4 ـ ئەسىرلەردە قوللىنىلغان) دىكى ۋەسىقىلەردە شىنجاڭ گىلىمى توغرىسىدا خېلىلا قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ يازما خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا تارقالغان رىۋايەتلەردە گىلەمنىڭ ئىجاد قىلىنىشىغا ئائىت بىرقانچە پارچە رىۋايەت بار. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بىرىنچىسىدە، باھاۋۇدىن نەقشىۋەندى (نەققاش باھاۋۇدىن) توغرۇلۇق رىۋايەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، خوتەن لوپ ناھىيىسى يورۇڭقاش دەرياسى بويىدىكى نەقشىۋەندى دېگەن كىشى گىلەمنى ئىجاد قىلغان بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى گىلەمچىلىكنىڭ پىرى دەپ قارىشىدىكەن، ھەر قېتىم گىلەم توقۇشتىن ئىلگىرى خالۋاپلار بىر قېتىم پىرغا تىلاۋەت قىلىۋېتىشى زۆرۈر ئىكەن. ئىككىنچى رىۋايەتتە، يورۇڭقاش دەرياسى بويىدا قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن قۇربان دېگەن بوۋاينىڭ قىزى گۈلەم گىلەمنى ئىجاد قىلغانلىقى ئېيتىلغان. ئۈچىنچى بىر رىۋايەتتە، گىلەمنى ئافراسىياپنىڭ قىزى ئالتۇن بىكىم ئىجاد قىلغانلىقى سۆزلەنگەن.

غەربىي يۇرتنىڭ گىلەمچىلىك ئىشلىرى بەلگىلىك تېخنىكىلىق قىممەت ياراتقان سەنئەت خەزىنىسى. ئۇ ئۇزۇن يىللىق قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، كىشىلەرنى ئۆزلۈكىدىن پىكىر بايان قىلىشقا يېتەكلەيدۇ.

نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان ئىككى پارچە گىلەمنىڭ بىرى ئەترەڭ ۋە ئاق يۇڭ يىپلار ئارقاق ۋە ئۆرۈش قىلىنىپ توقۇلغان، ئەت

رەڭ، ئاق، سېرىق، ھال، كۆك رەڭلىك يۇڭلاردىن تېۋىت چىقىرىلغان، گىلەم يۈزىگە رومبا شەكىللىك گۈللەر ئىشلەنگەن.

يەنە بىر پارچىسىنىڭ تېگى قىزىل بولۇپ، كۆك رەڭلىك رومبا شەكىللىك كاتەكچىلەرنىڭ بىر چېتىگە قوڭۇر، ئاق بادام گۈللىرى چۈشۈرۈلگەن. بۇ گىلەمنىڭ تېگى قېلىن، گۈلى بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ، رەڭلىرى تولىمۇ ئاچقان.

ئۇنىڭدىن باشقا لوپنۇردىن قېزىۋېلىنغان گىلەمنىڭ پۈتۈن يۈزىگە رومبا شەكىللىك كاتەكچىلەر ۋە گېئومېتىرىك نۇسخىلار چۈشۈرۈلگەن.

توققۇزساراي خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان گىلەم نۇسخىسىغا ئەت رەڭ، سېرىق، كۆك، قىزىل يۇڭ يىپ بىلەن بىر - بىرىگە يانداش تۆت چوڭ رومبا شەكىللىك گۈللەر چۈشۈرۈلگەن ۋە بۇلارنىڭ ئىچىگە يەنە قىزىل، ئەت رەڭ، ھاۋا رەڭ يىپلار بىلەن بىر - بىرىگە ماس كېلىدىغان تۆت كىچىك رومبا شەكىللىك گۈللەر چۈشۈرۈلگەن. بۇ گىلەمنىڭ نۇسخىسى ئالاھىدە بولۇپ، رەڭلىرى بەكمۇ ماسلاشقان. بۇ تونۇشتۇرۇلغان گىلەملەر يەر ئاستىدا 1000 يىلدىن كۆپرەك كۆمۈلۈپ ياتقان بولسىمۇ، لېكىن كۆركەملىكىنى يوقاتمىغان، بەكمۇ نەپىس توقۇلغان، ئۇلاردا بىر خىل مىللىي ئۇسلۇب كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

لى دى ئەپەندى «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېلىمىز پەن - مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى» دېگەن ماقالىسىدە، «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئوڭ-تەتۈرىگە گۈل چۈشۈرۈلگەن يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار ۋە «S» ھەرپى شەكلىدە تۈگۈپ توقۇش ئۇسۇلى بىلەن گىلەم توقۇيالايتتى. يۇڭ توقۇمىچىلىق تېخنىكىسى ئىنتايىن ئىلغار ئىدى» دەپ يازغان.

دېمەك، شىنجاڭ گىلىمى توقۇلۇشىنىڭ پىششىقلىقى، تۈۋىتىنىڭ پەسلىكى، رەڭدارلىقى، نەپىسلىكى ۋە چىڭلىقى بىلەن ھازىرمۇ دۇنياغا مەشھۇر، بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن 2000 يىل بۇرۇنلا دۇنياغا تونۇلغان.

### 3. يىپەك توقۇمىچىلىقى

غەربىي يۇرت يىپەكچىلىكتە بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە. ئۇ يىپەك يولىدىن ئىبارەت بۇ «كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش» ئارقىلىق ئېچىلغان يولدا بىر ئارىلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكۈچى تەنھەرىكەتچىلىك رولىنىلا ئەمەس، بەلكى يىپەك ئىشلەش ساھەسىدىمۇ كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن ئورۇن ھېسابلىنىدۇ، يەنى بۇ جايدا يىپەكچىلىكنىڭ قەدىمدىن باشلاپ روناق تاپقان ئىگىلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە يازما خاتىرىلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلار خېلى يېتەرلىك.

غەربىي يۇرتتا يىپەك رەختلەرنى ئىستېمال قىلىش مىلادىيىدىن خېلى بۇرۇنقى ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ.

ئەڭ قەدىمكى يىپەك توقۇلمىلار، شايى، دۇردۇن، كىمخاب ۋە پىلە غوزىسى قاتارلىقلار كورلا بوستانلىقىدىن تېپىلغان بولۇپ، بۇ رايوندىن تېپىلغان يىپەك رەخت ئەۋرىشكىسىنىڭ پۈتكۈل تارىم ۋادىسىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە ۋاقتى بىر قەدەر بۇرۇن. پىلە غوزىسى ۋە يىپەك رەختلەرنىڭ تېپىلغانلىقى ئۆز زامانىسىدا بۇ رايوندا ئۈجمە ئۆستۈرۈلۈپ، پىلە قۇرتى بېقىلغانلىقى ۋە يىپەك توقۇمىچىلىقى تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چەرچەن زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىكى 6 - نومۇرلۇق قەبرىدىن چىققان يىپەك رەخت پارچىسى، كۆنچى دەرياسى تۆۋەن ساھىلىدىكى قەبرىستانلىقتىن چىققان يىپەك كىيىم - كېچەك، يەنى كۆڭلەك، يىپەك ئىشتان، يىپەك ياغلىق، يىپەك خالتا قاتارلىقلارنىڭ سانى خېلى كۆپ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى بۇ يىپەك توقۇلمىلارنى دۆلەتنىڭ 2 - دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دەپ بېكىتكەن. ئۇلارنىڭ يىل دەۋرى 3000 يىل بۇرۇنقى چاغلار دەپ ھېسابلانغان. يەنە 6 - نومۇرلۇق قەبرىنى تازىلىغان ۋاقىتتا ئايال جەسەتنىڭ مەيدىسىدىن كەڭلىكى 10 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 15 سانتىمېتىر كېلىدىغان سېرىق رەڭلىك بىر پارچە يىپەك رەخت چىققان. 1987 - يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتى كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق

بۇ يىپەك رەختنىڭ مۇتلەق يىل دەۋرىنى 3000 يىل بۇرۇن دەپ بېكىتكەن.①

بۇ زور بايقاشتىن ئىلگىرى غەربىي يۇرتتىن قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ يىپەك توقۇلما بۇيۇم ئۇرۇمچى نەنسەننىڭ ئارغۇغول (ئال-غۇي) جىلغىسىدىكى قەدىمكى قەبرىدىن چىققان. بۇ قەبرىنىڭ دەۋرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 8 ـ ئەسىردىن 3 ـ ئەسىرگىچە، يىپەك بۇيۇمىدىنىڭ كونكرېت يىل دەۋرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 7 ـ ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ دەپ قارالغاندى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى ئال-تايدىكى پازىرىق جىلغىسىدا 1927 ـ يىلى ۋە 1947 ـ، 1949 ـ يىللىرى ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىش ئېلىپ بېرىپ، بەش قورغاننى ئاچقانىكەن. مۇزلىتىلغان لەھەت ئىچىدىن قەدىمكى ئالتايدا ياشىغان مەلۇم قەبىلىنىڭ ئاقساقىلىنىڭ مومىيالانغان جەسەتلىرى يېنىدىن ئۆز پېتى ساقلانغان بەكمۇ نەپىس يىپەك رەختلەر تېپىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، خوتەننىڭ نىيە ناھىيىسىدىكى مىلادىيە 25 — 220 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدىغان قەدىمكى قەبرىلەردىن ۋە لوپنۇردىكى قەدىمكى كرورەن رايونلىرىدىن مىلادىيە 25 — 220 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرگە مەنسۇپ بىر تۈركۈم يىپەك توقۇلمىلار تېپىلدى ھەمدە تۇرپان رايونىدىن مىلادىيە 265 — 420 ـ يىللار ۋە مىلادىيە 618 —907 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرگە مەنسۇپ كۆپلىگەن يىپەك توقۇلمىلار چىققان.

تۇرپان ئۆيمانلىقىدىكى قوچوخانى چوۋىنتەي خانلىقىنىڭ مىلادىيە 581 — 618 ـ يىللارغا تەئەللۇق قەبرىستانلىقىدىن يىپەك بىلەن پاختا بىرىكمىسىدىن توقۇلغان گېئومېتىرىك سىزىقلىق كىمخاب تې-پىلغان. بۇ خىل تەمۇال شىنجاڭدا مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىدە كېۋەز تېرىلىدىغان بولغاچقا، يىپەك بىلەن پاختىنى ئارىلاش-تۇرۇپ رەخت توقۇش ئىجاد قىلىنغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ ئالاھى-دە بىر ئىجادىيەت. چۈنكى سۈي سۇلالىسى دەۋرى (581 — 618-

---

① فېڭ سايىم: «ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار بويۇتۇپ بەرگەن پايپىغولىن قەدىمكى مەدەنىيىتى يۇقىرىسىدا قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1993 ـ يىلى 3 ـ، 4 ـ سان 24 ـ بەت.

يىللار) دا كېيىز تېخى ئىچكى ئۆلكىلەرگە يېتىپ بارمىغان.

قوچو رايونى غەربىي يۇرت يىپەكچىلىكىنىڭ مۇھىم بىر بازىسى ئىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيان تۇرپان رايونىدىن قېزىۋېلىنغان يىپەك توقۇلمىلار بەك كۆپ، ئۇنىڭغا پاختا، يۇڭ، كەندىر توقۇلمىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانىنى قوشسا 1000 پارچىدىن ئاشىدۇ. يىپەك توقۇلمىلارنىڭ تۈرى 10 نەچچە خىلغا يېتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە شايى، گۈللۈك دۇردۇن، ئەتلەس، بەقەسەم، كىمخاب، مەشۇت يىپ، گۈللۈك تاۋار، كەشتە قاتارلىقلار بار. مىلادىيە 618— 907 - يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرگە ئائىت بىر جۈپ يولۋاس ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن كىمخاب، ئۈنچىدىن ئەجدىھا سۈرىتى چېقىرىلغان لىباس، تېگى ئاسمان رەڭگى، ئۈستىگە كالاۋۇتۇن يىپتىن ئۈزۈم نۇسخىسى كەشتىلەنگەن ئاق گۈللۈك تاۋار بار.①

يۇقىرىقىلاردىن سىرت، ئۈرۈمچى شەھىرى تۇزكۆل (يەنخۇ) رايونىدىن مىلادىيە 1279 — 1368 - يىللارغا مەنسۇپ بولغان كىمخاب قاتارلىقلار چىققان.

يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان يىپەك توقۇلمىلاردىن كىمخاب، گۈللۈك دارايى، تاۋار - دۇردۇن، چۈچۈنچىلەر، گىرىپتىشىن، بوياقلىق يىپەك رەخت، گۈللۈك يىپەك رەخت، كەشتە قاتارلىقلار بار بولۇپ، تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكى، رەڭلىرىنىڭ كۆركەملىكىدىن تارتىپ تۈزۈلۈشىنىڭ چىرايلىقلىقىغىچە ھەممىسى شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى يىپەك توقۇمىچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ يۇقىرى تەرەققىيات سەۋىيىسىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

كىمخاب — قەدىمكى دەۋردىكى يىپەك رەختلەر ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك بىر خىل يىپەك توقۇلما ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئۇ زەر - ئالتۇن بىلەن تەڭ قىممەتكە ئىگە بولغاچقا، قەدىمكى كىتابلاردا «كىمخاب زەر دېمەكتۇر، چۈنكى ئۇنىڭغا كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈلگەن، ئۇنىڭ قىممىتى زەر - ئالتۇن بىلەن تەڭ» دېيىلگەن. خەنزۇچە قەدىمكى يازمىلاردىن «ئالتەنامە» («六经») دە: «رەڭلىك توقۇلغانلىرى كىمخاب دەپ ئاتىلىدۇ. سۇس رەڭلىك توقۇلغانلىرى دارايى

---

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى يېزىش گۇرۇپپىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 - يىلى نەشرى، 133 - بەت.

دەپ ئاتىلاتتى» دەپ يېزىلغان، يەنى كىمخاب — ھەرخىل رەڭلىك يىپلاردىن قوش ئۆرۈشلۈك ياكى قوش ئارقاقلىق قىلىپ توقۇلغان، چىرايلىق نەقىشلەنگەن گۈللۈك يىپەك توقۇلمىلارغا قارىتىلغان. ئۇنداق توقۇلمىلار يۇقىرى ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسى بولۇشنى ۋە يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە گۈل كۆپتۈرۈش ئەسۋابى قوللىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

قېزىۋېلىنغان تېپىندىلار ئىچىدە يىپەك توقۇلمىلاردىن مىلادىيە 25 — 220 - يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرگە مەنسۇپ بولغان كەشتىلىك كىمخاب بولۇپ، ئۇنىڭ گۈل نەقىشلىرىدە خەير - ساخاۋەت بېغىشلايدىغان بۇلۇڭ سىزىقلىرى، خەير - ساخاۋەتتىن دېرەك بېرىدىغان ئۇچار قۇشلار ۋە قۇتلۇق ھايۋانلار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 206 - يىلىدىن مىلادىيە 200 - يىللارغىچە بولغان دەۋرگە مەنسۇپ تېپىلغان كىمخابلار يىپەك تارتىش، يىپ ئېگىرىش، گۈل نۇسخىلىرىنى ئىشلەش ۋە دەستىگاھ تېخنىكىسى جەھەتتە يۇقىرى سەۋىيىلىك ھۈنەرچىلىك ئارقىلىق توقۇلغان بۇيۇملاردۇر.

مىلادىيە 265 — 420 - يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرگە مەنسۇپ تېپىلغان كىمخابلار نىسبەتەن كۆپ، ئۇلارنىڭ گۈل نۇسخىلىرىدا ئۆسۈملۈك، ھايۋانلارنىڭ شەكلى ياكى ئۆرە تۇرغۇزۇلغان، ياكى ياتقۇزۇلغان سۈرەتلەر بار. بۇلار نىسبەتەن رەتلىك قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مەسىلەن، تۇرپاندا مىلادىيە 534 — 577 - يىللار ئارىلىقىغا مەنسۇپ قەدىمكى قەبرىدىن بېغىررەڭ، ئاچ يېشىل، سېرىق، كۆك، ئاق قاتارلىق بەش خىل رەڭلىك يىپتىن توقۇلغان بىرخىل سىدام (ئۆرۈش يىپلىرىغا گۈل چېكىلگەن) كىمخاب قېزىۋېلىندى. بۇ كىمخابنىڭ ئۇلۇق تەرىپىگە ئىككى ئەجدىھانىڭ سۈرىتى بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى قىلىپ رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ دەۋردىكى كىمخابلارغا ئىشلىتىلگەن رەڭلەر مۇرەككەپ، گۈللىرىنى كۆپتۈرۈشنىڭ توغرا بولۇشى، نەقىشلىرىنىڭ رەتلىك بولۇشى، كىمخابنىڭ ئۇلۇق تەرىپى سىپتا ۋە پۇختا بولۇشى بىلەن پەرقلىنىپ، سۈپىتى ۋە چىداملىقى جەھەتتە بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.

مىلادىيە 618 — 907 - يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرگە مەنسۇپ تېپىلغان كىمخابلار بەكمۇ جىق. بۇ دەۋرگە مەنسۇپ كىمخابلار مەيلى رەڭلىرىنىڭ كۆركەملىكى، نەقىشلەش ماھارىتى، توقۇش سەۋىيىسى جەھەتلەردە بولسۇن، خېلىلا يۇقىرى تەرەققىيات سەۋىيىسىگە يەتكەن. بۇ دەۋرگە خاس كىمخابلارنىڭ نەقىش نۇسخىلىرى ئىچىدە بىر- بىرىگە چېتىشتۇرۇلغان ئۈنچە - مارجانلار، ئۇچار قۇشلار ۋە ھايۋانلارنىڭ ئوبرازلىرى چۈشۈرۈلگەنلىرى بىرقەدەر كۆپ. بۇلارنىڭ بەزىلىرىگە ئۈنچە - مارجانلار چېتىشتۇرۇلغان چوڭ چەمبەر ئىچىگە بۇغا، توڭگۇزنىڭ كاللىسى، چەۋەندازلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن؛ بەزىلىرىگە ئۈنچە - مارجانلار چېتىشتۇرۇلغان كىچىك چەمبەر ئىچىگە بىر- بىرىگە قارىمۇقارشى قىلىپ ئات، توزلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئۆرۈش يىپلىرىغا گۈل چىكىلگەن كىمخابتىن باشقا يەنە ئارقاق يىپلىرىغا گۈل چىكىلگەن كىمخابلارمۇ خېلى كۆپ.

مۇشۇ دەۋرگە خاس قېزىۋېلىنغان كىمخابلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يانتۇ تارتىلغان ئۆرۈش يىپلىرىنىڭ ئۈستىگە نېلۇپەر گۈللىرى بىلەن ئۈچقات گۈللىرى ئۆزئارا چېتىشتۇرۇلۇپ، غۇژمەك - غۇژمەك گۈل چىقىرىلغان.

بۇ دەۋردە كىمخابتىن قالسا يەنە گۈللۈك دارايى، چۈچۈنچىلەر، مەشۇت، گۈللۈك يىپەك رەخت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر بارلىققا كەلگەن.

غەربىي يۇرت تارىختىن بېرى ھەم يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇپ خىزمەت قىلغان، ھەم قەدىمدىن بېرى يىپەكچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. فەن خۇانىڭ «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە بايان قىلىنىشىچە، غەربىي يۇرتتا... «ئېۋۇرغول (يىۋۇ — قۇمۇل ياكى ئۇيغۇرغول) يېرىدىن ھەرخىل زىرائەت، ئۈجمە - كەندىر، ئۈزۈم چىقىدۇ». شۇي سۇڭنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، «كېيىنكى خەننامە» دە سۇلې (كاشغەر) دا «... كىمخاب - تاۋار كۆپ چىقىدۇ». يەنە لى يەنشۇ يازغان «شىمالىي خانلىقلار تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، قوچو «... پىلە بېقىشقىمۇ لايىق»؛ ۋېي شۇ يازغان «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، سۇلېدا «كىمخاب دۇردۇن ئىشلىنىدۇ.»؛ شۈەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ

دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە، چۇشا (كاشغەر) ئېلىنىڭ دائىرىسى 5000 چاقىرىمدىن ئارتۇق، زىرائەت بەك ئوخشايدۇ، مېۋە-چېۋىلىرى ئىنتايىن تولا. دۇردۇن، پالاس چىقىدۇ. زىلچە-سېلىنچىلارنى بەك سىپتا ئىشلەيدۇ؛ ليۇ شۈي يازغان «تاڭنامە. 221- جىلد. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، ئۇدۇن (خوتەن) خەلقى «توقۇمىچىلىق قىلىدۇ. ئاستانە ئوبلاستى ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى يىپەك بىلەن تەمىنلەيدۇ» دېيىلگەن.

غەربىي يۇرتنىڭ يىپەك ماللىرى ئوتتۇرا جۇڭگو ۋە سىچۈەن يەرلىرىدىن چىقىدىغان يىپەك ماللارغا ئوخشاشلا كاشغەر ئارقىلىق غەربكە سېتىلغاندىن تاشقىرى، ھەتتا ئىچكى ئۆلكىلەرگىمۇ توشۇلغان. مەسىلەن، خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭغا تەيىنلىگەن تۇرغاقبېگى بەن چاۋ ئاكىسى بەن گۇغا ئاق شايى سوۋغا قىلىپ ئەۋەتكەندە، بەن گۇ يازغان جاۋاب خېتىدە: «ئەۋەتكەن 300 توپ ئاق شايى، بازارلىق يۇشى - يۇجى (توخرى) ئېتى، خۇشبۇي دەرمەك، چەم قوياقىنى ئالدىم» ① دېگەن.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇر باپكارلار خانبالىق (بېيجىڭ) قا بېرىپ، مەخسۇس شاھلارنىڭ زىياپەتتە كىيىدىغان ئالىي دەرىجىلىك يىپەك توقۇلما كىيىمى «داھىي ناسىس» دېگەن كىمخابنى توقۇش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ھەققىدە تارىخىي كىتابلاردا خاتىرە قالدۇرۇلغان. ② يۈەن سۇلالىسى جىيۈەننىڭ 13 - يىلى (1276 - يىلى) زور بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلىرىنى خانبالىق (بېيجىڭ) قا يۆتكەپ ئېلىپ بېرىپ، بەشبالىق رەڭدار كۆزلۈك (色目人) كاسىپلار كارخانىسى تەسىس قىلىپ، مەخسۇس خاقانلار ئۈچۈن داھىي ناسىس قاتارلىق رەختلەرنى توقۇتقان. ③ ناسىس — بىر خىل ھەل بېرىلگەن يىپەكلەردىن توقۇلىدىغان كىمخاب بولۇپ، ئادەتتە يۈەن - موڭغۇل پادىشاھلىرى چوڭ زىياپەتلەرگە قاتناشقاندا كىيىدىغان ئالىي دەرىجىلىك، سۈپەتلىك كىيىم قىلىناتتى. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى 300 دەك بابكار ئائىلىسىنى غەربىي

① ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە» 450 - بەتكە ئېلىنغان نەقىل، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىلى نەشرى.
② «ماركوپولو ساياھەت خاتىرىسى»گە قارالا.
③ «جۇڭگونىڭ چوڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى. جۇڭگو تارىخى تومى» ، «يۈەن تارىخى» (بەككە توم) جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى، 1985 - يىلى نەشرى، 110 - بەت، بېيجىڭ.

يۇرتتىن گەنسۇنىڭ ئەنخۇا ئەتراپىغا يۆتكەپ مەخسۇس كارخانا تەشكىل-لەپ رەخت توقۇتقان.①

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئاگرونوم لۇمىڭشەننىڭ «تېرىقچىلىق، پىلىچىلىك ئاساسلىرى» دېگەن كىتابىدا، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرىدىكى مۇھىم تەجرىبىلەر يەكۈنلىنىپلا قالماستىن، بەلكى غەربىي يۇرتتىكى ئۈجمە يېتىشتۈرۈش، پىلە بېقىش تەجرىبىلە-رىمۇ يەكۈنلەنگەن ۋە ئېلىمىزنىڭ پىلىچىلىك تېخنىكىسىغا يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلغان.②

غەربىي يۇرتنىڭ يىپەكچىلىك ئىشلىرى توغرۇلۇق توختىلىپ، تارىخشۇناس بۇ ھېيخەي مۇنداق دەيدۇ: «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي ئەلدە كىشىلەر بەكمۇ ياقتۇرىدىغان يىپەك توقۇلمىلار كۆپلەپ ئىشلەپ چىقىرىلغان. بەش دەۋر (مىلادىيە 907 — 960 - يىللار) گە كەلگەندە غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن رەختلى-رىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ بېرىپ ئالغا ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. شۇندىن كېيىن ئۆز ۋاقتىدا داڭقى چىققان دۇردۇن، ئۇيغۇر كىمخا-بى، غەرب كىمخابى، ئاقسۇ شايىسى قاتارلىقلار ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشۇلۇپ تۇراتتى. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدىكى زەرباپ تاۋار تولىمۇ ئەتىۋار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەك توقۇل-ما جەھەتتىكى مۇھىم ئىجادى ۋە تۆھپىسى بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىگە ئېرىشكەن ھەم خەلقئارا بازاردا سېتى-لىپ، ئېلىمىزنىڭ يىپەكچىلىك ئىشلىرىغا يېڭى شان - شەرەپ كەلتۈرگەن.»③

غەربىي يۇرت قەدىمكى چاغدا يىپەكچىلىك ساھەسىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرغاچقا، غەرب ئاپتورلىرى ئىزچىل يوسۇندا بۇ جاينى «يىپەك ئېلى» دېگەن. بۇ كۆزقاراشلارغا كۆپچىلىك ھازىرقى زامان خەنزۇ ئالىملىرىمۇ قوشۇلۇپ كەلمەكتە.④

---

① «يۈەن تارىخى» 38 - جىلد.

② بەزىلەر «تۆمۈر تۈۋرۈك» دەپ ئاتاشقان. بۇ لوسىگشەننىڭ «铁柱» دېگەن خەنزۇچە تەلەپپۇ-سىدىن كەلگەن بولسا كېرەك.

③ بۇ ھېيخەي: «خەن سۇلالىسىدىن تاڭ سۇلالىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يىپەك يولى»، «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى»، 1981 - يىلى 1 - سان، ئۈرۈمچى.

④ بۇ ھەقتە چېن بوچۈن قاتارلىقلارنىڭ بايانلىرىغا قارالسۇن.

## 4. پاختا توقۇمىچىلىقى

پاختا توقۇمىچىلىقى — كېۋەزچىلىكنى شەرت قىلىدۇ. قەدىمكى زامان ئادەملىرى خام ئەشياسىز ھۈنەرچىلىك بىلەن بەكمۇ ئاز شۇغۇللىناتتى ياكى يۆتكەلمە ماللارنى پىششىقلاپ ئىشلەش بەك ئاز كۆرۈلدىغان ئەمگەك مەشغۇلاتى ئىدى.

غەربىي يۇرتتا پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا نىسبەتەن بۇرۇن بولۇشى بۇ يەردە كېۋەز تېرىپ ئۆستۈرۈشنىڭ قەدىمىيلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، غەربىي يۇرت ئېلىمىزدە ئەڭ بالدۇر كېۋەز تېرىلغان رايونلارنىڭ بىرى.

غەربىي يۇرتتا كېۋەز تېرىش مىلادىيە 1 — 3 - ئەسىرلەردىن ئىلگىرىلا باشلانغان بولۇپ، كەم ھېسابلىغاندىمۇ 1700 يىلدىن كۆپرەك تارىختا ئىگە.① ۋەھالەنكى ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە كېۋەز تېرىش تەخمىنەن 10 — 11 - ئەسىرلەردىن كېيىن باشلانغان.

1959 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئۇيۇشتۇرغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتىن ئەر - ئايال بىرگە دەپنە قىلىنغان بىر قەدىمكى قەبرىنى تاپقان. بۇ قەبرىدىن نۇرغۇن يىپەك رەخت ۋە پاختا توقۇلمىلار چىققان. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆك، ئاق گۈللۈك چەكمەن، ماتا ئىشتان، قولياغلىق پارچىلىرى ۋە ئىچىگە قوي سۆڭىكى بىلەن پىچاق سېلىنغان چۆچەك بار بولۇپ، بۇ چۆچەك ئىككى پارچە پاختا رەخت بىلەن ئورالغان، بۇ پاختا توقۇلمىنىڭ بىر پارچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 89 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 48 سانتىمېتىر، ئارىلاشتۇرۇپ بوياش ئۇسۇلى بىلەن بويالغان بولۇپ، تېگى كۆك، ئۈستىگە ئاق گۈل بېسىلغان. ئۇنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە مەيدىسى ئوچۇق، يۈزى دۈگىلەك بىر ئايال بودساتۋانىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن؛ بودساتۋا بېشىنىڭ كەينىگە تۈڭلۈكتىن كۈننىڭ شولىسى چۈشۈپ تۇرغان ھالەتتە سۈرەتلەنگەن. ئۇنىڭ كۆزلىرى نۇرلۇق بولۇپ، يان

① چېن شېزشېن: «شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىقى»، «شىنجاڭ گېزىتى» 1986 - يىل 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىكى سانى.

تەرەپكە قارىغان، ئوڭ قولىدا مۇئەككەزدىن ياسالغان قەدەھ تۇتقان. پاختا توقۇلمىنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ تۆۋىنىگە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر قۇش بىلەن بىر ئەجدىھانىڭ قىزىرىقىنىڭ رەسمى چۈشۈرۈلگەن، ئۇستى تەرىپىنىڭ سول يېقىغا شىرنىڭ پۇتى بىلەن قىزىرىقىنىڭ رەسمى چۈشۈرۈلگەن.

بۇ پاختا رەخت مەملىكەت بويىچە ھازىرغىچە تېپىلغان ئەڭ بۇرۇنقى پاختا توقۇلما بۇيۇمى.①

مىلادىيە 3 — 6 ـ ئەسىرلەردە شىنجاڭنىڭ كېۋەزچىلىك ۋە پاختا توقۇمىچىلىقى خېلىلا يۈكسەلگەن. بۇ چاغدا قوچودا پاختا رەختلەرنىڭ خىلى بەك كۆپ بولغان. تۇرپان ئاستانىدىن 3 — 6 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق قەبرىدىن ماتا گىنشتان كىيدۈرۈلگەن ھەيكەل تېپىلغان، يەنە ئاستانىدىن يازما يادىكارلىقلارمۇ تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە مىلادىيە 551 ـ يىلى بىر قېتىمدىلا 60 توپ پاختا رەخت ئارىيەت ئالغانلىق توغرىسىدىكى بىر پارچە ھۆججەتمۇ بار.

مىلادىيە 7 — 10 ـ ئەسىرلەردە پاختا توقۇمىچىلىق تېخنىكىسى يەنىمۇ تەرەققىي قىلغان.

تۇرپان ئاستانىدىن مىلادىيە 655 ـ يىلى يېزىلغان «270 يىپ تاغار تاپشۇرۇۋېلىندى» دېگەن خەت يېزىلغان بىر پارچە ھۆججەت پراگمېنتى (كەمتۈكى) تېپىلغان (1966 ـ يىلى). بۇ ھۆججەت تاغارلارنى ھەربىي ئەشيا سۈپىتىدە ئىچكىرىدىكى يۈگجۇ رايونى (چاڭ-ئەن، يەنى بۈگۈنكى شىئەن ئەتراپلىرى) غا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن يېزىلغان.②

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ پاختا توقۇمىچىلىقى تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان.

قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى توختامنامە ـ ھۆججەتلەر قوچو رايونىدا توقۇلما بۇيۇملار مەھسۇلاتىنىڭ خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. رۇس شەرقشۇناسلىرىدىن رادلوف ئېلان قىلغان بىرنەچچە پارچە ھۆججەتتە: «ئۇيغۇر تەت ـ مىلىك

---

① ي. خوۋۇر: «شىنجاڭدىن تېپىلغان ئەڭ بۇرۇنقى پاختا توقۇلما»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1990 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى.

② چېن شيۈشىن: «شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىقى»، «جاھانتەما» 2 ـ قىسىم، 94 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى.

بىلەن قارا بۇقا ئىككىسى خوتۇن - قىزلارنى سېتىپ، بىر قېتىمدىلا 150 توپ رەخت پايدا ئالغان؛ قالىمتۇ بىر چۆرىنى قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ سېتىپ، بولاتنىڭ قولىدىن بىر قېتىمدىلا 100 توپ رەخت پايدا ئالغان. بىر باپكار قاغانغا تاپشۇرىدىغان باج قاتارلىق قەرزلەرنى تۆلەش ئۈچۈن، بىر ئاي ئىچىدە 10 توپچە پاختا رەخت تاپشۇرغان»[1] دېيىلگەن.

كاشغەر بوستانلىقىدىمۇ كېۋەزچىلىك ۋە پاختا توقۇمىچىلىقى خېلى بۇرۇن باشلانغان.

كاشغەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ خانئۆي خارابىسىدىن يىڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ يىپ ئېگىرىدىغان چاق تېپىلغان بولۇپ، بۇ «قەشقەر خەلقىنىڭ يىڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىلا توقۇمىچىلىق ھۈنىرىنى ئىگىلەپ بولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.»[2]

1959 - يىلى كاشغەر مارالبېشى توققۇزساراي خارابىسىدىن مىلادىيە 7 — 10 - ئەسىرلەرگە مەنسۇپ چىگىت، پاختا، گۈللۈك پاختا توقۇلمىلىرى، كۆك - ئاق گۈللۈك رەختلەر تېپىلدى.

تۇرپاندىكى 7 — 10 - ئەسىرلەرگە خاس قەبرىلەردىنمۇ گېئومېتىرىك گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلۈپ نەپىس توقۇلغان توقۇلمىلار، لاتا قونچاق كىيىملىرى تېپىلىپلا قالماستىن، بەلكى كۆمۈرگە ئايلانغان چىگىتلەر تېپىلدى.

17 — 18 - ئەسىرلەردە، كاشغەرنىڭ توقۇمىچىلىق قول ھۈنەرچىلىكى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. شۇ زامانلاردا كاشغەر ئەتراپى رايونىدىكى خانئېرىق يېزىسى ۋە پەيزاۋات ناھىيىسى ئاساسلىق ماتا توقۇيدىغان جاي بولغان. ئاددىي دۇكانلاردا بىردىن ئۈچكىچە باپكار ئىشلىگەن. بىر باپكار كۈنىگە تۆت توپ ماتا توقۇغان، ئىككى ئايال ھەپتىسىگە 16 جىڭ پاختىدىن 10 يىك يىپ ئېگىرگەن. شۇ چاغلاردا كاشغەر شەھىرىدىكى كىچىك دۇكانلاردا (ھەربىر دۇكاندا ئۈچ - تۆت باپكار بار) ماتا نىل، رويان، سەندەل بىلەن بويىلاتتى. كاشغەر رايونىدا چەكمەن، ئالىچا، داكا، چىت، سەگەز، چوتا، خامغا

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 - يىلى نەشرى، 132 - بەت.

② مۇڭ لەنجۇن: «قەشقەر ماتاسى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1985 - يىل 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى.

ئوخشاش ماتا خىللىرى بار ئىدى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە غەربىي يۇرتنىڭ توقۇمىچىلىق ئىشلىرى خېلىلا تەرەققىي قىلغان.

يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يەنە بەشبالىق ۋە خوتەن كارخانىسى تەسىس قىلىپ، باپكارلارغا ئەمەلدارلار ئۈچۈن ئالىي دەرىجىلىك توقۇلما بۇيۇملارنى ئىشلەتكۈزگەن. كاشغەر تەرەپلەردىمۇ ئۇ يەرگە كاسىپلار بېرىپ، ئالاھىدە ھۈنىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تارقاتقان.①

15 — 17 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن شىنجاڭنىڭ پاختا توقۇمىچىلىقى بۇرۇنقىغا قارىغاندا يەنىمۇ تەرەققىي قىلدى.

يەكەن خانلىقى (1514 — 1678 ـ يىللار) دەۋرى يەنى ھىجرىيە 1036 ـ يىلى (مىلادىيە 1626 — 1627 ـ يىللار) يېزىلغان «تەزكىرەئى ئابدۇرەشىدخان» دېگەن ھۆججەتتە يەكەن خانلىقى دەۋرىدە «بۆز توقۇيدىغان يەر 579» ئورۇندا ئىدى، دەپ يېزىلغان②.

ئۇ چاغلاردىكى توقۇمىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى سودا ساھەسىدىكى ئالماشتۇرۇلغان ماللارنىڭ ھەجىمىدىن كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. بۇ چاغلاردا غەربىي يۇرتنىڭ بىر قاتار چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك سودا مەركەزلىرى ۋە تارىم ۋادىسىنى ياقىلاپ كەتكەن بازارلار كەڭ ۋە مۇقىم سودا سورۇنلىرى ئىدى. بۇ ئورۇنلاردا قىلىنىدىغان ئەڭ چوڭ سودا ماتا ۋە چاي سودىسى ئىدى. ماتا ئاساسەن سىرتقا چىقىرىلاتتى.

1762 ـ يىلىدىكى ئەھۋالنى مىسالغا ئالساق، پەقەت خوتەن بىلەن يەكەندىنلا ئېلىنغا توشۇلىدىغان ماتا 99 مىڭ توپتىن ئېشىپ كەتكەن. جۇملىدىن بۇلاردىن 4000 توپى تارباغاتايغا، قالغانلىرى بالقاش كۆلى بويىدىكى قازاقلار ئارىسىغا توشۇلۇپ سېتىلاتتى. تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا ئىشلەنگەن ماتا يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغىمۇ توشۇلۇپ سېتىلدى. پەقەت كاشغەر رايونىدىكى خانئېرىق مەھەللىسىدىنلا يىلىغا ئوتتۇرا ئاسىياغا توشۇلۇپ تۇرغان ماتا 30 — 40 مىڭ توپقا يەتكەن.③ خەنزۇچە يېزىلغان «پەيزاۋات تەزكىرىسى»دە،

① مەي سىماۋ قاتارلىقلار تۈزگەن «جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تارىخى»، خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 7 ـ توم، 346 ـ، 356 ـ بەتلەر، بېيجىڭ.
② «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى.
③ لىيۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، بىرىنچى قىسىم (2)، 1073 ـ بەت.

«گۇاڭشۇ يىللىرى (1875 — 1908 ـ يىللار) دا پەيزاۋاتنىڭ ماتالىرى قۇرۇقلۇق ئارقىلىق رۇسىيىگە توشۇلىدۇ. ھەر يىلى تەخمىنەن 110 — 120 مىڭ توپ ماتا سېتىلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. تەتقىقاتچىلارنىڭ تەكشۈرۈپ دەلىللىشىگە قارىغاندا، شۇ چاغدا كاشغەر رايونى ماتالىرىنىڭ ئېكسپورتى ئىمپورت قىلىنغان تاۋارنىڭ ئومۇمىي سوممىسىدىن ئۈچ ھەسسىدىن كۆپرەك، رۇسىيىنىڭ كاشغەرگە ئېكسپورت قىلىدىغان پاختا توقۇلمىلىرىدىن سەككىز ھەسسىدىن كۆپرەك بولغان.①

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە غەربىي يۇرتنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكىدە پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭ تۇتقان ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىنى مۇنداق ئەھۋالدىن ھەم ئېنىق كۆرۈۋالايمىزكى، يەكەن خانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە سىياسىي ۋەزىيەت داۋالغۇپ، پۇلنىڭ كۇرسى چۈشۈپ كەتكەندە، كەڭ مىقياستىكى سودا ئىشلىرىدا ماتا ھەتتا ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ قالغانىدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ماتا غەربىي يۇرت ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا پۇلغا باراۋەر نوپۇزغا ئىگە بولۇپ، سودا ئىشلىرىدا ۋاستە بولۇپ قالغان.

جۇڭغار خانلىقى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى «ئالتە شەھەر خانلىقلىرى» نى كونترول قىلغاندىن كېيىن، بۇ يەردىن ئېلىنىدىغان سېلىقنى ئەنە شۇ بۆز ـ خام بويىچە ھېسابلاپ ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۆز ـ خام ئالتە شەھەر خانلىقلىرى دائىرىسىدە بۇ رايوننىڭ باشقا جايلار بىلەن بولغان سودىسىدا مۇھىم مال تۈرى بولۇپ قالغان.

شۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدا توقۇلما رەختلەر توغرىسىدا بىر قاتار مەخسۇس ئاتالغۇلار بارلىققا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، شۇنى تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، توقۇلما يىپلارنىڭ زىچلىقىغا ۋە ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ نەپىسلىكىگە قاراپ، شۇ زاماندا توقۇلما رەختلەر تۆت دەرىجىگە ئايرىلغانىكەن. بىرىنچى دەرىجىلىكى چەكمەن، ئىككىنچى دەرىجىلىكى تولىما، ئۈچىنچى دەرىجىلىكى ماتا، تۆتىنچى دەرىجىلىكى بۆز ـ خام دەپ ئاتىلىدىكەن. لېكىن، ئۇلار ئومۇملاشتۇرۇلغاندا، يەنىلا بۆز ـ خام دەپ ئاتىلاتتى. خوتەن، يەكەن، كاشغەر، پەيزاۋات، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلار شۇ مەزگىل-

---

① مۇلاھ لەتىپ: «قەشقەر ماتاسى»، «شىنجاڭ گېزىتى» 1985 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى.

لەردە بۆز ـ خام توقۇلىدىغان ئاساسلىق جايلار ئىدى.① تۇرپان قاتارلىق جايلارمۇ شۇنداق ئىدى. 17 ـ ئەسىردىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى تۇرپان، پىچان قاتارلىق جايلاردا كېۋەز تېرىش يەنىمۇ ئومۇملاشقان. يۈەن داخۇا يازغان «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» (« 新疆图志 ») دە «جەنۇبىي شىنجاڭ كېۋەز تېرىلىدىغان رايون، خەلقى پاختىدىن رەخت توقۇيدۇ»، «خوتەن، لوپ، كېرىيىلەردە نەپىس پاختا رەخت توقۇلىدۇ»، «رەختنىڭ ئېنى مۇۋاپىق، گەنسۇ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردە سېتىلىدۇ» دېيىلگەن.

دېمەك، ئوتتۇرا ئەسىرلەرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن باشلاپ، غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملار پاختا توقۇمىچىلىقتا ئۆز ئېھتىياجىنى قامداپلا قالماستىن، بەلكى ئىچكى جايلارنى ئۈزلۈكسىز تەمىنلەپ تۇرغان ۋە چەت رايونلارغا ئېكسپورت قىلىپ، بازار ئېھتىياجىنى قامدىغان.

جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن (1911 ـ يىلى) شىنجاڭنىڭ كېۋەزچىلىكى ۋە توقۇمىچىلىق ئىشلىرى داۋاملىق راۋاجلاندى. 1918 ـ يىلىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، شىنجاڭدا كېۋەز تېرىلىدىغان يەر كۆلىمى 400 مىڭ موغا، مەھسۇلاتى 209 نەچچە مىڭ دەنگە يەتكەن. 1925 ـ يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈرۈمچى (دىخۇا) دە فۇمىن توقۇمىچىلىق شىركىتىنى قۇرغان. بۇ شىركەتنىڭ زاۋۇتى 1928 ـ يىلى ئىش باشلىغان. بۇ زاۋۇت ئېيىغا 2000 توپ ئەتراپىدا پاختا رەخت توقۇغان. ئۇ شىنجاڭ ھازىرقى زامان توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ بىخى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ پاختا توقۇمىچىلىقى تارىختىكى ھەرقانداق دەۋردىكىدىن زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى.

غەربىي يۇرتنىڭ كېۋەزچىلىكى ۋە پاختا توقۇمىچىلىقى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. كۆلەم جەھەتتە كەڭ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، توقۇمىچىلىق ھۈنەر تېخنىكىسى جەھەتتىمۇ قەدىمكى چاغلاردىلا ئۆزىگە خاس توقۇش ھۈنەرچىلىكى كەشىپ قىلىنىپ، ئېلىمىزنىڭ توقۇمىچىلىق تارىخىغا چوڭ ھەسسە قوشقان. لى دى ئەپەندى «ئاز سانلىق

① لىيۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، بىرىنچى قىسىم(2) 774 ـ بەت.

مىللەتلەرنىڭ ئېلىمىز پەن ـ مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى» دېگەن ماقالىسىدە، «پاختا توقۇلما بۇيۇملىرىنى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىجاد قىلغان» دەپ كېلىپ، يەنە مۇنۇلارنى تەسلىتىدۇ: «موم بىلەن گۈل بېسىش تېخنىكىسىنىمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر كەشىپ قىلغان. نىيەدىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت قەبرىستاندـلىقتىن تېپىلغان بىر پارچە تېگى كۆك پاختا رەختكىمۇ موم بىلەن گۈل بېسىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. بۇ ھازىرغىچە تېپىلغان ئەڭ دەسلەپكى گۈل بېسىلغان رەخت. موم بىلەن گۈل بېسىش تېخنىكىسى پۈتۈن مەملىكەتكە تەدرىجىي ئومۇملاشقان، جەنۇبتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگىمۇ تارقالغان».①

غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى قوۋملارنىڭ مىلادىيە 1 — 3 ـ ئەسىرلەردە باشلانغان پاختا توقۇمىچىلىق ھۈنەرچىلىكى تارىخىنىڭ ئالمىشىشى بىلەن ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، خېلىلا مۇكەممەل توقۇش تېخنىكا ئىلمىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇ قوشنا رايونلارغا تەسىر قىلىپلا قالماستىن، بەلكى قوشنا رايونلارنىڭ ئىلغار توقۇش ھۈنەرچىلىكىدىنمۇ ئوزۇقلىنىپ، ئۆز سەۋىيىسىنى ئاشۇرغان.

## § 3. مىسچىلىق

غەربىي يۇرتنىڭ كان مەھسۇلاتلىرى مول بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە مىس رۇدىلىرىنى بايقاش ھۈنىرى بىر قەدەر ئىلگىرى ماڭغان.

غەربىي يۇرتنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىشلىرى كۆپلىگەن جايلاردا مىس قوراللارنىڭ تېپىلىشى ۋە بىرقانچە ئورۇندا مىس كانلىرى بايقىلىشى بىلەن دەلىللەندى. بۇ ھال شىنجاڭدا مىس رۇدىلىرىنىڭ مول ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى بۇ يەردىكى قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئۇنى بايقاپ، مىس تاۋلاش تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەنلىكىنى ۋە يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

غەربىي يۇرتنىڭ قىزىل مىس دەۋرىگە كىرگەن يىللىرى مىلادىـ

---

① «شىنجاڭ گېزىتى»، 1987 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى.

يىدىن بۇرۇنقى 3000 ـ يىللاردىن[1] باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە بايقىلىپ، باھالاشتىن ئۆتكەن مىس كانلىرىنىڭ خارابە ئىزلىرى 2500 — 3000 يىللىق تارىخقا ئىگە دەپ دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىلدى. بۇ شىنجاڭدا رەسمىي تېخنىكىلىق ئۇسۇلدا مىس تاۋلاش مەشغۇلاتىنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بۇنىڭ ئىچىدە «ئىلقا ناھىيىسىدىكى مىس كېنى ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونى بويىچە چۇنچيۇ (ئەمىنىيە) ۋە جەنگو (يېغىلىق) دەۋرىگە مەنسۇپ بىرىنچى قېتىم تېپىلغان مىس كېنى»،[2] «ئېلىمىز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا تېپىلغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن مىس پارچىسى»، «ئاق مىس»[3] چىققان ئورۇن ھېسابلىنىدۇ.

1980 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىلقا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى نۇرا ساي جىلغىسىدىكى 10 نەچچە ئورۇندىن قەدىمكى مىس كان ئىزلىرى تېپىلغانىدى.

بۇ قەدىمكى مىس كانلىرى مەدەن قېزىش ۋە مەدەن تاۋلاشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. مىس كان قۇدۇقلىرىنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئىزى بەش كىلومېتىر، چوڭقۇرلۇقى 12 — 20 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرقانچە تىك قۇدۇق خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغانىدى.

ھازىرغىچە مەلۇم بولغان 10 نەچچە تىك قۇدۇقنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، تىك قۇدۇقلارنىڭ تېگىدىكى لەخمىلەر بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ، مۇكەممەل يەر ئاستى مەدەن قېزىش تورى ھاسىل بولغان.

مېتال تاۋلاش مەيدانى كان خارابىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىرقەدەر تەكشى جايدا بولۇپ، بۇ مەيداندىكى كۆلىمى 0.5 × 1.5 × 20 مېتىر كېلىدىغان داشقال قاتلىمىدىن ساپال پارچىلىرى، ھايۋان سۆڭەكلىرى، رۇدا، داشقال ۋە دەسلەپ ئېرىتىلگەن يۇمىلاق مىس ئۆكچىلەر تېپىلغان. بۇ يۇمىلاق مىس ئۆكچىنى نۇر ئارقىلىق تەكشۈرگەندە، ئۇنىڭ مىس تەركىبىنىڭ 60 پىرسەنت ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. بۇ ئەھۋال نۇرا سايدىكى مىس كانلىرىنىڭ مىس تەركىبى خېلىلا مول كان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭدىن

---

① ②③ ۋاڭ بو: «شىنجاڭدا يېقىنقى 10 يىل ئىچىدە تېپىلغان مىس قوراللار»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى» ژۇرنىلى، 1987 ـ يىلى 1 ـ سان، 14 ـ بەت.

باشقا، قارا داشقال ۋە تاۋلانغان مىسنىڭ تۆشۈكچىلىرىدە ياغاچكۆمۈر قالدۇقلىرىنىڭ بارلىقىغا قارىغاندا، ئۆز زامانىسىدىكى مەدەن تاۋلاشتا ياغاچكۆمۈر يېقىلغۇ قىلىنغان.

بۇ ئورۇندا قېزىش ۋاقتى خېلى ئۇزۇن بولغان. بۇ ئىز بېتىدىن ئېرىتىلگەن داشقال ۋە قۇيما پارچىلىرى تېپىلغان. بۇ كاننىڭ ئىچىدىكى بادرا ياغاچ ئەۋرىشكىسىنى كاربون 14 تەجرىبىسى ئارقىلىق ئېنىقلاش نەتىجىسىدە بۇنىڭ دەۋرى بۇنىڭدىن (±75) 2440 يىل ۋە (±170) 2650 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ، دەپ بېكىتىلگەن.

بۇ خىل خېلى چوڭ كان قۇدۇقىدا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئادەم بولمىسا بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ كاننى نۇرغۇن كىشىلەر ئىش تەقسىم قىلىنىۋېلىپ ئاچقان بولۇشى مۇمكىن.

بۇ قەدىمكى كان ئىزلىرى تەمىنلىگەن پاكىتلار ئارقىلىق شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، بۇ جايلاردا بۇنىڭدىن 2500 — 3000 يىللار بۇرۇن مىس كانلىرىنى ئاچقان ئەجدادلار ئۆز زامانىسىدا خېلى يۇقىرى سەۋىيىدىكى كان قېزىش، رۇدا ئېلىش، مەدەن تاۋلاش، مىس، تۇچ (برونزا) بۇيۇملارنى ياساش تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن.

ھازىرغىچە ئىلى ۋادىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان مىس ۋە تۇچتىن ياسالغان داشقان، قازان، كورگو، پالتا، خەنجەر، پىچاق، ھەيكەل، ئېگەر - جابدۇق بېزەكلىرى قاتارلىق يادىكارلىقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى باشقا جايلاردىن ئېلىپ كېلىنگەن بولماستىن، بەلكى ئۆز جايىدىكى ھۈنەرۋەنلەر تەرىپىدىن ياسالغان يەرلىك مەھسۇلاتلار ئىكەنلىكى ئېنىق ئىسپاتلانماقتا.①

## § 4 . تۆمۈرچىلىك ۋە كۆمۈرچىلىك

تۆمۈر رۇدىسىنى تونۇش ۋە ئۇنى تۇرمۇشتا تەتبىقلاش، يەنى تۆمۈرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ئىنسانىيەت تارىخىدىكى مۇھىم بىر

① ۋاڭ بو: «شىنجاڭدا يېقىنقى 10 يىل ئىچىدە تېپىلغان مىس قوراللار»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1987 - يىلى 1 - سان، 17 - بەت.

دەۋر بۆلگۈچ ھادىسە ھېسابلىنىدۇ.

ف. ئېنگېلس «تۆمۈر — تارىختا ئىنقىلابىي رول ئوينىغان خام ئەشيا تۈرلىرى ئىچىدە ئاخىرقىسى ۋە ئەڭ مۇھىمى» دېگەنىدى. يەنى تۆمۈر ئىنسانىيەت ئۆز تارىخىدا تاش قوراللار ۋە مىس قوراللارنى ئىشلەتكەندىن كېيىن مۇھىم بىر تەرەققىيات مۇساپىسىگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ نىشانىسى سۈپىتىدە ئىشلەتكەن قورال ئىدى. ف. ئېنگېلس يەنە: «تۆمۈر — چوڭ - چوڭ يەرلەرنىڭ ئىشلىتىلىشكە باشلىنىشىغا سەۋەب بولدى. ئورمانلار بىلەن بەند بولغان چوڭ - چوڭ مەيدانلارنى دەرەخلەردىن تازىلاپ، ھەيدەش يەرلىرىگە ئايلاندۇرۇشقا ئىمكان بەردى. ئۇ كاسىپلارغا شۇنداق ئۆتكۈر قوراللارنى بەردىكى، تاشلاردىن ھېچبىرى شۇ ۋاقىتتا مەلۇم بولغان مېتاللارنىڭ ھېچبىرىگە باراۋەر كېلەلمەيتتى»① دېگەنىدى.

تارىختا تۆمۈرنىڭ رولى ئەنە شۇنداق چوڭ بولغاچقا، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ مۇھىم بىر باسقۇچى «تۆمۈر قوراللار دەۋرى» دەپ ئاتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە «تۆمۈر قوراللارنىڭ دەسلەپكى دەۋرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۆمۈر قوراللارنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگە كەلگەندە ھەرقايسى ئەللەر يازما خاتىرىلەر بولغان مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەن. ئەينى چاغدا كىشىلەر تۆمۈر تاۋلاپ، تۆمۈر قوراللارنى ياساپ، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى قىلغان. تۆمۈر كانلىرى ھەممە يەرگە تارقالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆمۈر چىدامچانلىقى ۋە ئەۋرىشىمچانلىقى يۇقىرى بولغان مېتال ئىدى. تۆمۈر قوراللارنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن تاش قوراللار تارىخ سەھنىسىدىن سىقىپ چىقىرىلدى. بۇ ھال ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

غەربىي يۇرتتا تۆمۈر تاۋلاش ۋە تۆمۈر قوراللاردىن پايدىلىنىش يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە باشلانغان.

1976 — 1977 - يىللىرى پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شامبابا دېگەن يېرىدىكى قەبرىستانلىقتىن 40 نەچچە قەبرە قېزىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەش قەبرىدىن جەمئىي بەش دانە تۆمۈر قورال تېپىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى پىچاق،

① «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 280 - بەت.

بىرى نەيچە، بىرى ئۈزۈك ۋە ئىككسى بىلەزۈك ئىكەن. بۇلاردىن باشقا يەنە 10 نەچچە دانە ئۈۋۈلۈپ كەتكەن تۆمۈر پارچىلىرى چىققان.

1976 — 1977 - يىللىرى ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن (جەنۇبىي تاغ) كان رايونىنىڭ ئالغۇي جىلغىسىدىن 80 نەچچە قەبرە قېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن مەلۇم ساندا تۆمۈر قۇراللار تېپىلغان. بۇلار ئاساسەن بىر خىل كىچىك پىچاقلاردىن ئىبارەت.

1983 — 1984 - يىللىرى خېجىڭ ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى قارامۇدۇن يېزىسىغا قاراشلىق چابخا جىلغىسىدىكى ئۈچ قەبرىستانلىقتا قېزىش ئېلىپ بېرىلغاندا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 1 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقتىكى 100 دىن ئارتۇق قەبرىدىن ئاز مىقداردا تۆمۈر قوراللار تېپىلغان.

1984 — 1985 - يىللىرى ئۈرۈمچىنىڭ نەنسەن كان رايونى ئالغۇي جىلغىسىدىكى شەرق شامىلى ماشىنىسازلىق زاۋۇتى قېشىدىن 40 نەچچە قەبرە قېزىلغان بولۇپ، بۇلاردىنمۇ كىچىك تۆمۈر قوراللار چىققان.

1986 - يىلى قۇمۇلدىكى توخۇچىنىڭ يانبۇلاق كەنتىدە، 70 نەچچە قەبرە قېزىلغانىدى. ئۇنىڭدا ئاز مىقداردا تۆمۈر قوراللار ئۇچرىغان. ئۇلار كىچىك پىچاق، سۇنۇق خەنجەر، ئۈزۈك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

1985 — 1987 - يىللىرى بۇگۇرنىڭ چۇمپاق يېزىسىنىڭ ئەتراپىدىن 50 نەچچە قەبرە قېزىلغان. ئۇ يەردىن تۆمۈر قوراللار خېلى كۆپ تېپىلغان بولۇپ، ئاساسەن پىچاق، ئورغاق، خەنجەر، بىگىز قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۆمۈر قوراللار تېپىلغان قەبرىلەرنىڭ يىل دەۋرىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق ئۆلچەنگەن بولۇپ، ھازىرغا قەدەر ئوچۇق ئېلان قىلىنغان سانلىق مەلۇماتلار تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى:①

① «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1992 - يىلى 3 -، 4 - قوشما سان، 148 - بەتتىن ئېلىندى.

| ئورنى | لابوراتورىيىدىكى ئۆلچەشكە نومۇرى | بەلگىسى | ئۆلچەشكەن ماتېرىيالى | بۈگۈنكىچە ئۆتكەن يىللىرى | | دەرىخلەرنىڭ يىللىق ھالقىسىغا ئاساسەن تۈزىتىلگەن يىل دەۋرى | | ماتېرىيالنىڭ كېلىش مەنبەسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى | يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى | بۈگۈنكىچە | سىلاپىيەدىن ئىلگىرىكى | |
| تاشقورغاندىكى شام بابا قەبرىستانلىقى | WB78—1 | M40 | ياغاچ | 4390±90 | 4265±90 | 4885±185 | 2935 | ئىزاھات |
| | WB78—13 | M21 | 〃 | 2750±65 | 2760±65 | 2850±105 | 900 | ⑧ 〃 |
| | WB78—12 | M17 | 〃 | 2600±65 | 2520±65 | 2665±120 | 715 | ⑧ 〃 |
| | WB77—19 | M13 | 〃 | 2465±70 | 2395±70 | 2505±80 | 555 | ⑧ 〃 |
| | BK77002 | M13 | 〃 | 2440±70 | 2395±70 | 2475±80 | 525 | ⑦ 〃 |
| ئۈرۈمچى نەنشەن كان رايونى ئالتۇن جىلغىسىدىكى قەبرىستانلىق | WB78—21 | M67 | بور ياغاچ | 2650±85 | 2575±85 | 2725±135 | 775 | ⑧ 〃 |
| | WB78—14 | M37 | 〃 | 2640±65 | 2565±65 | 2715±120 | 765 | ⑧ 〃 |
| | BK77003 | M1 | ياغاچ | 2590±90 | 2515±90 | 2650±135 | 700 | ⑦ 〃 |
| | WB77—26 | M28 | كۆمۈر | 2565±130 | 2490±130 | 2620±165 | 670 | ⑨ 〃 |
| | WB77—14 | M1 | ياغاچ | 2485±80 | 2410±80 | 2525±90 | 575 | ⑨ 〃 |
| | WB78—20 | M42 | بور ياغاچ | 2440±85 | 2370±85 | 2475±95 | 525 | ⑨ 〃 |
| | WB78—24 | M3 | [illegible] | 2430±90 | 2360±90 | 2460±100 | 510 | ⑨ 〃 |
| | WB77—24 | M32 | بور ياغاچ | 2415±80 | 2345±80 | 2445±90 | 495 | ⑧ 〃 |
| | WB78—40 | M58 | 〃 | 2365±130 | 2295±130 | 2385±135 | 435 | ⑧ 〃 |
| | WB77—25 | M30 | 〃 | 2330±65 | 2265±65 | 2345±75 | 395 | ⑨ 〃 |
| | | ئوتتۇرا قىسمى | | | | | | ⑨ 〃 |
| | WB77—21 | M4 | 〃 | 2325±65 | 2260±65 | 2340±75 | 390 | |
| | | [illegible] قىسمى | | | | | | ⑧ 〃 |
| | WB77—27 | M21 | 〃 | 2200±80 | 2140±80 | 2195±95 | 245 | ⑨ 〃 |
| | WB78—19 | M55 | 〃 | 2160±65 | 2095±65 | 2150±80 | 200 | ⑨ 〃 |
| | WB78—23 | M81 | 〃 | 2125±80 | 2065±80 | 2080±90 | 130 | ⑨ 〃 |
| | WB78—2 | M30 | 〃 | 2065±80 | 2005±80 | 2040±95 | 90 | ⑨ 〃 |
| | WB78—22 | M47 | ياغاچ | 1945±60 | 1890±60 | 1905±70 | سىلاپىيە 45 | ⑧ 〃 |
| | ZK 372 | [illegible] | ياغاچ | 540±100 | 525±100 | 540±105 | سىلاپىيە 1410 | ⑨ 〃 |
| خېجىڭ لەمبىسى چاپچا قەبرىستانلىقى | ZK1331 | M25 | ياغاچ | 2825±80 | 2750±80 | 2940±115 | 990 | ⑩ 〃 |
| | ZK1333 | M31 | 〃 | 2770±90 | 2690±90 | 2875±120 | 925 | ⑩ 〃 |
| | ZK1332 | M29 | 〃 | 2750±75 | 2670±75 | 2850±125 | 900 | ⑩ 〃 |
| | ZK2040 | M045 | 〃 | 2720±70 | 2640±70 | 2810±120 | 860 | ⑩ 〃 |
| | ZK1329 | M6 | 〃 | 2685±75 | 2610±75 | 2770±125 | 820 | ⑩ 〃 |
| | ZK1328 | M4 | 〃 | 2675±80 | 2600±80 | 2755±130 | 805 | ⑩ 〃 |
| | ZK1330 | M20 | 〃 | 2660±75 | 2580±75 | 2740±125 | 790 | ⑩ 〃 |
| | ZK1334 | M32 | 〃 | 2625±90 | 2550±90 | 2695±135 | 745 | ⑩ 〃 |
| | ZK2039 | M043 | 〃 | 2620±70 | 2550±70 | 2690±120 | 740 | ⑩ 〃 |
| | ZK1335 | M59 | 〃 | 2600±75 | 2530±75 | 2670±125 | 720 | ⑩ 〃 |
| | ZK1336 | M60 | 〃 | 2525±80 | 2450±80 | 2575±130 | 625 | ⑩ 〃 |
| بازىرىقتىكى چۈپىيال قەبرىستانلىقى | ZK2114 | M2 | ياغاچ | 2795±100 | 2720±100 | 2905±130 | 955 | ⑪ 〃 |
| | ZK2115 | M3 | قومۇش | 2680±90 | 2600±90 | 2760±135 | 810 | ⑪ 〃 |
| | ZK2113 | M1 | ياغاچ | 2570±70 | 2570±70 | 2630±120 | 680 | ⑪ 〃 |

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىكى تەتقىقاتچى چېن گې ئەپەندى يۇقىرىقى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن سانلىق مەلۇماتنى خۇلاسىلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاشۇ ئەھۋاللار بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1500 — 1000 - يىللار ئارىلىقىدا، يەنى ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىنىڭ غەربىي جۇ (تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1066 - يىللاردىن 771 - يىللارغىچە)، چۇنچيۇ دەۋرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 770 - يىللاردىن 476 - يىللارغىچە) گىچە بولغان زامانلاردا غەربىي يۇرتتا تۆمۈر قوراللار ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. بۇ ھال شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى قۇمۇل رايونى، ئوتتۇرا قىسمىدىكى خېجىڭ، بۈگۈرلەردىن تارتىپ، ئەڭ غەربىي قىسمىدىكى پامىر ئېگىزلىكىدىكى تاشقورغانغىچە بولغان رايونلارنىڭ ھەممىسىدىن تۆمۈر قوراللارنىڭ تېپىلغانلىقى، ئۇنىڭ بۇ رايونلاردا خېلى كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشىپ بولغانلىقى بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. بۈگۈردىكى چۇمپاق قەبرىلىرىدىن تېپىلغان تۆمۈر قوراللار سانىنىڭ كۆپلۈكى، تۈرلىرىنىڭ خېلى مۇرەككەپلىكى ۋە تۆمۈر قوراللار تېپىلغان M3 قەبرىنىڭ كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق ئۆلچەنگەن ئىككى سانلىق مەلۇماتىمۇ بىردەك مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 800 - يىللار ئۆپچۆرىسىنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت ئەھۋاللارغا قاراپ، شىنجاڭ رايونىدا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1000 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە تۆمۈر قوراللار بولغان، دەپ ھۆكۈم قىلىش بەلكىم ھېچقانداق گۇمان تۇغدۇرمايدۇ.»①

غەربىي يۇرتتا خېلى بۇرۇنلا تۆمۈر ئىشلىتىلىش بىلەن بىرگە تۆمۈر تاۋلاشمۇ ئۆزۈن تارىختا ئىگە. بەن گۇنىڭ «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، چاقىلىقنىڭ «تاغلىرىدىن تۆمۈر چىققاچقا، ھەربىي قوراللارنى ئۆزلىرى ياسايدۇ. قوشۇنلىرى ئوقيا، نەيزە، قىلىچ، خەنجەر تۇتۇپ، ئىشمەك ساۋۇت كىيىدۇ.»② شەمشەر، ساۋۇت بار؛ پىشامشان «ھەربىي قوراللارنى ياساش جەھەتتە چاقىلىققا

① چېن گې: «شىنجاڭدىن تېپىلغان دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1992 - يىللىق 3 -، 4 - قوشما سانى.
② بەن گۇ: «خەننامە» ئۇيغۇرچە نەشرى، 853 - بەت.

ئوخشايدۇ.»، ① «يەكەندىن تۆمۈر چىقىدۇ.»، كۆسەن② خانلىقىدا «مىتال قۇيمىچىلىقىنى بىلىدۇ، قوغۇشۇن چىقىدۇ»③ دەپ يېزىلغان. ئارخېئولوگىيە خادىملىرى غەربىي يۇرتتىن خەن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 206 ـ يىلىدىن مىلادىيە 222 ـ يىلىغىچە) گە مەنسۇپ بولغان تۆمۈر تاۋلىغان كان خارابىلىرىنى تاپتى. بۇنداق خارابىلەر ئىزىغا كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئاغى تېغىدىكى كان خارابىسى، نىيە ناھىيىسىدىكى نىيە كان خارابىسى ۋە لوپ ناھىيىسىدىكى ئاچچىق كان خارابىسىنى مىسال قىلىپ كۆرستىشكە بولىدۇ.

ئاغى تېغىدىكى خارابىدىن تېگىلچە (مىتال ئېرىتىش قازىنى)، تۆمۈر داشقىلى، رۇدا ۋە نوكەش (يەل ئۈتكۈزۈش تۇرۇبىسى) قاتارلىق نەرسىلەر تېپىلدى. نىيە خارابىسىدىن رۇدا، ئېرىتىلگەن كاللەك تۆمۈر، داشقال، تاش ئىسكىنە، تاش شارىك، بىلەي تاش، پۇچۇلغان تۆمۈر گۇرجەك قاتارلىق نەرسىلەر تېپىلدى. خارابە ئۆيلەرىنىڭ ئىچىدىنمۇ تۆمۈر قۇيمىلار ۋە ياغاچ ساپلىق تۆمۈر ئورغاقلار تېپىلدى. ئاچچىق تاغ خارابىسىدىن ئېرىتىلگەن كاللەك تۆمۈر ۋە يەل بېرىدىغان نوكەش تېپىلدى. يەنە ئاغزى ئېتىپ قويۇلغان ئۆتكۈر ئىچىدىن بىر دۆۋە تاش باشاق (ئوقيا ئۇچى) ۋە تاش بازغان تېپىلدى. بازغاننىڭ ئۈستىگە قىزىل تۆمۈر رۇدا تالقانلىرى چاپلىشىپ كەتكەن، كۇچا ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى كۆكشەر دېگەن جايدىن يەنە خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت بىر تۆمۈر كان خارابىسى تېپىلدى.④

غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىكى تۆمۈر تاۋلاش ساھەسىدە بەزى ئىلغار تېخنىكىلار قوللىنىلغان.

لى دى ئەپەندى «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېلىمىز پەن ـ مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى» دېگەن ماقالىسىدە: «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا كۆمۈر بىلەن تۆمۈر تاۋلاشقا باشلىغان، بۇ بىر چوڭ كەشپىيات ئىدى»⑤ دەيدۇ.

---

① ② ③ «خەنئامە»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 854 ـ، 881 ـ، 917 ـ بەتلەر.

④ ما يۇڭ: «شىنجاڭنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا يولغا قويۇلغان سىياسىي تەدبىرلەر ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشلارغا نەزەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1976 ـ يىلى 7 ـ سانى.

⑤ «شىنجاڭ گېزىتى»، 1987 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىكى سانى.

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە يازما ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، كۇچا مېتال ئېرىتىش، قۇيمىچىلىق سانائىتىنىڭ مۇھىم بىر مەركىزى بولغان، شۇنداقلا كۆمۈر بىلەن تۆمۈر تاۋلاشنىڭ باشلانغان جايلىرىدىن بىرى ئىدى. ئېلىمىزنىڭ شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيە 386 — 534 ـ يىللار) دە ئۆتكەن تارىخچى لى داۋيۈەن ( 丽道元 ) «سۇ ـ ئېقىنلار تەزكىرىسى. دەريالارغا ئىزاھات» ( «水经注・河水注» ) ناملىق كىتابىدا «ساكيامۇنى جەمەتىدىكىلەرنىڭ غەربىي يۇرت خاتىرىسى» ( «释氏西域记» ) دېگەن كىتابتىن نەقىل ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كۇسەننىڭ شىمالىغا 200 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بىر تاغ بولۇپ، ئۇ يەردە كېچىلىرى ئوت ئۇچقۇنلىرى يالقۇنجاپ، كېچە ـ كۈندۈز ئىس كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىكەن. كىشىلەر بۇ تاغدىن تاشكۆمۈر ( 石炭 ) قېزىپ، ئۇنىڭ بىلەن تۆمۈر تاۋلاپ 36 خانلىقنى تولۇق تەمىنلەيدىكەن.» 1986 ـ يىلى نەشردىن چىققان «جۇڭگونىڭ قەدىمكى كۆمۈر ئېچىش تارىخى» ( «中国古代煤炭开发史» ) (خەنزۇچە) ناملىق كىتابتا، مەملىكىتىمىزنىڭ كۆمۈر بىلەن تۆمۈر تاۋلىغانلىقىغا دائىر ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرە دەل يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىتابتىكى خاتىرە شۇ دەپ كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا لى جۇڭجۈن قاتارلىقلارمۇ بۇ خاتىرىنى ئېلىمىزنىڭ باشقا تارىخىي ھۆججەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىپ، ئۇنى كۆمۈر بىلەن (تاشكۆمۈر دېمەكچى — نەقىلچىدىن) تۆمۈر تاۋلىغانلىقىغا دائىر قەدىمكى زاماندىكى ئەڭ بۇرۇن يېزىلغان خاتىرە دەپ قارىغان.

جۇڭگو دۇنيادا كۆمۈرنى ئەڭ بۇرۇن بايقىغان دۆلەت. ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلارغا ئاساسلانغاندا، كۆمۈرنىڭ بايقىلىشىنى يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن سۈرۈشتە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

لياۋنىڭ ئۆلكىسى شېنياڭ شەھىرىنىڭ شىنيۇ دېگەن جايىدىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە ئائىت خارابىدىن كۆمۈردىن ياسالغان بېزەكلەر تېپىلغان، ئەمما كۆمۈرنى يېقىلغۇ قىلغانلىقىغا دائىر ئىز بايقالمىغان. بۇ ئورۇننىڭ كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق ئۆلچەنگەن يىل دەۋرى 6000 يىلغا بارىدىكەن. چۇنچيۇ دەۋرىنىڭ ئاخىرى ۋە جەڭگو

دەۋرنىڭ باشلىرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5 - ئەسىرلەر) دا كىتاب ھالىتىگە كەلگەن «تاغ - ئىزملار قۇرئى. ۋۇزاڭ تېغى تەزكىرىسى» (« 山海经. 五藏山经 ») دە كۆمۈرگە دائىر خاتىرە قالدۇرۇلغان. ئېلىمىزدە، كۆمۈر كانلىرىنى ئېچىپ، كۆمۈردىن پايدىلىنىش غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 206 - يىلىدىن 23 - يىلىغىچە) دە باشلانغان. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ دەۋردە تۆمۈر تاۋلاشتا ياغاچ كۆمۈر، ئىشلەنمىگەن تاشكۆمۈر (原煤) بىرىكمە كۆمۈر (煤饼، خىشقا ئوخشاش سىقىپ ياسالغان كۆمۈر) قاتارلىقلار ئىشلىتىلگەن. تەتقىقاتچىلارنىڭ تەھلىلىگە ئاساسلانغاندا، «بىر خىل قاراش بويىچە شۇنداق ھېسابلاشقا بولىدۇكى، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە كۆمۈر بىلەن تۆمۈر تاۋلىغان دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا بولمايدۇ.» ئەمما جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە كۆمۈرنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىگە دائىر يېتەرلىك پاكىتلار بار بولۇپلا قالماستىن، ھەتتا يىل دەۋرى خېلىلا بۇرۇن.

غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملارنىڭ تۆمۈر قوراللارنى ئىشلىتىش ۋە تۆمۈر قوراللارنى تاۋلاش تېخنىكىسىنى ئىگىلەش سەۋىيىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا سېلىشتۇرغاندا خېلىلا ئىلگىرى بولغان.

ئارخېئولوگ چېن گې ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: «ھازىر ئېنىقلىنىپ مەلۇم بولدىكى، شىنجاڭ رايونىدا مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 - يىللار ئەتراپىدا تۆمۈر قوراللاردىن پايدىلىنىشقا باشلىغان. ئۇ دەۋر جەھەتتە ئىچكى ئۆلكىلەردىن تېپىلغان ئەڭ دەسلەپكى تۆمۈر قورالدىن كېيىن بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۇلاردىن 300 - 400 يىل بۇرۇن بولغان». ① شۇ جۈملىدىن غەربىي يۇرتنىڭ كۆمۈر بىلەن تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەن ۋاقتى بۇرۇن بولغان.

دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن تۆمۈر قوراللارنى ياسىغانلار خېتتىت (赫梯王国 hittitls) پادىشاھلىقى بولۇپ، دەۋرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1400 - يىللار ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1000 - يىللاردىن باشلاپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى ئاساسىي

---

① چېن گې: «شىنجاڭدىن تېپىلغان دەسلەپكى تۆمۈر قوراللار». «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1992 - يىللىق 3 -، 4 - قوشما سان، 152 - بەت.

جەھەتتىن تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە قەدەم تاشلىغان.

تارىخىي ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، غەرب دۇنياسىدا كۆمۈرگە دائىر ئەڭ دەسلەپكى خاتىرە مىلادىيە 315 ـ يىلى قالدۇرۇلغانىكەن. ئىتالىيىلىك سەيياھ ماركوپولو (1254 — 1324 ـ يىللار) جۇڭگوغا زىيارەتكە كېلىپ قايتقاندىن كېيىن، جۇڭگودا قارا كۆمۈر دېيىدىغان بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇنى كىشىلەر تاغلاردىن قېزىۋېلىپ يېقىلغۇ قىلىدىغانلىقىنى ئۆز ئېلىدىكىلەرگە بىر خىل يېڭىلىق سۈپىتىدە سۆزلەپ بەرگەن. شۇنداق قىلىپ ئەنگلىيىدە 18 ـ ئەسىردە ئاندىن كۆمۈر ئىشلىتىش باشلانغان. ئەمما تاشكۆمۈرنى تۆمۈر تاۋلاش يېقىلغۇسى قىلىش ئۇ يەردە سانائەت ئىنقىلابى باشلانغاندىن كېيىن بولغان، يەنى جىددىي رىقابەت تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا ئېھتىياج چۈشكەن.

نوپۇزلۇق كىتابلاردىكى پاكىتلارغا قارىغاندا، ئەنگلىيىدە 18 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە ياغاچكۆمۈر بىلەن تۆمۈر تاۋلاپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ياغاچ يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن ھەم تىرىشىپ ئېخنىكا يېڭىلاش بىلەن كوكس بىلەن تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسى بارلىققا كەلگەن. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە كۆمۈر بىلەن تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسى ئومۇملاشقان.

پروفېسسور سېن جۇڭمىيەن ( 岑仲勉 ) ئەپەندى ئۇزۇن يىل تەتقىق قىلىش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ (بۇ ئالىم بۇ يەردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى كۆزدە تۇتقان) قەدىمكى مىسچىلىقى ۋە تۆمۈر تاۋلاش، ئىشلىتىشى[①] تۈركلەردىن كەلگەن، دەپ ھېسابلىغان. ئۇ: «مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى مىس تاۋلاش ئىگىلىكىدە خوتەن توشۇپ كېلىنىدىغان يول ئىدى»[②] دەيدۇ.

ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ تۆمۈر ئىشلىتىشى تۈركلەردىن كەلگەن دېيىشىدە مۇنداق پاكىتى بار ئىكەن: لىڭخۇ دېفېن يازغان «جۇ نامە» دە تۈركلەرنىڭ ئەسلى رورەنلەرنىڭ تۆمۈرچىلىرى ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. تۈركلەر تۆمۈرنى Tamur دەيدۇ، ئۇنىڭ بىرىنچى تاۋۇشى ta نىڭ خەنزۇ تىلىدىكى 铁 (ئوقۇلۇشى tie ) بىلەن تەلەپپۇزدا ئوخشاش.

---

① بۇ يەردە قەدىمكى تۈركلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
② لىن گەن ئۆزگەن «تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر ماقالىلەردىن تاللانما»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى، 2 ـ قىسىم، بېيجىڭ، خەنزۇچە.

لىقى بار»، شۇڭا «مەملىكىتىمىزنىڭ تۆمۈر ئىشلىتىشىنى غەربىي شىمالدىن كەلتۈرۈلگەنلىكىگە ئىشەنچ قىلىش لازىم.»①

## § 5. قەغەزچىلىك

قەغەز جۇڭگو ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىلىرىدىن بىرى.

دۇنيادا قەغەز ئەڭ بۇرۇن جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى ۋە تارىم ۋادىسىدا ئىشلىتىلگەن.

غەربىي يۇرتتا قەغەز ئىشلىتىش مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1-ئەسىرلەردىلا باشلانغان. 1933-يىلى جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى (1893 — 1966-يىللار) تارىم ۋادىسىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋېتىپ، باشقا يادىكارلىقلار بىلەن بىللە بىر پارچە قەغەز ئەۋرىشكىسىنى تېپىۋالغان. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 40 سانتىمېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 100 سانتىمېتىر كېلىدىكەن.② «تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، بۇ ئاز دېگەندە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 49-يىلىدىن ئىلگىرىكى قەغەز بولۇپ، «سەي لۇن بېگىمنىڭ قەغىزى»دىن 150 يىل ئىلگىرى»③ ئىشلەنگەن قەغەز ھېسابلىنىدىكەن.

جۇڭگونىڭ خەنزۇچە ھۆججەتلىرىدە شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيە 25 — 222-يىللار) دە سەي لۇن دېگەن كىشىنىڭ قەغەزنى دەسلەپ قىلىپ ئىجاد قىلغانلىقى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇلغان. مۇشۇ خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، لوپنۇر رايونىدىكى قەغەز دۇنيادىكى ئەڭ بۇرۇنقى قەغەز ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، سەي لۇن ئۆلچەملىك قەغەزنى ياساشتىن ئىلگىرىلا جۇڭگودا ئاددىي قەغەز بار بولغان.

---

① سېن جۇڭمىيەن: «سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى تارىخى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1982-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1-قىسىم، 24-بەت.

② خۇاڭ ۋېنبى: «لوپنۇرنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈلۈشىدىن خاتىرە» 168-بەت («خۇاڭ ۋېنبى تارىخ - ئارخېئولوگىيە ماقالىلىرى توپلىمى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1989-يىلى نەشرى).

③ جاڭ ۋېنلىڭ: «مەملىكىتىمىزنىڭ قەغەز ۋە كىتابلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى» («ھۆججەتلەر» مەجمۇئەسى، 20-توپلام، كىتابلار كاتالوگى ھۆججەتلىرى نەشرىياتى، 1985-يىلى نەشرى، بېيجىڭ) (第 20 辑，书目文献出版社，张文玲：«我国纸与书的起源和它的发展»)

لوپنۇر قەغىزى چىگىدىن ياسالغان بولۇپ، سىپتىلىق دەرىجىسى خېلى يۇقىرى بولىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يۈزىدە چىگە قوۋزاقلىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن خوتەننىڭ نىيە ناھىيىسىدىن مىلادىيە 25 ~ 222 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرگە مەنسۇپ بولغان قەدىمكى قەبرىدىنمۇ بىر پارچە قەغەز چىققان. بۇ كىچىك بىر پارچە قەغەز بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئۈچ سانتىمېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن ئۈچ سانتىمېتىر كېلىدۇ، قەغەزنىڭ ئۈستىدە قارا رەڭ بولۇپ، ئۇنىڭغا قارا سىياھ سۈرتۈلگەندەك بىلىنىدۇ.[1]

نىيە، لوپنۇر، خوتەن، كۇسەن، قاراشەھەر، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن مىلادىيە 1 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەۋرگە مەنسۇپ قەدىمكاھلاردىن دائىملىق يوسۇندا ۋە ھەرخىل نىسبەتتە قەغەز ئەۋرىشكىلىرى تېپىلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كرورەندىكى خارابىلىكتىن يىلنامىسى يېزىلغان قەغەز كىتابلارنىڭ پارچىلىرى، مەسىلەن، جىن خانلىقى جياپىڭنىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 252 ـ يىلى)، تيەنشىنىڭ 2ـ يىلى (مىلادىيە 265ـ يىلى)، شىمالىي سۇلالىلەر يۈڭجيانىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 310 ـ يىلى) دېگەندەك يىلنامىسى يېزىلغان ۋەسىقىلەر ھەم تيەنشى يىللىرى (مىلادىيە 266 ـ يىلىدىن 268 ـ يىلىغىچە) دېگەندەك تارشا پۈتۈكلەر[2] تېپىلدى. تۇرپاندىن مىلادىيە 265 — 907 ـ يىللارغا تەۋەللۇق قەبرىلەردىن بىر قېتىمدىلا 1000 پارچىدىن ئارتۇق قەغەز خەت ـ چەك چىققان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە غەربىي يۇرتتىكى مەلۇم رايونلاردا قەغەزدىن ناھايىتى كەڭ پايدىلىنىلغان. «ستەيىن خوتەن دەرياسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان مازار تېغىدىكى ئىبادەتخانىدىن قەغەز سودىسى ھەققىدىكى ئەھۋاللار يېزىلغان بىر ھېسابات دەپتىرى تېپىۋالغان»، «60 تىيىنغا بىر تاختا قەغەز سېتىۋېلىندى»، «120 تىيىنغا ئىككى تاختا قەغەز سېتىۋېلىندى»، «100 تىيىنغا ئىككى

---

① مۇ شۇنيىڭ: «يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن شىنجاڭنىڭ قەدىمكى پەن ـ تېخنىكىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1982 ـ يىلى، 9 ـ سان، 4 ـ بەت، ژۇرنالنىڭ قوشۇمچىسى.

② ياسىن ھوشۇر: «غەربىي يۇرتتا قەغەزنىڭ دەسلەپكى ئىشلىتىلىشى ۋە غەربكە تارقىلىشى»، «ئاسىيا كىندىكى»، 2000 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى.

تاختا سۈت قەغەز سېتىۋېلىنىدى»، ① ۋەھاكازالار. بۇ خاتىرىلەردىن، قەغەزنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى، باھاسىنىڭمۇ خېلى ئەرزان بولغانلىقىنى كۆرۈۋشكە بولىدۇ. ئەمما ئەينى زاماندىكى قاتناش ئىشلىرىنىڭ قىيىنلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ قەغەزلەرنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ئىشلەنگەن، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ②

شىنجاڭدىن تېپىلغان قەغەزلەرگە غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى قوۋملار ئىشلەتكەن يېزىقلاردا خەتلەر پۈتۈلگەنلىرىمۇ بار. مەسىلەن، ئاگنى، كۇسەن، بارچۇق (مارالبېشى) قاتارلىق جايلاردىن توخرى (توخار)، سوغدى ۋە خوتەندىكى ساك تىلىدا يېزىلغان ۋەسىقىلەر تېپىلدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئارخېئولوگلار دۈنخۇاڭ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمگاھلاردىن يەنە نۇرغۇن قولىيازمىلارنىڭ پارچىلىرىنى تاپتى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر قەدىمىي بولغىنى غەربىي جىن خانلىقى يۈەنكاڭنىڭ 6 ـ يىلى (مىلادىيە 296 ـ يىلى) دىكى «بىرقانچە بۇددىستلار نومىنىڭ جەۋھىرى» نىڭ قولىيازما جىلدىنىڭ قالدۇق پارچىسى، يەنە 16 خانلىق دەۋرى (مىلادىيە 304—436 ـ يىللار) گە تەۋە ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە خەنزۇچە بۇددا كالاملىرىمۇ بار. تۇرپاندىن قەدىمكى قوچو خانلىقى (مىلادىيە 500—640 ـ يىللار) دەۋرىگە تەۋە قەبرىلەردىن تۈرلۈك قەغەزدىن ياسالغان بۇيۇملار، مەسىلەن، قەغەزدىن قىيىلغان رەسىم، قەغەزگە سىزىلغان رەسىم، قەغەزدىن ياسالغان قالپاق، كەش، بەلۋاغ قاتارلىق دەپنە بۇيۇملىرى تېپىلدى. ③

شىنجاڭدىن تېپىلغان قەغەزلەرگە غەربىي يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا دائىر خاتىرىلەنگەنلىرىمۇ بار. (شىنجاڭدىن تېپىلغان قەغەزلەرگە شىنجاڭدىكى قەدىمكى يەرلىك مىللەتلەر ئىشلەتكەن قوچو يېزىقى، كۇسەن يېزىقى، خوتەن يېزىقى، سوغدى يېزىقلىرىدا يېزىلغان خەت ـ چەكلەر، پۈتۈلگەن. يەنە خەنزۇ تىل ـ يېزىقى ۋە بۇددا نوم ـ سوترىلىرى ۋە ئايەتلەر يېزىلغان.) قەغەزگە يېزىلغان خەت ـ چەكلەر مەزمۇنى بوز يەر ئاچقانلىق ئەھۋا-

① ② شۈي بېيۇ: «قەدىمكى دەۋردە قەغەزچىلىك ۋە مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى»، «شىنجاڭ ئەدەبىياتى»، 1964 ـ يىلى 3 ـ سان 87 ـ بەت.
③ ياسىن ھوشۇر ماقالىسى، «ئاسىيا كىندىكى»، 2000 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈندىكى سانى.

لى؛ ھەربىي تەمىنات، ھېسابات دەپتەرلىرى، ئالاقە، خەت ـ چەك، تىبابەتچىلىك رېتسېپلىرى، دىنىي مەزمۇندىكى كالاملار قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

شىنجاڭدىن تېپىلغان قەغەزلەرنىڭ ياسىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەنلەرنىڭ بايانىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئاساسلىق خام ئەشياسى ئىككى خىلدىن تەركىب تاپقان. بىرى، كەندىر ۋە ئاق كەندىر تالالىرى بولۇپ، يەنە بىرى، ئۈجمە قوۋزاقلىرى تالالىرىدىن ئىبارەت. يەنە باشقا خام ئەشيا بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىشلەنگەنلىرى بولغان. مەسىلەن، 1901 ـ يىلى ئا. ستەيىن لوپنۇردىن مىلادىيە 220 — 420 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرگە مەنسۇپ قەغەز پارچىلىرىنى بايقىغان، ۋېنادىكى بوتانىك ـ فىزىئولوگ ۋېسنېرنىڭ ئانالىز قىلىشى بويىچە بۇ قەغەزلەر لاتىپۇرۇش قېتىلغان ئۈجمە قوۋزىقىدىن ئىشلەنگەنلىكى مەلۇم بولغان. تۇرپان رايونىدىن مىلادىيە 265 — 410 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرگە مەنسۇپ قەبرىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە قەغەز كەش، قەغەز ئادەم بار. شاڭخەي شەھەرلىك قەغەز تەتقىقات ئورنىنىڭ خىمىيۋى ئۇسۇل بىلەن تەھلىل قىلىپ كۆرۈشىچە، شىنجاڭدىن تېپىلغان قەغەزلەرنىڭ بىر قىسمى پاختىدىن ياسالغان، كۆپ قىسمى كەندىردىن ياسالغان. كەندىر تېپىدىكى تالالاردىن ۋە براك (تاشلاندۇق) توقۇلمىلاردىن پايدىلىنىلغان.①

قەغەز ئەۋرىشكىلىرىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق شىنجاڭدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى قەغەزلەر ئىشقارلىق قەغەز بوتقىسى خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدا پىچاقتا كېسىلگەن ئىزلارنىڭ بارلىقى ھەمدە زىچلىق دەرىجىسىنىڭ خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. بۇ، قەغەز خام ئەشياسىنىڭ پىچاق بىلەن توغرالغانلىقى، شۆلتا سۈيۈقلۇقى بىلەن قاينىتىلغانلىقى ۋە ئۇغىدا تولۇق سوقۇلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.②

قەغەز ياساش تېخنىكىسىدىن قارىغاندا، شىنجاڭدىن تېپىلغان مىلادىيە 265 — 909 ـ يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرگە مەنسۇپ قەدىمكى قەغەزلەر ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، رەخت سىزىقلىق قەغەز،

① ئىمىن تۇرسۇن: «تارىختىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1990 ـ يىلى نەشرى، 452 ـ بەتلەر.
② بۇ شۇنىڭغا ئوخشاش يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ماقالىسى.

يەنە بىرى، چىغ سىزىقلىق قەغەزدىن ئىبارەت.[1]

غەربىي يۇرتتا ياسىغان قەدىمكى قوۋمىلار قەغەزچىلىك ساھەسىدە بىر يۈرۈش ئۇسۇل - چارىگە ئىگە ئىدى. قەغەزنى «كاناپ ياكى ئات قوپىرۇقى، مەشوت، چىگە قاتارلىق قىل يىپلاردىن تور توقۇپ، ئۇنى تۆت كېرىگۈچ ياغاچ جازىغا مەھكەم بېكىتىپ، قېلىپ ياساپ، كالا بوتقىسىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، سۇيىنى ئېقىتىپ تۆگەتكەندىن كېيىن ھاسىل بولغان شىلىمشان پەردىسىنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن ياسىغان، يەنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغاندا قەغەز بولۇپ چىقاتتى.»[2]

غەربىي يۇرتتا ياسىغان قەدىمكى قوۋمىلار قەغەزچىلىك ھۈنىرىنى بارغانسېرى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بارغان. مەسىلەن، بۇ يەردىن تېپىلغان قەغەز ئەۋرىشكىلىرىدىن قارىغاندا، تالالىق خام ئەشيالارنى تاللاش ۋە ئىشلەش جەھەتتە غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 206 — 23 - يىللار) دىكىدىن ناھايىتى كۆپ يۇكسەلدۈرگەن؛ ماي ماددىسىدىن ئېرىغداش ئۇسۇلىمۇ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكىدىن ئىسلاھ قىلىنغان. ناياپ (قەغەز سۇيۇقلۇقى) نىڭ سۈپىتىمۇ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكىدىن روشەن دەرىجىدە ياخشىلانغان؛ تالالىرىنىڭ تەكشىلىكىمۇ ئىسلاھ قىلىنغان؛ سۈزلۈك (ئېرىغدىلىش) دەرىجىسىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، ئۆسۈملۈك يېلىمىمۇ قوشۇلغان. ياخشى سۈپەتلىك پەردە گۈللۈك قەغەز، شۇنىڭدەك ئەتىقە قەغەز، ئاقارتىلغان قەغەز بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئىشلەنگەن قەغەز ھېسابلىنىدۇ؛ ئاندىن يەنە كراخمال ۋە ھايۋان سۆڭەك يېلىمى قوشۇلغان رەڭلىك رەسىم قەغىزىمۇ بار. بۇنداق قەغەز دىنىي ئەقىدە مۇناسىۋىتى بىلەن ياكى كۆيىدىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن سېرىق بويالغان. شەرقىي جىن (317 — 420 - يىللار) خانلىقى دەۋرىدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرى (618 — 907 - يىللار) نىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان تەخمىنەن 500 يىل ئىچىدە قەغەزچىلىك زور دەرىجىدە راۋاجلانغان؛ مەھسۇلاتى، سۈپىتى ۋە تېخنىكا جەھەت-

① پەن جىشياڭ: «شىنجاڭدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى قەغەزلەر ئۈستىدە تەتقىقات»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1973 - يىلى 10 - سان. شۇنداقلا مۇ شۇنىڭكىنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ماقالىسى.

② ئا. م. سايرامى: «قەدىمكى ئۇيغۇر قەغەزچىلىكى توغرىسىدا»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1988 - يىلى 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىكى سانى.

لەردە ئۇچقاندەك تېز يۈكسەلگەن. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى باچياۋ[1] قەغىزىگە قارىغاندا، تېخنىكا جەھەتتىن ناھايىتى كۆپ دەرىجىدە ئۆسكەن.[2]

جۇڭگو قەغەزچىلىكىنىڭ دۇنياغا تارقىلىشى تارىخىي خاراكتېرلىك ۋەقە بولدى. بۇ ۋەقەدە ئەلۋەتتە غەربىي يۇرتنىڭ مۇھىم تۆھپىسى بار.

تارىخىي ئەھۋاللارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، سوغدىلار قەغەزچىلىك تېخنىكىسىنى «ئەڭ ئاۋۋال غەربكە تارقاتقان ئەلچىلەردىن بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن». دېمەك، مىلادىيە 5 ـ ئەسىردە پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى قەغەزدىن پايدىلىنىشقا باشلىغان. ئەمما قەغەز ياساش تېخنىكىسى مىلادىيە 751 ـ يىلىدىكى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن ئەرەب خەلىپىلىكى قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تالاستا بولغان جەڭدىن كېيىن تارقالغان.

793 ـ يىلى باغدادتا قەغەز ياساش زاۋۇتى قۇرۇلغان، 900 ـ يىلى قاھىرەدە قەغەز ياساش كارخانىسى بارلىققا كەلگەن، 1100 ـ يىلى ماراكەشنىڭ فېس شەھىرىدە قەغەز ياساش كارخانىسى قۇرۇلغان. ياۋروپاغا 10 ـ ئەسىر ئەتراپىدا تارقالغان. ھىندىستانغا 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا تارقالغان.

قەغەزچىلىكنىڭ غەربكە تارقىلىشىدا شىنجاڭ بىر كۆۋرۈكلۈك رول ئويناش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ رولى چوڭ بولغان.

جۇڭگودا قەغەز ئەڭ بۇرۇن ۋە كەڭرەك ئىشلىتىلگەن جاي مەركىزىي جۇڭگو رايونى بىلەن غەربىي يۇرت — شىنجاڭ رايونى ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. شىنجاڭنىڭ غەربىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا قەغەز تۇنجى بولۇپ سەمەرقەنتتە ئىشلەپ چىقىرىلغان. قەغەزچىلىك تېخنىكىسى بۇ يەرگە جۇڭگودىن كىرگەن. تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، مىلادىيە 751 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تالاستا ئەرەب قوشۇنلىرى بىلەن ئېلىشىپ يېڭىلگەندە تاڭ سۇلالى-

---

① باچياۋ قەغىزى — 1957 ـ يىلى شىئەن شەھىرىنىڭ باچياۋ دېگەن يېرىدىن تېپىلغان قەغەز ئەۋرىشكىسى، ئۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىكى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە تەئەللۇق بولۇپ، چىگىدىن ياسالغان.

② ئىسىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى، 453 ـ بەت.

مى قوشۇنلىرىدىن نۇرغۇن ئەسكەرلەر ئەسىرگە چۈشۈپ، سەمەرقەنتكە ئېلىپ بېرىلغان. ئەسىرلەر ئىچىدە نۇرغۇن ھۈنەرۋەن ئۇستىلار بار بولۇپ، ئەلۋەتتە قەغەزچى ئۇستىلارمۇ بار ئىدى. مانا بۇ ئەسىرگە چۈشكەن ئۇستىلار سەمەرقەنت قەغەزچىلىك كارخانىلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ھەم جۇڭگونىڭ قەغەزچىلىك تېخنىكىسىنى غەربكە تارقاتقۇچىلار بولۇپ قالغان.

ئەرەب ساياھەتچىسى تەمىم ئىبنى بەھر ئۇيغۇرلار يېرىگە ئەڭ بالدۇر بارغان ئەرەب ئىدى. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل يايلىقىدىكى خانلىقىنىڭ پايتەختى بايبالىق (قارابالغاسۇن) قا بارغان ھەم بىر ساياھەت خاتىرىسى يازغان. تەمىم ئىبنى بەھرنىڭ خاتىرىلىشىچە، مىلادىيە 786 ـ يىلى ياكى 809 ـ يىلى ئارىلىقىدىكى توققۇز ئوغۇز خاقانى ئىككى قېتىم قوشۇن تارتىپ، جۇڭگو پادىشاھى ئەسكەرلىرىگە ئۇرۇش قوزغىغان. نەتىجىدە جۇڭگو پادىشاھىنىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولغان. توققۇز ئوغۇز مۇسۇلمانلىرى جۇڭگو قوشۇنلىرىدىن نۇرغۇن ئولجا ئالغان. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئەۋلادلىرى سەمەرقەنتتە قەغەزچىلىك كارخانىلىرىنى قۇرۇپ ئاجايىپ نەپىس قەغەز مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقارغان. ئەلۋەتتە، ئۇلار يەنە باشقا قوراللار — ئۇرۇش قوراللىرى، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىمۇ ئىشلەپ چىقارغان. تەمىم ئىبنى بەھر خاتىرىسىدە، يەنە خوراساندىكى بارلىق شەھەر ـ بازارلار ئىچىدە پەقەت سەمەرقەنتتىلا مۇشۇنداق مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلىقىنى ئالاھىدە خاتىرىلەپ قالدۇرغان.① شۇنىڭدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇھىم سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولغان سەمەرقەنت نەپىس قەغەز ئىشلەپچىقىرىش بىلەن دۇنياغا داڭق چىقارغان. بۇ دەۋردە جۇڭگونىڭ قەغەزچىلىك تېخنىكىسىنىڭ تەسىرى كاسپىي دېڭىزىنىڭ ئەتراپىغا تارقالغانىدى. بۇ يەرلەر دەل ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن تۇتىشىدىغان تۈگۈنى ئىدى. شىمالدا ياۋروپاغا سوزۇلغان يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيە-

① تەمىم ئىبنى بەھر خاتىرىسىنىڭ 13 ـ ئابزاسىدىكى توققۇز ئوغۇزخانى بىلەن جۇڭگو پادىشاھى ئوتتۇرىسىدىكى سوركىلىش توغرىسىدىكى باياناتلارنى ئالىملار مۇجمەل دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ ھەقتە «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ماتېرىياللىرى» (1984 ـ يىلى 1 ـ سان، ئۈرۈمچى) ناملىق ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ۋ. مىنورىسكىينىڭ «تەمىم ئىبنى بەھرىنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىغا قىلغان ساياھەت خاتىرىسى» گە قاراڭ. بۇ يەردە ياسىن ھوشۇرنىڭ ۋ. مىنورىسكىينىڭ 1948 ـ يىلى لوندوندا نەشر قىلدۇرغان ئىنگلىزچە كىتابىدىن بىۋاستە نەقىل ئېلىپ ئىشلىتىپ تەھلىل قىلغان باياني ئاساس قىلىندى.

سى بار ئىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دۇنخۇاڭ، تۇرپان، خوتەن، كاشغەردىن كېيىن سەمەرقەنت جۇڭگونىڭ قەغەزچىلىك تېخ- نىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم مەركەز بولۇپ قالغان.①

## § 6 . مەتبەئەچىلىك

مەتبەئەچىلىك — جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەز- ىنىسىگە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنىڭ بىرى. ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىي قاتلىمىنى تەكشۈرگەندە، مەتبەئەچىلىكنىڭ قېلىن، كۆركەم ۋە ھەشەمەتلىك قاتلام ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ك. ماركس مەتبەئەچى- لىكنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئورنىغا ناھايىتى يۇقى- رى باھا بەرگەن. ئۇ 1861 - يىلى يازغان «ئىقتىسادشۇناسلىق قولىيازمىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە، مەتبەئەچىلىك «مەنىۋى تەرەققىياتقا نىسبەتەن زۆرۈرىي ئالدىنقى شەرتنى ھازىرلىغان ئەڭ كۈچلۈك ۋاسى- تە» دەپ يازغان بولسا، ئېنگېلس 1840 - يىلى مەخسۇس بىر كۇپلېت شېئىر يېزىپ، قەدىمكى زامان مەتبەئەچىلىك ھۈنىرىگە مەد- ھىيە ئوقۇغان. شېئىرنىڭ ماۋزۇسى «مەتبەئەچىلىكنىڭ كەشىپ قى- لىنىشىغا مەدھىيە» ئىدى، شېئىر مۇنداق:

سەن ئاقارتقۇچى،<br>
سەن ئەڭ ئالىي تەڭرى.<br>
ئۆلمەس تەڭرى.<br>
ھازىر مەدھىيىلەشكە ۋە پەخىرلىنىشكە ئەرزىيسەن،<br>
تەبىئەت سەن ئارقىلىق ئۆز ئەكسىنى تاپىدۇ.<br>
ئۇ يەنە بىھېساب ئاجايىپ كۈچلەرنى ساقلاپ تۇرىدۇ.②

مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى ئەڭ بۇرۇن جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈز-

---

① ياسىن ھوشۇر: «غەربىي يۇرتتا قەغەزنىڭ دەسلەپكى ئىشلىتىلىشى ۋە غەربكە تارقىلىشى»، «ئاسىيا كىندىكى»، 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى.

② «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 41 - توم، 42 — 44 - بەتلەر، خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ خەنزۇچە نەشرى.

لەڭلىك رايونىدا ۋە شىنجاڭ رايونىدا قوللىنىلغان.

غەربىي يۇرتتا مەتبەئەچىلىك قەدىمكى دەۋردىلا باشلانغان. تۇرپان رايونى قەدىمكى زاماندىكى مەتبەئەچىلىكنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى.

ئىنسانىيەتنىڭ باسما تېخنىكىسى ئىككى قېتىملىق چوڭ سەكرەش باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. بۇنىڭ بىرىنچىسى ئويما مەتبەئە (كىسلوگرافىيە) باسقۇچى، ئىككىنچىسى مىخ مەتبەئە — كۆچمە ھەرپ (نابور ھەرپ) باسقۇچى.①

بۇنىڭ ئىچىدە ئويما مەتبەئە تېخنىكىسى (كىسلوگرافىيىلىك كىتاب بېسىش ئۇسۇلى) نىڭ باشلىنىشى خېلىلا بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. ئەمدى، مىخ مەتبەئەچىلىك بولسا مىلادىيە 12 ـ ئەسىردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن.

غەربىي يۇرتنىڭ ئويما مەتبەئەچىلىكى قاچان باشلانغانلىقىنى ئېنىق ئايرىپ بېرىدىغان يازما خاتىرىلەر بولمىسىمۇ، لېكىن غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملارنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىلا ئويما مەتبەئە بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىشكە باشلىغانلىقى توغرۇلۇق ماددىي بۇيۇملار ۋە يازما ھۆججەتلەر بار.

غەربىي يۇرتتا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپلا خانلىق تامغىلار ئىشلىتىلگەن، مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن باشلاپ قۇيما پۇل ئىشلىتىلگەن. مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن باشلاپ بېزىق ئىشلەتكەن. مانا مۇشۇلاردا خەت، بەلگە، نىشان، سۈرەت، نەقىش، تامغىلار شەكلى چۈشۈرۈلگەن، يەنى قەدىمكى غەربىي يۇرتلۇقلار ياغاچ، مېتال بۇيۇملار، سۆڭەك ۋە قاشتېشى قاتارلىقلارغا خەت ـ بەلگىلەرنى ئويۇپ چىقارغان. مۇشۇ ئويما، تامغىلار ياردىمى بىلەن قەغەز ۋە رەختلەرگە گۈل، نەقىش، سۈرەت، خەتلەرنى چۈشۈرۈشكە ماھىر بولغان.

1959 ـ يىلى نىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتىن بايقالغان مىلادىيە 25 ـ يىلىدىن 222 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەۋرگە مەنسۇپ قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان پاختا رەختكە

---

① لىيۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، بىرىنچى قىسىم (2) 244 ـ بەت، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى.

موم بىلەن گۈل بېسىلغان.① دېمەك، بۇنىڭدىن گۈل ئالدى بىلەن ياغاچ ۋە باشقا سايمانلارغا ئويۇۋېلىنىپ، ئاندىن ئىشلىتىلگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئەڭ دەسلەپكى گۈل - نەقىشلەرنىڭ ئويما نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن ئەۋرىشكىلەر بولسا كېرەك.

چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيە خادىملىرى تۇرپاندىن ئېلىپ كېتىپ جۇڭگو چېگراسىدىن چىقىرالمىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە مىلادىيە 5 - ئەسىرگە توغرا كېلىدىغان تۇرپاندا ئويما ۋە تامغا مەتبەئەدە بېسىلغان بۇددىزم رەسىملىرى هازىر جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى لۈشۈن مۇزېيىدا ساقلانماقتا.②

تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىدا 1980 - يىلى بېزەكلىك مىڭئۆيي خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان «قەدىمكى ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە ياغاچقا ئويۇپ بېسىلغان (ياغاچ ئويما) ئەسەرلەر» نىڭ كەمتۈك ۋارىقى ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ كەمتۈك ۋاراقنىڭ ئېگىزلىكى 9.7 سانتىمېتىر، توغرىسى 10.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭدا بەش قۇر ئۇيغۇر يېزىقى ساقلىنىپ قالغان. ئۇ ئورۇندا يەنە ياغاچقا ئويۇپ بېسىلغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئامىتايۇس سۇترا» نىڭ خاتىمىسىنىڭ كەمتۈك ۋارىقىمۇ ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭ قۇر ئارىلىقىدىمۇ بىرنەچچە سانسكرىتچە خەت بار. ئۇنىڭ يېنىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى خەتلەر سانسكرىت يېزىقىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ هەر-ئىككىسى قوچودا بېسىلغان.③

تۇرپاندا ياشىغان قوۋملار ئوتتۇرا ئەسىر (تەخمىنەن 6 — 7-ئەسىر) نىڭ باشلىرىدىلا خەتلەرنى ياغاچ تاختىلارغا ئويۇپ كىتاب چىقىرىش هۈنىرى — كىسلوگرافىيە (ئويما مەتبەئە) نى ئىگىلىگەن. ئۇلاردا كىتابنى كىسلوگرافىيىلىك ئۇسۇلدا تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە بېسىپ چىقىراتتى: يەنى ئەڭ ئالدى بىلەن قاتتىق ياغاچلاردىن توغرا بۇرجەكلىك تاختىلار تەييارلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈزى تەپتەكشى قىلىپ سىلىقلىنىدۇ ۋە بېسىش ئۈچۈن مەخسۇس يېزىپ تەييارلانغان خەتلەر

---

① مايىت: «ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلما ماتېرىياللاردىن شىنجاڭنىڭ كېيىنكى ئۇستۇرۇشى ۋە توقۇلۇشىنى ھەققىدە ئىزدىنىش دەسلەپكى تەجرىبىسىگە نەزەر»، «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىلى نەشرى، 590 - بەت، خەنزۇچە.
② «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، 202 - بەت.
③ ليۇ خۇڭلياڭ: «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەتبەئەچىلىكى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1984 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى سانى.

ياكى رەسىملەر يېلىملىق ماددىلارنىڭ ياردىمى بىلەن شۇ سىلىقلىنىپ تەييارلانغان تاختىغا چۈشۈرۈلىدۇ. ئاندىن ئۇستا ئويمىكار ئۆتكۈر تۆمۈر ئەسۋابلارنىڭ ياردىمى بىلەن ياغاچ تاختىدىكى خەت ياكى سىزىق يوق بوش ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئويۇپ تاشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ تاختىدا ئويۇلغان خەتلەر ۋە رەسىملەر پەيدا بولىدۇ. بۇ ئويۇپ تەييارلانغان تاختىنى ئايلىنىدىغان چاقلىرى بار مەخسۇس ئەسۋابقا جايلاشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن بۇ ئويۇلغان تېكىستلەرگە ۋە سۈرەتلەرگە بوياق سۈركىلىدۇ، ياغاچ تاختىدىكى خەتلەر قەغەزلەرگە بېسىلىدۇ. بىر تاختىغا ئىككى بەت تېكىست ئويۇلىدۇ. بېسىلىدىغان كىتابنىڭ بىر ۋارىقى بېسىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىنچى ۋاراق ئۈچۈن تېكىستلەر يېڭىۋاشتىن ئويۇلىدۇ. مانا مۇشۇ تەرتىپتە كىتاب ۋە بەتلەر تەييارلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىسىلوگرافىيىسىنى ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈشكە بولىدۇ: ① تېكىستلەر؛ ② تېكىست ئارىلاش رەسىملەر؛ ③ رەسىملەر.[1]

كىسىلوگرافىيىلىك ئۇسۇلدا بېسىلغان تېكىستلەر تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان. بۇلار ھازىر چەت ئەل مۇزېيلىرى ۋە ئېلىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ساقلانماقتا. ئۇلار سان جەھەتتە كۆپ بولۇپلا قالماستىن، مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ سەۋىيىسى جەھەتتىنمۇ يۇكسەك بولغانىدى. ئۇ چاغلاردا بېسىلغان زور مىقداردىكى مەتبەئە بۇيۇملىرىنىڭ بوياقلىرى تەپتەكشى، ئوچۇق، لايىھىلىنىشى (بۇ مۇقاۋا، بەت، قىستۇرما رەسىم، تۈپلەش شەكلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كۆپ خىل ئىدى.

بىزنىڭ تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىدىغىنى شۇكى، ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ مەتبەئە ئىشلىرىدا 17 خىل يېزىق قوللىنىلغان.[2] مەتبەئە ئىشلىرىدا قوللىنىلغان بۇ يېزىقلار ھەتتا گرېك يېزىقى، پېرسىيە يېزىقى، ئەنەتكەك (سانسكرىت) يېزىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

---

① مۇنىرى ئىرزىن (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى): «ئوتتۇرا ئەسىر مۆجىزىسى»، «پەرۋازە»، قازاقىستان، «يازغۇچى» نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى.

② E. T. كارتېر: «جۇڭگونىڭ مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ غەربكە تارقىلىشى»، سودا نەشرىياتى، 1957 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 120 ـ بەت.

بۇ نەرسىلەرنى تاپقانلار رۇسىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ياپونىيە ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھەم ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى ئىدى. يادىكارلىقلارنىڭ بەزىلىرى خېلى قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ.

ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ ئا. ستەيىن شىنجاڭنىڭ تۇرپان رايونىدىن قولغا چۈشۈرۈۋالغان قەدىمكى زامانغا مەنسۇپ بىر پارچە قەغەز پارچىسىدا: «يەنچاڭجۇ ئايمىقىنىڭ 4 - يىلى (سۈي سۇلالىسى پادىشاھى ۋېندىنىڭ كەيخۇاڭ 14 - يىلى، مىلادىيە 594 - يىلى) ... ئائىلىدە غالجىر ئىت بار، يولۇچىلار ئېھتىيات قىلىشى لازىم.»

[“延昌州四年〈隋文帝开皇十四年,公元 594 年〉
[甲寅…家有恶狗,行慎之”]

دېگەن خەتلەر بولغان. بۇ ئەھۋال، ئاشۇ يىللاردا تۇرپاندا ئويما مەتبەئەدە بېسىلغان ھۆججەتلەرنىڭ تارقىلىپ تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.①

18 - ئەسىردە ئۆتكەن غەربىي ياۋروپالىق شەرقشۇناس دې گۇيىگنىس «ھونلار تارىخى» دېگەن كىتابىنىڭ بىرىنچى باب، بىرىنچى پاراگرافىدا ئويما مەتبەئەچىلىكنى ئۇيغۇرلار ئىجاد قىلغان دېگەن قاراشنى قۇۋۋەتلىگەن.② فرانسىيىلىك ئالىم ژوزېف دېگىنمۇ ئۇيغۇرلار «كىتاب بېسىش ئۈچۈن خەت ئويۇلغان ياغاچ تاختىلارنى بىرىنچى بولۇپ قوللاندى»③ دەپ يازغان.

ئامېرىكىلىق مەتبەئە تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىم كارتېر (1882 — 1925 - يىللار) مەتبەئە بۇيۇملىرى ئارخېئولوگىيىسىنى خۇلاسىلەپ: «... ئەڭ دەسلەپكى مەتبەئەچىلىك مەركىزى جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان. مەتبەئەچىلىكنىڭ يېڭى تېخنىكىسى ھەم مۇشۇ يەردىن شەرقتىن غەربكە قاراپ تارقالغان. ئەڭ بۇرۇنقى ئويما مەتبەئە بۇيۇملىرى مىقدارى ۋە تۈرى ئەڭ كۆپ تېپىلغان يەر ھازىرقى

① لىيۇ ۋېنمىن: «جۇڭگونىڭ تارىخ مەدەنىيىتىدىن گۆھەرلەر»، خەلق مائارىپ نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1985 - يىلى نەشرى، 121 - بەت.

② جاڭ شولۇ: «مەملىكىتىمىز مەتبۇئات تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ قەدىمكى يېزىقتىكى كۆچمە ئويما ھەرپ ۋە ئويما مەتبۇئات ئەسەرلىرى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىگە كەلتۈرۈلگەن نەقىل. «شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1956 - يىلى 5 -، 6 - قوشما سان، 43 - بەت.

③ «پەرۋاز»، قازاقىستان «يازغۇچى» نەشرىياتى، 1985 - يىلىدىكى نەشرىگە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلكىسىنىڭ تۇرپان بوستانلىقىدۇر»[1] دەپ يازغان. دېمەك، بۇ قاراشلار ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئارقىلىق زور دەرىجىدە دەلىل ـ ئىسپاتقا ئىگە بولدى. بۇنىڭغا يەنە بىر مىسال كۆرسەتسەك، 1902 — 1914 ـ يىللىرى ياپونىيىنىڭ داگۇ گۇاڭرۇي (ئوتانى) ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى غەربىي يۇرتتىن ئېلىپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى لۈشۈن مۇزېيىدا ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ ئىچىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى چۈشۈرۈلگەن يادىكارلىق بار بولۇپ، خەت «بىرچان» ([illegible]) دېگەن خەت ئىكەن، ئۇنىڭ مەنىسى «ئون گەز» بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. تەتقىقاتچىلار باشقا يادىكارلىقلاردىكى يىلنامىلىق مەلۇماتقا قاراپ، ئۇنى مىلادىيە 610 ـ يىللاردىكى يادىكارلىق، دەپ ھېسابلاشقان.[2]

غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملار مەتبەئەچىلىكنىڭ كىسلوگرافىيىلىك ئۇسۇلىنى ئىگىلەپ، ئۇنى ئۆگىنىشلىك رەۋىشتە تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، كىتاب ـ پۈتۈكلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم ئېلىپ مېڭىشلاردىن تەركىب تاپقان نابور، يەنى «كۆچمە ھەرپ ـ مىخ مەتبەئە» شەكلىنى قوللىنىپ بېسىش، يەنى تېكىستلەرنى مەتبەئە ھەرپلىرىنى تىزىپ چىقىپ بېسىش ھۈنىرىگىمۇ مۇراجىئەت قىلىشقان. نابور قىلىپ تىزىش ئۈچۈن يەككە ھەرپلەردىنلا پايدىلىنىدۇ، تېكىستلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم ھەرپلەر بىلەن تىزىپ بېسىش ئۈچۈن ۋە كىتاب بېسىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە ھەرپلەرنى ئۆز جايىغا تارقىتىپ ساقلاپ قويۇش ئۈچۈن ئىشلەنگەن ياغاچ ھەرپلەر ناھايىتى كۆپ بولغان.

نابور شەكىللىك كىتاب بېسىش ئۇسۇلى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى (850 — 1250 ـ يىللار) دەۋرىدە راۋاجلانغان بولسا كېرەك، بۇ دەۋردىكى بۇ كەشپىياتقا دائىر يازما ھۆججەتلەر ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم ئەمەس، ئەمما ئالىملارنىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەتبەئە ئىشلىرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت تارى-

---

① كارتېر: «جۇڭگو مەتبەئەچىلىكىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ غەربكە تارقىلىشى»، سودا (商务) نەشرىياتى، 1957 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 118 ـ، 119 ـ بەتلەر، بېيجىڭ.

② «لۈشۈن مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى، 200 ـ بەت.

خىندا شائلىق سەھىپە بولۇپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئاندىن كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. لېكىن، بۇ خىل شائلىق مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى نامايان بولغان سورۇنلار، تاكامۇل مەدەنىيەت بۇيۇملىرى دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلىدىن تامامەن دېگۈدەك نابۇت قىلىنىۋېتىلگەن. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كىشىلەر تۇرپان ئويمانلىقىدىكى خارابىلىكلەردە قالايمىقان تاشلىنىۋېتىلگەن پارچە ـ پۇرات مەتبەئە بۇيۇملىرىنى تۇنجى قېتىم ئۇچراتقاندا، ئۇنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى ھەيران قالدۇرغانىدى. مەسىلەن، تۇرپاندىكى ئىدىقۇت قەلئەسىدىكى بىر بۇتخانىدا چېچىلىپ ياتقان «قەغەزلەر» ئادەمنىڭ تىزىغىچە كەلگەن. كېيىنكى يىللاردا تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ مورتۇق دېگەن يېرىدىكى بىر بۇتخانىدىن مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان زور بىر تۇركۇم ئويما باسما ئەسەرلەر تېپىلدى.①

قەدىمكى ئۇيغۇر ھەرپلىرى چۈشۈرۈلگەن نابور شەكىللىك باسما بۇيۇملىرىنىڭ يادىكارلىق سۈپىتىدە ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولۇشى يالغۇز شىنجاڭ ياكى جۇڭگو مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا مەتبەئەچىلىك مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ كاتتا مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ.

1914 — 1915 ـ يىللىرى رۇسىيە ئاكادېمىكى س. ئولدىنبۇرگ باشچىلىقىدىكى رۇسىيە ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى تۇرپاندا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋېتىپ، غارلاردىن بىرقانچە مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرچە مەتبەئە ھەرپلىرىنى تاپقان.②

③ يۇقىرىقىلاردىن باشقا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا فرانسىيىلىك پېللىئوت گەنسۇنىڭ دۇنخۇاڭدىكى مۇگاۋ غارىدىن ياغاچقا ئايرىم ـ ئويۇلغان نابور چىلەك (تۇلۇڭ) كە قاچىلانغان، ئۇيغۇرچە ھەرپ ئويۇلغان ياغاچ ئويما باسما بۇيۇم تېپىۋالغان. ئۇلارنىڭ سانى بىر نەچچە يۈزگە يېتىدۇ. ھازىر فرانسىيىدىكى گىممې مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بۇ ئۇيغۇرچە مەتبەئە ھەرپى جەمئىي 960 تال

① ليۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، بىرىنچى قىسىم (1) 247 ـ بەت.
② مۇنىرى ئىرزىننىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىگە قارالسۇن.
③ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى نەشرى، 152 ـ بەت.

ئىكەن. يېقىنقى يىللاردا دۇنخۇاڭ ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىلىرى دۇنخۇاڭدىكى غارلاردىن يەنە 48 تال ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپىنى تېپىپتۇ. بۇنىڭغا دۇنخۇاڭ ئاكادېمىيىسى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان ئالتە تال مەتبەئە بۇيۇمىنى قوشقاندا (بۇ ئالتە تال ئۇيغۇرچە ھەرپ چۈشۈرۈلگەن ياغاچ مەتبەئە بۇيۇمىمۇ دۇنخۇاڭنىڭ شىمالىي رايوندىكى غارلاردىن ئىلگىرى تېپىلغان) بۇ ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى فرانسىيىلىكلەر ئېلىپ كەتكەن ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى بىلەن ئوخشاش تۈردىكى ھەرپلەر بولۇپ، بۈگۈنگە قەدەر دۇنيادا ساقلىنىپ قالغان ئۇيغۇرچە مەتبەئە ھەرپى جەمئىي 1014 كە يەتكەن.①

بۇ خىل ھەرپلەر قاتتىق ياغاچقا مەخسۇس تۆمۈر ئەسۋابلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىنتايىن پۇختا، نابورغا خاس قىلىنىپ نەپىس ۋە تەكشى كېسىپ تەييارلانغان.

ئىلمىي خادىملار دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان بۇ ئۇيغۇرچە مەتبەئە ھەرپلىرىنى ئاق قەغەزگە بېسىپ، ئۇنىڭدىكى خەتلەرنى ئوقۇپ، مەزمۇنى بويىچە تۈرگە ئايرىپ چىققاندىن كېيىن، شۇنداق خۇلاسىگە كەلگەنكى، بۇ مەتبەئە ھەرپلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن تېپىلغان خەنزۇچە يېزىقنىڭ مەتبەئە خەتلىرى ۋە تاڭغۇتلارنىڭ مەتبەئە خەتلىرىگە زادىلا ئوخشاشمايدىكەن. خەنزۇچە ۋە تاڭغۇتچە مەتبەئە خەتلىرى بولسا شۇ يېزىقنىڭ ئالاھىدىلىكى بولغان بىر چاسا خەت بىر سۆز، بىر مەنىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بىرلىك قىلىنغان مەتبەئە خېتى، ئەمما ئۇيغۇرچە مەتبەئە ھەرپى بولسا ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە ياسالغان بولۇپ، بەزى مەتبەئە ھەرپى تاق ھەرپلىك، بەزىلىرى سۆز تومۇرى (تۈپ سۆز) بىرلىك قىلىپ ياسالغان مەتبەئە ھەرپى، يەنە بەزىلىرى سۆز قوشۇمچىلىرى (سۆز ئۇلانمىلىرى، مەسىلەن، لار، لەر، گە، كە، نىڭ ... دېگەنگە ئوخشاش) بىرلىك قىلىپ ياسالغان مەتبەئە ھەرپلىرى ئىكەن.②

يۇقىرىقى ئەھۋاللار، بۇ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ پەقەت كۆرۈنۈش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى ئىشلىتىشكە ياراملىق قىلىش ئۈچۈن

---

① ② ياسىن ھوشۇر: «ئۇيغۇرچە مەتبەئە ھەرپلىرىگە بولغان ئىلگىرىكى تونۇش»، «ئاسىيا كىندىكى»، 2000 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىكى سانى.

راسلانغانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ پايدىلىنىلغانلىقىنى ھەمدە مۇنداق ھەرپلەرنى تەييارلاش بۇرۇنلا تەجرىبىدىن ئۆتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بىرىنچى قېتىم ئىشلىتىلگەن ھەرپلەردىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.①

ئۇيغۇر مەتبەئە ھەرپلىرى دۇنخۇاڭدا تەييارلانغانمۇ، تۇرپاندا تەييارلانغانمۇ، دېگەن مەسىلىگە تەتقىقاتچىلار «ياغاچتىن تەييارلانغان بۇ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ تۇرپاندىن كەلگەنلىكى سۆزسىزدۇر»②دېيىشىدۇ.

تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىكى بۇددا مىڭئۆيلىرىدىن بايقالغان ئۇيغۇر يېزىق شەكلى چۈشۈرۈلگەن نابور شەكىللىك (كۆچمە مەتبەئە، مىخ مەتبەئە، يەككە ھەرپلىك نابور) مەتبەئە ئەۋرىشكىسى ياغاچ ئويما بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلىشى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەرىپەت تارىخىدا يېگانە يادنامە ئىكەنلىكى بىلەن قىممەتلىكتۇر.

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مۇئەللىپ شېن كو (1031 — 1095 ـ يىللار) «مېڭشى باغچىسى پۈتۈكلىرى» (« 梦溪笔谈 ») دېگەن كىتابىنىڭ 16 ـ جىلدىدىكى خاتىرىگە قارىغاندا، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ چىڭلى يىللىرى (1041 — 1048 ـ يىللار) ئاددىي خەلقتىن كېلىپ چىققان بى شېڭ ( 毕升 ـ ؟ تەخمىنەن 1051 ـ يىلى) دېگەن كىشى مىخ (نابور) مەتبەئەنى كەشىپ قىلغان.

بى شېڭنىڭ بۇ كەشپىياتى دۇنيا بويىچە تۇنجى يازما ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى ئۇنى يەنىمۇ تولۇقلايدىغان ماددىي بۇيۇملار دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن.

يۈەن سۇلالىسى دادېنىڭ 2 ـ يىلى (1298 ـ يىلى) ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ۋاڭ جېن دېگەن كىشىنىڭ ياغاچ نابور كەشىپ قىلغانلىقى تارىخىي خاتىرىلەردە ئۇچرايدۇ. ۋەھالەنكى، ۋاڭ جېننىڭ كەشپىياتىنىڭ ماددىي پاكىتىمۇ دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن.

يۇقىرىقىدەك ئەھۋال ئاستىدا، تۇرپان، دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردىن زور بىر تۈركۈم ياغاچ نابورنىڭ تېپىلىشى ئېلىمىزنىڭ مەتبەئەچىلىك تارىخىنى تولۇقلاشتا ئاجايىپ چوڭ رول ئوينىدى.

فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار بۇنداق مۇھىملىقنى خېلى بۇرۇنلا

① ② مۇنرى ئىرزىنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىگە قارالسۇن.

شەرھلەپ: «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان 1300 ـ يىللىرىغا تەۋە ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ياغاچ نابورلاردىكى خەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى چاغدا نابورلۇق يېزىق باسمىسىنى قوللانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ»[①] دېسە، ليۇ زىشاۋ ئەپەندى تېخىمۇ تەسىرلىك قىلىپ: «ئېلىپبەلىك مىخ ھەرپ قوللىنىلغانلىقىنىڭ تارىخىدىن قارىغاندا، دۇنيا بويىچە ئۇيغۇرلار ئەڭ بۇرۇنقىلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ»[②] دەيدۇ. بۇ مەسىلىدە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئىلمىي قاراشلىرىمۇ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. مەسىلەن، كارتېر: بۇلار «دۇنيادا ئەڭ بۇرۇنقى نابور يېزىقلىرى ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق»[③] دېسە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تارىخ پەنلىرىنىڭ كاندىداتى مۇئرى ئىرزىن: «بۇ خىل ھەرپلەر يۇدكۇل ئالەمدە تېپىلغان مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ ئەڭ تۇنجىسىدۇر»[④] دەپ يازغان.

بېيجىڭدا چىقىدىغان «نۇر گېزىتى» («光明日报») نىڭ 1997 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى سانىنىڭ 5 ـ بېتىدە ئېلان قىلىنغان شى جىنپو بىلەن ياسىن ھوشۇرنىڭ «غەربىي تاڭغۇتلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمە مەتبەئەگە قوشقان تۆھپىسى» ناملىق ماقالىسىدە ئېيتىلىشىچە، غەربىي تاڭغۇت ھاكىمىيىتى (مىلادىيە 1032 ـ 1048 ـ يىللارغىچە) مەۋجۇت بولغان ۋاقىتتا، دۇنخۇاڭ، تۇرپاندا ياشاپ تۇرغان ئۇيغۇرلار كۆچمە مەتبەئە تېخنىكىسىنى ئىشلەتكەن، ھازىر پەقەت ئۇيغۇرچە خەت ئويۇلغان كۆچمە مەتبەئە ماتېرىياللىرى ساقلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە 1000 تالغا يېقىن ئۇيغۇرچە ياغاچ مەتبەئە ئەۋرىشكىسى ساقلىنىپ قالغان. بۇلار بۈگۈنكى كۈندىن تەخمىنەن 800 يىللار ئىلگىرىكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى (يەنە غەربىي تاڭغۇت يېزىقىدىكى) مەتبەئە بۇيۇملىرى بولۇپ، زور ئىلمىي قىممەتكە ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قىممىتىگە ئىگە. ئالىملارنىڭ بۇ خىل قاراشلىرى يېقىنقى يىللاردىن بېرى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا

---

① فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار: «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى قىسقىچە توپلىمى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ قىسىم 87 ـ بەت.

② ليۇ زىشاۋ: «يىپەك يولى ۋە ئۇيغۇرلار»، «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى»، 1981 ـ يىلى 1 ـ سان، 42 ـ بەت.

③ كارتېر: «جۇڭگو مەتبەئەچىلىكىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ غەربكە تارقىلىشى»، خەنزۇچە نەشرى.

④ مۇئرى ئىرزىن: «ئوتتۇرا ئەسىر مۆجىزىسى»، «پەرۋازە» قازاقىستان يازغۇچى نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى.

تولۇقلانماقتا.

شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ دۆنخۇاڭدىن بەرگەن خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، 1990 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى دۆنخۇاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى ئۇيۇشتۇرغان «يىپەك يولىنى تەكشۈرۈش بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دىن ئىگىلىنىشىچە، دۆنخۇاڭ مۇزېيى ئاپقان ئالتە تال ئۇيغۇرچە ياغاچ مەتبەئە ھەرپى دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇنقى مەتبەئە ھەرپى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.[1]

بۇ ئالتە تال ياغاچ مەتبەئە ھەرپى قاتتىق ياغاچتىن ئوخشاشمايدىغان كۋادرات شەكىلدە ھەرىپلىنىپ، ئاندىن پىچاق بىلەن ئويۇپ ياسالغان. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئۇنىڭ ۋاقتى تەخمىنەن 13 ـ ئەسىرگە توغرا كېلىدىكەن.

ئۇيغۇرلار (يەنە غەربىي تاڭغۇتلارمۇ بار) نىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى كۆچمە مەتبەئە بۇيۇملىرىنىڭ بايقىلىشى جۇڭگو شۇنداقلا دۇنيانىڭ مەتبەئەچىلىك تارىخىدا گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق تۆت جەھەتتە مۇھىم ئالاھىدىلىكى بار:

(1) دەسلەپكى مەزگىلدىكى مىخ مەتبەئە بۇيۇملىرىنى نەق ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن.

(2) جۇڭگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى مىخ مەتبەئەسىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتكەن.

(3) جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىخ مەتبەئە تارىخىغا مۇھىم تۆھپە قوشقانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

(4) مىخ مەتبەئەچىلىكنىڭ غەربكە تارقىلىشىدا ئېنىق پاكىت بىلەن تەمىن ئېتىلدى.[2]

غەربىي يۇرتتا نابۇرلۇق ھەرپىنىڭ قاچاندىن باشلاپ قوللىنىلغانلىقى توغرۇلۇق يىلنامىلىق ئۇچۇر يوق. شۇنداق بولغاچقا ئۇزۇندىن بېرى كىشىلەر بۇ مەسىلە توغرۇلۇق ھۆكۈم خاراكتېرلىك پەرەزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىشمەكتە. بۇنداق پەرەزنى ئەڭ دەسلەپ كارتېر ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ تۇرپاندىن تېپىلغان ئەڭ بۇرۇنقى دەۋر-

---

① «شىنجاڭ گېزىتى» 1990 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى سانى.

② لىن گەن: «جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدە شىمالدا ياشىغان مىللەتلەر توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، 285 ـ بەت.

گە مەنسۇپ نابورلۇق ھەرپ باسمىسىغا تەئەللۇق يازمىلارنىڭ پراگمېنتلاردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ يىل دەۋرىنى 13 ـ ئەسىر ۋە 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى نەرسىلەر، دېيىشكە بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇنىڭ بۇ قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا بىردىنبىر ئاساس شۇكى، تۇرپاندىن تېپىلغان ئايرىم بىرقانچە ياپراقچىلارغا موڭغۇلچە يېزىق بىلەن سانسكرىتچە يېزىق بىرگە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە «چىڭگىزخان» دېگەن بەش خەت چۈشۈرۈلگەن. بۇ مەسىلە ئۈزۈندىن بېرى كۆپ كىشىلەر بىر تەرەپلىمە ئاساسلىنىدىغان پاكىت بولۇپ كەلمەكتە. يەنە بىر ئاساسلىنىدىغان تەرەپ، ماددىي يادىكارلىق بولمىسىمۇ، لېكىن 1298 ـ يىلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ۋاڭ جېبىن نابورلۇق ھەرپ كەشىپ قىلغان دېگەن خاتىرىنىڭ ساقلىنىپ كېلىشى تۇرپان رايونىدا نابورلۇق ھەرپنىڭ قوللىنىلىشى شۇنىڭدىن كېيىن بولۇشى كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت.

شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرچە نابور ھەرپلىرىنىڭ قوللىنىلىشىنى 13 ـ ئەسىردىن كېيىنكى ئىش دەپ چۈشەندۈرۈش بىر تەرەپلىمە قاراشتىن ئىبارەت.

كۆپلىگەن شەرقشۇناسلارغا مەلۇمكى، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مەدەنىيەت جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان، بولۇپمۇ مەتبەئەچىلىك ئالاھىدە يۈكسەلگەن. بۇنىڭغا پاكىت قىلىپ، چەت ئەل ئالىملىرى شىنجاڭدا 17 خىل تىل، 24 تۈرلۈك يېزىق قوللىنىلغان (نېمىس شەرقشۇناسى فون لىكوكنىڭ سۆزى)① دېگەن ئىلمىي يەكۈنگە ئېرىشكەنلىكىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ قاراشنىڭ شىنجاڭدىن تېپىلغان يېزىق ۋەسىقىلىرىگە قارىتىپ ئېيتىلغانلىقى روشەندۇر.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى مىلادىيە 10— 11 ـ ئەسىرلەر بولۇپ، بۇنى ئىسپاتلايدىغان ماددىي يادىكارلىقلار ۋە يازما خاتىرىلەر بار.

چىڭگىزخاننىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە موڭغۇللارنىڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ئارىسىدا، قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ

① ئابدۇقەييۇم خوجا قاتارلىقلار تۈزگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»؛ لىن گەن: «جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدە شىمالدا ياشىغان مىللەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي بايان» (《中国古代北方民族通论》)، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى، كۆكخوت.

روناق تاپقان مەدەنىيىتىنىڭ زور دەرىجىدە خورىغانلىقى بىر تارىخىي پاكىت ئىدى.

يەنىمۇ جانلىق بىر دەلىل شۇكى، تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن زور بىر تۈركۈم كۆچمە ھەرپ ئويۇلغان ياغاچ ھەرپلەرنىڭ تېپىلغانلىقى ۋە يازما ماتېرىياللارنىڭ ئۇچرىغانلىقى.

ئەمما شۇنداق ئىكەن، ئۇيغۇرچە خەت ئويۇلغان كۆچمە نابور-نىڭ قوللىنىلىشى، ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ قويغان، موڭغۇللارغا قارام بولۇپ، مەدەنىيىتى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا سۇسلاشقان 13 ـ ئەسىردە ئەمەس، بەلكى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرىدە بولغان دەپ پەرەز قىلىنسا، ئەقىلگە سىغماي-دىغان يېرى يوق.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمى-يىسى ھۇزۇرىدا تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن يازمىلارغا قارىغاندا، تۇرپان رايونىدا مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە مەتبەئە-چىلىك بولغان.① بۇ خىل قاراشنى 1945 ـ يىلى فۇ زىشىن ئەپەندى-مۇ ئوتتۇرىغا قويغان.② لىن گەن يازغان «جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدە شىمالدا ياشىغان مىللەتلەر توغرىسىدا ئومۇمىي بايان» دېگەن كىتابتا بولسا كېچىككەندىمۇ 12 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلار ئويما مەتبەئە تېخنىكىسىنى ئىگىلەپ بولغان③ دېيىلگەن. ئەمما ئۇنىڭدا كۆچمە ھەرپلىك نابور توغرۇلۇق توختالمىغان.

تارىخ پەنلىرىنىڭ كاندىداتى مۇنىرى ئىرزىن كىسلوگرافىيىلىك تېكىستلەرنىڭ تۇرپان، دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغانلىقىنى ئېتىبارغا ئالغاندا، شۇ جايلاردا مەتبەئەچىلىكنىڭ مەركىزى (رايونلى-رىدىن بىرى) شىنجاڭ بولغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ، دەپ كېلىپ ئۆز كۆزقارىشىنى مۇنداق تولۇقلايدۇ: «ئۇيغۇرلاردا كىسلوگرافىيىنىڭ ۋە ياغاچتىن ياسالغان مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقى ھەق-قىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. قەدىمىي ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى 9 ـ ۋە 10 ـ ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى

---

① شۇ كىتاب، I قىسىم 256 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى.
② «مەتبەئەچىلىككە دائىر ھېكايىلەر» («印刷的故事»)، يۇگىنيالڭ نەشرىياتى (永祥印书馆) 1945 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 28 ـ، 29 ـ بەتلەر.
③ شۇ كىتاب، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1977 ـ يىلى نەشرى، 159 ـ بەت.

ئېتىبارغا ئالغاندا، كىتاب بېسىپ چىقىرىشنىڭ كسىلوگرافىيىلىك ئۇسۇلىنى 11 - ئەسىردىن ئىلگىرى، ياغاچ ھەرپلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى 10 - ئەسىردىن كېيىنكى ۋاقىتقا توغرىلاشقا بولىدۇ.»①

نابورلۇق مەتبەئەنىڭ قوللىنىلىش ۋاقتى توغرۇلۇق ياڭ فۇشۇ ئەپەندىنىڭ ئېيتقانلىرىغىمۇ دىققەت قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار. ئۇ مۇنداق دېگەن: «مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە فرانسىيە ئېكسپېدىتسىيىچىسى پېللىئوت دۇنخۇاڭدىن تاپقان ئۇيغۇر يېزىقى چۈشۈرۈلگەن نابورلۇق مەتبەئە بۇيۇمىنىڭ دەۋرى ھەققىدە، پېللىئوت بۇنىڭ ساقلانغان ئورنى ۋە باشقا ئامىللارغا ئاساسەن 1300 - يىللىرى دەپ تەھلىل قىلغان. ئەمەلىيەتتە بۇ ئاشۇ سىخ مەتبەئە ھەرپىنىڭ ئىشلىتىلىشتىن قالغانلىقى ۋە پىچەتلىنىپ ساقلانغان يىل چېكىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئويۇلغان ھەم ئىشلىتىلگەن يىل دەۋرى جەزمەن بۇنىڭدىن ئېخىمۇ بۇرۇن، ئاددىيسى ۋاڭ جېن 1298 - يىلى ياغاچ نابورلۇق مەتبەئەدە كىتاب باسقان ۋاقىتتىن بۇرۇنلا بولۇشى لازىم. ئۇيغۇرلار دۇنيادا نابورلۇق مەتبەئە ھەرپلىرىنى ئەڭ دەسلەپ ئىختىرا قىلغۇچى ۋە ئىشلەتكۈچىلەردۇر.»②

دېمەك، نەق ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە بۇلارغا ئاساسەن ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، كۆچمە ھەرپلىك نابورنى ئۇيغۇرلار ئەڭ دەسلەپ قوللانغان، ئۇنىڭ ۋاقتى مىلادىيە 10-ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىگە مەنسۇپ دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەتبەئەچىلىك ئىشلىرىنىڭ كۆلىمى ھەرخىل تىللاردىكى باسما بۇيۇملارنىڭ بولغانلىقى بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ.③

تۇرپان ئويمانلىقىدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، تاڭغۇتچە، تۈبۈتچە، سانسكرىتچە ئويما باسما ئەسەرلەر بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ؛ ئەلۋەتتە ئويما باسما ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن يېزىقلار ئىچىدە ئۇيغۇر يېزىقى يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.④

تۈپلەش تېخنىكىسى جەھەتتە، قوچو ئۇيغۇرلىرى شۇ مەز-

---

① مۇنىرى ئىرزىنىنىڭ يۇقىرىقى بەتلەردە كۆرسىتىلگەن ماقالىسىغا قارالسۇن.
② ياڭ فۇشۇ: «دۇنخۇاڭدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت سىرلىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر خەۋەرلىرى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1991 - يىلى 1 - سان، 24 - بەت.
③ ④ليۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، بىرىنچى قىسىم(2)، 248 -، 249 - بەتلەر.

گىلەردە ۋۇجۇدقا كەلگەن ھەممە ئۇسۇلنى، ئېيتايلۇق، تۇرمەل شەكلى، قاتلىما شەكلى، ياپراق شەكلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشلەتكەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ مەتبەئەچىلىك تارىخىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋە بېيىتىشتىكى تۆھپىسى يۇقىرىقىلار بىلەنلا ئۆلچەنمەيدۇ. كىشىلەرنى تېخىمۇ ھاياجانغا سالىدىغان ھادىسە شۇكى، مەتبەئەچىلىكنىڭ غەرب دۇنياسىغا تارقىلىشىدا، ئۇيغۇرلار زور رول ئوينىغان.

پروفېسسور سۇببىيخەي «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە قوشقان گەۋدىلىك تۆھپىسى» دېگەن ماقالىسىدە: «ئۇيغۇرلاردا ياغاچقا ئويۇلغان كۆچمە ھەرپ ۋە ئويما مەتبەئەنىڭ بولغانلىقى ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە قارىغاندا بۇرۇن ئىدى»① دەيدۇ.

تارىخشۇناسلارغا شۇ نەرسە ئايانكى، ياۋروپادا ئويما مەتبەئەچىلىكنىڭ ئەڭ بالدۇر كەشىپ قىلىنغان ۋاقتى 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىدى. بۇ چاغدا مەتبەئە پەقەت دىنىي ھەيكەللەرنى ياساشقىلا قارىتىلغان بولۇپ، پەقەت 15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە ئاندىن كىتاب بېسىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن. ئەمدى كۆچمە ھەرپلىك نابورنىڭ كەشىپ قىلىنىشىغا كەلسەك، بۇ خىل ئۇسۇلنى بىرىنچى قېتىم ئىجاد قىلغان كىشى 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ياشىغان گېرمانىيىلىك گودېنبورگىي ئىدى. ئۇ 1450 ـ يىلى كۆچمە ھەرپلىك نابورنى كەشىپ قىلىپ، كىتاب بېسىشقا ئىشلەتكەن.

بۇ كەشپىياتلارنىڭ ھەممىسى شەرقنىڭ مەتبەئەچىلىك تارىخىدىن خېلى يىللار كېيىن بارلىققا كەلگەن.

ئالىملار شۇ نەرسىنى تەھقىقلەپ چىقتىكى، ياۋروپاغا مەتبەئەچىلىك ھۈنىرى شەرقتىن بارغان، كارتېرنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، بۇ خىل ھۈنەر موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋاستىچىلىكى ئارقىلىق تارقالغانىكەن. ئۇنىڭچە، تارقىلىش يوللىرى مۇنداق: بىرىنچى، رۇسىيە ئارقىلىق ياۋروپاغا تارقالغان؛ ئىككىنچى، ياۋروپادىن جۇڭگوغا

① «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە) ، 1987 ـ يىلى، 1 ـ سان، 32 ـ بەت.

كەلگەنلەر ئارقىلىق ياۋروپاغا تارقالغان؛ ئۈچىنچى، پېرسىيە ئارقى-
لىق ياۋروپاغا تارقالغان؛ تۆتىنچى، مىسىر ئارقىلىق ياۋروپاغا تارقال-
غان. لېكىن، ئۇ مەتبەئەچىلىكنىڭ تارقىلىشىدىكى مۇھىم تۈگۈننىڭ
ئوتتۇرا ئاسىيا ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ
جەھەتتىكى رولىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك قو-
بۇل قىلغانىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئە بۇيۇملىرىنىڭ مۇھىم رول
ئوينىغانلىقى بۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چىڭ-
گىزخاننىڭ ئۇيغۇر ئېلىنى ئىستېلا قىلىشى ئەڭ دەسلەپكى داغدۇغى-
لىق ھەرىكىتىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان (مىلادىيە 1206-يىلى).
مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ئۇيغۇرلار موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ مۇھىم
بىر قىسمى بولۇپ قالماستىن، بەلكى موڭغۇللارنىڭ ئاقىللىرى بو-
لۇپ قالغان. ئۇلار موڭغۇل تىلىنى خاتىرىلەشكە باشلىغان. ئۇلار
ئۆزلىرىنىڭ يېزىقىنى ئۇ تىلنى خاتىرىلەشكە قوللانغان. موڭغۇللار-
نىڭ ئوردىسىدا خەت پۈتۈشكە توغرا كەلگەندە، ئۇلارنىمۇ ئۇيغۇرلار
بېجىرگەن، چىڭگىزخان بىر نەپەر ئۇيغۇرنى ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ
ئۇستازى قىلىپ بەلگىلىگەن، «ئۇلارنى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئوقۇت-
قان، قانۇن ۋە قائىدە ئۆگەتكەن». چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىلىرىنىڭ
ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى پېرسىيە دۆلىتى ۋە مېسوپوتامىيىنىڭ
دەپتەردارلىرى (باش بوغالتىرلىرى) ۋە مۇھىم ئەمەلدارلارنىڭ ھەم-
مىسى ئۇيغۇرلار ئىدى. كېيىنچە تۇرپان موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ
كۆپىيىشى بىلەن كۈچى ئاجىزلىشىپ، ئورنى بارغانسېرى تۆۋەنلىدى،
ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ئومۇميۈزلۈك ھالدا قاراقۇرۇم (يۈەن سۇلالىسى
دەۋرىدە يۇقىرى ئاستانە دەپ ئاتالغان) غا يۆتكىلىپ، موڭغۇللارنىڭ
بارلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىغا ئايلاندى. كېيىنچە ئىمپېرىيىنىڭ
شەرقىدە تەدرىجىي يوسۇندا ناھايىتى يۇقىرى بولغان جۇڭگو مەدەنىيى-
تىنىڭ ئورنىغا دەسسىدى، غەربىي چېگراسىدا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ
ئورنىغا چىقتى. موڭغۇللار چاقماق تېزلىكىدە ئۇرۇش قىلىپ، جۇڭ-
گو، پېرسىيە، مېسوپوتامىيە ۋە رۇسىيىنى ئىستېلا قىلدى. موڭ-
غۇل قوشۇنلىرى ئېلىپ كەلگىنى دەل ئۇيغۇر تۈركىيلىرىنىڭ مەدەنى-

يېتى ئىدى. ئۇيغۇر تۈركىيلىرى بولسا مەتبەئەچىلىككە پىششىق مىللەت ئىدى». ①

فرانسىيىلىك مەتبەئە تارىخى مۇتەخەسسىسى پېئىر گۇسمانمۇ مەتبەئەچىلىكنىڭ غەربكە تارقىلىشىدا ئۇيغۇرلارنىڭ رولى بارلىقىنى مۇنداق يەكۈنلىگەن: «جۇڭگونىڭ مەتبەئە تېخنىكىسى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە ئىككى خىل يول ئارقىلىق ياۋروپاغا تارقالغان بولۇشى مۇمكىن، بۇنىڭ بىرى، دەل ئۇيغۇرلار بىلەن ئالاقە قىلىپ كېيىن گوللاندىيىگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئەرمەنلەر مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى ياۋروپاغا ئېلىپ كىرگەن؛ يەنە بىرى، گودىنبورگي پراگادا تۇرغان مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق رۇسىيىگە، ئاندىن يەنىمۇ غەربكە سۈرۈلگەن بۇ تېخنىكىنى ئىگىلىگەن بولۇشى مۇمكىن.» ②

دېمەك، ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن پىششىق ئىگىلەنگەن شەرق مەتبەئەچىلىكىنى غەربكە ۋە ياۋروپاغا موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ يېتىپ بېرىشى بىلەن ئۇيغۇرلار ئېلىپ بارغان.

بۈگۈنكى كۈندە بىز سانسىزلىغان مەتبەئە ماتېرىياللىرىنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە، مەتبەئەچىلىك ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ھەسسە قوشقان خەنزۇ ۋە ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ دۇنيا مەرىپەت مۇنبىرىدە سەلتەنەتلىك تەقدىرنامە بىلەن مۇكاپاتلىنىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلماي تۇرالمايمىز.

20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى بىرقانچە ئون يىلىدا ئۇيغۇر ئالىمى، دوكتور ياسىن ھوشۇر مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىشى توغرىسىدا مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بىرقەدەر ئۆزگىچە ھەم يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شەرق ـ غەرب قاتنىشىنىڭ شىمالىي لىنىيىسى مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىشىدىكى ئاساسلىق يول بولغان. ③

---

① «جۇڭگو مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ غەربكە تارقىلىشى»، خەنزۇچە نەشرى، 126 ـ، 127 ـ بەتلەر.

② «ئاسىيا كىندىكى»، 2000 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان «قەبىر ئابىدە، تىكلەيدۇ» دېگەن ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

③ ياسىن ھوشۇر: «مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىش لىنىيىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «ئاسىيا كىندىكى»، 2000 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى سانىغا قارالسۇن.

# § 7 . تېبابەتچىلىك

## 1. شىنجاڭ تېبابەتچىلىكىنىڭ كېلىپ چىقىشى

تېبابەتچىلىك — ئىنسانلارنىڭ كېسەللىككە شىپا، ئاغرىقىغا داۋا قىلىدىغان خاسىيەتلىك كەسىپ.

ئىنسانلار ئەقلىنى تاپقاندىن تارتىپ، ھاياتىنى ئاڭلىق كونترول قىلىپ كەلگەن، يەنى كېسەللەرگە ئامال قىلىپ، ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۆمرىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن ھەر خىل چارە - تەدبىرلەرنى ئويلىغان ۋە ئىشلەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە تېبابەتچىلىك مۇھىم تەدبىرلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىپ كەلگەن.

ئىنسانلارنىڭ تېبابەتچىلىك ئىشلىرى تەييار، تەبىئىي دورىلاردىن پايدىلىنىدىغان ئىپتىدائىي، ناتۇرال تېبابەتچىلىك دەۋرى ۋە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن دورىلاردىن پايدىلىنىدىغان مەدەنىي تېبابەتچىلىك دەۋرى دېگەن ئىككى باسقۇچقا ئايرىلىدۇ. ئالدىنقىسىنىڭ راۋاجى يەنە ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىك دەپمۇ قوللىنىلىدۇ، كېيىنكىسى غەرب تېبابەتچىلىكى دەپمۇ قوللىنىلىدۇ.

ئىپتىدائىي تېبابەتچىلىك قەدىمكى زاماندىلا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇ كۆچلۈك يەرلىك خاسلىققا ئىگە، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىدا تەسىرلىك رول ئوينىغان.

مەدەنىي تېبابەتچىلىك ئىپتىدائىي ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىكتىن ئۆسۈپ چىققان ۋە ئۇنىڭ راۋاجى بولغان. ئۇ ھازىرقى دۇنيادا «غەربچە داۋالاش» دېگەن نام ئاستىغا چۈشۈپ قالغان. غەربچە داۋالاش ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق داۋالاش ئەمەلىيىتى جەريانىدا توپلىغان ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىكىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن. تەركىبى مۇرەككەپ، يىلتىزى چوڭقۇر، تارىخى ئۇزۇن ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىكتىن مۇستەسنا ھالدا غەربچە داۋالاش — غەرب تېبابەتچىلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

شىنجاڭ تېبابەتچىلىكى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، ئۇ شەرق - غەرب تېبابەتچىلىك سەھنىسىدە مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە.

مەيلى غەربنىڭ غەربچە داۋالاش ئۇسۇلى بولسۇن، مەيلى ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنى مەركەز قىلىپ بارلىققا كەلگەن جۇڭگوچە داۋالاش — خەنزۇ تېبابىتى ( 中医 ) ئۇسۇلى بولسۇن، دىققەتكە سازاۋەر ساھەلىرىدە غەربىي يۇرت تېبابەتچىلىكىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشتىن داجىيالمىغان.

شەرق تېبابەتچىلىكى يىراق غەربكە ۋە غەرب تېبابەتچىلىكى يىراق شەرققە تەسىر كۆرسىتىشتە شىنجاڭ — ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئۆتمۈشتە بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان مۇساپە تۈگۈنى ئىدى. ئۇ بۇ جەرياندا ۋاستىچىلىك رولىنىمۇ شۇنداق ئۇتۇقلۇق ئورۇندىغان.

شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىكىنىڭ ئاساسى ياكى غولى ئادەتتە ئۇيغۇر تېبابىتى دېگەنلىك. چۈنكى ئېلىمىز ھۆكۈمىتى سەھىيە تارماقلىرى ئېتىراپ قىلغان جۇڭگودىكى مىللىي تېبابەتچىلىك ئىچىدە خەنزۇ تېبابىتى (جۇڭگو تېبابىتى، يەنى جۇڭيى) ، موڭغۇل تېبابىتى، زاڭزۇ تېبابىتى، دەيزۇ تېبابىتى قاتارلىقلار بىلەن قوشۇلۇپ سانىلىدىغان بەش چوڭ تېبابەتچىلىكنىڭ بىرى ئۇيغۇر تېبابىتى ئىدى.

ئۇيغۇر تېبابىتى غەربىي يۇرت، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ قەدىمكى خەلقلەر ۋە ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ياشىغان قوۋم-قەبىلىلەرنىڭ مۇنەۋۋەر تېبابەتچىلىك ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان ھەم ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىش يىلتىزى ۋە شەكىللىنىشىگە بىۋاستە كۈچ قوشقان خەلقلەرنىڭ ئېسىل ئەم - ئىرىمچىلىك كەسپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن شانلىق داۋالاش خەزىنىسى، جۇڭگونىڭ تېبابەتچىلىكىگە قوشۇلغان غايەت زور ھەسسە.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى بىۋاستە تۇرمۇشتىن ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋە مىڭلىغان يىللاردىكى تەجرىبىلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن.①

ئۇيغۇر تېبابىتى — خەلقنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل - پاراسىتى ۋە تەجرىبىلىرىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ ئاڭسىز ۋە ئاڭلىق يوسۇندىكى ئەملەش پائالىيىتىدىن ئۆسۈپ چىققان، خەلق ئارىسىدىكى نۇرغۇنلىغان ئوتاچىلار (ئەمچىلەر، ئاتاساغۇنلار، باخشىلار، ئىرىمچىلار ۋە

① ئا. سۇھەيل ئۈنۋەر: «ئۇيغۇرلاردا تېبابەتچىلىك»، 1936 - يىلى، ئىستانبۇل، تۈركچە نەشرى.

تېۋىپلار) نىڭ ۋاستىلىك ياكى بىۋاسىتە، نەتىجىلىك ياكى نەتىجىسىز تەجرىبىلىرى، دورىگەرلىك ئىقتىدارىنىڭ توپلىنىشى، رەتلىنىشى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. شۇ جەريانلارنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىللىرىدە مەشھۇر ھۆكۈما، تېۋىپ تەلىماتلىرى ئارقىلىق روشەن گەۋدىلىنىپ بارغان، ئۇلارنىڭ ھەممىشە ھالقىلىق تۆھپىلەرنى قوشۇپ تۇرۇشىنى تەقەززا قىلغان ھەم ئاخىرى مۇستەقىل، سىستېمىلىق، مۇكەممەل تېببىي ئىلىمگە ئايلانغان.

مېدىتسىنا پەنلىرى تەتقىقاتچىسى ۋاڭ شياۋشيەن «يىپەك يولىدىكى تېبابەتچىلىك ئالاقىلىرى تەتقىقاتى» (王孝先：«丝绸之路医药学交流研究») ناملىق كىتابىدا، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازغان: «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ناھايىتى يىراق مەنبەدىن باشلانغان بولۇپ، غەربىي يۇرتتىكى ئەڭ قەدىمكى يېڭى تاش قورال دەۋرىدىن كېلىپ چىققان، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ... ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى تارىخى ئۇزۇن بىر تېببىي ئىلىم. ئۇ قەدىمكى يۇنان تېبابىتىگىمۇ، قەدىمكى ئەرەب تېبابىتى ۋە قەدىمكى ھىندىستان تېبابىتىگىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئىلىمىزنىڭ غەربىي يۇرتىدىكى ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا كېسەللىكلەر بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانىدىكى تەجرىبىلىرىدىن توپلىغان خۇلاسىسى، شۇنداقلا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تېبابەتچىلىك بىلىملىرى بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچرىشىپ، تەدرىجىي شەكىللەندۈرگەن مۇكەممەل تېببىي نەزەرىيە سىستېمىسى ۋە خاسلىققا ئىگە كىلىنىكىلىق تەجرىبىسىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇر تېبابىتى قېرىنداش مىللەتلەر تېبابىتىگە ئوخشاش، ۋەتەن تېبابىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئىلىمىزنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسى. تۆت چوڭ ماددا (زات) نى نەزەرىيىۋى سىستېما قىلىپ شەكىللەنگەن مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە مول تەجرىبىگە ئىگە مىللىي تېبابەتچىلىك». ①

غەربىي يۇرت تېبابىتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئالامەتلىرىنى قەدىمكى تارىملىقلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدىن سۈرۈشتە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

① شۇ كىتاب، 66 ـ، 67 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

كۆنچى دەرياسى ۋادىسى ئۆردەكلىك — گۈمۈگۈ قەبرىستانلىقى ئىزىدىن (3800 يىل مۇقەددەم) تېپىلغان ئايال جەسەت يېنىدىن بىر باغلام چاكاندا چىققان. چاكاندا باغلىمىنىڭ جەسەتكە ھەمراھ بولۇپ قېلىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس، چۈنكى چاكاندا لوپنۇر چۆللۈكى، كۆنچى دەريا ۋادىسىدا ئۇچرايدىغان بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكى، قەدىمكى ئۆردەكلىكلەرنىڭ چاكاندىنى ئادەتتە خالىغانچە يەپ بېقىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. چاكاندا تەركىبىدە بىئولوگىيىلىك ئىشقار — چاكاندا ئىشقارى، يېشىل چاكاندا ئىشقارى، ياسالما چاكاندا ئىشقارى قاتارلىق خىمىيىلىك تەركىبلەر بار. بۇ خىل بىئولوگىيىلىك ئىشقار بەدەننى تەرلىتىپ، قىزىتمىنى ياندۇرىدۇ، يۆتەلنى توختىتىدۇ ھەم شامالدىن تەگكەن زۇكام، كانايچە ياللۇغى، ئۆپكە ياللۇغى، نەپەس سىقىلىش كېسەللىكىنى داۋالاشتا مەلۇم ئۈنۈم بېرىدۇ، بەلكى خام يېسىمۇ رولى بولۇۋېرىدۇ. قەدىمكى قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىنغانلار چاكاندىنىڭ بۇ خىل دورىلىق خۇسۇسىيىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال رولىنى تولۇق بىلىپ كېتەلىگەن دەپ ئېيتالمىساقمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر خىل شىپالىقىنىڭ بارلىقىنى مەلۇم تەرەپتىن ئىگىلەپ يەتكەن بولۇشى مۇمكىن، يەنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيىتىدە چاكاندىدا ئۆزلىرى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغان بىر خىل سىرلىق سېھرىي كۈچ بارلىقىنى ھېس قىلىشقان. ئۇلار لوپنۇر چۆللۈكىدىكى شۇنچە كۆپ ئۆسۈملۈكلەردىن چاكاندىغا ئاشۇنداق پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەت بەرگەن. ھەتتا ئۇنى ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىدىغان مەبۇد قىلىۋالغان. مانا بۇنى شىنجاڭدا ئەمچىلىك ئىشلىرىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىغا مەنسۇپ تارىم ۋادىسى، بولۇپمۇ خوتەن ۋە كورلا بوستانلىقلىرىنىڭ گىرۋەكىدىكى جايلىرىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردىن تېپىلغان جەسەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يۈز — كۆزلىرى پەرداز قىلىنغان، بەدەنلىرى بويالغان ھالەتتە بولغان. بۇ خىل ئەھۋالنى ئىككى خىل نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. يەنى بىرى، ئېستېتىك نۇقتىدىن، قەدىمكى كىشىلەر گۈزەللىككە ئىنتىلىپ، ئۆز بەدەنلىرىنى كۆركەم، جەزبدار قىلىش ئۈچۈن، بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانغان، يەنە بىرى، بىرىنچىسىنىڭ

ئاساسىي ماددا سەۋەبى بولۇپ، قەدىمكىلەر پاشا، يەنى قۇرت - قوڭغۇزلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن يۈز - كۆز ياكى بەدەنلىرىگە سىغىز لاي سۈركۈۋېلىش، يۈزىگە قېتىق سۈركۈۋېلىش، ياغلىۋېلىش، قاقلىنىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلغان. بۇ قەدىمكىلەرنىڭ «كېسەللىك سىرتتىن يۇقىدۇ» دەپ قارايدىغان ساددا ئەمچىلىك قارىشىنىڭ ئىنكاسى.

غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى زامان تېبابەتچىلىك تارىخىدا بۈگۈنكى زامان كىشىلىرىنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇرىدىغان يەنە باشقا كەشپىياتلارمۇ بولغان. مەسىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى يېقىنقى يىللاردا تۇرپان جىلغىسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى يىل دەۋرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 475 — 221 - يىللار ئارىلىقىغا مەنسۇپ 26 قەبرىنى قازغان. بەزى جەسەتلەرنىڭ بەلۋېغىغا ئېسىلغان تېرە خالتىدا يۇمشىتىلغان ۋە كاللەك دورا بار، بەزىلىرىنىڭ بەلۋېغىدا بەل بەلگىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا كۈمۈش ھەل بېرىلگەن، بەزى جەسەتلەرنىڭ كۆكرىكى ۋە قورساق قىسمى ئوپېراتسىيە قىلىنغان بولۇپ، ئوپېراتسىيە قىلىنغان جايلار چاچ ۋە قىل بىلەن تىكىپ قويۇلغان، بەزى جەسەتلەرنىڭ يۈزىگە گۈل چېكىلگەن.①

بۇلار ئەينى چاغدا تۇرپاندا تېبابەتچىلىكنىڭ مەلۇم سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ تېبابەتچىلىكى تارىخىي زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن، دىنىي ئېتىقادچىلىق بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى.

ئىپتىدائىي دىنىنىڭ مۆتىۋەرلىرى، شامان دىنىنىڭ پېرىخون - داخانلىرى ئەپسۇنكەشلەر ۋە ئەمچىلەرنىڭ ئۇستىسى ئىدى. زوروئاستېر دىنىدىكى ماگىلار، مانى دىنىدىكى مانى ياكى ماناخلار، ئىسلام دىنىدىكى ئۆلىمالارنىڭ كۆپى دېگۈدەك، تېبابەتنى پىششىق بىلىدىغانلار جۈملىسىدىن ئىدى.

ئۇيغۇر تېبابىتى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، ئاددىيلىقتىن سىستېمىلىششقا يۈز-

① «شىنجاڭدا تېرە كېيىم كىيدۈرۈلگەن 10 دىن ئارتۇق جەسەت تېپىلدى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1993 - يىل 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى سانى.

لىنىپ، خۇراپىي روھىي ئەمچىلىكتىن ماددىي دورىگەرلىكنى ئاساس قىلغان، مۇھىت كۆتۈنۈشى ۋە روھىي ئىلھاملاندۇرۇشنى قوشۇمچە قىلغان تېبابەت ئىلمى بولۇپ شەكىللەندى.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى تېببىي پائالىيەتنىڭ بىر تارمىقى سۈپىتىدە، مېدىتسىنالىق ئىلمىي تونۇشنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، تەبىئىي يەن ھېسابلىنىدۇ.

ئۇ ئۆز ئالدىغا بىر قاتار تېببىي كۆزقاراش سىستېمىسىنى ياراتقان، يەنى كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەب ـ خاراكتېرى توغرىسىدىكى تەلىمات، دورىگەرلىك ۋە داۋالاش ئۇسۇلى بار. بۇلار ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ خاس گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان.①

## 2. قەدىمكى زامان تېبابەتچىلىكىگە دائىر بەزى ئۇچۇرلار

(1) فازىباي، جىۋا، لىۋشى، چىمەنقۇلى، نانتۇ، بىجى زەنباشلا

فازىباي. دۇنيادىكى نۇرغۇن مەدەنىي مىللەتلەرنىڭ تېبابەتچىلىك تارىخىدا نۇرغۇن كېسەللەرگە داۋا تاپالايدىغان خاسىيەتلىك تېۋىپلارنىڭ ئوبرازى مۇقەددەس خاراكتېرلىك ھادىسە ۋە ئۈچۈر سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇنى شۇ خەلقلەر ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدۇ، چوڭقۇر ئېتىقاد بىلەن تىلغا ئالىدۇ. مەسىلەن، ھام ـ سام تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەر، ئىرانلىقلار ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا «لوقمان ھېكىم» دېگەن كامالەتكە يەتكەن تېۋىپنىڭ ئوبرازى ئەسىرلەر بويى كېزىپ كەلمەكتە. خەنزۇ خەلقى ئارىسىدا بولسا «خۇاتۇ» نىڭ نامى ناھايىتى مەشھۇر. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنە «ئاتاساغۇن» دېگەن بىر تېۋىپ ئوبرازىمۇ بەك داڭلىق. فازىباي توغرۇلۇق شىنجاڭدا ھازىرغىچە ساقلانغان ماتېرىياللار يوق، پەقەت ھىندىستان مەنبەلىرىدە بۇ توغرۇلۇق خاتىرە قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا رىۋايەتلىك تۈس ئالغان. شۇنداق بولسىمۇ، بىز فازىباينىڭ تارىم ۋادىسىدا ياشىغان مەشھۇر تېۋىپلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى، ياكى ھېچ بولمىسا دېگەندە لوقمان، خۇاتۇغا ئوخشاش نامى خەلق ئارىسىدا ئەسىرلەر بويى ساقلانغان خاسىيەتلىك تېۋىپ

---

① ئا. مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ قىسقىچە تارىخىي تەسۋىرى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1984 ـ يىلى 3 ـ سان، 58 ـ بەت.

ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز.

ھىندىستاندا مىلادىيە 1200 - يىللىرى يېزىلغان «ھەدىقەلتۇل ئەقالىم» (ھەرقايسى ئەللەر تەزكىرىسى) دېگەن ئەسەردە مۇنداق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان: تىرىم (تارىم) يايلىقىدىكى غازىباي قەدىمكى خوتەن رايونى دائىرىسىدىكى نۇرغۇن دورىلارنى يەكۈنلەپ 312 بابلىق دورىلار قوللانمىسى يازغان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان يۇنانلىق ئالىم ئەپلاتون ئۆز شاگىرتلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن. ئۇلار مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئالتە ئاي تاغ - دەريالارنى كېزىپ غازىبايىنى تاپقان. غازىبايىنىڭ يۇرتىدا ھەر خىل مېۋە - چېۋىلەرنىڭ يەرلەرگە تۆكۈلۈپ ياتقانلىقى، بىنەپشە بەدىيان، سانا، يۇمغاقسۇت، ئوغرىتىكەن، ئاق لەيلى، لالە ئوت، ئاچچىق تاۋۇز قاتارلىق نەچچە مىڭ خىل ئوت - چۆپ، دورىلارنىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ ھەممىلا يېرىنى قاپلىغانلىقىنى كۆرگەن. غازىبايىنىڭ 312 ماددىلىق بۇ كىتابىنى ھەيرەتتە كۆرۈپ، تەھسىن - ئاپىرىن ئوقۇغان ھەمدە ئەپلاتوننىڭ ھەرخىل ئىلىملەر تەھسىل قىلىدىغان ئالىم ئىكەنلىكى، ئەگەر ئەپلاتون بۇ ئەسەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالىسا غازىباي ۋە تارىم خەلقىگە زور ياردەملەر بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.①

بۇ مەلۇماتلار بىزنى غازىبايىنىڭ ھاياتى ۋە تېببىي ئىلىمگە قوشقان تۆھپىسىنى ئۆگىنىپ كۆرۈشكە قىزىقتۇرىدۇ. بۇ يەردە بىزنىڭ پەقەت «غازىباي» نىڭ ئىسمى توغرىسىدا ئىككى كەلىمە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتۈشكە قۇربىمىز يېتىدۇ. «غازىباي» «غازى» ۋە «باي» دېگەن ئىككى ئىسىمدىن بىرىككەن ئىسىم بولۇپ، «غازى» ئىسلام دىنىغا خاس ئاتالغۇ، ئۇ «ئۇرۇشتا غەلىبە قازانغان، ئۇرۇشتا ھايات قالغان، باتۇر» دېگەن مەنىسى بار. «باي» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئىنچىل قوللىنىلىپ كېلىنگەن ئىسىمدىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن «غازىباي» مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4 - ئەسىرلەردە «غازى» دېگەن ئىسلام دىنىغا خاس ئىسىمنى ئىشلەتكەنمىدۇ دېگەن گۇمانىي قاراش كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭغا ھازىرچە شۇنداق جاۋاب بېرىشكە بولىدۇكى، خەلق ئارىسىدا ئۇزۇن يىللار نامى مەشھۇر بولغان بۇ تېۋىپنىڭ نامىشەرىپى

① ئا. قادىر: «ئۇيغۇر تېبابىتى قەدىمكى ئەسەر كاتولوگى ۋە ئۇلارغا ئىزاھات»، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى» ژۇرنىلى، 1992 - يىللىق 3 - سان، ئۈرۈمچى.

ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزگىرىش ياساپ، خەلق ئۇنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئىسىمغا ئالماشتۇرۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن.

جىۋا. جىۋا (324 —؟) قەدىمكى كۇسەن خانىنىڭ سىڭلىسى بولۇپ، مەشھۇر ئالىم كۇماراجىۋانىڭ ھەم ئانىسى ئىدى، ئەقىللىق، بىلىملىك، زېرەك، ئىرادىلىك، مېھرىبان ئايال ئىدى. ئۇ بۇددا ئىلمى ۋە باشقا ئىلىملەر قاتارىدا تېببىي ئىلىمگىمۇ قىزىققان بولۇپ، بۇ ساھەگە بېغىشلاپ بىر كىتاب يازغان، ئۇنى كىشىلەر «جىۋا ئىچكى بەش ئەزا توغرىسىدا» دەپ ئاتىغان. بۇ كىتابنى ئاپتور دەسلەپ قانداق تىل ـ يېزىقتا يازغانلىقى مەلۇم ئەمەس، ئېھتىمال قەدىمكى كۇچالىقلارنىڭ ئەدەبىي تىلى بولغان توخرى تىلىدا يېزىپ چىققان بولسا كېرەك. بۇ كىتابنى تەخمىنەن 383 ـ يىللىرى كۇماراجىۋا خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان. مەزكۇر ئەسەرنىڭ نامى جېڭ چياۋ يازغان «ئومۇمىي تەزكىرە. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەققىدە» («通志 . 艺文») ۋە تۇتۇ قاتارلىقلار يازغان «سۇڭنامە. ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كۆپ خىلدىكى نۇسخىلىرى تارقالغان، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىدىن كېيىن ئېلىمىزدە ئۇچرىمايدىغان بولۇپ قالغان. ئەمما 15 ـ ئەسىردە چاۋشيەندە تۈزۈلگەن «تېببىي رېتسېپلارنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلغان توپلىمى» دېگەن كىتابنىڭ 4 ـ تومىغا ئۇنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنلىرى كىرگۈزۈلگەن. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياپونىيە دەنپۇچېنتىڭ مەھكىمىسى «تېببىي رېتسېپلارنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلغان توپلىمى» نى ئاساسەن ئۇنى تەھرىرلەپ مىغ مەتبەئەدە بېسىپ چىقارغان. بۇ ئەسەرنىڭ شىنجاڭدىن تېپىلغان نۇسخىسى تۇرپاندىن كەمتۈك ھالەتتە قېزىۋېلىنغان. ئۇ، قېلىن بىر دەپتەر قىلىنغان ئىككى كىتابتىن ئىبارەت بولۇپ، دەپتەرنىڭ ئۇلۇغ تەرىپى مەزكۇر ئەسەر، تەتۈر تەرىپى «تېببىي رېتسېپلار جەۋھىرى» دېگەن كىتابتىن ئىبارەت. بۇلارنى، لىكوك بىلەن گرون ۋېدىلار 1902 — 1903 ـ يىللىرى تۇرپاندىن ئەكەتكەن.

ليۇشى. ھون نەسلىدىن بولۇپ، تېببىي ئىلىمنى ئىگىلىگەن. ليۇشى «رېتسېپلار» دېگەن بىر كىتاب يازغان بولۇپ، ئۇنىڭغا نەچچە ئون خىل رېتسېپ كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ ئىچىدىكى تازىلانغان شورنى قايتا كرىستاللاشتۇرۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلار ھازىرغىچە ساقلىنىپ

كېلىشۋاتقان ئەڭ بۈرۈكتى خاتىرە ھېسابلىنىدۇ.① ئۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن

چىمەنتۇلى. ئۇ 7 ـ ئەسىردە شىنجاڭدا ياشىغان داڭلىق تېۋىپ. بىراق ئۇنىڭغا دائىر خاتىرىلەر كۆپ ئەمەس. پەقەت سىما گۇاڭ يازغان «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئۆرنەكلەر» «资治通鉴» ناملىق كىتابتا تاڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇڭ خانى دەۋۋار (风胲疾) يەنى باش قېيىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغاندا، چىمەنتۇلىنىڭ داۋالاپ ساقايتقانلىقى سۆزلەنگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ نامى غەربىي يۇرتتىن ئىچكىرى جايلارغا بېرىپ يەتكەن.

نانتۇ. ئۇ 8 ـ ئەسىردە ئۆتكەن كۇسەن (كۇچا) لىك تېۋىپ ۋە ئالىم. ئۇ مىلادىيە 730 ـ يىلى ئەلچىلىك خىزمىتى بىلەن كۇچادىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغان. ئۇ بۇ چاغدا نۇرغۇن دورا ـ دەرمەك ۋە دورىگەرلىك سايمانلىرىنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ بارغان. نانتۇ ئۆزى ئېلىپ بارغان تېببىي مەنتۇلاتلار ۋە ئۆزىنىڭ تېبابەتچىلىكتىكى ماھىرلىقى، ئۇستىلىقى بىلەن خەنزۇ تېۋىپلىرى ئارىسىدا يۇكسەك مەۋقەگە ئىگە بولغان.② ئا. سۇھەيل ئۈنۋەر نانتۇنى توخارىستانلىق ئۇيغۇر ئىدى، دەپ يازغان.

بىجى زەنباشلا. 8 ـ ئەسىردە ياشىغان داڭلىق تېۋىپ، بەزى مەنبەلەردە شىراخان دېگەن نام بىلەنمۇ ئۇچرايدۇ.

بىجى زەنباشلا قەدىمكى خوتەن ئېلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ھەم تېببىي ئىلىم ئىگىلەپ، تونۇلغان ئەمچى بولۇپ يېتىشكەن ۋە بۇددىست سۇپىتىدىمۇ مەشھۇر بولغان.

8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، زەنباشلانىڭ داڭقى تىبەتكە يېتىپ بارغان بولۇپ، تىبەت خانى ئۇنى ئۆز ئېلىگە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېتىپ، تېبابەتچىلىكى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بەرگەن. ئۇ بىر مەزگىل ئۇردا ئەمچىسىمۇ بولغان. بۇ جەرياندا ئۆزى تەرجىمە قىلغان③ «تېبابەتچىلىكنىڭ بىباھا دەستۇرى»، ④ «جاراھەت

---

① لى دى: «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىلىم پەن ـ مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1987 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى.

② ئا. سۇھەيل ئۈنۋەر: «ئۇيغۇرلاردا تېبابەت»، 1936 ـ يىلى ئىستانبۇل، تۈركچە نەشرى، 13 ـ بەت.

③ قايسى تىلدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئېنىق ئەمەس، نامەلۇم تىلدىن تىبەت تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولسا كېرەك.

④ ماتېرىياللاردا ئۇ تەرجىمە قىلغان كىتاب 10 نەچچە دېيىلگەن.

كېسەللىكلىرىنىڭ تەپسىرى»، «مېيىتنىڭ رەسىملىك كۆرسىتىلىشى»، «مانىنا① ھەققىدە بىباھا دەستۇر» قاتارلىق كىتابلارنى تىبەت خانى چىدىبۇ مۇرەنگە تەقدىم قىلغان. خان مەخسۇس كىشى بۇيرۇپ، بۇ كىتابلارنى توپلام قىلدۇرغان ۋە ئۇنىڭغا «خانلىق جەمەتىنىڭ كۆتۈنۈش ۋە ساقلىنىش ساقلاش قامۇسى» دەپ نام بەرگەن.

زەنباشلا تىبەت ئوردىسىدا ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن ئەمچىلىك قىلىۋاتقان خەنزۇ ئەمچى زىلىڭ شەنشۇ، ھىندىستان ئەمچىسى دىما رىزا قاتارلىقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ «خەنزۇ دىيارىدىكى تومۇر تۇتۇشنىڭ سىرلىرى»، «ئىششىق ياندۇرۇشنىڭ رېتسېپلىرى»، «قاناتقۇ زەدىجىرى»، «فۇنكسىيە قىلىش ماھارىتى»، «كۆتۈنۈش ئەڭگۈشتەرلىرى» قاتارلىق 30 نەچچە پارچە تىببىي دورىگەرلىك ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىققان ھەمدە «ئوردا ـ ھەرەم تەپسىلاتلىرى»، «مۇرەككەپ كېسەللەرنىڭ بايانى» قاتارلىق كىتابلارنى تەرجىمە قىلغان.

زەنباشلا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا «ئادەم ئورگانىزم ئاناتومىيەسىنى ئۆلچەش قىممىتى»، «سېرىق تاشلىق بىجى كالامى» (كېسەل داۋالاش، تومۇر كېسىش سىرلىرىنى مەزمۇن قىلغان كىتاب) قاتارلىق يىرىك ئەسەرلەرنى تىبەت خانى چىسۇلڭ دېزەن (مىلادىيە 754 — 797 ـ يىللار) گە تەقدىم قىلغان. كېيىنچە، «سېرىق تاشلىق بىجى كالامى» دېگەن كىتاب «خاننىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش دەستۇرى» دېگەن نام بىلەن ئوردىدا ئەتىۋارلىنىپ ساقلانغان.

زەنباشلا كۆپلىگەن خاس تىببىي كىتابلارنىمۇ يازغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىزگە مەلۇم بولغىنى «تىرىك تەننى ئۆلچەش»، «جەسەت ئاتلىسى» ياكى «جەسەتنى ئېنىقلاش ئاتلىسى» («活体测量»، «尸体图鉴书») قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.②

زەنباشلا 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئۆز يۇرتىغا — شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن ۋە كېيىنكى ئۆمرىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزگەن دەپ قارىلىدۇ.

(2) قارۇشتى ۋە خوتەن يېزىقىدىكى تىببىي خاتىرىلەر

قارۇشتى يېزىقىدىكى تىببىي خاتىرىلەر: مىلادىيە 2 — 4 ـ

---

① مانىنا — ئۇسۇملۇكلەر شېكىرى — ياتتاق شېكىرىگە ئوخشاش.
② «بىلىم — كۈچ» ژۇرنىلى، 1990 ـ يىلى 9 ـ سان، 28 ـ بەت، ئۇرۇمچى.

ئەسىرلەردە تارىم ۋادىسىدا نامەلۇم كۆپلىگەن ئەمچىلەر ئۆتكەن. ئۇلار ئۆز تەجرىبىلىرى ئاساسىدا تۈرلۈك رېتسېپلارنى قالدۇرغان ۋە ئۇلارنى تارىشلارغا يېزىپ ساقلىغان ھەم ئۇلاردىن پايدىلانغان. 19 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى بۇ خىل قارۇشتىچە تىل ـ يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن پۈتۈكلەردىن كۆپ ساندا تېپىپ، ئۇنى بىرقۇر رەتلەپ «قارۇشتى يېزىقى بىلەن يېزىلغان تارىشا پۈتۈكلەر» دەپ نام بەرگەن.

قارۇشتى يېزىقى مىلادىيە 2 — 3 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن شىنجاڭدا قوللىنىلغان يېزىق ئىدى. «قارۇشتى يېزىقى بىلەن يېزىلغان تارىشا پۈتۈكلەر» دە يىرىڭلىق ئىششىق، ئۆگۈنچە كېسىلى، قارا تەمرەتكە، قوتۇر كېسىلى، ھامىلدار بولۇش، بويىدىن ئاجراش قاتارلىق تېبابەتچىلىك ئاتالغۇلىرى ۋە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە دائىم قوللىنىلىدىغان دورا ئىسىملىرى خاتىرىلەنگەن.①

«قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر، دىكى پارچە خاتىرىلەردىن ۋېي، جىن، جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر مەزگىلى (مىلادىيە 420—581 ـ يىللار) دىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.»②

قەدىمكى خوتەن تىلىدىكى تېببىي ھۆججەتلەر: بۇ ھۆججەتلەر قەدىمكى خوتەنلىكلەرنىڭ تېبابەتچىلىككە دائىر ئەمگەكلىرىنىڭ نەتىجىسى. ئۇلارنىڭ يىل دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيە 6 — 9 ـ ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. خوتەن تىلىدىكى تېببىي ھۆججەتلەر تەرجىمە ھۆججەتلەر ۋە خاس ھۆججەتلەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تەرجىمە تېببىي ھۆججەتلەر ئاساسەن سانسكرىت ۋە تۈبۆت تىلىدىن قەدىمكى خوتەن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان؛ خاس تېببىي ھۆججەتلەر بولسا قەدىمكى خوتەنلىكلەر قەدىمكى خوتەن تىلىدا يازغان ھۆججەتلەردىن ئىبارەت. بۇلار شىنجاڭدىن تېپىلغان.

«سىددخاسارا» ۋە «جىۋاكاپۇستاكا» لار سانسكرىت تىلىنىڭ قاپىيىلىك شەكلىدە يېزىلغان تېببىي ھۆججەتلەر ئىدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ سانسكرىتچە ئەسلىي نۇسخىسىمۇ ساقلىنىپ قالغان.

---

① لىن يېن: «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ساھەسىدىكى مەشھۇر تېۋىپلار ۋە ئەسەرلەر»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1989 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىكى سانى.
② ۋاڭ شياۋشەن: «جۇڭگو يولىدىكى تېبابەتچىلىك ئالاقىلىرى تەتقىقاتى»، 75 ـ بەت.

ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، «سىددخاسارا» تەخمىنەن 650-يىللىرى كىتاب ھالىتىگە كەلگەن. ئۇنىڭ ئاپتورى ھىندىستانلىق راۋىگوپتا ئىدى.

بۇ كىتاب دەسلەپ تۈبۈت تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. قەدىمكى خوتەنلىكلەر تۈبۈت تىلىدىن قەدىمكى خوتەن تىلىغا تەرجىمە قىلغان ھەم تەرجىمە جەريانىدا سانسكرىتچە نۇسخىسىدىنمۇ پايدىلانغان. ئۇنىڭ قاچان تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئېنىق ئەمەس. بۇ كىتابنىڭ خوتەنچە تەرجىمە نۇسخىسىدىن 64 بەت ساقلىنىپ قالغانىكەن.

«سىددخاسارا» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغىمۇ تەرجىمە قىلىنغان.

«جىۋاكا پۇستاكا» — بۇ تېببىي ھۆججەتنىڭ ئەسلىي ئىسمى ئېنىق ئەمەس بولۇپ، خوتەنشۇناس خ. ۋ. بىلى مۇشۇ ئىسىمنى ۋاقىتلىق قويۇپ تۇرغان. بۇ ئەسەرنىڭ سانسكرىتچە نۇسخىسى ھەم قەدىمكى خوتەنچە نۇسخىسىمۇ بار. ئۇنىڭ 73 بەتلىك قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان.

«جىۋاكاپۇستاكا» «سىددخاسارا» غا قارىغاندا كېيىنرەك مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئالدىنقىسى كېيىنكىسىدىن ماتېرىيال ئېلىپ ئىشلەتكەن. بۇ ئەسەر خوتەن تىلىدىكى تېببىي ھۆججەتلەرنى بەكمۇ قىممەتلىك چۈشەنچىلەر بىلەن تەمىنلىدى.①

يۇقىرىقىلاردىن باشقا تېببىي ھۆججەتلەر چەت ئەللەردە ساقلانماقتا، بۇلارنىڭ بەزىلىرى خوتەنشۇناسلار تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنغان.

قەدىمكى خوتەنچە تېببىي ھۆججەتلەر شىنجاڭ تېبابەتچىلىكىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە قەدىمكى خوتەن تىلى بىلەن سانسكرىت تىلىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىش، ھىندىستان بىلەن شىنجاڭ، جۈملىدىن ئېلىمىز جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت، تېببىي ئىلىم ساھەسىدىكى ئالاقىسىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم ۋاستىلىك رول ئوينايدۇ.

## 3. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى تېبابەتچىلىك

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە باشقا ساھەلەرگە ئوخشاشلا تېبابەت-

① ر. ئې. ئىمرىكنىڭ «خوتەن ھۆججەتلىرى قوللانمىسى» ناملىق ئەسىرىگە قاراڭ.

چىلىك ئىشلىرىمىز يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بۇ مەزگىلدىكى تېبابەتچىلىك مەيلى سەۋىيە جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى سىستېمىلىشىش جەھەتتىن بولسۇن ياكى شىپالىق ئۈنۈمى جەھەتتىن بولسۇن، خېلىلا تاكامۇللاشقانىدى.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى تېبابەتچىلىكنى جانلىق ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن تەمىن ئەتكۈچى مۇھىم ماتېرىيال «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان تېبابەتچىلىك ھۆججەتلىرى» دۇر. گېرمانىيە ئارخېئولوگلىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپان رايونىدا مۇشۇ ھۆججەتلەرنى قېزىپ ئېلىپ كەتكەن ۋە ئۇلارنى رەتلەپ، يۇقىرىدىكى ئىسىم بىلەن تەتقىق قىلغان ھەمدە ئېلان قىلغان. تەتقىقاتچى ئۈنۈۋەر سۇھەيل بۇ ھۆججەتلەر ئۈستىدە توختىلىپ: «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە دائىر بۇ ئەسەر بىر يەردىن تەرجىمە قىلىنغان نەرسە بولماي، بەلكى ساپ يەرلىك بىلىملەرگە يۆلەنگەن ۋە ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ تەجرىبە، كۆزىتىشلىرىگە ئاساسلانغان ھالدا يېزىلغان» دەيدۇ.

بۇ ھۆججەتلەرنىڭ قىممىتى توغرۇلۇق «جۇڭگو تېببىي قامۇسى» تارماق تومى «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى» نىڭ 1 ـ جىلد كىرىش سۆزىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان تېبابەتچىلىك ھۆججەتلىرى» دىن مەلۇم بولۇشىچە، «بۇنىڭدىن 1000—1400 يىللار ئىلگىرىلا ئۇيغۇر تېۋىپلىرىمىز كېسەللىكلەرنى تېرە كېسەللىكلىرى، كۆز كېسەللىكلىرى، قۇلاق، بۇرۇن ۋە بوغۇز كېسەللىكلىرى، چىش كېسەللىكلىرى، نېرۋىغا تەئەللۇق كېسەللىكلەر، نەپەس ئېلىش سىستېمىسى كېسەللىكلىرى، يۈرەك كېسەللىكلىرى، ھەزىم قىلىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى، ھەر تۈرلۈك ئىچكى كېسەللىكلەر، سۈيدۈك يولى ۋە جىنسىي ئەزا كېسەللىكلىرى، جەراسىم (مىكروب، ۋىرۇس) كېسەللىكلىرى ۋە تازىلىق، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدىكى نەسىھەتلەر قاتارلىق 12 چوڭ تۈرگە ئايرىغان. يەنە بىر يۈرۈش مۇقىم دورا ئۆلچەملىرى بولغان. بۇ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ بۇنىڭدىن 10 نەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا خېلى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقى ۋە مۇكەممەل سىستېما بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.»

شىنجاڭنىڭ 100 خىلدىن ئارتۇق داڭلىق دورا ماتېرىيالى ۋە

ئۇلارنىڭ ئۇنۇمى تونۇشتۇرۇلغان بۇ ھۆججەتلەرنىڭ چەت ئەللەردىكى تەسىرى خېلى چوڭ. مەسىلەن، ئۇنۋەر سۇھەيلىنىڭ «ئۇيغۇرلاردا تېبابەت» ناملىق كىتابىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىلدە مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە گېرمانىيىدە مۇنداق نەرسىلەر بولمايۋاتقان ئەھۋالدا، گۈزەل ۋە بۈيۈك مەدەنىيەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۆز ئەجدادلىرى بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىق».

«ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان تېبابەتچىلىك ھۆججەتلىرى» بەلگىلىك ئىلمىي ۋە ئەمەلىي قىممىتى بىلەن چەت ئەللەردىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىغان. بۇ ھەقتە ئۇنۋەر سۇھەيلىنىڭ ئەمگىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك. ئۇ 1936 ـ يىلى ئىستانبۇلدا «ئۇيغۇرلاردا تېبابەت» ناملىق كىتابنى ئېلان قىلىپ، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تېبابىتىنى سىستېمىلىق شەرھلەپ، ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمىگە باھا بېرىپ مۇنداق يازغان: «ئۇ چاغلاردا پۈتۈن دۇنيا بويىچە سېھرىي ـ جادۇدەك مەنىۋى ئۇسۇللار بىلەن كېسەل داۋالاشقا ھەرىكەت قىلىش ھۆكۈمران بولۇپ تۇرغان ئەھۋالدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي يوللار بىلەن كېسەللىكلەرنى داۋالاش چارىلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەنلىكى بەك ئەھمىيەتلىكتۇر. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى تەرەققىيات دەرىجىلىرىنى بىزگە كۆرسىتىپ بېرىدۇ.»

خېلى يىللاردىن بېرى ئېلىمىزدىمۇ قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى تېببىي ئىلىمغا دائىر ھۆججەتلەرنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش خىزمەتلىرى ئىشلىنىپ، بەلگىلىك ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە تېبابەتچىلىككە دائىر بۇنداق نادىر ئەسەرلەرنىڭ يېزىپ قالدۇرۇلۇشى، ئەينى زامانلاردا تېببىي ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تېبابەتچىلىكتە كامالەتكە يەتكەن ئەمچىلەرنىڭ بولغانلىقىدىندۇر. ئەپسۇسكى، كۆپچىلىك ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ تەرجىمىھالى دەۋرىمىز كىشىلىرىگە نامەلۇم. پەقەت ئاز ساندىكىلىرىنىڭلا قىسقىچە ئەھۋالى ۋاسىتىلىك تارىخىي خاتىرىلەردە ساقلىنىپ قالغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئارغۇن سارىق (ئارغۇن سالى)، سادىمىش، يۇجۇ، دىھارما (答里麻)، قۇسقۇي،

ئۆراساڭ (ئەنزاڭ ؟ 1293 - يىلى ۋاپات بولغان)، گۆەن يۈنشى، نىزەر، يۈچۈرنىچ قىيا ( 月举连赤海牙 ) قاتارلىقلار بار.

قارغۇن سارىق، يۈجۇ، ئۆراساڭ، گۆەن يۈنشى قاتارلىقلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدىن بولۇپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغان ھەم ئۇ يەردە ئىلمىي، مەمۇرىي خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، قوشۇمچە تىببىي ئىلىم بىلەن شۇغۇللانغان. دىھارما (بەزى ماتېرىياللاردا تارىم دەۋېلىنگەن)، قۇسقۇي، نىزەر، يۈچۈرنىچ قىيا قاتارلىقلار يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە خاس ساقلىقنى ساقلاش، ئەمچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ۋە شۆھرەت قازانغان. نىزەر ( 聂只耳 ) يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بېيجىڭدا تەسىس قىلىنغان «گۇاڭخۇيسى» ( 广惠司 مېھىر - شەپقەت شىپاخانىسى) ناملىق شىپاخانىنىڭ باش ئوتاچىبېگى (مۇدىر ۋىراچ) بولۇپ ئىشلىگەن. لۇ مىڭشەن يازغان «يېزا ئىگىلىك بىلىملىرىدىن ئاساس» دېگەن ئەسەردە، تىببىي دورىگەرلىكنىڭ خام ئەشيالىرىدىن بىرى بولغان ئۆسۈملۈكلەر ھەققىدە مەلۇماتلار بېرىلگەن.

دىھارما (مىلادىيە 1279 — 1348 - يىللار) تۇنيۇقۇقنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، تۇرپاندا تۇغۇلغان. يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلغاندا بېيجىڭغا يۆتكىلىپ خىزمەت قىلغان، جۈملىدىن 1307 - يىلى ئۇ يۈەن سۇلالىسى ئەمچىلىك مەھكىمىسى نىڭ (药院) دارۇغاچى — ئەمچىبېگى بولۇپ تەيىنلەنگەن.

قوچو رايونىنىڭ تېبابەتچىلىكى ئۆزىنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى قوشنا خەلقلەرگە يەتكۈزۈپ، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت ئالاقە مەزمۇنىنى بېيىتقان.① تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سۇن سىماۋ يازغان جۇڭگونىڭ تىببىي دورىگەرلىك قامۇسى—«بىباھا رېتسېپلار» ( « 千金方 » ) نىڭ 15 - جىلدى ۋە «تاشقى كېسەللىكلەرگە ئائىت مەخپىي رېتسېپلار» ( « 外台秘要 » ) نىڭ 14 - جىلدىدا قوچونىڭ مىلادىيە 659 - يىلى ئوردا تەرىپىدىن ئالىملارنى تەشكىللەپ تۈزۈلگەن «يېڭى دورا ئۆسۈملۈكلىرى» ( « 新修本草 » ) گە غەربىي يۇرتتىن چىقىدىغان

① ۋاڭ شاۋشەن: «يېپەك يولىدىكى تېبابەتچىلىكنىڭ ئالاقىسى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 219 - بەت.

114 خىل دورا نامى كىرگۈزۈلگەن. «قوچونىڭ ئۆمۈر ئۇزارتىش دورىسى» تۇرپان رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ كېسەللىكلەرگە قارشى كۈرەش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن تېبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىكتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ بىرىدۇر.[1]

شىنجاڭ رايونىنىڭ تېبابەتچىلىكىنى ئەينى چاغدىكى قوچو ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن تۇرۇپ كۆزەتكەن ئۇنۇۋەر سوھەيل مۇنداق دەيدۇ: «مەيلى ۋاقىت، مەيلى مۇساپە جەھەتتە ئېيتقاندا، ... تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا قوللانغان تەدبىرى ۋە دورا - دەرمەكلىرىدە مەلۇم پەرقلەر بولسىمۇ، ھەممىسىنىڭ بىر مەنبەدىن، يەنى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدىن شاخلاپ چىققانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن». ئۇنۇۋەر سوھەيل يۇقىرىقى قاراشنى تولۇقلاپ: «ئۇيغۇرلار كۈچلۈك بىر تېبابەتكە ھەم ئىگە بولۇپ، ئۇنى ئەتراپىدىكى ئەللەرگىمۇ تارقاتقانىدى. شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە ئاناتولىيە (تۈركىيە) دىكى خەلق تېبابىتىنىڭ كۆپلىگەن جەھەتلەردىن ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئوخشاشلىقى بار» دەيدۇ.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ئىلمىي قىممىتى ۋە تەسىرى ھەققىدە ئالىملار ئىلمىي باھالارنى بېرىپ ئۆتكەن. ئۇنۇۋەر سوھەيل مۇنداق يازغان: «پەقەت ئىلىم ساھەسىدىلا ئەمەس، تېبابەتچىلىك ساھەسىدىمۇ بۈيۈك تەسىرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەسىرداش مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا ھەر تەرەپتىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىرپانىنى، ئىلمىنى، تېبابەتچىلىكىنى ئاسىيادا ئۇيغۇرلار مۇھاپىزەت قىلدى.»

كورېيىلىك خې سۇلىنىڭ «ئىسلام ۋە تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ يىراق شەرققە تارقىلىشى»[2] ناملىق ئەسىرىدىكى بايانلارغا قارىغاندا، يۈەن سۇلالىسىنىڭ كورېيىنى ئىشغال قىلىشى بىلەن، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ تېبابەتچىلىكى بىلەن بىرگە خەنزۇ تېبابەتچىلىكىنىمۇ كورېيىگە ئېلىپ بارغان.

---

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 155 - بەت.
② شۇ كىتاب، ئەنقەرە، 1988 - يىلى تۈركچە نەشرى، 172 - بەت.

## 4. قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى تېبابەتچىلىك

### (1) ئەبۇ نەسىر فارابى ۋە ئۇنىڭ مېدىتسىناغا ئائىت ئىلمىي ئەمگەكلىرى

فارابى — تولۇق ئىسمى ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد ئىبنى تارخان ئىبنى ئۇزلۇق فارابى (870 — 950 - يىللار) دەسلەپ قارلۇق خانلىقىغا مەنسۇپ، كېيىنچە قاراخانىيلار سۇلالىسىگە تەۋە ئوتتۇرا ئاسىيا سىر دەريا بويىدىكى فاراب (جەۋھەر)، يەنى تۈركچە نامى ئوترار ياكى ئوترار كەنتتە تۈرك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. فارابى يىگىتلىك دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن ئەرەب خەلىپىلىكىگە بېرىپ، شۇ يەردە بىلىم سەۋىيىسىنى داۋاملىق تولۇقلاپ ھەم ئەتراپلىق بىلىم ئېلىپ، كاتتا ئالىمغا ئايلانغان. ئۇنىڭ ئىزدەنگەن ساھەلىرى ئىچىدە تېبابەتچىلىكمۇ بار بولغان. جۈملىدىن تېبىبىي ئىلىمغا دائىر تۆۋەندىكىدەك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان: «ماقالەتەينى نەفسى» (روھ ۋە پسىخولوگىيە)، «ئەلمەۋجۇداتىل مۇتەغەييىرە» (ئۆزگىرىپ تۇرغان شەيئىلەر)، «ئەلئەلقۇل كەبىر» (چوڭ ئەقىل)، «پەسىل ۋە ھاۋا كىلىماتى ھەققىدە»، «ئۇخلىغاندا چۈش كۆرۈش ھەققىدە»، «كالامى فى بايانى ئەئزائىل ھەيۋان» (ھايۋان جۈملىدىن ئىنسان ئەزالىرى ھەققىدە)، «كىتابۇل جۇنۇن» (ساراڭلىق كېسىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى)، «كىتابۇل ھېس ۋە ئىدراك»، «لىمازايەختەنىئۇل ئىنسان» (ئادەم نېمە ئۈچۈن خاتالىشىدۇ)، «ئۇمۇرى تەبىئىيە ھەققىدە» قاتارلىق ئەسەرلەردىن ئىبارەت.

### (2) يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ مېدىتسىنالىق كۆزقارىشى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ (تەخمىنەن 1018 — 1085 - يىللار) قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن مۇتەپەككۇر شائىر ۋە دۆلەت ئەربابى. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن نۇرغۇن ئىلىم تارماقلىرى بىلەن تونۇشۇشقا مەجبۇر بولغان. جۈملىدىن ئۆزى ئىگىلىگەن بىلىملەرنى سىستېمىلاشتۇرۇپ «قۇتادغۇبىلىك» (1069 — 1070 - يىللاردا) ناملىق داستانىدا ئەكس ئەتتۈرگەن.

ئالىملار «قۇتادغۇبىلىك»كە قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى دەپ باھا بېرىشمەكتە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسلى شائىر ياكى ئەدەبىياتچى بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ ئۆز دەۋرىدە مەۋجۇت بولغان نۇرغۇن ئىلىملەردىن خەۋەردار بولغان ۋە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى خېلى چوڭقۇر ئۆگەنگەن، تەتقىق قىلغان ۋە نەزەرىيىلەشتۈرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە تېبابەتچىلىككە دائىر ئىشلىگەن ئىشلىرىمۇ كىشىلەرنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدە دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدۇ.

ئۇنىڭ ھەتتا:

4640. ئۆتۈپ كۆپ زامان ئەر ھېكىم بولمىسا،
بولۇر ئادەم دېمەي، بىر ھايۋان دېسە.

5990. كىشى ھەر ئاغرىقتىن گەر ئۆلسە ئىدى،
تىرىك كىشى قالمايتتى يەردە زادى.

دېگەن مىسرالىرىغا قارىغاندا، شائىرنى تېبابەت بىلەن خېلىلا پىششىق تونۇشلۇقى بار ئادەم ئىكەن دېگەن چۈشەنچىگە كېلىش مۇمكىن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ شېئىرىي ئەسىرىدە تېۋىپلار ۋە تېبابەتچىلىك ھەققىدە ئايرىم، مەخسۇس توختىلىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن تېۋىپلار بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش ھەققىدە توختىلىپ، تېۋىپلارنىڭ پۈتۈن كېسەللەرگە داۋا قىلىدىغانلىقى، ئۇلارنى ئەزىز كۆرۈپ، ئۆزىگە يېقىن تۇتۇش ۋە ھۆرمەتلەش لازىملىقى ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىدۇ.

ئۇنىڭ مۇھىم ئۆھپىسى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ «تۆت خىلىت»، يەنى سەپرا، قان، بەلغەم، سەۋدا قاتارلىق ئاساسىي نېگىزىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىستېمىلاشتۇرۇشى ۋە نەزەرىيىۋىلەشتۈرۈشىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئومۇمەن، مۇئەللىپ تېبابەتچىلىك ساھەسىدە «تۆرت تادۇ» (تۆت زات) دىن ئىبارەت ئىلمىي تەلىماتنى پۇختا ئىلمىي ئاساس بىلەن مۇستەھكەملەپ، ئۇنى پۇت دەسسەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئېتىشكە ھەرىكەت قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ تېبابەتچىلىكنىڭ ئوبيېكتى ئادەم دېگەن چۈشەنچىدە بولغاچقا، ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ جىسمانىيىتىدىن تارتىپ، روھىي كەيپىياتىغىچە بولغان جەريانلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن

كۆزىتىدۇ ۋە مۇشۇ جەريانلارنى پۇختا بىلىش ئاساسىدا داۋالاشنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

مۇئەللىپ ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ بىر يىللىق ئۆمرىنى باھار، ياز، كۈز ۋە قىش پەسلى بىلەن يانداشتۇرىدۇ. ئاندىن ئادەمنىڭ بىر پۈتۈن ئۆمرىنى 40 ياشتىن تۆۋەن دەۋرى باللىق ۋە ياشلىق دەۋر، 40 ياش ۋاقتى بىر دەۋر (تولغان دەۋرى)، 60 ياش قېرىلىق دەۋرى دەپ ئايرىيدۇ.

مۇئەللىپ يۇقىرىقىلار ئاساسىدا، كىشىلەر ئالدى بىلەن ئۆز مىزاجلىرىنى بىلىشى كېرەكلىكى ۋە ئوزۇقلىنىشى، كۈتۈنۈشى زۆرۈرلۈكى ھەققىدە توختىلىدۇ.

مۇئەللىپ ئادەملەرنىڭ مىزاجىنى ئىسسىق، سوغۇق، ھۆل، قۇرۇق دېگەن تۆت مىزاجغا ئايرىيدۇ. جۈملىدىن ئادەم بەدىنىدىكى خىلىتلار (سۇيۇقلۇقلار) نىڭ ئۆزىگە خاس بولغان تەڭپۇڭلۇق ھالىتىنى ساقلاش ۋە ساغلام بەدەن بولۇشنىڭ بىر يۈرۈش داۋالاش نەزەرىيىۋى ئاساسلىرىنى ئىنچىكىلەپ شەرھلەش بىلەن ئادەم بەدىنىدىكى خىلىتلار بىر - بىرىگە قارىمۇقارشىلىقى ۋە بىر - بىرىگە تەقەززالىقى بىلەن ھاياتلىق مەۋجۇتتۇر دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

مۇئەللىپ ئادەملەرنىڭ جىسمانىيەت ۋە پسىخىك ھالىتىدىكى پەرقلەرنى تۆت تۈرگە ئايرىپ، ھۆل ئىسسىق، ھۆل سوغۇق، قۇرۇق ئىسسىق، قۇرۇق سوغۇق دەپ، ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاسلىق ھالىتىنى تۆت خىلىتنىڭ قارىمۇقارشىلىق خۇسۇسىيەت ئېتىبارى بىلەن تەڭشەشنى ۋە شۇ ئارقىلىق ساغلام بەدەنلىكنى ساقلاشنىڭ تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

مۇئەللىپنىڭ قۇرۇق سوغۇق دېگىنى «تۆرت تادۇ» نىڭ بىرى — تەبىئەتتىكى تۇپراق ماددىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئادەم بەدىنىدىكى ئىپادىسى سەۋدادۇر، ئۇنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇقتۇر. ھۆل ئىسسىق دېگىنى «تۆرت تادۇ» نىڭ بىرى — تەبىئەتتىكى ھاۋا بولۇپ، ئادەم بەدىنىدىكى ئىپادىسى قاندۇر. ئۇنىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىقتۇر. قۇرۇق ئىسسىق دېگىنى «تۆرت تادۇ» نىڭ بىرى — تەبىئەتتىكى ئوت بولۇپ، ئۇنىڭ ئادەم بەدىنىدىكى ئىپادىسى سەپرادۇر. ئۇنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىقتۇر. ھۆل سوغۇق دېگىنى

«تۆرت تادۇ» نىڭ بىرى ـــ تەبىئەتتىكى سۇ بولۇپ، ئۇنىڭ ئادەم بەدىنىدىكى ئىپادىسى بەلغەمدۇر.

دېمەك، مۇئەللىپ ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئەنئەنىۋى خىلىت نەزەرىيىسىنىڭ قائىدە ـ قانۇن، پرىنسىپلىرىنى چوڭقۇر ۋە تەپسىلىي چۈشەندۈرىدۇ ھەم ماددىنىڭ روھقا تەسىر قىلىدىغانلىقىنى ئىزاھلايدۇ.

(3) مەھمۇد كاشغەرى

مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» تە، ئۇيغۇرلار قەدىمكى زاماندا ئىشلەتكەن 150 خىلدىن ئارتۇق خام دورا، 50 خىلدىن ئارتۇق پىششىق دورىنىڭ ئۇيغۇرچە نامى ۋە بىرمۇنچە رېتسېپلار ھەم مال دوختۇرلۇقتا ئائىت مەزمۇنلارنى يېزىپ قالدۇرغان.

مەسلەن، ئانۇم (ماخاۋ)، چەكەك (چېچەك)، كەزىك (كېزىك)، ئەنۈچ (كۆزگە پەردە چۈشۈش)، ئاتقاق (ئاشقازان ياللۇغى)، تالاغۇ (قان تولغاق)، تۇماغۇ (زۇكام)، بالىغ (جاراھەتلىنىش)، سەگىل (داغ چۈشۈش) قاتارلىق كېسەللىك ناملىرى؛ ئالۇچىن (ئالۇچا)، ئۇزاغۇن، ئېگىر، ئاگدۇز (داسىن)، كەكرە تالقا (غورا ئۈزۈم)، بىبىلى (پىلپىل)، شوخلۇ (شوخلەك ـ ئىت ئۈزۈمى)، سارىغ تۇرما (سەۋزە)، چىندان (سەندەل)، مەندار (ماگدار)، بىترىك (پىستە)، باتمۇل (ئۇزۇن مۇچ)، كۆكنار قاتارلىق دورا گىياھلىرى؛ ئىبرۇك (قېتىقتا ياسالغان سۈرگە)، ئوترۇم (سۈرگە)، بوخسۇم (بودا) قاتارلىق پىششىقلانغان دورىلار؛ سۇزۇندە سۇ (تىندۇرۇلغان سۇ)، بەلىك (جاراھەت ئەسۋابى)، ئارقا جوق (ئېغىزغا دورا قۇيىدىغان قوشۇق) قاتارلىق تېببىي ئۈسكۈنىلەر تىلغا ئېلىنغان. شۇنىڭدەك مەھمۇد كاشغەرى قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدىكى «ئېگىر بولسا ئەر ئۆلمەس، ئاگدۇز بولسا ئات ئۆلمەس» دېگەن خەلق ماقالىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، مىڭلىغان يىللاردىن بۇرۇنلا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئېگىرنىڭ شىپالىق ئەھمىيىتىگە شۇ قەدەر يۇقىرى باھا بېرەلىگەن.

(4) ئىمادىدىن كاشغەرى

ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ داڭلىق تاشقى كېسەللىكلەر ئالىمى ئىمادىدىن كاشغەرى مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە كاشغەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن

بولۇپ، شۇ چاغدىكى بىلىم يۇرتى «مەدرىسە ساچىيە» دە مۇدەررىسلىك قىلىپ، تېبابەتچىلىك ئىلمىدىن دەرس ئۆتۈپ نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ جەمەتىدە يارىلانغانلارنى ئۇنىڭغا داۋالاتقۇزغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇر ساقلانغان. ئىمادىدىن كاشغەرىنىڭ «شەرھى ئەلقانۇن»، «شەرھى شىفا» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر «مەدرىسە ساچىيە» دە تېببىي دەرسلىك قىلىنغان. ئۇنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىلىرىگە شۇ چاغدىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانمۇ ئالاھىدە رازى بولۇپ ئىنئام بەرگەن.

(5) ئەللامە ئەلائىددىن مۇھەممەد خوتەنى (مىلادىيە 1150 — 1222 - يىللار)

ئەللامە ئەلائىددىن خوتەنىنىڭ شۇ چاغدىكى مەركىزىي شەھىرى يوتقاندا غوجى مۇھەممەد ئىسىملىك بىر دىنىي زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كاشغەر «ساچىيە مەدرىسى» دە ئوقۇپ، خوتەنگە قايتىپ تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ھەم نۇرغۇن شاگىرت يېتىشتۈرگەن.

ئۇ شۇ مەزگىلدە ئىسلام دىنى ئەھكاملىرىغا مۇۋاپىق «ئەلفىقھۇتتىببىيە» (تېببىي قانۇن) دېگەن كىتابنى يېزىپ، ئۇنى شۇ چاغدىكى تېببىي خادىملارنىڭ سادىر قىلغان خاتالىقلىرىنى شەرىئەت ھۆكۈمى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا قانۇن بويىچە جازا ھۆكۈم قىلىشتا ئاساس قىلغان. ئۇنىڭ يازغان نۇرغۇن ئەسەرلىرى ئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

## 5. يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى تېبابەتچىلىك

يەكەن خانلىقى (1514 — 1680 - يىللار) دەۋرىدە تېببىي ئىلمىغا ھەم كۆپ ئەھمىيەت بېرىلگەن، 1626 — 1627 - يىللىرى ئېلىنغان بىر قېتىملىق ستاتىستىكىدا، بۇ خانلىق تەۋەسىدىكى مەكتەپلەر 1690، مەدرىسە 573 ئورۇندا بولغان. يەنە بەزى مەنبەلەردە بۇ چاغدا قۇرۇلغان مەكتەپلەر جەمئىي 2263 كە يەتكەن دېيىلگەن.①

---

① «تەزكىرەئى ئابدۇرەشىدخان» (پارچە) «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن تېزىس»، 133 - بەتكە ئېلىنغان نەقىل، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى.

مەدرىسلەردىن داڭلىقراقلىرى مىرزا ھەيدەر مەدرىسى، ساقىيە مەدرىسى، شىپاھىيە، قەشقەر شەھىرى چاسا كوچىسىدىكى خانلىق مەدرىسە، ئوردا ئىشىكىدىكى ۋاڭلىق مەدرىسە، قازان مەدرىسى، ساچىيە مەدرىسى ۋە باشقا مەدرىسەلەرنىڭ ھەممىسىدە دىنىي دەرسلەرنىڭ سىرتىدا ئىلمىي فارائىز (تەقسىمات ئىلمى)، ئىلمىي ھەندىسە (گېئومېتىرىيە)، ئىلمىي نۇجۇم ـ تەقۋىم (ئاسترونومىيە) ۋە باشقىلار ئوقۇتۇلاتتى.①

يەكەن خانلىرى دۆلەتنىڭ باشقا ئىشلىرى قاتارىدا تىبابەتچىلىك ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەشكە كۆپ كۈچ چىقارغان.

لوقمان ھەزرىتىم «ھۆكۈما تەسنىفلىرى — تىببىي ھۆكۈمالار تەۋسىيە ـ نەسىھەتلىرى» (1881 ـ يىلى يېزىلغان) دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازغان: «ئەزىزانلار دەۋرى ـ دەۋران سۈرگەن زامانلار (يەكەن ـ سەئىدىيلەر خانلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ — نەقىلچىدىن) دا، تىببىي ئەللامەلەر، جەررايىكەر، ھۆكۈما شىپاگەرلەر، دورا ـ گىياھگەرلەر، باخشاگەرلەر، ئاختاگەرلەر ... ئالاھازەل ئەلنىڭ ئەزىزانلىرى، يۇرتنىڭ خىزرە ـ خەزىنىلىرى، ئاللا نۇسرەت ـ ئىنايەت ئاتا قىلغان دانىشمەنلەر ... دېيىلەر ئەردىلەر... تۆرت تۆرىنىڭ تۆرلىرى (ۋەزىرىل ئەزەم، پازىل ـ ئۆلىما، ھاكىم ـ ھۆكۈمدار، قازى ـ قۇززاتلار قاتارىدىكى يۇقىرى ئورۇن) دە ئەردىلەر... گۇفتار جۇلۇس ئابدۇرەشىدخان ئىبنى سۇلتان سەئىدخان ئەنە رەللامۇ بۇرھانەھۇ ئەمرى ۋاجىپ قىلىپدۇرلەركى: «ئوغۇللىرىم تېۋىپ ـ ھۆكۈمالارنى ئۇستاز، ئۇلۇغ بىلگەي، ئىلتىپاتتا ھۆرمەت، ئېتىباردا ئۇلارغا يارمەدەت بولغاي ... پىر ـ يارەن، كاتتا ـ كىچىك، پېقىر ـ مىسكىن، ياساۋۇل ـ سەرباز، پىداكار ـ پەرمانبەردارلارنىڭ جىمىكىسى ئەللامە، ھۆكۈما، ئەھلى ئىلىم ... ھاياتنى ھەممىدىن غەنىيمەت بىلگۈچى كارامەتكار مۇنەججىملەرنىڭ خاسىيەتلىك تەلىماتلىرىغا بېقىنغاي، ئۇلارنى ئۇلۇغلىغاي، نەزەرلىرىدىن ئۆتكەي، دۇئا، شىپا ـ شاپائەتلىرىدىن يىراقلاشمىغاي، باشلىرىدا كۆتۈرگەي، ئەمىن، پاراغەتلىك، مالالسىز، مەشغۇل ـ ئىستەك، مەئىشەت، رىزىق ئامەتلىرىنىڭ ئې-

① ف. خۇشتار: «قەشقەر يېقىنقى زامان تىبابەتچىلىكى ۋە مەشھۇر تېۋىپلار»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 28 ـ قىسىم، 313 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى.

شىپ بېرىلىشىغا، كەسپىي ھەۋەس، شىجائەتلىرىنىڭ راۋاجىغا يار-ھەمدەم بولغاي...،»①

دېمەك، يەكەن خانلىقى دەۋرىدە تېبابەتچىلىكنىڭ تۈپ نىشانىسى خېلىلا ئېنىق بەلگىلەنگەنلىكى ھەققىدە مەلۇماتلار بار: شۇنىڭغا ئاساسلانغاندا ئۇ مۇنداق: پۈتۈن جەمئىيەت مىقياسىدا تۆۋەندىكىلەرنى ئورۇنداش تەلەپ قىلىنغان: ① ئوزۇقلىنىشنى كۈچەيتىش؛ يېمەك-ئىچمەك ئادەتلىرىگە دىققەت قىلىش ـ لايىقلاشتۇرۇش؛ ② تۇز ئىستېمالىنى تەڭشەش؛ ③ ئالدىنى ئېلىشنى كۈچەيتىش، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ تۇرۇش؛ ④ زىيانلىق ئىچىملىك، چېكىملىكلەردىن ساقلىنىش، چەكلەش، سالامەتلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، كېسەل پەيدا قىلىدىغان ئامىللارنى يوقىتىش؛ مۇۋاپىق كىلىنىكىلىق داۋالاش تېخنىكىسىنى جانلاندۇرۇش؛ ⑤ سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش، يۈرۈشلەشتۈرۈش ھەم ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش.

ئابدۇرەشىدخان (1533 ~ 1559 ـ يىللار) ھۆكۈمران تەبىقىلەر خەلقىنىڭ سالامەتلىكى، ساپاسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتلەردە ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. «تەزكىرە پىر ـ ياران» ناملىق تەزكىرىدە، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان خانلىق پۇقرالىرى ئارىسىدا بولىدىغان قورقۇش، قايغۇرۇش، غەزەپلىنىش، خارلىنىشتەك ئەھۋاللارنى تەبىئىي كېسەللىك ئامىللىرى دەپ قارىغان ھەم مۇنەججىملەرنىڭ سۆھبەتلىرىدە: «... كىشى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمەكنى ئاغرىق ـ سىلاقتىن خالىي ئىزدىسە يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى ئىدىتلىق، مۇۋاپىق، يېتىپ قوپۇشىنى، ھەرىكەت ـ پاراغەتلىرىنى نورمال ئەھۋالدا، كەيپىياتلىرىنى غەشسىز قىلماقلىرى ھاجەت ۋە زۆرۈردۇر ...» دەپ تەۋسىيە قىلغان.

يەنە شۇ كىتابتا: «شاھىئالەم (ئابدۇرەشىدخاننى دېمەكچى) — ئىنسان ئۆمرىنى كۈن، لوقما، ئوزۇق، ھىممەتتىن، ئېتىقاد ئاشۇرار ... دەپ قارا ئېردىلەر ...»② دېيىلگەن. دېمەك، ئابدۇرەشىدخان پۈتۈن خانلىق تەۋەسىدە ئۆز مۇلازىملىرىدىن يېمەك ـ ئىچمەككە، ئىنسان نەسلىگە، ئىنسان تەقدىرىگە، ئىنسان غورۇرىغا ۋە ئىنسان ئېتىقادىغا

①② «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىلى 5 ـ سان، ئۇيغۇرچە.

زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزگۈچىلەرنى ھېچبىر ئاياۋسىز جازالاپ تۇرۇشـ
نى تەلەپ قىلغان.

«دورنات خازىكەنت خۇاجە پادىشاھ» دېگەن كىتابتا، شاھى ئابـ
دۇللا خان زامانى (1638 — 1667 ـ يىللار) دا، «... زامان ـ
زامانلار سەھىيە ـ تىبابەت ئەسىرى جارى بولمىغان زېمىنگە، تەندۇ
رۇسلۇق بالاغەتلىرى يېتىلمىگەن، مىجەزى سۇس، مادار ـ غەيرەتتە
بىچارە، زەئىپ تەن، نەسلى ئەرەجمەن، دەردى ئەلەمگە ۋارىس بىمار
مىسكىنلەرگە شىپا، تەدبىر تاپقۇچى ھاكىم، ئۆلىما، ھۆكۈما ـ
تېۋىپ، شىپاگەر ... گە خانلىق خەزىنىلىرى تەخىرسىز، شەرتسىز
ئېچىپ، ئاشكارىلاپ بېرىلەر ئىدىلەر ...»① دېيىلگەن.

دېمەك، يەكەن خانلىقى دەۋرىدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە، خانلىقـ
نىڭ تىبابەتچىلىك ئىشلىرىغا نۇرغۇن پايدىلىق ئىمكانىيەتلەر يارىتىلـ
غان. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ خىزمەت بەكلا تەرەققىي قىلغان.

يەكەن خانلىقى دەۋرىدە خېلى كۆپ نامدار تېۋىپلار ئۆتكەن،
بەزىلىرى خاس ئىلمىي تىببىي ئەسەرلەرنى يازغان ۋە بەزىلىرى باشقا
تىللاردىن تەرجىمە قىلغان.

بۇ دەۋردە نام ـ نىشانى بىلەن يېتىپ كەلگەن داڭلىق تېۋىپلاردىن
تۆۋەندىكىلەرنى ساناپ ئۆتۈشكە بولىدۇ:

مۇھەممەد مىرات بەگ ئەلى بەگ ئوغلى — ئۇ 17 ـ ئەسىردە
كاشغەردە ياشىغان ۋە ھىجرىيە 1150 ـ يىلى (مىلادىيە 1640 ـ
يىلى) كاشغەر شەھىرىدە «ئەغراز تىببىي» (تىبابەتچىلىك مەقسەتلىـ
رى) ناملىق تىببىي ئەسەرنى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ چىققان. بۇ
كىشىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن مىرات بەگ ئوغلى تەبىب نەسرۇللا ئاخۇنۇم،
نەسرۇللا ئاخۇنۇم ئوغلى تەبىب ئابدۇساتتار ئاخۇنۇم، ئابدۇساتتار
ئاخۇنۇم ئوغلى تەبىب مۇھەممەد سىدىق ئاخۇنۇملار ئىزچىل ھالدا
تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، يەكەن خانلىقى تىبابەتچىلىكىنى
دەۋرىمىزگە يەتكۈزۈپ بېرىشتە مۇھىم ۋاستىلىك رول ئوينىغان.②

مەۋلانە شىراز، خوجا نۇرىدىن — بۇ تېۋىپلار توغرۇلۇق مىرزا
ھەيدەر «تارىخىي رەشىدى» دە مۇنداق يازغان: «... سەئىدخان مەيـ

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1988 ـ يىلى 5 ـ سان.
② «ئۇيغۇر تىبابەت چولپانى»، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر شىپاخانىسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان قەرەلسىز ژۇرنال، 1985 ـ يىلى.

خورلۇقى تۇپەيلىدىن تېنى ناھايىتى زەئىپلىشىپ، ئاخىرى بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. ئۇمۇر بويى خاننىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كەلگەن مەۋلانە شىراز قابىلىيىتى ئەل ئىچىگە تونۇلغان، داۋالاش سەنئىتى كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، ئۇ خاننىڭ كېسىلى مۇھىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئېھتىياجلىق دېدى …»، ① «تاغامنىڭ كاشغەردە قېلىشىدىكى سەۋەب مۇنداق … كۈز (ياز) پەسلىدە كىلىمات ناھايىتى ئىسسىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ ئادەم بۇيرۇپ، يەرگە بىر ئاز چىم يېيىتىپ، چىم ئۈستىگە سوغۇق سۇ چاچقۇزۇپ، ئاندىن يالىڭاچ ھالدا چىم ئۈستىدە ئۇخلىدى. ئۇ ئويغانغاندىن كېيىن، پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، گەپمۇ قىلالمايتتى. سەئىدخان موغۇلىستانغا قىلغان سەپىرىدىن كاشغەرگە قايتىپ كەلدى. خوجا نۇرامۇ ئەنجاندىن بۇ يەرگە كەلدى … ئەتراپتىكىلەرگە، تەمسىل كەلتۈرۈپ: «كېسەلنىڭ ساقايغۇسى كەلسە دوختۇر ئۆزى كېلىدۇ» دېدى. بۇ سۆز تاغامنىڭ تەقدىرىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. خوجا نۇرا شەخسەن ئۇنى ئۆزى داۋالىدى»، ② «… سەپەر ئۈستىدە تاغام قىزىتما بولۇپ قالدى ھەمدە سۇلۇق ئىششىق، زىققا ۋە بەزگەك كېسەللىرىگە گىرىپتار بولدى. شۇڭا دىئاگنوز قويغىلى كەلگەن تېۋىپلار، مەسىلەن، خوجا نۇرا (نۇرىدىن)، ئابدۇۋايىد زوھۇرى، ھاجى شەمسىدىن ئېلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئامالسىز قالدى. ئەڭ ئاخىرى كېسەللىك ئەھۋالى ئېغىرلىشىپ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالدى. بۇ چاغدا خوجا نۇرا تۇرپاندىن يېتىپ كەلدى … تاغام بىر قانچە مىنۇتتا بىر قېتىم ھوشىدىن كېتىپ تونۇيالماس ئىدى. بۇ دانىشمەن تاغامنى داۋالاشقا باشلىۋىدى، كېسەل كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلىنىپ كەتتى.»③ بۇ بايانلاردىن، يەكەن خانلىقى ئوردىسىدا مەۋلانە شىراز، خوجا نۇرىدىن قاتارلىق ماھىر تېۋىپلارنىڭ بارلىقىنى بىلىپ يېتەلەيمىز.

## ھەكىم سۇلتان ئەلى ۋە «دەستۇرۇلئىلاج»

ھەكىم سۇلتان ئەلى (تەخمىنەن 1450 — 1550 ـ يىللار)

---

① «تارىخىي رەشىدى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ كىتاب 272 ـ بەت.

② «تارىخىي رەشىدى»، 2 ـ قىسىم، خەنزۇچە نەشرى، 327 ـ بەت.

③ «تارىخىي رەشىدى»، خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ قىسىم، 347 ـ بەت.

يەكەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ياشىغان مەشھۇر تېۋىپ بو-
لۇپ، 1520 — 1533 ـ يىللىرى يەكەن خانلىقىنىڭ مەركىزى يەكەن
شەھىرىدە تېببىي ئىلىم بىلەن شۇغۇللانغان ھەم شۇ يىللاردا سۇلتان
سەئىدخاننىڭ تەكلىپى بىلەن دەسلەپ پارس تىلى بىلەن، كېيىنچە
چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن «دەستۇرۇلئىلاج» (داۋالاش قوللانمىسى)
ناملىق چوڭ ھەجىملىك كىتابنى يېزىپ چىققان.

«دەستۇرۇلئىلاج» — شىنجاڭ تېبابىتىنىڭ نەزەرىيىۋى ئىلمى،
تەشرىھ ئىلمى (ئاناتومىيىسى)، فەنافىئۇل ئەزا (فىزىئولوگىيىسى)،
تەشخىس ئىلمى (دىئاگنوز ئىلمى)، دورىگەرلىك ئىلمى جەھەتلەردە
ئۆز ۋاقتىدا ئەتراپلىق ئىزدىنىپ يېزىلغان ئەسەر بولۇپ، باشقا تېببىي
ئەسەرلەردىن ئالاھىدە پەرقلىق بايانلار سۆزلەنگەن، دورا رېتسېپلىرى
چۈشىنىشلىك، ئاممىباب ۋە ئىخچام ئىپادىلەنگەن. كىتاب بىر مۇقەد-
دىمە، ئىككى ماقالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مۇقەددىمە 16 باب بولۇپ،
ھەربىر بابى بىرنەچچە پەسىل بىلەن تامام بولغان. مۇقەددىمىدە ئۇيغۇر
تېبابىتىنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرى، جۈملىدىن ساقلىقنى ساقلاش،
تېبابەت ئىلمىنى تونۇشتۇرۇش، ساقلىق ۋە كېسەللىك ئەھۋالى،
تومۇر ئەھۋالى قاتارلىق بىلىملەر بايان قىلىنىدۇ.

ئىككى ماقالىنىڭ بىرىنچىسىدە، ھەرقايسى ئەزالاردىكى مەخسۇس
كېسەللىكلەر سۆزلەنگەن بولۇپ، جەمئىي 25 باب، ھەربىر باب
بىرنەچچە پەسىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككىنچى ماقالىدە بىر ئەزاغا
مەخسۇس بولمىغان كېسەللىكلەر سۆزلىنىدىغان بولۇپ، جەمئىي
سەككىز بابقا بۆلۈنۈپ، ھەربىر بابى بىرنەچچە پەسىلگە بۆلۈنىدۇ.

«دەستۇرۇلئىلاج» — بەش ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان
شىنجاڭدا ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ زۆرۈر قوللانمىسى بولۇپ خىزمەت
قىلىپ كەلگەن، قولدىن قولغا ئۆتۈپ، كۆپ نۇسخا كۆچۈرۈلگەن،
تاش باسما نۇسخىسىمۇ بولغان. ھەكىم سۇلتان ئەلىنىڭ «دەستۇرۇل-
ئىلاج» ناملىق ئەسىرى ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسى-
گە ۋەكىللىك قىلىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.①

---

① بۇ كىتاب تېبابەت مۇتەخەسسىسى ھاجى مۇھەممەد باقى ئالىم تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، 787×1092 مىللىمېتىر، 16 فورمات، 36.75 باسما تاۋاق، 588 بەت ھەجىمدە، 4000 تىراژ بىلەن شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن 1999 - يىلى 7 - ئايدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۇسلۇبى بويىچە نەشر قىلىندى.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە پارسچىدىن «تىببىي يۇسۇفى»، «زەخرەگى خارەزىمشاھ» قاتارلىق تىببىي كىتابلارمۇ چاغاتاي تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

مولال ئارىپ خوتەنى (مىلادىيە 1564 ~ 1655 ـ يىللار)

مولال ئارىپ مىلادىيە 1564 ـ يىلى خوتەن ناھىيىسىنىڭ لاسكوي يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، كاشغەر، يەكەنلەردە ئوقۇپ، خوتەن خەلقىنىڭ ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىدا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان ھەم نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن.

ئۇنىڭ پارس، چاغاتاي، ئەرەب تىللىرىدا يازغان «گۈلدەستەئى ئافىيەت»، «تۈركىي دەستۇرۇلئىلاج»، «مۇجەررىباتى ئارىپ»، «ئەسرارۇننەبزى ۋەلبەۋلى ۋەلبىراز»، «مۇئالىجاتىل يوقرائى ۋە ئەملىل سەھرائى»، «رىسالى ئى فەسەد ۋە ھىجامەت» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

## 6. يەكەن خاندانلىقىدىن كېيىنكى مەزگىلدىكى تىبابەتچىلىك ئىشلىرىغا دائىر بەزى ئەھۋاللار

بۇ مەزگىلدە تىبابەتچىلىك ئىشلىرى نورمال يۈرۈشۈپ تۇرغان. شىنجاڭنىڭ جاي ـ جايلىرىدىن بىر تۈركۈم داڭلىق تېۋىپلار يېتىشىپ چىقىپ، خەلقنىڭ ساغلاملىق ئىشلىرىنى ياخشىلاشقا كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشۇپ تۇرغان. تۆۋەندە مەشھۇر تېۋىپلاردىن بىرقانچىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

ئوسمان بەگ — ئۇ 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خوتەننىڭ كېرىيە ناھىيىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، كاشغەر ۋە تۈركىيىلەردە ئوقۇغان. كېيىن خوتەنگە قايتىپ ئۇيغۇر تىبابەت ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنىسى مۇرات بەگ بىلەن بىرلىكتە داۋالاش ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، «شارائىتى سىھھەت» (ساقلىق شارائىتلىرى) ۋە «تەجرىباتى تىببىي» (تىبابەت تەجرىبىلىرى) دېگەن كىتابلارنى يېزىپ چىققان، بۇلار قازاندا بېسىلغان.

قىسسۇرى (مىلادىيە 1717 ~ 1827 ـ يىللار) — ئۇ پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن رايونىدا مولال ئەخمەت باقى غوجامنىياز ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كاشغەردىكى خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇپ، يۈر-

تىدا مۇدەررىسلىك ھەم تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ يازغان «رەۋزەتۇل زوھرا» 3000 مىسرالىق داستان بولۇپ، پەند - نەسىھەت، ئىبرەتلىك مەسەل ۋە ھېكايىلەر، چوڭقۇر پەلسەپىۋى قاراشلارغا ئىگە ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

قۇتبىددىنشاھ (مىلادىيە 1760 — 1866 - يىللار) — ئۇ يەكەن ناھىيىسىنىڭ ساپال كوچىسىدا ھۇسەيىنخان تەجەللى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ تېبابەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشتىن سىرت، مىسىر ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق دۆلەتلەردە ئوقۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن يۇرتى يەكەندە خەلقنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئىشلىرى بىلەن بىرگە شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن. كېيىن تەكلىپ بىلەن پاكىستان، ھىندىستان، ئافغانىستان، ئىران، ئىراق، ھىندونېزىيە، بۇلغارىيە قاتارلىق 40 نەچچە دۆلەتكە بېرىپ كېسەل داۋالىغان.

قۇتبىددىنشاھنىڭ ساقلىنىپ قالغان ئەسەرلىرىدىن «رىسالە ئىرشادۇسسالىھىن»، «سەپەرنامە»، «شېرىكنامە پەلەك» قاتارلىق قوليازما ئەسەرلىرى بار.

زورىخان (مىلادىيە 1780 — 1850 - يىللار) — ئۇ كاشغەر شەھىرى بەشكېرەم يېزىسىنىڭ چۇمبۇش كەنتىدە ئىمىن ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئانىسى پاتەمخان سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقتىن، زورىخان 11 يىل ئانىسىنى داڭلىق تېۋىپلارغا كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ داۋالاش، دورا تەييارلاش ئەمەلىي ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىپ ئاخىرى ئانىسىنىڭ كېسىلىنى ئۆزى داۋالاپ، يۇرت - مەھەللە ئىچىدە ئۇستا ئايال تېۋىپ دەپ تونۇلۇپ، 50 يىل ئەتراپىدا خەلقنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئىشلىرىغا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، خەلقنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. ئۇنىڭ «مۇئالىجاتىن نىسا» دېگەن قوليازما ئەسىرى تارقالغان.

بەدرىددىن سوپى ئاخۇنۇم — ئۇ كاشغەر شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، ئۆز زامانداشلىرى بىلەن بىرگە كۆپ ئەسىرلىك داۋالاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ شۆھرەت قازانغان. بەدرىددىن سوپى ئاخۇنۇمنىڭ تېبابەتچىلىك كىتابلىرىدىن كېسەل كىشىنىڭ تاشقى قىياپىتىگە قاراپ دىئاگنوز قويىدىغان «قىياپەتۇتتەشخىس» دېگەن قوليازما ئەسىرى بار.

جامالىدىن مەۋلىۋى (مىلادىيە 1817 — 1902 ـ يىللار) — ئۇ كۇچا ناھىيىسىدە تۇغۇلۇپ، كۇچا ساقىيە، كاشغەر خانلىق مەدرىسلىرىدە، كېيىن ھىندىستاننىڭ دىيۇبەندە سەككىز يىل ئوقۇغان مەشھۇر ئالىم ۋە مۆكۇما بولۇپ، ئۇزۇن يىل كېسەل داۋالىغان، نۇرغۇن شاگىرتلارنى تەربىيىلىگەن. ئۇنىڭ «ئەلئىشلاجى ئاب ۋە ئاتەش» دېگەن قولىيازما ئەسىرى خەلق ئىچىگە تارقالغان.

گۈلجەمىلەخان (مىلادىيە 1840 — 1910 ـ يىللار) — ئۇ كاشغەر شەھىرى بەشكېرەم يېزىسىنىڭ بۇچى كەنتىدە دۇنياغا كېلىپ، شۇ يېزىدىكى داڭلىق ئاياللار كېسەللىكى تېۋىپى قەمەرخاندىن تېبابەتچىلىك بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇزۇن يىل ئۆز خەلقىنى كېسەل ئازابىدىن قۇتقۇزۇش يولىدا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان، نۇرغۇن شاگىرت تەربىيىلىگەن. ئۇنىڭ «شىپائى خاۋاتون» دېگەن تېببىي رىسالىسى خەلق ئىچىگە تارقالغان.

جامالىدىن ئاقسارايى — ئۇ تەخمىنەن 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 18 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا خوتەن قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئاقساراي يېزىسىدا تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، كاشغەردە ئوقۇغان، كېيىن ھىندىستانغا بېرىپ ئۈچ جىلد، 494 بەتلىك چوڭ ھەجىملىك ئەسىرىنى ئەرەبچە يېزىپ، ئەسەرگە ئۆز يۇرتىنىڭ كەنت نامى «ئاقساراي» دەپ ئات قويغان. بۇ ئەسەردە تېبابەتچىلىك نەزەرىيىسى، ساقلىقنى ساقلاش، دىئاگنوز قويۇش، داۋالاش، دورىگەرلىك، ئاسترونومىيە، خىمىيە، فىزىكا، بىئولوگىيە، ماتېماتىكا، پسىخولوگىيە قاتارلىق مەزمۇنلار ئەتراپلىق، مۇكەممەل بايان قىلىنغانلىقتىن، 1899 ـ يىلى ھىندىستاننىڭ لەكنۇدا نەشر قىلىنىپ دېھلى ئۇنىۋېرسىتېتىدا 1939 ـ يىلغىچە تېببىي دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلگەن.

تەجەللى ھەزرىتىم (مىلادىيە 1848 — ؟) — ئۇ قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ زۇڭلاڭ يېزا ئايكەنتىدىكى ئالىم، ماھىر تېۋىپ قۇتبىدىنشاھ ھەزرىتىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنى ئاتا ـ ئانىسى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ مەككە شەھىرىگە ئاپىرىپ باشلانغۇچ مەلۇماتنى شۇ يەردە ئالدۇرغان. كېيىن ھىندىستاننىڭ دېھلى شەھىرىدىكى «دارىلئۇلۇم» دا، ئۇنىڭدىن كېيىن «ئىسپھان دارىلفۇنۇن» دا، كېيىن ئافغانىستاننىڭ «كابۇل دارىلفۇنۇن» بىدا ئوقۇتقان. تەجەللى ھەزرىتىم

ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، سەئۇدى ئەرەبىستانى، تۈركىيە، ئىران، ئىراق، سۈرىيە، رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ يەكەن، كاشغەر، قاغىلىق، گۇما قاتارلىق جايلاردا مۇدەررىسلىك قىلىش بىلەن بىرگە تېبابەتچىلىك قىلىپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرگەن. ئۇنىڭ «تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسىپلار توپلىمى» دېگەن قوليازما ئەسىرى خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان.

تەجەللى ھەزرەتلىرى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى بىلەن زامانىۋى تېبابەتچىلىكنى ئىجادىي بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئوپېراتسىيە ھۈنىرىنى ئىگىلەپ، قوييۇنچا (سوقۇر ئۈچەي كېسىلى)، ئېلىشىپ قېلىش (سارىڭ بولۇپ قېلىش) كېسەللىكىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ساقايتقان. تەجەللى ئوپېراتسىيە قىلغان كېسەللەردىن گۇما ناھىيەسىنىڭ تازغۇن دەرياسى بويىغا جايلاشقان كۆھتام (ھازىرقى كىلىياڭ يېزىسىنىڭ بىر كەنتى) دىكى شەيدا باي دېگەن كىشىنىڭ سەۋدايى بولۇپ قېلىش كېسىلىنى مېڭىسىنى ئوپېراتسىيە قىلىش بىلەن، گۇما ناھىيەسىنىڭ كىلىياڭ يېزىسىدىكى ئىككى تال قوۋۇرغىسى سۇنۇپ كېتىپ سېسىپ كەتكەن پاسار ئاخۇن ئىسىملىك كىشىنىڭ سېسىغان قوۋۇرغىسىنى ئېلىۋېتىپ قارا ئۈجمە دەرىخىنىڭ شېخىدىن قوۋۇرغا ياساپ سېلىش ئۇسۇلى بىلەن كېسەل داۋالىغان ھەم بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن 300 دىن كۆپرەك ئېغىر كېسەلنى غەمدىن خالاس قىلغان.[1]

مۇھەممەد ئەكبەر ئەرزانى — ئۇ 1746 - يىلى ھىندىستاندا قۇرۇلغان تۈرك پادىشاھلىقى دەۋرىدە يېتىشىپ چىققان تۈركىي (ئۇيغۇر) ئەۋلادىدىن بولغان داڭلىق تېۋىپ بولۇپ، ئەكبەر شاھنىڭ دەۋرىدە ئوردا تېۋىپى بولغان، ھىندىستان، ئىران، پاكىستانلاردا ھەرخىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش تەجرىبىلىرى ئاساسىدا «تىببىي ئەكبەر»، «مۇپەررىھىلقۇلۇب»، «قارابادىن قادىرى»، «مۇجەررىباتى ئەكبەر»، «مىزانى تىب»، «ھۇدۇدۇل ئەمراز» قاتارلىق تېبابەت ئەسەرلىرىنى پارس تىلىدا يازغان.

مۇھەممەد ئەزەمخان — ئۇ 19 - ئەسىردە ھىندىستاندا ئۆتكەن

---

① ئابدۇل ئەھەد ئالىم: «تەجەللى ئوپېراتسىيە قىلغان كېسەللەر»، «ئاسىيا كىندىكى»، 1999 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىكى سانى، ئۈرۈمچى.

تۈركىي (ئۇيغۇر) ئەۋلادىدىن بولغان ئاتاقلىق ھۆكۈما بولۇپ، تۆت توم، 1000 خىلدىن ئارتۇق كېسەل، 30 مىڭدىن ئارتۇق رېتسېپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ مەجمۇئە «ئىكسىرى ئەزەم» دېگەن كىتابنى يازغان. ئۇنىڭدىن باشقا «مۇھىتى ئەزەم» ، «رۇموزى ئەزەم» قاتارلىق داڭلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

مۇھەممەد ئەجمەلخان (مىلادىيە 1862 — 1927 ـ يىللار) — مەسھۇلمۇلۇك ھەكىم ئەجمەلخان مىلادىيە 1862 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ھىندىستاننىڭ دېھلى شەھىرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ نەسەبى جۇڭگونىڭ غەربىدىكى مەشھۇر قەدىمىي شەھەر كاشغەردە تۇغۇلغان خوجا ئابدۇللا ئەسرار دېگەن كىشى بىلەن تۇتىشىدۇ (پروفېسسور ھەكىم مۇھەممەد ئىرشادجەمىل يازغان، پاكىستاننىڭ لاھور شەھىرى شەيخ مۇھەممەد بەشىر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئوردۇ تىلىدا 2000 ـ يىلى نەشر قىلىنغان، پاكىستان دۆلەتلىك ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكومى دەرسلىكى «تارىخىي تېب» (تېبابەتچىلىك تارىخى) دېگەن كىتابنىڭ 170 ـ بېتىدىن ئېلىندى) . ئۇ ھىندىستاندا ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىكنى قانۇنىي ئورۇنغا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي كۆرەش قىلىپ، ئۇنى قانۇنىي ئورۇنغا ئېرىشتۈرگەندىن كېيىن، دېھلى، ھەيدەرئاباد، لاھور، كاراچى قاتارلىق شەھەرلەردە ئەنئەنىۋى تېبابەت تېخنىكوملىرى ۋە دوختۇرخانىلىرى، دورا زاۋۇتلىرىنى قۇرغان. ھازىرمۇ پاكىستاندىكى چوڭ ئەنئەنىۋى دورا زاۋۇتلىرى، شىپاخانىلىرى ۋە تېبابەت ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ئەجمەلخان نامىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھازىرمۇ مەزكۇر ئورۇنلارنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن «تېببىي ھازىق» ، «مۇتىب ئەمەلىي» قاتارلىقلار مەشھۇردۇر.

تۇردىھاجى — ئۇ مىلادىيە 1863 ـ يىلى خوتەن ناھىيىسىنىڭ تەۋەككۇل يېزىسىدا تۇغۇلغان، 1885 ـ يىلى ھەج سەپىرىدە پاكىستاننىڭ كاراچى شەھىرىدىكى بىر دوختۇرخانىدا ئالتە ئاي بىلىم ئاشۇرغان، ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، ئەمەلىي داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1894 ـ يىلىدىن 1987 ـ يىلى ئاخىرقى ئۆمرى 124 ياشقىچە لوپ ناھىيىسى ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت

دوختۇرخانىسىدا خەلق ئاممىسىنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇنىڭ 100 يىلدىن ئارتۇق تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا يازغان ئەسىرى «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان مۇرەككەپ دورا ئۆسخىلىرى» دېگەن ئەسىرى شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن قايتا نەشر قىلىندى.①

يۈسۈپ ھاجى (مىلادىيە 1876 — 1961 - يىللار) — ئۇ كاشغەر شەھىرى ئۇستەڭبويى مەھەللىسىدىكى قادىرھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، كاشغەردىكى داڭلىق مەدرىسلەردە ئوقۇغان. تۈركىيە، رۇسىيە، پاكىستان قاتارلىق بىرقانچە ئون دۆلەتتە زىيارەتتە بولغان، ۋەتەنگە قايتىپ كاشغەردە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن كىشىلەرگە تېبابەتچىلىكتىن دەرس ئۆتۈپ نۇرغۇن تېۋىپلارنى يېتىشتۈرگەن. «تەرىقەتۇلئىلاج»، «تىبىبىي ئەكبەر» لەرنى پارس تىلىدىن تەرجىمە قىلغان، «سەپەرنامە»، «قانۇنچە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ساماق ئۇستام (ساماق توختى 1902—1987 - يىللار)، ئەمەتھاجى (1882 — 1994 - يىللار)، باياغۇن ئەزىزى (1888 — 1981 - يىللار)، تۇردى مۇھەممەت ئاخۇنۇم (1897 — 1978 - يىللار) قاتارلىق تېۋىپلار ياشاپ ئۆتكەن ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تېبابەتچىلىك ئىشلىرىنى يېڭى دەۋرگە ئۇلاشتا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان.②

## 7. ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى تۆت ئاناسىر سىستېمىسى

ئۇيغۇر تېبابىتىدە دىئاگنوز قويۇش، كېسەل داۋالاش، دورا ياساش قاتارلىق تەرەپلەردە مۇئەييەن ئىلمىي ئاساس ۋە ئەمەلىي ئاساس بار. ئۇ مۇشۇ خىل ئاساسقا تايىنىپ زامان - زامانلاردىن بېرى كىشىلەرنىڭ ھاياتى ۋە سالامەتلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە.

---

① ھازىر ئۇنىڭ يېتىشتۈرگەن ئىزباسارلىرىدىن ئابدۇغېنى ھاجىم، ئابدۇۋار ھاجىم، ئابدۇغوپۇر ھاجىم، مۇھەممەد ئەلى ھاجىم قاتارلىقلار بار.

② يەكەن خانلىقىدىن كېيىنكى مەزگىلدە ياشىغان تېۋىپلارنىڭ قىسقىچە ماتېرىيالى شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2004 - يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر تېبابىتى ئاساسىي نەزەرىيىلىرى» ناملىق كىتابتىن پايدىلىنىپ، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار بىلەن قوشۇلۇپ تەييارلاندى.

ئۇيغۇر تېۋىپلىرى 1000 يىل بۇرۇنلا كېسەللەرنى تۈرگە ئايرىپ، سىستېمىلىق داۋالاشنى يولغا قويغان ۋە بىر يۈرۈش مۇقىم دورا ئۆلچەملىرىنى بېكىتىپ چىققان.

تۆت ئاناسىر سىستېمىسى تەلىماتى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىدا تەدرىجىي شەكىللىنىپ، تەرەققىي قىلىپ، سىستېمىلاشقان خاس تەلىمات بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ياكى يادروسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تۆت ئاناسىر تەلىماتى بىرقەدەر مۇرەككەپ جەريانغا ئىگە. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئادەم تېنى بىر پۈتۈن گەۋدە، ئۇ تەبىئەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش بىلەن بىرگە، تەبىئەت دۇنياسىدىن دائىملىق، زىچ تەسىر ئېلىپ تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

تەبىئەت — تۆت چوڭ ماددا (ئاناسىر ئەربەئە) يەنى ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراقتىن ھاسىل بولغان، تەبىئەت شۇلارنىڭ زىددىيىتى ئارقىلىق تەرەققىي قىلىدۇ، ئۇلارسىز ماددىلار يېتىلمەيدۇ، ھاياتلىق بولمايدۇ، شۇنداقلا ئىنسانلارمۇ ئوخشاشلا ئۇلارنىڭ دائىملىق تەسىرىدە بولىدۇ.

تۆت ئاناسىر — ئوخشاشمىغان تۆت خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە ماددا، يەنى ئوت — قۇرۇق ئىسسىق، ھاۋا — ھۆل ئىسسىق، سۇ — ھۆل سوغۇق، تۇپراق — قۇرۇق سوغۇق، ئۇلار بىر - بىرىگە زىت ھەم بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئۇلار ئادەم بەدىنىدە ئىسسىقلىق، سوغۇقلۇق، ھۆللۈك، قۇرۇقلۇقتىن ئىبارەت تۆت خىل كەيپىياتنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

تۆت خىل كەيپىياتنىڭ بەدەندىكى قارىمۇقارشى پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە مىزاج ھاسىل بولىدۇ.

مىزاج مۆتىدىل ۋە غەيرىي مۆتىدىل دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ. غەيرىي مۆتىدىل مىزاج يەنە يالغۇز (ئىسسىق، سوغۇق، ھۆل، قۇرۇق) ۋە مۇرەككەپ (قۇرۇق ئىسسىق، ھۆل ئىسسىق، ھۆل سوغۇق، قۇرۇق سوغۇق) غەيرىي مۆتىدىل مىزاجلارغا بۆلۈنىدۇ، دەپ قارايدۇ.

تۆت خىلىت تەلىماتى تۆت ئاناسىر، كەيپىيات ۋە مىزاجلار توغرىسىدىكى قەدىمىي ماتېرىيالىستىك كۆزقاراشلار ئاساسىدا مەيدانغا

كەلگەن.

ئۇيغۇر تىبابىتى تۆت خىلىتنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۆت ئانا- سىرنىڭ بەدەندىكى تەقلىدىي زاھىرى دەپ شەرھلەيدۇ.

تۆت خىلىت (سەپرا، قان، بەلغەم، سەۋدا) بەدەننى تەشكىل قىلغان، بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان مۇھىم سۇيۇقلۇقلار بولۇپ، سەپرا خىلىتىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق، قاننىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق، بەلغەمنىڭ تەبىئىتى ھۆل سوغۇق، سەۋدانىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق، ئۇلار ھاياتلىقتا سەرپ قىلىنىپ، يېڭىدىن ئىشلە- نىپ، دەۋرىي قىلىپ، تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ، ئىنسان ھاياتىنىڭ ساغلاملىق شەرتلىرىنى ھازىرلاپ تۇرىدۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىنى تىز- گىنلەيدۇ، تولۇقلايدۇ. ئۇلارنىڭ تەڭپۇڭلۇقى نىسپىي، زىددىيىتى مۇتلەق بولىدۇ. تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى، سان ياكى سۈپەت جە- ھەتتىكى غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىش كېسەللىك ئۆزگىرىش ھالىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خىلىتلارنىڭ تەڭپۇڭلۇقى، سان، سۈپەت جە- ھەتلەردىكى ئۆزگىرىشلىرى كېسەللىكلەرنىڭ مۇھىم ئىچكى سەۋەبلە- رى، تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۆت ئاناسىر ۋە باشقا ئامىللارنىڭ غەيرىي تەسىرى تاشقى سەۋەب بولىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇر تىبابىتى، ئىنسان بەدىنى ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللارنىڭ بىرلىكى ۋە زىددىيىتى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىدۇ ۋە ھاياتلىق جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ.[1]

## § 8. ئاسترونومىيە ۋە كالېندارچىلىق

ئاسترونومىيە ۋە كالېندارچىلىق قۇرۇلغار — غەربىي يۇرت مەدە- نىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلار تەبىئەت بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ئېلىشىش جەريانىدا تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلىشكە، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشقا ئىنتىلگەن. ئاستى- رونومىيە ۋە كالېندارچىلىق مانا مۇشۇ خىل تىرىشچانلىقلار نەتىجە-

---

① «جۇڭگو تىببىي قامۇسى» تارماق تومى «ئۇيغۇر تىبابەت قامۇسى» 1 ـ جىلد، كىرىش سۆز، 19 ـ، 20 ـ بەتلەر.

سىدە قولغا كەلگەن مۇھىم بىر مەنىۋى ئەمگەك. ئادەملەر بۇ ساھەدە بەلگىلىك بىلىم ۋە ئىلىمگە ئىگە بولغاندىن كېيىن تىرىكچىلىكنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھېسابلانغان ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنى تەرتىپلىك ۋە قانۇنىيەتلىك ھالدا ئېلىپ بارىدىغان بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئەمگەك موسۇلى يىلدىن ـ يىلغا ئاشقان. بۇلاردىن باشقا ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنىڭ پەسىل خاراكتېرلىك كۆچۈشىدە بۇ ئىلىملەرنىڭ غايەت زور ياردىمى بولغان. قىسقىسى، ئاسترونومىيە ۋە كالېندارچىلىق مەدەنىيەت تارىخىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئىنسانلارنىڭ باشقا مەدەنىيەت تىپلىرىنى يارىتىشىغا غايەت زور دەرىجىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

ئىنسانلارنىڭ ئاسترونومىيىلىك ۋە كالېندارچىلىق ھەققىدىكى قاراشلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىلا بارلىققا كەلگەن. لېكىن، ئۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ قايسى تارىخىي باسقۇچىدا شەكىللىنىشكە باشلىغان، دېگەن بۇ مەسىلىگە يازما ماتېرىياللار بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئېنىق جاۋاب بەرگىلى بولمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بەزى ئەھۋاللارغا ئاساسەن قىياسىي قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ. كورلا بوستانلىقى كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدىكى 3800 يىل ئەتراپىدىكى قەدىمكى بەزى قەبرىلەر ئالتە ئايلانمىلىق ياغاچ قوزۇقلارنىڭ مەركىزىگە دەپنە قىلىنغان بولۇپ، ئارخېئولوگلار بۇنى قۇياش ئېتىقادچىلىقىنىڭ ئىنىكاسى دەپ ھېسابلاشتى. ئىچكى موڭغۇلدىكى چۇغاي (يىڭشەن) تېغىنىڭ غەربىدىكى بىر قىيالىققا بىر ئادەمنىڭ ئىككى پۇتىنى كېرىپ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كۆڭگە سالام قىلىۋاتقان، كۆلۈۋاتقان قىياپىتى ئويۇلغان. چۇغاي تېغىدا يەنە ئاسمان ئىلاھلىرى سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ھەر خىل تاش سۈرەتلەر بار. سۈرەتتە ئاسمان ئىلاھلىرىنىڭ يېنىغا يۇلتۇزلار تۈركۈمى، كۈن ۋە ئاي سىزىلغان. بۇلار بىرقەدەر ئاددىي ۋە توغرىدىن ـ توغرا قۇياش ئېتىقادچىلىقى روھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن. بۇ قىيا تاش سۈرەتلىرىدە ئادەم بىلەن قۇياش چوقۇنۇش سۈبىيېكتى ۋە چوقۇنۇش ئوبيېكتىدىن ئىبارەت ئىككى كاتېگورىيە شەكلىدە روشەن ئىپادە قىلىنغان.

تارىم ۋادىسىدىكى قۇرۇقتاغدا كۈن تۇتۇلۇش ھادىسىسى تەسۋىرلەنگەن «ئىتنىڭ كۈننى يەۋېلىشى»گە دائىر بىر تاش سۈرەت بار.

كۈن تۇتۇلۇش دائىم پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان ئاسترونومىيىلىك ھادىسە، لېكىن قەدىمكى كىشىلەر تەڭرى ئىتتى كۈننى يەۋالغاندا، كۈن كۆرۈنمەي قالىدۇ، دەپ قارىغان. بۇنداق قاراش گەرچە ئىلمىي بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدىن قەدىمكىلەرنىڭ بۇنداق ئاسترونومىيىلىك ھادىسىگە دىققەت قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

تۇرپان رايونىنىڭ قوچو خانلىقى دەۋرى (مىلادىيە 460 ـ يىلىدىن 640 ـ يىللارغىچە) گە تەئەللۇق قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە كاناپ ۋە شايىلارغا سىزىلغان ئاسمان ـ زېمىن ۋە يۇلتۇزلار كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن سۈرەتلەر بار. ئۇنىڭدىن باشقا تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىدىكى 38 ـ نومۇرلۇق قەبرىنىڭ تورۇسىدا 28 يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ بىر پارچە سۈرىتى سىزىلغان، بۇلار قوچو خانلىقى دەۋرىدىكى ئاسترونومىيە تارىخىنى بىلىشتە مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە. گابائىن خانىم قاتارلىقلار ئېلان قىلغان «تۇرپان تېكىستلىرى» ئارىسىدا ئاسترونومىيە، ھاۋا رايى، پالنامىلەرگە ئائىت سەھىپىلەرنىڭ ساقلانغانلىقى قەدىمكى ئۇيغۇر تەقۋىم (مۇنەججىم) چىلىكىنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىدىن دالالەت بېرىدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللاردا غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى قوۋملاردىن ھونلار، تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كۈن قاتارلىق ئاسمان جىسىملىرىغا چوقۇنغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇرلار ساقلانغان.

سىماچيەن «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى» دە تەڭرىقۇت تاڭ سەھەردە ئوردىدىن چىقىپ كۈنگە تېۋىنىدۇ. كەچتە ئايغا چوقۇنىدۇ. بىر ئىش قىلسا يۇلتۇز ۋە ئايغا قاراپ قىلىدۇ. ئاينىڭ ئون بەشىدە ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ، ئاي بېشىدا ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرىدۇ، دېيىلگەن. ھونلارنىڭ كۈن، ئايغا تېۋىنىش ئادىتى نويانئۇلاردىكى ھون قەبرىستانلىقىدا بەلگىلىك ئىپادىسىنى تاپقان. مەزكۇر قەبرىستانلىقتىكى دەپنە قىلىش ئادىتىنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۆلگۈچىلەرنىڭ بېشى شەرققە قارىتىپ قويۇلغان. بۇ ھونلارنىڭ سول ياقنى قەدىرلەش، كۈنگە تېۋىنىش توغرىسىدىكى خاتىرىلەر بىلەن ماس كېلىدۇ.

بۇلار غەربىي يۇرتتا ياشىغان قەدىمكى قوۋملار ئارىسىدا ئاسمان

ھەققىدە بولۇپمۇ ئاسماندىكى كونكرېت شەيئىلەر بولغان كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار توغرىسىدا بەلگىلىك قىزىقىش، ئىزدىنىش ئىستىكىنىڭ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىچكى موڭغۇلدىكى چۇغاي تېغىنىڭ شىمالىدىكى بەيلىڭمياۋ ئەتراپىدا «12 مۇچەل» چۈشۈرۈلگەن تاش سۈرەت بار. چاشقان، ئۆكۈز، يولۋاستىن تارتىپ ئىت، توڭگۇزغىچە «12 مۇچەل» تەرتىپ بويىچە ئېللىپس شەكلىدە تىزىلغان. بۇ 12 ھايۋاننىڭ رەسىمى ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن بەك ئېنىق ئويۇلغان. «12 مۇچەل» تاش رەسىملىرىنىڭ تېپىلىشى، قەدىمكى «12 مۇچەل» يىلنامىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تارقىلىشىنى بىلىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر، جۈملىدىن ئېلىمىزدىكى خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەر «12 مۇچەل»نى قوللىنىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ 12 خىل ھايۋان 12 يىلنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم نامى قىلىنىپ، 12 يىلنىڭ دەۋرىي قىلىنىشى ئارقىلىق يىلنامە ھېسابلاش ئادىتىدىن ئىبارەت. تارىخىي ماتېرىياللاردىن بىلىنىشىچە، «12 مۇچەل» دىكى ھايۋانلار جۇڭگونىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى قەدىمكى قوۋملار توتېم قىلغان ھايۋانلار بولۇپ، بۇ ھايۋانلارنىڭ توتېم قىلىنىشى بەك يىراق تارىخىي دەۋرلەر بىلەن تۇتىشىدۇ. دېمەك، قەدىمكى قوۋملار مۇچەللەر ئۈچۈن ھايۋانلارنىڭ نامىنى مۇنداقچە تاللاپ قويغان بولماستىن، بەلكى ئۆزلىرى توتېم قىلغان ھايۋانلارنىڭ نامىنى ئەتىۋارلاپ يىل بەلگىسى قىلىپ تاللىۋالغان دېيىش تارىخىي ئەمەلىيەتكە خېلىلا يېقىن تۇرىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا مۇچەللىك يىلنامە ئىنسانلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدە ياشىغان، يەنى توتېمىزىم ئېتىقاد باسقۇچىدا تۇرغان ۋاقىتلاردا بارلىققا كەلگەن بولسا كېرەك.

دېمەك، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بىلىشىدە، ئالدى بىلەن پەيدا بولغىنى ئاسترونومىيىلىك قاراشلار بولۇپ، ئۇ تەبىئىي پەنلەر ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمكى بىر پەن. دۇنيادىكى بىرمۇنچە قەدىمىي مەرىپەتلىك ئەللەردە خېلى بۇرۇنلا ئاسترونومىيە ئىلمى پەيدا بولغان. بۇ خۇددى ئېنگېلس ئېيتقاندەك: «تەبىئىي پەن تارماقلىرىنىڭ تەرتىپلىك راۋاجلىنىشىنى تەتقىق قىلىش كېرەك. ھەممىدىن ئاۋۋال ئاستـ

رونومىيە — كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى مىللەتلەر پەسىللەرنى بەلگىلەش ئۈچۈن بۇ پەنگە مۇتلەق موھتاج بولغانىدى».①

ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى زاماندىكى ئاسترونومىيىلىك ئىزدىنىشلىرى پەقەت كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى مۇكەممەل ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ مۇقەددىمىسى دېيىشكىلا بولىدۇ. «ئالەمنى، ئالەمنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى ھەم مۇنداق تەرەققىياتلارنىڭ ئادەملەرنىڭ كاللىسىدىكى ئىنكاسىنى توغرا سۈرەتلەپ بېرىشنى پەقەت دىئالېكتىك ئۇسۇل قوللانغاندىلا، تۇغۇلۇش بىلەن يوقىلىش ئوتتۇرىسىدىكى، ئىلگىرىلەشتىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن چېكىنىشتىكى ئۆزگىرىشلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئومۇمىي ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشكە ھەمىشە دىققەت قىلغاندىلا ئورۇندىغىلى بولىدۇ.» يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئاسترونومىيە ھادىسىلىرىگە دىققەت قىلغانلىقى ۋە ئۇندۇرمە ھالەتتىكى ئاسترونومىيىلىك ساۋاتقا ئىگە بولغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

غەربىي يۇرتتا قوللىنىلغان قەدىمكى كالېندارلار ئىنسانلارنىڭ كالېندارچىلىق، يەنى يىلنامىچىلىك قاراشلىرى، ئاسترونومىيىلىك قاراشلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. ئىنسانلار ئەڭ قەدىمكى چاغلاردا ئىپتىدائىي كالېندار، يەنى «يېزىقسىز كالېندار»نى ئىشلەتكەن، يەنى بۇ ئاساسەن ئاغزاكى ھالدا تارقىلىپ ھەم تۇرمۇشتا تەتبىقلىنىپ كېلىنگەن. كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەردە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ساقلىنىشچانلىقى ياكى سوزۇلۇشچانلىقى بىرقەدەر كۈچلۈك بولۇشتەك قائىدىگە ئاساسلانغاندا، بەزى خەلقلەردە بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەردە «يېزىقسىز كالېندار» بۇ مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى بىلەن يانداش ھالدا باشقا «يازما كالېندار» بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى قوۋملارنىڭ شەھەر - بازار ئاھالىلىرىدىكى سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىنى بىرقەدەر تېزرەك قوبۇل قىلىشقا ئىنتىلىشتەك پسىخىكىنىڭ تۈرتكىسىدە، قوشنا خەلقلەر ۋە چەت

① ئېنگېلس: «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، ئۇيغۇرچە نەشرى، 314 - بەت.

مەملىكەتلەرنىڭ بىرقاتار كالېندارلىرى شىنجاڭغا كىرىپ، شىنجاڭ يىلنامىچىلىك ئىشلىرىنى كۆپ خىللاشتۇرۇۋەتكەن. ھازىرچە ئىگىلەنگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، غەربىي يۇرتتا قەدىمكى قوۋملار دەسلەپ ئەنئەنىۋى «12 مۇچەل» يىلنامىسىنى ھەم ئۇنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرىنى، يەنى ئۇدۇن كالېندارى، كۇسەن ـ ئاگنى كالېندارى، سۇلى كالېندارى، سوغدى كالېندارى، كرورەن كالېندارى، تۈرك كالېندارى، ئۇيغۇر كالېندارىنى، بۇلاردىن كېيىن ئەرەب شەمسىيە كالېندارى بىلەن ئەرەب قەمەرىيە كالېندارىنى ۋە ھازىرقى دەۋرگە كەلگەندە مىلادىيە كالېندارىنى ئىشلەتكەن.

## 1. مۇچەللىك يىلنامە

بۇ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى مىللەتلەر ئارىسىدا ئەڭ دەسلەپ بارلىققا كەلگەن 12 ھايۋاننىڭ نامىنى 12 يىلنىڭ بېشى قىلىپ، بۇ 12 يىلنىڭ دەۋرىي قىلىنىشى ئارقىلىق يىلنامە ھېسابلايدىغان بىر خىل كالېندار. بۇ كالېندار ئەڭ دەسلەپ قاچان، قەيەردە، قايسى مىللەتلەردە بارلىققا كەلگەن؟ بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ كۆرۈشنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ. تارىخچى مىڭباي ئىسقاق بارىپ «قەدىمكى قازاقلار كالېندارى» ناملىق ئەسىرىدە، «12 مۇچەل» بۇنىڭدىن 3000—5000 يىل بۇرۇنلا پەيدا بولغان. بۇنى ئالتاي تېغى ئەتراپىدىكى قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر، جۈملىدىن ئالتاي تېغى ئەتراپىدا ياشىغان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز مىللەتلىرىنىڭ ئەجدادلىرى ئەڭ بۇرۇن ئىشلەتكەن دەپ يازغان.

پروفېسسور ئەھمەد زەكىنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندىمۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرى 12 يىللىق كالېندار سىستېمىسىنى 4000 يىل بۇرۇن قوللانغانىكەن. دېمىسىمۇ، ئالىملارنىڭ ئىزدىنىشىگە قارىغاندا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «مۇچەل» دېگەن نامنىڭ يىلتىزى يىراق قەدىمكى زاماندىكى ئالتاي قەبىلىلىرىنىڭ تىلىغا بېرىپ تۇتىشىدىكەن. يۇقىرىدا بىز مۇچەل بەلگىسى قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ كۆپى دېگۈدەك غەربىي شىمال مىللەتلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە توتېم قىلغان ھايۋانلارنىڭ نامىدىن كەلگەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەندۇق. كىشىنى تولىمۇ قىزىقتۇرىدىغىنى شۇكى، شىما-

لىي دى، رۇڭ قوۋملىرىنىڭ ئانا ماكانلىرىدىن ھېسابلانغان ئىچكى موڭغۇلدىكى چۇغاي تېغىنىڭ شىمالىدىكى بەيلىڭمياۋ ئەتراپىدىن «12 مۇچەل» چۈشۈرۈلگەن تاش سۈرەتنىڭ تېپىلىشى بۇ ساھەدە ئېرىشىلگەن مۇھىم بىر ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش ھېسابلىنىدۇ. «12 مۇچەل»نىڭ قايسى خەلقلەر تەرىپىدىن قانداق شەكىل بىلەن كېلىپ چىققانلىقى توغرىسىدا ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى يېزىپ قالدۇرغان خاتىرە ھازىرغىچە يېگانە ۋە ئىناۋەتلىك خاتىرە بولۇپ، بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئىلى ۋادىسىدا ياشىغۇچى تۈركلەر يىل ھېسابىنى بەلىشتە ئادىشىپ قالغان، ئۆزىدىن كېيىنكىلەرنىڭ سەۋەنلىكلەرگە يول قويماسلىقى ئۈچۈن يىلنامە توغرۇلۇق ئويلانغان. بۇ ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن تۈرك خانى ئۆز خەلقى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، 12 ئاي ۋە ئاسماننىڭ 12 بۇرجىغا ئاساسلىنىپ، ئۇلارغا ئىسىم قويماق بولۇپ، ھايۋانلارنى يىغىپ، ئىلى دەرياسىغا قاراپ قوغلىغان. بىرمۇنچە ھايۋانلار ئۈزلىرىنى سۇغا قاراپ ئاتقان. بۇلاردىن 12 خىلى سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن. ئۆتكەن ھەربىر ھايۋاننىڭ ئىسمى بىر يىلغا ئات بولۇپ قالغان. بۇ ھايۋانلاردىن بىرىنچىسى «چاشقان» ئىمىش. دەسلەپ بۇ ھايۋان ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، يىلنىڭ بېشى شۇ نام بىلەن ئېلىنىپ «چاشقان يىلى» دېيىلىپتۇ. بۇنىڭدىن كېيىن رەت تەرتىپى بىلەن ئۆتكەن ھايۋانلارنىڭ ناملىرى يىللارغا بېرىلىپتۇ. مەسىلەن، (1) چاشقان؛ (2) ئۇي ـ كالا (ئۇد)؛ (3) يولۋاس (بارس)؛ (4) توشقان (تاۋشگان)؛ (5) لەھەڭ (نېك)؛ (6) يىلان؛ (7) ئات (يۇند)؛ (8) قوي؛ (9) مايمۇن (بىچىن)؛ (10) توخۇ (تاقاغۇ)؛ (11) ئىت؛ (12) توڭگۇز.①

يىلنىڭ سانى «توڭگۇز»غا كەلگەندە يەنە قايتىپ «چاشقان يىلى»دىن باشلىنىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بەرگەن بۇ مەلۇماتىدىن بىز «12 مۇچەل»نىڭ كېلىپ چىقىشى توغرۇلۇق ئوبدان چۈشەنچىگە كەلسەكمۇ، لېكىن بۇ قايسى ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ئىش بولغىيدىتتى، دەپ تىت ـ تىت بولىمىز.

بۇ ھەقتە كىشىنىڭ كۆڭلىنى توقراق قىلىدىغان ئۈچۈردىن بىرى

---

① «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» I توم، 449 ـ بەت.

خەنزۇچە مەنبەلەردە ساقلانغان. ئالىملارنىڭ ئىزدىنىشىگە قارىغاندا، خەنزۇلار ئارىسىدىكى مۇچەل يىلنامىسى هونلاردىن ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزلەشكەن①. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دەلىلشۇناس جاۋ يى (1727—1814 ـ يىللار) بۇ مەسىلە ھەققىدە ئىزدىنىپ مۇنداق دېگەن: «شىمالدىكى ئەللەردە دەسلەپ بىرىنچى يىل، ئىككىنچى يىل، ئۈچىنچى يىل، تۆتىنچى يىل دېگەندەك 12 مۇچەل ئىشلىتىلمەيتتى. ئەمما چاشقان، ئۆكۈز، يولۋاس، توشقان قاتارلىقلار ئارقىلىق يىللارنى ئايرىش جۇڭگوغا تارقىلىپ كىرگەن، تەدرىجىي قۇلاقتىن قۇلاققا يەتكەن.» بۇ خىل ئۇسۇل قاچان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەن؟ جاۋ يى بۇنى خەن سۇلالىسىنىڭ شۆەندى خانى ليۇ شۈن زامانى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 73 ـ يىلىدىن 49 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) دا كىرگەن دەپ ھېسابلىغان.

ئۇ مۇنداق يازغان: 12 مۇچەل «ئەسلى شىمالدىكى ئەللەردە كېلىپ چىققان. خەن سۇلالىسى ۋاقتىغا كەلگەندە قوغشار (هون تەڭرىقۇتى — نەقىلچىدىن) نىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرىپ يەرلىشىشى بىلەن بىرگە كىرگەن (بۇ ۋاقىت خەن سۇلالىسى شۆەندى خانىنىڭ گەنلۇ 2 ـ يىلى، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 52 ـ يىلى)، پۇقرالار ئارىسىدا ئۆزئارا يەتكۈزۈلۈپ، تەدرىجىي جۇڭگوغا تارقالغان.» (جاۋ يى «گەيیۇ تەتقىقاتى ـ 陔余丛书» 34 جىلد)②

كېيىنكى زامان ئالىملىرىمۇ تۈركىي تىللىق قوۋملار (جۈملىدىن ئۇيغۇرلار) ئىشلەتكەن بۇ خىل مۇچەل كالېندارى خەنزۇلارغا تارقالغان دەپ ھېسابلىغان.③

خېلى يىللاردىن بېرى جاۋ يىنىڭ بۇ قارىشى ئىلىم ساھەسىدە مۇتەۋەر ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنىدى. لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئارخېئولوگىيە ساھەسىدە قولغا كەلگەن يېڭى ماتېرىياللار يازما ماتې-

---

① ياڭ فۇشۈ: «ئۇيغۇر يىلنامىچىلىكى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، خەنزۇچە، 1988 ـ يىللىق 2 ـ سان.

② يۈسۈف ئىرھام: «جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا تارىخى»، 4 ـ توم، 2 ـ قىسىم، 552 ـ بەت، خەنزۇچە نەشرى.

③ ياڭ فۇشۈ ئەپەندى مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كېيىنكى يىللارغا كەلگەندە، خەنزۇلار جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن 12 خىل هايۋاننىڭ نامى بىلەن يىلنامە ھېسابلاش ئۇسۇلىنى ئۆگەنگەن، دەپ ھېسابلىغان. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ «ئۇيغۇر كالېندارى ھەققىدە ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» خەنزۇچە، 1988 ـ يىللىق 2 ـ سان، 65 ـ بەت.

رىياللار بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا ناھايىتى بۇرۇنلا مۇچەللىك يىلنامە قوللىنىلغانلىقى، بۇ ھەقتە چىن سۇلالىسى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 221 ـ يىلىدىن 206 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) زامانىسىدىكى بامبۇك پۈتۈكلەردە ئۇچۇرلارنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققىشتى.① شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇنىڭدىن ئىلگىرى «12 مۇچەل» غەربتىن كېلىپ چىققان دېگەن نەزەرىيە دەسلەپكى قەدەمدە ئويلىنىشقا قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ كېلىپ چىققان جايى جۇڭگو دېگەن ئىلمىي قاراش پەن ساھەسىگە كىردى (بۇ ھەقتە فرانسىيىلىك ئالىم ل. بازىننىڭ پىكرىگە قارالسۇن).

شۇ نەرسە ئېنىقكى، مەيلى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى قوۋملار ئارىسىدا قوللىنىلغان «12 مۇچەل» بولسۇن، مەيلى مەركىزىي جۇڭگو رايونىدا قوللىنىلغان «12 مۇچەل» بولسۇن، دەسلەپكى چاغدىلا سىستېمىلىق ھەم كېيىنكى زامانلاردا قوللىنىلغاندەك تۇراقلىق بولغان ئەمەس، ئۇلار ئارىسىدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش نەتىجىسىدە بىر-بىرىنىڭ كەم يەرلىرىنى تولۇقلاپ، بىر خىل ئورتاق مەدەنىيەت ھادىسىسىنى شەكىللەندۈرگەن ھەم جۇڭگو مىللەتلىرىگە خاس «12 مۇچەل» سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە شەرق مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى غايەت زور دەرىجىدە بېيىتقان.

«12 مۇچەل» نىڭ غەربىي يۇرتتا قوللىنىلغانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرىلەرمۇ خېلى ئۇزۇن زامانلارغا بېرىپ تاقىلىدۇ. مەسىلەن:

كرورەن. بۇ يەردە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە قەدىمكى بىر خانلىق قۇرۇلغان. 1900 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك ئارخېئولوگ ئا. ستەيىن مەزكۇر خانلىقنىڭ غەربىي چېگراسىدىن زور بىر تۈركۈم قەدىمكى ۋەسىقىلەرنى تاپقان بولۇپ، بۇلار قارۇشتى يېزىقى بىلەن قەندىھار تىلىدا يېزىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى 56 ـ نومۇرلۇق ۋەسىقىدە «12 مۇچەل» نىڭ مەزمۇنى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ھايۋانلار نامى مۇنداق ئېلىنغان:

---

① لىن مېيسۇن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1995 ـ يىلى نەشرى، 127 ـ بەتكە قاراڭ.

(1) Muska — مۇسكا (چاشقان)
(2) Gava — گاۋا (ئۆكۈز)
(3) Vayagra — ۋاياگرا (يولۋاس)
(4) Šaka — ساكا (توشقان)
(5) na'ga — ناگا (ئەجدىھا)
(6) Jamdunamca — جامدۇنامكا (يىلان)
(7) Alsa — ئالسا (ئات)
(8) Pa'Sa — پاسا (قوي)
(9) Makad'a — ماكادئا (مايمۇن)
(10) KuKud'a — كۇكۇدئا (توخۇ)
(11) Švana — سۋانا (ئىت)
(12) Su'gara — سۇگارا (توڭگۇز)

كەشبالىق ۋە ئۇدۇن تارىم ۋادىسىدىكى مەشھۇر قەدىمكى خانلىقلاردۇر، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ۋە تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ رايوندا قەدىمكى زاماندا ئوتتۇرا ئىران تىلىنىڭ شەرقىي دىئالېكتى تارقالغان ياكى ساك تىلى دىئالېكتى ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە قوللىنىلغان.

كەشبالىق (سۇلې) تەخمىنەن بۈگۈنكى قەشقەر قىزىل دەرياسى ساھىلىدا. مەزكۇر خانلىقنىڭ پەنتۇ شەھىرىگە يېقىن ئىبادەتخانا (بۈگۈنكى مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى تۇمشۇق قەدىمكى ئىزى) دىن قېزىۋېلىنغان بىر پارچە ۋەسىقىدە «12 مۈچەل» ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭ يىل دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيە 4 — 5 ـ ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. نۆۋەتتە قولغا چۈشكەن ماتېرىياللار كۆپ ئەمەس (14 پارچە ۋەسىقە بار)، پەقەت بۇلاردا «sahi — ساخى» (توشقان)، «sazda — سازدا» (يىلان) ۋە «siza — سىزا» (قوي) قاتارلىق ئۈچ مۈچەلنىڭ نامى ئۇچرىتىلغان.

ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قەدىمكى شەھەردىن ۋە دۇنخۇاڭ موگاۋ غارىدىكى بۇددا نومىلىرى ھۇجرىسىدىن بايقالغان. يىل دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيە 5 ـ ئەسىردىن 11 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋرلەرگە تەئەللۇق. بۇ ھۆججەتلەردىمۇ «12 مۈچەل» قوللىنىلغان بولۇپ، ئەنگلىيىلىك ئالىم خ. ۋ. بايلېينىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ مۈچەل ناملىرىنىڭ تەرتىپى مۇنداق: «māla — مۇلا» (چاشقان)، «gūha — گۇخا» (ئۆكۈز)، «muyi — مۇيى» (يولۋاس)، «Sahaica — ساخايىكا» (توشقان)، «nā — نە» (ئەجدىھا)، «s's'ayada — سسايادا» (يىلان)، «as's'a — ئاسسا» (ئات)، «pasa — پاسا» (قوي)، «makala — ماكالا» (مايمۇن)، «krnga — كرىنگا» (توخۇ)، «vse — سۋې» (ئىت)، «pās'a — پەشا» (توڭگۇز).

كۇسەن بىلەن ئاگنى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قەدىمكى خانلىقلار. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ۋە تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىغا قارىغاندا، بۇ ئىككى قەدىمكى خانلىق تەۋەسىدە ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ كېنتوم تىلى ئائىلىسىنىڭ ئىككى خىل دىئالېكتى ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە قوللىنىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىل- يېزىقىدىكى دراما ئەسىرى «مايتىرى سىمىت»تا بۇ تىل «توخرى تىلى» دېيىلگەن. بۇ تىلنىڭ «A» دىئالېكتى — تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىغا تارقالغان بولۇپ، بۇ يەرلەر بۈگۈنكى قاراشەھەر (يەنجى) دىن تۇرپان ئويمانلىقى ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ؛ «B» دىئالېكتى — كۇچا ئەتراپلىرىغا تارقالغان. نۆۋەتتە قېزىۋېلىنغان ۋەسىقىلەر تەخمىنەن مىلادىيە 5 ـ ئەسىردىن 8 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. كۇسەن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە ئۇچرايدىغان مۇچەل ناملىرى «ars' akar ˉas' a — ئارشاكاراشا» (چاشقان)، «lokso — لوكسو» (ئۆكۈز)، «meviyo — مېۋىيو» (يولۋاس)، «sase — ساسى» (توشقان)، «n'ake — ناكې» (ئەجدىھا)، «auk — ئائۇك» (يىلان)، «yakwe — ياكۋې» (ئات)، «s'aiyye — شايىيې» (قوي)، «mokoms'ke — موكومسكې» (مايمۇن)، «Kranko — كرانكو» (توخۇ)، «kū — كۇ» (ئىت)، «suwo — سۇۋو» (توڭگۇز) دىن ئىبارەت. بۇ ھەقتە ئاگنى تىل ـ يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىكى مۇچەلنىڭ نامى ھازىرغىچە تولۇق ھالەتتە كەلگىنى يوق. ئۇلاردىن پەقەت «ypesumis? — يىپېسۇمىس» (يولۋاس)، «na'ke — ناكې» (ئەجدىھا)، «yuk — يۇك» (ئات)، «s'os' — سوس» (قوي)، «mkow — مكوۋ» (مايمۇن)، «ku — كۇ» (ئىت) لار مەلۇم.①

سوغدىيانا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى مەشھۇر خانلىقلاردىن بىرى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «توققۇز چاۋۇپلار» دەپ ئاتالغان. بۈگۈنكى تاجىكىستاننىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن ئۆزبېكىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدا، ئورنى ئامۇ دەرياسىنىڭ ئىككى ساھىلى بىلەن زەرەپشان دەرياسى ساھىلىدا بولۇپ، سەمەرقەنت بىلەن بۇخارانى مەركەز

① ۋ. توماسنىڭ 1964 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «Tocharis ches Elementarybuch» ناملىق كىتابىغا قارالسۇن.

قىلغان. تارىختا سوغدىلار سودىغا ناھايىتى ماھىر بولۇپ، يىپەك يولىدا پائالىيەت قىلغان. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، گېرمانىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تۇرپان رايونىدا سوغدى تىلىدىكى تارىخىي ۋەسىقىلەرنى قولغا چۈشۈرگەن. گېرمانىيىلىك ئالىم ف. ۋ. مۇللېر بۇ ۋەسىقىلەردە كۆنلەرنىڭ ئاستىدا سوغدى، خەنزۇ ۋە تۈرك (ئۇيغۇر) تىلى قاتارلىق ئۈچ خىل تىلدىكى ئاتىلىشىنىڭ يېزىلغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان. بۇ سوغدى يېزىقىدىكى كالېنداردا بار 12 مۆچەلنىڭ ناملىرى: چاشقان (mws)، ئۆكۈز (y′w)، يولۋاس (myw)، قوي (psyy)، مايمۇن (mkr′)، توخۇ (mɣyy)، ئىت (kwty)، توڭگۇز (k′s).

تۈركلەر، ئۇيغۇرلار ۋە قىرغىزلار تارىختا «12 مۆچەل»نى قوللانغان. ئوۋياڭ شيۇنىڭ «يېڭى تاڭنامە. قىرغىزلار تەزكىرىسى»دە، قىرغىزلار «يىلنىڭ بېشىنى مۇز ئاي دەيدۇ، ئۈچ ئاي بىرلىك قىلىندۇ، 12 مۆچەل بويىچە يىل ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۈچىنچى يىلغا كەلگەندە يولۋاس يىلى دېيىلىدۇ» دېگەن بايانلار بار. يۆشى بازغان «تىنچ دۇنيا خاتىرىسى» (《太平寰宇记》) 199 ـ جىلدتا قىرغىزلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى توغرۇلۇق توختىلىپ، «ئادەملەر يىلنىڭ بېشىنى مۇز ئاي دەپ ئاتايدۇ. ئاينىڭ نامى ‹ئاي› دېيىلىدۇ. ئۈچ ئاي بىر پەسىل ھېسابلىنىدۇ.» دېيىلگەن. فرانسىيىلىك ئالىم ل. چاۋاننىسنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىدىكى «ئاي» دېگەن سۆز، خەنزۇچە تارىخنامىلەرگە، مەسىلەن، «تاڭنامە» (《唐书》) گە «衰» (ئەي) دەپ خاتىرىلەنگەن. «مۇز» دېگەن سۆز «茂师» (ماۋشى) دېگەن شەكىلدە يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئەينى چاغدا «Mous» دېگەنگە ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنغان، «茂师衰» (ماۋشىئەي) بولسا «مۇز ئاي» دېگەنلىك ئىكەن. قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىدا «12 مۆچەل» توغرۇلۇق دەلىل ـ ئىسپاتلار بار. مەسىلەن، سىچغان (چاشقان)؛ ئۇد — ئۆكۈز؛ يۇند (ئات)؛ قوي؛ بىچىن (مايمۇن)؛ تاقاقۇ (توخۇ)؛ ئىت؛ توڭگۇز.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ تۈرك يېزىقىدا يېزىلغان «مويۇنچور مەڭگۈ تېشى»دا يەتتە يىلنامە تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن، قوي يىلى (743-يىلى)، توخۇ يىلى (745-يىلى)، توڭگۇز يىلى

(747-يىلى)، يولۋاس يىلى (750-يىلى)، قوي يىلى (755-يىلى)، توخۇ يىلى (757-يىلى). «تىرخىن مەڭگۈ تېشى»دىمۇ ئوخشاشلا مۇچەلنىڭ يەتتە خىل يىل نامى قەيت قىلىنغان. بۇلار يىلان يىلى (741-يىلى)، قوي يىلى (743-يىلى)، مايمۇن يىلى (744-يىلى)، توخۇ يىلى (745-يىلى)، توڭگۇز يىلى (747-يىلى)، چاشقان يىلى (748-يىلى)، ئەجدىھا يىلى (752-يىلى) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئەينى زاماندا ئۇيغۇرلارنىڭ «12 مۇچەل»نى قوللانغانلىقى توغرىسىدا خەنزۇچە يازمىلاردىمۇ ئۇچۇرلار ساقلانغان. مەسىلەن، يۈ شى يازغان «تىنچ دۇنيا خاتىرىسى» نىڭ 199-جىلدىدا، قىرغىزلار قوللىنىدىغىنى «12 مۇچەللىك يىلنامە، يىلنىڭ بېشى چاشقان يىلى دېيىلىدۇ... ئىت يىلى دېگەنمۇ بار. بۇ جەھەتتە ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشاش» دەپ يېزىلغان.

دېمەك، شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى ئاشۇ دەۋرلەردىلا «12 مۇچەل»لىك يىلنامىنى قوللىنىشقا باشلىغان. ئۇلار گوبى — غوبى چۆللۈكىدىن شىنجاڭغا سۈرۈلۈپ ماكانلاشقاندىن كېيىن، داۋاملىق يۇسۇندا «12 مۇچەل» نى قوللانغان. فېڭ جياشېڭ ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ يىلنامىسى تەخمىنەن ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنگەن. بىرىنچى باسقۇچ، «12 مۇچەل» لىك يىلنامىنى قوللىنىش باسقۇچى؛ ئىككىنچى باسقۇچ، بەش ئېلېمېنتنى مۇچەلگە ماسلاشتۇرۇپ ھېسابلاش باسقۇچى؛ ئۈچىنچى باسقۇچ، بەش ئېلېمېنتتىن باشقا يەنە رەقەملەرنى قوشۇپ ھېسابلاش باسقۇچى.① ئۇلار باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ئوخشاش 12 مۇچەلنى ئىشلەتكەندە، ئوخشاشلا يىللارنى كۈسكۈ (چاشقان)، ئۇد (ئۆكۈز)، بارس (يولۋاس)، تاۋشقان (توشقان)، لۇۋ ياكى ئالۇۋ (ئەجدىھا)، يىلان، يوند (ئات)، قون-قوي، پىچىن (مايمۇن)، تاقاقۇ (توخۇ)، ئىت، توڭغۇز - لاغزىن دەپ ئاتىغان.② بەزى ماتېرىياللارغا قارىغاندا، قوچو ئۇيغۇرلىرى ھەر بىر مۇچەلگە (12 يىلغا) يەنە توپۇ (تۇپراق)، ئالتۇن (ياكى تۆمۈر)، ئوت، سۇب (سۇ) ... قاتارلىق بەش ئېلېمېنتنى

---

① «فېڭ جياشېڭ ئىلمىي ئەسەرلىرى توپلىمى» (《冯家升辑粹》)، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1987-يىلى خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ، 399-، 404-بەتلەر.

② لىن مېيسۈن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىياتى، 1995-يىل خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ، 125-بەت.

بەش قېتىم تەكرارلاپ، ھەرقايسى يىللارنىڭ كەينىگە قوشۇپ (مەسىلەن، كۆك ئالتۇن، كۆك ئوت، كۆك سۇپ، ئۇد توپۇ... دېگەندەك)، 60 يىل ھېسابلاپ، 60 يىلنى بىر دەۋر دەپ قارىغان.①

قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ كالېندارى بويىچە بىر يىل 12 ئايغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇلار بىرىنچى ئاي، ئىككىنچى ئاي، ئۈچىنچى ئاي، تۆتىنچى ئاي، بەشىنچى ئاي، ئالتىنچى ئاي، سەككىزىنچى ئاي، توققۇزىنچى ئاي، ئونىنچى ئاي، بىر يىگىرمىنچى ئاي، ئىككى يىگىرمىنچى ئاي دەپ ئاتالغاندىن باشقا، يەنە بىرىنچى ئاي ھىندى كالېندارى بويىچە «ئەرەب ئاي»، ئىككى يىگىرمىنچى ئاي (12 ـ ئاي) «چاقشاپۇت ئاي»② دەپمۇ ئاتالغان. شۇنداقلا بىرىنچى ئاي يەنە قەدىمكى ئىران ۋە قەدىمكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ئادىتى بويىچە «نوروز ئاي» (يېڭى يىل) دەپمۇ ئاتالغان. قوچو ئۇيغۇرلىرىدا يەنە بىر يىل ئىچىدىكى 12 ئاينى قوزى، ئۇد (ئۇي، تۆكۈز)، ئاراندىز (جەۋزا)، قۇچىق (سەرەتان)، ئارسلان، سۇنبۇلە، ئۈلكۈ (تارازا)، چازان (چايان)، ياي (ئوقيا)، ئوغلاق، كۆنەك (دەلۋە)، بالىق (بېلىق) قاتارلىق 12 يۇلتۇزنىڭ نامى بىلەن ئاتايدىغان ئادەتلەرمۇ بولغان.

قوچو ئۇيغۇرلىرى بىر ھەپتىنى يەتتە كۈنگە بۆلۈپ، ئۇلارنى باش كۈن (دۈشەنبە)، بوش كۈن (سەيشەنبە)، سىوك كۈن (چارشەنبە)، كىچاتنا كۈن (پەيشەنبە)، ئاتناكۈن (ئازنا ـ جۈمە)، ئاتناراس كۈن (شەنبە)، بازار كۈن (يەكشەنبە) دەپ ئاتايدىغان ۋە سوغدىچە مىر، ماچ، ۋاچان، تىر، ئورمۇزە، ناچىت، كەۋەن دەپ ئاتايدىغان ئادەتلەرمۇ بولغان. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە يېزىلغان ئايرىم ھۆججەتلەردە يەنە ھازىرقى دۈشەنبە كۈنىدىن يەكشەنبە كۈنىگىچە بولغان بىر ھەپتە (يەتتە كۈن)نى شاماش، سىن، نېرگال، نىبۇ، مەردۇك، ئىشتار، نىسىپ دەپ ئاتايدىغان ئادەتلەرنىڭ بولغانلىقىمۇ مەلۇم. مىلادىيە 14 ــ 15 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن قوچو ئۇيغۇرلىرى يەنە بىر ھەپتە (يەتتە كۈن)نى فەرغ مۇقەددىمە، فەرغ مۇئاخىرەت، رەشا،

① ھەسەن ئىلى: «قەدىمكى تۈركىيلەردە يىللار، ئايلار ۋە كۈنلەر».
② چاقشاپۇت — سوغدى تىلىدا qšʹpt، سانسكرىت تىلىدىكى šikṣāpada بولۇپ، ئەسلى مەنىسى «پەرھىز قىلماق».

دەبەئە، بەلىغ، سەئىدۇ، سەئنۇە ئاقنۇەت دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتىلغان.[①] يەنە بەزى ماتېرىياللاردا قوچو ئۇيغۇرلىرى خەنزۇ كالېندارىنىمۇ ئىشلەتكەن، دېيىلىدۇ.

تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مۇچەللىك يىلنامىسىگە كېيىنچە يەنە موڭغۇللار ۋارىسلىق قىلغان.[②] بۇلارنى «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى باشقا ئەسەرلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شىنجاڭغا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمان بولغان مىللەتلەر ھىجرىيە كالېندارىنى ئىشلەتكەن بولۇپ، بۇ 1000 يىللىق تارىخقا ئىگە. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە غەربنىڭ مەدەنىيىتى جۇڭگوغا كىرىشكە باشلىغان. بۇنىڭ بىلەن مىلادىيە كالېندارىمۇ شىنجاڭدا قوللىنىلىشقا يۈزلەنگەن.

بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭدا مىلادىيە يىلنامىسىنى قوللىنىش ئاساس قىلىنىسىمۇ، لېكىن خەلق ئارىسىدا مۇچەللىك كالېندار، ھىجرىيە كالېندارى ۋە قەمەرىيە كالېندارى قاتارلىقلارمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

## 2. ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىدە سۆزلەنگەن ئاسترونومىيىلىك ۋە جۇغراپىيىلىك بايانلار

ئۇيغۇرلار قەدىمكى زاماندىن باشلاپلا ئاسترونومىيە ۋە جۇغراپىيە ھەققىدە ئىزدىنىشكە باشلىغان. بۇ ھال ئۇلارنىڭ يازما ھۆججەتلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدا ئاسمان، كۈن، ئاي، يۇلتۇز، يەر، تاغ، ئۆڭدەيەن (ئالدى تەرەپ، كۈنتۇغارياق، شەرق)، قۇرۇياندان (ئارقا تەرەپ، كۈنپاتارياق، غەرب)، بەرىيەندىن (ئوڭ تەرەپ، جەنۇب)، يىرتاندايان (سول تەرەپ، شىمال)، مۇچەللىك يىلنامە، پەسىللەر ھەققىدە ئۇچۇرلار بار. قوچو ئۇيغۇر خانلىقى زامانىسىغا كەلگەندە بۇ ھەقتىكى قاراشلاردا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇرلىنىش ۋە كېڭىيىش بولغان.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 11- ئەسىر شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ

---

① ئە. بايتۇر، غ. سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 636- 638- بەتلەر.

② لۇئىس بازىن (فرانسىيە): «تۈركىيلەرنىڭ كالېندارچىلىق تەتقىقاتى»، جۇڭگو نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1998- يىلى خەنزۇچە نەشرى.

ھەر تەرەپلىمە قىياپەتتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قامۇس خاراكتېرلىك كىتاب بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرى بۇ كىتابىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاسترونو-مىيىلىك ۋە جۇغراپىيىلىك قاراشلىرى توغرىسىدا قىممەتلىك مەلۇمات-لارنى بېرىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» تىكى «12 مۇچەل» توغرىسىدىكى بايانلار مۇچەلنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە قوللىنىلىش تارىخىنى بىلىشتە يېگانە-لىقى بىلەن ئەھمىيەتلىكتۇر. ئەجدادلار ئەسىرلەر داۋامىدا مۇشۇ يىل ھېسابلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئادەملەر يېشى، ئۇرۇشلار تارىخىنى ھەم باشقا مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ ۋاقتىنى ئېنىقلىغان.

«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» تىكى بايانلار بويىچە، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ھەربىر يىلنى ئۆز ئالدىغا خۇسۇسىيەتكە ئىگە دەپ قارىغان، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۆكۈز يىلى كىرىشى بىلەن پات-پات ئۇرۇش بولۇپ تۇرى-دۇ. چۈنكى ئۆكۈزلەر ئۆزئارا كۆپ سوقۇشىدۇ. ئەگەر توخۇ يىلى كەلسە، ئاشلىق كۆپ بولىدۇ، لېكىن ئادەملەر ئارىسىدا تەشۋىش كۆپىيىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى — توخۇنىڭ ئوزۇقى بۇغداي، ئۇ بۇغداي ئىزدەپ ئەخلەت- چاۋارلارنى چېچىۋېتىدۇ. بېلىق يىلىدا يامغۇر - يېشىن كۆپ بولىدۇ، ئاشلىق ياخشى ئوخشايدۇ. چۈنكى بېلىق سۇدا ياشايدۇ. توڭگۇز يىلى قار قېلىن ياغىدۇ، سوغۇق كۈچلۈك بولۇپ، ھەر خىل غەيۋەت گەپلەر تارقىلىدۇ. ئۇيغۇرلار مۇشۇنداق ھەر يىلى ئالدىنئالا تەمىن قىلىنغان ھالەتلەر يۈز بېرىدۇ، دەپ ئىشەنگەن.

«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» تە ئاي ناملىرى ئەرەبلەردىن قوبۇل قىلىنغان دەپ ھېسابلانغان. لېكىن بىر يىلنى تۆت پەسىلگە ئايرىپ، ھەر ئۈچ ئايغا بىر نام بېرىلگەنلىكى قەيت قىلىنغان. يىلنىڭ دەسلەپ-كى ئۈچ ئېيى — ياي - ئەتىياز (كۆكلەم، باھار) ، ئىككىنچىسى — ياز، ئۈچىنچىسى— كۈز، تۆتىنچىسى — قىش. ئۇيغۇرلار باھارنىڭ نو-رۇزدىن كېيىنكى تۆتىنچى ئېيىنى «ئوغلاق ئاي» دەپ ئاتىغان، كېيىنكىسىنى «ئۇلۇغ ئوغلاق ئاي» دەپ ئاتىغان. چۈنكى بۇ ئايلاردا ئوغلاق ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى «ئۇلۇغ ئاي»، چۈنكى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تەبىرىچە، بۇ ئاي يازنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ، يەر-جاھاننى ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەر قاپلايدۇ، مال سەمرىيدۇ. ئەمدى ھەپتە چۈشەنچىسى ئۇيغۇرلاردا ئىسلام دىنىنى

قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن پەيدا بولغان.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە ئىشارە قىلىنىشىچە، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئاسترونومىيە ھەققىدە كۆپ ئىزدەنگەن. ئۇلار باشقا خەلقلەرگە ئوخشاشلا يىل، پەسىللەر، كۈن ۋە تۈن، ئايلارنىڭ ئۆزگىرىش سەۋەبلىرىنى بىلىشكە تىرىشىپ، بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۈن، ئاي، سەييارە ۋە باشقا يۇلتۇزلاردىكى ئۆزگىرىشلەرگە مۇناسىۋەتلىك دەپ ھېسابلىغان.

ئۇيغۇرلار ھاۋارايىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۈن سىستېمىسىدىكى سەييارىلەر ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتى بىلەن زىچ باغلاشتۇرىدۇ.① ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك ھاياتىدا ئۈركە يۇلتۇزىدىن پايدىلىنىدى: مۇشۇ توپ يۇلتۇزنىڭ جايلىشىشىغا قاراپ يىل پەسلىنى ئېنىقلىغانىدى. ئەمدى يولۇچىلار ئۇنىڭدىن كومپاس سۈپىتىدە پايدىلانىدى: ئەڭ يورۇق ۋە چىرايلىق چولپاننى بەخت يۇلتۇزى دەپ ئاتىدى. يەنە بىر يورۇق يۇلتۇز — ئاتارۇت (مېركورىي) — سۈنبۇلەنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ياز تۇغەپ، ئاشلىق يىغىش ئاياغلىشىدۇ، ئادەملەر قىشقا تەييارلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار كۈنگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، ئۇنى ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇق مەنبەسى دەپ ھېسابلاپ، ئۇنىڭسىز يەردە ھاياتلىق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دەپ چۈشەنگەن.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تىكى يەر ئىلمى، تارىخ، جۇغراپىيە ئىلمى ساھەسىدىكى بايانلارنىڭمۇ ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بۇ ئەسىرىدە، 11 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر جۈملىدىن ئېتنومىيىلىك 72 ئۇرۇق ـ قەبىلە ناملىرى، ئۇلارنىڭ ماكانلىشىش ئەھۋالى بايان قىلىنغان ۋە خەرىتە شەكلىدە ئىزھار قىلىنغان. قىممەتلىكى شۇكى، ئورقۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا تىلغا ئېلىنغان بۇ ئېتنىك توپلارنىڭ كېيىنكى بىر قانچە ئەسىرلىك يۈتكىلىش ۋە تارقىلىش ئەھۋالى پەقەت مەھمۇد كاشغەرى مەلۇماتى ئارقىلىق روشەنلەشتى. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە كۆرسىتىلگەن جۇڭگودىن ۋىزانتىيىگىچە ماكانلاشقان تۈركىي تىللىق خەلقلەر ھەققىدىكى بايانلار پەقەت ئەل مەرۋىزى، ئەل

① ئە. نارىنباييوف (قىرغىزىستان): «مەھمۇد كاشغەرى ئىجادىيىتىدە تۈركىي تىللىق خەلقلەر دۇنيا قارىشىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى». «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1992 ـ يىللىق 2 ـ سان، 65 ـ بەت، ئۈرۈمچى.

مەقدىسى، ئىبنول ئاشىر، ئەل بىلاروزى ۋە مەسئۇدى قاتارلىق ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب ساياھەتچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆتكەن ئەسىردىن بېرى ئىلىم دۇنياسىغا قايتا مەلۇم بولغان ئورقۇن – يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرى تەرىپىدىنمۇ قايتا ئىسپاتلاندى.

«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»تە 175 يەر – جاي نامى بېرىلگەن. ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا توپونومىيىسىنى ئىشلەشتىكى قىممىتى مۆلچەرلىگۈسىز ئۈستۈن. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يۇرتى ۋە قەبرىسىنى بېكىتىش ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلغان يېقىنقى ئىلمىي پائالىيەتلەر جەريانىدا «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» تىكى مۇناسىۋەتلىك بېشارەت ۋە ئىمزاھلار ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى.

«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»تە ئالىم ئۆزى بىلىدىغان دۇنيانىڭ تۆت چېكى — غەربتە ئەندەلۇس، يەنى ئىسپانىيىدىن تارتىپ، شەرقتە جابارقاغىچە، غەربىي جەنۇبتا زانجغىچە،① شەرقىي شىمالدا ئىنسا (ئەنسا)② شەھىرى بىلەن ئالاۋىيە شەھىرىگىچە كۆرسەتكەن.

«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»تە «ئۇرەڭ» دېگەن ئاتالغۇغا تەبىر بېرىپ، «رۇم ئېلىنىڭ شىمالىي چېگراسىغا يېقىن بىر جاينىڭ نامى. توغرىسى (ۋەرەڭ)،» (I توم، 182-بەت) دەيدۇ. ئالىملار بۇنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى فرانسىيىنىڭ نامى «فرانك» نىڭ تۈركىي تىللاردىكى يېزىلىشى دەپ ھېسابلىماقتا.③ بۇ 11 – ئەسىردە ئۇيغۇرلارنىڭ جۇغراپىيىلىك بىلىمىنىڭ شەرقىي يېرىم شارنىڭ غەربىگىچىلىك بولغان دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا م. كاشغەرى تولغان ئەقىل-پاراستى ۋە يۇقىرى ماھارىتى بىلەن سىزغان «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» نىڭ باش تەرىپىدىكى يۇملاق شەكىللىك يەر خەرىتىسىدە ئەڭ شەرقتىكى بىر يەر نامى — جابارقا (Jabarka) تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ مۇئەللىپنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ كەڭ تېررىتورىيىسى توغرۇلۇق ئۆزى بىۋاستە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ مۇمكىنچىلىكلىرىنى ئۇقتۇرىدۇ.

---

① زانج — ئافرىقىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى بىر يەر.
② ئەنسا — ئەرەبچە «ئاياللار دۆلىتى» دېگەن مەنىدە.
③ لى يوڭ: «‹دىۋانۇلۇغەتت تۈرك› نىڭ ئەدەبىي قىممىتى ۋە ياشقىلار»، «ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1996-يىلى 1-، 2- قوشما سان، 32-بەت، خەنزۇچە.

يەنى ئۇ ئىسلام جۇغراپىيىسىگە دائىر ئەسەرلەردىكى بۇ يەر نامىنىڭ غەربكە جايلاشقان دېگەن خاتا قاراشنى تۈزىتىپ، ئۇنى خەرىتىدە ئەڭ شەرقتە دەپ يازغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇئەللىپنىڭ كىتابىغا يازغان «مۇقەددىمە» سىدە، بۇ يەر بىلەن جۇڭگونى چوڭ دېڭىزلار ئايرىپ تۇرىدۇ. دېگەنلىرى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئۇ بىرىنچى قېتىم كېيىنكىلەرنى ياپونىيىنىڭ نامى ھەققىدە بىرقەدەر توغرا شەكىلدە ئۇچۇرغا ئىگە قىلغان.[①] ياپونىيە ئىلىم ئەھلى دۇنيادا تۇنجى قېتىم ئۆز دۆلىتىنىڭ نامىنى خەرىتىگە چۈشۈرگەن مەھمۇد كاشغەرىگە ئاپىرىن ئوقۇشماقتا. ئاسىيانىڭ شۇ كەمگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ قەدىمكى خەرىتىسى بولغان[②] بۇ يۇمىلاق شەكىللىك خەرىتە توغرىسىدا پروفېسسور جاڭ گۇاڭدا بىرقەدەر توغرا باھا بەرگەن، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئومۇمەن، مۇئەللىپ سىزىپ چىققان بۇ خەرىتىدە ئىجادىيلىقتا ئىگە ئۆزگىچە پىكىر ئىپادىلەنگەن. كۆپ جەھەتلەردە ئالدىنقىلارنىڭ ئىشلىگەنلىرىدىن ئېشىپ كەتكەن. ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى شۇكى، ئۇ بىر ئىسلام مۇخلىسى بولۇپ تۇرۇقلۇق، مەككە ـ مەدىنەنى دۇنيانىڭ مەركىزى دەپ ھېسابلىماي، ھەلكى خەرىتىنىڭ مەركىزىگە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختىدىن بىرى بولغان بالاساغۇن شەھىرى دەپ يازىدۇ.» بۇ ئىسلام خەرىتىلىرى بىلەن سېلىشتۇرما قىلىنغان ھالدا، «ئۇنىڭدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خاس مەزمۇنىنىڭ كەڭ بايان قىلىنغانلىقى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىلگىرى ئىشلەنگەن ھەرقانداق ‹ئىسلام خەرىتىلىرى› ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ» ، «ئەگەر، مۇئەللىپ ئاساسلانغان ھۆججەت ماتېرىياللار نەق مەيداننى تەكشۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر ۋە تىللارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىغا قارىتا ئوبيېكتىپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھالدا مۇھاكىمە قىلىنىدىغان بولسا، ھەممە ئادەم بىر پىكىرگە كېلەلەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ چوڭقۇر بىلىمى بىلەن ئىشلەپ چىققان بۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دۇنيا خەرىتىسىنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى خەرىتىشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مەشھۇر

① جاڭ گۇاڭدا: «مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ‹دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك› ئەسىرى ۋە بۇ كىتابتىكى يۇمىلاق شەكىللىك خەرىتە»، «غەربىي يۇرت تارىخ جۇغراپىيىسى تېزىسلىرىدىن دەسلەپكى توپلام» («西域史地丛稿初编»)، شاڭخەي قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى، 1995- يىلى نەشرى، 66-بەت.

② ئىبراھىم مۇتىئى قاتارلىقلار «ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرى ۋە ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى ‹دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك›»، «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» I توم، 21-بەت.

ئۇتۇقى دەپ قاراشقا بولىدۇ.»① قىرغىزىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ پروفېسسورى ئەزىز نارىنبايوف بۇ خەرىتىنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى يۇقىرى باھالايدۇ. ئۇ مۇنداق يازغان: «مەھمۇد كاشغەرى قوشۇمچە سۈپىتىدە مەركىزىي ئاسىيانىڭ تەپسىلىي خەرىتىسىنى بېرىدۇ. ئالىم يەرنىڭ دۈگىلەك شار شەكلىدە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىدىيەسىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بۇ قارىشىدىن قەدىمكى يۇنان، ئەرەب ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىملىرىنىڭ ئىلغار ئىلمىي تەتقىقاتلىرىنىڭ تەسىرىنى كۆرىمىز. شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، ئۇ بۇ خۇلاسىنى ياۋروپا ئالىملىرىدىن خېلىلا ئىلگىرى چىقارغان.»②

«قۇتادغۇبىلىك» ئۇلۇغ ئەدىب ۋە ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ شېئىرىي شەكىلدە يازغان زور ئەسەر. ئۇنىڭدىكى بىر قاتار كۆز قاراشلار قاتارىدا ئاسترونومىيە ھەققىدىكى بايانلار ئەينى چاغ ئاسترونومىيەسىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدىغان قىممەتلىك ماتېرىياللار ھېسابلىنىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىدا، يەتتە يۇلتۇز ۋە 12 بۇرج توغرىسىدا توختالغاندا ۋە باشقا تەبىئەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىدا، ئۆز زامانىسىنىڭ ئاددىي ئاسترونومىيەسىگە دائىر مۇلاھىزىلىرىنى تۇنجى قېتىم نەزم بىلەن ئىپادىلىگەنلىكىنى كۆرىمىز:

بۇلاردىن ئەڭ ئۈستۈن سەكەنتىر تۇرۇر،
ئىككى يىل، سەككىز ئاي بىر بۇرجدا قالۇر.
ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ ئوڭاي،
قالۇر ئۇ بۇرجىدا دەل ئون ئىككى ئاي.
ئۈچىنچى كۆرۈددۇر غەزەپتە يۈرۈر،
قايان بارسا بارلىق ياشارغان قۇرۇر.
تۆتىنچى قۇياشتۇر، يورىتۇر جاھان،
يېقىن ھەم ئۇدۇل كەلگەننى ھامان.
بەشىنچى سەۋرتتۇر، سۆيۈملۈك ئۆزى،
ئۇ باقسا كۆرەرسەن خوشاللىق يۈزى.

---

① جالال كۈزالدا ئەپەندىنىڭ يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان ماقالىسىگە قارالسۇن.
② ئە. نارىنبايوۋ ئەپەندىنىڭ يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان ماقالىسىگە قارالسۇن.

ئۈنىڭدىن كېيىن بۇ ئارزۇ كېلەر،
ئۇ كىمگە يۇقۇشسا تىلەككە يېتەر.
بۇلاردىن تۆۋەنرەكتە يالچىق تۇرار،
قۇياشقا ئۇدۇل باقسا تولۇن بولار.
(«قۇتادغۇبىلىك» 132— 137- بەتلەرگىچە)

مۇتەپەككۇر شائىر بۇ مىسرالار ئارقىلىق ئۆز زامانىسىدا مەلۇم بولغان سەييارىلەرنىڭ (قۇياشتىن باشقا) ئاسمان سىفىرىسىدىكى ئورنى ۋە سۇرزۇلمە ھەرىكىتىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئالەم قارىشىنى مۇنداق يەكۈنلەشكە بولىدۇ: يەر— كائىناتنىڭ مەركىزى؛ يەر قوزغىلىدۇ، يەنى ئايلىنىدۇ، ھەممە ئاسمان جىسىملىرى يەرنىڭ ئەتراپىدا مەلۇم بىر دائىرىنى بويلاپ ھەر خىل تېزلىكتە ئايلىنىدۇ؛ ئاسمان جىسىملىرى تەكشى بىر خىل تېزلىكتە ئەمەس، بەلكى خۇددى يەر ۋە ئايغا ئوخشاش نۇرسىز «ئۆلۈك» جىسىملاردۇر. ئۇلار پەقەت كۈندىنلا نۇر ئالىدۇ، يەنى قۇياش نۇرىدا ئەكس ئېتىدۇ.①

«تۇرت تادۇ» قارىشى «قۇتادغۇبىلىك»تە مەركەزلىك ھالدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن تەبىئەت پەلسەپىسى قارىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، يۇسۇپ خاس ھاجىپ بۇ كۆزقاراش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى شەرھلەيدۇ. شائىر «تۇرت تادۇ»نى تەبىئەتكە تەتبىقلىغىنىدا، ئۇنى دۇنيانىڭ مەنبەسى دەپ ھېسابلىغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

بۇ تۇرت يار ماڭا تۇرت تادۇدەك ئېرۇر،
تۇزۇلسە تادۇ چىن ھاياتلىق بولۇر.
(60- بەت)

ئۇچى سۇ، ئۇچى يەل، ئۇچى بولدى ئوت،
ئۇچى تۇپراق، بۇلاردىن دۇنيا ۋۇجۇد.
(143- بەت)

① م. ئوبۇلقاسىم (قازاقىستان): «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئاسترونومىيىلىك قاراشلىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1977- يىلى 2- سان، 77- بەت.

شائىر بۇ مىسرالاردا دۇنيانىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى قارىشىنى بايان قىلىپلا قالماستىن، ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، «تادۇ» ( زات) ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ چاھارىيارنى «تادۇ»غا ئوخشىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئېنىق قىلىپ «تادۇ» دىن چىن ھاياتلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، «تادۇ» دىن دۇنيا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، دەيدۇ. بۇ يەردە «تادۇ» چىن ھاياتلىقنىڭ، دۇنيانىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

تېخىمۇ كونكرېت چۈشەندۈرسەك، ئۇ تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوتتىن ئىبارەت «تۆرت تادۇ» (تۆت زات، تۆت ئېلېمېنت) نىڭ تەبىئەتتىكى زىددىيەت ۋە بىردەكلىكنىڭ ئاساسى، تەبىئەتنى تۈزۈشنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرلىكتە، ئۇنى يۈتكۈل ئالەمدىن تاكى ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغىچە كېڭەيتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھاياتلىق بىلەن تەبىئەتنى بىر گەۋدە سۈپىتىدە چۈشەندۈرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ گەرچە تەقۋادار بىر مۇسۇلمان بولسىمۇ، ئەينى دەۋر ئىسلامىيەت دۇنياسىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان «ئالەمدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ ئىرادىسىگە باغلىق» دەيدىغان ئىدېئالىستىك قاراشلارنىڭ ئەكسىچە، تەبىئەتنىڭ ئاساسى بولغان «تۆرت تادۇ» ۋە ئۇنىڭ زىددىيەتلىك بىردەكلىكىنىڭ ئىنساننىڭ تۈزۈلۈشى، جىسمانىي ۋە روھىي ھالىتىنىڭ ئاساسىي سۈپىتى ئىكەنلىكىنى، ئەگەر «تۆرت تادۇ» نورماللىقى بۇزۇلسا، ئىنسان فىزىئونومىيىسىدىمۇ ئۇنىڭغا ماس ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئۆزى تەبىئەتنىڭ مەھسۇلى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ پائالىيەت ئوبيېكتىمۇ تەبىئەت. ئىنسانىيەت تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى تەبىئەتنى ئاساس ۋە ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. شۇڭا، ئىنسانىيەت ئالەمنىڭ مۇرەككەپ سىرلىرىنى يېشىپ بېرىش ئۈچۈن تەبىئەت ئالەمنىڭ راۋاجلىنىش قانۇنىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئىنسان ئېڭىدا پەيدا بولغان ئىنكاسلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە تەتبىق قىلىش كېرەك. يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەل شۇنداق قىلغان. ئۇ داستاندىكى بىر قاتار بېيىتلەردە «تۆرت تادۇ»نى تۇتقا قىلىپ، ئۇنى تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەممە قاتلاملىرىغىچە كېڭەيتىشتۇر-

غانلىقى بىلىنىدۇ.[1] يەنە ئۇنىڭ داستانىدا 15 ساھە (قاتلام) گە تەت-
بىقلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.[2]

قىسقىسى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «تۆرت تادۇ» نىڭ تەڭداشسىز ئۇلۇغ ۋە قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىگە شۇنچىلىك ئەقىدە ۋە ئېتىقاد قىلغانكى، «پۈتۈن ئالەمنىڭ يارىتقۇچىسى ۋە ئىگىسى» دەپ قارالغان ئاللانىڭ «يەنە قايتا دۇنياغا تۆرەلمەيدىغان» مەڭگۈلۈك «تۆرت يارى» — «تۆرت ساھابە»[3] نىڭ مەدھىيىسىنى «تۆرت تادۇ» غا تەڭلەشتۈرىدۇ.

«مەجمۇئەتۇل ئەھكام» دىكى تەبىئىي پەنگە دائىر بايانلار: بۇ كىتابنى 18 - ئەسىرنىڭ بېشىدا خوتەننىڭ قاراقاش ناھىيىسىدە ياشىغان مۇھەممەد ئېۋەز قاراقاشى (تولۇق نامى مۇھەممەد ئېۋەز ئىبىن مەۋلانا سەدرىدىن قاراقاشى) دىگەن ئادەم ھىجرىيە 1127 - يىلى (مىلادىيە 1715—1716 - يىللىرى) يازغان. 14 بابلىق بۇ ئەسەر ئاساسەن ئاسترونومىيىگە بېغىشلانغان بولۇپ، ئاپتور شۇنى چۆرىدىگەن ھالدا ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، تېبابەتچىلىك، پسىخولوگىيە، ئاسترونومىيە ئىلمى، شۇنىڭدەك ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى، يىل، ئاي، كۈن، ھەپتە، ۋاقىت، سائەت ۋە توققۇز پىلانېتا، يەتتە چوڭ سەييارە يۇلتۇزنىڭ دەۋرىيلىك ھالىتى، يەر شەكلى، يەر تەۋرەش، يۇلتۇزلارنىڭ تەرىپى، كالېندار تۈزۈش، گېئومېتىرىيە، ئالگېبرا، تارىخ، قىسىملارغا بۆلۈش، ئون ئىككى بۇرج، 12 مۇچەل، ئىنسان ئورگانىزمىدىكى پسىخىك ھالەتلەر يەنى فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەرىپى قاتارلىق نۇقتىئىنەزەرلەر ھازىرقى زامان ئىلىم-پەن قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان توغرا كۆزقاراشلار ئارقىلىق خېلى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا پالچىلىق ۋە چۈش تەرىپى توغرۇلۇقمۇ بىر قاتار بايانلار بار.[4]

---

① ئابدۇكېرىم رەھمان: «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى «ئۆتلۈكلەر سىستېمىسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى، 1994 - يىلى 1 - سان، ئۇيغۇرچە.

② دۇن شىيۇ: «تۆت» نىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تىكى رولى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، خەنزۇچە، 1993 - يىلى 3 - سان.

③ تۆت ساھابە — ئابابەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

④ بۇ ئەسەرنىڭ نۇرغۇن قوليازما نۇسخىلىرى بېغىشلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش، پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى تەرىپىدىن 1992 - يىلى 12 - ئايدا ئاپېگرافتا بېسىلدى.

## § 9 . ھېسابلاش ئىلمى

ماتېماتىكا — بارلىق تەبىئىي پەننىڭ ئاساسى. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆڭكۈرلەردە ياشىغان، بەكمۇ ئاددىي تاش قوراللارنى ئىشلىتىپ تىرىكچىلىك قىلغان ۋاقىتلىرىدىلا، ئۇلاردا سان - سىپىر ھەققىدە غۇۋا ئۇقۇملار بولغان.

ئىچكى موڭغۇل ياپلىقى قەدىمكى زاماندا ھون، تۈرك، ئۇيغۇر، قىتان، جۇرجىت، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەر ياشىغان رايون ئىدى. بۇ رايوننىڭ چۇغاي تاغ تىزمىسى مورخىت جىلغىسىدىكى قىيا تاشلارغا بەكمۇ چوڭقۇر ئويۇلغان «11»، «111»، «11111» دېگەندەك بەلگىلەر بايقالغان. بۇ ئاشۇ مىللەتلەرنىڭ قالدۇرغان ئىپتىدائىي رەقەملىرىدۇر.

ماتېماتىكا ئەمەلىيەت جەريانىدا بارلىققا كەلگەن. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە، كىشىلەر تاڭ سەھەردە ئۇۋغا چىققاندا ئوتتاشتەك قۇياشنى، كەچتە بەزىدە تولۇن ئاينى كۆرۈپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇلاردا «چەمبەر» ئۇقۇمى پەيدا بولغان. بۇ گېئومېتىرىيىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. تارىم ۋادىسى قۇرۇقتاغ قىيالىقىدا ھەر خىل چەمبەر شەكىللىرى چۈشۈرۈلگەن سۈرەتلەر بار. 1979 - يىلى كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىن قېزىۋېلىنغان قەبرىلەر ئالاھىدە بولۇپ، قەبرىلەرنىڭ ئەتراپىغا چۆرىدەپ ئالتە قۇر چەمبەرسىمان ياغاچ قوزۇق (بىرىنچى قۇرىغا 85 ئەتراپىدا، ئەڭ ئىچىدىكى ئالتىنچى قۇرغا 52 ياغاچ قوزۇق) قېقىلغان.

يەنە بەزى جايلاردىن كۇۋادرات، تىك تەرەپلىك شەكىللەردە سىزىلغان قوتانلار چۈشۈرۈلگەن تاش رەسىملەر تېپىلغان. بۇ ھەر خىل قائىدىلىك ۋە قائىدىسىز تۆت تەرەپلىك گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەرنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ باشلىنىشى.

ف. ئېنگېلس: «ساپ ماتېماتىكىنىڭ ئوبيېكتى رېئال دۇنيانىڭ بوشلۇقتىكى شەكىللىرى ۋە مىقدار مۇناسىۋىتىدۇر» دېگەنىدى. رەقەم «مىقدار مۇناسىۋىتى»، گېئومېتىرىك شەكىل «بوشلۇقتىكى شەكىل» بولۇپ، ئىككىسى قوشۇلۇپ ماتېماتىكىنىڭ پۈتكۈل ئۇقۇم

مەزمۇننى ھاسىل قىلىدۇ.

قىيا تاش رەسىملىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئۇندۇرمە ھالەتتىكى ماتېماتىكىدىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، ماتېماتىكا ئۇقۇمى ناھايىتى بالدۇر پەيدا بولغان. يېزىق ئىجاد قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى قەدىمكى زاماندا، غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلار خېلى كۆپ ماتېماتىكا ساۋاتلىرىغا ئىگە بولغان. كىشىلەر ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى جەريانىدا ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن ماتېماتىكىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. خۇددى ف. ئېنگېلس ئېيتقاندەك: «ماتېماتىكا ئىنسانلار ئېھتىياجى داۋامىدا بارلىققا كەلگەن.» «سان ۋە شەكىل ئۇقۇملىرى باشقا ھېچقانداق يەردىن ئەمەس، بەلكى رېئال دۇنيادىن ئېلىنغان.»[1]

ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ساناق سانلاردىن پايدىلانغانلىقىغا ئۇزاق زامانلار بولغان.

خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن مۇتەپەككۇر موزى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى تەخمىنەن 468 ـ يىلىدىن 376 ـ يىلىغىچە ياشىغان) يازغان «موزى» دېگەن كىتابتا «ياۋ سەككىز دىلارغا نەسىھەت قىلغان» دېيىلگەن. سەككىز قوۋمدىن تەركىب تاپقان دىلار بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىنغان ياۋ ( 尧 ) بولسا، جۇڭگونىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدا ئۆتكەن قەبىلە ئاقساقىلى بولۇپ، 6000 — 8000 يىللار ئىلگىرى ياشىغانلىقى ئېيتىلىدۇ. «جۇ ئەمەلدارلىرى» ( « 周官 » ) دېگەن كىتابتا بولسا «ئالتە دىلار»، «توققۇز ماۋلار» دېگەن ناملار تىلغا ئېلىنغان. جېڭ سىنۇڭ دېگەن كىشىنىڭ «شىمال تەرەپتە ماۋدىلار» ( 北方貉狄 ) بار ئىدى، دېگەنلىرىگە ۋە باشقىلارنىڭ دېگەنلىرىگە قارىغاندا، دىلار بىلەن ماۋلار ئارىسىدا تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت بولسا كېرەك. دىلار شاڭ سۇلالىسى زامانىسىدا گۇيفاڭلار دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇلار ئاشۇ چاغدا «گۇيفاڭ توققۇز ئۇرۇقى» دەپمۇ ئاتالغان. بۇلاردىن شۇ نەرسە ئۇقۇلىدۇكى، ئەنە شۇ قەدىمكى زامانلاردىلا دىلار ئۆزلىرىنى «سەككىز قوۋم»، «توققۇز ئۇرۇق» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن.

«زوچيۇمىڭ تەپسىرى» ( « 左传 » ) دېگەن كىتابتىكى بايانلار-

① ف. ئېنگېلس: «دىيۇرىڭغا قارشى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1972 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 56 ـ بەت.

غا قارىغاندا، دىلارنىڭ قىزىل دى قەبىلىسى «ئالتە ئۇرۇق»، ئاق دى قەبىلىسى «ئۈچ ئۇرۇق» تىن تەركىب تاپقان. بۇنداق ساناق سانلار بىلەن قوۋم، قەبىلىلەرنى ئاتاش ئەنئەنىسى ئۇزۇن ئەسىرلەر ئىچىدە ئىزچىللىقىنى ساقلىغان.

هونلار بىلەن بىرلىكتە غەربكە كۆچۈپ، سوغدىيانا ئەتراپىدا ماكانلىشىپ قالغان دىڭلىڭلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى باشقا قوۋملار بىلەن بىرلىكتە كانگىيە خانلىقىنى قۇرغان بولۇپ،① ئۇلار «توققۇز ئوغۇز»، «توققۇز چاۋۇپ خۇزلىرى» ۋە «توققۇز چاۋۇپ ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتالغان. بۇ غوبى چۆللۈكى ساھىلىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇر دەپ ئاتىلىشى بىلەن ماسلىقىنى ساقلىغان. بۇلاردىن باشقا ئىگىز قاڭقىلىقلارنىڭ ئالتە ئۇرۇقى (ئالتە ئۇرۇقلۇق ئىگىز قاڭقىلىقلار)، ئىگىز قاڭقىلىقلارنىڭ 12 ئۇرۇقى، ئۈچ ياغما، ئۈچ قارلۇق، ئوتتۇز تاتار قاتارلىق ناملار بولغان. بۇ ئاشۇ ئۆتمۈش زامانلاردا ئەجدادلارنىڭ سان چۈشەنچىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ھەم ئۇنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىگە قارىتا ئىشەنچىسىنىڭ بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەجدادلار ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدىلا سانلاردىكى بۆلۈنمە مەسىلىسىگە دىققەت قىلغان. بۇنى بىز ئەجدادلار نەزەرىدە شەكىللەنگەن 3، 5، 7، 9 قاتارلىق تاق سانلارنى خاسىيەتلىك سان دەپ چۈشىنىپ كەلگەنلىكى، بولۇپمۇ ئەڭ چوڭ تاق سان 9 سانىنى مۇقەددەس ھېسابلاپ، ئۆز تارىخىنىڭ بىرقانچە مىڭ يىللىق مۇساپىسىنى 9نى يادرو قىلغان قوۋم نامى — توققۇز كۈيغاڭلار، توققۇز دىلار، توققۇز تېلېلەر، توققۇز ئۇيغۇر — توققۇز ئوغۇزلار بىلەن باغلىغانلىقى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەلۇمكى، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىك سان ئۇقۇمىدا 10 ئەڭ چوڭ سان ھېسابلانغان. چۈنكى ئۇ دەۋرلەردە قول بارماقلىرى بىلەن ساناق سانلارنى ساناش ئاساس قىلىنغان بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ھېسابات ئىشلىرى 10 ئىچىدىكى سانلار بىلەن چەكلەنگەن. ئاشۇ دەۋرلەردە ئادەملەر ئىپتىدائىي كوممۇنا دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بولغاچقا، ئورتاق ئىشلەپ تاپقان دارامەتلىرىنى تەڭ نىسبەتتە تەقسىم قىلىش

① «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

تۈزۈمى بولغان. جۈپ سانلىق قىممەتكە ئىگە دارامەت تەڭ نىسبەت بويىچىلا تەقسىم قىلىنغاندا، قالدۇق ئاشمىغان، ئەمما تاق سانلىق قىممەتكە ئىگە دارامەتنى تەقسىم قىلغاندا قالدۇق سان بۆلۈنمىگەن. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار دائىم تاق سانلارغا يولۇققاندا، ئۇنىڭ تەڭ قىممەتكە بۆلۈنمەسلىكىدىن ئويغا چۆمۈپ، بۇنداق ساندا بىر خىل سىرلىق خىسلەت بار ئىكەن، دەپ چۈشەنگەن. نەتىجىدە تاق ساننى بىر خىل مۇقەددەس سان دەپ قاراش چۈشەنچىسى ئاشۇ دەۋردىلا بارلىققا كەلگەن. 10 نىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ تاق سان 9 بولغاچقا، ئۇ لېكسىكىلىق مەنىدىن باشقا يەنە چوڭقۇر سىيمانتىكىلىق مەنە، مەدەنىيەت ۋە ئېتنوگرافىيىلىك مەنىگە ئىگە قىلىنغان. ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا 9 يۈكسەك ئىجتىمائىي چۈشەنچىسىنىڭ يادروسىدىكى مۇھىم ئېلېمېنت بولۇپ قالغان. كېيىنكى مۇرەككەپ سان ئۇقۇمى چۈشەنچىسى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىنمۇ، ئەنئەنىۋى مۇقەددەس سان قارىشى ئۆزىنىڭ مۆتىۋەر ئورنىنى ساقلاپ كەلگەن.

ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ يۈكسىلىشى، مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، ئەجدادلار خېلى قەدىمكى چاغلاردىلا سان توپلاملىرىنى بايقىغان ۋە تەبىئىي سانلارغا نام بېرىش، ئۇلارنى ھېسابلاش مەسىلىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ «قۇمىلاق ھېساباتى»نى ئىجاد قىلغان. «قۇمىلاق ھېساباتى» دا توشقان قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ قۇمىلىقى سان ئورنىدا قوللىنىلىپ ھېساب چىقىرىلىدىغان بولغاچقا، «قۇمىلاق ھېساباتى» دېيىلگەن. كېيىنچە، قۇمىلاق ئورنىغا شېغىل تاش، قوناق، يارماق (داچەن) قاتارلىقلار ئىشلىتىلىپ، قوشۇش، ئېلىش ھېساباتلىرى قۇمىلاقلارنى يۆتكەش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان.①

قەدىمكى تۈركىي تىللاردا 1 دىن 10 غىچە سانلار تەرتىپلىك قوللىنىلغان. يەنە 10، 20، 30، 40، 50، 60، 70، 80، 90، 100، 1000، 10 مىڭ ياكى تۈمەن دېگەن يىغىندى سانلارمۇ دائىم ئىشلىتىلىپ تۇرغان. 3، 7، 9، 24، 40 قاتارلىقلار كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش قارىشىغا قانداقتۇر ئۆزگىچە خاسىيەتلىك تۈس بېغىشلىغان.

---

① ئا. رەجەپ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ماتېماتىكا ئىلمى بويىچە ئىزدىنىشلىرى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1998 - يىل 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى.

بۈگۈنكى زامان كىشىلىرى ئۈچۈن غەلىتىرەك تۇيۇلىدىغان بىر ھادىسە شۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانلارنى ئېيادە قىلىشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىسى بىلەن بەزى جەھەتلەردە ئوخشاش، بەزى جەھەتلەردە پەرقلىق بولغان. مەسىلەن، 1 دىن 10 غىچە بولغان سانلار ئوخشاش بولغان: بىر، ئىككى (ئەكى)، ئۈچ، تۆت (تۆرت)، بەش (بىش)، ئالتە (ئالتى)، يەتتە (يىتى)، سەككىز (سىكىز)؛ توققۇز (توغۇز)، ئون.①

ئاددىي ساننىڭ ئاخىرى «نۆل» بىلەن ئاخىرلاشقان ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق سانلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاددىي سانلار بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن فونېتىكا جەھەتتىكى قىسمەن ئوخشاشماسلىقى ۋە رەت تەرتىپى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاخىرى «نۆل» بىلەن ئاخىرلاشقان ئاددىي سانلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، مەسىلەن، 20 — يىگىرمە؛ 30 — ئوتۇز (ئوتتۇز)؛ 40 — قىرىق؛ 50 — ئەلىگ (ئەللىك)؛ 60 — ئالتمىش (ئاتمىش)؛ 70 — يىتمىش (يەتمىش)؛ 80 — سەكىز ئون — سىكسەن (سەكسەن)؛ 90 — توقۇز ئون — توغۇز ئون — توقسان؛ 100 — يۈز ~ بىر يۈز؛ 1000 — مىڭ — بىر مىڭ؛ 10000 — تۈمەن — بىر تۈمەن — بەن.

«سەكسەن، توقسان، سەكىز ئون، توقۇز ئون» دىن ئىبارەت ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن سانلارنىڭ شەكلى پەرقلىق بولسىمۇ، لېكىن مەنە جەھەتتىن يەنىلا «80» ۋە «90» نى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. «يۈز»، «مىڭ»، «تۈمەن» لەرنىڭ ئالدىغا بەزىدە «بىر» سۆزى قوشۇلۇپ كەلگەن، بىراق «بىر» سۆزى بۇ سانلارنىڭ مەنىسىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار يەنىلا ئاددىي سان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق خانىلىق مۇرەككەپ سانلار تۆۋەندىكىدەك يوللار بىلەن بىرىكىپ كەلگەن: ئىككى خانىلىق مۇرەككەپ سانلاردا ئالدى بىلەن بىرلەر خانىسى، ئاندىن ئونلار خانىسى ئوقۇلغان. ئونلار خانىسىدىكى سان ئەسلىدىكى ساندىن ئون ئۈقۇمىسى كېمەيتىلىپ مەنە بەرگەن. مەسىلەن، سەككىز ئوتۇز — 28،

---

① لۇئىس بازىن (فرانسىيە): «تۈركلەرنىڭ كالېندارچىلىق تەتقىقاتى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1998 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 91 - بەت.

ئۈچ ئوتتۇز — 23، بىر قىرىق — 31.

بۇنداق شەكىل ئۈچ خانىلىق مۇرەككەپ سانلاردا مۇنداق ئىپادىلەنگەن: يۈزلەر خانىسى ئالدىدا كېلىپ، ئاندىن بىرلەر خانىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئونلار خانىسى ئوقۇلغان. مەسىلەن، يۈز ئىككى يىگىرمە — 112.

بۇ شەكىل بەش خانىلىق مۇرەككەپ سانلاردا مۇنداق ئىپادىلەنگەن: ئالدىدا مىڭلەرخانىسى، ئاندىن ئونلار خانىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇرەككەپ سانلارنىڭ ئوقۇلۇش تەرتىپى بويىچە كەلگەن. مەسىلەن، سەككىز يىگىرمە تۈمەن — 1800.

ئونلار خانىسى باشتا كەلگەن بۇ خىل شەكىل ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش. لېكىن پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سانلاردا دەسلەپ ئونلار خانىسى ئوقۇلغان، ئاندىن «ئارتۇقى» دېگەن سۆز قوشۇلغان، ئاخىرىدا بىرلەرخانىسى ئوقۇلغان. مەسىلەن، سەكىز ئون ئارتۇقى سەكىز — 88.

ئۈچ خانىلىق سانلاردىمۇ بىرلەر خانىسىنىڭ ئالدىغا «ئارتۇقى» دېگەن سۆز قوشۇلغان. بىراق «ئارتۇقى» قوشۇلماي كېلىدىغان شەكىللىرىمۇ بولغان. مەسىلەن، بىش يۈز ئارتۇقى ئىكى — 502، يۈز يىگىرمە — 120.

يۇقىرىقى سانلار توغرىسىدىكى بۇ چۈشەنچە ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرى ۋە قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ ۋەسىقىلەردىكى يېزىق پاكىتلىرىغا ئاساسەن بايان قىلىنغان.

غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلار گېئومېترىيە ۋە ئارىفمېتىكىغا ياكى ماتېماتىكىغا خېلى پىششىق ئىدى. بۇ توغرۇلۇق خاس كىتابلاردىن باشقا قەدىمكى زامان بىناكارلىق خارابىلىرى، مەسىلەن، قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى، مىڭئۆي غارلىرى، ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك مەسچىت - مەدرىسلەر، قەدىمكى سۇ قۇرۇلۇشلىرى، بولۇپمۇ كارىز قۇرۇلۇشى قاتارلىقلاردىن بۇ ئەھۋاللارنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

بۇ ھەقتە گەپ ئاچساق تەبىئىي يوسۇندا ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىم مۇھەممەد مۇسا خارەزمى (مىلادىيە 780 — 850 - يىللىرى ياشىغان) نى تىلغا ئالماي ئۆتەلمەيمىز. خارەزمى خارەزم شەھىرىدە تۇغۇل-

خان. ئۇ تۇغۇلغان يىللاردا خارەزم ئوغۇزلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي بولۇپ، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ يۇرتلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان. خارەزمى ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاپ، كاتتا ئالىم سۈپىتىدە تونۇلغان. ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئىچىدە ماتېماتىكا پېشىمۇ بار ئىدى. 829 - يىلى غەزنە شەھىرىدە يازغان «كىتاب ئەت تەقۋىم» دېگەن ئەسىرىدە ماتېماتىكىغا دائىر پەنلەردىكى ئۇقۇملار ھەققىدە ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇش بېرىلگەن. ئۇ يەنە «مۇختەسەر سىند ھىند»، «ئەلجەبىر ۋە مۇقەبەلە» قاتارلىق ماتېماتىكا، ئالگېبرا ۋە گېئومېتىرىيىگە دائىر كىتابلارنى يازغان. خەلقئارا ئىلىم ئەھلى خارەزمىنى ماتېماتىكا ئىلمىغا ئاساس سالغان دەپ قارايدۇ. بۇ ئالىم ھىندى رەقەملەر سىستېمىسىنى مەيدانغا چىقىرىشقا كۈچ قوشقان. ئالگېبرانىڭ پەن سۈپىتىدە تونۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغان. مىلادىيە 830 - يىلى يازغان «ئەلجەبىر ۋە مۇقەبەلە» ناملىق كىتابىدا، تەڭلىمىلەرنى تۈزۈش ۋە يېشىش قائىدىلىرى، گېئومېتىرىيىلىك ۋەزىپىلەرنى ئىشلەش، مەنپىي ۋە مۇسبەت سانلارنىڭ ئورۇنلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇللىرىنى بايان قىلغان. ئۇ يەنە باشقا ئەسىرىدە تۆت ئەمەل قائىدىلىرىنى بايان قىلغان. ئۇنىڭ كىتابى 1145 - يىللىرى ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن، ياۋروپا ماتېماتىكلىرى، جۈملىدىن ئۆز زامانىسىدىن باشلاپ ئەرەب دۇنياسىدىكى ماتېماتىكلار خارەزمىنى ئالگارىسموس، ئالخارىزموس، ئالگورىتموس دەپ ئاتاپ كەلگەن.

ئەل فەرغانى (؟ — مىلادىيە 861 - يىلى ۋاپات بولغان) مۇسا خارەزمىدىن كېيىن ئۆتكەن ئوتتۇرا ئاسىيالىق تەبىئىي پەن ئالىمى، جۈملىدىن ماتېماتىكا قاتارلىق پەنلەر بىلەن شۇغۇللانغان ئالىملارنىڭ بىرى. ئەل فەرغانىنىڭ تولۇق نامى ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئەل فەرغانى بولۇپ، پەرغانىدە تۇغۇلغان. ئۇ تۇغۇلغان زامانلاردا پەرغانە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تىرىكچىلىك ئورۇنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. شۇڭا بەزى ئالىملار ئۇنى ئەل فەرغانى ئەتتۈركى دەپمۇ ئاتايدۇ.①

قاراخانىيلار خانلىقى زامانىسىدا ئارىفمېتىكا ۋە گېئومېتىرىيە

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئەھمەد ئىبنى ئەل فەرغانى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1995 - يىللىق 2 - سان، 92 - بەت.

خىلى گۈللەنگەن. بۇ ھەقتە يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا مەلۇمات بار. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ھېساب» دېگەن سۆز «ساقىش» دېيىلەتتى. بۇ سۆز «ساق» ۋە «ئىش» دېگەن ئىككى سۆزنىڭ بىرىكمىسىدىن ياسالغان. بۇ ھەقتە «قۇتادغۇبىلىك»تە «ھېساب ،ئىنچىكە ئىش، بولغانلىقتىن ،ساقىش، دەپ ئاتالغان، سەپسالىڭ، ھېساب بەك ساقلىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئىشتۇر» (2221ـ بېيىت) دېيىلگەن.

مەلۇمكى، ئارىفمېتىكا (ھېساب) تۈرلۈك ھېسابلاشلارنى بېجىرىشتە كەم بولسا بولمايدىغان سانلار، سانلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، ئارىفمېتىكىلىق ئەمەللەرنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. بۇ ئىلىم ئۆز زامانىسىدىلا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى كەڭ مىقياستا كۆرسىتىشكە باشلىغان. يۇسۇپ خاس ھاجىپ بۇ ھەقتە توختىلىپ: «ئەقلى بولسا ئىنسان ئۇنتۇلماس بولىدۇ، ساناپ ھېسابلىق ئىشلەيدۇ، يېڭىلىشمايدۇ» (2770ـ بېيىت)؛ «كىشى ئىش‑كۈشلىرىنى ھېساب بىلەن بېجىرىدۇ، يىل، ئاي، ۋاقىتنى ھېساب بىلەن ئايرىيدۇ» (2220 ـ بېيىت)؛ «قايسىبىر خىزمەتچى ھېسابتا بىخۇدلۇق قىلسا، ھېساب بېرىشتە زارلاپ، بېشىنى يەرگە ئۇرىدۇ» (2781 ـ بېيىت) دېگەن.

ئارىفمېتىكا — قوشۇش، ئېلىش، كۆپەيتىش، بۆلۈش، پىرسەنت چىقىرىش، كەسىر ۋە تاناسىپ ھېسابلاش، مەسىلە يېشىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پەن. قاراخانىيلار خانلىقى زامانىسىدا ئارىفمېتىكىنىڭ مۇشۇ تارماقلىرى كىشىلەر تەرىپىدىن ئىگىلەنگەن. بۇ توغرۇلۇق «قۇتادغۇبىلىك»تە مۇنداق بايانلار بار: «(خەزىنىچى) ھەر تۈرلۈك خەت، (ھېسابلارنى) بىلىدىغان بولسا، ئۇنى ساق تۇتۇپ، ئاندىن ئىشلىرىنى قىلالايدۇ» (2780 ـ بېيىت)، «خەزىنىچى تۆت ئەمەلنى تولۇق، يېتەرلىك بىلىشى، ئەقلى ۋە ھوشىنى ھېسابتا پىشۇرۇشى لازىم» (2782 ـ بېيىت).

يۇسۇپ خاس ھاجىپ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق يازىدۇ:

4379. تولۇق بىل كۆپەيتىش، بۆلۈش ۋە كەسىر،
كامالغا يېتىشتە ئىمتىھاندۇر بىر.

4380. بۇ تەزئىف[1] يا تەنسىف[2] نى سەن ياخشى بىل،
ئەگەر بىلسەڭ ئاندىن ساناق جەزىر[3] قىل.

4381. يەنە جەمئىي تەفرىق،[4] مىساھەت[5] كە ئۆت،
يەتتە قات پەلەكنى بىر تال چۆپچە تۇت.

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى گېئومېتىرىيە توغرىسىدىكى بايانلارمۇ ئەينى زامان كىشىلىرىنىڭ گېئومېتىرىيە توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىنى بىلىشكە ئىمكان بېرىدۇ. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «ھېسابتا ئۆت ئەمەلنى پىششىق بىلسەڭ، يەنە ھەندىسە (گېئومېتىرىيە) ھېسابىنىمۇ ئىگىلىشىڭ كېرەك» (2783 ـ بېيىت)؛ «ئۇنى بىلەي دېسەڭ ھەندىسەنى ئۆگەن، شۇنىڭدىن كېيىن (ساڭا) ھېساب ئىشىكى ئېچىلىدۇ» (4378 ـ بېيىت).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ گېئومېتىرىيىنىڭ رولىنى مۇنداق يازغان:

2784. بۇ ئىلمىي ھەندىسە ئىنچىكە ئىشتۇر،
يەر ئاسمان ھېسابى شۇ بىلەن بولۇر.

2786. بۇ ئىلمىي ھەندىسە ئېرۇر بەك چوڭقۇر،
ئۇنىڭدا ھېكمەتلەر بېشىمۇ قايۇر.

2787. يارار ئۇ يەتتە قات كۆكنى داندەك،
چوقۇر دۆڭنى ئۇششاق قىلىپ ئاجرىتۇر.

«قۇتادغۇبىلىك» تە گېئومېتىرىيىدىكى «ئۈچ نۇقتا» ئاكسىئومىسىغا دائىر بىر بايان بار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، داستاندىكى باش قەھرىمان كۈنتۇغدى (ئىلىگ) ئۈچ پۇتلۇق بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بولۇپ، كۈنتۇغدى ئۆز ئورۇندۇقىنىڭ ئەھمىيىتىنى سۆزلەپ، «ئۈچ پۇتلۇق نەرسىنىڭ ھەممىسى قىڭغايمايدۇ، ئۈچىلا (پۇ-

---

① تەزئىف — (ئەرەبچە) ئىككى قاتلاش، قاتلىما.
② تەنسىف — (ئەرەبچە) ئىككى قاتلاش، قاتلىما.
③ جەزىرا — (ئەرەبچە) يىلتىز تېپىش.
④ جەمئىي تەفرىق — (ئەرەبچە) قوشۇش، ئايرىش.
⑤ مىساھەت — (ئەرەبچە) مەيدان ھېسابلاش.

تى) تۈز تۈرسا قىمىرلىمايدۇ» (802 ـ بېيىت)؛ «ئەگەر ئۈچ پۈتتىن بىرسى ئېگىلىپ كەتسە قالغان ئىككىلىسىمۇ قىڭغىيىدۇ، كىشى يىقىلىدۇ.» (803 ـ بېيىت)؛ «ئۈچ پۈتلۈق نەرسىنىڭ ھەممىسى توغرا، تۈز بولىدۇ، ئەگەر تۆت پۈتلۈق بولسا، قارا، بىرى ئەگرى بولىدۇ» (804 ـ بېيىت). مانا بۇ «بىر تۈز سىزىقتا ياتمىغان ئۈچ نۇقتا بىر ۋە پەقەت بىرلا تەكشىلىكتە ياتىدۇ» دېگەن ماتېماتىكىلىق قائىدىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئىپادىسى.

«قۇتادغۇبىلىك» تە يەنە يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئالگېبرالىق بايانلارمۇ بار. مەلۇمكى، ئالگېبرا — ئېلېمېنتار ماتېماتىكىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تارمىقى بولۇپ، ئۇ ئىپادىلەرنى تۈرلەندۈرۈش ۋە ھەر خىل تەڭلىمىلەر سىستېمىسىنى يېشىشنى مەقسەت قىلىدۇ، تەتقىق قىلىدۇ. داستاندا كۆپەيتىش، بۆلۈش، كەسىر ۋە ئېلىشنى بىلسە ئاندىن ئاددىي كەسىرنى باشلىغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئونلۇق كەسىر ۋە مۇساھەت (ترىگونومېترىيە) نى ئۆگىنىش لازىم (4379 ـ ، 4380 ـ ، 4381 ـ بېيىتلار) دەپ كېلىپ: «ئۇنىڭدىن قالسا ئەلجەبىر (ئالگېبرا) ۋە تەڭلىمىنى ئوقۇغىن، ئاندىن ئوقلىدىت (ئېۋكلىد)① ئىشىكىن چۈشىنىپ قاق» (4382 ـ بېيىت) دېيىلگەن.

دېمەك، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئالگېبرا ئوقۇشنى «ھېساب» (ئارىفمېتىكا)، «ھەندىسە» (گېئومېترىيە)، «جەمئىي تەفرىق» (دىففېرېنسىئال ۋە ئىنتېگرال) لاردىن كېيىنكىسىگە قويىدۇ ھەمدە ئۇنى ئارىفمېتىكا ۋە گېئومېترىيە ئۆگىنىشكە چاقىرغاندەك «مەجبۇرلاش» تەلەپپۇزىدا ئەمەس، ئۆگىنىشنى «تىلىگەنلەر» نىڭ ئىختىيارىغا بېقىش، ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولسا ئۆگىنىش تەلەپپۇزىدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ.②

يۇسۇپ خاس ھاجىپ داستاننىڭ «يەتتە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرج بايانىدا» دېگەن بابىدا، ئاسمان جىسىملىرى ھەققىدە ئەتراپلىق توختىلىپ ۋە قۇياش سىستېمىسىدىكى سەييارىلەرنىڭ جايلىشىش تەر-

---

① ئېۋكلىد — قەدىمكى گرېتسىيە ئالىمى.
② ت. ئەرشىدىن: «"قۇتادغۇبىلىك" تىكى ماتېماتىكىلىق بايانلاردىن قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىلىم پەنگە نەزەر»، «تارىختىن مىراس "قۇتادغۇبىلىك" ھەققىدە بايان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى، 4 ـ قىسىم.

تىپىنى كۆرسەتكەندە، ئالگېبرادىن پايدىلانغان. ئالىملار شۇنى سىپ-
لىشتۇرۇپ چىقتىكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۆرسەتكەن پلانېتلارنىڭ
ئايلىنىش تېزلىكى ۋە جايلىشىش بۇرجى ھازىرقى زامان ئاسترونومى-
يىسى بويىچە ئۆلچەنگەن سانلىق مەلۇماتلاردىن پەرقى بەك چوڭ
بولمىغان.

خۇلاسە قىلغاندا، ماتېماتىكا ئىلمىنى ئۆزلەشتۈرۈش توغرىسىدى-
كى مېتودىكىلىق بۇ كۆرسەتمىلەر، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىلمىگە
ئالاھىدە ئىخلاسمەن مۇتەپەككۇر ئىكەنلىكىنى تەستىقلايدۇ، شۇنداقلا
گرېك ماتېماتىكىسىدىن خەۋىرى بار ئاپتورنىڭ ماتېماتىكا توغرۇلۇق
ئىزدەنگەن ئالىم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.①

«قۇتادغۇبىلىك» بىر ئەدەبىي ئەسەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا
ئىپادىلەنگەن ئىلىم ـ پەن قاراشلىرى بولۇپمۇ ماتېماتىكىلىق بايانلار
ئەينى دەۋر رېئاللىقىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، ئۇ ئاشۇ دەۋرنىڭ ماتېماتى-
كا سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا ماتېماتىكا تارىخىنى ئۆگەن-
گەن چېغىمىزدا «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ تۇتقان ئورنىغا ئېتىبار بىلەن
مۇئامىلە قىلىش زۆرۈرىيىتى چوڭدۇر.

شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ماتېماتىكا توغرۇلۇق ئىزدىنىشى قا-
راخانىيلار خانلىقى زامانىسى بىلەن توختاپ قالغان ئەمەس. ئۇ يېقىن-
قى زامانغىچە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا
ماسلاشتۇرۇلۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە رول
ئوينىغان.

① جەمشىت ئىللاشېۋ (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى): «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ماتېماتىكا ۋە ئاسترونو-
مىيىگە دائىر بايانلار»، «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتى، 1989 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سانى،
ئالماتا.

# V باب
# دىن، پەلسەپە، ئېتىكا، قانۇنچىلىق ۋە مائارىپچىلىق

## § 1 . دىن

### 1. ئىپتىدائىي دىن

دىن بىر خىل ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت تارىخى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا بەلگىلىك ئورۇننى ئىگىلىگەن. ئۇيغۇرقاتارلىق غەربىي يۇرتتا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا دىن ئىگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە شۇ دەۋرنىڭ فورماتسىيىسىگە ماس بولغان ئىپتىدائىي دىنلارنى ياراتقان ھەم بۇ دىنىي ئېتىقادلار ئارقىلىق ئۆز تەپەككۇرىنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە مەنىۋى كۈچ كۆرسىتىش قاتارلىق جەھەتلىرىدە ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق مەزگىلىدە، چىشى مەبۇدلارنى يادرو قىلغان توتېمغا چوقۇنغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا تەسىرى قويۇقراق ساقلىنىپ كەلگەن توتېم ۋە چوقۇنۇش ئوبيېكتلىرىدىن ئىت، بۆرە، ئېيىق، يولۋاس، بۇغا، ئۆكۈز، يىلان، ئات، بۇغرا (ياكى تۆگە)، شىر، ئەجدىھا (بۆكە)، يىلپىز، شۇڭقار قاتارلىق ھايۋانلار بولغان. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئېنىق توتېم قىلىنغانلىقى توغرۇلۇق ماتېرىياللار بار. ئەمما، بەزى ھايۋانلارنىڭ توتېم قىلىنغانلىقى توغرۇلۇق ئېنىق ماتېرىياللار بولمىغىنىغا قارىماي، بۇ خىل ھايۋانلارمۇ قەدىمكى دەۋردە ئېتىقاد تېۋىنىش ئوبيېكتى قىلىنغان. چۈنكى، بىر مىللەتنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئەڭ

بۇرۇنقى ئىجتىمائىي بىرلىك ئۇرۇقتىن ئىبارەت بولۇپ، ھەربىر ئۇرۇق ئۆز ئالدىغا بىردىن توتېم ئوبيېكتىغا ئىگە بولغان. نەچچە ئون غەيرىي رەسمىي قانداش ئۇرۇق بىرلىشىپ بىر قەبىلىنى، يەنە نەچچىلىگەن قەبىلە بىرلىشىپ قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنى، بۇنداق قەبىلىلەر بىرلەشمىسىدىن بىرنەچچىسى بىرلىشىپ قوۋم ـ مىللەتنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا كۆپلىگەن ھايۋانات توتېملىرىنىڭ بولۇشى دەل شۇنداق ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە.

ھايۋانلارنى توتېم قىلىپ، ئېتىقاد قىلىش ئىنسانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى. بۇ ھەقتە توختالغان ف. ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «مۇقەددەس ئىدىيەلەرنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتۈش — ئاتالمىش ئىپتىدائىي قەبىلىلەردە بۇنى كۆرۈش مۇمكىن — بەك قىزىق ئىش. مۇقەددەس يەرسىلەرنى، دەسلەپتە، ھايۋانلار دۇنياسىدىن ئۆزلەشتۈرۈۋالغان ئىكەنمىز، ئۇ دېمەك ھايۋاننىڭ ئۆزى...».①

توتېمنىڭ يەنە بىر ئوبيېكتى ئۈسۈملۈكتىن ئىبارەت. چۈنكى، بەزى ئۈسۈملۈكلەردىكى خۇسۇسىيەتلەر، مەسىلەن، بىرقانچە مىڭ يىل ياشاش، يىلتىزى، غولى داۋاملىق كۆكلەش، مېۋىلىرىدىكى خىسلەتلەر ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلەر ئىپتىدائىي ئىنسانلارنى كۆپ ئويلاندۇرغان ھەم قىزىقتۇرغان. نەتىجىدە ھايۋانلارغا ئۇزۇن مەزگىل چوقۇنۇشتىن چوڭراق نەپكە ئېرىشەلمىگەن ئادەملەر ئۈسۈملۈكلەرگىمۇ چوقۇنغان، ھەتتا «ئۈسۈملۈكلەردىن ئادەملەر تۇغۇلىدۇ» دەيدىغان چۈشەنچىلەرمۇ كېلىپ چىققان. «ئوغۇزنامە» دە ئوغۇزخاننىڭ توقىلى دەرەخ كاۋىكىدىكى قىز. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانىۋى خانى بۇگۇخانمۇ دەرەختىن تۇغۇلغان. «دەرەختىن ئادەم تۇغۇلۇش» ئەپسانىسى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا دەسلەپ قېلىپ سىستېمىلىق ئەپسانە شەكلىدە تارقىلىپ، ئاندىن باشقا ئوخشاش تىل سىستېمىسى ۋە تىل ئائىلىسىدىكى خەلقلەرگە تارقالغان.

ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ توتېمغا چوقۇنۇشىنى يادرو قىلغان ئا-

① «ئېنگېلسنىڭ ماركسقا يازغان خېتى» (1882 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى)؛ «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋ زېدۇڭلار دىن توغرىسىدا»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1994 ـ يىلى نەشرى، 14 ـ بەت.

نىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرى ئاخىرلىشىپ، ئاتىلىق قەبىلىچىلىك دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، بۇ دەۋرنىڭ ئالىي فورماتسىيىسىگە ماس بولغان ئۇلۇغ بوۋىلارنى يادرو قىلغان ئەجدادلارغا چوقۇنۇش چۈشەنچىسى بارلىققا كەلگەن. بۇ ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر تارىخىدىكى بىر ئىلگىرىلەش بولۇپ، ئاڭسىز هايۋان ۋە ئۆسۈملۈككە چوقۇنغانغا قارىغاندا، تەپەككۇرغا ئىگە ئۇلۇغ بوۋىلارغا چوقۇنۇش چوڭ بىر ئىلگىرىلەش ئىدى. ئىنسانلار بۇ دەۋرگە كەلگەندە ئۆزلىرىنى مەلۇم بىر توتېمدىن تۆرەلگەن دەپ هېسابلىماستىن، بەلكى مەلۇم بىر قەدىمكى توپ بوۋىدىن ئاپىرىدە بولغان دەپ قارايدىغان بولغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلار ئېتىقادچىلىقىدا ئوغۇزخان، ئەفراسىياپ، تۇر، تۈرك، قۇلباق، قۇتتاپار، غوجام، تىلەكغوجام، قارا ساقال غوجام قاتارلىق ئەجداد بوۋىلار بار بولۇپ، ئۇلار يېرىم ئادەم، يېرىم ئىلاهلىق خاراكتېرنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان. ئۇلار ئۆز قوۋمىدىكىلەرگە غايەت زور دەرىجىدە ياخشىلىق قىلىش ئىمتىيازىغا ئىگە بولغان، مىللەتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە هۆرمەتلىنىشكە سازاۋەر بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ نامى تىللاردا داستان قىلىنغان.

مازار ئېتىقادچىلىقىمۇ مەلۇم جەهەتتىن ئەجدادلار ئېتىقادچىلىقى بىلەن مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە. ئۇيغۇرلار ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ مازارلىرىغا چوقۇنىدۇ. سۇتۇق بۇغراخان، ئوردام، ئارسلانخان، توپئاتار غوجام، هەزرىتى موللام، يۈسۈپ قادىرخان قاتارلىق مازارلار 1000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان كەڭ خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن تاۋاپ قىلىنىپ كېلىنگەن. بۇ ئەسلى ئەجدادلارغا چوقۇنۇشتىن كەلگەن ئادەت بولۇپ، قەبىلىچىلىك دەۋرىدىكى ئۇلۇغ بوۋىلار ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىنى ئالاهىدە ئېتىقاد مەركىزىگە ئايلاندۇرۇپ، قەبىلىلەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان.

تەبىئەتكە چوقۇنۇش، ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق، ئاتىلىق قەبىلىچىلىك دەۋرلىرىنىڭ هەر خىل ئېتىقاد شەكىللىرىنى تاللاش ۋە ئېپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى قەبىلىلەر بىرلەشمىسى دەۋرىنىڭ ئالىي فورماتسىيىسىگە ماس بولغان بىر خىل ئېتىقاد هادىسىسى، تەبىئەتكە چوقۇنۇشتا كۆك (ئاسمان) تەڭرىسىنى مەركەز قىل-

ھان كەڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇش قارىشى يېتەكچى قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا ئاسماندىكى كۈن، ئاي، يۇلتۇز، چاقماق، شامال، قار، يامغۇر، بۇلۇت قاتارلىق شەيئى ۋە ھادىسىلەر، زېمىندىكى تاغ، ئورمان، دۆڭ، ئۆڭكۈر، تاش، سۇ، كۆل، بۇلاق، دېڭىز، دەريا، تۇپراق، ئوت قاتارلىق شەيئىلەر ئوخشاشمىغان مەزمۇندا سىرلىقلاشتۇرۇلۇپ، ئىلاھىي قىياپەتكە ئىگە قىلىنغان. بۇۋىلار ھەرقانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەر دائىم ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەرىكەت قىياپىتى ۋە ئىچكى سىرىنى بىلىپ يەتكەندىن كېيىن ئۆزلىرى بىلەن چوقۇنۇلغان بۇۋىلار ئارىسىدا ماھىيەتلىك پەرق يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، ھەقىقىي ئىلاھنى ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئەمەس، بەلكى چەكسىز بوشلۇقتىن، تۇرمۇشىغا دائىم ۋە جىددىي تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بىپايان ئاسمان بوشلۇقىدىن ئىزدىگەن. لېكىن، كۆككە نەزەر تاشلىغاندا ئالدى بىلەن دىققەت قىلىدىغىنى كۈن، ئاي، يۇلتۇز قاتارلىق كونكرېت شەيئىلەر بولغاچقا، ئاسمانغا چوقۇنۇشنىڭ مەركىزىدە بۇ خىل شەيئىلەرنىڭ ئورۇن ئېلىشى ناھايىتى تەبىئىي ئىش ھېسابلىناتتى. قەدىمكى ئۇيغۇرلار چۈشەنچىسىدە كۆك تەڭرى، كۈن تەڭرى، ئاي تەڭرى، قىش تەڭرى، ياز تەڭرىسى، سۇ تەڭرىسى، يەر - سۇ تەڭرىسى قاتارلىق تەڭرىلەرنىڭ بولۇشى، خانلار ئۆزلىرىنى كۈن تەڭرىدىن تۇغۇلغان، ئاي تەڭرىدىن تۇغۇلغان دېگەنگە ئوخشاش سەلتەنەتلىك سۈپەتلەر بىلەن ئاتىشى، «ئوغۇزنامە» دىكى ئوغۇزخاننىڭ «كۈن تۇغ بولسۇن، ئاسمان قورغان» دېيىشى ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەتكە چوقۇنۇشىغا دائىر ئېتىقاد چۈشەنچىسىنىڭ مۇھىم پاكىتلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

## 2. شامان دىنى

شامان دىنى بىر خىل ئىپتىدائىي دىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە سۈنئىي دىنلارغا تەرەققىي قىلىش شەرتىنى دەسلەپكى قەدەمدە ھازىرلىغان دىن. «شامان» سۆزى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى مانجۇ - تۇڭگۇس تىللىرى ئائىلىسىگە مەنسۇپ سۆز، دەپ قارالماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ مەنىسى «ھاياجانلانماق»، «روھلانماق»، «سەۋدايى كىشى» دەپ يېشىلمەكتە. قەدىمكى تۈركىي تىللىرىدا بۇ سۆزگە

مۇناسىپ «قام» سۆزى ئىشلىتىلگەن، يەنى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» ىدە قەدىمكى ئۇيغۇرلار سېھرىي كۈچكە ئىگە بولغان پېرىخوننى «قام» دەپ ئاتايدۇ، دەپ خاتىرىلەنگەن.① ئوۋياڭ شيۇ يازغان «يېڭى تاڭنامە» دە «گەنخۇن» (甘昏) دېگەن ئاتالغۇ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ «قام» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىقلار شامانلارنى «باخشى» ياكى «قام» دەپ ئاتاپ كەلگەن بولسا، موڭغۇل تىلى ئائىلىسىدىكى خەلقلەر ئايال باخشى (پېرىخون) نى «بۇگا» دەپ ئاتىغان.

شامان دىنىدا، ئالەمدىكى كۆللى مەۋجۇداتلارنىڭ روھى بولىدۇ، دەپ ھېسابلىنىدۇ ھەمدە مەڭگۈلۈك قايتا دۇنياغا كېلىدىغان ۋە ۋاقىتلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئۈچ خىل روھ بولىدۇ. ئالەم — ئەرش (ئاسمان)، يەر يۈزى ۋە جەھەننەم دەپ ئۈچ قىسىمغا ئايرىلىدۇ. ئەرشتە ئىلاھلار تۇرىدۇ، دۇنيادا ئىنسان ۋە ھايۋانلار تۇرىدۇ، جىن-ئالۋاستىلار بولسا جەھەننەمدە تۇرىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. بۇ ئالەمدىكى ئامەت - تەلەي، بەخت - سائادەت ۋە پېشكەللىك، بالايىئاپەتنى تەڭرى بىلەن جىن - يەكلەر بەلگىلەيدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ.

شامان دىنىدا كۆك (ئەرش)، كۈن، ئاي، يۇلتۇز، يەر، سۇ، تاغ، ئورمان، ئوت، ھايۋان، ئادەم ۋە روھلارغا چوقۇنۇش ھادىسىسى ساقلانغان.

شىنجاڭ تارىخىدا ياشىغان ساكلار، ھونلار، رورەنلەر، ئۇيسۇنلار، قىرغىزلار، قەدىمكى تۈركلەر، ئۇيغۇرلار، موڭغۇللاردىن تارتىپ 18 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن شىبە ۋە داغۇرلارنىڭ ھەممىسىدە شامان ئېتىقادى كەڭ ئومۇملاشقان. شامان مەدەنىيىتى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، شىبە قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان.

ساكلاردىكى شامان ئېتىقادى: قەدىمكى ساكلارنىڭ دەپنە ئادەتلىرىدە شامان مەدەنىيىتىنىڭ ئىزلىرىنى روشەن ھالدا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلار گۆرلۈكنى تاش بىلەن يۇمىلاق شەكىلدە ياسىغان بولۇپ، بۇ مەڭگۈ يوقالمايدىغان قۇياش ئوبرازىغا تەققاسلىغانلىقىنى

① «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»، I توم، 215 - بەت.

چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بەزى جەسەتلەرنىڭ ئۈستىخانلىرى ئۆخرا بىلەن بويالغان بولۇپ، بۇنىڭ بىر خىل سېھىرگەرلىك رولىنىڭ بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. دەرۋەقە ئۆخرا «شامان تېشى» دەپمۇ ئاتالغان. ساكلار قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان باش سۆڭەكلىرىنىڭ چوققا سۆڭىكىدىن بىر تۆشۈك ئېچىپ قويۇلغان بولۇپ، روشەنكى، بۇ روھنىڭ ئۇچۇپ چىقىپ كېتىشى توغرىسىدىكى شامان چۈشەنچىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ھونلاردىكى شامان ئېتىقادى: بۇ ھەقتە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى ھەر يىلى ئۈچ قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان نەزىر - چىراغ ئەھۋالىدىن بەزى ئۇچۇرلارنى بىلگەندىن باشقا، يەنە ھونلارنىڭ قەبرىسىدىن چىققان ئادەمسىمان مىس قوزۇق ئارقىلىق ھەم بەلگىلىك بىر چۈشەنچىنى چىقىرىۋالالايمىز. بۇ ئادەمسىمان قوزۇق ئەمەلىيەتتە شامانلار تىكلەيدىغان «ئوبو»نىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇپ، تېۋىنىش ئوبيېكتى قىلىنغان. سىما چيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر. ۋېي چىڭ، خو چۈبىڭ تەزكىرىسى»دە ئېيتىلىشىچە، خەن سۇلالىسى پادىشاھى خەن ۋۇدى خېشى رايونىدا سۇتۇق خاننىڭ تەڭرىگە تېۋىنىغۇچى ئالتۇن ئادەم مەبۇدىسىنى قولغا چۈشۈرگەن بولۇپ، بۇمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش نەرسە ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى»دىن بىلىنىشىچە، ھەر يىلى نورۇز ئېيىدا، ھون باشلىقلىرى تەڭرىقۇت ئوردىسىدا باش قوشۇپ نەزىر - چىراغ قىلاتتى، 5 - ئايدا بۈكە بالىق (لۇڭچېڭ) شەھىرىگە يىغىلىپ چوڭ مەرىكە ئۆتكۈزۈپ، ئاتا- بوۋىلىرى، ئاسمان - زېمىن، روھ - ئەرۋاھلارغا ئاتاپ زاراخەتمە قىلاتتى... تەڭرىقۇت ھەر تاڭدا قارارگاھىدىن چىقىپ كۈنگە قاراپ تەزىم قىلاتتى. ئاخشىمى ئايغا تەزىم قىلاتتى... ھونلار يۇلتۇز ۋە ئايغا قاراپ پائالىيەت ئېلىپ باراتتى. ئاي تولۇلغاندا جەڭگە چىقاتتى، ئاي كۆتمەك ۋاقتىدا جەڭدىن قايتاتتى.[1]

قەدىمكى تۈركلەردىكى شامان دىنى چۈشەنچىسى: تۈركلەرگە دائىر دەسلەپكى خاتىرە لىڭخۇدېفېن قاتارلىقلار يازغان «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى» بولۇپ، ئۇنىڭدا تۈركلەرنىڭ شامان ئېتىقادىغا

① سىما چيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىلى نەشرى، 402-، 403 - بەتلەر.

مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر بار. بۇنىڭدا تىلغا ئېلىنغان تۈركلەرنىڭ ماكانى بولغان ئالتۇنتاغ (نىلىك) «شەكلى ‹تۈركە›، (دۇبۇلغا) ياكى ‹تۇماق› شەكلىدە بولغاچقا، ئۇلار تۈركەنى ‹تۈرك› دەپ ئاتاپتۇ ۋە كېيىنچە شۇ نام بىلەن ئاتىلىپتۇ» دېگەن بايانلاردىكى «تۈركە» (دۇبۇلغا) شامانلارنىڭ سېھىرگەرلىك قىلغان چېغىدا كىيىدىغان «يۈزىنى نىقابلايدىغان مىس قالپاق»① دەپ ئىزاھلىنىدۇ.

يەنە شۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، تۈركلەرنىڭ ئەجدادى «ئېگىل نىشاچوردا ئاجايىپ خىسلەت بار ئىدى، شامال چىقىرىپ، يامغۇر ياغدۇرالايتتى. (ئۇ) ئىككى خوتۇنغا ئۆيلەنگەن بولۇپ، بىرى، ياز ئىلاھىنىڭ، يەنە بىرى، قىش ئىلاھىنىڭ قىزى ئىدى. (ئۇلاردىن) بىرى، تۆت ئوغۇل تۇغقان بولۇپ، بىرى ئاق ھاڭغۇتقا ئايلىنىپ كەتكەن» دېيىلگەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئېگىل نىشاچور ئادەم بىلەن ئىلاھنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان «پېرىخون»نىڭ ئوبرازى. تۈرك خاقانى ناردۇلۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىشتا تاللىۋالغان مۇراسىم ئادىتىمۇ قويۇق سىرلىق تۈسكە ئىگە بولۇپ، «ئون ئانىنىڭ ئوغلىدىن بىردىن تاللاپ، چوڭ دەرەخنىڭ تۈۋىگە رەتلىك ئەكېلىپ، ‹دەرەخكە قاراپ سەكرەڭلار، كىم ئەڭ ئېگىز سەكرىيەلىسە شۇنى بېكىتىمىز›» دېيىشكەن. شۇنداق قىلىپ خان تەختكە چىققاندىن كېيىن، شامان مۇراسىمى ئارقىلىق بېكىتىلگەن. بۇلاردىن باشقا، قەدىمكى تۈركلەر ياشىغان ھەرقايسى رايونلاردا ئادەم شەكىللىك بالباللار تىكلەنگەن بولۇپ، بۇ شامان دىنى ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. «جۇنامە»دە ئېنىق ھالدا تۈركلەرنىڭ «بارگاھى شەرققە قاراپ تۇرىدۇ. كۈنچىقىش ياققا ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ. ھەر يىلى ئېسىلزادىلەر يىغىلىپ، ئەجداد غارىغا بېرىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدۇ. يەنە 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دەريا بويىغا يىغىلىپ تەڭرىگە سېغىنىدۇ» دېيىلگەن.

2. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىكى شامان دىنى: شامان دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بەك ئەۋج ئالغان. تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بولمىش ئېگىز قاڭقىللىقلاردا شامان دىنى

① لىۋ بىن: «غەربىي يۇرتتىكى شامان دىنى ھەققىدە»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1996 ـ يىلى 3 ـ سان، 91 ـ بەت، ئۈرۈمچى.

قويۇق ساقلانغان. مەسىلەن، ۋېي شۇنىڭ «ۋېينامە. ئېگىز قاڭقىلىقلار تەزكىرىسى» دىكى مۇنۇ خاتىرە بۇ مەسىلىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ، ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ ئەلڭ دەسلەپكى بەگ قۇلى ئىسىملىك بىر قوماندانى «50 دانە پال چوكىسىدىن پايدىلىنىپلا ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ بېشارىتىنى بىردەمدىلا بىلىۋالالايتتى». بۇ ئادەت كېيىن ئۇنىڭ نەۋرىسى قوغۇرسۇ ئالتۇنغا مىراس بولۇپ قالغان. قوغۇرسۇ ئالتۇن «لەشكەرلەرنى ھونلارنىڭ رەمباللىق قائىدىسى بويىچە ئىشلىتەتتى». قوغۇرسۇ ئالتۇندىن كېيىن يەنە ئۇنىڭ ئوغلى قوغۇرسۇ گۇاڭغا قالغان. گۇاڭ «ئەسكەرلەرنى ھونلارنىڭ رەمباللىق قائىدىسى بويىچە ئىشلىتىپ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئايرىيتتى.»

ئېگىز قاڭقىلىقلاردا ياز پەسلىدە ھاۋانىڭ گۈلدۈرمامىسىغا قارىتا مۇنداق بىر غەلىتە ئادىتى بولغان، يەنى «ئېگىز قاڭقىلىقلار ئادىتىدە پاكىزلىقنى ياخشى كۆرمەيتتى. گۈلدۈرمامىنى ئوبدان كۆرەتتى. ھەر نۆۋەت گۈلدۈرماما چېقىنى چۈشكەندە، چۇقان كۆتۈرۈشۈپ ۋارقىراپ، ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئاتاتتى ۋە دەرھال شۇ يەردىن كۆچۈپ كېتەتتى. ئىككىنچى يىلى كۈزدە ئات ـ ئۇلاغلار سەمرىگەندە، يەنە گۈلدۈرماما چېقىنى چۈشكەن يەرگە قايتا توپلىنىپ، قوي كۆمەتتى، پىچاق بېكىتىلگەن شام ياقاتتى، ئايال پېرىخون ئۆلگەنلەر ئۈچۈن دۇرۇت ئوقۇپ، بەخت تىلەيتتى، بۇ ئادەت خۇددى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭ بەختسىزلىكنى قوغلايدىغان مۇراسىمىغا ئوخشاپ كېتەتتى، بىر توپ ئاتلىقلار مۇشۇ يەرنىڭ ئەتراپىدا كۆپ قېتىم ئايلىناتتى، كېيىن تال ۋە سۆگەت شاخلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۈچىنى تۆۋەنگە قارىتىپ تۇرۇپ، ئۈستىگە قىمىز قۇياتتى.»[1] بۇ خاتىرىلەردە روشەن شامان دىنى مەزمۇنى ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇر خانلىقى زامانىسىدا شامان دىنى كەڭ يىلتىز تارتقان. بۇ دىنغا ئادەتتىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئېتىقاد قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر خاقانلىرىمۇ ئېتىقاد قىلغان. شامان داخانلىرى ھەمىشە ئۇيغۇر خاقانلىرى ئۈچۈن پال ئېچىپ، خاقانىنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي مەسلىھەتچىلىرىدىن بولۇۋېلىپ، خانلىقتا مۇئەييەن سىياسىي ئورۇننى

① ۋېي شۇ: «ۋېينامە. ئېگىز قاڭقىلىقلار تەزكىرىسى».

ئىگىلىۋالغان.[1] ئۇۋياڭ شيۇ يازغان «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە، ئۇيغۇرلارنىڭ شامان باخشىلىرىنىڭ سېھىرگەرلىكى ئارقىلىق تۇبۇتلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغانلىقى توغرۇلۇق مۇنداق دېيىلگەن: «دەسلەپتە بەي يۈەنگۇاڭ لىڭتەي ناھىيىسىنىڭ غەربىگە يېتىپ كېلىپ، ۋەزىيەتنى مۆلچەرلىدى. يوپيورۇق ئايدىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ھاۋانى تۇتۇق ھالەتكە كەلتۈرمەكچى بولدى، ئۇيغۇر پېرىخونلىرى شامال چىقىرىپ، قار ياغدۇردى، ئۇرۇش كېچىكتۈرۈلدى، تۇبۇتلەر قاتتىق سوغۇق دەستىدىن ئوقيالىرىدىن ئوق ئۈزەلمىدى، كىگىزلەرنى يېپىنچاقلاپ، ئاستا ـ ئاستا كىرىپ كېتىشتى.»

خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 8 ـ ئەسىرلەردە «ئاق دى»، «قىزىل دى» دەپ ئاتالغان. بۇلار ئاق ۋە قىزىل چاپان كىيىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق پەرقلىق ئاتىلىدىكەن. مانا بۇ ئېنىق شامان دىنىنىڭ تەسىرى. شامان دىنىدا رەڭ ئالاھىدە قارىلىدىغان نەرسە ھېسابلانغان ياكى تۆت خىل رەڭ ئارقىلىق تەرەپلەر ئاجرىتىلغان. مەسىلەن، كۆك رەڭ — شەرق، قىزىل رەڭ — جەنۇب، ئاق رەڭ — غەرب، قارا رەڭ — شىمال. شامان دىنى ئىپتىدائىي تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئېتىقادى بىلەن ئارىلاش ياكى شامانىزم ئىپتىدائىي تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئېتىقادىدىن راۋاجلىنىپ كەلگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئېتىقاد مەزمۇنلىرى ۋە شەكىللىرى، رەسمىيەتلىرى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. «ئوغۇزنامە» دىكى ئوغۇزخاننىڭ تەنتەنىلىك مۇراسىمدا 40 غۇلاچلىق بىر ياغاچنىڭ ئۇچىغا ئالتۇن توخۇ قوندۇرۇشى جەنۇبنىڭ بەلگىسى، يەنە بىر 40 غۇلاچلىق ياغاچنىڭ ئۇچىغا كۈمۈش توخۇ قوندۇرۇشى شەرقنىڭ بەلگىسى، ياغاچنىڭ تۆۋىنىگە باغلانغان ئاق قوي غەربنىڭ، قارا قوي شىمالنىڭ بەلگىسى دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

رەڭلەرگە بولغان قىزىقىش ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تۇرمۇشىدىكى خېلى كۆپ تەرەپلەردە دائىم ئۇچرايدىغان ئەھۋال ئىدى. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى بايراق، تۇغلىرى كۆك يىپەك رەختتىن بولغان، چېدىر، كىيىم ـ كېچەك، ئات ـ جابدۇقلارنىڭ رەڭلىرىمۇ

---

① ليۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 88 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى.

شۇنداق بولغان.

ھونلار قەدىمكى ئاتلىق قوشۇنلىرىنى رەڭ تەرتىپى بويىچە تۈزۈشنى ئادەت قىلغان. ئۇلۇغ تارىخچى سىما چيەن بەرگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھون تەڭرىقۇتى مودۇ (باتۇر؟) مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 200 - يىلىدا خەن گاۋزۇنى داتۇڭ شەھىرى يېنىدا يەتتە كېچە - كۈندۈز قورشاۋغا ئالغاندا، بىرىنەچچە يۈز مىڭ خەن سىزلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ شەرقىنى كۆك ئاتلىق، غەربىنى ئاق بوز ئاتلىق، شىمالىنى قارا ئاتلىق، جەنۇبىنى قىزىل تورۇق ئاتلىق 400 مىڭ ھون قوشۇنى قورشىۋالغانىكەن.

«ئوغۇزنامە» دە بايان قىلىنغان شامان دىنىغا ئائىت ھادىسىلەر سىبىرىيەدىكى ياقۇتلار ئارىسىدا يېقىنقى دەۋرلەرگىچە ساقلىنىپ قالغان. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياقۇتلار ئارىسىدا ئۇزۇن ۋاقىت تۇرغان تۈركشۇناس ئې. پېكارسكىي بۇ خىل ئەھۋالنى كۆرۈپ ئېنىق خاتىرە قالدۇرغان. مەسىلەن، ياقۇتلار دائىم بوشلۇقتا ئىككى ياغاچ تىكلەپ، ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىغا ئارغامچا تارتىپ، ئاندىن كېيىن جىن - شەيتانلارغا سوۋغا قىلىنىدىغان ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا باغلاپ قويىدىكەن.①

قاراخانىيلار خانلىقى زامانىسىدا ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەنئەنىۋى شامان دىنىنىڭ تەسىرى داۋاملىق ساقلىنىپ قالغان. بۇ ھەقتە «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» ۋە «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق ئەسەرلەردە مەلۇماتلار بار. «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» (I توم، 60 - بەت) تە، «ئىرق» ئاتالغۇسى «رەمباللىق، پالچىلىق، بىراۋنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپماق» دەپ ئىزاھلانغان. بۇ يەردىكى رەمباللىق، پالچىلىق شامان دىنى بىلەن قويۇق ئالاقىسى بار. يەنە «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» (III توم، 311 - بەت) تە، «چىۋى» سۆزى ئىزاھلىنىپ، «ئۇ، جىنلار گۇرۇھىنىڭ بىرىنىڭ نامى، تۈركلەر شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، ئىككى يۇرت كىشىلىرى بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشسا، ھەر ئىككى يۇرتتىكى جىنلارمۇ ئۆز يۇرتىدىكى ئىگىلىرىنى قوللاپ ئۇرۇشىدۇ. جىنلارنىڭ قايسى تەرىپى يەڭسە، ئەتىسى شۇ

---

① گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپلار نەشرگە تەييارلىغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە»» ، مۇقەددىمە، 13 - بەت.

يۇرت ئىگىلىرى غەلىبە قىلىدۇ. كېچىلىرى ئىككى يۇرت جىنلىرىنىڭ قايسىبىرى يېڭىلسە، شۇ جىنلار تۇرغان يۇرتنىڭ پادىشاھىمۇ مەغلۇپ بولىدۇ. تۈرك ئەسكەرلىرى ئۇرۇشتىن قايتقان كېچىسى جىنلارنىڭ ئوقلىرى تېگىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ چېدىرلىرىغا كىرىۋالىدۇ» دېيىلگەن. بۇ ئەپسانىدە قەدىمكى كىشىلەر نەزەرىدىكى جىن ـ يەك ۋە روھ ئۇقۇمى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا باخشى، داخان، پېرىخون قاتارلىقلارنىڭ پائالىيەتلىرى يۈرگۈزۈلۈپ تۇرۇۋاتماقتا. خۇسۇسەن، «پېرە ئويۇنى» ۋە «پېرە ئۇسسۇلى» ئارقىلىق كېسەل داۋالاپ، جىن ـ يەكلەرنى قوغلاش ھەرىكىتىگە ماسلىشىۋاتقانلار ھېلىھەم مەۋجۇت. بۇلارنىڭ تەسىرىنىڭ تۈگەيدىغانلىقىغا ئىشەنسەكمۇ، لېكىن قاچان تۈگەيدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىش تەس.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ھېيت ـ ئايەملەردە ئوينىلىدىغان «ساما ئۇسسۇلى» نۆۋەتتە قىزىق بىر تەتقىقات تېمىسى بولۇپ تۇرماقتا. بۇ ئۇسسۇلنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى بەزى قاراشلاردا قەيت قىلىنغىنى بويىچە، بۇ ئۇسسۇل قەدىمكى شامان دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇسسۇللاردىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، دېگەن چۈشەنچىدە بولۇشنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىنىۋەتكىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

### 3. زورۇئاستىر دىنى

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ دىنلارمۇ مۇكەممەللىشىپ باردى. بۇنىڭ دەسلەپكىسى زورۇ ئاستىر دىنى ( ئاتەشپەرەسلىك دىنى) بولدى. بۇ دىن شىنجاڭدا ئەڭ بۇرۇن تارقالغان دىنلارنىڭ بىرى. بۇ دىننى زورۇ ئاستىر دېگەن ئادەم ئىجاد قىلغان. ئۇ پېرسىيىنىڭ مىدىيە دېگەن يېرىدىن بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 628—551 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ئۆتكەن. زورۇئاستىر دىنى ( ئۇيغۇرچە ماتېرىياللاردا ئاتەش ــ ئوتپەرەسلىك دىنى، زەردۇش دىنى، زەردۇشتىزىم دېگەنگە ئوخشاش بىرقانچە خىل نام بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ) نىڭ قارىشىچە، دۇنيادا ئىككى خىل قارىمۇ قارشى مەنبەنىڭ كۈرىشى مەۋجۇت. بىر خىل مەنبە ياخشىلىق بولۇپ، ئۇ يورۇقلۇق ـ ئوت

ئەگرىسى ئاخۇررا مازدادا مۇجەسسەم قىلىنغان. يەنە بىر خىل مەنبە يامانلىق (ياۋۇزلۇق) بولۇپ، ئۇ قاراڭغۇلۇق ئەگرىسى ئانگىراماينيۇ (ئەھرىمەن) دا مۇجەسسەم قىلىنغان. «ئاخۇررا» (ئوت) ياخشىلىق بىلەن يورۇقلۇقنىڭ سىمۋولى دەپ قارالغاچقا، بۇ دىن ئادەتتە «ئاتەشپەرەسلىك» (ئوتپەرەسلىك) دىنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەنى ئۇنىڭدا ئوتقا چوقۇنۇش ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ.

شۇنى ئىزاھلاش زۆرۈركى، زورۇئاستېر دىنى بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرىلا ئوتتۇرا ئاسىيادا «تۆرت تادۇ» نى ئاساس دەپ بىلىش، ئوت، قۇياشقا تېۋىنىش ئەقىدىسى بولغان.

كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىن قېزىۋېلىنغان بەزى قەبرىلەر نۇر چېچىۋاتقان قۇياش شەكلىدە لايىھىلەنگەن. 1985 - يىلى 9 - ئايدا چەرچەن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىكى بىر قەبرە (بۇ قەبرىستانلىق ئالاھازەل 3000 يىللىق تارىخقا ئىگە دەپ بېكىتىلگەن) دىن يۇلغۇن چىۋىقلىرىغا قىزىل يۇڭ، قىزىل يۇڭ يىپ يۆگەپ، خۇددى يېنىپ تۇرغان مەشئەلگە ئوخشاش قىلىپ ياسالغان نۆكچىلەر تېپىلدى. ھېرودوتنىڭ «تارىخ» ناملىق كىتابىدا خاتىرىلىنىشىچە، ماساگېتلار گۆلخان يېقىپ، ئوتنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، ئوتقا مېۋە تاشلاپ، مېۋە پۇراقلىرىدىن مەست بولۇپ، ناخشا ئوقۇپ، ئۇسسۇل ئويناپ كۆڭۈل ئېچىشار ئىكەن. بەزى ماتېرىياللاردا ماساگېتلار قۇياشنى تەڭرى بىلىپ ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭغا ئاتاپ ئاتلار سويۇپ قۇربانلىق قىلىدىغانلىقى ئېيتىلغان.

ئوت - قۇياش، يەر، سۇ ماساگېتلار (ساكلار) نىڭ تېۋىنىش ئوبيېكتلىرى ھېسابلىناتتى. بۇ ئەسلىدە شامان ئەنئەنىسىمۇ ئىدى. ئوتنى ئۇلۇغلاش، ئىسرىق سېلىش، ياغ پۇرىتىش، قاپاق كۆيدۈرۈش، يېڭى كېلىننى ئوتتىن سەكرىتىش، يېڭى قەبرىگە چىراغ يېقىش قاتارلىق ئادەتلەر ئارىيانلارنىڭ بىر قىسمى شىمالىي ھىندىستانغا كۆچكەن چاغلاردا ساقلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ «رىگاۋېدا» ناملىق قەدىمكى ئېپوسىدا ئىپادىلەنگەن.

زورۇئاستېر دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى ئوتقا سېغىنىش پائالىيىتىدىن خاس دىنىي ئېتىقادقا ئۆزگىرىشى، بۇ دىنىنىڭ ئىجادچىسى زورۇئاستېر ۋە بۇ دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا» بىلەن مۇناسىۋەتلىك،

زورۇئاستىر دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقىلىشىنى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن. زورۇئاستىر دىنى پېرسىيىدە بارلىققا كەلگەن (مىلادىيىدىن ئىلگىرى 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى دارا I ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتتىن باشلىنىدۇ. ئۇ چاغدا زورۇئاستىر دىنى پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت دىنى ئىدى) ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقالغان ۋاقىتتىن ساسانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلغانغا قەدەر بولغان دەۋر بىرىنچى باسقۇچ؛ ساسانىيلار سۇلالىسى باش كۆتۈرگەن چاغدىن 8 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا خوراسان ۋالىيسى قۇتەيبە ماۋارا ئۇننەھرگە ئىسلام دىنىنى تارقاتقان ۋاقىتقا قەدەر بولغان دەۋر ئىككىنچى باسقۇچ. كونكرېتلاشتۇرغاندا، مىلادىيە 705 ـ يىللىرى ئۇنىڭ ئاخىرقى چېكى دەپ قارالماقتا.①

تەڭرىتاغ يامزاللىرىدا ياشىغان قەدىمكى قوۋملارنىڭ ئوت ـ قۇياش ئېتىقادچىلىقى يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتۈلگەندەك يىراق زامانلاردىن باشلاپلا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئادەتلەردىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار زورۇئاستىر دىنى بارلىققا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ دىنىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ساكلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن بۇ دىن غەربىي يۇرتقا كىرىپ كەلگەن. 1976 — 1978 ـ يىللىرى، شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئالغوي (ئاراغول) جىلغىسىدىن جەنگو دەۋرىدىن غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىتقا مەنسۇپ بىر تۈركۈم ياغاچ قەبرىلەرنى تاپقان بولۇپ، بۇ قەبرىلەردىن سىرلانغان ئەسۋابلار ۋە يىپەك بۇيۇملار قېزىۋېلىنغان. بەزىلەر ئالغوي جىلغىسىدىكى بۇ يادىكارلىقلارنى ساكلارغا مەنسۇپ، دەپ قارىسا، بەزىلەر قوس ـ قۇز (گۇشى) لارغا تەۋە، دەپ قارىغان. ئالغوي جىلغىسى گۆرلۈكىدىن تېپىلغان بۇيۇملار ئىچىدە تەگلىك ئۈستىگە قوندۇرۇپ ياسالغان تۆت چاسا چوڭ برونزا تاۋاق بولۇپ، بۇنداق تاۋاق كونەس ناھىيىسى تەۋەسىدىنمۇ تېپىلغان. بۇلارنى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى ساكلارنىڭ ئوتقا ئېتىقاد قىلىشتا پايدىلىنىدىغان سايمىنى، ئۇ ساكلارنىڭ زورۇئاستىر دىنىنى جۇڭگوغا ئېلىپ كىرگەنلىكىگە

---

① گاۋ يۇڭجيۇ: «غەربىي يۇرتتىكى زورۇئاستىر دىنى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىلى 1 ـ سان.

دائىر تارىخىي پاكىتىنىڭ يەنە بىر قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىيال ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشى دەپ قاراشماقتا.[1]

تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، جۇڭگونىڭ جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر زامانىسىدا زورۇئاستېر دىنى تارىم ۋادىسىدا خېلىلا روناق تاپقان؛ ئەينى چاغدا قوچو، كىنىگىت ـ ئاگنى، سۇلې، ئۇدۇن قاتارلىق جايلاردا بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىنغان.

تاڭ سۇلالىسى زامانىسىدىن كېيىن، زورۇئاستېر دىنى غەربىي يۇرتتا زاۋاللىققا يۈز تۇتقان. ئەمما 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، قوچو، كۇسەن رايونىدىكى زورۇئاستېر دىنى مۇخلىسلىرى ئەلچىلەر بىلەن بىرلىكتە سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا سوۋغات بەرگەن.

ئىسلام دىنى شىنجاڭدا كەڭ تارقالغاندىن كېيىن، زورۇئاستېر دىنى تەدرىجىي يوقالدى. لېكىن، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەردە بۇ دىننىڭ ئىزنالىرى ساقلىنىپ كەلگەن.

### 4. مانى دىنى

مانى دىنى مىلادىيە 3 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پېرسىيىلىك مانى (تەخمىنەن مىلادىيە 215 — 275 ـ يىللىرى ياشىغان) دېگەن كىشى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان دۇنياۋى دىن. مانى دىنى مىلادىيە 3 ـ ئەسىردىن 17 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا، پېرسىيىدىن غەربكە ۋە شەرققە تارقالغان، شەرقتە پامىردىن ھالقىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق جۇڭگوغا كىرگەن.

مانى دىنى شىنجاڭغا قاچان كىرگەن، بۇ ھەقتە ئوخشاشمىغان قاراشلار بار. مىلادىيە 277 ـ يىلى مانى دىنى پېرسىيىدە قاتتىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. شۇ چاغدا بىر قىسىم مانى مۇخلىسلىرى تەرەپ ـ تەرەپكە يول ئېلىپ، بەزىلىرى ئامۇ دەرياسى ساھىلىغا كېلىۋالغان. ئامۇ دەرياسى ساھىلى ئەسلى سوغدىلارنىڭ ماكانلىرىدىن بىرى بولۇپ، سوغدىلار سودىغا ماھىرلىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇلار قەدىمكى يىپەك يولىدا ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتكەن. ھەممە

[1] لىن مېيسۈن: «ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلاردىن زورۇئاستېر دىنىنىڭ جۇڭگودا دەسلەپكى ۋاقىتتىكى تارقىلىشىغا نەزەر»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىلى 4 ـ سان، 55 ـ بەت، خەنزۇچە، ئۈرۈمچى.

يەردە ئۇلارنىڭ ئىزلىرى قالدۇرۇلغان. شىنجاڭ بىلەن ئامۇ دەرياسى ساھىلى رايونى پامىر تاغلىرى ئارقىلىق تۇتىشىپ تۇرىدۇ. سوغدىلار دائىم بۇ ئارىلىقتا باردى ـ كەلدى قىلىپ تۇرۇشىدۇ. شۇنداق قاراشتا كېلىشكە بولىدۇكى، مانى دىنى ئامۇ دەرياسى ساھىلى رايونىغا تارقىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي شىنجاڭغا كىرگەن. ئەمما بىرقەدەر ئەقىلگە مۇۋاپىق قاراش بويىچە ئېيتقاندا، مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بۇ يەرگە كىرگەن.[1] مىلادىيە 763 ـ يىلى ئۇيغۇر خانى (ئىدىكىن، بۆگۈخان يەنى تەڭرى خاقان) تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ دۆلەت دىنى قىلىنىغان. تەيۋەنلىك ئالىم ليۇ يىتاڭ ئەپەندى بولسا مانى دىنى ئۇيغۇرلارغا 763 ـ يىلىدىن بۇرۇن تارقالغان دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن: «جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا، مانى دىنى پېرسىيىدە مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن، سودىگەرلەر ئارقىلىق موڭغۇلىيىدىكى ئۇيغۇرلار زېمىنىغا تارقالغان دېيىش بىرقەدەر مۇۋاپىق.» ئۇ مۇنداق دەپ ھېسابلايدۇ: 763 ـ يىلى بۆگۈ خاقان لوياڭدىن تۆت مانى راھىبىنى ئېلىپ دۆلىتىگە قايتىشىدىن بۇرۇن «مانى دىنىنى ئۇيغۇرلار بىلگەن. ھەتتا بۇ دىننىڭ نۇرغۇن مۇرىتلىرى بولغان بولسا كېرەك»، «تۆت ئالىي راھىب ئۇيغۇرلار ئېلىگە كەلگەندىن كېيىن بۇ دىن تېخىمۇ ئومۇملىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت دىنىغا ئايلانغان.»[2]

مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇر خانلىقىدا ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، مانى دىنى مۇخلىسلىرىمۇ سىياسىي جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان. ئۇلار خانلىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان بولغان، ھەتتا خاقاننىڭ ئەلچىسى بولغان. شۇنداق قىلىپ ئۇلار خانلىقنىڭ سودا ئىشلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغان سوغدى سودىگەرلىرى بىلەن بىللە خانلىقنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان زور سىياسىي كۈچ بولۇپ شەكىللەنگەن. غوبى چۆللۈكىدىكى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىنمۇ مانى دىنى ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئېتىقاد قىلىدىغان دىنى بولۇپ قېلىۋەرگەن.[3]

① «شىنجاڭدىكى دىنلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 89 ـ بەت.

② ليۇ يىتاڭ: «ئۇيغۇر تەتقىقاتى» («维吾尔研究»)، تەيۋەن، 1975 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

③ ليۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 89 ـ، 90 ـ بەتلەر.

مانى دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «شابۇغراگان» بولۇپ، ئۇنى مانى پارابىل تىلى بىلەن يېزىپ چىققان.

مانى دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى «ئىككى تەرەپ»، «ئۈچ پەيت» دېگەن ئاساسىي ئەقىدىگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

«ئىككى تەرەپ» دېگىنىمىز، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، يەنى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى؛ «ئۈچ پەيت» دېگىنىمىز، دەسلەپكى پەيت، ئارىلىقتىكى پەيت ۋە ئاخىرقى پەيت (ئاخىرەت) تىن ئىبارەت ئۈچ پەيتنى كۆرسىتىدۇ.

مانى دىنى مۇخلىسلىرى، دۇنيا بىنا بولمىغان دەسلەپكى پەيتتە يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ بولغان. ئۇلار بىر - بىرىگە ئارىلىشالمىغان. ئارىلىقتىكى پەيتكە كەلگەندە قاراڭغۇلۇق يورۇقلۇقنى بېسىپ كەلگەن. بارلىق ياخشى شەيئىلەر يورۇقلۇقتىن، بارلىق يامان شەيئىلەر قاراڭغۇلۇقتىن مەيدانغا كەلگەن. ئارىلىقتىكى پەيتنىڭ ئاخىرىدا بىر قېتىملىق زور بالايىئاپەت يۈز بېرىدۇ ۋە، ماددىي دۇنيا گۇمران بولىدۇ. يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ چېگراسى قايتىدىن ئايرىلىدۇ. ئۇ ۋاقىتقا كەلگەندە، ئىستىقامەتنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان ياخشى ئادەملەر جەننەتكە، ئەسكىلىك قىلىش نىيىتىدىن يانمىغان يامان ئادەملەر دوزاخقا كىرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

مانى دىنى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇل، ئۇسسۇللۇق دراما، كالبىندارچىلىق، كىيىم - كېچەك، رەسساملىق،[1] ئەدەبىيات[2] ئىشلىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى مانى دىنىنىڭ شىنجاڭدا راسا گۈللەنگەن بىر باسقۇچى بولغان ھەم بۇددا دىنى بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولغان. بۇ خانلىق تەۋەسىدە بىرمۇنچە مانى دىنى ئىبادەتخانىلىرى سېلىنغان، مۇخلىس - مۇتىۋەرلىرى ئەركىن پائالىيەت قىلغان. مانى يېزىقى باشقا يېزىقلار بىلەن بىرلىكتە جەمئىيەتتە قوللىنىلغان. مانى

---

① جۇ جىڭباۋ: «غەربىي يۇرتتىكى مانى مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1992 - يىلى 1 - سان.

② ئا. خوجا قاتارلىقلار تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىلى نەشرى؛ ئا. مۇھەممەدئىمىن: «كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا مانى تەسىرى ۋە شىنجاڭدىن تېپىلغان مانى دىنى رەسىملىرىنىڭ باھالىنىشى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 1992 - يىلى 4 - سان.

دىنى ئەقىدىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت ـ پۈتۈكلەر تەرجىمە قىلىنغان، كۆچۈرۈلگەن ۋە يېزىلغان. بۇ يالغۇز شىنجاڭ، جۇملىدىن جۇڭگونىڭ مانى دىنى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ قالماستىن،① بەلكى دۇنياۋى خاراكتېرلىك مانى دىنى تەتقىقاتىدا، باشقا تىللاردىكى مانى دىنىغا دائىر ھۆججەتلەرنىڭ كەملىكى سەۋەبلىك قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلانماقتا.

مانى دىنى مىلادىيە 13 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن، شىنجاڭدا تەدرىجىي زاۋاللىققا يۈزلەنگەن.

## 5. بۇددا دىنى

بۇددا دىنى دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىننىڭ بىرى. ئۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 5 ـ ئەسىردە ھىندىستاننىڭ شىمالىدا بارلىققا كەلگەن. گائۇتاما سىددخارتخا (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 566 — 486 ـ يىللىرى ياشىغان) دېگەن ئادەم ئىجاد قىلغان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ قەدىمكى ھىندىستاننىڭ كاپىلىۋاستۇ خانلىقى (ھازىرقى نېپال تەۋەسىدە) نىڭ خانى سوخۇدانىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ ساك قوۋمىغا مەنسۇپ بولغاچقا، بۇددا مۇخلىسلىرى ئۇنى «ساكيامۇنى» (ساك قوۋمىنىڭ دانىشمىنى دېگەن مەنىدە، مۇنى «پىنھان» دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىغان.

بۇددا دىنىنىڭ ئاساسىي دىنىي ئەقىدىسى «ساتۇرساتيا» (تۆت مۇقەددەس ساتيا — تۆت چوڭ ھەقىقەت) دىن ئىبارەت.

بۇددا دىنىنىڭ غايىسى «نىرۋانا». ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ بارلىق نەپسى ـ ھەۋەسنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىپ، تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈشنىڭ نۆۋەتلىشىشىدىن ئىبارەت ئازابتىن قۇتۇلۇپ، تۇغۇلماي، ئۆلمەي، مەڭگۈ ئەقىل ـ ھوشىنى ساقلاپ قالغان ھالدا جىسم ـ جىسىم ھالەتتە راھەت ـ پاراغەتتە ياشاش، دېيەلىكتۇر. كېيىنچە نىرۋانا سۆزى، كۆپىنچە بۇددانىڭ ياكى راھىبلارنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ قالغان.

بۇددا دىنى چۈشەنچىسىدىكى تەڭرى ئەركىن مەخلۇق ئەمەس. ئۇمۇ سان ـ ساناقسىز قايتا تۇغۇلۇش (سانسارا) نى باشتىن كەچۈرۈپ

① لىيۇگى: «ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان مانى دىنى توغرىسىدىكى تەتقىقاتتىن ئومۇمىي بايان» «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1991 ـ يىلى 4 ـ سان.

تۈرىدىكەن.

بۇددا دىنى ماھايانا ۋە ھىنايانا دېگەن ئىككى مەزھەپكە ئايرىلغان.

ماھايانا — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «چوڭ كۆلۈڭگۈ» دەپ ئاتالغان. ماھايانا تەرەپدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇ مەزھىپىنى گوياكى چوڭ بىر ھارۋىدا ئولتۇرغۇچىلار، قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك خالايىقنىڭ ھەممىسىنى قايتا تۇغۇلۇش (سانسارا) تىن قۇتقۇزۇپ نىرۋاناغا يەتكۈزگۈچىلەر دەپ ھېسابلايدىكەن. بۇ مەزھەپنىڭ پىرلىرى بۇددساتۋا ياكى فۇسار دەپ ئاتالغان. بۇلار ئۆزلىرىنى باشقىلارنى قۇتقۇزۇش ئىشىغا بېغىشلىغان، شۇڭا «چوڭ ھارۋىلىقلار مەزھىپى» دەپمۇ ئاتالغان. بۇ مەزھەپنىڭ ئاساسىي تەلىماتى «سۇنياتا» (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «يوق، قۇرۇق» دېيىلگەن) بولۇپ، بۇ تەلىم قارىشى بويىچە، بۇ دۇنيادىكى ھەممە نەرسە قۇرۇق خىيالدىن ئىبارەت. قۇرۇق خىيالنىڭ ئارقىسىدا مۇتلەق ئۆزگەرمەس بىر مەۋجۇدىيەت يوشۇرۇنغان، دەپ قارايدۇ.

ھىنايانا مەزھىپى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «كىچىك كۆلۈڭگۈ» دەپ ئاتالغان، كونىراق مەزھەپ بولۇپ، بۇ مەزھەپ ئادەتتە شەخسنىڭ ئاراملىقىنىلا كۆزلىگەن، شۇڭا ئۇ گوياكى چوڭ دەريادىن ئۆتمەكچى بولغان بىر كىچىك ھارۋىغا ئوخشىتىلىپ، «كىچىك ھارۋىلىقلار مەزھىپى» دەپمۇ ئاتالغان. بۇ مەزھەپنىڭ كامالەتلىك كىشىلىرى «ئارخات» دەپ ئاتالغان.

بۇددا نوملىرى ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. بىرىنچى قىسمى «سۇترا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىلىشىچە، بۇ ساكيامۇنىنىڭ شەخسەن ئۆزى ئېيتقان گەپ ـ سۆزلەر مەزمۇن قىلىنغان؛ ئىككىنچى قىسمى ئابدارما ياكى شاستىرا دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ساكيامۇنى ئېيتقان گەپ ـ سۆزلەرنىڭ تەپسىرىدىن ئىبارەت. ئۈچىنچى قىسمى ۋىنايانا دېيىلىدۇ. بۇ راھىبلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەمرىمەرۇپ، قائىدە ـ يوسۇنلارنى مەزمۇن قىلىدۇ. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى يىغىشتۇرۇلۇپ ترىپىتاكا (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۈچ ئاغىلىق نوم ـ بىتىگلەر» دېيىلگەن) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا بۇددا نوملىرىدا ناھايىتى نۇرغۇن ھېكايىلەرمۇ ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەدەبىي قىممىتى بەك يۇقىرى بولۇپ، بۇلار «ياتاكا ـ جاتاكا» (بۇ «ئۆز ھاياتى» دېگەن

مەندە بولۇپ، ساكيامۇنىنىڭ بۇددا بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئىش ئىزلىرى بايان قىلىنىدۇ؛ «ئاۋادانا» (بۇ «تەمسىللەر» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ساكيامۇنى ۋەز - نەسىھەت ئوقۇغان چاغدا كەلتۈرگەن تەمسىللەر ھېكايە قىلىنىدۇ) دىن ئىبارەت.

بۇددا دىنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىلا كەشمىر ئارقىلىق شىنجاڭغا تەسىر كۆرسەتكەن. بىراق ئەڭ دەسلەپ قايسى رايوندىن، قايسى يىللىرى كىرگەنلىكى مەسىلىسىدە خىلمۇخىل قاراشلار بار. شۇنداق بولسىمۇ ئەڭ دەسلەپ ئۇدۇنغا كىرگەن بولۇپ، ۋاقتى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 74 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

بۇددا دىنى شىنجاڭدا گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرگەن. بىرمۇنچە بۇددا نوملىرى غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يەرلىك قوۋملارنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. مەسىلەن، ئۇدۇن تىلى، كۇسەن تىلى، ئاگنى تىلى، بۇلاردىن كېيىن ئۇيغۇر تىلى قاتارلىقلارغا تەرجىمە قىلىنغان. غەربىي يۇرتقا دەسلەپ ھىنايانا مەزھىپى كىرگەن. مىلادىيە 3 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە ماھايانا مەزھىپى كىرىپ كەلگەن، 4 - ئەسىردە كۇماراجىۋانىڭ زور كۈچ بىلەن تەرغىب قىلىشى ئارقىسىدا بارغانسېرى روناق تاپقان. ھەرقايسى رايونلاردا ھىنايانا، ماھايانا مەزھەپلىرىنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن. كېيىنچە، ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ئامىللارنىڭ ئۆزگىرىپ بېرىشى سەۋەبلىك، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي ساھىلىدىكى خانلىقلاردىن سۇلې، كۇسەن، ئاگنى ۋە جەنۇبىي يول بويىدىكى پىشامشان قاتارلىق جايلاردا كۇسەننى مەركەز قىلغان ھالدا ھىنايانا مەزھىپى ئەۋج ئالغان. جەنۇبىي يولدىكى بەگلىكلەردىن ئۇدۇن ۋە شىمالىي يولدىكى قوچو قاتارلىق جايلاردا ماھايانا مەزھىپى ئەۋج ئالغان. مىلادىيە 9 - ئەسىردىن كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ كاشغەر رايونىغا كىرىپ كېلىشى بىلەن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلار بولۇپ، ئۇدۇن بۇددىزمى تەخمىنەن 11 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا كەلگەندە، ئاساسىي جەھەتتىن زاۋاللىققا يۈز تۇتقان. ئەمما، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىدە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى چەرچەن، ھاي قاتارلىق جايلارنى چېگرا - پاسىل قىلغان ھالدا، شەرقىي قىسمىدىكى بۇددا دىنى بىلەن غەربىي قىسمىدىكى ئىسلام دىنى

ئۇزۇن مۇددەت ئۆتكۈر قارشىلىشىش ھالىتىدە تۇرغان. بولۇپمۇ موڭغۇل يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنى بەك گۈللەنگەن. ئۇيغۇر، خەنزۇ، تۇبۇت، موڭغۇل، غەربىي ئاڭغۇت تىلىدىكى بۇددا نوملىرى ۋە مەدەنىيىتىنى پىششىق بىلىدىغان زور بىر تۈركۈم راھىبلار بارلىققا كەلگەن. بۇ مەزگىلدە تۇبۇت بۇددىزىممۇ مەلۇم نىسبەتتە تەسىر كۆرسەتكەن. كۇسەن رايونىدىكى بۇددا دىنى تەخمىنەن 13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا چۈشكۈنلەشكەن. قوچو رايونىدىكى بۇددا دىنى تەخمىنەن 15 - ئەسىردە ئۆز كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرغان. قۇمۇل رايونىدىكى بۇددا دىنى تا 17 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكىچە ساقلىنىپ قالغان. ئەمما، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى غەربىي موڭغۇللاردا تۇبۇت بۇددىزمى بارغانسېرى روناق تېپىپ تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھازىرقى زاماندىكى خەنزۇ بۇددىزىممۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، شىنجاڭدا بۇددا دىنىنىڭ بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ھازىر شىنجاڭدا، موڭغۇل، زاڭزۇ، خەنزۇ، مانجۇ، شىبە قاتارلىق مىللەتلەر ئاۋۋالقىدەكلا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. قەدىمكى زاماندا بۇددا دىنىنىڭ غەربىي يۇرتنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولغان.

## 6. خرىستىئان دىنى

تەخمىنەن مىلادىيە 6 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خرىستىئان دىنىنىڭ بىر مەزھىپى — نېستۇرى دىنى غەربىي يۇرتقا تارقىلىشقا باشلىغان. تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى زامانىسىدا بولسا ئالاھىدە روناق تاپقان. يېقىنقى يىللاردا تۇرپان رايونىدىن بايقالغان نېستۇرى دىنى ئىبادەتخانىلىرى ئىزى، تام رەسىملىرى ۋە زور مىقداردىكى ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق يېزىقلاردا يېزىلغان نېستۇرى ھۆججەتلىرى مۇشۇ دەۋرگە مەنسۇپ. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە نېستۇرى دىنى شىنجاڭدا تېخىمۇ كەڭ روناق تاپقان. ئەينى چاغدا، كاشغەر نېستۇرى دىنىنىڭ 25 مەمۇرىي رايونى ئىچىدە 19 - مەمۇرىي رايونغا ئايرىلغان. مەشھۇر ساياھەتچى ماركوپولو شىنجاڭدىن ئۆتكەندە، ھەرقايسى جايلاردا نېستۇرى ئىبادەتخانىلىرى ۋە مۇخلىسلىرىنى كۆرگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرغان. ئۇيغۇر، كىرەي، نايمان

قاتارلىق قوۋملار بۇ چاغدا نېستورى دىنىنىمۇ قوبۇل قىلغان. ئۇزۇن مۇددەت ئېتىقاد قىلىش جەريانىدا، ئۇيغۇرلاردا نېستورى دىنىغا خاس بەزى ئالاھىدىلىكلەر شەكىللەنگەن. بىر تۈركۈم نېستورى زاتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىشىپ چىققان. بۇلارنىڭ ئىچىدە، موڭغۇللارغا ياردەملىشىپ موڭغۇل يېزىقىنى ئىجاد قىلغان تاتاتۇڭا، نېستورى دىنى باش كاھىنى تەرىپىدىن ئالاھىدە ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن چارلاپ تەكشۈرگۈچى راببان ساۋما، ئىلگىرى ـ كېيىن جۇڭگو دىنىي جەمئىيىتىنىڭ باش كاھىنى ۋە نېستورى دىنى «شەرق دىنىي ئىشلار جەمئىيىتىنىڭ باش كاھىنى» بولغان ياباللاخا III ماركوس قاتارلىقلار بار. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ بەرق ئۇرۇپ چىقىشىغا ئەگىشىپ، نېستورى دىنى غەربىي يۇرتتا تەدرىجىي چۈشكۈنلەشكەن، ئەمما چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگىچە شىنجاڭدا ئۇنىڭ ساقىندىلىرى غايىب بولۇپ كەتمىگەن.

### 7. ئىسلام دىنى

7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋەھيى ئارقىلىق ياراتقان ئىسلام دىنى تارقىلىشقا باشلىغان. «ئىسلام» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «ئىتائەت قىلىش»، يەنى بىردىنبىر ياراتقۇچى ئاللانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مۇھەممەد (مىلادىيە 570 — 632 ـ يىللار) ئىسلام دىنىدا «ئاللانىڭ ئەلچىسى» (رەسۇلۇللا)، «پەيغەمبەر» دەپ ئۇلۇغلىنىدۇ. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ، ئۆزىنىڭ ئىسمى مۇھەممەد. «قۇرئان كەرىم» — ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى. ئىسلام دىنىنىڭ ئىلمىي كالامى ئاساسىي دىنىي قائىدىلەرنى ئۈچ تۈرگە ئايرىيدۇ: ئىمان (دىنىي ئېتىقاد)، ئىبادەت (دىنىي مەجبۇرىيەت) ۋە خەير ـ ئېھسان (ياخشىلىق قىلىش). بۇنىڭ ئىچىدە «ئىمان ئاللاغا ئىشىنىش، پەرىشتىلەرگە ئىشىنىش، قۇرئانغا ئىشىنىش، ئاللانىڭ ئەلچىسىگە (رەسۇلۇللاغا) ئىشىنىش، ئاخىرەتكە ئىشىنىش، تەقدىرگە ئىشىنىش قاتارلىق ئالتە ئېتىقادنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»① ئاللاغا ئىشىنىش ئەڭ مۇھىم، ئەڭ زور

① ھاجى نۇرھاجى، چېن گوگۇاڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 25 ـ بەت.

ئەقىدە ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مۇستەھكەملەنگەندىن كېيىن، ئەتراپقا تېز سۈرئەتتە تارقىلىشقا باشلىغان. شىنجاڭغىمۇ ناھايىتى بۇرۇنلا كىرىپ كەلگەن.

سۇتۇق بۇغراخاننىڭ كاشغەر شەھىرى يېنىدىكى ئاتۇش يېزىسىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەسىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر تارىخىدا ئىسلام دىنىنىڭ رەسمىي تارقالغانلىقىنىڭ روشەن ئالامىتى بولۇپ قالغان.① سۇتۇق بۇغراخان (؟888/92 — 955/6 ـ يىللار) نىڭ مۇسۇلمان بولۇشىدا سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ شاھزادىسى ئەبۇنەسىر سامانىينىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغان. مىلادىيە 910 ـ يىلى (يەنە بىر ئېيتىلىشتا 915 ـ يىلى) سۇتۇق بۇغراخان تاغىسى ئوغۇلچاقتىن مەرھۇم دادىسى بازىرخاننىڭ نەسەبىي خانلىق ئورنىنى قايتۇرۇۋېلىپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانلىق تەختىگە چىقىدۇ ۋە ئىسلام دىنىنى ئۆز ئېلى تەۋەسىدە تېز سۈرئەتتە تارقىتىدۇ. مىلادىيە 955 — 956 ـ يىللىرى، سۇتۇق بۇغراخان ۋاپات بولۇپ، ئوغلى مۇسا ئارسلانخان تەختكە چىقىپ، ئۇمۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىش ھەرىكىتى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. 960 ـ يىلى، 200 مىڭ چېدىرلىك تۈركىي تىللىق قوۋملار مۇسۇلمان بولىدۇ. شۇ يىلى ئىسلام دىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دۆلەت دىنى دەپ بېكىتىلىدۇ. 962 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە مۇسا ئارسلانخان ئۇدۇندىكى ۋىسا جەمەتى خانلىقىغا «جىھاد ئۇرۇشى» قوزغايدۇ. ئۇرۇش ئىلگىرى ـ كېيىن يېرىم ئەسىرگە يېقىن داۋاملىشىدۇ. ئەڭ ئاخىرى ئۇدۇن خانلىقى مۇنقەرز قىلىنىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئىسلام دىنى بۇددا دىنىنىڭ ئورنىغا دەسسەيدۇ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى، جەنۇبىي قىسمىدا ھۆكۈمرانلىق ئورۇندىكى دىنغا ئايلىنىدۇ. قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاتتىق قارشىلىقى سەۋەبلىك ئىسلام دىنى ئاقسۇ، كۇچانىڭ شەرقىگە تەسىر قىلالمايدۇ (بەزى ماتېرىياللاردا تەسىر قىلغان دېيىلىدۇ). غەربىي لياۋ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە، ئىسلام دىنى بۇ خاندانلىقنىڭ دىنىي ئەركىنلىك سىياسىتىنىڭ شارائىتى بىلەن قوچو ئۇيغۇر خانلىقى تېررىتورىيىسىگە تەدرىجىي تەسىر كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، چاغاتاي

① ھاجى نۇرھاجى، چېن گوگۇاڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 25 ـ بەت.

خانلىقىدا تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، شىنجاڭ رايونىدىكى تۇنجى مۇسۇلمان موڭغۇل خانى بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ ئەرشىدىن خوجا جەمەتىنىڭ قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، ھەرقايسى جايلارغا ئىسلام ۋەزخانلىرىنى ئەۋەتىپ، تەرغىبات ئىشلىرىنى ئىشلەيدۇ، ئالدى بىلەن موڭغۇللارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن 160 مىڭ موڭغۇل مۇسۇلمان بولىدۇ. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ھەم داۋاملىق يوسۇندا ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىش ئىشىنى ئىشلەيدۇ.

شىنجاڭدىكى ئەڭ ئاخىرقى بۇددا دىنى مەركىزى قۇمۇل ئىسلام دىنى كۆچمىنىڭ قاتتىق زەربىسى بىلەن 16 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئىسلام دىنى ئېتىقادىغا كۆچىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىسلام دىنى بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ شىنجاڭ رايونىدا ھۆكۈمران دىنغا ئايلىنىدۇ. 1514 ـ يىلى موغۇلىستان خانلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن سەئىدخان شىنجاڭنىڭ بۆلۈنمە ۋەزىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، يەكەن خانلىقىنى قۇرىدۇ. بۇ چاغدا ئىسلام دىنى ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ بىرلىككە كەلگەن دىنىي ئېتىقاد ئورنىغا ئىگە بولىدۇ، كۆچى بارغانسېرى زورىيىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئىسلام دىنى شىنجاڭدا ھۆكۈمران دىن سۈپىتىدە تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ.

دېمەك، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشى، قاراخانىيلار سۇلالىسى، چاغاتاي خانلىقى ۋە يەكەن خانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەن. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ئىسلام دىنىغا ئىلگىرى ـ كېيىن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاجىك، تاتار، ئۆزبېك قاتارلىق ئالتە مىللەت ئېتىقاد قىلىپ كەلدى. خۇيزۇ، دۇڭشياڭ، سالا، باۋئەن قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن شىنجاڭغا كىرىشىگە ئەگىشىپ، نۆۋەتتە شىنجاڭ رايونىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەت 10 غا يەتتى. 1000 يىلدىن بۇيان ئىسلام دىنى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتىگە، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخ- مەدەنىيىتى، ئەخلاق ـ ئېتىكىسىغا، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئۆرپ- ئادەتلىرىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

## § 2 . پەلسەپە

پەلسەپە كىشىلىك تۇرمۇشقا سىڭگەن بولۇپ، ھەربىر كىشىنىڭ، ھەربىر گۇرۇھنىڭ، ھەربىر قوۋم، مىللەتنىڭ ۋە ھەربىر جەمئىيەت ۋە ھەربىر دەۋرنىڭ ئۆز پەلسەپىسى بولىدۇ. يەنى پەلسەپىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن يېقىن. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ھەرقاچان ۋە ھەممىلا يەردە پەلسەپىنىڭ ئىزى بولىدۇ. بەزىلەر، ئەزەلدىن پەلسەپە پەقەت پەيلاسوپلار يازغان كىتابلاردىلا بار دەپ قارايدىغان بىر تەرەپلىمە چۈشەنچىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ۋە ئىجتىمائىي كۈرىشىدە بارلىققا كەلگەن پىكىرلەردە پەلسەپىۋى پىكىرلەرنىڭ بىخلىرى بارلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ ئىككى تەرەپلىمە مەنىسى بار: بىر تەرەپتىن، پەلسەپەدە تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان ھېچقانداق سىر يوق، ئۇ بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىز بىلەن ناھايىتى يېقىن باغلىنىدۇ. كىتابتا ناھايىتى چوڭقۇر دەپ بىلىنگەن پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەر بىلەن كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىپادىلىنىدىغان ئەڭ ئاددىي پىكىرلىرىمىز ئوتتۇرىسىدا پولات ئىستىھكام يوق. يەنە بىر تەرەپتىن، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىپادىلىنىدىغان ئادەتتىكى پىكىردە سىستېمىلىق، مۇكەممەل پەلسەپىۋى پىكىرنىڭ بولۇشى ناتايىن، ئۇ پەلسەپىۋى پىكىرنىڭ بەزى بىخلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. دەرەخ يىلتىزسىز ئۆسەلمىگەندەك، پەلسەپىۋى پىكىرمۇ ئۇنىڭسىز ئۆسەلمەيدۇ. لېكىن مۇكەممەل پەلسەپىۋى پىكىر خېلى سىستېمىلىق، روشەن پىكىر بولۇشى شەرت؛ كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىپادىلىنىدىغان پىكىر كۆپ ھاللاردا ئۇنداق بولمايدۇ. ئۇ كۆپىنچە پارچە، تۇتۇق، چېچىلاڭغۇ بولغان ۋە ئىزچىل بولمىغان تەسىراتتىن ئىبارەت. شۇڭا ئۇ مۇكەممەل پەلسەپىۋى پىكىردىن ئازدۇر — كۆپتۇر پەرقلىنىدۇ.

غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلار جەمئىيەت بولۇپ ئۇيۇشقاندىن باشلاپلا ئۇلاردا پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەر بولغان. ف. ئېنگېلس «پەل-

سەپىدىكى ئالىي مەسىلە، ئۇنىڭ بارلىق دىنلارغا ئوخشاش، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى تار ۋە نادانلارچە چۈشەنچىلەردىن كېلىپ چىققان»[1] لىقىنى بىلىشتە دەيدۇ.

غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملارنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيە تارىخىنىڭ ئىزلىرى تولىمۇ يىراق دەۋرلەرگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى، بىز ئۇلارنى قەدىمكى ئىپتىدائىي ئالەم ۋە مەۋجۇدىيەت چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن دىنىي ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى، خەلق فولكلورى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى (مەسەلەن، ئەپسانە- رىۋايەتلەر، ئېپوس - داستانلار، چۆچەك - مەسەللەر ۋە ماقال- تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆزلەر) نىڭ نادىر نەمۇنىلىرىدىن تاپالايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەجدادلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىدېئالىستىك روھتىكى پەلسەپىۋى پىكىرلەر بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ساددا دىئالېكتىك پىكىرلەرنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدە پەرقلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملارنىڭ ئىلغار پەلسەپىۋى ئىدىيە چۈشەنچىلىرى ئالدى بىلەن قەدىمكى خەلق فولكلورى، جۈملىدىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىگە سىڭدۈرۈلگەن. شۇ ئاساستا ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى بىلىش نەتىجىلىرى بىلەن تېخىمۇ تاكامۇللىشىپ، تەدرىجىي سىستېمىلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. بىز غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئىلغار پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەر تارىخىنى تەتقىق قىلغاندا ئۇنىڭ مەنبەسىنى مۇنداق ئىككى ئاساستىن ئىزدەيمىز: بىرى، غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلار ئۇزۇن ئەسىرلەر مابەينىدە ياراتقان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىگە سىڭدۈرۈلگەن پەلسەپىۋى پىكىرلەر، يەنە بىرى، ئەجدادلارنىڭ ئەدەبىيات تارىخى ۋە پەن - مەدەنىيەت تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن ئىلغار پىكىرلىك پەن - مەدەنىيەت پېشۋالىرىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىگە سىڭدۈرۈلگەن پەلسەپىۋى سىستېما.

شۇ نەرسىنى ئالدىن تەكىتلەش زۆرۈركى، كۇماراجىۋا، فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرى، سەئىدىدىن كاشغەرى،

---

① «جۇڭگونىڭ ئەپسانىۋى پەلسەپىسى» («中国神话哲学») ناملىق كىتابنىڭ 3 - بېتىگە ئېلىنغان ئىپىلوگ، 1992 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

ئەلىشىر نەۋائى، خاراباتى، مەشرەپ، تاڭجارىق قاتارلىق ئالىملار، شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ بىر پۈتۈن پەلسەپىۋى دۇنيا قارىشىنى تۇرغۇزۇشتا، خەلقنىڭ ئەقىل - پاراسىتىدىن ھاسىل بولغان، ھەقىقەتلىكى ئىسپاتلانغان چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەردىن ئۈنۈملۈك ئوزۇقلانغان، ئۇلارنى شۇ ئاساستا ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن يۇغۇرۇپ، سىستېمىلاشتۇرۇشقا ۋە ئىلمىيلاشتۇرۇشقا تىرىشقان. شۇڭا، بىز غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملارنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلەر تارىخىنى تەتقىق قىلغاندا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرلەرنىڭ بىر پۈتۈن پەلسەپىۋى پىكىرلەر تارىخىدىكى ئورنىنىڭ تولىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلالمايمىز.

خەلق فولكلورى، جۈملىدىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى ئاممىباب پەلسەپە دەپ ئاتاپ، دىنىي پەلسەپىدىن پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئاممىباب پەلسەپىنى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خەلق پەلسەپىسى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. ئۇ ھەربىر خەلقنىڭ ئۆز تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن، كۈچلۈك يەرلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە پەلسەپىۋى قارىشىدىن ئىبارەت.

ئاممىباب پەلسەپە قويۇق دىنىي پەلسەپىگە قارىغاندا بۇرۇنراق بارلىققا كەلگەن، خەلق ئارىسىدا كەڭرەك ئومۇملاشقان ۋە ئىزچىللىققا ئىگە. بۇنداق پەلسەپىنىڭ ئىزلىرىنى بىز ئاساسەن خەلق فولكلورى، جۈملىدىن خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى ئەسەرلىرى، يەنى ئەپسانە-رىۋايەتلەر، ئېپوس - داستانلار، چۆچەك - مەسەللەر ۋە ماقال - تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆزلەردىن تاپالايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاممىباب پەلسەپىنىڭ نۆۋەتتە خەلقنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ساقلىنىشىنى ھەم قويۇق ۋە مول بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

خەلق فولكلورى ھەربىر مىللەت ۋە خەلقنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە يارىتقان ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت سەمەرىلىرىنىڭ ئەڭ نادىر ھەم ئەڭ يارقىن خەزىنىسى. ئۇنىڭدىن بىر مىللەت ۋە ھەربىر خەلق بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق يالقۇنلۇق ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى، يارىتقان پارلاق مەدەنىيەت يادنامىلىرىنىڭ سىيماسىنى، ئىجتىمائىي كۈرەش تەجرىبىلىرىنى بىلىپ يەتكىلى بولىدۇ.

فولكلور مەدەنىيىتى ماددىي فولكلور ۋە مەنىۋى فولكلور دەپ ئايرىلسىمۇ، لېكىن ھەر بىر مىللەتنىڭ ماددىي فولكلور مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن مەنىۋى فولكلورنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىنى، مەنىۋى فولكلور ئۇتۇقلىرىدىن ماددىي فولكلورنىڭ ئىلگىرىلەش سەۋىيىسىنى قىياس قىلىپ، مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ.

غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ باي فولكلور مەدەنىيىتىگە نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ قەدىمكى زامان تەپەككۇر تارىخىدا ماددىي دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەن ئالىدىغان «تۆرت تادۇ» (تۆت ۋات) كۆزقارىشىنىڭ سالماق ئورۇننى ئىگىلەيدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس. بۇ خىل قاراشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تولۇقراق يازما ئاساسى مۇنداق: شەرقىي رىم تارىخچىسى دىئوسوفىت «تارىخ» ناملىق كىتابىدا: «تۈركلەر ئوتقا چوقۇنىدۇ، شۇنداقلا ھاۋا، سۇ، تۇپراقنىمۇ ئۇلۇغلايدۇ» دېگەن.

11 ـ ئەسىر مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە بۇ قاراشنى مۇنداق نەزمىگە قاتقان:

143. ئۇچى سۇ، ئۇچى يەل، ئۇچى بولدى ئوت،
ئۇچى تۇپراق، بۇلاردىن دۇنيا ۋۇجۇت.

بۇلاردىن باشقا ئەبۇنەسىر فارابىمۇ «تۆرت تادۇ» قارىشىنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويغان. يەنى ئۇ ماددا ھەققىدە توختالغاندا، تۇپا، سۇ، ھاۋا، ئوتتىن ئىبارەت تۆت زات (ئاناسىر ياكى ئۇنسۇر)نى ئاساسىي ماددىي مەۋجۇدىيەت دەپ قارىدى. ئۇنىڭچە مۇشۇ ئالەم «تۆتلۈك شېئىر»نىڭ مۇرەككەپ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ھەممە شەيئىلەر بارلىققا كەلگەن.①

مەشھۇر يازغۇچى نەسىردىن ئوغلى رابغۇزى «قىسسەئى رابغۇزى» (1311 ـ يىلى يېزىلغان) ناملىق ئەسىرىدە «تۆرت تادۇ» قارىشىنى دىنىي يوپۇق بىلەن يوپۇقدالغان ئاساستا مۇنداق بايان قىلغان: «جانابى ھەق ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنى ئەقىل، روھ، نەپس، كۆڭۈلدىن

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى نەشرى، 135 ـ بەت.

ئىبارەت تۆت نەرسىدىن ياراتتى. بۇ تۆت نەرسىنىڭ ھەربىرىنى بىر شەيئىدىن ئالدى، يەنى كۆڭۈلنى سۇدىن، روھنى شامالدىن، ئەقىلنى تۇپراقتىن، نەپسنى ئوتتىن ئالدى. شۇڭا كۆڭۈل روشەن، ساپ جاھاننىڭ ئائىنەسى، ئالەمى غايىبنىڭ گۇۋاھچىسىدۇر. روھنى ئالەمى غايىبتىن ئۆزگە بەندىچىلىك قىلىشقا قويدى. تۇپراقتا ھەرتۈرلۈك رەڭ بەرسە، شۇ رەڭنى ئالغاندەك، ئەقىلكىمۇ نېمىنى ئۆگەتسە ئۇنى قوبۇل قىلىۋالىدۇ. ئوت كۆيدۈرىدۇ. ھەركىم نەپسنىڭ كويىغا كىرسە ئۇنى كۆيدۈرىدۇ. بۇ ئالەمدە جىنمى مېھنەت ـ مۇشەققەت نەپستىن كېلىدۇ. ئاخىرەتتىكى ئازاب ـ ئوقۇبەت ھەم ئۇنىڭدىن كېلىدۇ.»[1]

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر شائىرى ئەبدۇللاھ پوسكامى (1876 — ؟) «كىتابى ئەبدۇللاھ» ناملىق ئەسىرىنىڭ يەتتىنچى باب «ئەناسىرى ئەربەئەنىڭ بەيانى» دا بولسا مۇنداق يازغان:

خۇدا ھەمدىگە تىل سۇردۇم بولۇپ ھامىدۇ ھەق مەھمۇد،
ئانىڭ زاتى مۇنەززەھ جىسمىدىن دائىم ئۆزى مەۋجۇد.
ياراتىپ جىسملىق بىزنى ئەناسىر ئەربەئەدىن ئول،
ئەناسىر ئىسمى: تۇفراق، سۇ، شەمال، ئوت جىسمىدۇر مەۋجۇد.
بۇ تۆرتىنىڭ بىرى تۇفراق، بۇ تۇفراقغە ھەمە ئامراق،
مۇنىڭ بىرلە زېمىن ئۈستىدەكىلەر بولمادى فەرسۇد.
ئىككىنچى سۇ، ھەمە زىيجانغە ئۆلمەسدە تىرىكلىك بۇ،
سۇدىن قالساق ئەگەر بىزلەر بۇجاندىن ئايرىلىپ دەمخۇد.
ئۈچۈنچىدۇر شەمال، ھەق ئافرىيدە ئەيلەگەن بىر يەل،
ياراتتى يەل قوشۇپ بىزنى مۇنى رەد قىلغۇچى مەردۇد.
يەنە تۆرتۈنچى ئوتدۇر، قىلدى ھەق كۆيدۈرگەلى قادىر،
بۇ قۇدرەت ئوتدىن ئىبرەمسكە دەلىلدۇر ئاتەشى نەمرۇد.
بۇ تۆرتۆلەننى، ئەبدۇللاھ، ئەناسىر ئەربەئە دەپ بىل،
خۇسۇس ئوت بىرلە ئاش ـ نان پىشقۇسى سامسۇ بىلەن فەرمۇد.[2]

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «تۆرت تادۇ» غا قويۇق دىنىي پۇراق سىڭ-

---

① رابغۇزى: «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى، 9 ـ بەت.

② «كىتابى ئەبدۇللاھ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى نەشرى، 34 ـ بەت، ئۈرۈمچى.

دۇرۇۋېتىلگەندەك قىلسىمۇ، ئەمما «تۆرت تادۇ» نىڭ ماھىيىتىگە دائىر قاراش ئۆتتۈرىغا قويۇلغان.

دېمەك، ئوت، سۇ، ھاۋا، تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت خىل ماددىي ئامىل ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ماھىيىتىدىن ئىبارەت. ناھايىتى روشەنكى، بۇ ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەردۇر.

1944 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە «يېڭى ھايات» ئايلىق ژۇرنىلىنىڭ تۇنجى سانىدىكى بىر ماقالىدە ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى توغرىسىدا توختالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: قەدىمكى ئۇيغۇرلار دۇنيا «تۇپراق، سۇ، ئوت، ھاۋا» دىن تەركىب تاپقان، ئالەمدىكى بارلىق شەيئىلەر ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدۇ، ئۇ شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسى، «تۆرت تادۇ» بولمايدىكەن، ھېچ نەرسە بولمايدۇ، بىر تادۇ (ئامىل) كەم بولۇپ قالسىمۇ بولمايدۇ. مەسىلەن، «تۇپراق» نى ئېلىپ ئېيتساق، مۇبادا ئۇ بولمايدىكەن، نەدىمۇ ئۆسۈملۈك، نەدىمۇ ھايۋانات، نەدىمۇ ئادەم بولسۇن، ئۇلار قەيەردە ئاپىرىدە بولۇپ ئاينىيدۇ؟ يەنە سۇنى ئېلىپ ئېيتساق، ئەگەر سۇ بولمايدىكەن، ئوخشاشلا ئۆسۈملۈك، ھايۋان، مېۋە، يېمەكلىك بولمايدۇ. ئالەم خۇددى قۇم جەزىرىلىرىگە ئوخشاپ قېلىپ، ھېچقانداق ھاياتلىق ۋە گىياھتىن ئەسەرمۇ تاپقىلى بولمايدۇ، سۇ بولمايدىكەن ئادەمنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. «سۇ» — ھاياتلىق دېمەكتۇر. «ئوت» نى ئېلىپ ئېيتساق، ئوت دېمەك — «يورۇقلۇق ـ نۇر، ھارارەت» دېمەكلىك. يورۇقلۇق بولمايدىكەن، ئىسسىقلىق بولمايدۇ، ھېچقانداق نەرسە ئۆسەلمەيدۇ، ھايات كەچۈرەلمەيدۇ. تۆتىنچىسى «ھاۋا» دۇر. ھەرقانداق نەرسىنىڭ ھاۋاغا ئېھتىياجى چۈشىدۇ. ھاۋا بولمايدىكەن دۇنيا نەپەستىن توختايدۇ، ھەرقانداق ھاياتلىق مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. بۇ «تۆرت تادۇ» ئۆزئارا يېقىن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىر ـ بىرىگە بېقىنىدۇ. بىرى كەم بولسا بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «تۆرت تادۇ» يەنە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش «تۆرت مىزاج» دەپ ئاتىلىدۇ، يەنى سوغۇق، ئىسسىق، ھۆل، قۇرۇق. «تۆرت تادۇ» ئاساس، «تۆرت مىزاج» بولسا «تۆرت تادۇ» نىڭ سىرتقى ئىپادىلىنىش شەكلى.[①]

① «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيە تارىخى ماقالىلىرى توپلىمى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 130 ـ بەت.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «ماددىي نەرسە» ئۆزئارا ئالاقىسى بولغان نەرسىلەر بولۇپ، ئۆزئارا ئايلىنىپ تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ يەردە تونۇشتۇرۇلغان قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيىسى، ئوخشاشلا ساددا ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەردىن ئىبارەت.

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ساددا ماتېرىيالىزمى. بۇ خىل ماتېرىيالىزم ئالەم ماددىدىن تەركىب تاپقان، دەپ قارايدۇ. «تۆرت تادۇ» مەزمۇن، «تۆرت مىزاج» ئاساسىي ئالاھىدىلىك، يەنى سىرتقى ئىپادىلىنىش شەكلى: «شەيئى»نىڭ ئۆزئارا ئالاقىسى بولىدۇ. ئۈزلۈكسىز ئايلىنىپ تۇرۇش زىددىيەتنىڭ بىردەكلىكى، يەنى شەيئىنىڭ ئاساسى.

بۇ خىل ساددا ماتېرىيالىزملىق ئىدىيىنىڭ ئەكسى بولسا تەقدىرچىلىق قارىشى ۋە كەيپىيات قارىشىدىن ئىبارەت. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ساددا ماتېرىيالىزم دۇنيا «تۆرت تادۇ» دىن تەركىب تاپقان، «تۆرت تادۇ» بولمايدىكەن، ئىنسانلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، جەمئىيەت تەرەققىي قىلالمايدۇ، دەپ قارايدۇ. تەقدىرچىلىك قارىشىدىكىلەر ئادەملەرنىڭ بارلىق سۆز ـ ھەرىكەتلىرى تەلىيىگە باغلىق، ئادەم تۇغۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭ تەقدىرى پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بولىدۇ، تەقدىرگە تەن بېرىش، ئارتۇقچە زورۇقماسلىق لازىم؛ دۇنيادىكى بارلىق ھادىسىلەر، ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بولىدۇ، ئادەملەر خاتىرجەم ئۆز ئىش ـ ئوقەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشى، تەقدىرگە ئىشىنىشى لازىم، دەپ قارايدۇ.

ماتېرىيالىزمنىڭ تۈپكى قائىدىسى ئوبيېكتىپ ماددىي دۇنيانىڭ بىرلەمچى، ئاڭنىڭ ئىككىلەمچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئىبارەت. ئەجدادلار ناھايىتى بۇرۇنلا دۇنيانىڭ ماددىي دۇنيا ئىكەنلىكىنى قىياس قىلدى. بۇ ئۇلارنىڭ «تۆرت تادۇ» قارىشىدا مەركەزلىك ۋە سىستېمىلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەندىن باشقا، خەلق فولكلورىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئوخشاشمىغان ئۇسلۇب، رەڭگارەڭ شەكىللەردە ئىپادىلەندى. بۇلار يەككە ھالدا ياكى پارچە ـ پۇرات تەرزدە، ئاڭلىق ـ ئاڭسىز يوسۇندا ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن «تۆرت تادۇ» قارىشى خۇددى بىر تال قىزىل يىپتەك ئەجدادلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ ۋە مۇس-

تەھكەم جىپسىلاشتۇرۇپ بىر لىنىيىگە سالدى.

غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ قەدىمدىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن «تۆرت تادۇ» قارىشىنى ئايرىم ـ ئايرىم شەرھلەشكە توغرا كەلسە، شۇلارنى بايان قىلىش زۆرۈركى، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئادەملەر ئۆلگەندىن كېيىن تۇپراققا كۆمۈشنى ئادەت قىلغان. بۇ ئادەملەر تېنىنىڭ تەبىئەتكە قايتۇرۇلۇشى بولۇپ، بۇنى تۇپراق (يەنى ماددا) بىلەن قوشۇۋېتىشنىڭ بىشارىتى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەر جەسەتنى يەرگە كۆمۈۋېتىش بىلەنلا قانائەت ھاسىل قىلماستىن، بەلكى «ئىخلاس توپىسى»نى تەۋەررۈك ۋە مۇقەددەس بىلىپ، جەسەتنىڭ ئۈستى ۋە ئەتراپىغا سېپىپ قويغاندىن كېيىن، كۆڭلى ئەمىن تېپىشىدۇ. بۇ خىل ئادەتنى نوقۇل ئىسلامىيەت تەسىرى بىلەن ئىزاھلاشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ تارىخى بەكمۇ بۇرۇن. مەسىلەن، جەنۇبىي سىبىرىيىدىكى كىراسنويارسكىينىڭ غەربىدىكى ئارچىن رايونىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ئانتروپوف كەنتىدىكى ۋە شىمالىي ئالتاي سۆڭەك كەنتىدىكى قەدىمكى جەسەتلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشلار بۇ جەسەتلەرنىڭ قىزىل توپىغا ئوراپ كۆمۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. يالغۇز بۇلار ئەمەس، 1985 ـ يىلى چەرچەن ناھىيىسىنىڭ زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان بەزى جەسەتلەرنىڭ يۈز ـ چىرايىغا ئۆسۈملۈكلەر ۋە مىنېرال ماددىلاردىن ياسالغان ئەڭلىك (گىرىم) سۈركەلگەن. بۇ تۇپراق بىلەن تېخىمۇ زىچ بىردەكلىكنى ساقلاشنى ياكى جىپسىلىشىپ كېتىشنى تېزلىتىشنى ئويلىغانلىقى بولسا كېرەك. قەدىمكى تۈركىي تىلدىكى ئورقۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا «يەر تەڭرىسى» تىلغا ئېلىنىش بىلەن بىرلىكتە، كۆك ئاسمان بىلەن قوڭۇر يەر ئارىسىدا ئىنسان بالىسى تۆرەلگەن، دېگەن قاراش ئىپادىلەنگەن. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان «ئافرات قاغان ۋە توققۇز قىز» رىۋايىتىدە، ئافرات خاقانىنىڭ بىر چاڭگال توپىنى ئېلىپ: «ئىنسانلار سەندىن تۆرەلگەن، ئىنسانلارنىڭ گۈللەپ ياشنىشى سېنىڭ ئىلتىپاتىڭغا باغلىق! بىپايان زېمىن، مەن سەندىن ئۆتۈنىمەنكى، سەپىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا مەدەت قىلغايسەن»[1] دېگەن قويۇق ئېتىقاد تۈسىگە ئىگە سۆزى

---

[1] «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، بېيجىڭ، 1985 ـ يىلى، 9 ـ سان.

بار. يۇقىرىقىلار بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ساقلانغان «يەر ئالتۇن قوزۇق»، «يەر دېھقاننىڭ جېنى»، «يەرنى ئۇرساڭ يامان بولىدۇ»، «سۇ يوق يەردە توپا بىلەن تەيەممۇم قىلسا پاكلىنىدۇ» دېگەندەك قاراشلار بىلەن تومۇرداشتۇر.

سۇنى ئۇلۇغلاش قەدىمكى ئەجدادلار نەزەرىدە يۇقىرى ئورۇننى ئىگىلىگەن. ئۇلار بۇنى سۇ تىلەش، يامغۇر تىلەش، يادىچىلىق، مەبۇد يۇيۇش ئادىتىدە ئىپادىلىگەن. «ئوغۇزنامە» دە كۆل ئىچىدىكى بورۇق— نۇر ئىچىدىن چىققان پەرىنىڭ ئوغۇزخاننىڭ چوڭ خوتۇنى بولۇشى ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئوغۇز ئېلىنىڭ تۆۋرۈكىگە ئايلىنىشىنىڭ ئور-قۇن - يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدىكى «سۇ تەڭرىسى» (ئەسلى «يەر، سۇ تەڭرىسى» شەكلىدە، تىلغا ئېلىنىدۇ — نەقىلچىدىن) چۈشەنچىسى بىلەن ئالاقىسى بار، ئەلۋەتتە. بۇنى «كۆل تېگىن»، «كۆل بىلگە قاغان» قاتارلىق ئىسىملاردىكى «كۆل» بىلەن، «چىڭگىز» نىڭ قە-دىمكى ئالتاي تىللىرىدىكى «تېڭىز — دېڭىز» سۆزىنىڭ موڭغۇل تىل ئادىتىدىكى شەكلى ئىكەنلىكى بىلەن قوشۇپ تەھلىل قىلىنسا، ئۇنداق-تا بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھايات قارىشىدىكى «سۇغا سىيسە، تۈكۈر-سە، ئۆلگەن ھايۋانلارنىڭ يىنىنى تۆكسە يامان بولىدۇ»، «بارلىق پاسكىنىچىلىقنى سۇ ئېرىغدايدۇ (پاكىزلايدۇ)» دېگەنگە ئوخشاش قاراشلىرى بىلەن قويۇق ئالاقىسىنىڭ بارلىقىنى چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەس.

ئوت ئېتىقادچىلىقى بولسا يورۇقلۇقتا ھېرىسمەن بولۇش، يو-رۇقلۇقنىڭ مەنبەسى — كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارنى ئۇلۇغلاش، قەبرىس-تانلىق ياكى مېيىت چىققان ئۆيگە نۆكچە قويۇش، ئۆلۈم ئۆزىتىلغان ئۆيگە 40 كۈنگىچە چىراغ يېقىپ قويۇش، ئوتقا توپا چاچسا، سۇ قۇيسا، ئېگىز - پەس كوچىلىسا، كۆلگە سىيسە، دەسسىسە، كۆلنى ئەخلەت بىلەن بىرگە تۆكسە يامان بولىدۇ، دەپ قاراش، گۈلخان يېقىش، كېلىننى ئوتتىن سەكرىتىش، قاپاق كۆيدۈرۈش، ئىسرىق سېلىش، قىزدۇرۇش، ئوتقا قاقلاش، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارغا قاراپ تۈكۈرسە، سىيسە يامان بولىدۇ، دەپ قاراش قاتارلىقلاردا ئۆز ئىپادى-سىنى تاپقان.

ھاۋا ھەققىدىكى كۆزقاراش قەدىمكى نەپەس (تىنىق) ۋە ھايات،

ھاۋا رايى ۋە پەسىل ھەققىدىكى كۆزقاراشلار بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن. ھىندىستاننىڭ قەدىمكى «رىگاۋېدا» ناملىق كىتابىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەرلىك ئاھالىلىرىدىن بىرى بولغان ئارىيانلارنىڭ ئۇرۇش مۇئەككىلى ئىندىرا دارىئانلار (ھىندىستاننىڭ يەرلىك قارا ھىندى قەبىلىلىرى) نى يېڭىش جەريانىدا ئۆزىنى «ئولتۇرخان» (吠利陀罗汉) دېگەن نامدا ئاتىغان بولۇپ، غەلىبىدىن كېيىن ئۆز نامىنى «مۇلۇت» (بۇلۇت) دەپ ئۆزگەرتكەن. ئارىيانلارنىڭ شىمالىي ھىندىستاندا ئولتۇراقلاشقان ۋە كېيىنچە مەشھۇر قەندىھار مەدەنىيىتىنى ياراتقان بىر تارمىقى مۇلۇت ئىلاھى (دېھقانچىلىق مۇئەككىلى) بىلەن ئوت ئىلاھى ئاگىنى شەرىپىگە «ئازنا» (قۇربانلىق) ئۆتكۈزۈپ تۇرغان. ئارىيان قەبىلىلىرىدىن بولغان ساك خەلقىنىڭ دانىشمىنى دەپ ئاتالغان سىددىخارتخا (ساكيامۇنى) تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن بۇددا دىنىدا ئارىيانلارنىڭ مۇلۇت ئىلاھى بىلەن قۇت مۇئەككىلى «قۇتلۇ» (户多罗) بىرلەشتۈرۈلۈپ سىۋا (显婆). ئوبرازىغا ئايلاندۇرۇلغان.①

بۇتۇرمىش تارقان تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا يېزىلغان «خۇئاستۇئانىفت» ناملىق ئەسەردە، بىر قاتار تەڭرىلەر قاتارىدا «تىنىق تەڭرىسى» تىلغا ئېلىنىغان. بۇ ھاۋانىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىدىغان ياكى باشقۇرىدىغان تەڭرى بولسا كېرەك. «ھاۋا» نىڭ ھاياتلىقتا تۇتقان ئورنىغا بەك ئېتىبار بىلەن قاراش كىشىلىك تۇرمۇشتا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ھايۋانلار ۋە ئۇچار قۇشلارنى بۇرۇقتۇرما قىلىپ قويۇش ياكى شۇنداق قىلىپ ئۆلتۈرۈشنى چوڭ گۇناھ دەپ بىلىدۇ. جانلىقلارنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويۇشنى يامان ئالىدۇ، تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن ھالال ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېمەيدۇ، نەپەسنىڭ توختىغانلىقى ھاياتلىقنىڭ توختىغانلىقى دەپ قارىلىدۇ. كېسەللەرگە شىپا دەپ قارىلىدىغان «دېمىدە» نىڭ ئاساسلىق شىپالىق كۈچى ئىمانى كامىل كىشىلەرنىڭ «سۇۋق» دەپ ئاغزىدىن جانلىق ھاۋا چىقىرىشىنىڭ ھەرىكىتىدىن، دېگەن چۈشەنچىلەرنىڭ بولۇشى ئاساسسىز ئەمەس، ئەلۋەتتە.

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن: «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئوت زات كۆز قارىشى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 - يىلى 3 - سان، 9-، 10 - بەتلەر.

ھاۋا ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنىڭ «تەڭرى» سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئىزاھلاشتىمۇ رولى چوڭ بولغان. مەلۇمكى، «تەڭرى» سۆزى «تىنماق، تىنىق، تىنىش» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىكى «تىن» سۆزىگە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە «غۇر» نىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان ئىسىم دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىي سۆز شەكلى «تىنغۇر»، يەنى تىنىپ تۇرغۇچى، نەپەسلىنىپ تۇرغۇچى، ھەرىكەتلىنىپ - مىدىرلاپ تۇرغۇچى دېگەن مەنىدە، دەپ چۈشەنسەك، كېيىنچە تىنغۇر - تىنگىر - تىڭگىر - تىڭىر - تەڭرىگە ئۆزگەرگەن، دەپ قارىغان چېغىمىزدا، ئەجدادلار تەڭرى بىلەن تىنىق (ھاۋا) نىڭ مۇناسىۋىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن دېگەن قاراشتا بولۇشىمىزغا مۇئەييەن دەرىجىدە ئىمكانىيەت يارىتىلغان بولىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ «تۆرت تادۇ» قارىشى تەبىئەتتىن جەمئىيەتكىچە، تەبىئەت بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىگىچە تەتبىقلانغان، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى زامانىسىدا ياشىغان تىلشۇناس سىڭقۇ سىلى تۇتۇڭنىڭ «ئالتۇن يارۇق» ناملىق تەرجىمە ئەسىرىدىكى ئىجادىي ئىشلىگەن بىر پارچە شېئىرىدا ئادەم ھاياتىنىڭ ئادەمنىڭ ئۆمرىدىكى تۆت دەۋر ۋە تۆت پەسىل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئارقىلىق چۈش بىلەن كېسەللىكنىڭ مۇناسىۋىتىنى بايان قىلغانلىقىدىن بۇ نۇقتىنى روشەن ھالدا بىلىپ يېتەلەيمىز.

ئۇنداق بولسا بىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرلەر بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتەيلى.

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئەپسانە - رىۋايەتلەر بولۇپ، ئۇلار خەلق ئارىسىدا ئاغزاكى يوسۇندا تارقالغان، كېيىنچە خاتىرىلەرگە چۈشۈرۈلگەن. مانا مۇشۇ ئەپسانە - رىۋايەتلەردە پەلسەپىۋى پىكىرلەر بولغانمۇ قانداق. بۈگۈنكى دۇنيادا «مىفولوگىيە پەلسەپىسى» (Philosophy of mythology) دېگەن بىر ئىلىم بار بولۇپ، ئۇ مەخسۇس ئەپسانە - رىۋايەتلەردىكى پەلسەپىۋى ئىدىيىلەرنى مۇھاكىمە قىلىدۇ. بۇ يېڭى ئاتالغۇ ئەمەس، 19 - ئەسىردىكى گېرمانىيە پەيلاسوپى شېللىڭ ئۆزىنىڭ بىر ئەسىرىدە بۇ ئاتالغۇنى ئىشلەتكەن. بۇ ئاتالغۇ ئىلمىمىزگە كىرگەندىن كېيىن، ئالىملار جۇڭگو

ئەپسانىلىرىدىكى پەلسەپىۋى پىكىر دۇردانىلىرى ھەم جۇڭگو پەلسەپىۋى تەپەككۇر ئەندىزىسىنى مۇھاكىمە قىلغاندا ئەپسانىلەرنى ئاساس قىلىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا رەڭگارەڭ ئەپسانە-رىۋايەتلەر تارقالغان. بۇلاردا چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەرنىڭ ئىپادىلەنگەنلىكىنى مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق ھېس قىلىمىز.

ئاڭ سۇلالىسى زامانىسىدا ياشىغان خەنزۇ ئەدىب دۈەن چېڭشى «يۇياڭ خاتىرىلىرى» ناملىق كىتابىدا، قەدىمكى كۇسەن ئېلىدە تارقالغان مۇنداق بىر ئەپسانىنى خاتىرىلىگەن: قەدىم - قەدىم زاماندا ئۆتكەن كۇسەن خانى ئاچور (ئالىپ چور) نىڭ ئاجايىپ بىر ماھارىتى بار بولۇپ، ئۇ قورقۇنچلۇق ئەجدىھانى ئىتائەت قىلدۇرالايدىكەن. ئەينى چاغدا ئەجدىھانىڭ كاساپىتى تۈپەيلىدىن، ھەممە ئائىلىدە ئالتۇن- كۈمۈش، يامبۇلار يوقىلىپ تۇرىدىكەن. پادىشاھ بۇ ئىشلارنى ئۇققاندىن كېيىن، شەمشىرىنى ئېلىپ، شىمالىي تاغدىكى ئەجدىھا بار جايغا بېرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئەجدىھا ئۇخلاپ ياتقۇدەك، ئۇ ئويلاپتۇكى، مۇبادا مەن ئەجدىھانى بۇ خىل ھالەتتە ئۆلتۈرىدىغان بولسام، كىممۇ مېنىڭ كارامىتىمگە قول قويسۇن؟ ياخشىسى ئەجدىھانى ئالدى بىلەن تىللاپ ئويغىتاي. پادىشاھ شۇنداق قىلغاندىن كېيىن ئەجدىھا ئويغىنىپتۇ - دە، بىردىنلا بىر شىرغا ئايلىنىپ قاپتۇ. پادىشاھ بولسا ئەجدىھانىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇدەك. ئەجدىھا قاتتىق بىر ھۆركىرەپ، خۇددى بىر پارچە بۇلۇتتەك ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ قىلچە ھودۇقماستىن ئەجدىھاغا: ئەگەر سەن ياۋاش بولۇپ ئەيۋەشكە كەلمەيدىغان بولساڭ، كاللاڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن، دەپ ھەيۋە قىلىپتۇ. ئەجدىھا خاننىڭ ھەيۋىسىدىن قاتتىق قورقۇپ كېتىپ، پادىشاھقا: مېنى ئۆلتۈرمىگىن، مەن سېنىڭ مىنىشىڭگە تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىمەن، قەيەرگە بېرىشنى خالىساڭ سېنى شۇ يەرگە ئۇچۇپ ئېلىپ بارىمەن، دەپتۇ. پادىشاھ ماقۇل بولۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ بىر يەرگە بارماقچى بولسا دائىم ئەجدىھانى مىنىپ سەپەر قىلىدىغان بولۇپتۇ.

بۇ ئەپسانە بىزگە پەلسەپىدىكى سەۋەب ۋە نەتىجە كاتېگورىيىسى بويىچە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. سەۋەب -

نەتىجە مۇناسىۋەتلىرى ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئومۇمىي باغلىنىشى ۋە ئۆز-ئارا تەقەززا قىلىشىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرىدىن بىرى. تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقانداق بىر ياكى بىرمۇنچە ھادىسىلەر باشقا بىر ياكى بىرمۇنچە ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولغىنىدەك، ھەرقانداق ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ، ئۆز نۆۋىتىدە باشقا ھادىسىلەر سەۋەبچى بولىدۇ. بۇنىڭغا مەلۇم بىر ھادىسىنى تۇغدۇرغۇچى ھادىسە — سەۋەب ھېسابلانسا، شۇ سەۋەبنىڭ تەسىرى بىلەن تۇغۇلىدىغان ھادىسە — نەتىجە ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، ھادىسىلەرنىڭ سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋەتلىرى ئوبيېكتىپ، ئومۇمىي خاراكتېرگە ئىگە. ھەرقانداق ھادىسىنىڭ تۇغۇلۇش سەۋەبى بولغىنىدەك، ھەرقانداق سەۋەبمۇ مۇقەررەر يوسۇندا مەلۇم نەتىجىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.①

يۇقىرىدىكى ئەپسانىدە ئەجدىھانىڭ پۇقرالارنىڭ مال - دۇنياسىنى ئوغرىلىۋېلىشى بىر سەۋەب بولۇپ، كۆسەن شاھىنىڭ ئوغرى ئەجدىھانى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ، يەنى ئۆزگەرتىپ، پايدىلىق ئىشقا سالغانلىقى نەتىجىدىن ئىبارەت. بۇ يەردىكى ئەجدىھا شۈبھىسىزكى، جەمئىيەتتىكى زوراۋان، مۇشتۇمزور كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى. ئۇ ئۆزىنىڭ قارانىيىتى ۋە بالادەك نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن قاقتى - سوقتى قىلىشتەك قەبىھ خاراكتېرىنى يېتىلدۈرگەن. دەسلەپكى چاغلاردا ئۇنىڭ ياۋۇزلۇقىنى چەكلەشكە كىشىلەر قادىر بولالمىغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ كاززاپلىقى تەكرار - تەكرار يۈز بېرىۋەرگەندىن كېيىن، ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى ئۆز ئەقىل - پاراسىتى ۋە ئۆز كۈچ - قۇدرىتىنىڭ سىيماسى سۈپىتىدە، ئەقىل - پاراسەتلىك ۋە جاسارەتلىك، شىر يۈرەك ئوغلان كۆسەن خاننى سەپنىڭ ئالدىغا چىقىرىپ، قاباھەت كۈچلىرىنىڭ ۋەكىلى ۋەھشىي ئەجدىھانى پەم بىلەن بويسۇندۇرۇپ، ئەمىنلىك تۇرمۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ ھەم زارىقىپ كۈتكەن ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يېتىپ، ھايات مۇساپىسىنى ئوڭۇشلۇق داۋاملاشتۇرغان.

«قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ‹ئوغۇزنامە›» دىكى

---

① گېي سېجى: «دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىلى نەشرى، 264 -، 265 - بەتلەر.

ۋەقەلىكلەر گويا ئەپسانە ـ رىۋايەتتەك بىلىنسىمۇ، ئۇنىڭدىكى تۈرلۈك ۋەقەلىكلەر بىزگە قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىش، دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى خىلمۇخىل ئۆزگىرىشلەرنى، زىددىيەتلىك ئەھۋاللارنى چۈشىنىش، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئىنتىلىشتەك روھىي ھالىتىنى ھەم تۈرلۈك ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلىرىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. يەنى داستاندا قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت قاراشلىرى، ئادەمنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى ۋە رولى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى ساددا ماتېرىيالىستىك قاراش ئاساسىدىكى ساددا دىئالېكتىك تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان.① داستاندىكى بىرمۇنچە ۋەقەلىكلەر تەرەققىياتىدا دىئالېكتىكىنىڭ مۇقەررەرلىك بىلەن تاسادىپىيلىق، سەۋەب بىلەن نەتىجە، مۇمكىنچىلىك بىلەن رېئاللىق، ھادىسە بىلەن ماھىيەت قاتارلىق كاتېگورىيىلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

مەسىلەن، «ئوغۇزنامە» دىكى بىر ۋەقەلىك مۇنداق بايان قىلىنغان:

.....(ئوغۇزخان) تۇغلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئاتلاندى. 40 كۈندىن كېيىن، مۇزتاغ دېگەن تاغنىڭ باغرىغا يېتىپ باردى. تاڭ سۈزۈلگەندە، ئوغۇزخاننىڭ چېدىرىغا كۈندەك بىر يورۇق چۈشتى. ئۇ يورۇق ئىچىدىن كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق چوڭ بىر ئەركەك بۆرە چىقتى. بۇ بۆرە ئوغۇزخاقانغا مۇنداق دېدى: «ھەي ئوغۇز، سەن ئۇرۇمغا ئەسكەر چىقارساڭ، مەن ئالدىڭلاردا يول باشلاپ ماڭىمەن.» شۇنىڭدىن كېيىن، ئوغۇز خاقان چېدىرلىرىنى يىغىپ ئاتلاندى. ئۇلار بۆرىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئىلگىرىلىدى، ئەركەك بۆرە يولدىن توختىدى. قاتتىق ئۇرۇش بولدى. ئېتىل دەرياسىنىڭ سۈيى قىپقىزىل سىرغا ئايلاندى. ئوغۇزخان يەڭدى، ئۇرۇم خاقان قاچتى. ئوغۇز خاقان ئۇرۇم خاقانىنىڭ خاقانلىقىنى ئالدى...②

بۇ مەزمۇندىن ئوغۇزخاننىڭ ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى كېڭەيتىش ۋە كۈچەيتىش، مال ـ دۇنيا يىغىش، زېمىن ئىگىلەش ئۈچۈن ئۇرۇش

① ئا. ئابدۇرەھمان: «‹ئوغۇزنامە› دىكى پەلسەپىۋى ئاساسلار ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1996 ـ يىلى 4 ـ سان.
② «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ‹ئوغۇزنامە›»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى.

قىلغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. ئوغۇزخاننىڭ مۇنداق ھەرىكىتىنى ئەينى
زاماندىكى ئىجتىمائىي تەرەققىيات بەلگىلىگەن. بۇنى بىر خىل مۇقەر-
رەرلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ. شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىدىن ئېلىپ
ئېيتقاندا، مۇقەررەرلىك شەيئىنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشىگە ۋەكىل-
لىك قىلىپ، شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئىستىقبالى ۋە يۆنىلىشىنى
بەلگىلەيدۇ. ئوغۇزخاننىڭ ئۆزىگە بويسۇنمىغانلارغا قارشى ئۇرۇش
قىلىشىنىڭ ئۆزى بىر خىل مۇقەررەرلىك سۈپىتىدە ئوغۇزخان ھاكى-
مىيىتىنىڭ يۆنىلىشى ھەم ئىستىقبالىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇرۇشقا ئاتلى-
نىپ ماڭغان سەپەر ئۈستىدە ئۇشتۇمتۇتلا پەيدا بولغان كۆك تۈكلۈك،
كۆك يايلىلىق ئەركەك بۆرىنىڭ ئوغۇزخانغا سۆز قىلىشى ھەمدە ئو-
غۇزخانغا يول باشلاپ ماڭغانلىقى رېئاللىقتا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئەھ-
ۋال بولسىمۇ، ئەمما ۋەقەلىكنىڭ مۇشۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى-
دىن كۆرۈش تەس ئەمەسكى، ئۇرۇش قىلىشتىن ئىبارەت تەرەققىيات
مۇقەررەرلىكى ئىچىدە مۇنداق تاسادىپىي ئامىلنىڭ كۆرۈلۈشى ھەم
بۇنىڭ بەلگىلىك رول ئوينىغانلىقى ۋەقەلىكلەردە مۇقەررەرلىكنىڭ
زۆرۈر تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە ئىپادىلەنگەن.

ئەجدادلارنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلىرى باشقا خەلق ئېغىز ئىجادىيى-
تى ئەسەرلىرىگە قارىغاندا، ماقال - تەمسىللەردە بىرقەدەر يىغىنچاق،
مەركەزلىك ۋە روشەن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. چۈنكى ماقال -
تەمسىللەردە پىكىرلەر يۈكسەك دەرىجىدە ئوبرازلاشتۇرۇلىدۇ ۋە يى-
غىنچاق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىلىق - ئومۇملىشىشى
كەڭ، ساقلىنىشى ئۇزۇن، ۋارىسچانلىقى مۇقىم بولىدۇ.

تارىختا خەلق ئاممىسى بىلەن تارىخىي شەخسلەرنىڭ مۇناسىۋىتى
مەسىلىسى باشتىن - ئاخىر كىشىلەرنىڭ دىققەت نەزەرىنىڭ مەركىزى-
دە تۇرۇپ كەلگەن. خەلق ئاممىسى تارىخنى ياراتقۇچى ئۇلۇغ ئانا.
ئۇ بارلىق داڭدار كىشىلەرنى تۇغقان ۋە يېتىشتۈرۈپ چىققان. شۇنىڭ
بىلەن بىللە مۇنداق مەشھۇر كىشىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى تارىخىي تە-
رەققىياتنى ئىلگىرى سىلجىتىشتا مۇھىم رول ئوينىغان. «باتۇرغا
مەيدان كېرەك» بولغىنىدەك، مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئۆز ماھارىتىنى
كۆرسىتىشى ئۈچۈن كەڭ خەلق ئاممىسىدىن تەركىب تاپقان ئىجتىما-
ئىي جەمئىيەت —سورۇننىڭ بولۇشى زۆرۈر. شۇنىڭ ئۈچۈن يەككە-

يېگانە باتۇرلۇقنىڭ بولۇشىنىمۇ ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ خىل دىئالېكتىك باغلىنىش ئەجدادلار تەربىيەدىن خېلى قەدىمكى دەۋردىلا ناھايىتى چوڭقۇر ھېس قىلىنغان.

«ئۇنيۇقۇق مەڭگۇ تېشى» (مىلادىيە 712 — 716 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ئورنىتىلغان) نىڭ 13 ـ، 14 ـ قۇرىدا مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆز ئېيتىلغان: «يۇپقا نەرسىنى ئېگىش ئاسان، ئىنچىكە نەرسىنى سۇندۇرۇشمۇ ئوڭاي؛ يۇپقا قېلىن بولۇپ كەتسە، ئۇنى ئېگىش تەسكە چۈشىدۇ؛ ئىنچىكە توم بولۇپ كەتسە، ئۇنى سۇندۇرۇش تەسكە چۈشىدۇ.»

بۇ چوڭقۇر ئىبرەتلىك جۈملىلەر ئەجدادلارنىڭ ياشاش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىشلىرى جەريانىدا خۇلاسىلىگەن ئىجتىمائىي قاراشلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇملۇك ـ ئىتتىپاقلىقنىڭ شاراپىتى، بىرلىك ـ ھەمدەملىكنىڭ خاسىيىتى ئوبرازلىق ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە چېچىلاڭغۇلۇق، ئۇيۇشماسلىق ۋە شەخسىي قاراملىقنىڭ مەغلۇبىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن.

مۇنداق پەلسەپىۋى كۆزقاراشلار كېيىنكى ئەدەبىي يادىكارلىقلاردا تېخىمۇ ئىخچام ۋە ئوبرازلىق رەۋىشتە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ تاكاممۇللاشتۇرۇلغان. مەسىلەن:

قوچو ئۇيغۇر ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىدا:

«قاناتسىز قۇش كۆككە ئۇچالماس.»

«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» تە:

«يالغۇز غازنىڭ ئاۋازى چىقماس.»

«يارەمسىز باتۇر سەپنى يىمىرەلمەس.»

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ماقال ـ تەمسىللىرىدە:

«يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس.»

«كۈچ ئۇملۇكتە، ئىش بىرلىكتە.»

بۇ ماقال ـ تەمسىللەردە ئۇملۇك ۋە ئىتتىپاقلىقنىڭ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكى، ھەرقانداق كىشى خەلق ئاممىسىغا

ئايىماي، شەخسىي باتۇرلۇق بىلەن گىش ئېلىپ بارمەن دەيدىكەن، چولڭ ئىشلاردا غالىب كېلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت ھايات قانۇنىيىتى يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ئومۇمەن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئالەم، دۇنيا، جەمئىيەت، دۆلەت، خەلق، ئادەم، تەڭرى، سەنئەت، تەپەككۇر، بىلىم، تىل، ئەخلاق، ئېتىكا قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى خىلمۇخىل كۆزقاراش، چۈشەنچىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بۇلار قىممەتلىك مەنبۇى بايلىق بولۇپ، مەڭگۇ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتمايدۇ.

يۇقىرىقىدەك مول ئاممىۋى پەلسەپىۋى قاراشلار ئاساسىدا كۆپلىگەن ئاتاقلىق پەيلاسوپلار بارلىققا كەلدى.

كۇماراجىۋا (مىلادىيە 343 — 413 ـ يىللار) قەدىمكى كۇسەن ئېلىدە تۇغۇلغان. دادىسى كۇماراتان ھىندىستان پادىشاھىنىڭ ۋەزىرى بولۇپ، پامىردىن ھالقىپ كۇسەنگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ۋە «خانلىقنىڭ ئۇستازى» لىققا تەكلىپ قىلىنغان. ئانىسى جىۋا كۇسەن خانىنىڭ سىڭلىسى ئىدى. كۇماراجىۋا ئوردىدا شاھزادىلەرچە تەربىيە قوبۇل قىلىدۇ ھەم بۇددا دىنى ئەقىدىلىرىنى بېرىلىپ ئۆگىنىدۇ. ئۇ دەسلەپتە بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانا مەزھىپىنىڭ ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، كېيىنچە، ماھايانا ئەقىدىسىنى ئۆگىنىپ، بۇ مەزھەپنىڭ پىركامىلى، يەنى مەشھۇر مۇتەپەككۇرى بولۇپ يېتىشىدۇ. مىلادىيە 401 ـ يىلى چاڭئەنگە ماكانلىشىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزىدۇ.

كۇماراجىۋانىڭ چاڭئەندە تۇرغان 12 يىللىق ھاياتى ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى ئەڭ يالقۇنلۇق چاغلار بولۇپ، ئۇ بۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر ئەقىل ـ پاراستى، مول بىلىمى بىلەن جۇڭگونىڭ بۇددا مەدەنىيىتىگە غايەت چولڭ تۆھپە قوشىدۇ.

كۇماراجىۋانىڭ ئىلمىي ساھەدىكى تۆھپىسى ماھايانا مەزھىپىگە دائىر دىنىي دەستۇرلارنى تەرجىمە قىلىش، شەرھلەش جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ. ئۇ شاگىرتلىرى بىلەن «ماھابراجنا سۇترا»، «ۋاپ خۇاكى ئاتلىغ نوم چەچەكى سۇدۇر»، «ئامىتابا سۇدۇر»، «ئوتتۇرا تەلىمات»، «يۈز تەلىمات»، «ئون ئىككى تەلىمات» قاتارلىق نۇرغۇن

سۇترا ۋە شاستىرلارنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. كۇماراجىۋا تەرجىمە قىلغان نوملارنىڭ ئومۇمىي سانى ھەققىدىكى كۆزقاراشلار ھەرخىل بولۇپ، «تەرجىمە قىلىنغان ئۈچ خەزىنە نوملىرىغا ئائىت خاتىرىلەر»دە، «35 قىسىم 294 جىلد»، «كەييۈەن يىللىرى پۈتۈلگەن بۇددا دىنى خاتىرىلىرى»دە، «74 قىسىم 384 جىلد» دېيىلگەن. يەنە «50 قىسىمدىن ئارتۇق»، «300 جىلدتىن ئارتۇق» دېگەن قاراشلارمۇ بار. كۇماراجىۋا بۇددا نوملىرىنىڭ مەنىلىرىنى ناھايىتى تولۇق چىقىرىپ تەرجىمە قىلغاچقا، ئۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور بولغان. كۇماراجىۋا ۋە ئۇنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرى جۇڭگونىڭ بۇددا دىنى تارىخى ۋە ئىدېئولوگىيە تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

كۇماراجىۋا يالغۇز تەرجىمان ۋە شەرھشۇناسلا ئەمەس، بەلكى، جۇڭگودىكى ئەڭ مەشھۇر بۇددا مۇتەپەككۇرى، ئۇنىڭ بۇددىزملىق كۆز قاراشلىرى ئالىمنىڭ تەرجىمە شەرھىي ئەسەرلىرىدىن باشقا، لېكسىيىلىرىدە ۋە بىر قاتار ئورىگىنال شەرھىي كىتابلىرىدا، «ئالەم ھەقىقەتلىرى» (« 实相论 ») دېگەن ئىككى جىلدلىق كىتابىدا، ئالىم خۇييۈەن بىلەن ئېلىپ بارغان مەكتۇپلۇق سوقى - سۆھبىتىدە، شېئىرلىرىدا، جۇملىدىن ئۇنىڭ شاگىرتى زىڭ چياۋنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

«قۇرۇقلۇق» (يوقلۇق) كۆزقارىشى كۇماراجىۋا بۇددىزىم پەلسەپىسىنىڭ ئۆزىكى. كۇماراجىۋا پۈتۈن ئالەمنى «قۇرۇق» (سونياتا)، غەيرىي مەۋجۇتلۇق دەپ قارىغان. ئۇنىڭچە ئالەمنىڭ ماھىيىتى پەقەت «قۇرۇق» بولۇپ، ھەممە ھادىسىلەر (تۇسلەر، خىيالىي كۆرۈنۈشلەر) تېگى - تەكتىدىن قۇرۇقلۇققا ئاساسلانغان.

دېمەك، بۇنىڭدا كۇماراجىۋانىڭ ئوبيېكتىپ ئىدېئالىستىك ئالەم قارىشىدىكى تۈپ ئىدىيە بولغان «روھ» نىڭ «قۇرۇق» لۇقى توغرىسىدىكى نېگىلىزملىق قارىشى نۇقتىلىق ئىپادىلەنگەن. ماھايانا مەزھىپىنىڭ ئاساسلىق دەستۇرى «پىراجنا پارامىتا» سۇترىسىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى «قۇرۇق» ۋە «خىيالىي» دېگەن بىر جۈپ كاتېگورىيە ئارقىلىق سىستېمىلاشقان.

ئۇنىڭچە، ئالەم قۇپقۇرۇقلۇق بىلەن خىيالىي كۆرۈنۈشتىن ئىبارەت بىر جۈپ خۇسۇسىيەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنى خىيالىي

كۆرۈنۈشتىن ئايرىلغان خىيالىي قۇپقۇرۇقلۇق دېيىشمۇ، شۇنىڭدەك قۇپقۇرۇقلۇقتىن ئايرىلغان خىيالىي كۆرۈنۈش دېيىشكىمۇ بولمايتتى.

كۇماراجىۋا شاگىرتى خۇي يۈەننىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ، ئالەم ۋە ماھىيەت توغرىسىدا توختالغاندا، بىرىنچىدىن، دائىم ئەمەس، ئىككىنچىدىن، ئازابلىق، ئۈچىنچىدىن، قۇرۇق، تۆتىنچىدىن، مەنمۇ مەۋجۇت ئەمەس دېگەن. بۇ يەردە كۇماراجىۋا ئوبيېكتىپ دۇنيانى دائىم ئەمەس، ئازابلىق، قۇرۇق دەپ كۆرسەتسە، سۇبيېكتىپ دۇنيانى مەنمۇ مەۋجۇت ئەمەس، ساختا، خىيالىي، يالغان مەۋجۇتلۇق دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ ئوبيېكتىپ دۇنيانىمۇ، ئىنساننىڭ سۇبيېكتىپ ھېس ۋە تەپەككۇرىنىمۇ مەڭگۈلۈك ۋە مەۋجۇتلۇقتىن مەھرۇم بولغان «قۇرۇقلۇق» (يوقلۇق) دەپ كۆرسىتىدۇ.

كۇماراجىۋا «قۇرۇقلۇق» كۆزقاراشلىرىنى ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ دۇنياغا تەتبىق قىلىپ، ئۇنى ئىنكار قىلىش بىلەن بىرلىكتە «قۇرۇقلۇق» چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، ئۇنىڭغا ئۇچ خىل مەنە بەردى. ئۇنىڭچە، نەرسىلەر قۇرۇق ۋە سەۋەبىياتلار قۇرۇق، مەنلەرمۇ قۇرۇق ئىدى. كۇماراجىۋانىڭ نېگىلىزملىق سونياتا كۆزقاراشلىرى يالغۇز رېئال دۇنيا بىلەنلا چەكلەنمىگەن، ئۇ پۈتكۈل ئالەم توغرىسىدىكى بىر پۈتۈن مۇتلەق مەۋجۇدىيەتسىزلىك تۈپكى كۆزقارىشى ئىدى.

شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، كۇماراجىۋانىڭ ماھايانا سونياتا كۆزقاراشلىرى بىر تەرەپتىن، ھالاكەتكە يۈز تۇتقان قۇلدار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پەلسەپىلىك پەريادى، دىنىي مەرسىيىسىنىڭ ئەكس ساداسى بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، يېڭى گۈللىنىۋاتقان فېئوداللار سىنىپىغا تولىمۇ ئۇيغۇنلۇق بولۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن قىلىنغان نەسىھەتنامە ۋە پوپوزا ئىدى. قىسقىسى، كۇماراجىۋا ئۆتمۈشنىڭمۇ، كەلگۈسىنىڭمۇ، مۇشەققەتلىك ئالەمنىڭمۇ ۋە ئىجادىيەتلىك نىرۋانا دەرگاھىنىڭمۇ ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان خىيالىي كۆرۈنۈش ۋە چۈش ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.[①]

---

① ئا. مۇھەممەدئىمىن: «قەدىمكى كۇسەننىڭ ئاتاقلىق مۇتەپەككۇرى كۇماراجىۋا توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىغا دائىر مەسىلىلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى، 85 ـ بەت؛ ئۇزگالاڭ ئىشاڭ: «كۇماراجىۋانىڭ بۇددىزم پەلسەپىسى ۋە ئۇنىڭ ئېلىمىزنىڭ بۇددىزم تارىخىدىكى ئورنى»، «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخى ماقالىلىرى توپلىمى»، 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

ۋاپىسى باخشى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرىدا يەنى 13 ـ ئەسىردە ئۆتكەن داڭلىق ئۇيغۇر بۇددا مۇتەپەككۇرى. ئۇ «كۆڭۈل تۈزۈن ئوقۇتقۇچى نوم بىتىگ» («ئاڭنىڭ ماھىيىتىنى بىلدۈرگۈچى نوم») ناملىق كىتاب يېزىپ، بۇددا دىنى پەلسەپىسى توغرىسىدا توختالغان. ئۇنىڭ بۇ كىتابى قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، شىناسى تېكىن نېمىسچە نەشر قىلدۇرغان؛ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرچە بۇددىزم ئەسەرلىرى» دېگەن كىتابتا ۋاپىسى باخشىنىڭ ئەسىرى ھەم بۇ ئەسەر ھەققىدىكى تەتقىقاتنى ئېلان قىلغان (شىناسى تېكىننىڭ كىتابى 1980 ـ يىلى بۇداپېشتتا نەشر قىلىنغان).

فارابى (870 — 950 ـ يىللار) — ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى تىنىمسىز ئىلمىي ئەمگەك بىلەن ئۆتكۈزگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوتتۇرا ئەسىر پەلسەپىسى ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ ھەممە ساھەسىدە غايەت زور ئىلمىي مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن. تۈركىيە ئالىمى ئەھمەد ئاتەش ئۆزىنىڭ «فارابى ئەسەرلىرىنىڭ بىبلوگرافىيىسى» ناملىق كىتابىدا، فارابىنىڭ 160 پارچە ئەسىرىنىڭ تىزىملىكىنى كۆرسەتكەن.

فارابى ئەسەرلىرىنى ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن: ئۇنىڭ بىرى، فارابى ئارىستوتېل ـ قەدىمكى گرېك ئىلمىي مىراسلىرىنى ئىجادىي شەرھلەپ جارى قىلدۇرغان ئەسەرلەر؛ يەنە بىرى، فارابىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك مۇستەقىل ئىلمىي ۋە پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت.

فارابىنىڭ پەلسەپىۋى سىستېمىسى تاسادىپىي ياكى يەككە ـ يېگانە مەيدانغا كەلگەن تەلىمات ئەمەس، شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ شەخسىي دانىشمەنلىكى ۋە خۇسۇسىي پەزىلەتلىرىنىڭ نوقۇل مۆجىزىسىمۇ ئەمەس، ئۇ ئۆز دەۋرلەرىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرىنىڭ بىر پۈتۈن ئالەمشۇمۇل تارىخى، ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ مول خەزىنىسىدىكى ئىلغار جەۋھەرلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى ئىجادىي جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتتۇر.

فارابىنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى ناتۇرال پانتېئىزملىق پەلسەپە

سىستېمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنى بىر ـ بىرىگە باغلانغان ۋە ئىزچىللىقتا ئىگە ئۈچ تەركىبىي قىسىمغا بۆلۈش مۇمكىن. بىرىنچى، فارابىچە تەبىئەت پەلسەپىسى ۋە بىلىش نەزەرىيىسى؛ ئىككىنچى، فارابىچە ئىجتىمائىي تەلىمات ۋە ئۇتۇپىك جەمئىيەت توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار؛ ئۈچىنچى، پەنلەرنى تۈرگە ئايرىش سىستېمىسى ۋە پەن ـ مەدەنىيەت ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى باياناتلاردىن ئىبارەت.

فارابى ئۆزىنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسىنى ئۆزەك قىلغان بىر پۈتۈن ناتۇرال پانتېئىزملىق پەلسەپە سىستېمىسىغا يۆلىنىپ، ئۆز دەۋرىدە ئېرىشىش مۇشكۈل بولغان سەۋىيىدە بۇ مەسىلىلەردە ئۆز كۆزقاراشلىرىنى ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ كۆزقاراشلىرى كالامىزم ئەقىدىلىرىگە قارشى تۇنجى راتسىئونالىزم مەشئىلىنى كۆتۈرگەن مۇتەززىلىزمچىلەر، «سادىق دوستلار» نامىدىكى 10 ـ ئەسىر ئېنسىكلوپېدىستلىرى ۋە ئەرەب تەبىئەتشۇناسلىقىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى نامايەندىلىرى ئەل رازى (864 — 925 ـ يىللار) بىلەن ئەل كىندى (800 — 879 ـ يىللار) كۆزقاراشلىرىدىن ئۆزىنىڭ ئىلغارلىقى بىلەن كەسكىن پەرقلىنىپلا قالماستىن، يەنە ئىزچىللىقى ۋە ھەر تەرەپلىمىلىكلىكى بىلەنمۇ زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەنىدى.

فارابىنىڭ پەلسەپە سىستېمىسىدا «مەۋجۇدىيەت» نەزەرىيىسى گەۋدىلىك ئورۇن تۇتقان. فارابى «مەۋجۇدىيەت» بىلەن «غەيرىي مەۋجۇدىيەت» ئۇقۇملىرىنى بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى قويۇپ، مەۋجۇدىيەت بىلەن غەيرىي مەۋجۇدىيەتنىڭ چېگراسىنى ئاجراتتى، مەۋجۇدىيەتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، غەيرىي مەۋجۇدىيەتنى ئىنكار قىلدى. فارابىنىڭ قارىشىچە، مۇقەررەر مەۋجۇدىيەت ياكى مەۋجۇدىيەتنىڭ مۇقەررەرلىكى غەيرىي مەۋجۇدىيەتنى ئىنكار قىلىدۇ. مەۋجۇدىيەتنىڭ مانا مۇشۇنداق مۇئەييەنلىكى ۋە مۇقەررەرلىكى «بارلىق شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ سەۋەبى بولۇپ، ئۇنىڭ تۈپەيلىدىن بارلىق شەيئىلەر مەڭگۈ مەۋجۇتلۇقتا ئىگە بولغان. جۈملىدىن بۇ ھال غەيرىي مەۋجۇتلۇقنى ئومۇمەن ئىنكار قىلغان بولىدۇ» (فارابى). ① ئارىستوتېلدىن كېيىنكى «ئىككىنچى ئۇستاز»، «ئىسلام شەرقىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ

---

① ئا. مۇھەممەدئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى، 82 ـ بەت.

پەيلاسوپ» فارابىنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ۋە مۇزىكا نەزەرىيىسى ئۆزىدىن كېيىنكى ئەرەب پەيلاسوپلىرىغا ۋە ياۋروپا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويغىنىش دەۋرىدىكى مۇتەپەككۇرلارغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.①

ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: «ئىھسال ئۇلۇم ۋە ئەت تەرىپ» («پەنلەرنىڭ كلاسسىفىكاتسىيىسى ۋە ئۇنىڭ تەرىپى توغرىسىدا كىتاب»)، «كالام فى مەنا ئىسسىمىل فەلسەفە» («پەلسەپە نامىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا»)، «كىتاب فىل ئەقىل» («ئەقىل توغرىسىدا كىتاب»)، «كىتاب فىنتەفىسىن» («روھ ھەققىدە»)، «كىتابۇل ئەخلاق» («ئېتىكا»)، «كالامۇل ئەل فازەۋەلمۇرۇف» («شېئىر ۋە قاپىيە ھەققىدە»)، «كىتابىيەت تەفسىلىس سەئادەت» («بەخت كىتابى») قاتارلىقلار.

مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ـ لېكسىكىسىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق شۇ زامان كىشىلىرىنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنى، دۇنيا قارىشىنى ئىپادىلەپ كۆرسىتىشكە تىرىشقان. مەھمۇد كاشغەرى كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدە چوڭقۇر ۋە جىددىي مۇلاھىزە قىلغان. ئۇلارغا جاۋاب تېپىشقا، زامانداشلىرىنىڭ دۇنيا قارىشىغا تەسىر قىلىشقا ئىنتىلگەن. ئالىم خەلق دۇنيا قارىشىدا يىغىلىپ قالغان بىلىم ۋە ئىلمىي بايلىقلارنى ساقلاپلا قالماي، تېخىمۇ بېيىتىپ، تولۇقلاپ، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇشنى ئويلىغان. تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ، جەمئىيەت ۋە ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تىكى دۇنيا ياكى جاھان، ئالەم، مەڭگۈلۈك، ۋاقىت، زامان، بىلىم، ئەقىل، تەڭرى، روھ ۋە باشقا چۈشەنچىلەر، شۇنىڭغا مىسال بولىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرى ئالەم ياكى دۇنيانى خەلق دۇنيا قارىشىغا تايىنىپ ئىككى خىل چۈشەندۈرىدۇ. بىرىنچى، دۇنيا — ئەتراپىتىكى بارلىق مەۋجۇدىيەت: يەر ۋە باشقا سەييارىلەر، قۇياش ۋە يىراقتىكى يۇلتۇزلار دۇنياسى. ئۇيغۇرلار ئالەمنى مەڭگۈلۈك دەپ ھېسابلايدۇ. ئىككىنچى، جاھان — بۇنىڭدا يەردىكى ھايات كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىنتايىن نامرات تۇرمۇشتا ياشىغان ئادەملەرنى يەردە قىيىنچىلىقسىز ياشى-

① «جۇڭگو ئىسلام قامۇسى»، سىچۇەن قامۇس نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

شى مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا ھايات ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئەمما ئۇلار ئۇنىڭ راھىتىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمەيدۇ، دەپ ھېسابلىغان.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە ئالىم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شۇ دەۋردىكى بىلىمىنىڭ، مەرىپەت ۋە مەدەنىيىتىنىڭ رولىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كاتېگورىيىلەرنى كۆرسىتىدۇ. تەبىئىي — ئىلمىي چۈشەنچىلەردىن باشقا، ئالىمنىڭ ئەمگىكىدە مۇنۇ چۈشەنچىلەر (كاتېگورىيىلەر) ئانالىز قىلىنىدۇ: بىلىم، ئەقىل، ئوي، تىل، شېئىر، سەنئەت، دانىشمەن، ئالىم، زۆرۈرىيەت، لۇغەت، ئېلىپبە، ئەسەر ۋە باشقىلار.①

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ئۇنىڭ يېگانە ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» تە مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن. مۇتەپەككۇر شائىرنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى بىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. بىزگە مەلۇمكى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى قەدىمكى ساددا تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا مول بىۋاسىتە كۆزىتىش خاراكتېرىگە ئىگە ئوبرازلىق تەپەككۇرمۇ، ئۆزگىچە بىلىش خاراكتېرىگە ئىگە لوگىكىلىق تەپەككۇرمۇ، يەنە ساددا ئەقلىي — دىئالېكتىك تەپەككۇرمۇ بار. شۇڭا، ئۇنىڭدىكى تەپەككۇر ئۇسۇلىنى يۇقىرىقى ئۈچ خىل تەپەككۇرنىڭ بىرىكمىسىدىن ئىبارەت دېيىشكە بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە قارىشىنى جەمئىيەت قارىشى، چوڭقۇر، ئەمما شېكەستىلەنگەن كىشىلىك پەلسەپىسى، ئۆزگىچە ئېتىكا ئىدىيە سىستېمىسى، دەۋردىن ھالقىغان بىلىم قارىشى، ئىختىساسلىقلار ھەققىدىكى ئاقىلانە قاراش قاتارلىق تارماقلارغا بۆلۈشكە بولىدۇ.②

«ئەقىدىرگە ئىشىنىش» — ئىسلام دىنىدىكى ئالتە چوڭ ئېتىقادنىڭ بىرى. «قۇتادغۇبىلىك» تە ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدىچىلىك ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نۇرغۇن مەزمۇنلار بار. لېكىن ئاپتور دىنىي ئىدىيىنى ئاساس قىلغان ھالدا، جەمئىيەت، تەبىئەت، ھاياتلىق

---

① ئەزىز نارىنباېۋ (قىرغىزىستان): «مەھمۇد كاشغەرى ئىجادىيىتىدە تۈركىي تىللىق خەلقلەر دۇنيا قارىشىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى».

② سەي مەنجىڭ: «‹قۇتادغۇبىلىك› تىكى پەلسەپەۋى ئىدىيە»، «بېيجىڭ خەلقئارا ‹قۇتادغۇبىلىك› ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىلىرى توپلىمى»، 1993 - يىلى.

ھادىسىلەرنى كونكرېت بايان قىلغان، شۇڭا ئۇنىڭ بايانلىرى دىئا-لېكتىك كۆزقاراشلار بىلەن تولغان، ماددىي دۇنيانىڭ ئۆسۈپ يېتىلى-شى، تەرەققىي قىلىشى ئۆزىنىڭ ئىچكى سەۋەب – نەتىجە مۇناسىۋىتى ۋە ئۆزىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈر-گەن. ئاپتورنىڭ دىئالېكتىك ئىدىيىسى ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈم، سە-ۋەب بىلەن نەتىجە، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك، شادلىق بىلەن ئازابلىق، يوقىرى بىلەن تۆۋەن، ئەزىزلىك بىلەن خارلىق، توغرىلىق بىلەن خاتالىق، بىلىملىك بىلەن نادانلىق، ئەۋزەللىك بىلەن پاسسىپلىق، ھۆكۈمرانلىق بىلەن مەھكۇملۇق، پا-دىشاھ بىلەن پۇقرا، ياشلىق بىلەن قېرىلىق، كەمتەرلىك بىلەن تەكەببۇرلۇق... لارغا ئوخشاش بىر قاتار مۇناسىۋەتلەرنى بايان قىلىشتا ئىپادىلەنگەن. بۇ ساددا دىئالېكتىك ئىدىيىلەرە فارابى قاتارلىقلارنىڭ ئىسىل ئىدىيىۋى ئەنئەنىسى جارى قىلدۇرۇلغان، يەنە ئۆز زامانىدىكى ئىبنى سىنا بىلەن بىراقتىن تونۇشۇپ ماسلاشقان. بۇ پەلسەپىۋى ئىدىيە تارىخىدىكى قىممەتلىك بايلىق ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئەھمەد يۈكنەكى، ئەھمەد يەسەۋى، ئەلى-شىر نەۋائى، سەئىدىدىن كاشغەرى، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى، مۇ-ھەممەد بىنىنى ئابدۇللا خاراباتى، مۇھەممەد سادىق كاشغەرى، ئابدۇقا-دىر داموللام، تەجەللى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر ناھايىتى مول. بۇ خىل ئىدىيىلەرنىڭ قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئاۋلاشتىكى تارىخىي رولى چوڭ بولۇپ كەلگەن.

## § 3 . ئېتىكا

ئېتىكا — ئەخلاق توغرىسىدىكى پەن بولۇپ، ئۇ ئەخلاق ھادىسى-سىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.

مەيلى جۇڭگو ياكى چەت ئەللەردە بولسۇن، «ئېتىكا» ئۇقۇمى بىلەن «ئەخلاق» ئۇقۇمى ئەسلىدىكى سۆز مەنىسى جەھەتتە ئوخشاش ئۇقۇملار بولۇپ، ئۇلار ئىجتىمائىي ئەخلاق ھادىسىسىنى كۆرسەتكەن. ئەمما، ئۇلارنىڭ مەلۇم پەرقىمۇ بار. ئەخلاق كۆپرەك كىشىلەر ئوتتۇ-

رىسىدىكى ئەمەلىي ئەخلاق مۇناسىۋەتلىرىنى كۆرسەتسە، ئېتىكا كۆپرەك بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان قائىدىلەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، «ئېتىكا» ياكى «ئېتىكا ئىلمى» دېگەن بۇ ئۇقۇم ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى ئەخلاق ھادىسىسىنى كۆرسىتىدىغان بولغان.

بىپايان ئوبيېكتىپ دۇنيا خىلمۇخىل ھادىسىلەر گىرەلىشىپ كەتكەن، چىگىش، مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇ چەكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا ئىنسانلار بۇ ھادىسىلەرنى چۈشىنىش ۋە تەھلىل قىلىشقا داۋاملىق كۈچ سەرپ قىلىپ، بۇ ھادىسىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشى ئۈستىدە كۆپ ئىزدەندى. شۇنداق قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە بىلىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ مول بىلىملەرنى توپلاپ، ھەر خىل پەنلەرنى شەكىللەندۈردى. ئېتىكا بولسا ئىنسانىيەتنىڭ ئېسىل بىلىم خەزىنىسى ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمكى پەنلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ قەدىمكى زامان ئىجتىمائىي دۇنيا قاراشلىرىدا ئېتىكىلىق ئىدىيىلەر ناھايىتى مول بولغان ۋە بۇ خىل ئىدىيىلەر قېلىپلاشقان ۋە سىستېمىلاشقان تەرزدە ئۇزاق يىللاردىن بېرى شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي قىياپىتىنى نورماللاشتۇرۇش، تەڭشەش، ئۆملۈك - ئىتتىپاقلىق ئىچىدە ئىلگىرىلەش، تارىخ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئۇنۇملۈك رولىنى جارى قىلدۇرغان.

«ئەخلاق» — خىلمۇخىل مۇئەييەنلىككە ئىگە ئىجتىمائىي كاتېگورىيە. ئۇنىڭ مۇنداق مۇئەييەنلىكىنى سۈپەت ۋە ساندىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن كۆزەتكىلى ۋە تەھلىل قىلغىلى بولىدۇ. سۈپەت مۇئەييەنلىكىدىن قارىغاندا، ئەخلاق دېگىنىمىز، ئىنسانلار رېئال تۇرمۇشىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر بەلگىلىگەن، ياخشى، يامان ئۆلچىمى بويىچە باھالىنىدىغان، ئىجتىمائىي جامائەت پىكرى، قەلب ئېتىقادى ۋە ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتكە تايىنىپ يولغا قويۇلىدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىدۇر.[1]

شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ ئېتىكىلىق ئىدىيىسى ناھايىتى

مول مەزمۇنلارغا ئىگە. بۇلار ئاق كۆڭۈل بولۇش، سادىقلىق، ۋاپادارلىق، چىقىشقاق ۋە مېھماندوستلۇق، دوستلۇق ۋە مېھرىبان بولۇش، شەپقەت ۋە شاپائەت، ئىززەت - ئىكرام، تەكەللۇپ ۋە ئەپۇچانلىق، ياكى كەڭ قورساقلىق، سەممىيلىك ۋە ئىشەنچ، پاراسەت ۋە باتۇرلۇق، ئۇياتچانلىق ۋە نازاكەتلىك، تىرىشچان ۋە سەزگۈر، چىداملىق ۋە ئىقتىسادچان، سېخىي ۋە مەرد، تۈز كۆڭۈل ۋە ساددا، قەيسەر ۋە مۇلايىم، ئىتائەتچان ۋە تۇرگۇن، تېتىك ۋە مەردانە، ئىپپەتلىك، ئېھتىياتچان، ئۇيۇشقاق - كوللېكتىپچان، تەڭلىك، ئەركىنلىك، ئادالەت ۋە بەخت - سائادەتكە ئىنتىلىش، قەھرىمان، ئاقىل، ئۆزدىن چوڭلارنى ھۆرمەتلەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئەجدادلارنىڭ ئېتىكىلىق قاراشلىرىنىڭ ئۆلچەملىرى بۈنگىلىق بىلەن تۈگىمىسىمۇ، لېكىن بۇلار ئەنئەنىۋى ئېتىكىلىق كۆزقاراشلار ئىچىدە تولىمۇ زىچ بولغان سىستېمىغا ئىگە.

ئەجدادلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتىكىلىق قاراشلىرى مۇجەسسەملەنگەن ئەسەرلەردىن ئەڭ قەدىمكى ئەپسانە - رىۋايەت، داستانلاردىن باشقا، ئورقۇن - يېنىسەي مەڭگۈ تاش يازما يادىكارلىقلىرىدا، قوچو ئۇيغۇر پۈتۈك ۋەسىقىلىرىدە، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ ئەسىرى)، «مىفتاھۇل ئۇلۇم» (چاغاتاي خانلىقى زامانىسىدا ياشىغان ئالىم يۈسۈپ سەككاكىنىڭ ئەسىرى)، «ئەخلاقىي جەمىلىيە» (ئامانىنساخانىنىڭ ئەسىرى)، «سىددىقنامە» (تەخمىنەن 1715 — 1800 - يىللىرى ياشىغان مۇھەممەد سىددىق رەشىدىنىڭ ئەسىرى)، «كۇللىيات مەسنەۋى خەراباتى» (تەخمىنەن 1638 — 1730 - يىللىرى ياشىغان مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خەراباتىنىڭ ئەسىرى)، «ئادابۇس سالىھىن» (مۇھەممەد سادىق كاشغەرىنىڭ ئەسىرى)، «تەلىمى سەبىيات» («بالىلار تەربىيىسى»)، «فەسايىھۇل ئەتپال» («ياش - ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت»، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەسىرى) قاتارلىقلار بار. يەنە ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ياشىغان تارىخشۇناسلار، ئەدىبلەر، سەيياھلار ۋە باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇنىڭغا دائىر ئۇچۇرلار بار.

ئەخلاق — بىر تارىخىي كاتېگورىيە، ھەربىر دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس ئەخلاق ئۆلچىمى بولىدۇ. ھەربىر دەۋرنىڭ ئەخلاق نورمىلىرىدى-

كى ئېسىل جەۋھەرلەر ساقلىنىپ، كېيىنكى دەۋرلەردە جارى قىلدۇ-
رۇلۇپ، بېيىپ باردۇ. بۇ خىل ئەخلاقىي ئۆلچەملەر قەدىمكى زامان-
دىلا مۇكەممەللىشىپ، سىستېمىلىق ئەخلاق مىزانلىرىغا ئايلانغان
ئەمەس. ئۇ ئۇزاق تارىخىي جەريانلارنىڭ مەھسۇلى.

قەدىمكى ھونلاردا ئېتىكىلىق ئىدىيە بارمىدى؟ بىزگە مەلۇم،
ھونلار كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ ياشايدىغان قوۋم. ئۇلار-
دا قاراملىق، زوراۋانلىق، تالان - تاراج قىلىش ئىدىيىسى غالىب
ئورۇندا تۇرغان. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى، ئۆز جەمئىيىتى ۋە ئۆز ئۇلۇ-
سىدىكىلەرنى روناق تاپقۇزۇشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويىدۇ. ھەر بىر
دەۋرنىڭ ئېتىكىلىق ئىدىيىسى شەكلەن ھادىسە بولۇپ قالماستىن،
بەلكى چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئاساس بىلەن باغلىنىپ كەتكەن.

ھونلاردا «قېرىلارنى كەمسىتىش» تەك بىر خىل ئادەت بولغان.
لېكىن، بۇ خىل قاراشنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى
تەكشۈرۈپ كۆرگەندە، ئاندىن ئۇنى بۈگۈنكى چۈشەنچە بويىچە توغرا
چۈشەنگىلى بولىدۇ. ھونلار ئېلىدە ئەلچى بولۇپ تۇرۇپ، ھون جەم-
ئىيىتىنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق ئىگىلىگەن خەن سۇلالىسى ئەمەلدارى
جۇڭ خاڭيۈ: «ھونلارنىڭ جەڭگىۋارلىقنى كەسىپ قىلغانلىقى ھەممى-
گە ئايان، ئۇلارنىڭ قېرى - ئاجىزلىرى ئۇرۇشقا يارىمايدىغان بولغان-
لىقتىن، ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئوزۇق - تۈلۈكنىڭ ياخشىسىنى
نەۋقىرانلىرىغا يېگۈزىدۇ. بۇ ئۆزىنى قوغدىغانلىق بولىدۇ. بۇ خۇددى
ئاتا - بالىنىڭ بىر - بىرىنى ئاسرايدىغانلىقىغا ئوخشايدۇ. بۇنى
قانداقمۇ ھونلارنىڭ قېرىلارنى كەمسىتىشى دېگىلى بولسۇن» دېگەن.
«ھونلاردا بىر كىگىز ئۆيدە ئاتا - بالا بىللە تۇرىدۇ. ئاكىسى ئۆلسە،
ئىنىسى ئاكىسىنىڭ خوتۇنىنى، ئىنىسى ئۆلسە، ئاكىسى ئىنىسىنىڭ
خوتۇنىنى ئالىدۇ. ئۇلاردا زىننەتلىك كىيىم - كېچەكلەر بولمايدۇ،
ئوردا ئەدەپ - قائىدىلىرىمۇ بولمايدۇ» دېگەن مەسىلىنى ئەلچى جۇڭ
خاڭيۈ مۇنداق ئىزاھلاپ بېرىدۇ: «ھونلاردا ئادەت شۇنداق. كىشىلەر
چارۋا ماللارنىڭ گۆشىنى يەپ، سۈتىنى ئىچىدۇ، تېرىسىنى كىيىم
قىلىپ كىيىدۇ. چارۋا مال، سۇ، ئوتقا موھتاج بولغانلىقتىن،
ھونلار دائىم يۆتكىلىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھونلار
جىددىي ۋەزىيەت تۇغۇلغاندا، ھەممە كىشى ئاتقا مىنىش، ئوقيا ئې-

تىشنى مەشىق قىلىدۇ. ئازادە شارائىتتا بولسا ھەممە خۇشال ـ خۇرام، خاتىرجەم كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ھونلاردا قائىدە ـ يوسۇن ئاددىي بولۇپ، بىر ئەلنىڭ ئىشى بىر كىشىنىڭ ئىشىغا ئوخشايدۇ. ھونلاردىكى ئاتىسى ئۆلسە، ئوغلى ئۆگەي ئانىسىنى ئالىدىغان، ئاكىسى ئۆلسە، ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئىنىسى، ئىنىسى ئۆلسە، ئۇنىڭ خوتۇنىنى ئاكىسى ئالىدىغان ئادەتكە كەلسەك، ئۇلار نەسلىنىڭ ئۈزۈلۈشىدىن قورقىدۇ. دېمەك، ھونلاردا ئادەت ـ قائىدىلەر گەرچە قالايمىقان بولسىمۇ، لېكىن مۇقەررەر ھالدا نەسەبلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ.»①

مانا بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىز بىلىشكە مۇمكىنچىلىك تۇغۇلىدىغان ھونلارنىڭ ئېتىكىلىق قارىشىدىكى بىرقانچە ئادەت-چۈشەنچىلەر ھون جەمئىيىتىنىڭ تىرەن قاتلاملىرىغا تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ھون قوۋمىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە قۇدرىتىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەرگەن.

قەدىمكى تۈركىي تىل ئائىلىسىدىكى خەلقلەر جەمئىيىتىدە تۆرۈ (قانۇن) ـ مىزانلار بىلەن ياندىشىپ تۇرىدىغان خېلىلا قويۇق ئېتىكىلىق ئەخلاق جۇلالىنىپ، جەمئىيەتنىڭ ئۆم ـ ئىتتىپاقلىقىنى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلگەن. قاراخانىيلار سۇلالىسى قەدىمكى تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى بىرمۇنچە تۈركىي ۋە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۇيۇشقان بىر خانلىق، ئەمما ئۇنىڭ ئاساسى ئاھالىسى ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۆز زامانىسىنىڭ بۈيۈك تىلشۇناسى مەھمۇد كاشغەرى ئۇلارنى «تۈركلەر» دېگەن نام بىلەن ئاتىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىكىلىق ئىدىيىسىنى مۇنداق بايان قىلغان:

تۈركلەر باشقا خەلقلەرگە قارىغاندا، پەزىلەتلىك، چۈنكى ئۇلارغا تەڭرى ئۆزى ئات قويغان، ئۇلارنى يەر يۈزىنىڭ ئەڭ ئېگىز، ئەڭ ھاۋالىق جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان ۋە «ئۆز قوشۇنۇم» دېگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركلەر كۆركەم، يېقىملىق، ئوچۇق چىراي، ئەدەپلىك، قېرىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان، ئاددىي ـ ساددا، كەمتەر، دادىل، مەرد ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سان ـ ساناقسىز پەزىلەتلەرگە ئىگە. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

---

① سىما چيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى، 411 ـ، 412 ـ بەتلەر.

«قاچان كۆرسە ئانى تۈرك،
بۇزۇن ئانغا ئانىڭ ئايداقى.
مۇڭا تىگەر ئۇلۇغلۇق،
مۇندا نەرۇ كەسلىنۇر.
[قاچان ئۇنى تۈرك دەپ تونىسا،
خەلق ئۇنىڭغا شۇنى ئېيتىدۇ:
بۇنىڭغا ئۇلۇغلۇق تېگىدۇ،
بۇنىڭدىن باشقىسىغا ئاشمايدۇ.]»

بىر كىشىنى ماختاپ شۇنداق دېيىلگەن: ئەگەر ئۇنى تۈرك دەپ تونۇسا، خەلق جەزمەن ئۇلۇغلۇق، ياخشىلىق بۇ ئادەمگە يارىشىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقىغا ئاشمايدۇ، دەيدۇ.[1]

دېمەك، ھەر خىل تارىخىي ماتېرىياللاردا قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئېتىكىلىق ئەخلاق ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مول مەزمۇنلار ساقلانغان.

باتۇرلۇق بىلەن ئاقىللىق ئەجدادلارنىڭ ئېتىكىلىق قارىشىنىڭ نېگىزلىك تەرەپلىرىدىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئەجدادلارنىڭ ياشىغان مۇھىتى خەتەرلىك ۋە جاپالىق بولۇپ، قەيسەرلىك بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسەتمىگەندە ھاياتنى داۋام ئەتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس، بوشاڭلىق، توخۇ يۈرەكلىك، ھورۇنلۇق، جىمىغۇرلۇق مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبچىسى. ئەجدادلار دەھشەتلىك ۋە خەتەرلىك ھايات مۇساپىسىنى قەھرىمانلارچە ئالغا ئىلگىرىلەش بىلەن ئۆتكۈزدى. بۇنىڭغا جانلىق مىسال قىلىپ، ئاجايىپ شىر يۈرەك ئوغلانلارنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، سانسىزلىغان قەھرىمانلىق داستانلىرىنى ياراتتى. ئوغۇزخاندىن مۇدۇن تەڭرىقۇتقىچە، ئالىپ ئەرتوڭادىن ئاچور (ئالىپچور) غىچە، ئىستەمى، تونيۇقۇق، سۇتۇق بۇغراخان، سادىر پالۋان، سىيت نوچىلارغىچە بولغانلارنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ قەھرىمانلىق ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى ئۆلمەس سىيمالار بولۇپ ياشاپ تۇردى. بەزى قەھرىمانلار خەلق ئامىسىنىڭ ئۆزىگە قوشقان كۈچ - قۇدرىتى-

① مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، I توم، 456-457 - بەتلەر.

نى بىر تەرەپلىمە ھالدا شەخسىي قەھرىمانلىق ئارقىلىق كۆز ـ كۆز قىلماقچى بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ يەككە ـ يېگانە ئەمەسلىكىنى، قەھرىمانلىقنىڭ دائىم خەلق سېپىدە تۇرۇپ بولىدىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرالمىدى. بۇ «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دىكى تۇنيۇقۇق ئوبرازىدا مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلەندى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ جاھان تۇتۇش ئۈچۈن بىلىم بىلەن جەسۇر-لۇقتىن ئىبارەت ئىككى نەرسىنىڭ لازىم ئىكەنلىكى ھەم ئۇنىڭ دىئا-لېكتىك مۇناسىۋىتىنى «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇنداق بايان قىلىدۇ: «جاھان تۇتۇشقا ئىدراكلىك ئەر كېرەك، خەلقنى باشقۇرۇشقا ئەقىل ھەم جاسارەت كېرەك» (217 ـ بېيىت)؛ «كىشىنىڭ يامىنى ئەقىل تاپسا تۈزۈلىدۇ، خەلق ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىق بىلىم بىلەن بېسى-لىدۇ.» (221 ـ بېيىت)؛ «بۇ ئىككىسى كار قىلمىسا، بىلىمنى قويـ دە، ئاندىن قولۇڭنى قىلىچقا ئۇزاتقىن» (222 ـ بېيىت).

ئادەملەردە نېمە ئۈچۈن باتۇرلۇق خاراكتېرى بولۇشى لازىم. بۇنىڭغا «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇنداق جاۋاب بېرىلگەن: «يۈرەكلىك كى-شى يۈرەكسىزلەرگە باش بولسا، ئاندىن ھەممە كىشى يۈرەكلىك بولىدۇ» (2045 ـ بېيىت)، «قارا، ئارسلان ئىتلارغا باش بولسا، بارچە ئىتلار ئارسلاندەك بولىدۇ» (2047 ـ بېيىت)، «ئەگەر ئارسلانغا ئىت باشچىلىق قىلسا، بارچە ئارسلانلار ئىت سىياقىغا كىرىپ قالىدۇ» (2048 ـ بېيىت). مانا بۇلار ئەجدادلارنىڭ قەھرى-مانلار قەھرىمانلارنى يېتىشتۈرىدۇ، قەھرىمانلار جەمئىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم كۈچ دەپ قاراش ئىدىيىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى.

بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئاقىللىق بىلەن قەھرىمانلىق مەيلى بىر ئادەمنىڭ شەخسىي خاراكتېرىدە بولسۇن، مەيلى ئەل ـ يۇرتنى باشقۇرۇپ، تۈزەشتە بولسۇن، ھەل قىلغۇچ ئامىللارنىڭ بىرى.

ئەجدادلارنىڭ ئېتىكىلىق قارىشىدا يۇقىرىقىغا ئۇلىنىپ، ئە-مگەكچانلىق بىلەن ياخشىلىق قارىشى گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرۇپ كەل-گەن. چۈنكى بۇ ئىككىسى جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىدە، خەلق ئا-مىسىنىڭ ئادىمىلىك خىسلەتلىرىنى نۇرلاندۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئامىللاردىن ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە تۇرالغۇ جايغا ئىگە بولۇشىدا ئەمگەككە

تايىنشقا توغرا كېلىدۇ. مۇبادا ئەمگەكچى بولمايدىكەن، ئۇلارنىڭ ھاياتى داۋاملىشالمايدۇ. مەھمۇد كاشغەرى ئادەملەر پائالىيىتى ئۈستىدە ئويلانغىنىدا ھاياتنىڭ مەزمۇنى ھەم رولىغا قىزىقىدۇ. ئۇ ئادەم ھاياتىنىڭ مەزمۇنى ئەمگەكتە، ياخشى ھەم يۇقىرى ئەخلاقلىق ئىشلاردا، دېگەن ئىدىيىنى ئالغا سۈرىدۇ.

پەقەت مۇشۇنداق ئادەم جەمئىيەتكە كېرەكلىك، ۋەتەنداشلىرى ئارىسىدا ھۆرمەتكە ئىگە بولىدۇ. جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى ئارقىلىق ئادەم ھايات ۋاقتىدا ئەخلاقىي شۆھرەتكە بۆلۈنۈپلا قالماي، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ياخشى نامى ئادەملەر ئارىسىدا ساقلىنىدۇ. «ئادەم بالىسى يوقىلار، ياخشى ئېتى قالار» دېگەن ماقالنى مىسال قىلىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇنىڭغا ئۆز پىكرىنى قوشىدۇ: ئادەم جىسمى ئۆلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىسمى مەڭگۈ قالىدۇ، چۈنكى ئۇ ھاياتىدا كۆپلىگەن ياخشى ئىشلارنى قىلدى ھەم ئۆزىنىڭ ئەبەدىيلىكىنى ساقلاپ كەلدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاقىللىق بىلەن باتۇرلۇقنىڭ تولۇقلىمىسى ياخشىلىق دەپ قاراپ، «ئەگەر ھەر ئىككى دۇنيانى تىلىمەكچى بولساڭ، قولۇڭدىن كەلسە، ئۇنىڭ چارىسى ياخشىلىق قىلىشتۇر» («قۇتادغۇبىلىك»، 226 ـ بېيىت) دەيدۇ.

مەھمۇد كاشغەرى قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئادەملەرنىڭ ئېتىكىلىق نۇقتىئىنەزەرىدە تۇرۇپ، ئەمگەك ھەققىدە توختالغىنىدا، ئادەملەر ئارىسىدىكى ئادىل مۇناسىۋەتنى قوللاش ھېسسىياتىنى جانلىق ئىپادىلەپ، ھارام تاماقلىققا ئوخشاش سەلبىي ئىللەتلەرنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. فېئودالىزم دەۋرىدە ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك بولغاچقا، ھۆكۈمران سىنىپ مېھنەتكەشلەرنىڭ ئەمگىكىنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئۆز پايدىسىغا ئېلىۋالىدۇ. مەھمۇد كاشغەرى كۆچمە مەنىلىك شەكىلدە تەييار تاپ، ھارام تاماقلىقنى مەسخىرە قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان «بۆرىنىڭ تەڭ ئورتاق، قۇزغۇننىڭ دەرەخ بېشىدا» دېگەن ماقالنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق قۇزغۇننىڭ ئوبرازىنى ھۆكۈمران، ئەمگەكچىلەرنى رەھىمسىز ئېزىدىغان سىنىپ ۋەكىلى دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

گۇمۇمەن ئەمگەك ۋە ياخشىلىق قارىشى ئەھمەد يۈكنەكى، ئەلى-

شىر نەۋائى، رەشىدى («سىددىقنامە» نىڭ ئاپتورى)، مۇھەممەد سادىق قاتارلىق مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىدە ئىزچىل تەكىتلىنىپ كېلىنگەن.

ھەرخىل يازما ماتېرىياللاردىكى ئۇچۇرلار ۋە رېئال تۇرمۇشتا ساقلىنىپ كېلىنىۋاتقان ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتىكىلىق ئەخلاق قارىشىنى ئىجتىمائىي ئەخلاق، كەسىپ ئەخلاقى ۋە دىنىي ئەخلاق دېگەن كاتېگورىيىلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ. بۇلار ئۇزۇن يىللىق ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن ۋە سىستېمىلاشقان مىللىي ئېتىكىلىق ئەخلاق ئىدىيىسى سۈپىتىدە، ھۆكۈمران سىنىپلار تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن قانۇن - مىزانلارنىڭ شەكلەنلىك خۇسۇسىيىتىگە كونكرېت مەزمۇن قوشۇپ، جەمئىيەتنىڭ تىنچ، مۇقىم، ئىناق، ئىتتىپاق بولۇشىغا ئەمەلىي تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە بىر قاتار ئەخلاقىي قاراشلار ئەجدادلارنىڭ ئىدىيىۋى قارىشىنىڭ پاكلىنىشىدا، ناچارلىق ۋە ئۇساللىقنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالماسلىقىدا ھەمىشە چېلىنىپ تۇرىدىغان ئاگاھلاندۇرۇش قوڭغۇرىقىدەك ۋەزىندە ۋە مۇڭلۇق جاراڭلاپ، ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى سۇسلاشتۇرمىغان.

## § 4 . قانۇنچىلىق

قانۇن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مۇئەييەن تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى. ئىنسانلار ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدا ياشاپ تۇرغان زامانلاردىلا ئۆزلىرى رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئېتىكىلىق ئەخلاق مىزانلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. سىنىپىي جەمئىيەت باشلانغاندىن كېيىن، ئادەملەر بۇ خىل مىزانلار ئارقىلىق خېلى مۇكەممەل قانۇنلارنى تۈزگەن ۋە ئۇلارنى يازما ھالەتكە كەلتۈرگەن.

غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلار ئۇلۇس - ئايماقلىرىنى باشقۇرۇش، خانلىقلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ھەرخىل قانۇنلارنى تۈزۈپ چىققان. بۇ ھەقتە ھەرخىل خاتىرىلەر ساقلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن، سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق كىتابىنىڭ

«ھونلار تەزكىرىسى» دە، «ھونلارنىڭ قانۇنىدا شەمشەر (پىچاق) بىلەن كىشىنىڭ بىر چىدىن ئارتۇق يېرىنى زەخىملەندۈرگۈچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى. مال - مۈلۈك ئوغرىلىغۇچىلارنىڭ ئۆي - بىساتى، مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىناتتى. جىنايەت سادىر قىلغانلاردىن جىنايىتى چوڭلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى. قاماق جازاسى ئون كۈندىن ئاشمايتتى. پۈتۈن ئەلدە قاماقتا ياتقۇچىلار بىرنەچچە كىشىلا بولاتتى، خالاس»① دېيىلگەن. بۇ مەلۇماتتىن قەدىمكى ھونلاردا مۇئەييەن تۇراقلىق قانۇننىڭ بارلىقى ئايان بولىدۇ.

ۋېي شۇ يازغان «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇدۇن خانلىقىنىڭ قانۇنىدا «... ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، باشقا جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە جىنايىتىگە قاراپ ئېغىر - يېنىك جازا بېرىلىدۇ» دېيىلگەن بولسا، كۇسەن خانلىقىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا: «ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئوغرىلىق قىلغانلارنىڭ بىر قولى بىلەن بىر پۇتى كېسىپ تاشلىنىدۇ» دەپ يېزىلغان.

شىنجاڭ تەۋەسىدىكى قەدىمكى خانلىقلاردىن «پىشامشان خانلىقى» نىڭ رەسمىي يازما قانۇنى بار بولۇپ، بۇ شىنجاڭ تارىخىدىكى ئەڭ دەسلەپكى بىر قەدەر مۇكەممەل يازما قانۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پىشامشان خانلىقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان، مىلادىيە 220 ~ 420 - يىللىرى قۇللۇق تۈزۈم ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىگەن، تازا قۇدرەت تېپىپ، نىيە، چەرچەن، ئەندىر، ئۇدۇن قاتارلىق جايلارنى ئىلگىرى-كېيىن ئۆزىگە قاراتقان. بەن گۇ يازغان «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، بۇ خانلىقنىڭ نامى «搂兰 — لولان» (كروران) دەپ خاتىرىلەنگەن.

پىشامشان خانلىقىنىڭ قانۇنلىرى ئەينى زاماندا بۇ خانلىق قوللانغان قارۇشتى يېزىقىدا تارىشلارغا خاتىرىلەنگەن. بۇ خاتىرىلەرنى بىر قور رەتلەپ، مۇھاكىمە قىلغاندا، قەدىمكى پىشامشان خانلىقىدا جىنايى ئىشلارغا دائىر قانۇن، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى، نىكاھقا دائىر

---

① مىساپىدىن: «تارىخىي خاتىرىلەر» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

قانۇن ـ بەلگىلىمىلەر، مىراسقا دائىر قانۇن ـ بەلگىلىمىلەر، مۇھىت ئاسراشقا دائىر بەلگىلىمىلەر، ھەق تەلەپ قانۇنىغا دائىر بەلگىلىمىلەر، باج قانۇنى قاتارلىق قانۇن ـ تۈزۈملەر بولغان؛ ئۇ يەردە ئەدلىيە تۈزۈمى ئورنىتىلغان، قانۇندا دەلىل ـ ئىسپات ئىلمى تەتبىقلانغان؛ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا ئۆلۈم جازاسى بېرىش، تەن جازاسى، ئاختا قىلىش جازاسى ۋە جەرىمانە قويۇش جازاسى قاتارلىق جازالار بېرىلگەن. دېمەك، پىشامىشان خانلىقىنىڭ قانۇنلىرى جەمئىيەت تەرتىپىنى تۇراقلاشتۇرۇش، ئۆز خانلىقىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەبىقىلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى نەزەرگە ئېلىش بىلەن بىرلىكتە، پۇقرالارنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىنى قوغداش ۋە خەلق ئىچىدىكى ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىش مەقسىتىدە تۈزۈلگەن. پىشامىشان خانلىقىنىڭ خانلىق قانۇنى تۇرغۇزۇلغاندىن باشقا، ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى ھەرقايسى ئايماقلارمۇ ئۆز ئالدىغا قانۇن تۈزۈپ چىققان.①

پىشامىشان خانلىقىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرى قانۇن تۈزۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق قۇلدارلار سىنىپىنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىنى قوغدىغان، يەنى ئۇلار ئالدى بىلەن ئالىي ھۆكۈمران — پادىشاھنىڭ ھوقۇقىنى قوغدىغان. قانۇن ـ بەلگىلىمىلەر بويىچە، خان چەكسىز ھوقۇققا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ دېگىنى قانۇن ھېسابلىنىپ، ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ سۆزىگە جەزمەن ئەمەل قىلىشى شەرت ئىدى. قانۇن قۇللارنىڭ ھەرقانداق قارشىلىقىنى قاتتىق تەقىبلەش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى جايلاردىكى قۇللار ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭمۇ ئوردا مەنپەئىتىگە قىلچە دەخلى ـ تەرۇز قىلىشىغا يول قويۇلمىغان.

ئومۇمەن پىشامىشان خانلىقىنىڭ قانۇنلىرى قۇللۇق تۈزۈمىدىكى شەھەر خانلىقىنىڭ قانۇنى بولۇپ، ئۇ قۇلدارلارنىڭ قۇللارغا بولغان زۇلۇمىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە قانۇنلاشتۇرۇش، قۇلدارلار سىنىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ۋە چوڭ ـ كىچىك قۇلدارلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشنى ئاساس قىلغان.

---

① بىن ۋېن: «پىشامىشان خانلىقىنىڭ قانۇنلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، قوشۇمچە سان، 1988 ـ يىلى 2 ـ سان.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، ئۇدۇن، كۈسەن، پىشامشان خاندانلىقىدا يولغا قويۇلغان بىر قاتار قانۇنلار، ئەينى زاماندا شىنجاڭدىكى باشقا خانلىقلاردىمۇ قانۇنلارنىڭ بارلىقىنى چەتكە قاقمايدۇ، ئەلۋەتتە.

تۈرك خانلىقى زامانىسىدا تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلە- قوۋملارنىڭ كۆپ قىسمى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇش ئادىتىنى ئاساسىي تۇرمۇش شەكلى قىلغان. بۇنىڭغا قاراپ، ئۇلاردا مۇكەممەل قانۇن - تۈزۈم شەكىللەنمىگەن بولسا كېرەك، دېگەن پەرەز كېلىپ چىقىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق قانۇن- تۈزۈمى بار بولۇپ، بۇنداق قانۇنلار كېيىنكى ئۇيغۇر خانلىقى، قىرغىز خانلىقى، تۈركەش خانلىقى، قوچو ئۇيغۇرخانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقى، غەزنەۋىلەر ۋە سالجۇقىلارنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسلام قانۇنى بىلەن بىرلىشىپ، كېيىنكى زاماندا شىنجاڭنىڭ قانۇنچىلىق ئىشلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە خېمىرتۇرۇچلۇق رول ئوينىغان.

تۈرك خانلىقى ئاشىنا قەبىلىسى باشچىلىقىدىكى ھەربىي ۋە مەمۇرىي تەرەپ بىرلەشكەن بىر خانلىق. مۇقان خاقان زامانىسى (553 — 572 - يىللار) دا، «ئۇنىڭ زېمىنىنىڭ شەرقىي تەرىپى لياۋخەي دېڭىزىنىڭ غەربىگىچە، غەربىي چېتى بالقاش كۆلىنىڭ 10 مىڭ چاقىرىملىق دائىرىسى، جەنۇبى غوبى چۆلىنىڭ شىمالىغىچە، شىمالى بايقال كۆلىنىڭ 5000 — 6000 چاقىرىملىق دائىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ»[①] دېيىلگەن. بۇنداق غايەت چوڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىن تەركىب تاپقان خانلىقنى ئاشىنا قەبىلىسى قورال كۈچىگە تايىنىپلا باشقۇرۇپ قالماستىن، بەلكى قانۇن - تۈزۈم ۋاسىتىسى ئارقىلىقمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان.[②] خەنزۇچە ھۆججەتلەردە، تۈركلەردە «ئائىلە قانۇنى» نىڭ بارلىقى خاتىرىلەنگەن.[③] ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا «تۈرك تۆرۈسى» (تۈرك قانۇنى) ۋە «ئىلىگ تۆرگ» (ئەجدادلار قانۇنى) دېگەندەك ئاتالغۇلار («كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى»غا قاراڭ) تىلغا ئېلىنغان. بۇ بايانلاردىن تۈركلەرنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى

---

① لىڭخۇ دېفېن: «جۇنامە»، 50 - جىلد، تۈركلەر تەزكىرىسى».
② سەي خۇڭشىڭ: «تۈركلەرنىڭ قانۇنى ھەققىدە ئىزدىنىش»، «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1965 - يىلى، 5 - سان، بېيجىڭ.
③ ۋېي جىڭ: «سۈينامە»، 84 جىلد، تۈركلەر تەزكىرىسى».

توغرۇلۇق ئىزدىنىشىنىڭ مۇھىملىقى بىلىنىدۇ.

قەدىمكى تۈرك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قانۇننىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلىشتىن بۇرۇن «تۆرۈ» دېگەن ئاتالغۇ ھەققىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى بۇ ئاتالغۇ قەدىمكى تۈرك (ئورقۇن) يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە، خاقانىيە ئۇيغۇر تىلىدىكى ھۆججەتلەردە ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىلىدىكى ھۆججەتلەردە كۆپلەپ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، 1600 يىللىق يازما تارىخقا ئىگە. ئۇنىڭ تۈپ مەنىسى «قانۇن»، كېڭەيگەن مەنىسى نىزام، ئادەت، ھوقۇق، ئەنئەنە، پەرمان، قائىدە، ئىنتىزام، تۈزۈم، يوسۇن دېگەنلەردىن ئىبارەت.

بەزى ئالىملار «تۆرۈ» ئەنئەنىسى قەدىمكى ھونلاردىمۇ بولغان بولسا كېرەك، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقان.① بۇنىڭدىن «تۆرۈ» دېگەن ئاتالغۇمۇ قەدىمكى ھون تىلىدا قوللىنىلغان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن پەرەز كېلىپ چىقىدۇ. دەرۋەقە بۇ خىل پەرەزنى پۈتۈنلەي ئورۇنسىز دېگىلىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە قوشنا ياكى ھەرخىل ئالاقىدە بولغان خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ھۆججەتلىرىدىن ئۇنىڭغا شەكىلداش شۇنداقلا مەزمۇنداش ئاتالغۇنى تېپىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، يەھۇدىي دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «تەۋرات» ئىبرانىي تىلىدا «تاناخ» دەپ ئاتالغان. بۇ ئۈچ قىسمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىرىنچى قىسمى «توراخ» دەپ ئاتالغان، بۇ ئادەتتە «قانۇن ـ قانۇننامە» دېيىلگەن. «تاناخ» نىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ كىتاب بولۇپ شەكىللەنگەن ۋاقتى تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 8 ـ ئەسىردىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ.② مانا مۇشۇ «توراخ» (Torah) بىلەن قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى «تۆرۈ» (Törü) نىڭ يىلتىزى تولىمۇ يېقىندەك تۇرىدۇ. قەدىمكى ئىبرانىي تىلىدا سۆزلىشىدىغانلار بىلەن قەدىمكى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان قوۋملارنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا تىل ئۇچرىشىش ھادىسىسى بولغانمۇ، بۇنىڭغا بۇنداق ئەھۋال بولمىغان، دەپ ئالدىراپلا ھۆكۈم چىقىرىۋېتكە-

---

① ئىبراھىم كافەس ئوغلى: «قۇتادغۇبىلىك، ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى»، ئىستانبۇل، 1980 ـ يىلى تۈركچە نەشرى.
② خۇاڭ شىنجۇەن باش تۈزگۈچىلىكىدىكى «دۇنيادىكى ئون چوڭ دىن»، شەرق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1988 ـ يىلى نەشرى، 237 ـ، 238 ـ بەتلەر.

لى بولمايدۇ. چېگرالارنى ھازىرقىدەك سىم توسۇقلار بىلەن ئايرىپ تاشلاپ، مىلتىقلار بىلەن قاتتىق مۇداپىئە قىلمايدىغان ئاشۇ قەدىمكى زامانلاردا ئۇلار ئارىسىدا پۈتۈنلەي ئالاقە بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. بۇ كۆزقاراشنى قايتا تەكىتلەشكە توغرا كەلسە، شۇنى قوشۇمچە قىلىشقا بولىدۇكى، بەزىلەرنىڭ بايانىدىن قارىغاندا، «پىرە» (بۇ سۆزدىن باشقا يەنە، «باخشى») دېگەن ئاتالغۇ قەدىمكى كەنئانلىقلارنىڭ تىلىدىكى «ئىلاھ» سۆزىدىن كەلگەنىكەن. بۇ قاراش بويىچە يەنە «ئۈشرە» دېگەن ئاتالغۇمۇ قەدىمكى مىسىرنىڭ ئۈسۈملۈك ئىلاھىنىڭ نامىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.①

«تۆرۈ» نىڭ يىلتىزى «ئىنجىل»، «تەۋرات» تىكى «توراخ» قا تۇتىشىش بىلەنلا ئىشنى تامام قىلغىلى بولمايدۇ. قەدىمكى ئىبرانىي تىلىدا سۆزلىشىدىغانلار ئوتتۇرا ئاسىياغا يىراقراق يەردە پائالىيەت قىلغان. «ئىنجىل» ۋە «تەۋرات» تىكى بەزى مۇتىفلارنىڭ مەنبەسى بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۈركىي تىللارنىڭ يىلتىزىنىڭ بىر غولى دەپ قارالغان سومېر ـ بابىللار ئەدەبىياتى، جۈملىدىن «گىلگامىش» ئېپوسى، «خاممۇرابى قانۇنى» قاتارلىقلار «توراخ» بىلەن «تۆرۈ» نىڭ يىلتىزىنى بىلىشتىكى چىگىش مەسىلىلەرنى يېشىشكە ياردەم بېرىدۇ.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 5000 ـ يىللاردا، تىگىر ۋە ئېفرات دەرياسى ساھىلىدا قەدىمكى مېسوپوتامىيە مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن، بۇ ئىككى دەريا ۋادىسى مەدەنىيىتى دەپ ئاتالغان، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ بىرى. بۇنىڭ ياراتقۇچىلىرى سومېرلار. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2004 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قەدىمكى بابىلۇنلۇقلار ئىككى دەريا ساھىلىنىڭ جەنۇبىدا قەدىمكى بابىلۇن پادىشاھلىقىنى قۇرغان، شىمالىي قىسمىدا، يەنى ئىككى دەريا ساھىلىنىڭ شىمالىي قىسمىدا قەدىمكى ئاسسۇرىيىلىكلەر قەلئەلىك دۆلەت قۇرۇپ، ئاسسۇرىيە شەھىرىنى مەركەز قىلغان.

مەيلى بابىلۇنلۇقلار بولسۇن، مەيلى ئاسسۇرىيىلىكلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەرەققىي قىلغان سومېر مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق

① ئا. ئالاۋۇدۇن ماقالىسىگە قارالسۇن. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1997 ـ يىلى 1 ـ سان.

قىلغان ھەم تېخىمۇ روناق تاپقان بولۇپ، مېسسوپوتامىيىنى قەدىمكى يېقىن شەرقنىڭ مەدەنىيەت مەۋىيسى ئەڭ يۇقىرى رايونغا ئايلاندۇرغان.

مېسسوپوتامىيىدە سومېرلار ئەڭ دەسلەپ يۇقىرى دەرىجىلىك مەدەنىيەت ياراتقان. ئۇلار تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 5300 ـ يىلى ئوبىد (Obid) مەدەنىيىتى دەۋرىگە كىرگەن بولۇپ، بۇ كېيىنكى مەزگىللىك تاش ـ مىس قوراللار بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن دەۋر ئىدى. ئۇلار ئاددىي ساپالچىلىق ھۈنىرىنى ئىگىلىگەن. سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغان. تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3600 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، سومېرلار ئۇرۇك (Uruk) مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەن. بۇ چاغدا ئۇلار مىخ شەكىللىك يېزىق ئىجاد قىلغان. بۇ يېزىق بارلىققا كەلگەندىن كېيىنكى 200 — 300 يىل ئىچىدە، ئۇ قەدىمكى يېقىن شەرق رايونىدىكى ھەرقايسى ئەللەر قوللىنىدىغان ئاساسلىق يېزىق بولۇپ قالغان. ئامارنا (Amarna) دەۋرىگە كەلگەندە، مىخ شەكىللىك يېزىق يېقىن شەرقتىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ ئالاقىسىدىكى ئورتاق يېزىققا ئايلانغان.①

مېسسوپوتامىيىدىكى سومېرلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلغان بابىللار، ئاسسۇرىيىلىكلەر بۇ زېمىندا رەڭگارەڭ ئەدەبىيات، جۈملىدىن «گىلگامىش» ئېپوسى ھەم «خاممۇراپى قانۇنى» قاتارلىقلارنى ياراتقان. بۇلار شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

مەدەنىيەت تارىخى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يەھۇدىيلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى قەدىمكى ئىسرائىلىيىلىكلەرنىڭ تارىخ، ئىدىيە، مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى قەدىمكى غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ جەھەتتە، ئارخېئولوگىيە، سېلىشتۇرما فولكلورشۇناسلىق، سېلىشتۇرما دىن تارىخشۇناسلىقى، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق قاتارلىق بىرمۇنچە مەسىلىلەرگە جاۋاب بەرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئىبرانىي تىلىدىكى «توراخ» (بۇ «بەشنامە» دەپمۇ ئاتالغان) نى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭ

---

① لى جىلڭ: «غەيبەت مەدەنىيىتى ۋە سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەت»، جياڭشى خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى نەشرى، 13 ـ، 32 ـ بەتلەر.

دىكى بەزى خەتلەر ۋە سۆزلەر قەدىمكى ئىبرانىي يېزىقىدىن كەلگەن بولماستىن، بەلكى قەدىمكى ئاسسۇرىيىلىكلەر ۋە بابىلۇنلۇقلار قوللانغان ئاككاد يېزىقىدىن كەلگەن.① شۇنداقلا «ئىنجىل» ۋە «تەۋرات»تىكى «توپان ئەپسانىسى» قاتارلىقلار «گىلگامىش» ئېپوسىدىن كەلگەن. بىزگە مەلۇمكى، «گىلگامىش» ئېپوسى بۈگۈنكى كۈندىن 4000 يىللار مۇقەددەم سومېر دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن. «خاممۇراپى قانۇنى» بولسا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1792 - يىلىدىن 1750 - يىلىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان قەدىمكى بابىل پادىشاھلىقىنىڭ ئالتىنچى ئەۋلاد پادىشاھى خاممۇراپى بېكىتكەن قانۇن بولۇپ، دۇنيا تارىخىدىكى تۇنجى يازما قانۇن ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، «تەۋرات» بولۇپمۇ ئۇنىڭ «بەشنامە» قىسمىنىڭ «توراخ»، يەنى «قانۇننامە» دەپ ئاتىلىشى قەدىمكى «خاممۇراپى قانۇنى» نىڭ تەسىرىنى بەلگىلىك دەرىجىدە قوبۇل قىلغانلىقىدىن بولسا كېرەك، دېگەن قاراشنى نەزەردىن ساقىت قىلمىسا كېرەك.

ئەمدى، قەدىمكى تۈركىي تىلىدىكى «تۆرۈ» نىڭ قەدىمكى مېسوپوتامىيە مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە تۇتىشىدىغان ئالامەتلەرگە كەلسەك، تولىمۇ قىزىقارلىق مەسىلىلەرگە يولۇقىمىز.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىنگلىزلاردىن سېر راۋلىنسون سومېرلار سكىفلەردۇر، ئۇلارنىڭ تىلى بولسا موڭغۇل - مانجۇ تىلى بىلەن يېقىنچىلىقى بولغان تۇرانىي تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپتۇر دەپ قارىغان.② يەنە بەزىلەر ئېنىق ھالدا، سومېرلار سام ئەمەس، بەلكى تۇرانىي ئىرقىغا مەنسۇپ ئىدى، دەپ كۆرسەتكەن. بۇ خىل قاراش ئاخىرقى يەكۈن بولمىسىمۇ، لېكىن، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرى بىلەن سومېر ۋە بابىللىقلار ئارىسىدا مەدەنىيەت ۋە ئېتنىك ئالاقىنىڭ بولغانلىقىنى تارىخ ئاللىبۇرۇن ئىسپاتلىغان.

«تەڭرى» — قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا خەلقىنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىكى «ئىلاھ» نىڭ نامى. قەدىمكى كىشىلەر ئۇنى ئۇزۇن ئەسىرلەر بويلاپ، قويۇق مىللىي ئېتىقادىنىڭ مەركىزىي ھالقىسى ۋە قىزىق

① خۇاڭ شىنچۇەن باش تۈزگۈچىلىكىدىكى «دۇنيادىكى ئون چوڭ دىن»، 240 — ، 241 - بەتلەر.

② غ. سىلىم: «توخارلار، ياۋچىلار ۋە كۇشان ئىمپېرىيىسى» ناملىق ماقالىسىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (قوشۇمچە سان) ژۇرنىلى، 1985 - يىلى 5 - سان، 2 - بەت.

نۇقتىسىغا ئايلاندۇرغان. ئۇنىڭ مەنىۋى قۇدرىتى ۋە سېھرىي كۈچى تولىمۇ چوڭ ۋە چەكسىز بولغان. قەدىمكى ھونلارنى، قەدىمكى تۈركلەرنى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنى ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئېتىقاد يۈكسەكلىكىنىڭ ئەتراپىغا ئاجايىپ ئۇيۇلتاشتەك يىغىشتۇرغان «تەڭرى» نامىنىڭ قەدىمكى سومېر تىلىدا① ۋە بابىل تىلىدا② قوللىنىلغانلىقى، نۇرغۇن ئالىملارنى ئەجەبلەندۈرگەن ۋە قىزىقتۇرغان. بۇ دەل مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ ئىنكاسى.

بۇنىڭدىن باشقا قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتى سومېر ۋە بابىل ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدە بولغانلىقىنى تارىخ بارغانسېرى يورۇتۇشقا يۈزلەنمەكتە. ئىلگىرى، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا «ئادەم بىلەن ھاۋا ئانا ئەپسانىسى»، «توپان»، يەنى «نوھ ئەپسانىسى» قاتارلىقلارنى ئىسلامىيەتنىڭ، يەنى «قۇرئان كەرىم» نىڭ تەسىرى بىلەن كىرىپ كەلگەن دەپ قاراپ كېلىنگەن ئەھۋال بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇلار قەدىمكى سومېر، بابىل، ئاسسۇرىيىلىكلەر ئەدەبىياتىدا بار ئەپسانىلەر ئىكەنلىكى ئاللىبۇرۇن ئېنىقلانغان. شۇنداق بولغاندا، بۇ خىل ئەپسانىلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم» مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرىلا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرى ئارىسىدا تەسىرى بولغان بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى ھازىرچە ئۆز پېتى قويۇپ تۇرۇپ، يەنە بىر نۇقتىغا كۆچسەك، قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئەجدادى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر بىلەن قەدىمكى بابىل ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانىلەردە مۇئەييەن ئورتاقلىق بارلىقىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت. تاڭ سۇلالىسى زامانىسىدا ياشىغان ئەدىب دۇەن چىڭشى ئۆزىنىڭ «يۇياڭ خاتىرىلىرى» ناملىق كىتابىدا تۈركلەرنىڭ ئەجدادى توغرۇلۇق گۈزەل بىر پارچە ئەپسانىنى خاتىرىلەپ قويغان بولۇپ، ئۇنىڭدا «شېمۇ» ۋە «شىبلى» دېگەن ئىلاھىي ئادەملەر نامى تىلغا ئېلىنغان. ئالىملار بۇ ئەپساندىكى پېرسوناژلارنىڭ نامى ۋە ئەپسانە ئېپىزوتىدىكى ئاساسلىق ۋەقە تەپسىلاتى بىلەن قەدىمكى بابىلۇننىڭ قۇياش ئىلاھى «شاماش» (شەمش) ۋە شاماشنىڭ «مۇھەببەت ھېكايە-

---

① ئىبراھىم كافەس ئوغلى: «قەدىمكى تۈرك دىنى»، ئەنقەرە، 1980 ـ يىلى، تۈركچە نەشرى، 66 ـ بەتلەرگە قارالڭ.

② غەيرەتجان ئوسمان: «تۇران ئاتالغۇسى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1989 ـ يىلى 2 ـ سان، 81 ـ بەت.

سى» نىڭ بىر قېلىپتىن چىققانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققى.①

بىز يۇقىرىدىكى قىسقىچە مۇلاھىزىدىن شۇنى بىلىشكە قادىر بولىمىزكى، «توراخ» بىلەن «تۆرۈ» نىڭ قەدىمكى سومېر ياكى بابىل مەدەنىيىتى، شۇنداقلا «خاممۇراپى قانۇنى» دا سۆز شەكىل ھالىتىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ھازىرچە بىلەلمىسەكمۇ، لېكىن ئىبرانىي مەدەنىيىتى بىلەن تۈركىي مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا بېقىشىشقان ۋە لەززىتىنى تېتىپ كۆرگەن سومېر، بابىل مەدەنىيىتى ھالقىسىدا ئۇنىڭ بىخى بولغان. مۇبادا مۇنداق بىخ بولمىغان بولسا، «توراخ» بىلەن «تۆرۈ» ئوتتۇرىسىدا سۆز شەكلىدە تولىمۇ ئوخشاشلىق، مەزمۇن ۋە ئۇقۇم يېقىدا قويۇق يېقىنلىق ساقلانمىغان بولاتتى. دەرۋەقە ئۇلار ئارىسىدا پەرق بار دېيىلسە، شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، يەھۇدىيلارنىڭ «توراخ» دەپ ئاتالغان بۇ ئەنئەنىۋى قانۇن قارىشىنى بىرقەدەر تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدىغان كىتابى ئەسىرلەر مابەينىدە يازما ھالدا ساقلىنىپ كېلىنگەن؛ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ «تۆرۈ» سى بولسا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شەكلى ۋە ئادىتىگە مۇناسىپ ھالدا تەپەككۇردا ۋە ئاغزاكى ساقلىنىپ، كېيىنچىرەك پارچە - پۇرات ھالدا خاتىرىگە چۈشۈرۈپ قويۇلغان. بۇ بايانلاردىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ «تۆرۈ» سى ئەنە شۇنداق يىلتىزى تولىمۇ تىرەن، تارىخى بەك ئۇزۇن بىر قانۇن ھادىسىسىگە بېرىپ تۇتىشىدۇ.

لېكىن، تارىخىي مەنبەلەردە كۆپ تىلغا ئېلىنغان «تۆرۈ» (قانۇن) دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمىي قانۇنلاردىن «خاممۇراپى قانۇنى» ياكى جۇڭگونىڭ چۇنچيۇ دەۋرىدىكى «زىسەن قانۇنى» دەك مەلۇم دەۋردىكى بىرەر خانلىقنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن پەرمان بىلەن جاكارلىنىپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن يازما «قانۇن توپلىمى» نىڭ نامى بولماستىن، بەلكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى دەۋردىكى دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ - ئادەت، ھاكىمىيەت، ھوقۇق چۈشەنچىلىرى، ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچەملىرى، مەجبۇرلاش تەدبىرلىرى، مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ئادەتلىرى ۋە جازا ئۇسۇللىرى قاتارلىقلارنىڭ كۆپ خىللىق بولۇشى بىلەن خا-

① رۇي چۈەنىڭ: «قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1994 - يىلى 2 - سان، 53 - بەت.

راكتېرلىنىدىغان، ئىپتىدائىي ئۇۋچىلىق دەۋرىدىن باشلاپ بىخلىنىپ، ئەل تۇتۇش مەزگىلىگە كەلگەندە نوتىلانغان، ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بىر خىل ئەنئەنىۋى قانۇننىڭ نامىدۇر.①

قەدىمكى تۈركلەر جەمئىيىتىدە، «تۆرۈ» نى ئاساس قىلغان بىر «قانۇن مىزانى» بار بولۇپ، ئۇ جىنايى جازا، ئىگىدارلىق قانۇنى، ئەدلىيە، چوڭ خاقانغا ۋارىسلىق قىلىش قانۇنى قاتارلىق مەزمۇنلاردىن تەركىب تاپقان. جىنايى جازا — ئۆلۈم جازاسى ۋە جەرىمانە قويۇش، تۆلەم تۆلىتىش جازاسى قاتارلىق بىرقانچە خىل بولغان. تۈركلەرنىڭ قانۇنىدا ئاسىيلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەر، ھەربىي مەجبۇرىيەتكە قارشى چىقىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەر، ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر، باسقۇنچىلىق قىلغانلار، ئوغرىلىق قىلغانلارغا بىردەك ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن؛ بۇلاردىن باشقا ئەھۋالغا يەنى جىنايەتنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ، بەزى جىنايەتچىلەرگە جەرىمانە قويۇش ۋە تۆلەم تۆلىتىش جازاسى بېرىلگەن.② لېكىن بەزى ئالىملار (مەسىلەن، پروفېسسور سەي خۇڭشىڭ) قەدىمكى تۈرك ئورقۇن مەڭگۇ تاشلىرىدىكى «تۆرۈ» چۈشەنچىسىنى خەنزۇچە ھۆججەتلەردىكى تۈركلەرنىڭ قانۇن ـ مىزانلىرىغا دائىر بايانلار بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا تەھلىل قىلىپ كۆرۈپ، تۈركلەرنىڭ «تۆرۈ» چۈشەنچىسىنى «يەرلەرنىڭ تەقسىم قىلىنىشى» ۋە «مال تامغىسى» (ئاي تامغا)، «قۇل» ۋە «پۇقرا» (بۇدۇن)، ئائىلە ۋە نىكاھ ئىشلىرى، تەختكە ۋارىسلىق قىلىش قانۇنى ھەم شۇنداقلا جىنايى ئىشلار قانۇنى دەپ بەش چوڭ تۈرگە بۆلگەن.

دېمەك، قەدىمكى تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ خانلىقنى باشقۇرۇش ھەققىدىكى «تۆرۈ» سىنىڭ تولۇق يازما نۇسخىسى دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەرخىل مەنبەلەردىكى پارچە بايانلاردىن ئۇنىڭ ئاساسىي كەۋدىسىنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ. مۇبادا پادىشاھتىن پۇقراغىچە ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلغان ۋە ئەمەل قىلىدىغان بىر مۇقەددەس «تۆرۈ» بولمىغان بولسا، قەدىمكى تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقلىرى قاتارلىق بىرقانچە خانلىقلار يۈز يىللاپ

---

① ي. ھ. ئىسلامى: «قۇتادغۇبىلىك» ۋە قانۇن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى نەشرى، 22 ـ، 23 ـ بەتلەر.

② ي. ياسىن: «كۆك تۈركلەرنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىلى 3 ـ سان.

مەۋجۇت بولۇپ تۇرمىغان بولاتتى. چۈنكى ئىنسانلار جەمئىيىتىدە، «قانۇنى يوق دۆلەت» ياكى «دۆلىتى يوق قانۇن» نى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن بەزى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قانۇنچىلىق تارىخىدا، بىرقەدەر سىستېمىلىق قانۇن ئىدىيىسى يازما ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋاستىلىك ئەسەر — ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدۇر.

«قۇتادغۇبىلىك» گەرچە ئۆز زامانىسىنىڭ ئىجتىمائىي قىياپىتىنى ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بىر بەدىئىي ئەسەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى بىر قاتار مەسىلىلەر ئەينى دەۋردىكى رېئال مەسىلىلەرنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بولۇپ، ئۇلاردا شائىرانە تەسەۋۋۇر ۋە بەدىئىي بوياقلار ئەمەلىي مەسىلىلەرگە ماس ھالدا سۈرەتلەنگەن. جۈملىدىن، داستاندىكى قانۇنچىلىق ئىدىيىسى قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى قانۇنچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئەينى خاتىرىسى بولمىسىمۇ، ئەمما شۇ زامان قانۇنچىلىق كۆزقارىشىنىڭ جانلىق ئىنكاسى دېيەلىشكە ئاساس يوق.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىدا، كۆپ جامائەت بىلەن تولغان، ئۇيۇلتاشتەك ئىتتىپاقلاشقان، بىلىملىك ۋە ئادىل شاھ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان، پاراۋان، بەختلىك ۋە گۈللەپ ـ ياشنىغان بىر غايىۋى جەمئىيەت ئەندىزىسىنى سىزىپ كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ جەمئىيەتتە قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ مۇكەممەل تۇرغۇزۇلغانلىقى، ئۇنىڭغا پادىشاھتىن تارتىپ ئاددىي پۇقراغىچە ھەممىسى رىئايە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ دۆلەتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىنى «تۆرۈ» كۆزقارىشى بىلەن، تۇرمۇشتا ئادەت ئۆرپ ـ ئادەت قائىدىلىرىنى «توقۇ» قارىشى بىلەن ئىپادىلىگەن.

«قۇتادغۇبىلىك» تە بايان قىلىنغان «قانۇن»، «يوسۇن» لارنى ئۇنىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسى جەھەتتىن خاس بەلگىلىمە ۋە ئورتاق بەلگىلىمە دەپ، مەزمۇن جەھەتتىن گورۇدا ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن ـ يوسۇنلار، لەشكىرىي ئىشلارغا ئائىت قانۇن ـ يوسۇنلار، جىنايى ئىشلارغا ئائىت قانۇن ـ يوسۇنلار، خەلق دەۋا، ھەق تەلەپ، پاراۋانلىققا ئائىت قانۇن ـ يوسۇنلار، نىكاھ ۋە ئائىلە ئىشلىرىغا ئائىت

قانۇن ـ يوسۇنلار دەپ بىر قانچە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ، خاس بەلگىلىمىلەر ھاكىمىيەت بېشىدىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن تۈزۈلگەن قائىدە ـ قانۇنلار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوردا ئەمەلدارلىرىدىن تارتىپ تۆۋەندىكى چوڭ ـ كىچىك بەگلەرنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان ھوقۇق، مەجبۇرىيەتلىرى، ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان ئەخلاقىي ۋە جىسمانىي شەرتلىرى قانۇن شەكلىدە مۇقىملاشتۇرۇلغان. ئورتاق بەلگىلىمىلەر — ھۆكۈمرانلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارنىڭ ئورتاق ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن تۈزۈلگەن قائىدە ـ قانۇنلار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەمەلدارلار بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى كۆنسايىن ئۆتكۈرلىشىۋاتقان زىددىيەتنى قانداق ھەل قىلىش ۋە ھەرقايسى تەبىقىلەر مۇناسىۋىتىنى قانداق تەڭشەش مەسىلىسىنى نىزاملاشتۇرغان. خاس بەلگىلىمىلەر بىلەن ئورتاق بەلگىلىمىلەر ئەمەلىيەتتە بىز دەۋاتقان ئوردا ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن ـ يوسۇننىڭ ئۆزى بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئەسەردىكى «بەگلىككە لايىق بەگنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى» ، «بەگلەرگە ۋەزىر بولىدىغان كىشىنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى» ، «ئۇلۇغ ھاجىپلىققا قانداق كىشى لازىملىقى» ، «ئىشىك ئاغىسىنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى» ، «ئەلچىلىككە ئەۋەتىشكە قانداق كىشى يارايدىغانلىقى» ، «پۈتۈكچى قانداق بولۇشى لازىملىقى» ، «ئاغىچىلىققا قانداق كىشى لازىملىقى» ، «ئىچىملىك بېشىنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى» ، «بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ قائىدە- يوسۇنلىرى» ، «ساراي ئەھلى بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولۇشى» ، «ئاۋام خەلق بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشى» قاتارلىق 12 بابتا بايان قىلىنغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاۋام خەلق بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە تەتبىقلىنىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ بولغان بەلگىلىمە بولۇپ، ئۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى، ئالىملار، تېۋىپلار، ئەپسۇنچىلار، چۈش ئۆرۈگۈچىلەر، مۇنەججىملەر، شائىر، دېھقانلار، سودىگەرلەر، چارۋىچىلار، قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە پېقىرلار قاتارلىق بىر-بىرىگە ئوخشاشمايدىغان 12 خىل تەبىقە بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. لەشكىرىي ئىشلارغا ئائىت قانۇن ـ يوسۇنلار «ئەسكەر باشلىغۇچى كىشىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى» بابىدا، جىنايى ئىشلارغا ئائىت قانۇن ـ يوسۇنلار «مەملىكەتنى ئىدارە

قىلىش ئۇسۇللىرى» بابىدا، خەلق دەۋا، ھەق تەلەپ، پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن ـ يوسۇنلار «خىزمەتچىلەرنىڭ بەگلەر ئۈستەدە قانداق ھەقلىرى بارلىقى» ۋە «خىزمەتچىلەر بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىش» بابىدا، نىكاھ ۋە ئائىلە ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن ـ يوسۇنلار «ئۆيلىنىشنىڭ قانداق بولۇشى»، «پەرزەنتلەرنى قانداق تەربىيىلەش»، شۇنداقلا «زىياپەتكە بېرىش ۋە چاقىرىشنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى» بابىدا نۇقتىلىق بايان قىلىنغان.

بۇنىڭدىن يۇسۇپ خاس ھاجىپ قەلىمى ئاستىدىكى «تۆرۈ» نىڭ ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تولىمۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردە شەكىللىنىپ شۇ ھالغا كەلگەن ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئەنئەنىلىرىنىڭ يىغىندىسى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا يەنە ئۇنىڭ «جىنايەت» ۋە «جازا» مەسىلىلىرىدە جەمئىيەت پسىخىكىسى، جىنايەت پسىخىكىسى ھەم قانۇن لوگىكىسى بىلەن ئورگانىك بىرلىشىپ كەتكەن، ئىجتىمائىي ھاياتنى قېلىپقا سالىدىغان قائىدىلەر بولۇپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەمر ـ پەرمانلارنى، سوتچىلارنىڭ ھۆكۈملىرىنى شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ چىقىرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.[1]

ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تولۇق كىرىپ كېلىشى ۋە ئومۇملىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان مىللەتلەردە ئىسلام قانۇنى يۈرگۈزۈلىدىغان بولدى. ئىسلام دىنى چۈشەنچىسىدە قانۇن «شەرىئەت» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ مۇسۇلمانلار رىئايە قىلىشى زۆرۈر بولغان بىر قاتار مەجبۇرىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈزۈمدىن ئىبارەت. شۇڭا ئۇ يەنە مۇقەددەس قانۇن، ئاللانىڭ قانۇنى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ مۇسۇلمانلارغىلا تەتبىق قىلىنىدىغان بولغاچقا، «مۇسۇلمانلار قانۇنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

شەرىئەتنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن مۇنداق چوڭ ئۈچ جەھەتنى، يەنى دىنىي قائىدىلەرگە ئۇيغۇن بولغان تۈزۈملەرنى، ھەق ـ تەلەپ ئىشلىرى بىلەن سودا ئىشلىرى قانۇنىنى ۋە جىنايى ئىشلار قانۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، دىنىي قائىدىلەر، توختام، مىراس مەسىلىسى، نىكاھ ئىشلىرى، ئائىلە مەسىلىسى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىھاد (دىن يولىدىكى ئۇرۇش)، شۇنىڭدەك ھالال يېمەك-

---

① يۇسۇپھان ئەلى ئىسلامى: «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە قانۇن»، 38 ـ، 99 ـ بەتلەر.

لىكلەر، قوي - كالىلارنى بوغۇزلاش، گۇۋاھلىق بېرىش، قانۇن تەرتىپلىرى، قانۇن ئاساسلىرى، قۇللارنى ئازاد قىلىش قاتارلىق ھەرخىل مەسىلىلەر توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شەرىئەت ئۆزىگە «قۇرئان كەرىم» نى ئاساس، ھەدىس شەرىفنى تۈۋرۈك، فىقھەنى باشلامچى قىلىدۇ.①

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، شىنجاڭنىڭ قانۇنچىلىق تارىخى ئىپتىدائىي ئادەت قانۇنىدىن ئىجتىمائىي ۋە دىنىي قانۇن تارىخىنى بېسىپ ئۆتكەن. ئۇنىڭدا ئاڭلىق قانۇن قارىشى بىلەن مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى قانۇن مىزانلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەسىرلەر داۋامىدا ئىزچىل ساقلانغان. ئاغزاكى قانۇن - يوسۇنلار يازما قانۇنلارغا ئورۇن بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ مۇتەۋەر ئورنىنى تارتقۇزۇپ قويمىغان. تارىختا تەتبىقلانغان قانۇن - يوسۇنلار شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ مۇقىملىقى ۋە گۈللىنىشىگە غايەت زور دەرىجىدە پايدىلىق ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ، يېڭى دەۋردىكى ئاساسىي قانۇنلۇق دۆلەتكە ئامان - ئېسەن يېتىپ كېلىشىگە تۈرتكە بولغان.

## §5 . مائارىپچىلىق

### 1. مائارىپچىلىق ھەققىدە

مائارىپ — ئىنساننى مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە، نادانلىق، جاھىللىق دۇنياسىدىن سەگەكلىك ۋە مەرىپەت دۇنياسىغا يۈزلەندۈرىدىغان ئۇلۇغۋار خىزمەت.

مائارىپنى تونۇغان، مائارىپنى سۆيگەن، مائارىپنى قوللىغان ۋە مائارىپنى راۋاجلاندۇرغان جەمئىيەت مەڭگۈ گۈركىرەپ تۇرىدىغان پاراۋوزغا ئوخشاش، يەر يۈزىدىكى بارلىق قاتناش ۋاسىتىلىرىدىن ھەيۋەتلىك ۋە زەبەردەس قىياپەتتە ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. ئۇنىڭ كۈشەندىلىرى ئەخلەت - چاۋار ۋە چاڭ - توزانلاردەك يانجىلىپ تۈگەيدۇ ھەم ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ.

شىنجاڭنىڭ مائارىپ تارىخى ئىپتىدائىي مائارىپ، كلاسسىك

① «ئىسلام مەدەنىيىتىگە دائىر بىلىملەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىلى نەشرى.

مائارىپ، يېقىنقى زامان مائارىپى دەۋرىنى بويلاپ، ئۈزلۈكسىز ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋر مائارىپىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

مائارىپ نوقۇل مەكتەپ مائارىپى دائىرىسى بىلەن چەكلەنمەيدۇ. ئۇ ئائىلە مائارىپى، جەمئىيەت مائارىپى ۋە مەكتەپ مائارىپى قاتارلىق كاتېگورىيىلەر ئارقىلىق مۇكەممەل پېداگوگىكىلىق تەربىيە ھادىسىسى شەرىپىگە مۇشەررەف بولىدۇ.

«مائارىپ — ئادەم تەربىيىلەيدىغان ئىجتىمائىي ھادىسە».① ئەجدادلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىلا ئىنسان نەسلىنى تەربىيىگە ئىگە قىلىشنى ئەھمىيەتلىك بىر ئىجتىمائىي پائالىيەت دەپ قاراپ كەلدى. شۇنىسى ئېنىقكى، ئەينى چاغدىكى ئادەملەردە «مەكتەپ مائارىپى» ئۇقۇمى يوق ئىدى. ئۇلاردا ئائىلە تەربىيىسى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. تەربىيە مەزمۇنى ئاغزاكى يەتكۈزۈلگەن ئىجتىمائىي ئاڭ – پىكىر ۋە ئەمەلىي مەشغۇلات جەريانىدا ئېرىشىلگەن ئەمگەك تەجرىبىلىرىنى كۆرۈش، ئەسكە ئېلىش، تەقلىد قىلىپ ئىشلەشتىن ئىبارەت بولاتتى. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، نوقۇل ئىپتىدائىي ئاڭ – پىكىرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ ۋە ئەمگەك مەشغۇلاتىنى كۆرۈپ ئۆزلەشتۈرۈش ھادىسىسىگە سەنئەت ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىشتىن ئىبارەت يېڭى بىر قاتلام ئۆگىنىش جەريانى قوشۇلدى. بۇلار قونچاقلار، توتېم قىياپەتلىك ئادەملەر ۋە باشقا شۇ خىل شەكىلدىكى ماددىي نەرسىلەر ھەم قىياتاش رەسىملىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلار ئۆز زامانىسىنىڭ دانىشمەنلىرىنىڭ قولىدىن چىققان بولغانلىقى ئۈچۈن، قىزىقتۇچىلار ۋە ئۆگەنگۈچىلەرنى ئۆزىگە بەكلا مەھلىيا قىلىۋالاتتى. بۇلار مەكتەپ مائارىپىغا بورۇلۇشنىڭ ئۆتكۈنچى باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىناتتى.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە «ئوقۇتقۇچى» (مۇئەللىم) كەسپىي ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللانمىغان، لېكىن ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئەڭ دەسلەپ ئىختىرا ئىگىسى، تەشكىللىگۈچى ۋە مەبۇد سىيماسى بولغان ئاياللار — ئانىلار ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى ئەۋلاد «مۇئەللىمە»لىرى بولۇشقا مۇناسىپتۇر.

① «پېداگوگىكا»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 – بەت.

## 2. كلاسسىك مائارىپ دەۋرى

«كلاسسىك مائارىپ» غەربىي يۇرتتا يېزىقنىڭ قوللىنىلىشى ۋە يازما ھۆججەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئارخېئولوگىيە ئىلمى شىنجاڭدا 2000 يىللىق يېزىق قوللىنىلغانلىق تارىخىنى ئىسپاتلىدى. مۇشۇ باسقۇچتا «مەكتەپ مائارىپى» بارلىققا كەلگەن ۋە راۋاجلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ تەقدىرى ئاساسەن ئائىلە ۋە جەمئىيەتتە تەربىيىلەنگەنلەرنىڭ قولىدىلا ئەمەس، بەلكى «مەكتەپ مائارىپى» تەربىيىسى ئالغانلارنىڭ قولىدا بولۇپ كەلگەن.

شىنجاڭنىڭ «كلاسسىك مائارىپى» تەخمىنەن مىلادىيە 1 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدىن باشلاپ، مىلادىيە 10 — 11 - ئەسىرلەرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى «بۇددىزم مائارىپى دەۋرى» ۋە مىلادىيە 10- ئەسىردىن مىلادىيە 1780 - يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى «ئىسلام مائارىپى دەۋرى» دېگەن ئىككى چوڭ دەۋرگە ئايرىلىدۇ.

### 1) بۇددىزم مائارىپى

#### (1) تارىم ۋادىسىدىكى مائارىپ

بۇددىزم مائارىپى دەۋرى غەربىي يۇرتتا خىلمۇخىل يېزىقلارنىڭ قوللىنىلىشىغا، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە چوڭ ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشقا، ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى مۇنتىزىملاشتۇرۇشقا تەسىر كۆرسەتتى. ئاشۇ چاغدىن باشلاپ، قارۇشتى يېزىقى، ئۇدۇن يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، بىراھمان يېزىقى، سوغدى يېزىقى قاتارلىق يېزىقلار ئۇدۇن، كروران، سۇلې، كۇسەن، قوچو قاتارلىق جايلاردا يەرلىك ئاھالىلەر تەرىپىدىن ئومۇميۈزلۈك ھالدا قوللىنىلدى. تارىشا، تاختا، سۆڭەك، دەرەخ يوپۇرماقلىرى، رەخت ۋە قەغەزلەرگە يېزىلغان ھۆججەتلەر، ۋەسىقىلەر قولدىن - قولغا ئۆتۈپ، كىشىلەر ئارىسىدا نەپ پەيدا قىلدى. بەزى پىتىكچى (پۈتۈكچى) - كاتىپلار بۇنداق ۋەسىقىلەرنىڭ يېزىپ قالدۇرۇلۇشىدا ۋە ئۆزىنىڭ پىتىكچىلىك قابىلىيىتىنى ياشلارغا ئۆگىتىشتە مۇھىم رول ئوينىدى. مەسىلەن، پىشامشان خانلىقى دەۋرىدە سوتامگا موتىگا (چوڭ دادىسى)، موگىيا (دادىسى) ۋە كارامسا (ئوغلى) دېگەن ئۈچ ئەۋلاد پىتىكچى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلار مىلادىيە 75 - يىلدىن 359 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان پەتتە

نەپەر پىشامشان خاننىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى قا-رۇشتىچە ۋەسىقىلەرنى يېزىپ چىققان. بۇلاردىن باشقا يەنە بۇ دەۋردە تاماسىپا، ئاپىگىيا قاتارلىق بىتىكچىلەرمۇ پىشامشان خانلىرىنىڭ ئەھۋالىغا دائىر ۋەسىقىلەرنى خاتىرىلىگەن. ئالىملار مۇنداق بىر نەر-سىنى ئېنىقلاپ چىققان: يېقىنقى زامان ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بول-غان قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە تىلغا ئېلىنىدىغان بىتىكچى-لەرنىڭ كۆپىنچىسى ئوردىنىڭ كاتىپلىق ۋەزىپىسىگە ئەۋلادمۇئەۋلاد ۋارىسلىق قىلغان. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئەھۋالغا ئاساسەن بۇۋىسى، ئاتىسى ۋە ئوغلىدىن ئىبارەت ئۈچ ئەۋلاد ئادەمنىڭ سالاھىيە-تىدىن پىشامشان خانلىرىنىڭ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپىنى ئېنىقلاپ چىققان. دېمەك، پىشامشان خانلىقى دەۋرىدىكى ئاشۇ بىر تۈركۈم بىتىكچىلەر ئۆز زامانىسىنىڭ ئوقۇمۇش-لۇق كىشىلىرى بولۇپ، ئۇلار پىشامشان خانلىقىنىڭ مەدەنىيىتى، جۈملىدىن يېزىقىنى راۋاجلاندۇرۇش، ساقلاش، ياش ئەۋلادلارنى تەر-بىيىلەش، ئىزباسار يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلار شۇ دەۋرنىڭ ئوردىدا ئىشلەيدىغان ئالىي دەرىجىلىك بىتىكچىلىرىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئەينى زاماننىڭ چېچەن مۇئەللىملىرى بولۇشقا مۇناسىپ.

غەربىي يۇرتنىڭ بۇددىزم دەۋرىدە ھەرقايسى شەھەر - قەلئەلەردە نۇرغۇن ئىبادەتخانىلار ياسىلىپ، ئۇ يەرگە دىنىي راھىب - ئۆلىما، زىيالىيلار توپلىنىپ، دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ئىلىملەر بويىچە بەس - بەس بىلەن مۇھاكىمە - مۇنازىرىلەر ئېلىپ بېرىشاتتى. ئۆز زامانىسى-دا بۇنداق ئىبادەتخانىلار «مەكتەپ» لىك رولىنى ئوينىغان بولۇپ، ئۇ يەرگە تەرەپ - تەرەپتىن يىغىلغانلار ئاز ئەمەس ئىدى. بۇنداقلار-دىن بىرى جۇ شىشىڭ بولۇپ، ئۇ مىلادىيە 260 - يىلى چاڭئەندىن يولغا چىقىپ، چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ ئۆتۈپ، ئۇدۇنغا بېرىپ، براھمان يېزىقىدا يېزىلغان «پراجانا» دېگەن كىتابنى قولغا چۈشۈ-رۈپ، شاگىرتلىرى ئارقىلىق لوياڭغا ئەۋەتكەن.

4 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ يەنە فاشيەن (224؟ — ؟)، جى مىڭ، سۇڭ يۈن، خۇي شېڭ، شۇەنزاڭ، جۇتاۋ شيەن، ۋۇكۇڭ قاتارلىق كىشىلەر دىنىي ئېتىقادنىڭ تۈرتكىسىدە قەتئىي ئىرادىگە

كېلىپ، ئېغىشماستىن غەربكە سەپەر قىلىپ شىنجاڭدىن ئۆتكەن. بەزىلىرى ئۆز كىتابلىرىدا غەربىي يۇرتتىكى دىنىي مەدەنىيەت مۇھىتى توغرۇلۇق قىممەتلىك خاتىرىلەرنى قالدۇرغان.

گېرمانىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى لېكوك (1860 — 1930 - يىللار) شىنجاڭغا قىلغان تەكشۈرۈشىدە، قولغا چۈشۈرگەن بىر پارچە رەسىم بىزنىڭ ئەينى زاماندىكى شىنجاڭ ماتارىپىنى چۈشىنىشىمىزگە بەلگىلىك دەرىجىدە ياردەم بېرىدۇ. بۇ رەسىمدە يۇقىرى تەلىم ئورنى فورمىسىدا كىيىنگەن، بۇرۇتى خەت تارتقان، كېلىشكەن ئۈچ ئەركەك، داستىخان - ياپقۇ سېلىنغان ۋە بىر كىشىگە خاس قىلىپ ياسالغان يېزىق شىرەسىدە يېزىشقا تەييار تۇرغان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن. بۇ كۆرۈنۈش شەرقتىكى بۇددا مۇخلىسلىرىنىڭ ھېكمەت ئاڭلىشى تەسۋىرلەنگەن ياكى غەربتە سىزىلغان ئىبىن سىنانىڭ ھەممەدان شەھىرىدە شاگىرتلىرىغا دەرس سۆزلەۋاتقان ھالىتى تەسۋىرلەنگەن رەسىملەردىن ئالاھىدە پەرقلىق ھالدا ئۆزىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن سېلىشتۇرما ئۈستۈنلۈك ھاسىل قىلغان. مانا بۇ ئەينى زاماندىكى شىنجاڭنىڭ مۇنتىزىم ئالىي ماتارىپىدىن بىر ئۈچۈر.① بۇ رەسىمدىكى كۆرۈنۈشلەردىن ئۇنىڭ بۇددا دىنى مۇھىتىدا سىزىلغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ.

شۇ نەرسىنى قىستۇرۇش زۆرۈرىيەت بولىدۇكى، بۇددا دىنى شىنجاڭغا كىرىپ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ھەم بەھەيۋەت تەسىرىنى كۆرسىتىۋاتقان بولغانلىقى ئۈچۈن، قوشنا رايونلار بولۇپمۇ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى راھىب - ئۆلىمالارنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلىپ، ئىلىمگە تەشنا قەلبىنى قاندۇرىدىغان بىلىم ئوچىقى سۈپىتىدە گەۋدىلەنگەن. ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى راھىبلارنىڭ غەربكە بېرىپ بۇددا دىنى بىلىمىنى ئۆگىنىشى بۇنىڭغا روشەن مىسال بولىدۇ. ئەينى زاماندا ئىبادەتخانىلاردا ئىلىمگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان ئوت يۈرەك بىلىمخۇمارلار توپلىنىپ، قېتىرقىنىپ ئۆگىنەتتى ۋە ئۆگىتەتتى. ئالىم بولمىغانلار ئالىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىقاتتى؛ ئودۇن، سۇلې، كۇسەن، قوچو قاتارلىق شەھەرلەر بۇددا دىنىنى ئۆزلەشتۈر-

① ئا مۇھەممەد ئىمىن: «غەربىي دىيار ماتارىپ تارىخىدىن بىر ئۇچۇر»، «شىنجاڭ ماتارىپى گېزىتى»، 1993 - يىل 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىكى سانى.

دىغان ۋە راھىبلارنى، تەرجىمان ۋە شەرھشۇناسلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئەتراپ رايونلارغا يوللاپ بېرىدىغان مۇھىم ئىلىم مەركەزلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى. رۇس ئالىمى د. ئى. تىخونوۋ: «بۇددىزم كەڭ تارقالغان دەۋرلەردە شىنجاڭدىكى چوڭ ياشتىكى ئەرلەرنىڭ ئۈچتىن بىرى ساۋاتلىق ئىدى»① دەپ كۆرسەتكەن.

ئەينى زاماندا، تارىم بوستانلىقىدىكى مەرىپەت مەركەزلىرىدىن بۇدداسىڭا، كۇماراجىۋا، جىۋا، خېتو، سۇجۇپ، بەي مىڭدا، بەي چىتۇڭ، دىھارماچىن، خۇيلىن، سىكساناندا، ۋايجىرا كىلتى، ۋايجىرا ۋىجر، فېي شىنفۇ، ۋايجىرا ۋازىكىنا، ۋايجىرا ئىراساتكا، ۋايجىرا كۇيجى، ياڭشىدەن، بەي فۇجەن، ۋايجىراچىن، ۋايجىراكان، فېي چىڭئەن، فېي ئاچا، فېي شىڭنۇ، قوشۇخان قاتارلىق ئۆلىما ـ زىيالىيلار يېتىشىپ چىقىپ، زور بىر تۈركۈم زىيالىيلار قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى مەركىزىي جۇڭگو رايونىنىڭ مەدەنىيىتىگە ھەم كۆرۈنەرلىك ھەسسىسىنى قوشقان. بۇ ئۆلىمالارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى ئائىلە ۋە جەمئىيەت تەربىيىسى ئارقىلىق كەلگەن دېگەندىن كۆرە، ئىبادەتخانا ۋە مەكتەپ تەربىيىسى ئارقىلىق مۇكەممەللەشكەن دېيىش تارىخىي رېئاللىققا ئۇيغۇن.

بۇددا سىڭا ( 佛图澄 ، فۇتۇدىڭ، 232 — 348 ـ يىللار) كۇسەندە تۇغۇلغان. مىلادىيە 310 ـ يىلى لوياڭغا بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ ھۆكۈمدارلىرى شى لې، شى خۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولغان. ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن شى لې ۋە شى خۇلار ئۆزلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دائىرىدە 800 نەچچە بۇتخانا سالدۇرغان. چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىن ھەتتا ھىندىستاندىن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلاردىن راھىبلار كېلىپ، ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىپ تۇرغان. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى 10 مىڭدىن ئاشقان.

بوتۇشمى ( 佛图舌弥 ) — كۇسەنلىك، بۇددا دىنى ھىنايانا ئالىمى، كۇسەندىكى خانلىق بخارا (ئىبادەتگاھ) نىڭ باش خەلپەتلىرىدىن بىرى، ئۇ كۇسەن خانلىقىنىڭ باش ئۆلىماسى بولۇپ، كۇسەن ئېلىدىكى نىلۇپەر بخاراسى، ئونسۇ (ۋېنسۇ) بخاراسى، جام خانلىق

① د. ئى. تىخونوۋ: «ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە جەمئىيەت ئەھۋالى» (10 ـ 14 ـ ئەسىرلەر)، 1966 ـ يىلى موسكۋا نەشرى.

بخاراسى، بۇسۋارنات بخاراسى قاتارلىق بخارالارغىمۇ رىياسەتچىلىك قىلغان. كۇمارا جىۋا كىچىك چېغىدا بوتۇشىمەدىن تەلىم ئالغان. بوتۇشىمى چوڭ ئۆلىما ۋە خەلپەت (مۇدەررىس) بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆپلىگەن تالىپلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان.

داموبۇدۇ ( 达摩弗多 ) — سۇلى خانلىقىنىڭ شاھزادىسى، مەشھۇر بۇددا ھىنايانا ئۆلىماسى ۋە بۇددا مۇدەررىسى. مىلادىيە 4 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى چارىكىدە سۇلىغا خان بولغان. كۇمارا جىۋا ئانىسىغا ئەگىشىپ كەشمىرگە بېرىپ ئوقۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سۇلىغا كەلگەندە، داموبۇدۇنىڭ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، ئوردىدا تۇرۇپ قالغان ۋە ئۇنىڭدىن بىرىلىپ تەلىم ئالغان.

شۇلى شومۇ ( 须利苏摩 ) — ساكارائول (ياركەنت) شاھزادىسى، ئەينى زاماندىكى تارىم بوستانلىقى تەۋەسىدە ئورنى ئالاھىدە يۇقىرى بولغان بۇددا ماھايانا ئۆلىماسى ۋە ئۇستازى. كۇمارا جىۋا كەشمىردە ئوقۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ساكارائولدا بىر مەزگىل تۇرۇپ، شۇلى شومۇنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن ماھايانا بۇددىزمىنى قوبۇل قىلغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا كۇمارا جىۋا ئاشۋاگوشا، ناگاراجۇنا، ئارياديۋا قاتارلىق ماھايانا ئۇستازلىرىدىن كېيىنلا شۇلى شومۇنى تۇتىنچى ئۇستاز سۈپىتىدە تىلغا ئالغان.

كۇمارا جىۋا (344 — 413 ـ يىللار) — بۇددا دىنىنىڭ ئاساسى روھىغا ئائىت بىلىملەرنى كۆسەندە ئالغان. ئۇ چاڭئەنگە تەكلىپ بىلەن بارغاندىن كېيىن 800 شاگىرتى بىلەن بۇددا دىنىنىڭ مىزان، قائىدە ۋە باياناتلىرىغا ئائىت 400 جىلدتىن ئارتۇق كىتابلارنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان.

خۇيلىن ( 慧琳 ، 736 — 803 ـ يىللار ) — سۇلى بەگلىكىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان مەشھۇر ئالىم. ئۇنىڭ بۇددا دىنى ۋە جۇڭگونىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى توغرىسىدىكى بىلىمى بەك چوڭقۇر بولغان. ئۇنىڭ «بۇددا ئىبارىلىرىنىڭ تەلەپپۇزى ۋە مەنىلىرى» ( «خۇيلىننىڭ تەلەپپۇز ۋە مەنىلىرى» ، «نوملار شەرھى» ، «ئۇلۇغ نوملارنىڭ تەلەپپۇز ۋە مەنىلىرى» دېگەندەك ناملار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ) ناملىق كىتابى 100 جىلدلىق بولۇپ، ئېلىمىز بويىچە بۇددا دىنى ۋە قەدىمكى خەنزۇ

تىلىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىدىغان مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەتتا چاۋشيەن، ياپونىيىلەرگىمۇ تارقالغان.

غەربىي يۇرتنىڭ بۇددا مائارىپى ئەنئەنىۋى مائارىپ ئۇسۇلىنى ئاساس قىلغان ھالدا سىرتقى ۋە قوشنا رايونلار (مەسىلەن، ھىندىستان، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى قاتارلىق جايلار) نىڭ مائارىپ — پېداگوگىكا ئۇسۇلىنى ئۆگىنىش، تەتبىق قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قوشنا رايونلارغا، بولۇپمۇ مەركىزىي جۇڭگو رايونىغا كۈچلۈك مائارىپ تەسىرىنى كۆرسىتىش، دىنىي مائارىپنى ۋاستە قىلغان ھالدا ئىلىم ئالماشتۇرۇش، ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنلەرنى تەڭ راۋاجلاندۇرۇش، جۈملىدىن تەرجىمە ۋە شەرھشۇناسلىقتا كۆپتىن - كۆپ ئەھمىيەت بېرىش، دىن بىلەن ھاكىمىيەتنى بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ تونۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ روشەن خۇسۇسىيىتىنى ئىپادە قىلغان.

(2) قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ مائارىپى

قوچو ئۇيغۇر ئېلى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىلا، قوچو رايونىدا ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسىيلار ئاچقان مەكتەپ مائارىپى بولغان. بۇنى تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان خەنزۇچە قوليازمىلار ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. جۇڭگونىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە، فېئودال ھۆكۈمرانلار «مۇھاكىمە ۋە بايان» («论语») نى بالىلارنى تەربىيىلەشتىكى ئاساسلىق ئوقۇش دەستۇرلىرىدىن بىرى قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ جېڭ ھەزرەت ئىزاھلىغان نۇسخىسىنىڭ ھۆكۈمەت مەكتىپى ۋە خۇسۇسىيلار مەكتىپى ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن پارچىلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تېپىلدى.

مەسىلەن، 1964 - يىلى تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى 17 - نومۇرلۇق قەبرىدىن «‹مۇھاكىمە ۋە بايان›. جېڭ ھەزرەت شەرھى» («论语・郑氏注») نىڭ قوچو ناھىيىسى ئاچقان مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى جىياجۇڭلى كۆچۈرگەن پارچىسى (دەۋرى مىلادىيە 715 - يىلىدىن كېيىن ئەمەس) قېزىۋېلىندى.[1]

① «جۇڭگو مۇزېيلىرى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مۇزېيى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى 1991 - يىلى، 203 - بەت.

1969 ـ يىلى، تۇرپان ئاستانە قەدىمقى قەبرىستانلىقىدىن «مۇھاكىمە ۋە بايان»، «جېڭ ھەزرەت شەرھى» نىڭ «غەربىي ئوبلاستىنىڭ قوچو ناھىيىسى نىڭچاڭ يېزىسى خۇفېڭ كەنتىدە بولغان خۇسۇسىيلار مەكتىپى ئوقۇغۇچىسى — 12 ياشلىق بۇتيەنشۇۋ» تەرىپىدىن مىلادىيە 710 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن پارچىسى قېزىۋېلىندى. ①

ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، بۇ خانلىق قوچو رايونى ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى جايلار بىلەن بەلگىلىك ئالاقىدە بولغان. بۇ توغرۇلۇق روسىيىلىك ئالىم س. گ. كىلياشتورنىي «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» (759 ـ يىلى تىكلەنگەن) نىڭ 14 ـ قۇرىنى ئىزاھلاپ يازغان «شىنجاڭ ۋە ئوردۇبالىق قاغانى» ناملىق ماقالىسىدە پاكىتلىق قاراشلار بىلەن توختالغان. ②

بۇنىڭدىن قارىغاندا، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا، ئۇيغۇرلار قوچو رايونىنىڭ مۇنتىزىم مائارىپ تەربىيىسى توغرۇلۇق بەلگىلىك تونۇشقا ئىگە بولغان بولۇشى مۇمكىن.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مائارىپ دىنلار بىلەن زىچ باغلانغان، يەنى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ مائارىپى بۇددا دىنى، مانى دىنى قاتارلىق دىنلارنى مۇھىم مەزمۇن قىلغان، شۇنداقلا ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەنلەرنى ئاساس قىلغان. قوچو ئۇيغۇر ئېلى ئەينى زاماندا بۇددا دىنىنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ تونۇلغان. سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭ يەندېنىڭ ئەلچىلىك خاتىرىسىدە ئېيتىلىشىچە، قوچودا 50 تىن ئارتۇق ئورۇندا ساغرام بولغان.

قوچودىكى ساغراملارنىڭ كۆپ تەرەپلىمە رولى بولغانلىقى مەلۇم. بۇ يەرگە توپلانغان راھىب، مۇرىتلار بىر تەرەپتىن، ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغان، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلمىي پائالىيەت، جۈملىدىن مائارىپ ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان.

بۇددا دىنى نوم ـ دەستۇرلىرىنىڭ مەزمۇنى بەك كەڭ ۋە چوڭقۇر، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەنەتكەك تىلى (سانسكرىت تىلى)، توخرى تىلى، خەنزۇ تىلى قاتارلىق تىللاردا بولغاچقا، ھەرقايسى تەرەپلەردىن خەۋەردار بولۇشقا توغرا كېلەتتى.

① «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 343 ـ بەت.
② «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 1994 ـ يىلى 1 ـ سان.

بۇددا نوملىرىنىڭ مەزمۇنىنى دەماللىققا ئوقۇپ چۈشىنىش بەك تەس ئىدى. شۇڭا بۇددا نوملىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشلاپلا بېرىلىپ ئوقۇشقا، باسقۇچمۇباسقۇچ يۇقىرى ئۆرلەشكە توغرا كېلەتتى. ئائىلىدە، خۇسۇسىي مەكتەپلەر ۋە ساڭراملاردا ئۆگىنىش، ئۇستازلارنىڭ يېتەكچىلىكى بولۇش، قاتتىق مەشىق قىلىش، يېزىش، يادلاش، مۇتالىئە قىلىش، مۇنازىرە قىلىش، سوئال- سوراق قىلىش، مەخسۇس تەربىيىلىنىش قاتارلىق پېداگوگىكىلىق قائىدىلەرنىڭ يولغا قويۇلىدىغانلىقى ئەقەللىي ئىش ئىدى. ئەينى زاماندا كۆپچىلىك ئاۋام يۇقىرا بۇددا ئەقىدىسىدىن خەۋەردار بولسىمۇ، ئەمما بۇ دىن ساھەسىدە يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگىلەر كۆپ بولماسلىقى مۇمكىن ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، قىسقىچە ئەھۋالى مەلۇم بولغان بەزى تىلشۇناس، شائىر، يازغۇچى، ئالىملارنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ساڭراملار ۋە مانىستانلار بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان.

قوچو ئۇيغۇر ئېلىدىكى ساڭرام ۋە مانىستانلار ھەرخىل تەبىقە كىشىلىرىنىڭ ئېتىقاد قىزغىنلىقى ۋە ئىلىم تەشنالىقىنى قاندۇرۇش بىلەن بىرگە، قوشنا ئەللەردىن كەلگەن مۇرىت - مۇخلىسلارنىڭ بۇددا ۋە مانى ئەقىدىلىرىنى ئۆگىنىش ئارزۇلىرىغىمۇ پايدىلىق ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەرگەن. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى، تاڭغۇتلار ئېلى ۋە قىتان خانلىقلىرىدىن بىرمۇنچە بۇددا راھىبلىرى قوچو ئۇيغۇر ئېلىگە كېلىپ دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگەنگەن ۋە ئىلىم ئالماشتۇرغان.

ساڭرام ۋە مانىستانلاردىن باشقا، قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدە يەنە بۇددا نوملىرىنى مۇھاكىمە - مۇتالىئە قىلىدىغان خاس ئىلمىي ئورگانلار تەسىس قىلىنغان بولۇپ، بۇ يەرگە سانسكرىت، سوغدى، توخرى ۋە خەنزۇ تىللىرىنى پىششىق بىلىدىغان ئالىملار توپلانغان. ئۇلار دىنىي ئەقىدىلەر، ئىستىلىستىكا، فونېتىكا ساھەسىدە چوڭقۇر ئىزدەنگەن. گېرمانىيىلىك ئۇيغۇرشۇناس گاباين خانىم بۇنداق ئورۇنلارنى «ئاكادېمىيە» ئىدى، دەپ ھېسابلىغان.①

① «چەت ئەللەردىكى تۈركولوگىيە»، موسكۋا پەن نەشرىياتى، 1987 - يىلى، رۇسچە نەشرى، 321 - بەت.

قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ دىنىي مەزمۇندىكى مائارىپىدىن باشقا، ئىجتىمائىي مائارىپ، يەنى ئاممىباب مائارىپمۇ بەلگىلىك نىسبەتتە يۈكسىلىش باسقۇچىدا بولغانلىقىنى دەلىللەيدىغان ماتېرىياللارمۇ يوق ئەمەس. رۇس ئالىملىرىدىن تىخونوفنىڭ «بۇددىزىم كەڭ تارقالغان دەۋردە، شىنجاڭدا چوڭ ياشتىكى ئەرلەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ساۋاتلىق ئىدى»① دېگەن كۆز قارىشى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. بۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتىن كۆرۈپ يېتىشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، يېزىق قوللىنىش جەمئىيەتتە خېلى كەڭ ئومۇملاشقان. بۇنى ئۆز زامانىسىدىن يېتىپ كەلگەن توختامنامە، قەرز ھۆججىتى قاتارلىق ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇلار چوڭ جەھەتتىن ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى ۋە خۇسۇسىي ھۆججەتلەر دېگەن تۈرگە ئايرىپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. خۇسۇسىي ھۆججەتلەرنىڭ كۆپى كۈندىلىك تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلاردا يەر، ئۈزۈملۈك باغ، ئاشلىق، ئائىلە ۋە ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى ئىجارىگە ئېلىش، سېتىۋېلىش توغرىسىدىمۇ چۈشىنىشلىك ھۆججەت ۋە توختامنامىلەر يېزىلغان بولۇپ، بۇلار پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە خەلق ئارىسىدا ئوقۇغان ساۋاتلىق كىشىلەرنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ئىككىنچى، ئاممىباپ ئەدەبىيات مۇناسىپ تەرەققىياتقا ئېرىشكەن. ئۆز زامانىسىدىن يېتىپ كەلگەن شېئىر، نەسرىي ئەسەرلەر، ماقال - تەمسىل، داستانلار ۋە بىر قىسىم تەرجىمە ئەسەرلەر بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەن ساھەلىرىدە زور ئۇتۇقلار قولغا كەلگەن. مەسىلەن، يۇقىرىدا دېيىلگەندەك خاس ئەدەبىيات ۋە تەرجىمىچىلىك ساھەسىدىن باشقا، رەسساملىق، نەققاشلىق، ھەيكەلتىراشلىق، بىناكارلىق، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك قاتارلىق ساھەلەردە يېڭى - يېڭى ئۇتۇقلار قولغا كەلگەن. چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىمۇ يۈكسەلگەن. بۇلار ئەلۋەتتە

① د. ي. تىخونوف: «ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە جەمئىيەت تۈزۈمى»، موسكۋا، 1966 - يىلى، رۇسچە نەشرى.

كونا بىلىملەرنى يەكۈنلەش، چوڭلار ياشلارغا، ئۇستازلار شاگىرتلارغا ئۆگىتىش، ئائىلە، جەمئىيەت ۋە مەكتەپلەردە ئۆگىنىش ئارقىلىق يېتىلىنىپ تۈرۈلغان. ھەتتا سودا - تىجارەت ئۈچۈنمۇ ئوقۇش ۋە بىلىم كېرەك بولاتتى. فەن باۋلىيالىڭ ئەپەندى بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇيغۇر ئەرلىرى «غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقتە خېبېي، شەندۇڭغىچە قەدىمى يەتكەندى. مەقسەتلىرى پۇل تېپىش، پايدا ئېلىش بولسىمۇ، جاپا - مۇشەققەتكە قارىماستىن شەرق ۋە غەربكە چېپىپ يۈرۈش روھى، ئومۇمەن ئۇلارنىڭ ئەمگەكچانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلار تىجارەت ئەھلى بولمىسا، تۇبۇتلەر، خەنزۇلار بىلەن تىجارەت قىلالمايتتى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار جاۋاھىراتلارنى تونۇيتتى. دۆت ئادەملەر بۇنداق ئىشلارنى قىلالمايتتى. ... ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا ‹سارت› (تۈركىي تىلىدا ‹سودىگەر› دېگەن مەنىدە) دەپ بەرگەن نامىدىنلا بۇنى تولۇق ئۇقۇۋالالايمىز. دېمەك، ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن تىجارەت ماھىرلىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ‹سۇڭخۇ خاتىرىلىرى›، دە گەنجۇ، لياڭجۇ، گۇاجۇ، شاجۇلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ چېدىرلىرى بار ئىدى. كېيىن ئۇلار تاڭغۇتلار ئىدارىسىگە ئۆتتى... ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىكى يەن (خېبېي) دە تىجارەت قىلاتتى.»①

دېمەك، فېئوداللىزمنىڭ خېلى گۈللەنگەن دەۋرىدە تۇرغان قوچو ئۇيغۇر ئېلىدىكىلەر، مەيلى قانداق ئىجتىمائىي پائالىيەت، ياكى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانسۇن، بىلىم ۋە تېخنىكىنىڭ كۈچىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بىلەن قارىغان.

قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ مائارىپى ئىچكى قىسمىغا قارىتىلمىش بىلەنلا چەكلەنمىگەن، بەلكى يەنە قوشنا رايونلار ۋە ئەللەرنىڭ تەلىم - تەربىيە، مائارىپ - مەدەنىيىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ نۇقتىنى روشەنلەشتۈرۈش قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ مائارىپ ئەھۋالى ۋە مائارىپ سەۋىيىسىنى مۆلچەرلەشكە ياكى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشىنىشكە پايدىلىق. قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ سىرتقا قارىتا يۈرگۈزگەن مائارىپ تەربىيىسى تىل - يېزىق، ئىجتىمائىي بىلىملەر

① فەن باۋلىيالىڭ: «ئۇيغۇر تارىخىدىكى مۇھىم بىر بۇرۇلۇش دەۋرى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1986 - يىلى 4 - سان.

ۋە دىنىي ئەقىدىلەر قاتارلىقلارغا چېتىلغان.

ئۇيغۇر يېزىقى بۇ خانلىق تەۋەسىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلەتتى. بۇ يېزىق ئىجتىمائىي ئالاقىلەر نەتىجىسىدە، نايمانلار، قىتانلار ۋە موڭغۇللارغا تەسىر قىلىپ، بۇ قوۋملار جەمئىيىتىدە ئىشلىتىلىدىغان يېزىق بولۇپ قالغان. قوچو ئۇيغۇرلىرىدىن بولغان باخشى، مۇئەللىملەر نايمان، قىتان ۋە موڭغۇللار ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلار جەمەتىگە بۇ يېزىقنى ئۆگەتكەن. يېزىقنىڭ ۋاستىسى بىلەن باشقا مەدەنىيەت بىلىملىرىنىمۇ ئۆگەتىلگەن.① بۇ ئۇقتىنى فرانسىيىلىك شەرقشۇناس ل. خامىلتوننىڭ «ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتىنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى بىلەن، 13 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى ئۇلار ئەمەلىيەتتە تۈركىي ۋە موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ مەدەنىيەت پېشۋالىرى دېگەن ئاتاققا ئىگە بولغان»② دەپ، فرانسىيىلىك يەنە بىر شەرقشۇناس گروسسېنىڭ «ئۇيغۇرلار ئالتاي بىلەن ئورقۇندىكى تۈرك، موڭغۇل دۆلەتلىرى، 12 ـ ئەسىردىكى نايمانلار ۋە 13 ـ ئەسىردىكى چىڭگىزخان جەمەتىنىڭ مەدەنىيەت ئۇستازىغا ئايلانغاندى»③ دەپ يازغانلىقىدىن بىلىۋالالايمىز.

قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ سىرتقا قارىتا يۈرگۈزگەن مائارىپ تەربىيىسىدە، دىنىنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرىنى تەشۋىق قىلىشمۇ مۇھىم مەزمۇن قىلىنغان. تۇتۇ يازغان «سۆزنامە» دە، ئۇيغۇر راھىبلىرىنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا بېرىپ دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئېيتىلغان.④ شى لەنلەن باخشىنىڭ بېيجىڭدىكى موڭغۇل ئوردىسىدا

---

① بۇ مەقتىكى تارىخىي خاتىرىلەر تۆۋەندىكى مەنبەلەردە كۆرسىتىلگەن:
1. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. تاتا تۇڭا تەزكىرىسى».
2. سۇڭ لىەن: «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. دېھارما تەزكىرىسى».
3. سۇڭ لىەن: «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. قارابىغاچ بۇيرۇق تەزكىرىسى».
4. سۇڭ لىەن: «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. يۈرۈڭ تۆمۈر تەزكىرىسى»، ئوۋياڭ شۈەن: «گۈيجەي توپلىمى. 11 جىلد. قوچولۇق شىي جەمەتى تەزكىرىسى».
5. سۇڭ لىەن: «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. سىبان تەزكىرىسى».
6. سۇڭ لىەن: «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. سەككىز تەزكىرىسى»، ئوۋياڭ شۈەن: «گۈيجەي توپلىمى. 11 جىلد. قوچولۇق شىي جەمەتى تەزكىرىسى».
7. ئا. مۇھەممەد ئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى، 50 ـ بەت.
8. سۇڭ لىەن: «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. ئارغۇن سالى تەزكىرىسى».
9. سۇڭ لىەن: «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. لىەن شىشەن تەزكىرىسى» قاتارلىقلارغا قارالسۇن.

② ج. خامىلتون: «بەش دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرى» (خەنزۇچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى، 8 ـ بەت.

③ گروسسې: «ياۋلاق ئىمپېرىيىلىرى»، چىڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى، 147 ـ بەت.

④ تۇتۇ: «سۆزنامە»، 197 ـ جىلد 1 ـ قىسىم، 4 ـ بەت.

بۇددا ئەقىدىسىنى تارقاتقانلىقى، بىرمۇنچە بۇددا نوملىرىنى كۆچۈرگەنلىكى، ئوتتۇرا جۇڭگونىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە بىرمۇنچە ئىبادەتخانىلارنى ياساتقۇزغانلىقى تارىختىن بىزگە مەلۇم. قىتانلار، تاغغۇتلار ئېلىگە بارغانلارمۇ بار.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مائارىپ ـ مەدەنىيىتىدە چوڭ يۈكسىلىش بولغان، جۇملىدىن مائارىپ ئىشلىرى ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ مەسىلىنى بىز شەرقشۇناسلاردىن جەففار ئەل ئەھمەدنىڭ «ئۇيغۇرلاردا قانۇن ۋە مالىيە ئاتالمىلىرى» («شەرقىي ئوكيان تارىخى تەتقىقات مەجمۇئەسى» ياپونچە IV توم، 510 ـ بەت) دېگەن ماقالىسىدىكى مۇنۇ بايان ئارقىلىق روشەنلەشتۈرەلەيمىز: «12 — 14 ـ ئەسىرلەردىكى بەشبالىق ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى، بۈنىڭدىن 50 — 60 يىل ئىلگىرىكى، يەنى مۇشۇ ئەسىر (20 ـ ئەسىر) نىڭ بېشىدىكى شۇ جاينىڭ تۇرمۇشىدىن كۆپ ئۈستۈن ئىدى. ئۇلار شۇ ئەسىرلەردە غەربىي ياۋروپا زېمىندارلىرى، رىتسارلىرى، ھەتتا يېروسالىمغا يۈرۈش قىلغان ئەھلىسەلىپ ئارمىيىسىگە قاتناشقان خرىستىئانلارغا سېلىشتۇرغاندا، تېخنىكا ۋە تەربىيە كۆرۈشتە يەنە ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى… ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيەت ئىقتىدارى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئەلۋەتتە مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم».①

قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا مائارىپ ئىشلىرى بەلگىلىك دەرىجىدە يۈكسەلگەن بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خانلىق دەۋرىدە ئىلىم ـ پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە نەتىجىلەر قولغا كەلگەن. بولۇپمۇ تىل ـ ئەدەبىيات، لۇغەت، تەرجىمىچىلىك، تېبابەتچىلىك، رەسساملىق، كالېندارچىلىق قاتارلىق ساھەلەرگە مەنسۇپ نۇرغۇن يازما ھۆججەتلەر دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلىپ، تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىنى باي ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتتى. سىڭقۇسېلى تۇتۇڭ، پىرتانىراكشىت، ۋاپسى باخشى، ئاپرىنچۇر تېگىن، قالىم قايشى، ئاتسالىڭ، كى كى، سىلىغ تېگىن قاتارلىق تىلشۇناس، تەرجىمان، شائىر ۋە پەيلاسوپلار قويۇق مائارىپ مەدەنىيىتى مۇھىتىدا يېتىشىپ چىققان. «ئوغۇزنامە»، «ئالتۇن يارۇق»، «مايترى سىمىت»، «كۆڭۈل تۈزۈن ئوقۇتتاچى

① ياڭ فۇشۆ: «ئۇيغۇرلاردا بۇددىزم»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 65 ـ بەت.

نوم بىتىگ» («ئاگىنىڭ ماھىيىتىنى بىلدۈرگۈچى نوم پۈتۈك»، 13- ئەسىردىكى بۇددا مۇتەپەككۇرى ۋاپىسى باخشى ئەسىرى) قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى تاسادىپىي ھادىسە ئەمەس، يەنە بىرمۇنچە بۇددا نوملىرىنىڭ تەرجىمە نۇسخىلىرى بولغاندىن باشقا، «ئىنجىل»، «ئىزوپ مەسەللىرى»، «بەشنامە» («پەنجە تانتارا»، يەنى «كەلىلە ۋە دەمنە»)، «رامايانا»، «ماخاپخاراتا» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە پارچىلىرىنىڭ قوچودىن تېپىلىشى تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك ئىشتۇر.

2) ئىسلام مائارىپى

قاراخانىيلار خانلىقى زامانىسىدا ئاساس سېلىنغان شىنجاڭ ئىسلام دىنىي مائارىپى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىنىڭ يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ، گاھى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، گاھى تۆۋەن مۇقامدا يۈرۈشۈپ تۇرغان. مەيلى قايسى سەۋىيىدە بولمىسۇن، 1950- يىللىرىغىچە ئىسلام دىنىي مائارىپىنىڭ شىنجاڭ جەمئىيىتىدە ئوينىغان رولى چوڭ بولغان.

چاغاتاي ئۇلۇسى (1224 — 1309- يىللار) ۋە چاغاتاي خانلىقى (1309 — 1348- يىللار) زامانىسىدا كاشغەر ۋە بۇخارادىكى «مەدرىسەئى مەسئۇدىيە» نىڭ تەسىرى بەك چوڭ بولغان. بۇ مەدرىسىنى چاغاتاي خانىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تەيىنلىگەن ئۇيغۇر باش ۋالىيسى مەھمۇد يالاۋاچنىڭ ئوغلى مەسئۇد يالاۋاچ (مەسئۇدبەگ) 1238- يىللىرىدىن كېيىن بىنا قىلغان بولۇپ، ئۇ 1255 — 1289- يىلىغىچە بۇ مەدرىسلەرگە شەخسەن ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلغان. كاشغەردىكى «مەدرىسەئى مەسئۇدىيە» 1388- يىلى تەپرىقىچىلىك جەريانىدا ۋەيران قىلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىرى ئۇزۇن ئەسىرلەرگىچە قويۇق ساقلانغان.

تۆمۈرىيلەر پادىشاھلىقى دەۋرى (1370 — 1507- يىللار) دە ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھىراتتا «ئىخلاسىيە»، «شىفائىيە» مەدرىسلىرىنى، «خەلاسىيە» خانىقاسىنى بىنا قىلدۇرغانلىقى ئۆز دەۋرىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا قوشۇلغان چوڭ ھەسسە بولۇپ، بۇنى تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى مائارىپ تەرەققىياتىنى ئۆگىنىشكە زۆرۈرىي تولۇقلىما ماتېرىيال قىلىشقا بولىدۇ. بۇ دەۋردە سەمەرقەنت ۋە ھىراتتا سەئىبدىن

كاشغەرى (1377—1456- يىللار)، ئەبەيدۇللا لۇتفى (1366—1465- يىللار) قاتارلىق ئۇيغۇر مۇدەررىسلىرى (ئەبەيدۇللا لۇتفى ھەم شائىر ئىدى) مۇتەنۇەر زاتلار ھېسابلانغان.

يەكەن خانلىقى دەۋرى (1514 — 1680 - يىللار) شىنجاڭ ئىسلام دىنى مائارىپى تەرەققىي قىلغان دەۋر بولدى. سەئىدخان، ئابدۇرەشىدخانلار مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. «تارىخىي ئابدۇرەشىدخان» ناملىق تەزكىرىدە بايان قىلىنىشىچە، بۇ خانلىق تەۋەسىدە 1690 مەكتەپ بولغان.① يەنە باشقا ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە، ئەينى زاماندا يەكەن شەھىرىدىلا ئالتۇن مەدرىس، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر مەدرىسى، رەشىدىيە مەدرىسى② قاتارلىق داڭلىق مەدرىسلەر بولغان. كاشغەر قاتارلىق شەھەرلەردىمۇ خېلى كۆپ مەدرىسلەر بولغان. يەكەندىكى مەدرىسلەرگە جاي - جايلاردىن كىشىلەر كېلىپ ئوقۇغان. خوتەنلىك مۇسىقا (مۇزىكا) تارىخى تەتقىقاتچىسى مۇجىزى (1820 - يىلى تۇغۇلغان) نىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» (1854 — 1855 - يىللىرى يېزىلغان) ناملىق كىتابىدىكى مۇقام ئۇستازى يۈسۈپ قىدىرخاننىڭ «ئىراقتىن، ئىراندىن، تەبرىزدىن، خارەزم، سەمەرقەنت، ئەنجان، ئىستانبۇل، كەشمىر، بەلخ، شىراز قاتارلىق يىراق شەھەرلەردىن مۇسىقا ئۆگىنىشكە كەلگەن شاگىرتلىرى بار ئىدى»③ دېگەن بايانىدىن بۇ نۇقتا روشەن بولىدۇ.

يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرىدا خوجا - ئىشانلارنىڭ تەپرىقىچىلىك پائالىيەتلىرى باشلىنىپ، باشقا مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ئىشلىرىغا ئوخشاش مائارىپ ئىشلىرىدىمۇ بەلگىلىك چېكىنىش، بۇرۇقتۇرمىلىق كەيپىيات بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىيۈزلۈك پالەچ ھالەتكە چۈشكەن ئەمەس. بۇنى ئۆز دەۋرىنىڭ تونۇلغان شائىرى مۇھەممەد سىدىق زەلىلىنىڭ 1718 - يىلى يازغان «سەپەرنامە» ناملىق داستانىدا ئۆزىنىڭ 30 ياشقىچە يەكەندە تەربىيىلەنگەنلىكى ھەققىدە سۆزلەپ، ئۆز زامانىسىدا يەكەندە شېئىرىيەت ۋە پەلسەپىدە ئەفلاتۇنغا دەرس بېرىدىغان مۇدەررىسلەرنىڭ بولغانلىقىنى ئېيتقانلىقىدىن بىلىـ

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1988 - يىلى 1 - سان، ئۈرۈمچى.
② سۇلتان مامۇت: «يۇرتىمىزدىكى يەر ناملىرىغا دائىر ئىزدىنىشلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1999 - يىلى نەشرى.
③ مۇجىزى: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 - يىلى نەشرى.

ۋالىمىز.

80 يىللىق خوجىلار ھۆكۈمرانلىق مەزگىلىنىڭ بەزى چاغلىرىدا خەلقچىل ۋە مەرىپەتكە مايىل بەزى ھۆكۈمرانلارمۇ جاھان سورىغان. مەسىلەن، خوجا جاھان (1685 — 1756 ـ يىللار) دېگەن بىر كىشى يەكەندە بىر مەزگىل (1735 — 1756 ـ يىللىرىغىچە) يەرلىك خان بولغان. كاشغەرلىك ئالىم مۇھەممەد سادىق كاشغەرى «تەزكىرەئى ئەزىزان» (1769 — 1770 ـ يىللىرى يېزىلغان) دا خوجا جاھان زامانىسىنى ھۆسەيىن بايقارا دەۋرىگە ئوخشاتقان ۋە مۇنداق يازغان:

— خوجا جاھاننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياركەنتتە «ئاق مەدرىسە» ناملىق بىر ئالىي ئوقۇتۇش يۇرتى بىنا قىلىنىدى. بۇ ئوقۇتۇش يۇرتى كېيىنچە «مەدرىسە خامۇش» دەپ ئاتالدى.①

خوجا جاھان يەنە مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەر تەرەپلىك تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن.

مەركىزىي ھۆكۈمەت 1759 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ئېغىر تەپرىقە-چىلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئومۇمىي ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەزىيەتتە مۇقىملىق كەيپىياتىنى بارلىققا كەلتۈردى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا نىسبەتەن ئۆزگىچە سىياسەت قوللى-نىپ، مىللەت، دىن قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا ھەرقايسى مىللەت-لەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ ـ ئادىتىنى ساقلاپ قېلىش، مۇسۇل-مانلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا ئارىلاشماسلىق سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئىسلام مائارىپىنى چەكلىمەستىن، بەلكى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەزەلدىن يۈرگۈزۈلۈۋاتقان بەگلىك تۈزۈم يولغا قويۇلغان چاغدىكى تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ساقلاپ قالدى. مەكتەپ ـ مەدرىسلەردە باشلانغۇچ ۋە ئالىي مائارىپ يولغا قويۇلدى.

1756 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، سىياسىي، ئىجتىمائىي جەھەتتە بىر قاتار داۋالغۇشلار بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي ۋەزىيەتتە بىرلىك ۋە مۇقىملىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى.

بۇ يىللاردا كاشغەر، يەكەن قاتارلىق شەھەرلەردە ئەزەلدىن بار

---

① «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى، 82 ـ، 83 ـ بەتلەر.

بولغان مەدرىسىلەر نورمال ئوقۇتۇشنى يولغا قويغاندىن باشقا، يەنە بەزى مەدرىسلەر يېڭىدىن بىنا قىلىنغان. خوتەن، كۇچا، قۇمۇل، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەردىمۇ مەدرىسلەر تەسىس قىلىنغان.

ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە قۇرۇلۇپ، 1950 ـ يىلىغىچە يۈرۈشۈپ تۇرغان مەدرىسلەردىن ھېيتگاھ جامەسى، مەدرىسى ئەلاخان تۆرەم مەدرىسى، خانلىق مەدرىسى، توقام مەدرىسى، ساچىيە مەدرىسى، ساقىيە مەدرىسى، لايپەشتاق مەدرىسى، كەسكەن يار مەدرىسى، چاسا مەدرىسى، شاپولات بەگ مەدرىسى (بۇلار كاشغەر شەھىرىدە).

يەكەن شەھىرىدىكى خېلى كۆپ مەدرىسلەر 1950 ـ يىللارغىچە داۋاملىق مەۋجۇت بولغان.

كۇچادا كۇچا خانىقاسى، كۆك مەدرىس، ئاق مەدرىس، ساقساق مەدرىسى قاتارلىق مەدرىسلەر داڭلىق ھېسابلانغان.

لۈكچۈندە «لۈكچۈن بەگلىك (ۋاڭلىق) مەدرىسى» تۇرپان ئويمانلىقىدا تەسىرى خېلى چوڭ بولغان. بۇنى ئىمىن خوجا 1762 ـ يىلى لۈكچۈندە ۋاڭلىق مەنسىپىدە ئولتۇرغاندا بىنا قىلغان بولۇپ، كېيىن خانلىق مەدرىسە دەپ ئاتالغان ۋە 1950 ـ يىلىغىچە مەۋجۇت بولغان.

قۇمۇلدىكى داڭلىق مەدرىسلەر 1831 ـ يىلى مۇھەممەد بېشىر ۋاڭ تەسىس قىلغان قۇمۇل كونا مەدرىسى، شاھ مەھمۇد ۋاڭ 1905 ـ يىلى بىنا قىلدۇرغان قۇمۇل يېڭى مەدرىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، قۇمۇلدىكى بەزى مەدرىسلەردە تاكى 1956 ـ يىلىغىچە ئوقۇش داۋاملاشقان.

ئىلى تەۋەسىدە 1750 ـ يىللىرى بىر تۈركۈم ھاللىق مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر ئىئانە توپلاپ، ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى بىلەن بەيتۇللا جامەسىنىڭ شىمال تەرىپىگە ئوقۇتۇش ئورنى تەسىس قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بەيتۇللا جامەسى ھۇزۇرىدا تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرى يولغا قويۇلغان. بەيتۇللا جامەسى ئىچىدە تەسىس قىلىنغان «بەيتۇللا مەدرىسى» 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى، بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىدە تەسىرى چوڭ مەدرىسلەردىن بولۇپ شۆھرەت قازانغان.

بۇ يىللاردا شىنجاڭدىكى چوڭ شەھەرلەردىلا مەدرىسلەر بىنا قىلىنىپ قالماستىن، بەلكى ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك ئورۇنلاردىمۇ

مەدرىسلەر بولغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدا زادى قانچىلىك مەدرىسە بارلىقى توغرۇلۇق ئېنىق ستاتىستىكا يوق. ئەمما ئەينى زاماندا كاشغەر شەھىرىدە 17 مەدرىسە، يەكەن شەھىرىدە 62 مەدرىسە بولغان. يەكەن شەھىرىدىكى 29 مەدرىسە مىنگونىڭ دەسلەپكىچە مۇكەممەل ساقلانغان.

جۇڭخۇا مىنگو (1912 ـ 1949 ـ يىللار) دەۋرىگە كەلگەندىمۇ ئىسلام دىنىي مائارىپى شىنجاڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي مائارىپ يۆنىلىشى بولغان. مەسىلەن، 1949 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئالتە ناھىيىنىڭ دىنىي مەكتەپلىرىنىڭ سانى 347، ئوقۇغۇچى سانى 105 مىڭ 900 بولغان بولسا، ئاممىباب پەننىي مەكتەپلەر 282، ئوقۇغۇچى سانى 51 مىڭ 446 بولغان.①

مەدرىسلەرنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنى ئىسلام دىنى مەزمۇنى ئىدى. يەنى قۇرئان، ئىسلام پەلسەپىسى، فىقھە، ئىسلام تارىخى، ھەدىس ۋە باشقىلار. يەنە ئەرەب، پارس تىلىدا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر، جۈملىدىن شېئىرىي دىۋانلار ئوقۇتۇلغان، تىبابەتچىلىك، ئىلمىي نۇجۇم، مەنتىق قاتارلىق ئىلىملەرمۇ ئۆگىتىلگەن. بۇ جەھەتتە قاراخانىيلار خانلىقى زامانىسىدىكى مەدرىسلەردە يولغا قويۇلغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئاساسەن داۋاملاشتۇرۇلغان، جۈملىدىن دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماس ھالدا ئىسلاھ قىلىنىپ تۇرۇلغان. ئىسلام دىنىي مائارىپى دەۋردە ئىسلام مەدرىسە مائارىپىلا بولغان ئەمەس. جەمئىيەتنىڭ باشقا ساھەلىرىگە تۇتىشىدىغان تەلىم ـ تەربىيە ئوقۇتۇشىمۇ ئايرىم ئىجتىمائىي پەنلەردە ئوقۇتۇلۇپ تۇرۇلغان. مەسىلەن، يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئەھۋاللارنى ئېلىپ ئېيتساق، ئەينى زاماندا يەكەن شەھىرىدە «سىپاھىيە» (ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە مەكتىپى)، «شىپائەت» (تىببىي مەكتەپ)، «ھۇدۇدىيە» (مۇداپىئە ئىشلىرى مەكتىپى)، «ئايىنەئى سەپرات» (ئەلچىلىك مەكتىپى)، مۇسىقا (مۇزىكا) مەكتەپلىرى بولغان.②

شىنجاڭنىڭ 1000 يىللىق ئىسلام دىنىي مائارىپى تارىخىدا نۇر-

---

① گۇۋاۋ: «يىللاردىكى تەتقىقات ماقالىلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 220 ـ بەت.

② ئابدۇللا تالىپ: «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى، 73 ـ بەت.

غۇن داڭلىق مۇدەررىسلەر ئۆتكەن، ئۇلارنىڭ داڭقى يىراقلارغا تارقالغان، ئەسىرى ئۇزۇن يىل ساقلانغان. بۇلاردىن ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكلىرى ھۈسەيىن ئىبنى خەلەف كاشغەرى (973 — 1093 - يىللار)، مەھمۇد كاشغەرى، جامال قارشى (1230 — 1315 - يىللار)، سەئىدىدىن كاشغەرى (1377 — 1456 - يىللار)، موللا توختى كاشغەرى (1800 — 1890 - يىللار)، ھۈسەيىنخان تەجەللى (1856 — 1924 - يىللار)، ئابدۇقادىر داموللام (1862 — 1924 - يىللار) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، غەربىي يۇرتنىڭ ئىسلام مائارىپى، جۈملىدىن مەدرىسە مائارىپى ئۆز زامانىسىدىكى شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ماسلاشقان، نوقۇل دىنىي ئىدىيىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئەينى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي، قانۇن، تەبىئىي پەن ساھەلىرى، بولۇپمۇ تىبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە (ئىلمىي نۇجۇم) قاتارلىق ساھەلىرىدىنمۇ كەڭ دائىرىلىك ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىپ، جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشىگە بىر كىشىلىك ھەسسە قوشقان. خۇراپىي، مۇتەئەسسىپ خاھىش بولسا ئاساسىي ئېقىمغا ئايلىنالمىغان.

## 3. يېقىنقى زامان مائارىپى ئەھۋالى

1840 - يىلى جۇڭگودا ئەپيۇنگە قارشى ئۇرۇش بولدى. بۇ جۇڭگو تارىخىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ، جۇڭگو شۇنىڭدىن باشلاپ مۇستەقىل فېئودالىق دۆلەتتىن قەدەممۇ قەدەم يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئودالىق دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى. ئەپيۇن ئۇرۇشى جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ باشلىنىشى بولدى.

شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان مائارىپىمۇ 1840 - يىلىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىش شەرتىنى ھازىرلىدى.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئىككى خىل خاراكتېرگە ئىگە مائارىپ تۈزۈمى شەكىللىنىشكە باشلىغان. بىر خىلى ئەنئەنىۋى ئىسلام مائارىپى، يەنە بىرى خەنزۇ تىلىنى ۋاسىتە، جۇڭگو مائارىپىنى مەزمۇن قىلغان شۆتاڭ (学堂) مائارىپى. ھۆكۈمەت شۆتاڭ ئوقۇتۇشىنى بىر تۇتاش

باشقۇرغان، دۆلەت خەزىنىسىدىن مەكتەپكە خىراجەت ئاجرىتىلغان. ھەتتا شۆتاڭ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەقسىز ئوقۇتۇشنى يولغا قويغان. مەسىلەن، شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى مۇنداق ھەقسىز مەكتەپلەر 30 نەچچىگە يەتكەن. ھۆكۈمەت ئوقۇغۇچىلارغا ھەر ئايدا 60 — 70 ئاقچا بەرگەن. 1880 ـ يىلى شىنجاڭدا قۇرۇلغان ھەقسىز مەكتەپ 37 گە يەتكەن.

شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەكتەپلەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، 1902 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە سىياسىي ـ قانۇن مەكتىپى ۋە باشقىلار قۇرۇلغان.

1906 ـ يىلىدىن كېيىن ئۈرۈمچى، كاشغەر، ئىلى، ئاقسۇ، باركۆل، كاشغەر يېڭىشەھەر قاتارلىق جايلاردا باشلانغۇچ ۋە كەسپىي تېخنىكا مەخسۇس كۇرس مەكتەپلىرىدىن 622 سى قۇرۇلۇپ، 15 مىڭ 963 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇنداق ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەردە ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلارمۇ يېتىشتۈرۈلۈپ، ئوقۇتۇش ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى بىلەنمۇ ئېلىپ بېرىلغان. بۇنداق مەكتەپلەر مىنگونىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا قەدەر بارغانسېرى كۆپىيىپ بارغان.

1924 ـ يىلى قۇرۇلغان شىنجاڭ رۇس تىلى سىياسىي ـ قانۇن مەكتىپى ئاساسىدا 1935 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئىنستىتۇتى قۇرۇلغان. بۇ شىنجاڭدا يېڭىچە ئالىي مائارىپنىڭ باشلىنىشىدىن دېرەك بېرەتتى.

1840 ـ يىللاردىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر سودىگەرلەر رۇسىيە ۋە غەربىي ياۋروپاغا تېخىمۇ كۆپلەپ بېرىپ، سودا قىلىش جەريانىدا ئاڭ ـ سەۋىيە جەھەتتە يېڭىلىققا مايىللىقى ئېشىپ بارغان. ئۇلار ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەنئەنىۋى مائارىپنى ئىسلاھ قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن.

1911 ـ يىلى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسىغا كەلگەندە، ئىلى ۋە كاشغەرلەردە يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەردىن بىر قانچىسى قۇرۇلغان. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، 1907 — 1908 ـ يىللىرى ئىلىدا مۇساباي جەمەتىنىڭ ئىلكىدە مەكتەپ بولغان. شۇ يىللاردا

كاشغەر شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلاردا يېڭىچە مەكتەپلەر ئېچىلغان. ئابدۇقادىر داموللام 1912 ـ يىلى كاشغەر شەھىرىدە يېڭىچە مەكتەپ ئاچقان.①

1933 ـ يىل 7 ـ ئايدا كاشغەر شەھىرىدە «ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلغان. بۇ 1934 ـ يىلى ئۇرۇمچىدە ئۆلكىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساس بولغان.

شۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇلغان شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلار شىنجاڭ جەمئىيىتىدە يېڭىچە مائارىپنى يولغا قويۇشتا ھالقىلىق رول ئوينىدى.

1936 ـ يىلىغا كەلگەندە، شىنجاڭنىڭ جاي ـ جايلىرىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى قۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپ 1736 بولۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 124 مىڭ 174 كە، ئوتتۇرا مەكتەپ ئۈچ بولۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 440 قا يەتكەن، يەنە 10 پېداگوگىكا سىنىپى ئېچىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا 535 ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرگەن. يەنە چوڭلار ساۋات چىقىرىش مەكتىپىدىن 115 ى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا 4760 ئوقۇغۇچى ئوقۇغان. دېمەك، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى 1936 ـ يىلىغىچە 1980 ئورۇندا مەكتەپ ئېچىپ، 129 مىڭ 469 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇتقان.

يەنە شۇ يىللاردا قازاق، قىرغىز ئۇيۇشمىسى 207، خۇيزۇ ئۇيۇشمىسى 37، موڭغۇل ئۇيۇشمىسى 11 مەكتەپ قۇرغان.② 1942ـ يىلى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھۆكۈمەت باشقۇرغان مەكتەپلەر بىلەن ئۇيۇشمىلار قۇرغان مەكتەپلەر سانى 2463، ئوقۇغۇچىلار سانى 271 مىڭ 10 نەپەر، ئوقۇتقۇچىلار سانى 6071گە يەتكەن بولۇپ، 1931ـ يىلى ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى مەكتەپلەرگە قارىغاندا 37.7 ھەسسە ئاشقان.

مىنگو دەۋرىدە باشلانغۇچ مەكتەپ خېلىلا ئومۇملاشقاندىن باشقا، ئوتتۇرا مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئالىي مەكتەپلەرمۇ يوقلۇقتىن

---

① ئۆتكۈر شىبىمىرو (ياپونىيە): «ۋەتەندىكى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 2000 ـ يىلى 2 ـ سان، 23 ـ، 24 ـ بەتلەر.

② شېرىپ خۇشتار: «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى»، «شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە گېزىتى»، 1995 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى.

بارلىققا كېلىپ، تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان. 1933 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئىككى، ئوقۇغۇچى سانى 200 دىن كۆپرەك بولغان بولسا، 1942 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپ سەككىزگە، ئوقۇغۇچى سانى 3787 گە يېتىپ، 1931 - يىلىدىكىگە قارىغاندا، 13.9 ھەسسە كۆپەيگەن. دارىلمۇئەللىمىن قاتارلىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوملارنىڭ سانى بۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولغان.

1935 - يىلى ئۈرۈمچىدە، 1924 - يىلى قۇرۇلغان ئەسلىدىكى سىياسىي قانۇن مەكتىپى ئاساسىدا شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى تۇنجى پەننىي ئالىي مەكتەپ بولۇپ قالىدۇ ھەم 1943 - يىلىغىچە خېلى گۈللەنگەن بىر دەۋرنى باشتىن كەچۈرىدۇ. 1949 - يىلى مەكتەپنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى 104، ئوقۇغۇچى سانى 379 بولغان.

مىنگو دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيىسى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى ئېغىر توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، بۇ ساھەدە ھالسىراش ئەھۋالى كۆرۈلگەن. مەسىلەن، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، 1944 - يىلى شىنجاڭدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 2240 بولۇپ، ئوقۇغۇچى سانى 280 مىڭ 363 نەپەر بولغان بولسا، 1949 - يىلىغا كەلگەندە باشلانغۇچ مەكتەپلەر 1330 غا، ئوقۇغۇچى سانى 184 مىڭ 527 گە چۈشۈپ قالغان. ئۇيغۇر قاتارلىق غەيرىي خەنزۇ تىلىدىكى مىللەتلەر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، 1943 - يىلى ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سانى 244 مىڭ 64 نەپەر بولغان بولسا، 1949 - يىلى 182 مىڭ 427 نەپەرگە چۈشۈپ قالغان.

1944 - يىلى 11 - ئايدا ئىلىدا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك مىللىي زۇلۇمىغا قارشى خەلق ھەرىكىتى پارتلاپ، تېز سۈرئەتتە بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئازاد قىلىنىپ، «ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» قۇرۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ رايوندىكى خەلقنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى زور گۈللىنىش باسقۇچىغا كىرىدۇ.

بۇ يىللاردا ئالدى بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ

سانى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا ئۆسىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ سانى 295 كە، سىنىپ سانى 980 گە، ئوقۇغۇچى سانى 28 مىڭ 345 كە، ئوقۇتقۇچى سانى 1051 گە يەتكەن. 1949 ـ يىلىغا كەلگەندە، پۈتۈن ئۈچ ۋىلايەتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭلا سانى 489 غا، سىنىپ سانى 1915 كە، ئوقۇغۇچى سانى 59 مىڭ 546 گە، ئوقۇتقۇچى سانى 2314 كە يەتكەن.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى زور كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپى تەرەققىياتىدا ئۈچ ۋىلايەتنىڭكى ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەن. جۈملىدىن 1950 ـ يىلىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، يالغۇز ئىلى ۋىلايىتىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپلىرى 180 گە، ئوقۇغۇچى سانى 4938 كە يەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى «بىلىم يۇرتى»، تېببىي مەكتەپ، ھۈنەر ـ كەسىپ مەكتىپى، رۇس تىلى مەكتىپى قاتارلىق تولۇق ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر ھەم تېخنىكوملارنىڭ ئوقۇغۇچى سانى 2096 گە يەتكەن.

1949 ـ يىلى 10 ـ ئايدا يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى سوتسىيالىستىك مەزمۇنغا ئىگە مائارىپ بولۇش سۈپىتى بىلەن يېڭى بىر گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى.

# VI باب
# تىل - يېزىق، ئەدەبىيات، تارىخشۇناسلىق، تەرجىمىچىلىك

## 1 § تىل - يېزىق

شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلار ئۆزىگە خاس تىل - يېزىق مەدەنىيىتىنى يارىتقان ھەم ناھايىتى بۈرۈنلا مەدەنىي تىل - يېزىق ئىشلىتىش دەۋرىگە قەدەم بېسىپ، مول مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بۇ خىل مەدەنىي تىل - يېزىقنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان.

شىنجاڭنىڭ تىل تارىخىنى تەكشۈرگەندە، بۇ يەردە ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللار، خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللار، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللار ۋە ھام - سام تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللار قوللىنىلىپ كېلىنگەنلىكى بىلىندى. ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللاردىن توخار تىلى، سانسكرىت تىلى، ساك تىلى، قەندىھار تىلى، سوغدى تىلى، باكترىيە تىلى، پارس تىلى، رۇس تىلى (بۇ تىل كېيىنكى دەۋرلەردە قوللىنىلغان) قاتارلىق تىللار؛ ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللاردىن تۈركىي تىللار، موڭغۇل تىللىرى، تۇڭغۇس تىللىرى (مانجۇ تىلى)؛ خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللاردىن خەنزۇ تىلى، چياڭ - كەن تىلى، تىبەت (تۇبۇت) تىلى قاتارلىق تىللار بولغان. بۇلاردىن باشقا، خەمىت - سېمىت (ھام- سام) تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللاردىن ئىبرانىي تىلى ۋە ئەرەب تىلى قاتارلىق تىللار قوللىنىلغان.

تارىم بوستانلىقى ئۆز باغرىدا سانسىز قەۋم بارخانلىرىنى ساقلاپ كەلگەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، ئىشچان ۋە ئەقىل - پاراسەتلىك

ئەجدادلار تەرىپىدىن يارىتىلغان بىھېساب قىممەتلىك مەدەنىيەت يادنامىلىرىنىمۇ گۆھەرنى ساقلىغاندەك مۇھاپىزەت قىلىپ، قوغداپ كەلگەن. زامانىمىزدىكى تىرىك ئىنسانلار قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ بىۋاسىتە ئۇدۇملۇق مەھسۇلى. ئۇلارنىڭ تىلىمۇ ئەجدادلىرىنىڭ تىلىنىڭ ئانا تومۇرىنى بويلاپ راۋاجلىنىپ كەلگەن بولىدۇ. تارىخنىڭ دەھشەتلىك چايقاشلىرى سەۋەبلىك بەزى خەلقلەر توپى غايىب بولغان ياكى مىللىي توپىنى ئۆزگەرتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تىلىنىمۇ يوقاتقان، يېڭىلىغان، راۋاجلاندۇرغان.

تىل — مىللەتنى پەرقلەندۈرۈش ۋە بىلىشنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرى. تىل تارىخنى بىلىش تولىمۇ كېيىنكى دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ گېن تەتقىقاتى باشلانغان بۈگۈنكى زاماندىن كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرىكى ئىنسانلار تارىخىنى بىلىشتە ھەل قىلغۇچ رولىنىڭ بەكمۇ چوڭ ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان. قەدىمكى دەۋردە تارىم - تۇرپان بوستانلىقىدا ھەرخىل خەلقلەر ياشىغان. ئۇلاردىن بەزىلىرى ئەسلىي مىللىي گەۋدە سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن تىل - زۇۋانلىرىغا دائىر خاتىرىلىك ئۇچۇردىن ئۇلارنىڭ مىللىتى ۋە تىللىرى توغرۇلۇق ئۇچۇرغا ئىگە بولالايمىز.

يېزىق — تىلنى خاتىرىلىگۈچى ۋە تىلنى يەتكۈزگۈچى كىتابىي بەلگە. تىلنى كېڭەيتىپ، ۋاقىت ۋە بوشلۇقتا ئۈنۈملۈك ئالاقىلىشىشتىكى زۆرۈرىي قورال. ئىنسانلار مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى غايەت زور ۋاستە.

يېزىق ئېغىز تىلىغا قارىغاندا ناھايىتى كېيىن پەيدا بولغان. ئۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتى خېلى تەرەققىي قىلغان دەۋرلەردە ئىنسانلارنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈۋاتقان مۇرەككەپ ئالاقە ئېھتىياجىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بارلىققا كەلگەن.

يېزىقشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇن تەسۋىرىي يېزىق ياكى رەسىملىك يېزىق ئىشلەتكەن. ئىپتىدائىي يېزىق ئالامەتلىرى ئەڭ بۇرۇن سومېر، مىسىر ۋە جۇڭگودا بارلىققا كەلگەن.①

---

① B. A ئىستىرىن (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى): «يېزىقنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى، 66 - بەت.

## 1. ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللار ۋە يېزىقلار

شىنجاڭ تارىخىدا ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپ تىللاردىن تۈركىي تىللار، موڭغۇل تىلى ۋە مانجۇ تىلى بار.

تۈركىي تىللار. بۇ تىل ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىن بۆلۈنۈپ چىققان بولۇپ، ئۇ قاچان بۆلۈنۈپ چىققانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئالىملار ئالتاي تىللىرى بىلەن تۈركىي تىللار ئارىلىقىدا بىر ئۆتكۈنچى تىل باسقۇچى بولۇپ، ئۇ «ھون تىلى» ئىدى دەپ قارايدۇ.

ھون تىلى. ھونلار — شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى خەلقلەرنىڭ بىرى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شىنجاڭدىكى بىرمۇنچە مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە ئېتنىك مەنبە بولغان. ھون تىلىنى بەزىلەر تۈركىي تىلى دېسە، يەنە بەزىلەر موڭغۇل تىلى دەيدۇ. بۇنداق بولۇشى ھون تىلىدا خاتىرىلەنگەن بىرەر يازما ماتېرىيال دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن. ئەمما خەنزۇچە ھۆججەتلەردە ھون تىلىغا دائىر بەزى ئۇچۇرلار ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، كۆپچىلىك ئالىملار نەق مۇشۇ ماتېرىياللارغا ئاساسەن ھون تىلىنى تۈركىي تىل ئىدى، دېگەن خاھىشقا مايىل بولغان. مەسىلەن، جاڭ چيەن ھونلار قولىدا 10 يىل ئەسىر بولۇپ تۇرغان چېغىدا ھون تىلىنى ئۆگىنىۋالغان ھەم ئۆز خاتىرىلىرىدە بىرمۇنچە ھون سۆزلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان. فرانسىيىلىك شەرقشۇناس پېللىئوت جاڭ چيەن خاتىرىلىۋالغان «سۈچى تىلەيگەن، پۇگۇ توغۇدان» ( 秀支替戾冈,仆谷秃勾当 ) — قوشۇن قوزغىلىش بىلەنلا پۇگۇلار[1] تۇتۇۋېلىندى، دېگەن جۈملىنى تەھلىل قىلىپ (بۇ جۈملىنى بەزىلەر «قوشۇن چىقتى يولغا، پۇگۇ چۈشتى قولغا» دېگەن شېئىرىي شەكىلگە ئىگە مىسرالاردىن ئىدى، دەپ تەھلىل قىلغانلارمۇ بار): «بۇ جۈملە، مەيلى گراماتىك تۈزۈلۈش جەھەتتىن بولسۇن، ياكى لۇغەت تەركىبى جەھەتتىن بولسۇن، تۈركىي تىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ»[2] دېگەن. تارىخىي ماتېرىياللاردا ھون

---

① پۇگۇ ( 仆谷 ) — رەقىبىنىڭ ئىسمى ياكى ئۇنۋانى بولسا كېرەك — ئا.

② ئا. غوجا قاتارلىقلار تۈزگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، «مۇقەددىمە» قىسمىدىن ئېلىنغان نەقىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى.

تىلى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادى بولغان ئېگىز ھارۋىلىقلار ( 高车部 ) تىلىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. مەسىلەن، ۋېي شۇ يازغان: «ۋېينامە»، لى يەنشۇ يازغان «شىمالىي خانلىقلار تارىخى» ( « 北史 » ) قاتارلىق خەنزۇچە يىلنامىلەرنىڭ «ئېگىز ھارۋىلىقلار تەزكىرىسى» بابىدا، ئېگىز ھارۋىلىقلارنىڭ تىلى «ھونلارنىڭ تىلى بىلەن ئوخشاش، بىراق ئازراق پەرقى بار» دېيىلگەن. فېڭ چىڭجۈن ئەپەندى ئېگىز ھارۋىلىقلارنىڭ تىلى بىر خىل تۈركىي تىل ئىدى،① دېسە، ئامېرىكىلىق ئالىم مىكوۋېرىن «ئېگىز ھارۋىلىقلار بىلەن ھونلار بىر خىل قەدىمىيراق بولغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشەتتى»② دەيدۇ. ياپونىيىلىك ئالىم بەينياۋكۇجى (سىراتورى كۇراكىچى) مۇ ئېگىز ھارۋىلىقلارنىڭ تىلى تۈركىي تىلدۇر، دەپ ھېسابلىغان.③ ئېلىمىز ئالىمى لىن گەن ئەپەندى بولسا، تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ، ھونلار تۈركىي ئىرقىغا مەنسۇپ، لى يەنشۇ يازغان «شىمالىي خانلىقلار تارىخى. ئېگىز ھارۋىلىقلار تەزكىرىسى» دە ئېيتىلغان ئېگىز ھارۋىلىقلارنىڭ تىلى «ھونلارنىڭ تىلى بىلەن ئوخشاش، بىراق ئازراق پەرقلىنىدۇ» دېگەن بايان ئاساسسىز ئەمەس، دەپ خۇلاسىلەيدۇ.④

ھونلارنىڭ يېزىقى. ھونلار تارىخىغا دائىر ئەڭ دەسلەپكى يازما مەنبە — سىما چيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ۋە بەن گۇنىڭ «خەننامە» قاتارلىق كىتابلاردا ھونلارنىڭ ئۆز تىلى بولسىمۇ، لېكىن يېزىقى يوقلۇقى ئېيتىلغان. ئەمما ئارخېئولوگىيە خادىملىرى ھونلارغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك دەپ قارىغان بەزى قەدىمكى ئىزلاردىن بىرقانچە ھەرپ بەلگىلىرى چۈشۈرۈلگەن ئاسار ئەتىقىلەرنى تاپقان.⑤ بەزىلەر بۇلارنى ھونلارنىڭ يېزىقى دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر مۇقىملاشتۇرۇش

① فېڭ چىڭجۈن: «ئېگىز ھارۋىلىقلارنىڭ غەربكە سۈرۈلۈشى ۋە ئېگىز ھارۋىلىقلارنىڭ كىروران خانلىقىدىكى تارقىلىشى»، (لىن گەننىڭ «تۈرك تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ 20 - بېتىگە ئېلىنغان نەقىل).

② مىكوۋېرىن: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1958 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

③ بەينياۋكۇجى: «شەرقىي خۇلار ھەققىدە تەتقىقات»، شاڭخەي سودا نەشرىياتى، 1934 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 58 - بەت.

④ لىن گەن: «تۈرك تارىخى»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1988 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 22 - بەت.

⑤ لىن گەن: «ھونلار تارىخى»، خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1986 - يىلى نەشرى، 22 - بەت.

قىسمى، دېگەن پىكىردە بولۇپ كەلگەن. ۋەھالەنكى، بەزى ئالىملار ئاشۇ خىل يېزىق بەلگىلىرىنى ھونلارنىڭ يېزىقى دەپ ھېسابلاش كېرەك، دېگەن قاراشنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن، موڭغۇلىيە-لىك ئالىم ن. سېر — ئودجاۋ (N. Ser — Odjav) بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەشكىللەپ يازدۇرغان «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى» ( ASIA . I HISTORY OF CIVILIZATIONS OF CENTRAL) ناملىق كى-تاب ئۈچۈن تەييارلىغان «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىدىكى كۆچمەنلەر» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق يازغان: «نويانئۇلار بىلەن موڭغۇلىيە ھەم تاشقى بايقال كۆلى رايونىدىكى باشقا ھون قەبرىلىرىنى قېزىش جەريا-نىدا 20 نەچچە ئويما خەت بايقالغان. بۇ يېزىقلار ئىچىدە كۆپ قىسمى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى تۈركلەرنىڭ ئورقۇن - يېنسەي يېزىقىغا ئوخشايدۇ ياكى يېقىنلىشىدۇ. بۇ خىل يېزىق شەكلى ياۋروپا - ئاسىيا ياپلاقلىرىدا ئەينى زاماندا كۆرۈلمىگەن. بەزى مۇتە-خەسسىسلەر بۇ ماتېرىياللارغا ئاساسەن، ھونلاردا بىرخىل قەدىمكى ياۋروپا - ئاسىيا رون يېزىق شەكلى بولغان، بۇ يېزىق كېيىنچە قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ ئاساسىغا ئايلانغان دەپ قارايدۇ.»①

تۈرك تىلى ۋە يېزىقى. تۈرك تىلى — تۈرك خانلىقى زامانىسى (552 — 774 - يىللار) دا قوللىنىلغان ھۆكۈمران تىل بولۇپ، تۈرك خانلىقى تەۋەسىدە ئاشىنا قەبىلىسىنى يادرو، ئاشىد قەبىلىسىنى تايانغۇ (تايانچ) قىلغان تۈرك ئون ئوق قەبىلىلىرى، تۈرك سىر خەلقلىرى، ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇزلار (قەدىمكى ئۇيغۇرلار)، قىرغىزلار، تاتارلار ۋە باشقا غەيرىي رەسمىي تۈركىي تىللىق قەبىلە-لەر ياشايتتى. بۇ دەۋردە تۈركىي تىل زور دەرىجىدە بىرلىككە كې-لىپ، تۈركىي تىل ئائىلىسىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق تىلى سۈپىتى-دە ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلغان؛ «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» (716 — 721 - يىللار)، «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» (732 - يىلى) ۋە «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» (734 - يىلى) قاتارلىق ئابىدىلەر يېزىپ قالدۇرۇلغان. لېكىن بۇ تىل مىلادىيە 744 - يىللىرىدىن باشلاپ

① «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى»، يانۇش خارمات باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، جۇڭگو تاشقى تەرجىمە نەشرىيات شىركىتى، 2002 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 2 - قىسىم، 122 - بەت.

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەسىرىنىڭ دەۋر بۆلگۈچ دەرىجىدە زورىيىشى بىلەن پارچىلىنىشقا باشلاپ، بىرمۇنچە تۈركىي تىللارنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىشىنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇرخانلىقى (744 — 840 ـ يىللار) زامانىسىدا توققۇز ئوغۇز، ئون ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئورتاق تىلى بولۇپ، قەدىمكى تۈرك تىلى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. بىرقانچە تاۋۇشلاردىكى ئالمىشىش ھادىسىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا (بەزى تاۋۇشلارنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى بۈگۈنكى بىر قاتار يىرىك تىللاردىمۇ مەۋجۇت)، قەدىمكى تۈرك تىلى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا پرىنسىپال پەرق يوق. ئۇيغۇر تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈپ قانۇنىيىتىنى ئۆزگەرتمىگەن ھالدا خەنزۇ، سانسكرىت، توخار، ساك، سوغدى، ئەرەب، پارس تىللىرىدىن بەزى تەركىبلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزلۈكسىز بېيىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ئىشلىرىدىلا ئىشلىتىلىپ قالماستىن، بەلكى تۈركىي تىلىنىڭ ئانا تىلى ياكى يادروسى سۈپىتىدە، بىر قاتار تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەدەبىي تىلى تەرىقىسىدە قوللىنىلىپ شۆھرەت قازانغان. لېكىن ئۇيغۇر تىلى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ھەرخىل ناملار بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن، تۈرك تىلى، تۈرك ئۇيغۇر تىلى، خاقانىيە تۈركچىسى، خاقانىيە تىلى، بۇغراخان تىلى، خان تىلى، كاشغەر تىلى، چاغاتاي تىلى قاتارلىقلار. بۇنداق ھەرخىل ئاتالغۇلار بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ خاراكتېرىگە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدىكى ئورنى توغرىسىدا ئالىملار تولىمۇ ئىلمىي باھالارنى بەرگەن. مەسىلەن، 19 ـ ئەسىردە ئۆتكەن تۈركىيىلىك ئالىم شەمشىدىن سامى «قامۇسۇل ئىلەم» (1889 ـ يىلى نەشرى) ناملىق مەشھۇر كىتابىدا: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار مەدەنىيەتتە ئەڭ ئالغا كەتكەن خەلق بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا ئەدەبىي تىل ئىدى» دېسە، مەشھۇر ئالىم ئەھمەد زەكى «تۈرك ـ تاتار تارىخى» (1914 ـ يىلى نەشرى) دا: «ئۇيغۇرلار تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئىچىدە ناھايىتى يۇقىرى مەدەنىيەتلىك بىر مىللەت ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ تىلى بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلىغا ئايلانغان»

دەپ يازغان. بۇ باھالار گوبىنېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئاساسەن ئېيتىلغان، دېيىشكە بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

تۈرك يېزىقى ۋە ئۇيغۇر يېزىقلىرى. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى قايسى دەۋرلەردىن باشلاپ يېزىق ئىشلەتكەنلىكى مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ مەسىلىنى يېزىقشۇناسلىق ساھەسى ناھايىتى ئۇزاقتىچە ئېنىق جاۋاب بىلەن تەمىنلىيەلمەي كەلگەنىدى. يېقىنقى زامانغا كەلگەندە بەزى ئىلمىي خادىملار بۇ جەھەتتە نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت نۇقتىسىدىن تۇرۇپ بىر قاتار قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشكەن.

ف. ئېنگېلس ئىنسانلار «تۆمۈر رۇدىسىنى ئېرىتىشتىن باشلاپ، ھەرپلىك يېزىقنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ يېزىقلار ئۈچۈن تەتبىق قىلىنىشى ئارقىلىق مەدەنىيەت دەۋرىگە ئۆتىدۇ»[1] دەيدۇ.

غەربىي يۇرت جەمئىيىتى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 10 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە قەدەم باسقان. ئارخېئولوگىيە خادىملىرى شۇنداق ھېسابلايدىكى، شىنجاڭدا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1500 — 1000 ـ يىللار ئارىلىقىدا تۆمۈر قوراللار ئىشلىتىلىشكە باشلىغان، بۇنىڭغا ئەگىشىپ فېئوداللىق جەمئىيەت، يەنى سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ بىخلىرى خېلى ئىلگىرىكى زامانلاردىلا كۆرۈلۈشكە باشلىغان. ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ تۆمۈر قوراللارنىڭ ئىشلىتىلىشى بىلەن يېزىقنىڭ يارىتىلىشىنىڭ توغرا تاناسىپ بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى باياناتلىرىنى غەربىي يۇرت جەمئىيىتىگە تەتبىقلايدىغان بولساق، بۇ يۇرتتا مىلادىيىدىن خېلى بۇرۇنلا يېزىق يارىتىلغان دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى قاچان يېزىق ئىشلەتكەن؟ بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئېلىمىزنىڭ ئىچى ۋە تېشىدىكى ئالىملار بىرقانچە ئەسىردىن بېرى ھەرخىل نۇقتىدىن چىقىپ خىلمۇخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ۋېنگىرىيىلىك ئالىم ژوزىپ تېئورى: «ئۇيغۇرلار يېزىقىنىڭ

---

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «شەرق ھەقىقىتى» نەشرى، 38 — 39 ـ بەتلەر.

ئۇزۇن تارىخقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى قەدىمكى جۇڭگو، ۋىزانتىيە ۋە پارس مەنبەلىرىدىن ئېلىنغان تارىخىي پاكىتلار ئىسپاتلايدۇ. ئۇيغۇر- لارنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنلا مۇكەممەل يېزىقى ۋە مۇستەقىل ئېلىپبە- لىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ناھايىتى چىرايلىق ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ئەدەبىي ئەدەبىياتىمۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنلا ۋۇجۇدقا كەلگەن... ئۇلار مىلادىيىدىن 1000 يىل بۇرۇنلا ئۆزىگە خاس يىلنامىلەرنى ياراتقان»① دەيدۇ.

ھەزىلەر ۋوزىپ تېئورى بۇ يەردە قەدىمكى دىڭلىڭلارنىڭ يېزىقىنى ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى دەپ قارىغان بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلغان.

قەدىمكى تۈركلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەۋاسىتە ھالدا تىلىبلەر، ئېگىز ھارۋىلىقلار (قاڭقىلىقلار) — دىڭلىڭلار — دىلار ياكى گۇيفاڭ- لارغا بېرىپ تۇتىشىدۇ. شۇڭا ئالىملار تۈرك خانلىقى زامانىسىدا قوللىنىلغان يېزىقنىڭ يىلتىزىنى بۇ خەلقنىڭ ئەجدادى بولغان دىڭ- لىڭلار ياكى دىلار زامانىسى بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ - يوق، دېگەن مەسىلە بىلەن مۇھاكىمە قىلىشىدۇ.

دى ياكى گۇيفاڭلار ئېلىمىزنىڭ شىيا، شاڭ سۇلالىلىرى زامانى- سىدا ئوتتۇرا جۇڭگونىڭ شىمالىدىن جەنۇبىي سىبىرىيىگە كۆچۈپ، ئۇ يەردە «قاراسۇ (قارا سۆك) مەدەنىيىتى» تىپىنى ياراتقان.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى دى - گۇيفاڭلار، يەنى دىڭلىڭلارنىڭ قەدىمكى پائالىيەت رايونى ھېسابلانغان ئاباقان دېگەن يەردىن جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى فورمىسى شەكلىدە ياسالغان ئوردا خارا- بىلىرىدىن ئۇستىگە مۇنداق بەلگىلەر چۈشۈرۈلگەن ساپال پارچىلىرىنى تاپقان:



① ۋ. تېئورى: «14 - ئەسىرگىچە تۈرك سۇلالىرىدا تارىخىي ئابىدىلەر» («تۈرك يۇرتى مەجمۇئە- سى»، 1915 - يىلى؛ «شەرق ھەقىقىتى»، 1949 - يىلى 11 - سان؛ ق. تۇمەرنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن لوھېركلار» ناملىق كىتابىنىڭ 14 - بېتىگە ئېلىنغان نەقىل).

بۇلاردىن باشقا يەنە ئۇيبات دەپ ئاتالغان قەبرىدىن تاشتىق دەۋرىگە① مەنسۇپ قوينىڭ تاغاق سۆڭىكىدە ياسالغان ئويۇنچۇقلار تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىگە نەقىشلەر ئويۇلغان، ئالىملار بۇنى ئەسلىدە بىر خىل ئاددىي يېزىق بەلگىلىرى دەپ ھېسابلىغان. ئۇنىڭ بەزىلىرى مۇنداق:



دېمەك، ئالىملاردىن بەزىبىرلىرى بۇ بەلگىلەرنى ئورقۇن - يېنسەي يېزىقى (قەدىمكى تۈرك يېزىقى) غا ئوخشايدۇ دەپ قارىغان.②

قەدىمكى دىڭلىڭلاردا يېزىق بارلىقى توغرىسىدىكى بۇ قاراشنى ئەڭ دەسلەپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ئارقىلىق دەلىللەپ كۆرسەتكەن.③ بۇلاردىن كېيىن ئېلىمىز ئالىملىرى، مەسىلەن، جۇ لىيەنكۇن، نيۇ رۇجى، ئىمىن تۇرسۇن قاتارلىقلار ھەرخىل نۇقتىدىن ئۇنى ئۆز ئەسەرلىرىدە قەيت قىلدى. مەسىلەن، جۇ لىيەنكۇن ئەپەندى «دىڭلىڭلارنىڭ ئىرقى بىلەن تىلى ۋە ئۇلارنىڭ غوبى چۆللۈكىدىكى قوۋملار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»④ ناملىق ماقالىسىدە، دىڭلىڭلارنىڭ تىلى بىلەن يېزىقى توغرىسىدا بىرقەدەر تەپسىلىي توختالدى. نيۇ رۇجى «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» (لەنجۇ) ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 1 - سانىدا، تۈرك يېزىقىنىڭ قاراسۆك مەدەنىيىتىگە تەۋە يادىكارلىقلاردىكى بەلگىلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بار دەپ قارىدى. ئۇ «تۈرك يېزىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە يېڭى قاراش»⑤ ناملىق ماقالىسىدە، بىرقەدەر ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، قەدىمكى تۈرك

① تاشتىق دەۋرى — جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ مەدەنىيەت دەۋرى بولۇپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 5 — 3 - ئەسىرلەر ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ.

② س. ۋ. كىسلېۋ: «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخى»، موسكۋا، 1951 - يىلى نەشرى. لىن گەن تۈزگەن «تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر ماقالىلەردىن تاللانما»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1987 - يىلى نەشرى، 80 -، 81 - بەتلەر.

③ س. ۋ. كىسلېۋ: «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخى».

④ «جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1957 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

⑤ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ خەنزۇچە 1994 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

يېزىقىدىكى بىرمۇنچە ھەرپلەرنىڭ تۈركىي قوۋملار ئىشلەتكەن ئايتام-غىلاردىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ خىل ئايتامغىلار قەدىمكى «قاراسۇك مەدەنىيىتى» تىپىغا مەنسۇپ يادىكارلىقلاردىكى بەلگىلەرنى ھەم مەنبە قىلغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى «ئۇيغۇر خەتتاتلىق تارىخىدىن سۆز»[1] ناملىق ماقالىسىدە، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى، ئىقتى-سادى ۋە سىياسىي مەركەزلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۇلاردىن قالغان تۈرلۈك يادنامىلار — بىتىك تاش، كىتاب - رىسالىلەر، ھۆججەت-ۋەسىقىلەر، بەدىئىي ئەسەرلەر، ئورقۇن يادنامىلىرى، يېنسەي يادنا-مىلىرى، لىنا - بايقال يادنامىلىرى، ئالتاي يادنامىلىرى، قۇمۇل يادنامىلىرى، ئاگنى (قارا شەھەر) - كۇچا يادنامىلىرى، بارچۇق يادنامىلىرى، خوتەن يادنامىلىرى، يەتتىسۇ ۋە پەرغانە يادنامىلىرى - تالاس يادنامىلىرى قاتارلىق رايون - تۈرلەرگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، «يېزىق تارىخىغا دائىر بۇ يادنامىلەرنىڭ ۋاقتى كۆپىنچىسىنىڭ تەخمىن قىلىنىشىغان. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۈرەت-لىك يېزىق شەكلىنى ئالغان قىياتاش تامغىلىرى - بەلگىلىرىنىڭ تارىخى كەم دېگەندە 3000 يىلدىن ئاشىدۇ. ئېلىپبەلىك يېزىقنىڭ ۋاقتىمۇ 2000 يىلغا بارىدۇ» دەيدۇ.

قازاقىستان ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن تۇغلۇقجان تالىپوۋ: «يېزىقى-مىز تارىخى»[2] ناملىق ماقالىسىدە: «قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەر 5—6 - ئەسىرلەردە ئەگرى ۋە سۇنۇق سىزىق شەكلىدە ئىپادىلىنىدىغان رونىك يېزىقىدىن كەڭ پايدىلانغان. بۇ دەۋرگە ئائىت يېزىق نەمۇنىلى-رى چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ رونىك يېزىقىدىن پايدىلىنىشقا باشلىغان ۋاقتىنى مەلۇم بىر ئەسىرگە مەنسۇپ دەپ ئېيتىش تەس بولسىمۇ، ھەر ھالدا مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى دەۋر-لىرىگە توغرا كېلىدۇ، دەپ مۆلچەرلەش مۇمكىن»[3] دەيدۇ.

بۇ مۇئەللىپ بۇ يەردە بىرەر پاكىت كۆرسەتمىگەن. بىراق رونىك يېزىقىنى قەدىمكى دىڭلىڭلارنىڭ يېزىقى بىلەن تۇتاشتۇرۇۋاتامدۇ نېمە دېگەن ئۇيدا بولۇشىنىڭ ئېھتىمالى چوڭ.

① «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىللىق 6 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.
② «پەرۋاز» مەجمۇئەسىنىڭ 1986 - يىللىق توپلىمى.
③ «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 2 - سانىدا بېرىلگەن، ئورۇسچە.

شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى تاغ قىيالىرىغا ئويۇلغان رەسىملەردە يېزىق بەلگىلىرى بار ئىدى دېگەن قاراشقا كەلسەك، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئارقا - ئارقىدىن بايقىلىۋاتقان قىياتاش رەسىملىرى ئىچىدە خىلمۇخىل ھەرپ بەلگىلىرى ئۇچرىتىلماقتا.

1953 - يىلى غەربىي شىمال مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى گۇما ناھىيىسىنىڭ سانجۇ دېگەن يېرىدە بىر تۈركۈم قىيا تاش رەسىملىرىنى بايقىغان. ئۇلارنىڭ شەكلى تۆۋەندىكىدەك:



ئابدۇلئەھەت ئالىم، تۇرسۇنمەت ھۆسۈن «ئۇلاپچىدىكى ،سۈرەت تاش، توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدە، گۇما ناھىيىسى سانجۇ دەرياسى بويىدىكى ئۇلاپچى دېگەن يەردىكى قىيا تاش رەسىملىرى توغرىسىدا توختىلىپ، بۇ قىيالىقتا ساقلىنىپ قالغان «قەدىمكى يېزىقلار ناھايىتى زور قىممەتكە ئىگە. غەربىي شىمال مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى بۇ يېزىقلارنى ھەققىي ئورقۇن يېزىقى دەپ مۆئەييەنلەشتۈرگەن. تارىخشۇناسلار ۋە ئارخېئولوگلار بۇ رەسىملەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنىڭ بۇنىڭدىن 4000 يىللار ئىلگىرى ئويۇلغانلىقىنى، كېيىن تولۇقلانغان ۋاقتىنىڭ مىلادىيە 7 - ئەسىرگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن»① دەپ يازغان.

قابى موللا «قازاقلارنىڭ قەدىمكى يېزىقى ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدىكى تاش ئويمىلار» ناملىق ماقالىسىدە،② 1984 - يىلى تارباغاتاي ۋىلايىتىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، ئىلگىرى - كېيىن دۆربىلجىن ناھىيىسىنىڭ قارا - ئېمىل، چاغانتوقاي ناھىيىسىنىڭ ئېرداش كەنتى، چۆچەكنىڭ تارغاباتاي تېغىدىكى تاڭبالىدىن بىر قىسىم تاش ئويما يېزىقلارنى بايقىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇلار:

① «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1995 - يىل 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىكى سانى.
② «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1994 - يىللىق 3 - سانى، خەنزۇچە.



قابى موللا، بۇ يېزىقلار كۆپ جەھەتتە تۈركىي يېزىق بىلەن ئوخشايدۇ، دەپ ھېسابلىغان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى يەنە بىر ئاپتور «ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1986 - يىللىق 4 - سانىدا، قابى موللىنىڭ ماقالىسى بىلەن ئوخشاش تېمىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ، تەڭرىتاغلىرى قىيالىرىدىكى يېزىق بەلگىلىرىنى تەھلىل قىلىپ ئۆتكەنىدى.

شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى خوتەندە «ئاق سىپىل» دەپ ئاتالغان قەدىمكى ئىزنى تەكشۈرۈپ، ئۇ يەردىكى قەدىمكى كېسەكلەردە يېزىق بارلىقىنى، بۇلار ئورقۇن - يېنسەي يېزىقىغا ئوخشايدىغانلىقىنى، ئاق سىپىل خارابىسى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.①

ئامېرىكىلىق كىنىت كازىنىرنىڭ «ئەڭ قەدىمكى تۈركىي قوۋملاردىن قىرغىزلارنىڭ يازما ھۆججەتلىرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 200 - يىللاردىلا بار ئىدى» دېيىشى ئېھتىمال «ئافاناسيېۋ مەدەنىيىتى» دەۋرىدىكى يادىكارلىقلارنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك. قىرغىزلار تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئافاناسيېۋ مەدەنىيىتى قاراسۇ مەدەنىيىتىدىن كېيىن ئاشۇ دائىرىدە بارلىققا كەلگەن بىر خىل مەدەنىيەت تىپى ئىدى.

1970 - يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىگە يېقىن جايدىكى ئىسسىك قەبرىستانلىقىنى قېزىپ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5 — 4 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق قەبرىلەردىن بىر ئالتۇن تاۋاق تاپقان. ئالتۇن تاۋاقتا بىر جۈملە سۆز ئويۇلغان بولۇپ، ئالىملار بۇنى قەدىمكى تۈرك يېزىقى دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن خەتنىڭ مەنىسىنى ئۇقالمىغان.

① سابىت ئەھمەد، ق. ۋەلى: «ئاق سىپىل قەدىمكى شەھىرىنىڭ كېسەكلىرىدىكى يېزىقلار ھەققىدىكى دەسلەپكى مۇلاھىزە»، «بۇلاق» ژۇرنىلى ئومۇمىي 11 - سان، ئۈرۈمچى.

يۇقىرىدا قەدىمكى تۈرك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر جەمئىيەتلىرىدە ھەرخىل يېزىق بەلگىلىرىنىڭ بار بولغانلىقى توغرۇلۇق توختىلىپ ئۆتتۇق. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، شىنجاڭ، جۈملىدىن جەنۇبىي سىبىرىيە رايونلىرىدىن خىلمۇ خىل يېزىق بەلگىلىرى چۈشۈرۈلگەن ئاسار ئەتىقىلەر تېپىلغان بولسىمۇ، لېكىن، بۇلاردا بىرەر ئوي ـ پىكىر ياكى بىرەر ۋەقەلىك ئىپادىلەنگەن جۈملە ئالاھىدىلىكىگە ئىگە خەتلەر ئېنىقلانغىنى يوق. بۇنىڭ ئۈچۈن ئارخېئولوگىيە ئىلمىنى داۋاملىق كۈچلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى: بۇ يېزىق دەسلەپ پەرغانە ئويمانلىقىدا ياشايدىغان سوغدىلار مىلادىيە 2 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئىراندا قوللىنىلغان ئاۋېستا يېزىقى (پەھلىۋى يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئاساسىدا ئىسلاھ قىلىپ ئىشلەتكەن، مىلادىيە 4 — 5 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ سوغدىلارنىڭ سودا پائالىيىتى نەتىجىسىدە قوچو رايونىغا كېلىش سەۋەبى بىلەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە تەسىر قىلىپ، يەنىمۇ ئىسلاھ قىلىنىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تۇرپاندىن مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى چۈشۈرۈلگەن قىممەتلىك يېزىق ۋەسىقىلىرىنى بايقىدى. بۇتۇرمىش تارقان دېگەن كىشى «خۇئاستۇئانىفت» (مانى دىنى توۋا دۇئاسى) ناملىق ئەسەرنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا خاتىرىگە ئېلىپ، ئۆز يېزىقىنى ئەدەبىي تىل ۋە يازما ھۆججەتلەر ئۈچۈن تەتبىقلاشنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتتى. رۇس ئۇيغۇرشۇناسى، پروفېسسور س. مالوف «خۇئاستۇئانىفت» مىلادىيە 4 — 5 ـ ئەسىرلەردە ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا بارلىققا كەلگەن، دەپ كۆرسەتكەن.[①] قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى 18 ھەرپتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بارا ـ بارا تۈرك يېزىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئاساسىي يېزىققا ئايلانغان، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا 18 ـ ئەسىرگىچە ئىشلىتىلگەن. بۇ يېزىق ئاساسىدا قىتان، موڭغۇل، نايمان، مانجۇ يېزىقلىرى يارىتىلغان.[②]

---

① «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئالما ـ ئاتا «بەن» نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى، 8 ـ بەتكە ئېلىنغان نەقىل.

② «تۇرپاندىن تېپىلغان مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگە تەۋە تۈركىي يېزىقتىكى ياغاچ قوزۇق»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» («文物») ژۇرنىلى، 1981 ـ يىلى، 1 ـ سان.

ئۇنىڭدىن سىرت، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئالتۇن ئوردا، تۆمۈرىيلەر دۆلىتى[1] ۋە موغۇللارنىڭ ئىران زېمىنىدا قۇرۇلغان دۆلەتلىرىدە 18 - ئەسىرگىچە، تۈركىيىدە فاتىمە سۇلتان دەۋرى (1451—1481- يىللىرى) گىچە قوللىنىلغان.

قەدىمكى تۈرك يېزىقى: بۇ يېزىق تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى ھەم ئۇنىڭدىن سەل كېيىنكى دەۋرلەرگىچە ياكى بولمىسا قوچو ئۇيغۇر خانلىقى زامانىسىغىچە قوللىنىلغانلىقى ئېيتىلىدۇ. بۇ ئورقۇن - يېنسەي يېزىقى، تۈرك - رونىك يېزىقى، تۈركلەرنىڭ ئىسلامدىن بۇرۇنقى يېزىقى، سىبىرىيە يېزىقى ۋە دولبارچىن يېزىقى دېگەندەكناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇ يېزىقتا 38 — 40 ئەتراپىدا بەلگە بار.

ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى: ئۇيغۇرلار 10 - ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن بۇ دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن ئەرەب يېزىقىنى ئىشلىتىشكە باشلىغان. ئۇ دەسلەپ قاراخانىيلارنىڭ خانلىق يېزىقىغا ئايلىنىپ، قاراخانىيلار يېزىقى ياكى خاقانىيە يېزىقى، 13 - ئەسىردىن كېيىن چاغاتاي يېزىقى دېيىلگەن. كېيىنچە بىرقانچە رەت ئىسلاھ قىلىنغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بەزى تۈزىتىشلەر كىرگۈزۈلۈپ، يېڭى ئىجتىمائىي ئالاقە ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇلدى.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، تۈرك يېزىقى، ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى قاتارلىق يېزىقلاردا مىڭلىغان ھۆججەتلەر ساقلىنىپ كېلىنگەن بولۇپ، بۇلار شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن يېزىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئۇزاق تارىخى بىلەن ئۆتنىشىدىغانلىقى بارغانسېرى روشەنلەشمەكتە. قازاق تىلشۇناسى ئەركى ئابغالى «تۈرك - رونىك يېزىقىنىڭ مەنبەسى» ناملىق ماقالىسىدە، قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ قەدىمكى فىنىكىيىلىكلەرنىڭ يېزىقىنىڭ تەسىرىنى ئالغان گرېك يېزىقى ۋە ئارامى يېزىقىنىڭ تەسىرىدە كېلىپ چىققان دېگەن قاراشنى تەكىتلەيدىغانلارنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالغان.[2]

---

① شياۋجوڭيې: «شىنجاڭدىكى تىللار ۋە يېزىقلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 - يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 31 - بەت.
② «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» 2004 - يىلى 2 - سان، ئۈرۈمچى، خەنزۇچە.

## 2. ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللار ۋە يېزىقلار

توخار تىلى ۋە ساك تىلى. 19 ـ ئەسىرلەردىلا، ياۋروپالىق تىلشۇناسلار ھىندىستاندىكى سانسكرىت تىلى بىلەن ئىراننىڭ ئاۋېستا تىلىنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقىنى بىلگەن. كېيىنچە، كىشىلەر يەنە بۇ ئىككى قەدىمكى ئاسىيا تىللىرىدا گراماتىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى تەلەپپۇز جەھەتتىمۇ ياۋروپادىكى گرېك ۋە لاتىن تىلى بىلەن يېقىن ئالاقىسىنىڭ بارلىقىنى بايقىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى نەزەرىيەسى بارلىققا كەلدى. بۇ نەزەرىيە تارىخشۇناسلىق تەتقىقاتىغا تەتبىقلىنىپ، مۇنداق پەرەزنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئاساس بولدى: ھىندىلار، ئىرانلىقلار ۋە ياۋروپالىقلار (بىر قىسمى) تارىختا بىر خىل تىلنى قوللانغان، شۇنداقلا ئورتاق بىر ئەجدادى بولغان. ھىندىلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئېپوسى «رىگاۋېدا» دا ھىندى ـ ياۋروپالىقلار «ئارىيانلار» دەپ ئاتالغان. شۇڭا، ھىندى ـ ياۋروپالىقلارنىڭ بۇ خىل ئورتاق تىلى «ئارىيان تىلى» دەپمۇ ئاتالغان. ئارىيانلار كۆچمەن قوۋملاردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇقەددەم زامانلاردىكى يۇرتلىرى ئارال دېڭىزى ( 里海 ) ساھىلى ۋە جەنۇبىي روسىيە يايلاقلىرىدىن ئىبارەت بولغان. ئائىلىلەرنىڭ بارغانسېرى غولدىشىغا ئەگىشىپ، ئارىيانلار تەدرىجىي يوسۇندا كۆپلىگەن قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3000 ـ يىللار ئەتراپىدا، ئۆز يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ، يېڭى يايلاقلارنى ئىزدەشكە كىرىشكەن. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى گرېتسىيە ۋە ئىتالىيىگە، بىر قىسمى ئىران ئېگىزلىكىگە كىرگەن، يەنە بىر قىسمى بولسا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ ۋە سىر دەرياسىدىن ھالقىپ، ھىندىستانغا كىرگەن.① شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى تىللارغا دائىر ھۆججەتلەر، ئارىيانلارنىڭ يەنە تارىم بوستانلىقىغا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى مۇمكىنچىلىككە ئىگە قىلدى، دېيىلىدۇ.

جۇڭگولۇق تىلشۇناس لىن مېيسۇن ئەپەندى تىلشۇناسلىق نۇقتىـ

---

① ۋ. پېتېرسېن: «19 ـ ئەسىردىكى ياۋروپا تىلشۇناسلىق تارىخى»، پەن نەشرىياتى، 1958 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 308 ـ، 339 ـ بەتلەر.

ىدىن تۇرۇپ، تارىم ۋادىسىدىكى ئارىيانلار تىلىنى توخار تىلى گۇرۇپپىسى ۋە ساك تىلى گۇرۇپپىسى دېگەن ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا قايىل قىلارلىق كۆز قارىشىنى بايان قىلىپ ئۆتتى.

توخار تىلى ھۆججەتلىرى ھىندىستاننىڭ قەدىمكى يېزىقى — بىراھمى يېزىقىدا يېزىلغان. تارىم بوستانلىقىنىڭ شىمالىدىكى كۇچا، قاراشەھەر، تۇرپان ئويمانلىقىدىكى قوچو قەدىمكاھى ۋە دۇنخۇاڭدىكى بۇددا مىڭئۆيلىرىدىن زور بىر تۈركۈم توخار تىلىدىكى بۇددا ۋە مانى دىنى پۈتۈكلىرى، ئەمچىلىك رىسالىلىرى، توختامنامە ۋە ھېسابات ھۆججەت ۋەسىقىلىرى تېپىلدى. دەسلەپ كىشىلەر بۇ خىل تىلنىڭ نېمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلەلمىگەن. گېرمانىيىلىك تىلشۇناس مۈللېر توخار تىلىدىكى «مايتىرى سىمىت» نىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسىدىن ئۇنىڭغا بىر پاكىتنى بايقىغان. ئۇنىڭدا بۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى يېزىلمىنىڭ «Toγri» (ياكى توخار) تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئېيتىلغان. شۇنىڭ بىلەن مۈللېر بۇنداق نامى يوق تىلغا «توخار تىلى» دەپ نام بەرگەن.①

تىلشۇناسلارنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، گەرچە توخار تىلى شەرقتە تارقالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىنىڭ شەرقىي تارمىقى بولغان ساتىم (Satim) تىلى گۇرۇپپىسىدىكى تىللار بىلەن، مەسىلەن، سانسكرىت تىلى، پارابىل تىلى بىلەن خېلى كۆپ پەرقىنى ساقلاپ قالغان. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىنىڭ غەربىي تارمىقى بولغان كىنتۇم (Cintum) تىلى گۇرۇپپىسىدىكى تىللار، مەسىلەن، كېرىت تىلى، ئىتالىيان تىلى قاتارلىقلارغا خېلى يېقىن تۇرغان. بۇلاردىن باشقا، توخار تىلى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1400 - يىللاردا كىچىك ئاسىيادا تارقالغان كىنتۇم تىلى گۇرۇپپىسىدىكى خېتىت تىلى بىلەن مۇناسىۋەتتى بولغان. بۇلا ئەمەس، توخار تىلى تېكىستلىرىدە ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىدا يەنە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىغا كەلگەن دائىرىدە جايلاشقان ئەڭ قەدىمىي پروتو - دراۋىدلارنىڭ تىلىغا ئۇيغۇن

① «جۇڭگو مىللىي قەدىمكى يېزىقلار تەتقىقاتى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 - يىلى نەشرى، 56 - بەت.

بولغان ئېلېمېنتلار كۆرۈلگەن. ئالىملار يەنە قەدىمكى كرورەننىڭ ساك تىلى دىئالېكتىدا توخار تىللىرىنىڭ ئېلېمېنتلىرىنى بايقىغان. بۇ ئەھۋالغا مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە ياشىغان شۈەنزاڭ (600 — 664 ـ يىللار) نىڭ «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىلىرى» ناملىق كىتابىدا ھازىرقى نىيە بىلەن چەرچەن ئارىسىدىكى بىر جاي (ئا. ستەيىن ئەندىرە دەپ كۆرسەتكەن جاي) نى «كونا توخار دۆلىتىدۇر» دەپ يازغىنى دەل توغرا كېلىدىكەن.

بىراھمى يېزىقى ۋەسىقىلىرىدە كۆرۈلگەن توخار تىلى ئىككى خىل دىئالېكتقا ئايرىلغان. بىر خىلى، كۇسەن (كۇچا) ئەتراپىغا تارقالغان بولۇپ، «غەربىي توخار تىلى»، «كۇسەن تىلى» دەپ ئاتالغان؛ يەنە بىر خىلى، قاراشەھەر بىلەن قوچو ئەتراپىغا تارقالغان بولۇپ، «شەرقىي توخار تىلى»، «ئاگنى (قارا شەھەر) تىلى» دەپ ئاتالغان. تىل خۇسۇسىيىتىدىن قارىغاندا، كۇسەن دىئالېكتى ئاگنى دىئالېكتىغا قارىغاندا بۇرۇنراق. توخار تىلىنىڭ ئۈچىنچى بىر دىئالېكتى بولسا كرورەندىن تېپىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە ئۇچرايدۇ.[1] قارۇشتى يېزىقى ئەسلى قەندىھار تىلىنى خاتىرىلىگەن بىر خىل يېزىق، بىراق تارىم بوستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە كۆرۈلگەن تىل ساپ قەندىھار تىلى بولماستىن، بەلكى يەرلىك تىل دىئالېكتلىرىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ئىبارەت ئىكەن. ئەنگلىيىلىك تىلشۇناس ت. بۇرروۋنىڭ تەھلىلىچە، بۇ خىل يەرلىك دىئالېكت توخار تىلى دىئالېكتى ئىكەن. شۇنىسى ئېنىقكى، قەندىھار تىلى كرورەنگە كىرىشتىن ئىلگىرى، كرورەنلىكلەر بىر خىل توخار تىلىدا سۆزلەشكەن. ئىزدىنىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر توخار تىلىنىڭ تۆتىنچى دىئالېكتى — يۆشىلەر (ياكى رۆجى — يۆجىلەر) تىلى[2] بارلىقىنى بايقىدى.

يۆشىلەرنىڭ ئەسلىي جايى دۈنخۇاڭ بولۇپ، ئۇلار توخار قەبىلىلىرى بىلەن چاڭ (كەن) قەبىلىلىرى ئارىسىدا ياشىغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىرلەردە زور بىر تۈركۈم يۆشى ـ يۆجى قەبىلىسىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا يۆتكىلىپ كەلگەن ھەم بۇلار «چوڭ

① لىن مېيسۈن: «قۇملۇقتىكى قەدىمكى يۇتۇكلەر — «جۇڭگودىن تېپىلغان قارۇشتىچە ۋەسىقەلەر»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1988 ـ يىلى نەشرى.
② بەزىلەر ياۋچىلار دەۋالغان — ئاپتوردىن.

يۆشىلەر» (大月氏) دەپ ئاتالغان. ئازراق بىر قىسمى چاڭلارغا بېقىنىپ ياشىغان بولۇپ، بۇلار «كىچىك يۆشىلەر» (小月氏) دەپ ئاتالغان. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭچى 1 ـ يىلى (مىلادىيە 885 ـ يىلى) يېزىلغان «شاجۇ، يىجۇ رايونىنىڭ تەزكىرىسى» ناملىق كىتابتا، كىچىك يۆشى ئەجدىھا جەمەتلىك قەبىلە توغرۇلۇق توختىلىپ: «ئەجدىھا قەبىلىسى ئەسلى ئاگنىلىقلاردىندۇر» دېيىلگەن. قەدىمكى ھىندىستان تارىخچىسى كارخاننىڭ «شاھى نەھر» (خان دەرياسى) ناملىق كىتابىدا، ئوتتۇرا ئاسىياغا يۆتكىلىپ بارغان چوڭ يۆشى «Turuska» (ياكى توخار) لارنىڭ ئەۋلادى دېيىلگەن. لىن مېيسۈن ئەپەندى بۇ خىل پاكىتلارغا ئاساسەن يۆشىلەر بىلەن ئاگنىلىقلار ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار توخارلارنىڭ بىر تارمىقى، يۆشى تىلى بولسا توخار تىلىنىڭ بىر دىئالېكتى دەپ قارىغان.①

يۆشى (月氏، قەدىمدە «يۇجى» ئوقۇلغان.) لەر غەربكە يۆتكىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلار توغرۇلۇق جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدا ھېچقانداق يازما ماتېرىيال قالدۇرمىغان. غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ تىلى باكتېرىيە تىلى، قەندىھار تىلى، ساك تىلى قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ تىلىغا ئۆزگىرىپ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، پەقەت پارچە ـ پۇرات سۆزلۈكلەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تىللاردا يېزىلغان ئابىدىلەردە ساقلىنىپ قالغان، ئەمما يۆشى تىلىدىكى ھۆججەتلەر ھازىرغىچە تېپىلمىغان.

كرورەن تىلىدىكى تولۇقراق ھۆججەتمۇ ھازىرغىچە ئۇچرىتىلمىغان. پەقەت بىرقانچە يۈز سۆزلۈك ۋە گرامماتىكىلىق ھادىسىلەر مىلادىيە 3 ـ ئەسىرلەر ئەتراپىدىكى قارۇشتىچە ۋەسىقىلەردە ساقلىنىپ قالغان. نۆۋەتتە توخار تىلىدىكى تولۇقراق ھۆججەت پۈتۈنلەي براھمى يېزىقى بىلەن يېزىلغان. گېرمانىيىلىك ئالىم E. سىبگ، W. سىبگلىن ۋە فرانسىيىلىك ئالىم لاۋۋې ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بېرلىن ۋە پارىژدا ساقلىنىۋاتقان توخار تىلى ھۆججەتلىرىنى يېشىپ ئوقۇش ۋە ئېلان قىلىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى، 1950 ـ يىللاردىن باشلاپ، گېرمانىيە تەرەپ «توخار تىلىدىكى پراگ-

① لىن مېيسۈن: «يىپەك يولىنى ئاچقۇچىلارنىڭ ئاۋانگارتلىرى — توخارلار»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» («文物») ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1989 ـ يىلى 1 ـ سان، بېيجىڭ.

مەنتلار (A)» (ئىككى توم، 1921 ـ يىلى)، «توخار تىلى (B)» (ئىككى توم، 1949 — 1953 ـ يىللار) لارنى ئېلان قىلدى؛ فرانسىيە تەرەپ «كۇسەن ھۆججەتلىرىدىن پراگمېنتلار» (بىر توم) نى ئېلان قىلدى، 1950 ـ يىللاردىن كېيىن، بۇ خىل تەتقىقاتقا گېرمانىيىلىك ئالىم W. توماس، فرانسىيىلىك ئالىم J. فىللىئوزاتلار بىلەن ئېلىمىز ئالىمى جى شيەنلىن قاتارلىقلار زور ھەسسە قوشۇپ كەلمەكتە.

تارىم بوستانلىقىدىن بايقالغان ئىككىنچى چوڭ تىل گۇرۇھى ساك تىلى گۇرۇھىدۇر. بۇ تىلغا دائىر ماتېرىياللار دەسلەپ بايقالغاندا، كىشىلەر ئۇنىڭ قانداق تىل ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەن. گېرمانىيىلىك تىلشۇناس لويمان بۇ خىل تىلنى «شىمالىي ئارىيان تىلى» دەپ ئاتاپ، ھىندى ۋە ئىران تىلىدىن باشقا ئۈچىنچى خىل ئارىيان تىلى دەپ قارىغان. كېيىنچە، فرانسىيىلىك شەرقشۇناس پېللىئوت بۇ خىل تىلنىڭ ئىران تىلىغا يېقىن ئىكەنلىكىنى بايقىغان، شۇنىڭ بىلەن «شەرقىي ئىران تىلى» دەپ ئاتىغان. ئەڭ ئاخىرىدا گېرمانىيىلىك تىلشۇناس H. لۈدېرس بۇ خىل تىلنىڭ ئوتتۇرا قەدىمكى ئىران تىلىنىڭ شەرقىي قىسىم دىئالېكتىدىكى ساك تىلىغا ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، 1913 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان بىر كىتابىدا بۇ تىلنى «ساك تىلى» دەپ ئاتىغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ نام ئىلىم ساھەسىدە كەڭ قوللاشقا ئېرىشىلگەن.

ساك تىلىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسى ھىندىستاننىڭ قەدىمكى يېزىقى — بىراھمى يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، ئاساسەن تارىم بوستانلىقىنىڭ غەربىدىكى بارچۇق، ئۇدۇن، كېرىيىدىكى قەدىمكى ئىزلاردىن ھەم دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆيلەردىن قېزىۋېلىنغان. نۆۋەتتە ساك تىلىدىكى ھۆججەتلەرنى ئالىملار، جۇملىدىن لىن مېيسۇن ئەپەندى ئۇدۇن، سۇلى (كاشغەر) ۋە ئۈزۈن تاتتىن ئىبارەت ئۈچ خىل دىئالېكتقا ئايرىپ چىقتى. ئۇدۇن تىلى بولسا تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى خوتەن دەرياسى ساھىلىغا تارقالغان، ئۈزۈنتات تىلى بولسا خوتەننىڭ شەرقىدىكى كېرىيە دەرياسى ساھىلىغا، سۇلى تىلى بولسا تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كاشغەر دەرياسى (قىزىل دەرياسى) ساھىلىغا تارقالغان.

ئۇدۇن تىلىدىكى ھۆججەتلەر بىر قەدەر مول، ئۇدۇننىڭ ئۆزىدە،
دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆيلەردە ساقلىنىپ قالغان بىرقانچە مىڭ پارچە
ئۇدۇن تىلىدىكى بۇددا يېزىلمىلىرى، ئەدەبىي ئەسەرلەر، خان يارلىق-
لىرى، توختامنامىلەر، ھېسابات ھۆججەتلىرى قاتارلىقلار بار. ئۇ-
دۇن تىلىدىكى ھۆججەتلەرنى يېشىپ ئوقۇشقا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوش-
قانلار نورۋېگىيە ئالىمى كونوۋ بىلەن ئەنگلىيە تىلشۇناسى خ. ۋ.
بايلېي.

ئۇزۇنتات ( 扜弥 ) تىلى ئۇدۇنغا قوشنا ئۇزۇنتات خانلىقىدا
قوللىنىلغان تىل. مەزكۇر خانلىق مىلادىيە 2 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا
ئۇدۇن تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان بولۇپ، يېزىق ماتېرىياللىرى قالدۇ-
رۇلمىغان. 1968 ـ يىلى تىلشۇناس بايلېي سىتەيىن قولغا چۈشۈر-
گەن ئىككى پارچە ھۆججەت بىراھمى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرگە ئوخ-
شاشمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ تىلى بولسا ئوتتۇرا قەدىمكى ئىران تىللىرى-
نىڭ شەرقىي قىسىم دىئالېكتىغا مەنسۇپلۇقى، ئەمما ئۇدۇن تىلى،
سۇلې تىلى بىلەن خېلى زور پەرقىنىڭ بارلىقىنى بايقىغان. ئۇنىڭ
1968 ـ يىلى لوندوندا نەشر قىلدۇرغان «Saka Docu ments text volume»
ناملىق كىتابىدىكى بايانلارغا قارىغاندا، شۇ كەمگىچە بۇ ھۆججەت
پۈتۈنلەي يېشىپ ئوقۇلماي كەلگەن. بۇ ئىككى پارچە ھۆججەت سىتەي-
يىن تەرىپىدىن كېرىيە دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى دەندان ئۆي-
لۈكنىڭ شىمالىي راۋاق خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان (بۇ ھەقتە ئۇنىڭ
«قەدىمكى خوتەن» ناملىق كىتابىغا قاراڭ). بۇ جاي قەدىمكى ئۇزۇن-
تات ئېلىنىڭ چېگراسىغا تەۋە جاي ئىدى. بۇ ھۆججەتنىڭ تېپىلغان
جايىغا قاراپ، تىلشۇناس لىن مېيسۈن بۇ بىر پارچە ھۆججەتنى
ئۇدۇننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن كېيىنكى ئۇزۇنتاتلىقلارنىڭ تىلىدىكى
ھۆججەت بولۇشى كېرەك، دەپ قارىغان.

سۇلې تىلىدىكى ھۆججەتلەر ئاساسلىقى كاشغەر دەرياسىنىڭ تۆ-
ۋەن ئېقىنىدىكى توققۇزساراي قەدىمكى ئىزى ۋە تۇمشۇق بۇددا خارابى-
سىدىن تېپىلغان. دەسلەپ، كونوۋ بۇ ھۆججەتلەرنىڭ تىلىنى بىر
خىل قەدىمكى ئۇدۇن تىلى دەپ قارىغان. ئەمما بايلېي ئۇنى ئۇدۇن
تىلى بىلەن ئوخشاشمايدىغان ساك تىلى دىئالېكتىغا مەنسۇپ، دەپ
قارىغان. ئەڭ ئاخىرىدا ئەنگلىيىلىك تىلشۇناس R・E ئېممېرىك

1985 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان «The Tumshuqese Karwavacana Text» ناملىق كىتابىدا، بۇ ھۆججەتلەرنىڭ تېپىلغان ئورنىغا قاراپ، ئۇنىڭغا «تۇمشۇق تىلى» دەپ نام بەرگەن. يېقىندا لىن مېيسۈن ئەپەندى بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ، توقتۇزساراي قەدىمكى شەھىرىنىڭ سۇلې ـ كاشغەرنىڭ شەرقىي چېگراسىدىكى مۇھىم بازار ئىكەنلىكىنى، پەنتو شەھىرىنىڭ مۇشۇ جايدا بولغانلىقىنى، تۇمشۇق تىلىنىڭ ئەمەلىيەتتە بولسا سۇلې ـ كاشغەر تىلى ئىكەنلىكىنى دەلىللىگەن.① ئۇ بۇ قارىشىغا كەلتۈرگەن پاكىتلىرىدىن بىرى شۇكى، تۇمشۇق تىلىدىكى ۋەسىقىلەردە تىلغا ئېلىنغان خان ۋاسۇ دېۋانىڭ جەنۇبىي خانلىقلار زامانىسى (420 ـــ 589 ـ يىللار) دا ياشىغان لياڭ خۇيجاۋ يازغان «ئالىي راھىبلار تەزكىرىسى» (« 高僧传 ») نىڭ «بۇددا يېشى تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان سۇلې خانى «بۇيۇ؟» (不恣) ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان. سۇلې تىلىدىكى ماتېرىياللار كۆپ ئەمەس، نۆۋەتتە پەقەت 50 پارچە ئەتراپىدا تېپىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بۇددا نوملىرى، توختامنامىلەر، خەت ـ چەكلەر ۋە ھېسابات ھۆججەتلىرىدىن ئىبارەت ئىكەن.

بىزنىڭ تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى زاماندا قوللىنىلغان توخار تىلى ۋە ساك تىلى توغرىسىدا ئۇزۇندىن ـ ئۇزاق توختىلىشىمىزدا سەۋەبلەر ھەرخىل. مىلادىيە 10 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن شىنجاڭدىكى ئاساسىي مىللەت سۈپىتىدە رول ئوينىغان② ئۇيغۇر مىللىتى، شۇنىڭدىن كېيىن يېڭىۋاشتىن بىر بەرپەتلىك مىللەت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنىڭ ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەسلىكىنى؛ ئۇنىڭ يىراق مەدەنىيەت ۋارىسچانلىقىنىڭ بارلىقىنى قىسقىچە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە شىنجاڭ ساكلىرى بىلەن توخارلىرىنىڭ مىللىي گەۋدە سۈپىتىدە شىنجاڭ تارىخ سەھىپىسىدىن غايىب بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بوغۇن ـ پۇشتىلىرىنىڭ ھايات سىمفونىيىسىنى ئۈزۈپ قويماي توختاۋسىز جاراڭلىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى تەكىتلەش-

① بۇ ھەقتە ئۇنىڭ «سۇلې تىلى ھەققىدە مۇلاھىزە» («بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن ـ مائارىپ، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ يىپەك يولى كومىتېتى تەتقىقاتى 1990 ـ يىلى ئۈرۈمچى خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن.)

② «سۇلې تىلىدىكى "كارۋاكانا" سۇترىسى پراگمېنتى تەتقىقاتى» («شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە 1995 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان) ناملىق ماقالىلىرىگە قارالسۇن.

تىن ئىبارەت. ئۇنداق بولسا، بۇ ھەقتىكى قاراشلارنى قانداق يەكۈن-
لەش لازىم. خې شىڭلياڭ ئەپەندى قارا شەھەردە ياشىغان توخارلار كېيىنكى ۋاقىتتا ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن قوۋملار قاتارىغا قوشۇلغانلىقىنى تەكىتلىسە،① فرانسىيىلىك شەرقشۇناس ر. گرۇسسې «قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇيغۇرلار ۋارىسلىق قىلىپ، پايدىلانغىنى (توخار) دۇنياۋى ئەدەبىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىدى»② دېگەن. جۇ ۋېيجۇ ئەپەندى بولسا «ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا» ناملىق يىرىك ماقالىسىدە، ساكلار ئۇيغۇرلارنى تەشكىل قىلغان، ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاستىلىك ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئېتنىك مەنبەلىرىدىن بىرى③ دەپ بايان قىلدى. ئەدەبىيات تارىخشۇناسى لى يۇڭ ئەپەندى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق مۇلاھىزىلەر ئارقىلىق مۇنداق مەنتىقىي پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى:

جەمئىيەت تەرەققىياتى تۈپەيلى، تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئارىيان-
لارغا تەۋە توخارلار ۋە ساكلار (جۈملىدىن ئۇلاردىن بۇرۇن ياشىغان دارۋىدلار) نىڭ ئېتنونىملىرى تارىختىن ئۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى پۈتۈنلەي ئۆلۈپ كەتكەن ئەمەس، خۇسۇسەن ئۇلار تەرىپىدىن يارىتىلغان، داۋاملاشتۇرۇلغان ۋە تەرەققىي قىلدۇ-
رۇلغان يۈكسەك سەۋىيىلىك ئىقتىساد ـ مەدەنىيەت ترادىتسىيىلىرى يوقىلىپ كەتكەن ئەمەس. مىلادىيە 10 ـ ئەسىردىن باشلاپ بۇ خىل ئىقتىساد ـ مەدەنىيەت ترادىتسىيىلىرى تۈرك ـ ئۇيغۇر تىللىرى شەكلىدە نامايان بولدى. دېمەك، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا ئەڭ ئاۋۋال ئارىيانلار ئائىلىسىدىن كەلگەن توخار ۋە ساكلار ئۇنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنداق مەنتى-
قىي يەكۈننى چىقىرىشقا بولىدۇكى، تارىم ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى ئارىيان ئاھالىسى ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يىراق ئۆتمۈش ئەج-
دادلىرىنىڭ ئاساسى ياكى غولىدۇر. ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتى ئېتىبارى بىلەن تارىختا «غەر-

① خې شىڭلياڭ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئېتىقادى»، «مىللەت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1995 ـ يىللىق 6 ـ سان، خەنزۇچە، بېيجىڭ.

② ر. گرۇسسې: «يايلاق ئىمپېرىيىلىرى»، چىڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى، 147 ـ بەت.

③ فېڭ جىابىن مەسئۇللۇقىدا تەييارلانغان: «ئۇيغۇرلار، قاتارلىق تۈرك كىتاب مەسىلىسى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماقالىلەر توپلىمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 138 ـ بەت.

بىر يۇرت» دەپ ئاتالغان تارىم ھاۋزىسىدىن قۇمۇل بوستانلىقلىرىغىچە بولغان كەڭ زېمىندىكى قەدىمىي ئاھالىنىڭ ئەۋلادىدۇر.①

سوغدى تىلى. بۇ ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىنىڭ ئوتتۇرا قەدىمكى ئىران تىلى شەرقىي قىسىم دىئالېكتىغا مەنسۇپ تىل بولۇپ،② يېزىقى بولسا قەدىمكى پارس ئارشاكىلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ يېزىقى — ئارامى يېزىقى ئاساسىدا سوغدى تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى بويىچە ئىجاد قىلىنغان.

سوغدى يېزىقى ئەڭ دەسلەپ مىلادىيە 2 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە بارلىققا كەلگەن. ستەيىن كرورەندىن تارتىپ خوتەنگىچە بولغان قەدىمگاھلاردىن سوغدى ۋەسىقىلىرىنى تاپقان بولۇپ، بۇلار سودا - سېتىق ۋەسىقىلىرىدىن ئىبارەت. دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرىدىن تېپىلغان سوغدى ھۆججەتلىرى ئاساسەن بۇددا نوملىرىدىن ئىبارەت. تۇرپاندىن تېپىلغانلىرى بولسا ئەڭ كۆپ بولۇپ، بۇلار ئىچىدە بۇددا دىنى، مانى دىنى، نېستورى دىنى يېزىلمىلىرى، ئىلىم - ئىجتىمائىي دائىر ھۆججەتلەر بار. بۇلاردىن باشقا جەنۇبىي سىبىرىيە، موڭغۇل يايلاقلىرى ۋە تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى تەۋەسىدىن تۈرك بالباللىرى ۋە مەڭگۈ تاشلىرى ئۈستىدە ئۆزۈن - ئۆزۈن سوغدى يېزىقىدىكى ئويما خەتلەر بايقالدى. سوغدى نېستورى مىسسىئونېرلىرى يەنە سۈرىيە يېزىقى ئاساسىدا سوغدى تىلىنىمۇ خاتىرىلىگەن. قوچو قەدىمكى شەھىرى سىرتىدىكى نېستورى دىنى قەدىمگاھىدىن سۈرىيە يېزىقىدا يېزىلغان سوغدى تىلىدىكى نېستورى ھۆججەتلىرى تېپىلغان. بۇلاردىن باشقا ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى، ماۋەرائۇننەھر، تاجىكىستان، كەشمىر، ھىندى دەريا ۋادىسى قاتارلىق جايلاردىنمۇ سوغدى يېزىلمىلىرى ئۇچرىتىلغان.

قەندىھار تىلى. بۇ تىل ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىغا مەنسۇپ تىل بولۇپ، ئوتتۇرا قەدىمكى ھىندى ئارىيان تىلىنىڭ ئاۋام تىلى بولغان پراكرىت تىلى دىئالېكتى. ئۇنىڭ يېزىقى قەدىمكى پارس ئەھەمەنىيلەر سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ يېزىقى — ئارامى يېزىقى-

① لى يۈلىڭ: «ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكا سەنئىتىنىڭ يىراق ئۆتمۈش ئىلتىماسى - مەدەنىيەت ۋە ئېتنىك ئاساسى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1995 - يىللىق 2 - سان.
② نىۋ رۇجى: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىقى ۋە ھۆججەتلىرىگە مۇقەددىمە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

نىڭ ئېز يېزىق شەكلىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن يېزىق — قارۇشتى يېزىقىدىن ئىبارەت. بۇ خىل يېزىق ئەڭ دەسلەپ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىرلەرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھىندىستاننىڭ ماۋرۇيا (توز) سۇلالىسى پادىشاھى ئاسوكاخان قەندىھارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلاردا چىقارغان يارلىقلاردا كۆرۈلگەن. كېيىنچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ يېزىقى سۈپىتىدە كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تارقالغان.

قارۇشتى يېزىقىدىكى تىلنىڭ ئەسلىي نامى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئاۋام تىل، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاۋام تىل پىراكرىت تىلى ئىدى. كېيىنچە بۇ تىل قەندىھار (بۈگۈنكى پاكىستاننىڭ پىشاۋۇر) رايونىدا كېلىپ چىققانلىقى ئىسپاتلانغان. شۇڭا، ئەنگلىيىلىك تىلشۇناس بايلېينىڭ تەشەببۇسى بويىچە ئۇنىڭغا «قەندىھار تىلى» دەپ نام بېرىلگەن بولۇپ، بۇ ئىلىم دۇنياسىدا كەڭ قوللاشقا ئېرىشلگەن.

تەخمىنەن مىلادىيە 2 - ئەسىرلەرنىڭ ئاخىرلىرىدا، قەندىھار تىلى پامىرنىڭ شەرقىدىكى رايونلارغا تارقىلىشقا باشلاپ، تارىم ئويمانلىقىدىكى بىرمۇنچە خانلىقلار، جۈملىدىن سۇلې، ئۇدۇن، كىرورەن ۋە كۇسەن رايونىنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ تىلىغا ئايلانغان. بىراق، ئۇدۇن، سۇلې ۋە كۇسەن خانلىقلىرىدا بىراھمى يېزىقىدا ئۆز تىلىنى خاتىرىلەش ئەپلىك ھېسابلانغان؛ پەقەت كىرورەنلىكلەرلا داۋاملىق يوسۇندا قارۇشتى يېزىقى بىلەن قەندىھار تىلىنى خاتىرىلەشنى مىلادىيە 4 - ئەسىرلەرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋاملاشتۇرغان. سۇلېدىكى قارۇشتى ۋەسىقىلىرى كاشغەر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى توققۇزساراي قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان.

كۇسەن قارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر كۇچا سۇبېشى قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان.

ئۇدۇن قارۇشتى يېزىلمىلىرى ئۈچ خىل: (1) خەنزۇچە - قارۇشتىچە قوش تىلدا يېزىلغان ئاقچىلار؛ (2) قارۇشتىچە «دارما پادا سۇترىسى»؛ (3) ئۇدۇن خانىنىڭ يىلنامىسى چۈشۈرۈلگەن KI . 661 نومۇرلۇق قارۇشتى ۋەسىقىسى.

دېمەك، جۇڭگودىن تېپىلغان قارۇشتى ۋەسىقىلىرى ئاساسەن نىيە، كىرورەن ۋە مىرەن قەدىمكى شەھەرلىرىدىن چېلىقتۇرۇلغان، نۆۋەتتە

يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغىنى 1000 پارچىگە يېتىدۇ. ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن، خان يارلىقلىرى، ئومۇمىي ۋە خۇسۇسىي خەت - چەكلەر، توختامنامىلەر، ھېسابات ھۆججەتلىرى ۋە بۇددا ھېكايىلىرى قاتارلىقلار. بۇلاردىن باشقا، تورپاننىڭ تۇيۇق، دۇنخۇاڭدىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ سېپىل خارابىسى، چاڭئەن ۋە لوياڭدىكى قەدىمكى ئىزلاردىن قارۇشتى يېزىقىدىكى مەڭگۇ تاشلار، لەۋھەلەر ۋە ۋەسىقىلەر تېپىلدى. بۇلاردىن شۇ نەرسە بىلىنىدۇكى، قەندىھار تىلى يىپەك يولىدىكى مۇھىم خەلقئارالىق ئالاقە تىلى بولۇپ قوللىنىلغان.

باكتېرىيە تىلى. بۇ تىل يىپەك يولىدىكى ئۈچىنچى خەلقئارالىق تىل سۈپىتىدە قوللىنىلغان. 1950 - يىللاردىن باشلاپ، ئافغانىستان، پاكىستاننىڭ شىمالى ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن تېز يازما شەكىللىك گرېك يېزىقى بىلەن ئويۇلغان مەڭگۇ تاشلار تېپىلغان. ئەمما بۇ مەڭگۇ تاشلارنىڭ تىلى گرېك تىلى بولمىغان. 1960 - يىلى، ئەنگلىيىلىك تىلشۇناس W . B . خېنىنىڭ بۇنىڭ سىرىنى يېشىپ چىققان. ئۇنىڭ ئىسپاتلىشىچە، بۇ مەڭگۇ تاشلارنىڭ تىلى ئوتتۇرا قەدىمكى ئىران تىلىنىڭ شەرقىي قىسىم دىئالېكتىغا مەنسۇپ ئىكەن. ئەڭ دەسلەپكى مەڭگۇ تاشلار قەدىمكى باكتېرىيە چېگراسى ئىچىگە تارقالغان بولغاچقا، بۇ ئالىم بۇ خىل تىلغا باكتېرىيە تىلى دەپ نام بەرگەن. خېنىنگنىڭ تەتقىقاتىدىن ئىلگىرى بىر قىسىم نەشر ماتېرىياللىرىدا ئېفتالىتلار يېزىقى بىلەن ئوخشاش تىپتىكى مەڭگۇ تاشلار توغرۇلۇق يېڭى تونۇش قولغا كەلتۈرۈلدى دېگەن خاتا قاراش بولغان. بىراق، بەزى ئالىملار بۇ خىل تىلنى توخار تىلى بولۇشى كېرەك دەپ قاراپ، ئۇنى «ھەقىقىي توخار تىلى» دەپ ئاتاشنى تەشەببۇس قىلماقتا.

باكتېرىيە تىلى توغرىسىدا، جاڭ چيەننىڭ بىر بايانى بار. سىما چيەن «تارىخىي خاتىرىلەر. پەرغانە تەزكىرىسى» دە ئۇنىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن مۇنداق يازغان: «پەرغانىدىن ئارشاكقىچە بولغان ئەللەرنىڭ تىلىدا پەرق بولسىمۇ، ئەمما ئۆرپ - ئادەتلىرى ئوخشاش، ئۆز ئارا تىللىرىنى ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدۇ.»

باكتېرىيە پەرغانە بىلەن ئارشاكنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، باكتېرىيىلىكلەر بىلەن ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئارشاكلار

«بىر ـ بىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىكەن»، ئۇنداقتا باكتېرىيە تىلى سوغدى تىلى ھەم پارابىل تىلى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئوتتۇرا قەدىمكى ئىران تىلىنىڭ مەلۇم بىر خىل دىئالېكتىغا مەنسۇپ بولۇشى تۇرغان گەپ. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، توخار تىلىدا سۆزلىشىدىغان چوڭ يۈشى باكتېرىيىگە كىرگەندىن كېيىن، بۇ يەر توخارىستان دەپ ئاتالغان. بۇنىڭدىن شۇ نەرسە ئۇقۇلىدۇكى، بۇ خىل گرېك يېزىقى بىلەن يېزىلغىنى شەرقىي ئىران تىلى دىئالېكتى بولۇپ، خۇددى خېنىنىڭ ئېيتقاندەك، باكتېرىيە تىلىغا تەۋە.

نۆۋەتتە تېپىلغان باكتېرىيە تىلىغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ كۆپرەكى كۇشان ئىمپېرىيىسى باكتېرىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتتىكى مەڭگۈ تاشلار، ئاز قىسمى ئېفتالىتلار باكتېرىيىگە كىرگەندىن كېيىنكى مەڭگۈ تاشلاردىن ئىبارەت. تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كرورەندىن تېپىلغان گرېك يېزىقىدىكى پراگمېنتلار ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان بۇددا، مانى دىنى يازمىلىرىمۇ بۇ خىل تېز يازما شەكىللىك گرېك يېزىقىدا يېزىلغان باكتېرىيە تىلىدىكى ۋەسىقىلەردىن ئىبارەت. ئادەتتە باكتېرىيىنىڭ ئۆزىدە، ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى سورك قوتال مەڭگۈ تاشلار توپى بىلەن داشى نادار مەڭگۈ تاشلار توپىنىڭ يىلنامىسى تەخمىنەن مىلادىيە 2 ـ ئەسىر ئەتراپىغا، ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى دىلبىرجىن ئىزى ۋە ئۆزبېكىستاننىڭ جەنۇبىدىكى تەنھىر ئىزىدىن ھەم كرورەن ئىزىدىن تېپىلغان مەڭگۈ تاشلار ۋە ۋەسىقىلەر مىلادىيە 3 — 4 ـ ئەسىرلەرگە، پاكىستاننىڭ شىمالىدىكى توچى مەڭگۈ تېشى بىلەن تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر مىلادىيە 7 — 8 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق دەپ قارالماقتا. خەنزۇچە «ئالىي راھىبلار تەزكىرىسى. جى چيەن تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، مىلادىيە 3 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، كۇشان ئىمپېرىيىسىدە مالىمانچىلىق بولۇپ، مىڭلىغان كۇشان ئاھالىسى ئارقا ـ ئارقىدىن جۇڭگوغا قېچىپ كەلگەن، ئەڭ ئاخىرى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى لوياڭدىكى كۆچمەنلەر بىرقانچە مىڭ ئاھالىگە يەتكەن. قارۇشتى يېزىقىنىڭ مۇشۇ چاغدا جۇڭگودا پەيدا بولۇپ قېلىشىنى ئالىملار مۇشۇ كۇشان مۇھاجىرلىرى

بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك دەپ قارىغان. باكتېرىيە تىلى كۇشانلارنىڭ ئۆز خەلق ھۆكۈمەت تىلىنىڭ بىرى بولۇپ، جۇڭگوغا كەلگەن كۇشان مۇھاجىرلىرى ئىچىدە باكتېرىيىلىكلەرمۇ بولغان.

سانسكرىت تىلى. تىلشۇناسلارنىڭ بايانىغا قارىغاندا، بۇددا سىددخارتىغا ئەڭ دەسلەپ دىن تارقاتقان تىل بۇددا دىنى ئاپىرىدە بولغان جاينىڭ تىلى — يېرىم ماگادخى تىلى (Artha — Magadhi) بولۇپ، باشقا جايلاردا بولسا ئاشۇ يەرنىڭ قارا تىلى پراكرىت تىلى قوللىنىلغان. كېيىنچە، بۇددا دىنى ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئېتىقاد قىلىدىغان دىنغا ئايلانغاندىن كېيىن، بۇددا مۇرىتلىرى تەدرىجىي يوسۇندا قارا تىلنى ئىشلەتمەيدىغان بولغان، ھىندى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تىلى — سانسكرىت تىلى «مۇقەددەس تىل»غا ئايلانغان. سانسكرىت تىلى بىلەن پراكرىت تىلىنىڭ مۇناسىۋىتى خۇددى خەنزۇ تىلىدىكى كىتابىي تىل ( 文言 ) بىلەن ئاممىباب تىل ( 白话 ) غا ئوخشايدۇ. ئوخشاشمايدىغان يېرى، سانسكرىت تىلى بولسا پۈتۈن ۋە بوئىمدۇل قاتارلىق قەدىمكى ھىندىستاننىڭ گرامماتىكا پېشىۋالىرى مۇقىملاشتۇرغان سۆزنى ئۆلچەملىك تىل، پراكرىت تىلى بولسا كەڭ ئامما تەرىپىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تەبىئىي ئاممىباب تىلدىن ئىبارەت. ھەر ئىككىلىسى قەدىمكى ھىندىستاننىڭ كلاسسىك تىلى — ۋېدا تىلى، شۇنداقلا قەدىمكى ھىندىستاننىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا قوللىنىلىدىغان تىلىنى ئاساس قىلغان بولغاچقا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىر خىل يېقىنلىق مەۋجۇت. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، تىلشۇناسلار ۋېدا تىلى بىلەن سانسكرىت تىلى قەدىمكى ھىندى ئارىيان تىلى، پالى تىلى قاتارلىق ھەرخىل قارا تىللار، ئوتتۇرا قەدىمكى ئارىيان تىلى، پراكرىت تىلىدىن كېيىنكى تا بۈگۈنكى كۈندە مەيدانغا كەلگەن ھەرخىل ھىندى — ئارىيان تىلىغا مەنسۇپ تىل — يېقىنقى زامان ھىندى ئارىيان تىلى دېگەن خاھىشتا بولماقتا.

شىنجاڭ رايونىدىن سانسكرىت تىلىدىكى بۇددا نومىلىرىنىڭ ھەرخىل يېزىقتىكى قوشۇپ يېزىلغان ھۆججەتلىرى تېپىلغان. ئەڭ دەسلەپكىسى بولسا قارۇشتى يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن. سىتەيىننىڭ نىيە قەدىمكاھىدىن بايقىغىنى قارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان بىرقانچە پارچە سانسكرىت تىلىدىكى بۇددا نومىلىرىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، 535 —

نومۇرلۇق قارۋشتى ۋەسىقىسىدە بىر قەسىدە (Slokas) بار بولۇپ، ئاز بىر قىسمى خەتلەر قارا تىل (جانلىق تىل) بىلەن يېزىلغاندىن باشقا، قالغانلىرى ئۆلچەملىك ۋە كلاسسىك سانسكرىت تىلى بىلەن يېزىلغان. يەنە مەسىلەن، 511 ـ نومۇرلۇق ۋەسىقىدىكى قەسىدىلەر ۋە ئۇنىڭ كەينىگە يېزىلغان بۆددا قانۇنىمۇ ئۆلچەملىك سانسكرىت تىلىدا يېزىلغان. بۇلاردىن كېيىن، يىپەك يولىدا تارقالغان سانسكرىت تىلىدىكى بۆددا نوملىرىنىڭ ھەممىسى براھمى يېزىقىنىڭ ھەرخىل ۋارىيانتلىرى بىلەن قوشۇپ يېزىلغان.

سانسكرىت تىلىدىكى بۆددا نوملىرى يىپەك يولىنى بويلاپ ھەرقايسى ئاساسلىق بازارلاردىن دېگۈدەك تېپىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ تەۋەسىدىن تېپىلغانلىرى، مەسىلەن، كاشغەر گوپالدىكى ھەزرەتى موللام تېغى بۆددا ئىبادەتخانىسى ئىزىدىن، بارچۇق توققۇزسارايدىكى شەھەرى ۋە تۇمشۇق بۆددا ئىبادەتخانىسى ئىزى، خوتەن يوتقان ۋە دەندان ئۆيلۈك قەدىمكى ئىزى، چاقىلىق چەرچى دوك قەدىمكى ئىزى، مىرەن ئىبادەتخانا ئىزى، كۇچا سۇبېشى قەدىمكى ئىزى، قىزىل، قۇمتۇرا مىڭئۆيلىرى، دۆلدۇل ئوقۇر قەدىمكى شەھىرى، تۇرپاندىكى قوچو قەدىمكى شەھىرى ۋە بېزەكلىك مىڭئۆيى، دۇنخۇاڭ مۇگاۋ غارىدىكى نوم ساقلانغان ئۆيدىن تېپىلغانلىرى خېلى كۆپ.

پاراپىل تىلى ۋە پارتخىيە تىلى. ئوتتۇرا قەدىمكى زاماندا پارس تىلى جەنۇبىي ۋە شىمالىي دىئالېكتلارغا ئايرىلغان، جەنۇبىي دىئالېكتى پاراپىل تىلى، شىمالىي دىئالېكتى پارتخىيە تىلى ئىدى. مىلادىيە 3 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پېرسىيىلىك مانى مانى دىنىنى ئىجاد قىلغان چاغدا، پاراپىل تىلى (ياكى پەھلىۋى تىلى، ئوتتۇرا قەدىمكى پارس تىلى) بىلەن «شابۇغراگان» ناملىق كىتاب يازغان، كېيىنچە مانى دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرى پارتخىيە تىلىغىمۇ تەرجىمە قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن مانى دىنى پۈتۈن ئىرانغا تارقالغان.

مىلادىيە 7 — 9 ـ ئەسىرلەردە، ئەرەب خەلىپىلىكى غەربىي ئاسىيادا ھاكىمىيەت تىكلىگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ، باشقا دىنلارنى چەتكە قاققان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەردە مانى دىنى يېڭى پاناھلىنىدىغان جاي تاپقان. شۇنىڭ بىلەن مانى

دىنىنىڭ ئىككى مۇقەددەس تىلى — پارابېل تىلى ۋە پارتخىيە تىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىپ كەلگەن. 1902 — 1907 - يىللىرى گىرۇنۋېدېل بىلەن لېكوك باشچىلىقىدىكى پرۇسسىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپاندىكى قەدىمكى ئىزلاردىن زور بىر تۈركۈم پارتخىيە تىلى ۋە ئوتتۇرا قەدىمكى پارس تىلىدا يېزىلغان مانى دىنى ھۆججەتلىرىنى تاپقان.①

### 3. خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللار ۋە يېزىقلار

شىنجاڭدا خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەردىن چياڭ، خەنزۇ ۋە زاڭزۇ قاتارلىق مىللەتلەر بولغان.

خەنزۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ناھايىتى قەدىمكى چاغلاردىن باشلاپلا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن باردى - كەلدى قىلىشقان. خەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، شىنجاڭدا خەنزۇ ئەمەلدارلار تۇرغۇزۇلغاندىن باشقا، بوز يەر ئېچىش مەقسىتىدە بىر تۈركۈم خەنزۇ ئاھالىلەر شىنجاڭغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغان. شۇ يىللاردىن باشلاپ، تا بۈگۈنكى كۈنگىچە، خەنزۇ ئاممىسىنىڭ پائالىيىتى شىنجاڭدا داۋاملىشىپ تۇرغان، جۈملىدىن خەنزۇ تىلىمۇ ئىشلىتىلگەن. خەنزۇ تىلىنىڭ ئىشلىتىلىشى بۇ يەردە ئىككى خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان. بىرى، ئۆز تەلەپپۇزى ۋە مەنىسى بويىچە قوللىنىش، يەنە بىرى، تاۋۇش بەلگىسى سۈپىتىدە قوللىنىپ، ئۇنى بەزى قوۋملار، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئۆز تىلىدىكى مەنىنى بىۋاسىتە ئىپادىلىگەن. بۇنى خەنزۇ تىلى بويىچە ئوقۇشقا بولسىمۇ، لېكىن خەنزۇ تىلىدا مەنىسى چىقمايدۇ. مەسىلەن، لىڭخۇدېفىن يازغان: «جۇنامە. 50 - جىلد. قوچو تەزكىرىسى» دە: «خولارنىڭ يېزىقى خەنزۇلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ... ئەمما ئۇلار خەتنى خەنزۇچە يازسىمۇ ئۆز تىلىدا ئوقۇيدۇ» دېيىلگەن. مەھمۇد كاشغەرى بولسا قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ «چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىقىمۇ بار» دېگەن.

---

① لىن مېيسۈن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1995 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 145 - بەت.

كىلياشتۇرنى بۇ يېزىقنى ئورقۇن ـ يېنسەي يېزىقى بولسا كېرەك، دەپ قارىغان بولسا، ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى خەنزۇ يېزىقى، دەپ قارايدۇ ھەم پىكرىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: تۇرپان ئاستانىدىن تېپىلغان خەنزۇچە خەت-چەكلەرنىڭ بىرمۇنچىسىنى ھازىر خەنزۇ تىلى قائىدىسى بويىچە ئوقۇش تەسكە چۈشۈۋاتىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى بۇ خەت-چەكلەرنىڭ يېزىقى خەنزۇچە بولسىمۇ، جۈملە تۈزۈلۈشى ئۇيغۇرچە بولغانلىقتىن شۇنداق بولغان. خەنزۇچە تارىخنامىلەردىكى بۇ پاكىتلار بىلەن مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر خىل يېزىقى بارلىقى ھەققىدىكى بايانلىرى مەزمۇن جەھەتتىن بىر ـ بىرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بىرلا پەرقى خەنزۇچە تارىخنامىلەردە ئۇلار (بۇ يەردە ئۇيغۇرلار دېگەن مەنىدە دەپ چۈشەنسە بولىدۇ) خەنزۇ يېزىقىنى ئاساس، ئۆز يېزىقىنى قوشۇمچە قىلىدۇ، دېسە، مەھمۇد كاشغەرى ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر يېزىقىنى ئاساس، چىنچە يېزىقنى قوشۇمچە قىلىدۇ، دېگەن. شۇڭا مەھمۇد كاشغەرى ئېيتقان مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايدىغان بۇ يېزىق قەدىمكى تۈرك يېزىقى بولماي، خەنزۇ يېزىقى بولۇشى مۇمكىن.①

خەنزۇ تىل ـ يېزىقى شىنجاڭدا ئۇزاق ئەسىرلەر قوللىنىلىش جەريانىدا، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى، جۈملىدىن مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە مۇھىم ھەسسىسىنى قوشتى. شىنجاڭدا تۇرغان ئەمەلدارلار ۋە پۇقرالار، شىنجاڭغا كەلگەن ساياھەتچىلەر ۋە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر، خەنزۇ تىل ـ يېزىقى بىلەن شىنجاڭ، جۈملىدىن شىنجاڭغا قوشنا رايونلار توغرۇلۇق قىممەتلىك يازما خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇلار جۇڭگونىڭلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت خەزىنىسى سۈپىتىدە قەدىرلەنمەكتە. بۇ تىل ـ يېزىقلارنى بىلمەي تۇرۇپ ياكى ئۇنىڭدىن ئۇنۈملۈك پايدىلانماي تۇرۇپ شىنجاڭنىڭ مۇكەممەل ئىجتىمائىي تارىخى، جۈملىدىن مەدەنىيەت ـ مەرىپەت تارىخى توغرۇلۇق سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

① ئى. مۇتىئى: «مەھمۇد كاشغەرى» رومانىنىڭ نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن» («ئاسىيا كۈنلىكى» گېزىتى، 1995 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى سانى).

### 4. ھام - سام تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللار ۋە يېزىقلار

ئىرانىي تىلى ۋە يەھۇدىيلارنىڭ پارس تىلى. ئارخېئولوگلار خوتەن، دەندان ئۆيلۈك خارابىسىدىن مىلادىيە 718 - يىلىغا مەنسۇپ يەھۇدىيلارنىڭ پارس تىلىدىكى ھۆججەتلىرىنى تاپقان. 10 - ئەسىرلەرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئەرەب شائىرى مىسار خوتەننى زىيارەت قىلغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «ئەلچىلىك خاتىرىسى»دە، خوتەندە يەھۇدىي دىنى مۇرىتلىرىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر بەرگەن. ئالىملار بۇ ئەھۋالغا قاراپ يەھۇدىي دىنى يەھۇدىيلار بىلەن بىرلىكتە شەرققە سۈرۈلۈپ، جۇڭگوغا كەلگەن دېگەن قاراشتا.

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەكەندىن تېپىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسى زامانىسىغا مەنسۇپ ئەرەب تىلىدىكى ھۆججەتلەردە مىلادىيە 2 - ئەسىردە يەھۇدىيلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدا پائالىيەت قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ بىر تۈركۈم ۋەسىقىلەردە تىلغا ئېلىنغان كۆچمەنلەر يەكەندىكى بىرقانچە ئائىلىلىك يەھۇدىيلاردىن ئىبارەت.

ئەرەب تىلى. ئەرەب تىلى سام - ھام تىللىرى سىستېمىسى سام تىللىرى ئائىلىسىگە تەۋە تىل، تەخمىنەن مىلادىيە 5 - ئەسىرلەردە، ئەرەبلەر ئارامى يېزىقىنىڭ بىر تارمىقى بولغان نابات يېزىقى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تىلىنى خاتىرىلەشكە باشلىغان. مىلادىيە 7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئەرەب قوشۇنلىرى سوغدىيانا رايونىنى ئىگىلەش بىلەن ئەرەب مەدەنىيىتىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭەيتكەن.

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پادىشاھى سۇتۇق بۇغراخان 9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، تارىم بوستانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى ئىسلاملىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ يەردە ئەرەب تىل - يېزىقىمۇ قوللىنىلغان. 1898 - يىلى خوئىل خوتەندىن تېپىلغان بىر تۈركۈم قاراخانىيلار ۋەسىقىسىنى تونۇشتۇرغان. ئۇنىڭ ئىچىدە تۆت پارچىسى ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان توختامنامىلەر، 24 پارچىسى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان قانۇن ۋەسىقىلىرى، بىر پارچىسى ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان قانۇن ۋەسىقىلىرى، بىر پارچىسى ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان پارس

تىلىدىكى ۋەسىقىلەر بولۇپ، مىلادىيە 1107 - يىلىغا تەۋە ئىكەن.

1914 - يىلى، فرانسىيىلىك خوگارت پېللىئوت شىنجاڭدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىشىدا قولغا چۈشۈرگەن قاراخانىيلار سۇلالىسىگە مەنسۇپ ۋەسىقىلەرنى ئېلان قىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچ پارچىسى ئەرەب يېزىقىدىكى توختامنامىلار بولۇپ، 1096— 1114- يىللىرى يېزىلغان، ئەسلى بۇ ھۆججەتلەر يەكەندىن تېپىلغان بولۇپ، شۇ يەردىن تېپىلغان ھۆججەتلەرنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت. بۇلاردىن باشقا بىر قىسىم ھۆججەتلەر 1980 - يىللىرى ئېلان قىلىنغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەتتە پارچىسى ئەرەبچە توختامنامىلەر، بەش پارچىسى ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان ئۇيغۇر تىلىدىكى ھۆججەتلەر، يەتتە پارچىسى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئۇيغۇر تىلىدىكى ھۆججەتلەر. 1950 - يىللىرى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى بارچۇقتىكى توققۇزساراي قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن قاراخانىيلار سۇلالىسىگە مەنسۇپ ۋەسىقىلەرنى تاپقان. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەرەب يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر ئاز ئەمەس.

ئالىملار شۇنداق قاراشتا بولىدىكى، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس تىلى بولغان ئەرەب تىلى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ تىلىنىڭ بىرى بولغان.①

سۇرىيە تىلى. بۇ تىل ھام - سام تىللىرى سىستېمىدىكى سېمىت تىللىرى گۇرۇپپىسىدىكى تىل. ئۇ ئەڭ دەسلەپ سۇرىيە پارمىلا رايونىدا تارقالغان ئارامى يېزىقىنىڭ تېز يازما شەكلى بىلەن قوشۇپ يېزىلغان. كېيىنچە، تەدرىجىي يوسۇندا بىر خىل ئېستىرونگېلو دەپ ئاتىلىدىغان يېڭى يېزىققا تەرەققىي قىلغان، شۇنىڭ بىلەن دۇنيادا سۇرىيە يېزىقى دەپ ئاتالغان. مىلادىيە 2 - ئەسىرلەردە، سۇرىيە تىلى ئېدېسا شەھىرىنى مەركەز قىلغان نېستورى دىنىنىڭ شەرقىي مەزھىپىنىڭ مۇقەددەس تىلىغا ئايلىنىپ، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا گرېك تىلىدىن قالسىلا مۇھىم تىل بولۇپ قالغان. تاڭ سۇلالىسى زامانىسىغا كەلگەندە، سۇرىيە يېزىقى نېستورى دىنىغا ئەگىشىپ جۇڭگوغا كىرگەن. ئارخېئولوگلار شىنجاڭنىڭ تۇرپان،

① لىن مېيسۈن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىياتى، 1995 - يىلى نەشرى، بېيجىڭ، 150 - بەت.

كۇچا، ئىلى قاتارلىق جايلاردىن سۈرىيە يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر، بېغىشلىمىلار، قەبرە تاشلىرى ۋە نېستۇرى ھۆججەتلىرىنى قولغا چۈشۈرگەن.

* * *

يۇقىرىدا، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا بىر قاتار تىل - يېزىقلارنىڭ قوللىنىلغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتتۇق. بۇ تىل - يېزىقلارنىڭ بەزىلىرىنى يەرلىك قوۋملار ئىشلەتكەن، بۇلار شىنجاڭ تىل - يېزىق تارىخىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ؛ بەزىلىرى يەرلىك خەلقلەر تەرىپىدىن ۋاستىلىك ھالدا قوللىنىلغان؛ يەنە بەزىلىرى سىرتتىن كەلگەن ئاز سانلىق كىشىلەر تەرىپىدىن مەلۇم مەزگىل ئىستېمال قىلىنغان. شۇڭا شىنجاڭنىڭ تىل - يېزىق مەدەنىيىتىگە نەزەر سالغاندا، يەرلىك خەلقلەرنىڭ تىل - يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنلىكىنى، بەزى تىل - يېزىقلارنىڭ تولۇقلىغۇچىلىق رول ئوينىغانلىقىنى ئايرىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك لازىم. مەسىلەن، ئا. ۋ. گاباىن خانىم بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «شىنجاڭدا سانسكرىت يېزىقىدىكى قولىيازمىلار تېپىلغان جايلار شۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ھىندىستانلىق باخشىلارنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى سانسكرىت تىلى ئىبادەتخانىلارنىڭ تىلى بولغانلىقتىن، تەرجىمىنىڭ ئەسلىي تېكىست تىلى قىلىپمۇ قوللىنىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، تەرجىمە قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدىغان سانسكرىت تىلىدىكى ئالاھىدە كىتابلارمۇ بولاتتى (مەسىلەن، دىنىي قانۇنلار ھەققىدىكى ئەسەرلەر). شۇنىڭ بىلەن بىرگە سانسكرىت تىلى شۇ يەردە رەسمىيلەشكەن تىل بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. سانسكرىت يېزىقىدىكى بەزى قولىيازمىلار (مەسىلەن، قېيىن دەرىخىنىڭ قوۋزىقىغا يېزىلغان پۈتۈكلەر) چەتتىن كەلتۈرۈلگەن، چۈنكى تارىم ئويمانلىقىدىن مۇنداق ماتېرىيال چىقمايدۇ. بۇ ماتېرىياللار ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تاغ رايونلىرىدىن چىقاتتى. «ئايرىلاشما سانسكرىت تىلى» نىڭ تەرەققىياتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھىندىستانلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.①

---

① ئا. ۋ. گاباىن: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1981 ـ يىلى 2 ـ سان، 73 ـ، 74 ـ بەتلەر.

دېمەك، تارىم بوستانلىقى ۋە تۇرپان بوستانلىقىدا ھەرخىل تىل - يېزىقتىكى ھۆججەتلەرنىڭ چىققانلىقىغا قاراپ، ئۇنى نوقۇل ھالدا مىللىي تەركىب بىلەن پاراللېللاشتۇرۇۋېلىش تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. گاباھىن خانىم پەقەت سانسكرىت تىلى توغرۇلۇق توختالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ خىل قارىشىنى باشقا تىل - يېزىقلارنىڭ قوللىنىلىشىغىمۇ تەتبىقلاشقا بولىدۇ.

ئومۇمەن، شىنجاڭنىڭ تىل - يېزىق مەدەنىيىتى رەڭدارلىق ۋە ناھايىتى مول بولۇپ، جۇڭگونىڭ تىل - يېزىق مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى ئېسىل بىر دەستە گۈل بولۇشقا مۇناسىپ، ئۇنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ سىرىنى يېشىپ چىقىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## 2 § . ئەدەبىيات

غەربىي يۇرت — شىنجاڭ قەدىمكى زاماندىن باشلاپ باي ۋە رەڭدارلىق ئەدەبىيات ماكانى بولۇپ كەلگەن. ئەجدادلار تەبىئەت بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئېلىشىش، گۈزەل تەبىئەتنىڭ ھۇزۇرلىنىش، جەمئىيەت بولۇپ ئۇيۇشۇش، بىرلىكتە ئەمگەك قىلىش، تۇرمۇش مەنىسىلىرىنى تەييارلاش ۋە جەملەش مەنىسىدە ئوي - تەپەككۇرلىرىنى قاناتلاندۇرۇپ، ئىستەك - ئارزۇلىرىنى بايان قىلىپ رەڭدارلىق ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى ياراتقان.

### 1. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتنىڭ سۈت ئانىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەجدادلارنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈش تارىخىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدىكى ئىجتىمائىي كۆرەشلەرنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن. «قاڭقىللىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشى»،[1] «ئاشىنا ئۇرۇقىنىڭ كېلىپ چىقىشى»[2] قاتارلىق ئەپسانە - رىۋايەتلەردە ئەجدادلار ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرۇلۇق تولىمۇ ساددا قارىشىنى ئىپادىلە-

---

① ۋېي شۇ: «ۋېينامە. غەربىي ھارۋىلىقلار تەزكىرىسى»گە قارالسۇن.
② لىڭخۇ دېفېن: «جۇنامە. تۈركلەر تەزكىرىسى»گە قارالسۇن.

گەن بولسا، «ئەجدىھانىڭ ياتلىق بولۇشى»، ① «كۆسەن خانىنىڭ ئەجدىھانى يەرگە چۈشۈرۈشى» ② قاتارلىقلاردا قەدىمكى ئۇدۇن ۋە كۆسەن خەلقىنىڭ تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ئېغىر تەھلىكىسىگە قارشى قەيسەرانە ئېلىشىش ۋە ئۆز كۈچ ـ قۇۋۋىتىدىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. «ئۇدۇن ئېلىنىڭ بىنا قىلىنىشى» ③ ناملىق رىۋايەتتە قەدىمكى ئۇدۇن خەلقىنىڭ ئۇرۇق ـ قەبىلە بولۇپ ئۇيۇشۇش، خانلىق تىكلەش ۋە قەلئەلىك شەھەر قۇرۇشتەك ئىجتىمائىي ھايات تارىخى ئوبرازلىق، يارقىن ۋە يىغىنچاق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇلاردىن باشقا كىشىلەرنى ھەممىشە چىن مۇھەببەتكە، ۋاپادارلىق ۋە ياخشىلىققا، ئەمگەكچانلىق ۋە باتۇرلۇققا ئۈندەيدىغان ھەر خىل تېمىلىق داستانلار، ئېپوسلار، چوڭقۇر پەلسەپىۋى ئوي ـ پىكىرلەر بىلەن تولغان، ھېكمەت ۋە ئىبرەتكە باي ماقال ـ تەمسىللەر، ئىنسان ئەقلىنى لال قىلىپ، ھاياتنىڭ سىرلىرىنى يېشىشكە، تۇرمۇشتىكى ئوڭۇشسىزلىقلارنى بىر ياقلىق قىلىشقا مەنىۋى ياقتىن ياردەم بېرىدىغان چۆچەك ۋە مەسەللەر بار.

«ئوغۇزنامە». بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىدىن بىرى. ئۇ بىر قاتار ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ئاساسىدا ئاكامۇللاشقان ھەم 10 ـ ئەسىرگە كەلگەندە رەسمىي يازما ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ خىلمۇخىل ۋارىيانتلىرى ھەر خىل تىلدىكى ھۆججەتلەردە ساقلىنىپ قالغان. «ئوغۇزنامە»دە ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى، ئەتراپتىكى قوۋم ـ ئايماقلار بىلەن بولغان ھەر خىل مۇناسىۋىتى، قەدىمكى مەدەنىيىتى خېلىلا يارقىن ۋە بەدىئىي تەرزدە ئىپادىلەنگەن.

«ماناس». بۇ قىرغىز خەلقىنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى. جۇڭگودىكى «ئۈچ چوڭ ئېپوس» نىڭ بىرى. ئۇ ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان قىرغىز خەلقى ئارىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا تارقىلىپ، بۇ جەرياندا تېخىمۇ تولۇقلىنىپ ۋە بېيىپ، بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئېپوستا ماناس ۋە ئۇنىڭ بىرنەچچە ئەۋلادىنىڭ قەھرىمانلىقلىرى تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق قىرغىزلارنىڭ

① شۈەنزاڭ يازغان «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» گە قاراڭ.
② مۇين چېڭشى يازغان «يۈياڭ خاتىرىلىرى»گە قاراڭ.
③ «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»گە قاراڭ.

تىنىچ، بەختلىك تۇرمۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان قەھرىمانلىق كۈرەشلىرى ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. 200 مىڭ مىسرادىن ئاشىدىغان بۇ ئېپوسنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر ۋە مول، تىلى گۈزەل ۋە ئاممىباب. مەشھۇر ماناسچى يۈسۈپ ماماي ماناسنى ئەڭ كۆپ ئېسىدە ساقلىغان ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئېيتىش سەنئىتى بىلەن خاتىرىگە چۈشۈرۈلگەن بۇ قىممەتلىك ئېپوسنىڭ ئېسىل ۋارىيانتى دۆلەت گۆھىرى سۈپىتىدە قەدىرلىنىپ، داۋاملىق رەتلىنىمەكتە ۋە نەشر قىلىنىپ تەتقىق قىلىنماقتا.

«نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى». بۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئۆتكۈر ھەجۋىي، قويۇق يۇمۇرلۇق ئاغزاكى ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدىن ئىبارەت.

## 2. يازما ئەدەبىيات

ئەجدادلارنىڭ يازما ئەدەبىياتى شېئىرىي ئەسەرلەر، نەسرىي ئەسەرلەر ۋە دراما ئەسەرلىرى تۈرىدە يېزىلىپ، غايەت كۆپ ھەجىمنى تەشكىل قىلغان.

قەدىمكى ئۇدۇن ئەدەبىياتى. قەدىمكى ئۇدۇنلۇقلار قەدىمكى ئۇدۇن تىلى بىلەن كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. يېقىنقى زامانغا كەلگەندە، چەت ئەل ئالىملىرى بۇ ئەسەرلەرنى شىنجاڭدىن قولغا چۈشۈرۈپ ئېلىپ كېتىپ تەتقىق قىلىپ بىر قاتار ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە خ. بايلېينىڭ «ئىلگىرىكى ئۇدۇن تىلىدا يېزىلغان رومانتىك ئەدەبىيات» (1963 - يىلى)، «ساكلارنىڭ لىرىكىلىرى» (1964 - يىلى)، «ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددىزمىنىڭ ئاغزاكى رىۋايەتلىرى» (1972 - يىلى)، ر. ئى. ئېمرىكنىڭ «ئۇدۇن ئەدەبىياتىغا مۇقەددىمە» (1979 - يىلى) قاتارلىقلار بار. بۇلاردىن باشقا قەدىمكى ئۇدۇندا «زامباستا» ناملىق بىر داستان تارقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ 207 بەت، 24 قىسىم، 400 مىسرالىق بىر نۇسخىسى زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن. بۇ داستاندا ئۇدۇنلۇقلارنىڭ غەيرىي كۈچلەرگە قارشى قەھرىمانلىق ھەرىكىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتى. ئۇيغۇرلارنىڭ شېئىرىيىتى شىنجاڭ، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىيات مۇنبىرىدە بىر خىل ئالاھىدە

شېئىرىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە راۋاجلىنىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ھەم گەۋدىلىك نامايەندىسى سۈپىتىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك يېتىلدۈرگەن. ئاپىرىنچور تېگىن (9 — 10 ـ ئەسىرلەر)، فارابى (870 — 950 ـ يىللار)، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى (؟ 1110 — ؟ 1180 ـ يىللار)، ئەھمەد يەسسەۋى (1105 ؟ — 1225 ـ يىللار)، سەيدۇللا (سادۇللا)، گۇەن يۈنشى، مازۇچاڭ (1278 — 1339 ـ يىللار)، شۆئاگغۇ (1270 — 1350 ـ يىللار)، لۇتفى (1366 — 1465 ـ يىللار)، ئاتائى (15 ـ ئەسىر)، سەككاكى (؟ — ؟ 1468 ـ يىللار)، ئەلشىر نەۋائى، ئامانىساخان، خىرقەتى، گۇمنام (17 ـ ئەسىر، بۇ ئىككى شائىر بىر ئادەم دېگەن قاراش بار)، خەراباتى (1638/60 — 1730/50 ـ يىللار)، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى (1675 — 1755 ـ يىللار)، نەۋبەتى (1691/2 — 1760 ـ يىللار)، ئەرشى (1685 — 1756 ـ يىللار)، مۇھەممەد سادىق كاشغەرى (1725/6 — 1849 ـ يىللار)، ئەھمەد شاھ قاراقاشى (1750 — 1828 ـ يىللار)، ئابدۇرېھىم نىزارى (؟ 1797 — 1880 ـ يىللار)، زىيائى (19 ـ ئەسىر)، تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى (1802 — ؟ 1860 ـ يىللار)، موللا شاكىر (1805 — 1870 ـ يىللار)، موللا بىلال (1824 — 1899 ـ يىللار)، موللا مۇسا سايرامى (1836 — 1917 ـ يىللار)، ناقىس (1840 — 1920/2 ـ يىللار)، ئابدۇقادىر داموللام (1862 — 1924 ـ يىللار)، تەجەللى (1856 — 1925 ـ يىللار)، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر (1901 — 1933 ـ يىللار)، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى (1876 — 1937 ـ يىللار)، لۇتپۇللا مۇتەللىپ (1922 — 1945 ـ يىللار)، ئەھمەد زىيائى (1913 — 1989 ـ يىللار)، زۇنۇن قادىرى (1911 — 1989 ـ يىللار)، قاسىمجان قەمبىرى (1910 — 1956 ـ يىللار)، سەيپىدىن ئەزىزى (1915 — 2003 ـ يىللار)، تېيىپجان ئېلىيېق (1930 — 1989 ـ يىللار)، نىمشېھىت (1906 — 1972 ـ يىللار)، ئىمىر ھۈسەيىن قازى (1900 — 1985 ـ يىللار)، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر (1923 — 1995 ـ يىللار) قاتارلىق مەشھۇر شائىرلار شېئىرىيەت دېڭىزىدا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئېسىل جاۋاھىرلارنى سۈزۈپ چىقىپ، ئۆز خەلقىنىڭ ھوزۇرلىنىشىغا تەقدىم

قىلغان. «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، «خەزائىنۇل مەئانى»، «خەمسە نەۋائى»، «جاھاننەما»، «كۇللىيات مەسنەۋىي خەرابات»، «دىۋانى زەلىلى»، «مۇھەببەت داستانلىرى» («غېرىبلەر ھېكايىسى») قاتارلىقلار شىنجاڭ شېئىرىيەت ئۇپۇقىدا كۆتۈرۈلگەن يورۇق يۇلتۇزلار بولۇپ، ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيە ۋە گۈزەل غايىۋى مەزمۇنلىرى بىلەن ئەسىرلەر داۋامىدا كىشى قەلبىنى ھۇزۇرلاندۇرۇپ كەلمەكتە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە «قۇتادغۇبىلىك». يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1081؟ — 1085/6 ـ يىللار) قاراخانىيلار خانلىقى زامانىسىدا ياشىغان ئۇلۇغ شائىر. ئۇ بالاساغۇن شەھرىدە تۇغۇلغان، كېيىن كاشغەردە ماكانلىشىپ قالغان. 1069 — 1070 ـ يىللىرى «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق داستان يېزىپ، قاراخانىيلار خانلىرىدىن تابغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن (1074/5 — 1102/3 ـ يىللىرى سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان) گە تەقدىم قىلىپ، «خاس ھاجىپ» لىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. «قۇتادغۇبىلىك» جەمئىي 85 باب، 6645 بېيىت، 13 مىڭ 290 مىسرادىن ئىبارەت بولۇپ، ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىپ بەھرىدە يېزىلغان. شائىر بۇ داستاندا قانۇن ـ ئادالەت سىمۋولى كۈنتۇغدى، بەخت ـ سائادەت سىمۋولى ئايتولدى، بىلىم ـ ئەقىلنىڭ سىمۋولى ئۆگدۈلمىش، ئاقىۋەت ۋە قانائەت سىمۋولى ئودغۇرمىشتىن ئىبارەت تۆت ئاساسىي پېرسوناژنى رېئال تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى بىلەن گۈزەل غايىۋى دۇنيا كۆرۈنۈشلىرى مۇجەسسەم قىلىنغان قاينام ـ تاشقىنلىق ھايات سەھنىسىدە تولغان ئەقىل-پاراسىتى، ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلىتى ۋە ھايات قانۇنىيىتىگە ماسلاشقان ھەم ئۇنىڭغا تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان چېۋەر ئىش ـ پائالىيەتلىرى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈپ، رېئال دۇنياغا بولغان ئۆزىگە خاس كىشىلىك قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق قانۇن، بىلىم ۋە ئەقىلنى، ھەرقايسى قۇرۇلما، تەبىقە ۋە بۆلەكلەرنى بىر ـ بىرىگە زىچ ئۇلاشتۇرۇپ، مۇشۇ ئارقىلىق ئەل ـ يۇرتنى ئىدارە قىلىپ، گۈللەنگەن، باياشات، باپباراۋەر جەمئىيەت قۇرۇش ئارزۇ ـ ئىستىكىنى ئىپادىلىگەن.

«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» تىكى ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى. بۇ قاراخا-

نىلار خانلىقى زامانىسىدا ياشىغان تىلشۇناس مەھمۇد ئىبنى ئەل
ھۇسەيىن ئىبنى مۇھەممەد ئەل كاشغەرى (؟ 1020 — ؟ 1117 ـ
يىللار) ئەرەب تىلىدا يازغان ئۈچ جىلدلىق كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدا
بىر تۈركۈم ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى (ئاساسەن شېئىر ـ قوشاق،
ماقال ـ تەمسىل قاتارلىقلار) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بېرىلگەن، يەنى
ئۇنىڭدا 242 پارچە ئەتراپىدا شېئىر ـ قوشاق، 200 پارچە ئەتراپىدا
ماقال ـ تەمسىل بار. يەنە ئۇنىڭغا بىر قىسىم ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرمۇ
كىرگۈزۈلگەن. «دىۋان»دىكى كۆپچىلىك ئەدەبىي ئەسەرلەر خەلق
ئېغىز ئىجادىيىتىگە تەئەللۇق، ئەمما بەزى ئەسەرلەر يازغۇچىلار قەلە-
مىگە مەنسۇپ دېگەن قاراشمۇ بار. ئومۇمەن، «دىۋان»دىكى بۇ ئەدە-
بىي پارچىلار قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرى ھەم ئۇنىڭدىن خېلى ئىلگە-
رىكى زامانلارنىڭ ئەدەبىي مەنزىرىسىدىن ئوبدان گۇۋاھلىق بېرەلەي-
دۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى ھايات، مېھنەت، بىلىم، ئادەمگەرچىلىكنى
قەدىرلەش، ياخشىلىق، ۋاپادارلىق، ئادالەتكە ئۈندەش، قەھرىمان-
لىق، پىداكارلىققا دالالەت قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن
ئەسەرلەر تولىمۇ قىممەتلىك.
«مايتىرى سىمىت». بۇ بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانا مەزھىپىگە مەن-
سۇپ ئەسەر بولۇپ، قەدىمكى قاراشەھەر بەگلىكىدە ياشىغان ئارياچاند-
تىرى ئۇنىڭ سانسكرىت تىلىدىكى نۇسخىسىغا ئاساسەن توخار تىلىد-
كى نۇسخىسىنى ئىجاد قىلغان، يەنى ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن. قوچو
ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە پىرتانىراكشىت دېگەن ئادەم
ئۇنى توخارچە نۇسخىسىغا ئاساسەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئۆزگەرتىپ
يېزىپ چىققان. بۇ نۇسخىنى ئالىملار «سەھنە ئەسىرى»، يەنى «27
پەردىلىك دراما» دەپ تەھقىقلەپ چىقىشتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ
ئەسەر ھازىرغا قەدەر جۇڭگودا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى-
دىكى قوليازمىلار ئىچىدە دەۋرى ئەڭ بۇرۇن بولغان بۇددا دىنى
مەزمۇنىدىكى ئەدەبىي ئەسەر دېگەن قاراش ئالغا سۈرۈلدى. «مايتىرى
سىمىت»تە، مۇكەممەل بەدىئىي شەكىل، كونكرېت ئوبراز، جانلىق
ۋە راۋان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئارقىلىق بۇددا دىنى نەزەرىدىكى
قۇتقۇزغۇچى تەڭرى — كەلگۈسى بۇرقان مايتىرىنىڭ ھاياتىدىكى
ئىش ـ پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان.

رابغۇزى ۋە «قىسسەئى رابغۇزى». رابغۇزى 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان (يەنى تەخمىنەن 1279 — 1351 ـ يىللىرى). ئۇنىڭ «قىسسەئى رابغۇزى» ناملىق ئەسىرى («قىسسەسۇل ئەنبىيا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) 72 بابتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مىلادىيە 1311 ـ يىلى يېزىلغان. ئۇنىڭدا «قۇرئان كەرىم» دىكى ۋەقەلىكلەرنى چۆرىدىگەن ئاساستا، «تەۋرات»، «ئىنجىل» دىكى ۋەقەلىكلەر بىلەن ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى مۇھىم ئىش ـ ھادىسىلەرمۇ ئەسەر سەھىپىسىدە ئۆز ئەكسىنى تاپقان. ئۇنىڭدا ئادەم، نوھ، داۋۇت، مۇسا، ئەيسا، ئىسكەندەر ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاتارلىقلارنىڭ يۈكسەك ئوبرازى يارىتىلغان. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ نەسرىي ئەدەبىياتىدا يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەسەر.

ئەلىشىر نەۋائى (1441 — 1501 ـ يىللار) ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر، شىنجاڭغا قوشنا خۇراسان مەملىكىتىنىڭ مەركىزى ھىراتتا تۇغۇلۇپ، شۇ مەملىكەتتە ياشاپ، يەنە شۇ ھىرات شەھىرىدە ۋاپات بولغان. يەكەن خانلىقى زامانىسىدا ياشىغان تارىخچى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر (1500 — 1551 ـ يىللار) «تارىخىي رەشىدى» ناملىق كىتابىدا: «ئەلىشىرنىڭ ئەسلى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن،① ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى كىچىككىنە باخشى دېيىشەتتى» دېگەن مەلۇماتنى قالدۇرغان. ئەلىشىر نەۋائى ئۆز زامانىسىدا مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرى ھېسابلانغان ھىراتتا كاتتا ئۆلىما ـ ئالىملاردىن بىلىم ئېلىپ تۈرلۈك ئىلىملاردىن خەۋەردار شائىر بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئۇ ھاياتىدا تىل، ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە، دىن قاتارلىق ساھەلەرگە ئالاقىدار 30 نەچچە پارچە ئەسەر يازغان. بۇلار ناھايىتى يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ۋە تارىخىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەردىن ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بەش چوڭ داستاندىن تەركىب تاپقان 50 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق ھەجىمدىكى «خەمسە نەۋائى»، 45 مىڭ مىسراغا يېقىن لىرىك شېئىرلاردىن جەملەنگەن «خەزائىنۇل مەئانى» («مەنىلەر خەزىنىسى») يەنى «چاھار دىۋان» (تۆت توپلام) ۋە «مۇھاكىمەتۇللۇغەتەيىن»، «لىسانۇتتەير»، «مەجالىسۇننەفائىس»، «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئەسەرلەر ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ، بەكمۇ قەدىر

① باھىش — تۈمەن، مۇئەللىم ئا — زىيالىي، كاتىپ دېگەن مەنىلەرگە ئىگە سۆز.

قىممەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە. ئەلىشىر نەۋائى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى شېئىرلىرىنى «نەۋائى»، پارس تىلىدىكى شېئىرلىرىنى «فانى» تەخەللۇسى بىلەن يېزىپ، ئىلىم ئەھلى ئارىسىدا «زۇللىسانەيىن» (ئىككى تىللىق شائىر) دەپ شۆھرەت قازانغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۆز زامانىسىدىن باشلاپلا غەربىي ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر ۋە پارس ـ تاجىكلار ھەم ئافغانىستان خەلقلىرى ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغان.

ئۇيغۇرلار قەدىمكى زاماندا ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىياتىنى ئۇيغۇر تىل- يېزىقى بىلەن ئىپادىلىگەندىن باشقا، خەنزۇ تىلى، توبوت تىلى، ئەرەب، پارس تىللىرىدىمۇ يېزىپ چىققان.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى مەنىۋى ياقتىن كۆزىتىدىغان بىر روشەن كۆزنەك، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىجتىمائىي تارىخى، ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى، ئارزۇ- ئارمانلىرى، فولكلور ماتېرىياللىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## § 3 تارىخشۇناسلىق

تارىخشۇناسلىق — بىر مىللەتنىڭ ياشاش ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئەھۋالىنى خاتىرىلەپ، ساقلاپ، ئىبرەت ۋە ئەينەككە ئىگە قىلىدىغان، جۈملىدىن قىممەتلىك مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى ئەۋلادلارغا يادىكار قالدۇرىدىغان ھەم مەڭگۈ ئىلھام مەنبەلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە جۇلالىنىپ تۇرىدىغان پەن.

غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئەجدادلار تارىختىن بېرى ئۆز تارىخىنى ھەر خىل شەكىلدە قالدۇرۇپ قويۇشقا ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز يوسۇندا دىققەت قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە يازما تارىخنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى خېلى زور. قەدىمكى سۇلې (كەشبالىق) خانىدانلىقىدا خان جەمەتى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان خۇيلىن «نوملار شەرھى» ناملىق كىتابىدا شىنجاڭنىڭ دىن، ئادەت، سەنئەت قاتارلىق ساھەلىرى ھەققىدە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان.

قەدىمكى ئۇدۇن ئېلىدە تارىخچىلىق خېلى گۈللەنگەن.

ئۇدۇن خانلىقلىرىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدە بىر قاتار تارىخىي ئەسەرلەر، جۈملىدىن «ئۇدۇن ئېلى تارىخى»، «ئۇدۇندىن تەلىم ئېلىش خاتىرىسى» (بەزىلەر «ئۇدۇن ئېلىدىكى راھىبلارغا نام - ئەمەل بېرىش رىسالىسى» دەپمۇ تەرجىمە قىلغان، ئۇنىڭ خەنزۇچە نامى «于阗国授记»)، «ئۇدۇن بۇددىزم تارىخى» ياكى «ئۇدۇن دىنىنىڭ قائىدىلىرى تارىخى» ياكى «ئۇدۇن ئېلىنىڭ ئېلان خاتىرىلىرى» («于阗国悬记»)، «گادىنجور» («大藏方部» — ئۇلۇغ نوملار) قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ يېزىلغانلىقى بۇ پىكىرنى تەستىقلايدۇ.

قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئابدۇغاپپار بىننى ھۈسەيىن كاشغەرىنىڭ «تارىخىي كاشغەر»، «مىسكەنى ئۇستادىيان» («ئۇستازلارنىڭ توپلانغان جايى») قاتارلىق ئەسەرلەر شىنجاڭ ئىسلام دىنى تۈسىدىكى تارىخشۇناسلىق ئىلمىگە ئاساس سالدى.

موڭغۇل - يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ئالىمى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا بېرىپ تىرىكچىلىك قىلغان. ئۇلار ئىچىدىن ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەر كۆپ يېتىشىپ چىققان. بۇلارنىڭ ئىچىدە لىيەن خۇيشەن قىيا «لياۋ تارىخى»، «يىڭزۇڭ خاتىرىلىرى»، «شەنزۇڭ خاتىرىلىرى» نى، سارابان «جىن تارىخى» نى، يۈجۈ، چولپان سالى (سارىق) لار «سۇڭ تارىخى» نى، قۇتلۇق دۇرمۇش، ئارۇن تۆمۈرلەر «توبۇچىيان» («موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى») نى تۈزۈش - يېزىشقا قاتنىشىپ، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى تارىخشۇناسلىق ئىلمىگە كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشقان.

يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىن تا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا مىرزا ھەيدەر «تارىخىي رەشىدى» (1546 — 1547 - يىللىرى)، مەھمۇد جوراس «تارىخىي رەشىدى — زەيلى» (1672 — 1676 - يىللىرى)، مۇھەممەد سادىق كاشغەرى «تەزكىرەئى ئەزىزان» (1769 —؟ 1778 - يىللار) ۋە نامەلۇم ئاپتور «چوڭ خوجا تەزكىرىسى»، قوربان ئەلى خالىد «تەۋارىخىي خەمسە شەرقى» (1896 — يىلى)، مولla مۇسا سايرامى «تارىخىي ئەمنىيە» (1903—1904 - يىللىرى)، «تارىخىي ھەمىدى» (1908 — 1909 - يىللىرى) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ، شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى تارىخشۇناسلىق ئالىي سەۋىيىدە تۇرۇپ يورۇتۇپ بەردى.

«ئۇدۇن ئېلى تارىخى» تۈبۆت تىلىدىكى تارىخىي كىتاب بولۇپ، 1183 ـ يىلى يېزىلغان. ئاپتورى ئېنىق ئەمەس. ئەينى زاماندا ئۇدۇنلۇقلارنىڭ ئۇدۇن تىلىدا يېزىلغان ئۇدۇن تارىخىنى ئاساس قىلغان ھالدا «ساڭخا ۋاسانانىتىسىڭ ئېلان خاتىرىسى» («僧伽伐弹那悬记»)، «ئاي نومى سوئال ـ سوراق سۈترىسى» («月藏请问经»)، «ئۇلۇغ نومىلار توپلىمى» («大集经»)، «ۋۇگو گۇاڭتيەننىڭ سوئال ـ سوراق سۈترىسى» («无垢光天请问经») قاتارلىق ئەسەرلەردىن پايدىلىنىپ يېزىپ چىقىلغان. ئۇنىڭدا ھىندىستان پادىشاھى ئاسوكانىڭ ئوغلى قۇستانا (ياكى سانو) نىڭ ئۇدۇندا خانلىق قۇرغانلىقى، قەنىشقا (伽腻色伽) پادىشاھىنىڭ ھايات پائالىيىتى، ئۇدۇن خانى فۇدۇيى سامبخاۋا (伏阇耶散跋婆) زامانىسىدا ھىندىستانلىق بىر ۋەشمىنا بىكشۇ (毗卢拆比丘) نىڭ بۇددا دىنىنى تارقاتقانلىقى، ئۇدۇن بىلەن تاڭ سۇلالىسى تەيزۇڭ خانىنىڭ مۇناسىۋىتى، ئۇدۇن بىلەن ئارشاك، سۇلى، سوغدىيانا، كەشمىر، جۇجۇق (朱居波) لارنىڭ ئالاقىسى، تۈبۆت ھۆكۈمرانى سۈڭزەن گەنبۇنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى ھەم ئۇدۇن ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئالمىشىشى، بۇددا دىنىنىڭ ئەھۋالى، ساڭخا (بۇددا راھىبلىرى گۇرۇھى) نىڭ تۈرلىرى ۋە سانلىق مەلۇماتلىرى قاتارلىقلار سۆزلەنگەن. بۇ كىتاب ئۇدۇن تارىخى، بۇددا دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىش ئەھۋالى ۋە جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ ئالاقە تارىخى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

بۇ كىتاب ياپون تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 1921 ـ يىلى كيوتودا نەشر قىلىنغان، ئىنگلىزچە تەرجىمىسى بولسا ر. ئې. ئېمرىكنىڭ «ئۇدۇنغا دائىر تىبەتچە ھۆججەتلەر» (R. F. Emmereick, Tibetan Texts concerning Khotan, Oxford, 1967) ناملىق كىتابىغا كىرگۈزۈلۈپ، 1967 ـ يىلى ئوكسفوردتا نەشر قىلىنغان.

«تارىخىي رەشىدى». بۇ يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر (1500 ـ 1551 ـ يىللار) نىڭ ئىككى توملۇق ئەسىرى بولۇپ، 1546 ـ 1547 ـ يىللىرى پارس تىلىدا يېزىلغان. بۇ ئەسەر تۇغلۇق تۆمۈرخان (1329 ـ 1363 ـ يىللار) دىن ئابدۇرەشىدخان زامانىسى (1545 ـ يىللىرى) غىچە بولغان

ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدىكى تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ بېرىشكە بېغىشلانغان. ئۇنىڭدا مانا مۇشۇ ئۇزاق بىر دەۋردىكى شىنجاڭ، جۈملىدىن غەربىي ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ئەھۋاللىرى، تۈركىي تىللىق خەلقلەر، موڭغۇللار ۋە پارس قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى خېلى روشەن ھالدا يورۇتۇلغان. بۇ ئەسەرنىڭ قوليازما نۇسخىلىرى خېلى كۆپ بولغان، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى (ياكى تەرجىمىسى) ھەم شىنجاڭدا تارقالغان، 19 ـ ئەسىردە ئۇنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى نەشر قىلىنغان. 1985 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇنى خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلدى.

«تەزكىرەئى ئەزىزان». بۇنىڭ ئاپتورى مۇھەممەد سادىق كاشغەرى (1725/6 — 1849 ـ يىللار) بولۇپ، بۇ كىتاب 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تاكى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەخدۇم ئەزەمدىن باشلانغان خوجىلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىش تارىخىنى، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرىنى، ئاپپاق خوجىنىڭ جۇڭغار خانلىقى بىلەن بىرلىشىپ يۈرگۈزگەن ھۆكۈمرانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن داۋاملاشقان ئاپپاق خوجا ئەۋلادلىرى دەۋرى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر قاتار ماجىرالارنى يورۇتۇپ بېرىشكە بېغىشلانغان. بۇ كىتاب ئەينى زاماندىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي مۇھىتى توغرۇلۇق ئوبدان ئۇچۇرلارنى ئۆزىگە توپلىغان. ئۇنىڭ قوليازمىلىرى كۆپ نۇسخىدا تارقالغان، 1986 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

«تارىخىي ھەمىدى». بۇ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن ئاتاقلىق تارىخچى ۋە شائىر موللا مۇسا سايرامى (1836 — 1917 ـ يىللار) «تارىخىي ئەمىنىيە» (1903 ـ يىلى) ناملىق ئەسىرىدىن كېيىن 1908 ـ يىلى تاماملىغان يىرىك ئەسەر بولۇپ، «مۇقەددىمە»، «ئاۋۋالقى داستان»، «ئىككىنچى داستان» ۋە «خاتىمە» قاتارلىق قىسىملارغا بۆلۈنگەن. ئاپتور بۇ كىتابىدا 1864 ـ يىلىدىكى كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى، بەدۆلەتنىڭ ئاتالمىش «يەتتە شەھەر خانلىقى» نى تىكلەش يولىدا ئېلىپ بارغان بىھۇدە ئۇرۇشلىرىنى بايان قىلىشنى مەركەز قىلىپ، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ۋە

موڭغۇللار، جۇملىدىن شىنجاڭنىڭ يىراق ئەپسانىۋى ۋە رېئال تارىخى، ئوتتۇرا ئەسىر ۋە يېقىنقى زامان شىنجاڭ تارىخىدىكى مۇھىم ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭدا 19 ـ ئەسىردىكى شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي ئەھۋاللىرى جانلىق سۈرەتلەنگەن. بۇ كىتاب 1985 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

## § 4. تەرجىمىچىلىك

غەربىي يۇرتنىڭ تەرجىمىچىلىك ئىشلىرى ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال تەرجىمىچىلىك ئىشلىرىنى بېيىتىش، راۋاجلاندۇرۇشتا، يىپەك يولىنى ئۆزەك قىلغان شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالمىشىشىدا كۆرۈنەرلىك ھەسسىسىنى قوشقان.

ئەجدادلار يىراق قەدىمكى زامانلاردا قوشنا ئۇلۇس ـ ئايماقلار بىلەن ھەرخىل ئالاقىدە بولغان ھەم ئاغزاكى تەرجىمىچىلىك ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرگەن. سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ھەرقايسى بەگ ـ خانلارنىڭ نەپسىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، قوشنا خەلقلەر ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان خۇسۇسىي ئالاقىدە ئىزچىل يۈرۈشكەندىن باشقا، خانلىق ۋە ھۆكۈمەتلەر ئارا ئالاقىدە يولغا قويۇلغان. بۇنىڭ بىلەن يازما تەرجىمانلىقنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى بارغانسېرى ئۆسكەن. بۇ ئەھۋال تىلماچلارنىڭ بىرقەدەر مول بىلىم ئىگىلىشىنى تەلەپ قىلغان. تەرجىمانلىق خانلىقنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە چېتىلغان.

مىلادىيىدىن كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغان دىلار ۋە ھونلار ئوتتۇرا جۇڭگو زېمىنىدا ياشىغان خەنزۇ قاتارلىق قوۋملار بىلەن ئالاقىلەشكەندە بىر ـ بىرىنىڭ تىل ـ زۇۋانلىرىنى ئۇقۇش ئۈچۈن تىلماچ ئىشلەتكەن. خەن سۇلالىسى پادىشاھى شۈەندى دەۋرىگە كەلگەندە، غەربىي يۇرتتىكى 36 خانلىقنىڭ 24 دىكى ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىدە تىلماچ بەگ تەيىنلەنگەن. بۇنىڭدىن تەرجىمانلىقنىڭ شىنجاڭدىكى يەرلىك خانلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

غەربىي يۇرتنىڭ بىرقەدەر گۈللەنگەن تەرجىمە پائالىيىتى بۇددا دىنىنىڭ كىرىپ كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدە بۇددا دىنىنىڭ غەربىي يۇرتقا تەدرىجىي تەسىر قىلىشى بىلەن، بۇددا دىنىنىڭ نوم - سۇترىلىرىنى ئوقۇش - ئۆزلەشتۈرۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان. نوم - سۇترىلار سانسكرىت تىلىدا يېزىلغان بولغىنى ئۈچۈن، باشقا تىلدا سۆزلىشىدىغان غەربىي يۇرتتىكى قوۋملار نوم - سۇترىلارنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمىگەن ھەم بۇددا دىنىنىڭ بۇ يەردە تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىغا تەسىر يەتكەن. ماتېرىياللاردىن بىلىنىشىچە، بۇددا دىنى دەسلەپ ئاغزاكى تەرجىمە ئارقىلىق تارقالغان، ئېغىزدىن - قۇلاققا يەتكۈزۈلگەن، يادلاپ كۆڭۈلگە خاتىرىلەنگەن، ئۇستازلار شاگىرتلارغا بىلدۈرگەن.① كېيىنچە بۇلار خاتىرىگە ئېلىنىپ كىتاب قىلىنغان. ئۇدۇن، سۇلې، كۇسەن، ئاگنىدىكى راھىبلار سانسكرىتچە نوم - سۇترىلارنى خۇلار تىلى (شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تىلى) غا تەرجىمە قىلغان. ئەينى زاماندا قانداق ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە قىلىنغانلىقى توغرۇلۇق تەپسىلىي ئۇچۇر يوق. ئەمما 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 - ئەسىرنىڭ دەسلېپىدە دۇنخۇاڭ، تۇرپان، قاراشەھەر، كۇچا، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن براھمى يېزىقىدا يېزىلغان كۆپلىگەن بۇددا يازمىلىرى پراگمېنتى تېپىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «دھارماپادا سۇترا»، «بىر يۈز ئەللىك قەسىدە»، «ئالتۇن يارۇق»، «ماخاراپارى نىرۋانا سۇترا» قاتارلىقلارنىڭ بەزىلىرى قەدىمكى ئاگنى، كۇسەن تىلىغا، بەزىلىرى ئۇدۇن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

بۇددا دىنى تارقىلىپ تۇرغان زامانلاردا غەربىي يۇرتتىكى ھەر قايسى خانلىقلاردىن ناھايىتى داڭلىق تەرجىمانلار يېتىشىپ چىققان. بۇلارنىڭ بەزىلىرى غەربىي يۇرتتا تەرجىمە پائالىيىتى بىلەن مەشغۇل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەركىزىي جۇڭگو رايونلىرىغا بېرىپ، شۇ يەردە ئۆز خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرغان، ھەتتا ئۇلارنىڭ كامالەتكە يەتكەن تەرجىمانلىق ماھارىتى كەڭ راھىب - ئۆلىمالارنى تاڭ قالدۇرۇپ قالماستىن، بەلكى پادىشاھ ئوردىلىرىدا زىلزىلە پەيدا قىلىپ،

---

① رازاق مەتنىياز باش مۇھەررىرلىكىدىكى «غەربىي يۇرت تەرجىمە تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 12 - بەت.

خان ـ ۋەزىرلەرنىڭ دىققىتىگە نائىل بولۇپ، ئالاھىدە ئەھمىيەت
بېرىشكە ۋە ئىززەتلىنىشكە ئېرىشكەن. غەربىي يۇرتنىڭ بۇددىزم تەرجى-
مىچىلىكىدە يۈكسەك ئورۇندا تۇرغان جىلى كاچېن (支类迦谶)، جىياۋ،
جىلىيالىڭ، جىجىئەن، جۇۋاخۇ (دخارما راكسا) قاتارلىقلار ئەڭ دەس-
لەپكى تەرجىمانلاردىندۇر.
جىلى كاچېن مىلادىيە 2 ـ ئەسىردە ئۆتكەن، تەخمىنەن مىلادىيە
167 ـ يىللىرى لوياڭغا بېرىپ تەرجىمە پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللاد-
غان. جىلى كاچېن لوياڭدا ئاساسەن ماھايانا مەزھىپىگە دائىر ئەسەر-
لەرنى تەرجىمە قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ سانسكرىت تىلىدىن
تەرجىمە قىلغان ئەسەرلىرى 15 قىسىم، 30 جىلدقا يەتكەن.
كۇسەن، ئاگنى، قوچو، ئۇدۇنلۇق تەرجىمانلاردىن بەي يەن،
ۋۇلوچا، بۇددا سىڭا، كۇماراجىۋا، كۇمارافۇتى، فاجۇلىڭ، فاشىلىڭ،
ئارياچاندىرى، ۋىيساكۇيچى، سىكسانادا، شۇەنجۇي، نىيۇنپەنرو، مى-
تاشەن، ئۇتپى سىرائۇنى (勿提提羼鱼) قاتارلىقلارنىڭ ناملىرى
مەشھۇردۇر.
كۇماراجىۋا (334 ـ 413 ـ يىللار) قەدىمكى كۇسەن تىلى،
سانسكرىت تىلى ۋە خەنزۇ تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن. ئۇ قەدىم-
كى كۇسەندە بۇددا ئىلمى بويىچە تونۇلغان ئالىم سۈپىتىدە شۆھرەت
قازانغاندىن كېيىن، تەكلىپ بىلەن ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا بېرىپ،
خان جەمەتى ۋە پادىشاھلارنىڭ كاتتا ئىززەتلىشىگە ئېرىشىپ، بۇددا
دىنىنى كېڭەيتىش ئىشىغا ئىشتىراك قىلغان. ئۇ چاڭئەن شەھىرىدە
500 چە ئادەمدىن تەركىب تاپقان چوڭ تەرجىمانلىق مۇئەسسەسىگە
يېتەكچىلىك قىلغان. ئۇلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 400 جىلدتىن
ئارتۇق بۇددا نوم ـ سۇترىلىرىنى سانسكرىت تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا
تەرجىمە قىلىپ ۋە تەھرىرلەپ، بۇددىزمنىڭ كەڭ تارقىلىشى، بۇد-
دىزم مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە ۋە جۇڭگونىڭ ياپونىيە، چاۋشيەن،
غەربىي ـ شەرقىي ئاسىيا ئەللىرى بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇ-
رۇش ئىشلىرىغا مۇھىم تۆھپە قوشقان. كۇماراجىۋا سانسكرىتچە بۇددا
نوملىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغاندا، خەنزۇ تىلىنىڭ ئالاھىدىلى-
كىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا خاس يېڭى ئۇسلۇب يارىتىپ، سانسكرىت-
چە بۇددا نوملىرىدىكى مۇزىكىغا چۈشىدىغان قەسىدىلەرنىڭ گۈزەل

تىل ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قالغان. بۇ يېڭىلىق كېيىنچە خەنزۇچە ئەدەبىي ئەسەرلەرگە، ناخشا تېكىستلىرىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. كۇماراجىۋا تەرجىمە قىلغان نوم ـ سۇترىلاردىن «ماھاپراجنىا سۇترا»، «ۋاپ خۇاكى ئاتلىغ نوم چەچەكى سۇدۇر»، «ئامىتاب سۇترا»، («ئېتىقادنىڭ پاكلىقى ۋە شادلىقى ئەقىدىلىرى»)، «ئوتتۇرا تەلىمات»، «يۈز تەلىمات»، «ئون ئىككى تەلىمات»، «پراجنا پارامىتا ھىردايا» («قەلبى ئېتىقاد ئەقىدىلىرى»)، «ساددا ھارما پۇنداريكا» («ئېتىقادنىڭ ئالىيلىقى ۋە ساپلىقى ئەقىدىلىرى») قاتارلىقلار بار. بۇلاردىن باشقا ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ تەرجىمە ئەسەرلىرى ساقلىنىپ قالغان.

ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا بېرىپ تەرجىمە ـ تەفسىر پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلار ئىچىدە يەنە، ۋېيساكۇيچى (598 — 682 ـ يىللار) ئۇدۇن ئېلىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، مىلادىيە 615 ـ يىلى چاڭئەنگە بارغان. ئۇ نومشۇناس شۈەنزاڭ بىلەن بىرلىشىپ «بەس ـ مۇنازىرىنىڭ چېكى» («辨中边论»)، «بەس ـ مۇنازىرە چېكى نەزەرىيىسىگە مەدھىيە» («辨中边论颂»)، «غەيرىي مەزھەپلەرنىڭ ئاساسىي ئېقىمى» («异部宗转论»)، «يىگىرمە بەش خىل بىلىش ھەققىدە» («二十五唯识论»)، «ئابىخىدخارما مۇھاپىزىتى ھەققىدە» («阿毗达磨界身保论») قاتارلىقلارنى تەرجىمە قىلغان؛ سىكساناندا (652 — 710 ـ يىللار) مىلادىيە 699 ـ يىلى لوياڭدا شىنجاڭدىن ئۆزى ئېلىپ بېرىپ تەرجىمە قىلىپ تاماملىغان «بۇددا ۋاتام ساكاماخاۋايپۇليا سۇترا» («华严经») 80 جىلد بولۇپ چىققان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ «كەييۈەن يىللىرىدا پۈتۈلگەن بۇددا دىنىغا دائىر خاتىرىلەر» («开元释教录») دە ئېيتىلىشىچە، سىكساناندا تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەر جەمئىي 19 قىسىم 107 جىلد بولغان. «بۇددا ۋاتام ساكاماخاۋايپۇليا»، «لانكارانىڭ ماھايانىغا كىرىش سۇترىسى» قاتارلىقلار كەڭ راھىبلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان كلاسسىك كىتابلاردىن بولۇپ قالغان.

بۇددىزم تەرجىمىچىلىكى دەۋرىدە، بۇددا نوم ـ سۇترىلىرىنىڭ ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلىدىغانلىقى سەۋەبلىك، قەدىمكى ھىندىستان ئېپوسى «رامايانا» مۇ شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەن، يەنى بۇ

ئەسەر (مەلۇم قىسىملىرى بولسا كېرەك) ئۇدۇن تىلى ۋە ئاگنى تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ پراگمېنتلىرى ساقلىنىپ قالغانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇددا دىنى غەربىي يۇرت ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغان بولسا، قەدىمكى تۈركلەرگە، غەرب بۇددىزمىنىڭ تەسىرىدىن باشقا، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنىڭ بۇددىزمىمۇ تەسىر قىلغان. بۇنىڭدا تەرجىمىچىلىكنىڭ بەرگەن مەنپەئەتى چوڭ بولغان. مەسىلەن، تۈرك خانلىرىدىن تاسپارقاغان تەختتە ئولتۇرغان يىللار (مىلادىيە 572 — 581 ـ يىللىرى) دا بۇددا دىنى تۈركلەر ئارىسىغا چوڭقۇراق تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان. شىمالىي چى خانلىقى (550 — 577 ـ يىللىرى) تەۋەسىدىكى راھىب خۇيلىن (惠琳) تۈرك خانلىقى ئوردىسىدا بۇددا دىنى توغرىسىدا ۋەز ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇ يەردە ئىبادەتخانا سالدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن تاسپار قاغان لىيۇ شىچىڭ (刘世清) دېگەن كىشىنى تەكلىپ قىلغان، لىيۇ شىچىڭ خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان «نىرۋانا سۇترا» («涅槃经») نى تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، تاسپار قاغانغا تەقدىم قىلغان. شۇ چاغداتۈرك خانلىقىغا ئېلىپ بېرىلغان نوملاردىن يەنە «جىڭمىڭ سۇترىسى» («净名经»)، «لەنخۋا چەچەك ئۆزەكى ئېتىغى ياراتىغى ئاتلىغ نوم بىتىگ» ياكى «بۇددا ۋاتام ساكاماخاۋايپۇلىيا سۇترا» («华严经») قاتارلىقلار بار بولغان.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى غەربىي يۇرتنىڭ تەرجىمىچىلىك ئىشلىرى گۈللەپ ياشنىغان بىر باسقۇچقا كىرگەن. بۇ دەۋر شىنجاڭنىڭ بۇددا دىنى ئاساس قىلىنغان تەرجىمە ئىشلىرى ئاخىرقى مەنزىلگە يېرىپ قالغان، ئىسلام دىنى شەكلىنى ئالغان ئەرەب، پارس تىلىدىكى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش ھادىسىسى ئاساسىي ئېقىمغا ئايلىنىشىنىڭ ھارپىسى بولۇشىغا قارىماي، تۈرلۈك ـ تۈمەن تەرجىمە ئەسەرلىرى بىلەن يىپەك يولىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مەركىزىگە ئايلانغان. ئۇيغۇر تىلىنى ئاساسىي ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلغان قوچو ئۇيغۇر تەرجىمىچىلىكى بۇ خانلىق تىكلىنىشتىن ئىلگىرىكى غەربىي يۇرتنىڭ تەرجىمىچىلىكىدە ئاساسەن بۇددا نوم- سۇترىلىرىنى تەرجىمە قىلىشتىن ئىبارەت تاق يۆنىلىشلىك تەر-

جىمە قىلىشتىن بۇددا، مانى، خرىستىئان، نېستورىئان دىنىغا دائىر كلاسسىك كىتابلارنى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشقا تەرەققىي قىلغان.

شۇنداق بولسىمۇ، بۇ دەۋردە ئەڭ كۆپ تەرجىمە قىلىنغىنى يەنىلا بۇددا نوم - سۇترىلىرىدىن ئىبارەت. بۇددا ئۆلىمالىرى ياكى راھىبكالانلار سانسكرىتچە، توخارچە (ئۇنىڭ كۇسەن، ئاگنى تىلى دىئالېكتى) ۋە خەنزۇچە نوملارنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ھازىرچە مەلۇم بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددىزم ھۆججەتلىرىدىن قارىغاندا، «گادىنجور» نومى («تىرى پىتاكا») (« 大藏经 ») » ئىچىدىكى سۇترا ۋە شاستىرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ياكى ئاساسلىق سۇترا، شاستىرلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان.① قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا دىنى ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسلىقلىرى ماھايانا مەزھىپىنىڭ دەستۇرلىرىدىن ئىبارەت، مەسىلەن، «ئالتۇن ئۆڭلۈك يارۇق يالتىراقلىق قوپتا كۆتۈرۈلمىش نوم ئىلىگى ئاتلىغ نوم بىتىگ»، «ۋاپ خۇاكى ئاتلىغ سۇدۇر» قاتارلىقلار. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھىنايانا مەزھىپىنىڭ ئەسەرلىرىمۇ بار، يەنى «مايترى سىمىت نوم بىتىگ» (توخرى - توخار تىلى A دىن تەرجىمە قىلىنغان)، «ئاگاماس» («ئاگاما سۇترا، « 阿含经 ») قاتارلىقلار. بۇلاردىن باشقا مەخپىي بۇددىزم ( 密宗 ، 密教 ) غا تەئەللۇق بىر قىسىم ئەسەرلەرمۇ بار. مەسىلەن، «ئالقۇ ئايىغ باۋىز يوللاررىغ ئارتۇقراق ئۈز ئارىتداچى ئۇشنىسا ۋىچاي ئاتلىغ دارنى» ( « 拂顶尊胜陀罗尼经 » ) قاتارلىقلار.② بۇ بۇددا دىنى تەرجىمە ئىشلىرى بويىچە پىرتانراكشىت، سىڭقۇ سىلى تۇتۇڭ قاتارلىق نامدار تەرجىمانلار يېتىشىپ چىققان. پىرتانراكشىت تەخمىنەن 10 - ئەسىرلەر ئەتراپىدا، بەزىلەر قوچو شەھىرى تەۋەسىدە ياشىغان دەپ قارىسا، بەزىلەرنىڭ قارىشىچە ئىلى تەۋەسىدە ياشىغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەمگىكى «مايترى سىمىت» ناملىق چوڭ ئەسەرنى توخرى - توخار تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا

① ئىسرائىل يۈسۈپ: «كۇمارابجىۋانىڭ ئۇيغۇر بۇددىزمىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1995 - يىلى 1 -، 2 - سان، ئۈرۈمچى.
② گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە يازما يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا ئوچېرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

تەرجىمە قىلغان. سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ بەشبالىقلىق بولۇپ، تەخمىنەن 9 — 10 ـ ئەسىرلەر ئەتراپىدا ياشىغان. ئۇ «ئالتۇن يارۇق»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ۋە تارىخ ـ تەزكىرە مەزمۇنىدىكى بىر قاتار تەرجىمە ئەسەرلىرى بىلەن تەرجىمىشۇناس ۋە تىلشۇناس بىر زات سۈپىتىدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولۇپ كەلمەكتە.

بۇددا دىنىدىن قالسا مانى دىنى مەزمۇنىدىكى تەرجىمە ئەسەرلەرمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ، يەنى قەدىمكى ئۇيغۇر مانى يادىكارلىقلىرىنىڭ مەزمۇنى كەڭ، تۈر ـ ژانىرلىرى كۆپ خىل، خاتىرىلەنگەن يېزىق سىستېمىلىرى بىرقەدەر كۆپ. تېپىلغان ئورنى ئوخشاش ئەمەس، يىل دەۋرىدىمۇ پەرق بار.① مانى دىنىغا دائىر تەرجىمە ئەسەرلەردىن «خۇئاستۇئانىفت»، «ئىككى يىلتىز نوم»، «مانى دىنىغا دائىر ھېكايىدىن پارچە» قاتارلىقلار بار. «خۇئاستۇئانىفت» نىڭ خاراكتېرى ھەققىدە ئىككى خىل قاراش بار. بەزىلەر بۇ مانى دىنى ئەقىدىسى ئاساس قىلىنىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلەنگەن ئەسەر دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر تەرجىمە قىلىنغان دەپ ھېسابلايدۇ.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بۇددا دىنى بويىچە پۇختا بىلىم ئالغان بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ئۆلىما ـ زىيالىيلار يۈەن سۇلالىسى زامانىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنىڭ بۇددا ئىشلىرىنى ئورتاق يۈكسەلدۈرۈشكە ھەسسە قوشقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئاراسالڭ، پراجناشرى، كاروناداس قاتارلىقلارنىڭ تەرجىمانلىق ساھەسىدىكى شۆھرىتى بەك مەشھۇر بولغان.

ئاراسالڭ (安藏، ? — 1293 ـ يىللار) بەشبالىقتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇ ئىلىدىلا ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن ۋە ياش تۇرۇپلا نام چىقارغان. مۆڭكەخان ئۇنىڭ نام ـ داڭقىنى ئاڭلاپ، ئوردىغا چاقىرتىپ خىزمەتكە قويغان. كېيىنچە ئۇ يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا ئىشلىگەن. «قەدىمنامە» («尚书») ۋۇيى تەزكىرىسى»، «جېنگۇەن يىللىرىدىكى مۇھىم ئىشلار بايانى»، «ئۆرنەكلەر» («申鉴»)، «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئۆرنەكلەر»

① ئا. ياقۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مانى دىنى مۇجىدەتلىرىنىڭ تىل قۇرۇلۇشى تەسۋىرى تەتقىقاتى» (دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى)، 1996 ـ يىلى.

«资治通鉴»)، «قىيىن كېسەللىكلەر دەستۇرى» («难经»)، ياكى «كۆلپەتنامە» دەپ تەرجىمە قىلىش ئەھۋاللىرىمۇ بار)، «دورا ئۆسۈملۈكلەر» («本草») قاتارلىق مەشھۇر كىتابلارنى خەنزۇ تىلىدىن موڭغۇل تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، خان - بەگلەرنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرغان.

پراجىناشرى (必兰纳识里، ؟ — 1332 - يىللار) بەشبالىقتىكى گامىرۇ بەگلىكىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا سانسكرىت، موڭغۇل، تۇبۇت، خەنزۇ تىللىرىنى ئىگىلىگەن، يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا چەت ئەللىك ئەلچىلەر بىلەن بولىدىغان ئالىي دەرىجىلىك سۆھبەتكە تىلماچلىق قىلغان. ئۇ 1302 - يىلى راھىبلىققا ئولتۇرۇپ، بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن «ماھايانا مەزھىپىنىڭ ئەخلاق - پەزىلەتلىرىگە مەدھىيە»، «سورونگاما سامادخى نومى»، «ماھايانا سۇترا لانكاراتىكا»، «پراجناپارامىتا نومى»، «چوڭ نىرۋان نومى» قاتارلىقلارنى خەنزۇ، سانسكرىت ۋە تۇبۇت تىللىرىدىن موڭغۇل تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

كاروناداس (؟ — 1312 - يىللار) داڭلىق تەرجىمان ۋە شائىر. ئۇنىڭ تەرجىمانلىق ساھەسىدىكى ماھارىتى بەكلا يۇقىرى بولغان. ئۇ ئۆز تىلىدىن باشقا سانسكرىت، خەنزۇ، موڭغۇل تىللىرىنى تولۇق ئىگىلىگەن ۋە قۇبلايخاننىڭ خۇسۇسىي تەرجىمانى بولغان. كاروناداسنىڭ ئاساسلىق رولى چەت ئەل ئەلچىلىرى بىلەن بولغان ئوردا سۆھبىتىدە چىۋەرلىك بىلەن تىلماچلىق قىلىپ، ئۆز خىزمىتىنى ئۇتۇقلۇق ئورۇندىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. يەنى ئۇ يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىغا 20 نەچچە دۆلەتتىن كەلگەن ئەلچىلەرگە تىلماچلىق قىلغان بولۇپ، چەت ئەل تىلى سەۋىيىسى بەك يۇقىرى ئىدى.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە يەنە خرىستىئان ۋە نېستورىئان دىنىغا دائىر بەزى ئەسەرلەر، شۇنداقلا بەزى ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ تەرجىمە قىلىنغان. «ئىنجىل» خرىستىئان دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى. بۇ كىتاب ھەرقانچە قېتىم ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قەدىمكىسى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان نۇسخىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەنلەر ئۇنى 10 — 11 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق دەپ قاراشقان. ئەپسۇسكى «ئىنجىل» نىڭ بۇ تەرجىمىسى دەۋرىمىزگە تولۇق يېتىپ كېلەلمىگەن،

پەقەت «مەسنەۋى» نىڭ 2 ـ باپىنىڭ 8 ـ ئابزاسىدىن 17 ـ ئابزاسىغىچە بولغان قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان. كاشغەرلىك ھەسەن ئاخۇننىڭ تەرجىمىسى 1895 ـ يىلى كوپېنھاگېندا بېسىلغان (1930 ـ يىللىرى ئەتراپىدا بۇ كىتاب ئۈچىنچى قېتىم تولۇقى بىلەن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلغان، 1980 ـ يىللاردىن كېيىن يەنە بىر قېتىم تەرجىمە قىلىنغان) . ئۆز زامانىسىدا تەرجىمە قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەرلەردىن «ئېزوپ مەسەللىرى» مۇ بار بولۇپ، 1902 — 1903ـ يىللىرىدىكى ئىلمىي تەكشۈرۈشتە قوچو شەھەر خارابىسىدىن بۇ ئەسەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە پارچىلىرى تېپىلغان.

قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن كېيىن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىق سەۋەبلىك، بۇ دىنىنىڭ نوپۇزى بىلەن ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىكى دىنىي، شەرىئەت (قانۇن) ، پەلسەپە، ئېتىكا، تارىخ ۋە ئەدەبىياتقا دائىر زور بىر تۈركۈم ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ تەرجىمىچىلىك مەدەنىيىتىنى سەرخىللاشتۇرغان.

«قۇرئان كەرىم» — ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى. بۇ كىتاب قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، 12ـ ئەسىردىن 16 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئالتە قېتىم ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. «قۇرئان كەرىم»نىڭ 12ـ ئەسىردە يەنى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئىشلەنگەن تەرجىمىسى قەدىمكى تەرجىمە نۇسخا بولۇشىغا قارىماي، قىممەتلىك يادىكارلىق مۇپىتىدە قەدىرلەنمەكتە. بۇ ئەسەر مىلادىيە 1333 — 1334 ـ يىللىرى مۇھەممەد ئىبنى سەئىدى دۆلەتشاھ تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، جەمئىي 902 بەت. ئۇ ھازىر ئىستانبۇلدىكى تۈرك ۋە ئىسلام ئەسەرلىرى مۇزېيىدا «No. T73» دېگەن نام بىلەن ساقلانماقتا. يۇقىرىقىلاردىن باشقا 17 ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا مۇھەممەد سادىق كاشغەرى، تەجەللى (1910 ـ يىلى) ، موللا سابىد ھاجى (1939 ـ يىلى) ، موللا سابىد، زىرىپ قارى ھاجى (1945 ـ يىلى) ، ① مۇھەممەد سالىھ ھاجى (1986 ـ يىلى)

① «جۇڭگو ئىسلام قامۇسى»، 1994 ـ يىلى نەشرى، 176 ـ بەت.

قاتارلىقلار ئىلگىرى ـ كېيىن «قۇرئان كەرىم» نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

«قۇرئان كەرىم» نىڭ ئۇيغۇرچە دەسلەپكى تەرجىمىسى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن موڭغۇللارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىش ھادىسىسى يۈز بەردى. شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭغا قوشنا غەربىي ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا چاغاتاي تىلى شەكىللەندى. بۇ تىلنى ۋاسىتە قىلغان تەرجىمىچىلىك ئىشلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا ئەسەر تەرجىمە قىلىشتا سەيفى سارايى، قۇتۇب، سەئىدىن مەسئۇد بىن تەفتازانى، لۇتفى قاتارلىقلار باشلامچىلىق رول ئوينىدى. سەيفى سارايى (1321—1396ـ يىللار) پارس شائىرى شەيخ سەئىدىنىڭ «گۈلىستان»، «بوستان» ناملىق ئەسەرلىرىنى، قۇتۇب (14ـ ئەسىردە ياشىغان) نىزامى گەنجىۋىنىڭ «خۇسرەۋ ۋە شىرىن» داستانىنى، لۇتفى (1366 — 1465 ـ يىللار) شەرىفىدىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» دېگەن ئەسەرىنى پارس تىلىدىن، سەئىدىن مەسئۇدبىن تەفتازانى (1320 — 1390 ـ يىللار) يۈسۈپ سەككاكىنىڭ «مىفتاھۇل ئۇلۇم» ناملىق ئەسىرىنى ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى.

15 — 19 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر سان جەھەتتە كۆپ بولۇش بىلەن بىرگە، بەزى يىرىك ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىلىرى دۇنياغا كەلگەن، داڭلىق تەرجىمانلار يېتىشىپ چىققان:

موللا مۇھەممەد تۆمۈر كاشغەرى 17 — 18 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان تەرجىمان ۋە شائىر. ئۇ 1717 ـ يىلى «كەلىلە ۋە دېمنە» نى پارس تىلىدىن تەرجىمە قىلىپ، ئۇنى «ئاسارى ئىمامىيە» دېگەن نام بىلەن كىتاب قىلغان. ئۇ يەنە پارس يازغۇچىسى ھۈسەيىن ۋائىزكاشىفىنىڭ پەلسەپۋى دىداكتىك ئەسىرى «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» نى ۋە ئابدۇراخمان جامىنىڭ «يۈسۈپ ۋە زىلەيخا» داستانىنى تەرجىمە قىلغان.

شاھ ھىجران 17 ـ ئەسىردە ياشىغان تەرجىمان بولۇپ، تولۇق ئىسمى شاھ مۇھەممەد ئىبنى ئاخۇن ئىبنى نىزامىدىن، شاھ ھىجران بولسا ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى، 1751 — 1752 ـ يىللىرى «شاھ-

نامە» نىڭ تەرجىمىسىنى قولدىن چىقارغان، 1780 — 1797 ـ يىللىرى موللا خامۇش ئاخۇن يەركەندى «شاھنامە» نى قايتا تەرجىمە قىلىپ، ئۇنىڭغا «شاھنامەئى تۈركىي» دەپ نام بەرگەن.

مۇھەممەد رېھىم كاشغەرى 1695 ـ يىلى خۇراسانلىق ئالىم مەۋلانا مۇئىمىدنىڭ «مەئاراجىن نەبۇۋە» ناملىق ئەسىرىنى پارس تىلىدىن تەرجىمە قىلىپ، «سىيەر شەرىف» دەپ نام بەرگەن. مۇھەممەد سادىق يېگىسارى 1697 ـ يىلى «مەجمۇئەتۇل مۇھەققىن» (مەخدۇم ئەزەم تەزكىرىسى) نى پارس تىلىدىن تەرجىمە قىلىپ، «تەرجىمەئى مەجمۇئەتۇل مۇھەققىن» دەپ نام بەرگەن؛ يەكەنلىك مىرفازىل كىچىك ساقى 1735 ـ يىلى مىرخۇەندنىڭ «تارىخىي رەۋزە تۇسسەفا» ناملىق ئەسىرىنى، «گۈلىستان» نى؛ مۇھەممەد سىدىق رۇشدى 1787 ـ يىلى «قابۇسنامە» (ئۇنىڭغا «تەرجىمەئى قابۇسنامە» دەپ نام بېرىلگەن) نى؛ نامەلۇم تەرجىمانلار 1706 ـ يىلى «تارىخىي خەزاناچى»، «دارانامە» نى؛ راخمانقۇلى يامغۇرچى ئوغلى «دۇررىل مەجالىسىن» نى؛ ساقى ئاخۇن ئابدۇراخمان جامىينىڭ «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا» داستانىنى؛ مۇھەممەد سادىق كاشغەرى 1800 ـ يىلى ۋە ئابدۇرەسۇل بىننى مەۋلانە مۇھەممەد رېھىم (ئۇنىڭ تەرجىمىسىنىڭ 1841 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ساقلانغان) ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «تارىخ تەبەرى» نى، مۇھەممەد سادىق كاشغەرى يەنە «تارىخىي رەشىدى» (1749 — 1750 ـ يىللىرى)، «قۇرئان كەرىم» قاتارلىق ئون پارچىدىن ئارتۇق ئەسەرنى؛ خوجا ياقۇپ يەركەندى 1840 ـ يىلى خۇسرەۋدېھلەۋىنىڭ «چاھار دەرۋىش» ناملىق ئەسىرىنى؛ مۇھەممەد ھەسەن مۇتىۋەللى ئاخۇن 1853 ـ يىلى «ئاجايىبۇل مەخلۇقات» نى؛ ئابدۇللا مەخسۇم ئاقسۇيى (18 ـ ئەسىر) «مىڭ بىر كېچە»؛ موللا توختى نىياز بىننى موللا مۇھەممەد تۆمۈر (19 ـ ئەسىر) «ھېكايەتى ھۆرلىقا» نى؛ ناقىس 1887 ـ يىلى ئىران يازغۇچىسى شەيخ ئىنايەتۇللانىڭ «باھار دانىش» (ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىگە «گۈلزار بىنىش» دەپ نام بېرىلگەن) ناملىق ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىپ چىققان.

20 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىن باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن ۋە خەنزۇ تىلىدىن شۇنداقلا ئوردۇ، ئۆزبېك، قازاق، ياپون تىللىرىدىن كۆپلىگەن ئەسەرلەر تەرجىمە قىلىنىپ،

ئۇيغۇرلار جۇملىدىن شىنجاڭدا ئۇيغۇر تىلىنى قوللىنىدىغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشكە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ يازما تەرجىمىچىلىك تارىخى ئادەتتە دىنىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشتىن باشلانغان. بۇددا، مانى، خرىستىئان، ئىسلام دىنى قاتارلىقلارنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرى، ھىندى، پارس، ئەرەب تىللىرىدىكى كلاسسىك كىتابلارنىڭ سەرخىللىرى ئاساسەن تەرجىمە قىلىنغان. تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر يىپەك يولىدىكى ئاساسلىق تىللاردىن قىلىنغان. تەرجىمىدە ئەسلىگە سادىق بولۇش ئاساسىدا ئىجادىي تەرجىمە ۋە ئۆزلەشتۈرمە تەرجىمە ئۇسلۇبى شەكىللەنگەن. 1000 يىلغا يېقىن ئۇزۇن بىر تارىخىي دەۋرنىڭ ھەر بىر مۇھىم تارىخىي باسقۇچىدا نادىر تەرجىمە ئەسەرلەر مەيدانغا چىقىپ تۇرغان. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەدىبلەر ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىدىن باشقا ئەدەبىي تەرجىمىچىلىكنى مۇھىم بىر ئىلمىي پائالىيەتى قىلىپ كەلگەن، خۇسۇسەن بەزى ئاپتورلار ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىگە تەرجىمە ئەسەرلەرنى ئىلھام مەنبەلىرىدىن بىرى قىلغان. بۇ تەرجىمە ئەسەرلەر ئەھمىيەتلىك بىر مەدەنىيەت خەزىنىسى سۈپىتىدە ئالاھىدە بايان قىلىشقا تېگىشلىك ئەلۋەتتە.

# VII باب
# سەنئەت ۋە تەنتەربىيە

## § 1 . سەنئەت

### 1. رەسساملىق

غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملار ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدىلا رەسساملىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. ئۇلارنىڭ رەسساملىقى ئەڭ دەسلەپ قىيا تاش سىزمىلىرىدا ئۆز ئەكسىنى تاپقان. شىنجاڭدىكى قىيا تاش رەسىملىرى ئاساسەن تەڭرىتاغلىرى، ئالتاي تېغى ۋە قۇرۇم تېغى قاتارلىق رايونلارغا تارقالغان بولۇپ، 39 ناھىيىنىڭ تەخمىنەن 159 ئورنىدا بار. بۇ تاش سۈرەتلىرى بەدىئىي سېھرىي كۈچى بىلەن بۇ تاغلارنى ئاجايىپ سىرلىق تۈسكە كىرگۈزگەن. قەدىمكى زاماندا رەسساملار ۋە ھۈنەرۋەنلەر قىيا تاشلارغا ھەر خىل ئوبرازلارنى ئويۇش ۋە سىزىش ئارقىلىق تەبىئەتكە بولغان سادda كۆز قارىشى ۋە ئېستېتىك قارىشىنى بىۋاسىتە ئىپادىلىگەن. بەك گۈزەل مول بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئۇۋچىلىق، چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا دائىر تەبىئىي مەنزىرىنى تەسۋىرلەپ، ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەشنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ قىيا تاش رەسىملىرى قەدىمكى زامان سەنئەت تارىخى، مەدەنىيەت تارىخى، مىللەتلەر تارىخى، ئۆرپ ـ ئادەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال.①

غەربىي يۇرتتىكى قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدە بەزى ئوبرازلارنىڭ يارىتىلىشى جۇڭگو قىيا تاش سەنئىتى تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن

① جۇڭگو باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «ۋېيخەي بولىدىكى قىيا تاش سەنئىتى» ناملىق كىتابنىڭ مۇئاسسۇتلىك بابلىرىغا قاراڭ. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

ئىگىلەيدۇ. يالىڭاچ ئادەم رەسىمى جۈملىدىن جىنسىي ئەزاغا تېۋىنىش كۆرۈنۈشلىرىنى سىزىش شىنجاڭدا ناھايىتى بۇرۇن بولغان.

1987 ـ يىلى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى قۇتۇبى ناھىيىسى قىزىلتاش (كاڭجيا شىمىنزى) تىكى قىيالىقتا ئويۇلغان قەدىمكى رەسىملەرنى تەكشۈرۈپ، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ چىقتى ۋە بىر قاتار نەزەرىيىۋى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئارخېئولوگ ۋاڭ بىڭخۇا «قۇتۇبى ناھىيە قىزىلتاشتىكى تاشقا چېكىلگەن جىنسىي تېۋىنىش رەسىملىرى»[1] دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى:

«تۆپتۈز قىيا تاش يۈزىدە نەچچە يۈزلىگەن ئۇسسۇلچىلار ئوبرازى رىتىملىق نامايان قىلىنغان، تەپسىلىي تەسۋىرىي بايانلار ئارقىلىق ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى جىنسىي تېۋىنىش ئادىتىنى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەپ بەرگەن. بىز ئۇچراتقان ماتېرىياللارغا ئاساسەن شۇنداق ئېيتالايمىزكى، بۇ تېمىدىكى شۇنچىۋالا زور كۆلەملىك تاش ئويما رەسىملەر مەملىكىتىمىز بويىچە تۇنجى قېتىم تېپىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ جىنسىي ئەزاغا تېۋىنىش ھەققىدىكى رەسىملەردىن تېخىچە مۇنچە ئېنىق كۆرۈنۈشلۈك رەسىملەر توغرىسىدا بىرەر مەلۇماتنى يولۇقتۇرمىدۇق».

پروفېسسور سۇ بېيخەي «كۇسەن مىڭئۆيى تام رەسىملىرىدىكى يالىڭاچ بەدەن سەنئىتىنىڭ مەنبەسى ھەققىدە»[2] دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق يازغان: «قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنىڭ دۇنيا تارىخىدىكى ئورنىنى ئېنىقلىۋالغاندىلا ئاندىن قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يالىڭاچ بەدەن سەنئىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا بىرقەدەر ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىر قولغا كەلگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى زاماندا تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا مول يالىڭاچ بەدەن سەنئىتى ساقلانغان بولۇپ، ئۇلار ھەرگىزمۇ گرېتسىيىدىن ياكى ھىندىستاندىن كەلگەن ئەمەس. كۇسەن مىڭئۆيلىرىدىكى يالىڭاچ بەدەن سەنئىتىنى تەھلىل

① «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىلى 1 ـ، 2 ـ قوشما سان.
② «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىلى 6 ـ سان، خەنزۇچە.

قىلىشتىن ئىلگىرىكى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمكى يالىڭاچ بەدەن سەنئىتىنى بايان قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا، كۆسەن مىڭئۆيى تام رەسىملىرى بۇددا دىنى بىلەن بىللە مۇناسىۋەتلىك دېيىلىپ، كىشىلەرگە ھىندىستاندىن كەلگەن دەپ خاتا چۈشەندۈرۈلگەنىدى. پەقەت ھىندىستاندىن بۇددا دىنى غەربىي يۇرتقا كىرىشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋاللارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندا، ناھايىتى ئىلگىرىلا ئوتتۇرا ئاسىيادا يالىڭاچ بەدەن سەنئىتى مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار كۆسەن مىڭئۆيلىرىدىكى يالىڭاچ بەدەن سەنئىتىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىۋالالايمىز.

شىن فۇۋېي ئەپەندى ئۆزىنىڭ «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى»① ناملىق كىتابى (72 ـ بەت) دا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە يالىڭاچ بەدەنلىك ھەيكەل ياساش ئەڭ دەسلەپ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 206 ـ يىلىدىن مىلادىيە 23 ـ يىلىغىچە) دە پەيدا بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ شىنجاڭ ئارقىلىق يېتىپ بارغان سەنئەتنىڭ تەسىرى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان.

غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملار قەدىمكى زامان رەسىملىرىنى قىيا تاشلاردىن باشقا، رەختلەر، تاختىلار ۋە تاملارغىمۇ سىزغان. يەنە ساپال بۇيۇملاردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۈرۈمچى نەنسەن (جەنۇبىي تاغ) گە تەۋە ئالغۇي (ئاراغول) جىلغىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان چۈنچيۇ ۋە جەنگو دەۋرىگە دائىر بىر پارچە يىپەك توقۇلمىغا، يەنى سىرىق رەڭدىكى شايى پارچىسىغا ئەنئەنىۋى كەشتىچىلىك ئۇسۇلىدا بېغىر رەڭ يىپ بىلەن ئۇچار قۇشلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ شىنجاڭدىن تېپىلغان ئەڭ بۇرۇنقى سۈرەتلىك رەخت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پىچان ناھىيىسىنىڭ ياڭخې قەبرىستانلىقىدىن بايقالغان ساپال بۇيۇمدا نەقىشلەردىن باشقا رەسىملەرمۇ بار. مەسىلەن، ئىككى تۇتقۇچلۇق خۇمىرىنىڭ تۇتقۇچىغا ئۆچكىنىڭ باش ھەيكىلى، يەنە بىر كوزىنىڭ تۇتقۇچىغا قوچقارنىڭ باش ھەيكىلى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ،

① شىن فۇۋېي (沈福伟): «中西文化交流史»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى نەشرى.

ئىشلىنىشى تولىمۇ نەپىس بولۇپلا قالماستىن، شەكلىمۇ ئىنتايىن جانلىق چىققان. تىلغا ئېلىنىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بايقالغان ياغاچ ئەسۋابلارنىڭ ئىچىدىكى ئوتتۇرىسى كاۋاك ياغاچ بۇيۇملارنىڭ تاشقى يۈزىگە تۈرلۈك نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى ئۇچلىرى ئۈچ بۇرجەك شەكىللەر بىلەن زىننەتلەنگەن، ئوتتۇرىسىغا ئۆچكە، قوي، يولۋاس ۋە بۆرىلەرنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. بۇ قەبرىستانلىق 2003 - يىلى قېزىلغان بولۇپ، ۋاقتى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1000 - يىللاردىن مىلادىيىنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدىكەن. يۇقىرىقى تىلغا ئېلىنغان ساپال بۇيۇمنىڭ يىل دەۋرى تەخمىنەن 2500 يىل ئىلگىرى دەپ ھېسابلانغان.①

غەربىي يۇرتقا بۇددا دىنىنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ئەنئەنىۋى رەسسامچىلىقى بۇددا رەسسامچىلىقى بىلەن بىرىكىپ، شىنجاڭنىڭ ئۆزىگە خاس رەسسامچىلىق ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇددا رەسسامچىلىقى ئاساسەن بۇددا مىڭئۆيلىرىنى رەسىم بىلەن بېزەش، ھەيكەللەرگە ۋە تاۋۇت ھەم ھەر خىل جابدۇقلارغا نەقىش ئىشلەش، سۈرەت ئويۇش قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلەندى.

شىنجاڭدىكى مىڭئۆيلەر قەشقەر، قاغىلىق، يەكەن، خوتەن، كۇچا، باي، قاراشەھەر، قۇمۇل، تۇرپان، جىمىسار قاتارلىق جايلاردا بولغان. كۇچا، باي، تۇرپانلاردىكى مىڭئۆيلەر بىرقەدەر مەركەزلەشكەن.

كۇچا رايونىدىكى مىڭئۆيلەر قىزىل ۋە قۇمتۇرانى ۋەكىل قىلغان ئاساستا، سىم - سىم، قىزىل قاغا، مازار باغ، توغراقئېقىن، سۇبېشى، تېتىر قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. تۇرپاندىكى مىڭئۆيلەر تۇيۇق ۋە بېزەكلىكنى ۋەكىل قىلغان ئاساستا، يارغول، چىقانچى باشغال (奇康丘拜西哈儿)، سىڭگىم ئېغىزى، چوڭ - كىچىك تورغۇ (大小桃尔沟) قاتارلىق جايلاردىكى مىڭئۆيلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. باي قىزىل مىڭئۆيلىرىدىن ھازىرغىچە نومۇر قويۇلغىنى 236 گە، كۇچا قۇمتۇرا مىڭئۆيلىرىدىن 121 گە، تۇرپان بېزەكلىك مىڭئۆيلىرىدىن 57 گە يەتكەن. مىڭئۆيلەرنىڭ ياسالغان ۋاقتى ئوخ-

① شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان بۇ خەۋەر «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 2004 - يىل 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان.

شاشمايدۇ. مەسىلەن، ئالىملار قىزىل مىڭئۆيلىرىنىڭ ياسىلىش ئۇسلۇبىغا قاراپ، ئۇلارنى مۇنداق تۆت دەۋردە ياسالغان دەپ ئېنىقلاپ چىقتى: بىرىنچى باسقۇچ: مىلادىيە 3 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 4 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە؛ ئىككىنچى باسقۇچ: مىلادىيە 4 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 5 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە؛ ئۈچىنچى باسقۇچ: تەخمىنەن مىلادىيە 4 — 7 - ئەسىرلەر؛ تۆتىنچى باسقۇچ: تەخمىنەن 8 — 9 - ئەسىرلەرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

مىڭئۆيلەر بىناكارلىق، ئويمىچىلىق - نەققاشلىق ۋە رەسساملىقتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئامىل بىرىكتۈرۈلگەن بىر خىل ئىجتىمائىي مىللىي مەدەنىيەت - سەنئەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مىڭئۆيلەرنىڭ رەسساملىق ساھەسىدىكى ئالاھىدىلىكى تولىمۇ يارقىن ۋە كۆركەمدۇر. مىڭئۆي تام رەسىملىرىنىڭ ھەجىمى ناھايىتى كۆپ، پەقەت قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرىلا ئومۇمىي كۆلىمى 4000 كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ. بۇلاردا بۇددا (مۇددىزىم ئەۋلىياسى ساكيامۇنى)، بۇدساتۋالار (ئەۋلىيالىققا شەرت ھازىرلاۋاتقان ئۆلىمالار ۋە يەرلىك ھۆكۈمرانلار)، راھىبلار، بۇددىزىمنى قوغداپ تۇرغۇچى تەڭرى - ئىلاھلار، ساخاۋەت بەرگۈچى - ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئوبرازلىرى بار. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە قەدىمكى ھەر خىل چالغۇ ئەسۋابلىرى، قۇش، ھايۋانلار، بېزەك - زىننەت نۇسخىلىرى، ئائىلە سايمانلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى بار. بۇ رەسىملەرنى سىزىش ئۈچۈن ئاساسەن قىزىل، كۆك، ئاق ۋە قارا بوياقلار (ياكى بۇ بوياقلاردىن ئارىلاشتۇرۇپ تەڭشەلگەن بىرىكمە بوياقلار) ئىشلىتىلگەن.

مىڭئۆي تام رەسىمچىلىكىدە غەربىي يۇرتنىڭ ئەنئەنىۋى رەسىمچىلىك ئۇسلۇبى يېتەكچى قىلىنغان ھالدا، ھىندىستان، قەندىھار، ئىران، گرېك ۋە ئوتتۇرا جۇڭگونىڭ رەسساملىق ئۇسلۇبىدىكى ئىلغار تەركىبلەر ئىجادىي بىرىكتۈرۈلگەن، يەنى ئۆزىگە خاس غەربىي يۇرت بۇددا رەسىمچىلىك ئۇسلۇبى شەكىللىنىپ، بۇ خىل ئۇسلۇب، ھەتتا ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغىمۇ تەسىر قىلغان.

غەربىي يۇرتتىكى مىڭئۆي تام رەسىملىرىنى ئاساسەن يەرلىك رەسساملار سىزىپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ رەسساملار بۇددا

ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىشنى بايراق قىلىپ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتتە بولسا، غەربىي يۇرت ئەينى دەۋر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى سەنئەت ۋاسىتىسى بىلەن ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. كۇسەن مىڭئۆي رەسىم سەنئىتىنى ئۇزۇن يىل تەتقىق قىلغان جۇ يىڭرۇڭ ئەپەندى مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە ئىپادىلەنگىنى قەدىمكى كۇسەنلىكلەرنىڭ «خەلق روھىيىتى» دېگەن قارىشىنى جانلىق ئوتتۇرىغا قويدى ھەم ئۇنى مۇنداق بىر قانچە نۇقتىدىن چۈشەندۈردى: بىرىنچى، بۇ رەسىملەردە كۇسەن خەلقىنىڭ ئېكسپىلاتاتور تۈزۈم ئۈستىدىن شىكايەت قىلغانلىقى ۋە ئۇنى ئەيىبلىگەنلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ ئىككىنچى، كۇسەن خەلقىنىڭ قالايمىقان ئۇرۇشلاردىن جاق تويغانلىقى ۋە خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىنتىلگەنلىكى ئىپادىلەنگەن؛ ئۈچىنچى، كۇسەن خەلقىنىڭ ئۆز يۇرتىغا بولغان چوڭقۇر مېھىر – مۇھەببىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ تۆتىنچى، كۇسەن خەلقىنىڭ رېئال تۇرمۇشتىن ئوڭۇشلۇق بەھرىمەن بولۇشتىكى كۈچلۈك ئىنتىلىش روھى ئىپادىلەنگەن.①

غەربىي يۇرتنىڭ بۇددىزم دەۋرىدە بىر مۇنچە مەشھۇر رەسساملار يېتىشىپ چىققى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ۋايچىرا ۋازىبكىنا، دىھارماچىن، ۋايچىرا كۈيچى، يالڭ شىدەن، سىكساناندا، ۋايچىرا ئىرساتىكا قاتارلىقلار بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە ۋايچىرا ئىرساتىكا ئەڭ مەشھۇر رەسساملاردىن ئىدى. ئۇ تاڭ سۇلالىسى زامانىسىدا ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا بېرىپ چاڭئەندە ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتكەن ۋە تاڭ سۇلالىسى يۇقىرى قاتلام ھۆكۈمرانلار سورۇنىدىكى كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىگە نائىل بولغان. ئۇ چاڭئەندە تۇرغان ۋاقتىدا نەچچىلىگەن ئىبادەتخانىلارغا رەسىم سىزىپ بەرگەن. ئۇنىڭ رەسساملىقتىكى ماھارىتى «ئويما – كۆپمە (كۆپۈنگۈ – پېتىنقى) ماھارىتى» ئارقىلىق مەركىزىي ئىدىيىنى ئىپادىلەش ئىدى. بۇ خىل ئۇسۇل بويىچە سىزىلغان رەسىملەر كىشىگە بىر خىل ستېرېئولۇق تۇيغۇ بېرەتتى. بۇلاردىن باشقا ئۇنىڭ يەنە رەڭنىڭ قېنىق – سۇسلۇقى بىلەن نۇرنىڭ يورۇق – تۇتۇقلۇقىنى ئىپادىلەشتىكى بەدىئىي ئالاھىدىلىكى چاڭئەندە

① جۇيىڭرۇڭ: «كۇسەن تاش غارلىرى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت – فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1993 – يىلى خەنزۇچە نەشرى، 76 – بەت.

ئۇمۇملاشقان. ۋايجىرا ئىرساتكاننىڭ نادىر رەسىملىرى جۇڭگونىڭ رەسساملىق سەنئىتىگە كۈچلۈك تەسىر قىلىپلا قالماستىن، بەلكى چەت ئەللەرگىمۇ تارقالغان. مەسىلەن، شۋېتسىيىلىك ئالىم، پرو- فېسسور ئوسۋالد سىرېن 1956 - يىلى نەشر قىلدۇرغان «جۇڭگو رەسىملىرى» («CHINESE PAINTING») ناملىق كىتابىدا، ۋاي- جىرا ئىرساتكاننىڭ چەت ئەللەردە تارقىلىپ يۈرگەن «خۇ راھىب رەسىمى»، «پەنلىك تۆرە رەسىمى» (番君图)، «كۈسەنلىك ئۇسسۇلچى قىز رەسىمى»، «تەڭرىخان ئوبرازى» (天王象) قاتار- لىق رەسىملىرى توغرىسىدا ئالاھىدە توختالغان.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قوچو ۋە بەشبالىقنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر رەسساملىق ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. زاما- نىمىز ئالىملىرى ئەينى زاماندىن قالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا ئاساسەن، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋاقتىدىكى رەسسامچىلىقنى «ئۇيغۇر رەسسامچىلىقى» (ئېقىمى) دېگەن نام بىلەن ئاتىدى.[①] بۇ خىل رەسساملىقتا خاس ئۇسلۇب يارىتىلغان، يەنى ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر رەسساملىرى كۆلەڭگىنى ئىپادىلەش، ئاق ئورۇن، ئاق سىزىق چىقى- رىش، يوشۇرۇنلۇقنى تەسۋىرلەش، رەڭلىك بوياقلارنى بىرىكتۈرۈش، ئادەم قىياپىتى ۋە ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، چىرايىنى سۈرەتلەش، ساقال - بۇرۇتىنى كۆرسىتىش، يالىڭاچ بەدەن تەسۋىرى، ھەر خىل تەبىقە ۋە ھەر كەسىپتىكى ئادەملەر كۆرۈنۈشى، راھىبلار، براھمان- لار، راھىبەلەر، زاھىتلار، ھۆر - پەرىلەر ۋە جەھەننەم مۇشرىكلى- رى، ياكسا (夜叉) لار، ئىبلىسلار، ساكيامۇنى، ئىلاھ - ئەۋلىيا- لار، سەنەملەر، ھەجۋىي ئوبرازلار روشەن خاسلىقتا ۋە تىپىكلىككە ئىگە قىلىپ تەسۋىرلەنگەن؛ ئائىلە سايمانلىرى، بېزەكلەر، تىۋىنىشقا كېرەكلىك لازىمەتلىكلەردىن يالتىراق ھالقا، ماندالا، باشقا ئارتىلىدى- غان داكا ياپقۇچ، شال - روماللار، مۇرە (گەجگە) دىكى مەشئەللەر، ئۆگە - ئۆگىلەرنىڭ بەلگىسى، ئۈنچە - مارجان تىزمىسى، جايناماز، گىلەم، پەردە - چىمىلدىق، داستىخان؛ تەبىئىي ئاسىللاردىن ھايۋانلار، چېكىپ قويۇلغان ئات قۇيرۇقى، تەبىئەت دۇنياسى، گۈل -

---

① بۇ ھەقتە ئا. ۋ. گاباشىن خانىمنىڭ «ئۇيغۇر رەسساملىقى» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن، «تۈركىي تىللار تەتقىقات خەۋىرى»، 1983 - يىلى 3 - سان، خەنزۇچە، بېيجىڭ.

چىچەكلەر؛ ئۇسسۇل ـ مۇزىكا قاتارلىقلار تەسۋىرلەنگەن رەسىملەرمۇ بار.

بۇ دەۋردە كىتابلارغا قىستۇرما رەسىملەرنى ئىشلەش ۋە ئويما باسمىچىلىق سەنئىتىمۇ ئۈلگىلىك ھادىسىگە ئايلانغان. بۇ دەۋردە رەسساملارنىڭ ماھارىتى ئاساسەن تام رەسىملىرىنى سىزىشتا ئىپادىلەنگەن. بۇنداق رەسىملەر ئومۇمەن بۇددا ۋە مانى دىنى، قىسمەن خرىستىئان دىنى تەسىرى ئاستىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. قەدىمكى ئۇيغۇر شەھەر خارابىلىرىدىن تېپىلغان مىلادىيە 11—13-ئەسىرلەرگە تەۋە بۇددا ۋە مانى دىنى مەزمۇنىدىكى تام رەسىملىرى بىلەن مىنىياتورلىرى (كىتابلارغا سىزىلغان قىستۇرما رەسىملەر) شىنجاڭنىڭ رەسساملىق سەنئىتىنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ساقلىنىپ قالغان خېلى قەدىمكى ئۆرنەكلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مىلادىيە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ۋە ئارخېئولوگلىرى تۇرپان ئەتراپىدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى ۋە ئىبادەتخانا ئىزلىرىدىن شىنجاڭ ئۇسلۇبى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئۇسلۇبى، ئوتتۇرا جۇڭگو ئۇسلۇبى، ئىران، ھىندىستان، يۇنان، غەربىي ئاسىيادىكى (ئاساسەن بۇ مېسوپوتامىيە ۋە بابىل، ئاسسورىيە قاتارلىقلار) قەدىمكى مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەرنىڭ ئۇسلۇبىدا سىزىلغان ئادەملەرنىڭ ھەرخىل رەڭلىك رەسىملىرىنى تاپقان. بۇ رەسىملەرنىڭ ئەتراپىغا ئەنەتكەك (سانسكرىت) چە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە بېغىشلىما، مەسنەۋىلەر يېزىلغان.

ئا. ۋ. گاباتىن خانىم «قوچو ئۇيغۇر خانلىقى» ناملىق يىرىك ماقالىسىدا، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ رەسساملىق ماھارىتى، بولۇپمۇ باھادىرلارنىڭ قىياپىتىنى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن سىزىپ چىققانلىقىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن بايان قىلىپ مۇنداق يازىدۇ: بەزى رەسىملەرنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ۋە ئاستى تەرىپىگە ئۆرە، تۇرغان ياكى تىزلىنىپ ئولتۇرغان باتۇرلار سىزىلغان، ئۇلار ھەشەمەتلىك ساۋۇت ۋە دۇبۇلغىلار بىلەن ۋە پەشلىرى كىندىكتىن تۆۋەنگە قاراپ جۈپلىنىدىغان قىزىل تونلار بىلەن ياساندۇرۇلغان، باشلىرىدىكى ھەيۋەتلىك خانلىق تاجلار خىلمۇخىل زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن زىننەتلەنگەن ياكى چاچلىرى كۆككۆل قويۇپ ئوبدان تارالغان، قولىدا يەلپۈگۈچ

تۇتقان ھالدا كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ ئۇنى ئۆز يېنىغا ئېلىپ تۇرغان ئاشۇ كىشىنىڭ يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە زات ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ. قولىقىنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئادەم ئەمەس، بەلكى مۇئەككەل ياكى ئىكەنلىكى، يەنى بۇددانىڭ ھىمايىچىسى (Vajarapana) ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. باشقا پالۋانلار بولسا قەدىمكى زامانىنىڭ خانلىرى ۋە خانزادىلىرىدىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ يەلكىلىرىدە، كۆكرەكلىرىدە، ئۇستۇنكى بىلەكلىرىدە، بېغىشلىرىدا، پاچاقلىرىدا بېزەكلەر شۇنچە كۆپ ۋە كىيىملىرى شۇنچە كېلەڭسىز-كى، ئەمەلىيەتتە ھەرىكەت قىلىش ناھايىتى قىيىن بولاتتى. تەسەۋ-ۋۇردىن تۇغۇلغان بۇنداق ياسىنىش فورمىسىمۇ ئۇيغۇر رەساملىرى تەرىپىدىن ساسانىيلار دەۋرىنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن بېزىتىل-گەن. روشەنكى، ئۇلار بۇ رەسىملەرنى ئەڭ قەدىمكى رەسىملەرگە ۋە تارىخىي رىۋايەتلەرگە ئاساسەن سىزغان، بۇ يەردە ئۇيغۇر رەساملىرى بۇ رەسىملەردىكى قەھرىمان پالۋانلارنى شۇ چاغدىكى ئاتلىق ئەسكەر-لەردىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزلىرى سىزغان رەسىملەرنى تارىخ-لاشتۇرۇشقا تىرىشقان. ئادەتتىن تاشقىرى بولغان بۇنداق پالۋانلارنىڭ تېپىنى يارىتىش ئارقىلىق خانلارنىڭ، تىياتىرلاردىكى سەركەردىلەر-نىڭ، ئىبادەتخانىلاردىكى مالائىكىلەرنىڭ ۋە تۆت چوڭ ساماۋىي مۇ-ئەككەلنىڭ بېزىلىشى خەنزۇلارنىڭ سەنئىتىدە ھازىرمۇ ساقلىنىپ كېلىنمەكتە.①

ئۇيغۇر رەسسامچىلىقىدا ئادەم قىياپىتى، يەنى پورترېت تەسۋىرى-گە بەك ئېتىبار قىلىنغان. تام رەسىملىرىدە كۆپرەك ئۆزىنى سىزدۇ-رۇشنى ئارزۇ قىلغان كىشىلەر تەسۋىرلەنگەچكە، ھەر خىل كىشىلەر، يەنى خەنزۇ، ھىندى، توخار، پارسلارمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆزىدىن پەرقلىق بولغان باشقا مىللەت كىشىلىرىنى روشەن تېپىك قىياپەتكە ئىگە قىلىپ سىزىش بىلەن بىرگە، تەبىئىي ھالدا ئۆزلىرىنى ئۇلاردىنمۇ بەكرەك تېپىكلەشتۇرۇپ سىزغان. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇر پورت-رېت سەنئىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە، قەدىمكى ئەنئەنىلەرنىڭ تەسىرىمۇ ئالاھىدە رول ئوينىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە «مەڭگۇ» (ياكى «بەنگۇ») دەپ ئاتالغان

① «شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1980 - يىلى 3 - سان، 58 -، 59 - بەتلەر.

خاتىرە تاشلارغا ئويۇلغان قەھرىمانلار ياكى قاغانلارنىڭ نامىشەرىپى، ئۇنۋانى، مەمۇرىيىتى (خىزمەت ئورنى)، ئىش ئىزلىرى ۋە يېشى خاتىرىلىنىپ، ئۇلار ئەبەدىيلەشتۈرۈلەتتى. ئۇيغۇرلاردا بۇ خىل چۈشەنچە كېيىنكى ۋاقىتلاردا تېخىمۇ تەسىرىنى كۆرسەتتى. بېزەكلىك تام رەسىملىرىدە ئۇيغۇر قاغانلىرى تولىمۇ رېئاللىزملىق ئۇسلۇبتا سىزىلغان. ئەر - ئايال، باي - غوجىدارلار تەسۋىرلەنگەن رەسىملەردىمۇ ئۇلارنىڭ بەدەن ۋە چىراي شەكلىنىڭ پورترېت ئالاھىدىلىكى بەك روشەن كۆرسىتىلگەن.

ئۇيغۇر رەسساملىقىدا پورترېت تەسۋىرىنى كۆرسىتىشتىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، ئادەملەر مەرتىۋىسىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى كىشىلىك جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنىغا قاراپ تەسۋىرلەنگەن، يەنى ئۇيغۇر رەسساملىرى پېرسوناژلار مەيلى يۇقىرى مەرتىۋىلىك ياكى تۆۋەن مەرتىۋىلىك بولسۇن، ھەممىسىنى كۆركەم، قەددى - قامەتلىك قىلىپ سىزغان. بوي - تۇرقىنى كۆپىنچە زىلۋىراق قىلىپ سىزغان، ھەتتا قېرىلارنىمۇ مۇشۇنداق سىزغان. ئادەملەرنىڭ مەرتىۋە پەرقى بولسا كۆپرەك كىيىنىش - جابدۇنۇشلىرىدا ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، ئاقسۆڭەك ئەرلەر تاسما بەلۋاغ باغلاپ، قورال - جابدۇق ئېسىۋالىدىكەن. چەۋەندازلار بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ئىككى خىل بەلۋاغ باغلايدىكەن. بىر بەلۋاغ بىلەن ساۋۇتنى چىڭ باغلايدىكەن، يەنە بىر بەلۋېغىغا ئوقيا، ئوقدان، قىلىچ ۋە شەمشەرلىرىنى ئېسىۋالىدىكەن.

قوچو ئۇيغۇر رەسىملىرىدىكى تەسۋىرلەردە پېرسوناژلارنىڭ تەقى - تۇرقىنى سىزىشتا ئەنە شۇنداق ئۇستىلىق قوللانغىنىغا ئوخشاش، پېرسوناژلارنىڭ سىياقىنىمۇ ناھايىتى ئەركىن - ئازادە، ئېنىق - روشەن، ئىلھامبەخش قىلىپ سىزغان.① قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ رەسساملىقى چۈشكۈنلىشىشى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالماستىن، بەلكى ھەرخىل يول بىلەن داۋاملىق يوسۇندا ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى جىلۋىلەندۈرۈپ، يېقىنقى زامان رەسساملىق ھادىسىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە خېمىرتۇرۇچ بولغان.

موڭغۇللار باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، شەرق ۋە غەربتە سەلتەنەت

---

① ئا. ۋ. گاباتىن: «ئۇيغۇر رەسساملىقى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتىغا دائىر پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» ژۇرنىلى، (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى) 1983 - يىللىق 2 - سان.

تەختىنى ئىگىلەپ دەۋران سۈرگەن چاغلاردا، ئۇيغۇرلارنىڭ رەسسام-
چىلىقى شەرقتە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا، غەربتە غەربىي ئاسىيا،
جۇملىدىن خۇراسان، ئىران، ھىندىستانلاردا بەرق ئۇرۇپ، سەنئەت
ھەۋەسكارلىرىنىڭ زوقىنى ئۇزلۇكسىز قوزغاپ تۇرغانىدى.

يۈەن سۇلالىسى زامانىسىدا ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا بېرىپ ئولتۇ-
راقلىشىپ، رەسساملىق بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر رەسساملىرىدىن
بۇيان بۇقا، بيەنلۇ، گاۋكېگۇڭ، سادۇللا، دىڭ يىفۇ، نەيشەن قاتار-
لىق نامدار كىشىلەر بار ئىدى. بيەنلۇ تەخەللۇسى جىيۇ، لەقىمى
لۇشىڭ، خەنزۇلارنىڭ قەدىمكى «لىفۇ» شەكىللىك شېئىرىغا ئۇستا
بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ماھىر رەسساملاردىن ئىدى. ئۇ تولىراق
گۈل-گىياھ، ئۇچار قۇشلارنى سىزغان. ئۇنىڭ «ئۆردەك ماكانى»،
«قومۇشلۇقتىكى ھاڭگىتلار»، «سۇ بوياق مودەنگۈل» قاتارلىق رە-
سىملىرى بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلچەملىك جۇڭگوچە رەسىملەر
ئىدى.

گاۋكېگۇڭ (高克恭، 1248 — 1310 - يىللار) — شائىر
ھەم يۈەن دەۋرىدە تازا نامى چىققان، ئەينى زامانىدىكى داڭلىق رەسسام-
لار بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان زات ئىدى. ئۇنىڭ تەخەللۇسى يەن-
جىڭ، ئۇ يەنجىڭنىڭ فاڭشەن تېغىدا تۇرغاچقا، فاڭشەن روھانىيسى
دەپ ئاتالغان. گاۋكېگۇڭ چوڭقۇر بىلىملىك، كۆپ تالانتلىق بولۇپ،
شېئىرلارنى تولىمۇ ئېنىق، ۋايىغا يەتكۈزۈپ يازاتتى. گاۋكېگۇڭ
رەسساملىق جەھەتتە قالتىس كۆركەم رەسىملەرنى سىزغان ھەم ئۆز
زامانىسىدا ماختاشقا سازاۋەر بولغان. يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەن ۋە
بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلىنىپ قالغان ئەسەرلىرىدىن «ساڭلۇ ئايمىقىدى-
كى لۇشەن تېغى»، «بۇلۇت قاپلىغان ئورمانلىقتىكى ئىس - تۈتەك-
لەر»، «تاغدىن ھالقىپ ئۆتۈش»، «قارا بامبۇك»، «كۆك تاغ
تۆپىسىدە ئاق بۇلۇت»، «ساڭجۇدىكى تاش ئورمان»، «تۇمانلىق
چوققىدىكى بۇلۇت ئاستىدىكى ئورمان»، «ئورمانلىقتىكى دەرۋىش»
قاتارلىقلار بار. گاۋكېگۇڭنىڭ رەسىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى سەنئەت
ئەھلىنىڭ مەدھىيىسىگە سازاۋەر بولغان. مەسىلەن، كې جيۇسى
«تاغنىڭ كەچلىك مەنزىرىسى» دېگەن رەسىمگە «ئۈچ سۇلالىدىن
بۇيان گۈللەنگەن دەۋر، توقۇز ئايماقنىڭ سىرتىدىكى يېڭى كېشى»

دەپ بېغىشلىما يازغان. شى داكۈي «قارا بامبۇك» قا «غەربىي يۇرتلۇق گاۋ بېگىم تاغنى زەپ ياخشى كۆرەتتى» دەپ بېغىشلىما يازغان. بۇ بوۋچى «كۆك تاغ تۆپىسىدە ئاق بۇلۇت» ناملىق رەسىمگە «غەربىي يۇرتلۇق ماھىرنىڭ رەسىملىرى شېئىرغا ئوخشايدۇ» دەپ بېغىشلىما يازغان. ۋېي سۇ دېگەن كىشى «فائخشەندە ئولتۇراقلاشقان گاۋ جانابلىرى غەربىي يۇرتلۇق تالانت ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بېسىپ چۈشىدۇ» دېگەن بولسا، بېيجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى چېن يۈەن ئەپەندى «غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ خەنزۇلىشىشى ھەققىدە» ناملىق كىتابىدا: «گاۋكېگۇڭلا باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، يېڭىلىق ياراتقان. ئۇ رەسىملەرنى كۆركەم، ھەيۋەتلىك سىزىشتىن تاشقىرى، ئۇستىلىق، ماھىرلىق بىلەن يېڭى ئۇسلۇب ياراتقان» دېگەن باھانى يازغان. مانا بۇلار رەسسام گاۋكېگۇڭنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە بېرىلگەن ھەقىقىي باھادۇر.

بۇ زاماندا ئۆتكەن ئۇيغۇر رەساملىرى ئىچىدە ساۋۇللا بىر چولپان ئىدى. ئۇنىڭ «يەنمېن توپلىمى» غا بىر مۇنچە بېغىشلىمىلار يېزىلىپ، رەسىمدىكى ھېسسىيات شېئىر بىلەن ئىپادە قىلىنغان. ساۋۇللانىڭ رەسىملىرىدىن «مېيخۇا قۇشقىچى» بىلەن «قەيرە يېنىدىكى ھىلىق تۇتۇش سۈپىسى» يېقىنقى زامانغىچە ساقلىنىپ كېلىنگەن.

دىڭ يىخۇ بولسا تاغ - دەريا ۋە ئادەملەرنى سىزىشقا ئۇستا ئىدى. ئۇ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى رەساملىق مۇنبىرىدە دەۋر سۈرگەن تۆت چوڭ ئەرباپنىڭ بىرى بولغان مايۈەن بىلەن شاكۇينى ئۈلگە قىلىپ يېڭىلىق ياراتقان.① نەيشەن (1310 - 1368 - يىللار) ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇق قەبىلىسىدىن، يەنە بىر ئىسمى ناشىن، تەخەللۇسى يىجى. ئۇ تارباغاتايدا تۇغۇلۇپ، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا ياشىغان شائىر، رەسسام. ئۇنىڭ «يىن دەرياسى بىلەن خوشلىشىش»، «يىن مىڭنىڭ تاغ- دەريالىرى»، «يىراقتا سەپەر خاتىرىسى» قاتارلىق تاغ- دەريا مەنزىرىسىگە ئائىت رەسىملىرى كەڭ تارقالغان.

دېمەك، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر رەساملىرى رەسىملىرىدە ئەنئەنىۋى جۇڭگو رەساملىقىنى زور دەرىجىدە بېيىتقان.

---

① تيەن ۋېيجاڭ: «موڭغۇللار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1995 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 129 - بەت.

موڭغۇللارنىڭ غەربىي يۈرۈشىگە ئەگىشىپ ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان، خۇراسان، ئىران ۋە غەربىي ئاسىياغا تەسىر كۆرسەتكەن قوچو ئۇيغۇر رەسسامچىلىق ئۇسلۇبى ئىچىدە مىنىياتۇر سەنئىتىنىڭ تۇتقان ئورنى چوڭراق بولغان.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدىكى رەسساملىق، بولۇپمۇ مىنىياتۇر سەنئىتى موڭغۇللارنىڭ غەربىي يۈرۈشلىرى سەۋەبلىك ھەتتا ئۇنىڭدىن بۇرۇنلا غەربكە تەسىر قىلغان. مىنىياتۇر سەنئىتى كىتاب ـ رىسالىلەرگە قىستۇرما قىلىش ئۈچۈن ئىشلەنگەن رەسىملەرنى كۆرسىتىدۇ. ئارخېئولوگلار مۇنداق سەنئەتكە خاس ئەسەرلەرنى تۇرپاندىن كۆپلەپ تاپقان بولۇپ، كۇچا قاتارلىق شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىن ئۇچرىتىلمىغان. تۇرپاندىن تېپىلغانلىرىمۇ مانى دىنى نوم ـ كىتابلىرى ئارىسىدىن چىققان. بۇ نوملار شەرقىي ئىران تىلى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. بۇ رەسىملەرنىڭ سىزىلىش ئۇسلۇبى تام رەسىملىرىنىڭكىگە ئوخشاشمايدىكەن. ئۇلاردا پېرسوناژلارنىڭ قىياپىتى قارا ياكى قىزىل رەڭدە بېرىلگەن، ئىچ قىسمى بولسا، گۆش رەڭدە، قىزىل، قارا، قوڭۇر، سېرىق، يېشىل رەڭدە ھەمدە يەنە بىرمۇنچە قىسمى سارغۇچ رەڭدە تەسۋىرلەنگەن. نېمە سەۋەبتىندۇر، پېرسوناژلارنىڭ تەقى ـ تۇرقى جانلىق ئەمەس، بەلكى سۇلغۇن قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئېھتىمال بۇ ئەينى زاماندا ياشىغان تۆۋەن قاتلام رەسساملارنىڭ روھىي ھالىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. بۇلاردا پورترېت تەسۋىرىدىن باشقا دىنىي مەزمۇنلار، تەبىئەت تەسۋىرى بېرىلگەن. ئا. ۋ. لىكوك بۇ خىل ئۇسلۇبنى ساسانىيلار رەسسامچىلىق ئېقىمىغا مەنسۇپ بولۇپ، بىر ئەسلىي ئۈلگىسى بار، دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە مۇنداق پاسوندىكى ئەسلىي ئەسەر ئۇچرىتىلمىغان. ئا. ۋ. گابائىن خانىم قوچو ئۇيغۇرلىرى ئىشلىگەن ئەڭ دەسلەپكى مىنىياتۇر سەنئىتىگە مەنسۇپ ئەسەرلەر مىلادىيە 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىشلەنگەن بولسا كېرەك، دەپ ھېسابلايدۇ.

مانا مۇشۇ خىل ئۇيغۇر مىنىياتۇر سەنئەت ئېقىمى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بەزى ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىنىڭ باغداد ۋە غەزنە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ سەنئەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى

بىلەن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. غەزنە شەھىرىدە كېيىنكى زامانلاردا بايقالغان سەنئەت ئەسەرلىرىدىكى ئۇسلۇب ئوخشاشلىقىدىن بۇ نەرسىنى روشەن ھالدا ھېس قىلغىلى بولىدۇ. مانى دىنىغا دائىر «ئارژاك»ناملىق رەسىملىك كىتاب 1056 ـ يىللىرى غەزنە شەھىرىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا قوچو ئۇيغۇر مىنىياتۇر سەنئىتىنىڭ ئۇسلۇبى ئىپادىلەنگەن. بۇلارلا ئەمەس، ئۇيغۇر رەسساملىق ئۇسلۇبى يەنە غەز-نەۋىلەرنىڭ 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا تەئەللۇق لەشكىرىي بازار سارد-يىدىكى تام رەسىملىرى بىلەن شۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بارلىققا كەلگەن سالجۇقىيلار مەركىزى رەي شەھىرىدىكى تام رەسىملەردە، بولۇپمۇ رەي ۋە كاشاندا ئىشلەنگەن پارقىراق كاھىش ۋە چىنىلەردە تېخىمۇ گەۋدىلىك كۆرۈلگەن. غەربىي ئاسىيادا ئۇيغۇر رەسسامچىلىقى، جۈم-لىدىن مىنىياتورى بەزى ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولسى-مۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ تۈپ ئاساسى ۋە ئۇسلۇبىنى يوقاتماستىن، تاكى مىلادىيە 15 ـ ئەسىرگىچە داۋام قىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇر رەسساملىرى ئۇسلۇبىنى شىنجاڭدىن غەربىي ئاسىياغا ئەكەلگەن ئۇيغۇر سەنئەتكار لىرى بۇ ئۇسلۇبنى ھىرات، غەزنە، باغداد، رەي، كاشان، موسۇل ۋە ئاناتولىيىگە تارقاتقان. نەتىجىدە غەربىي ئاسىيادا «ئۇيغۇر ئۇسلۇ-بى» بويىچە رەسىم سىزىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن. بۇ دولقۇن سەنئەت ساھەسىدە «ئۇيغۇر ئۇسلۇبى» دىن ئىبارەت يېڭى دەۋر ئاچقان.[①]

جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسىدە ئىسلام دىنىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى بىلەن رەسساملىق ساھەسىدە بىر بۇرۇلۇش بولۇپ، رەسىملەردە جان-لىقلار، بولۇپمۇ ئادەملەرنىڭ سۈرىتىنى سىزىش گۇناھ ھېسابلىنىپ، بۇ خىل ئەھۋال يېقىنقى زامانغىچە داۋاملاشتى. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن رەسساملىق توختاپ قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئىپتىبىتك تۈيغۇ بېغىشلاشتا ئۆزگىچە ئۇسلۇب بىلەن ئىزچىل داۋام-لىشىپ ۋە راۋاجلىنىپ تۇردى. بۇ خىل رەسساملىق ئاساسەن بىناكار-لىق ساھەسىدە، ئائىلە سايمانلىرى، زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلاردا روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ئىلمىي خادىملار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئىسلام بىناكارلىقىنى ئاساس قىلىپ، ئۇنىڭدىكى نەقىش ـ رەسىملەر-

① ي. ياسىن: «ئۇيغۇر مىنىياتۇر سەنئىتىنىڭ غەربىي ئاسىياغا تارقىلىشى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىلى 1 ـ سان، 58 ـ بەت.

ادە مۇرەككەپ گېئومېتىرىك گۈل - گىياھ، ئۆسۈملۈكلەر ۋە بەزى تۇرمۇش بۇيۇملىرى چۈشۈرۈلگەن شەكىللەردىن تۈزۈلگەن رەڭلىك سىزمىلارنىڭ نۇسخىلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، يېشىل، كۆك، سېرىق، قىزىل، قارا ۋە باشقا رەڭلەرنىڭ زىچ ماسلاشتۇرۇشىدىن ھاسىل قىلىنغانلىقىغا دىققەت قىلىشتى.

شىنجاڭ ئىسلام رەسساملىقى ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا بارغانسېرى خاسلىشىپ ۋە پىشىپ يېتىلىپ، ئۇيغۇر ئىسلام نەققاش بېزەكچىلىكى، قازاق ئىسلام نەققاش بېزەكچىلىكى، قىرغىز ئىسلام نەققاش بېزەكچىلىكى ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇلاردىن باشقا، ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا خەنزۇ، موڭغۇل، خۇيزۇ، مانجۇ، شىبە، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ رەسساملىقى ياكى بېزەكچىلىكى ئۆز رولىنى جارى قىلىپ تۇرغان.

شىنجاڭدا ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەر، ئومۇمەن مۇشۇ ئەسىردىن باشلاپ رەسساملىقنىڭ يېڭى يولىغا قەدەم قويۇپ، ئەنئەنىۋى رەسساملىق ئۇسلۇبىنى شەرق - غەربنىڭ زامانىۋى رەسساملىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇتۇق قازىنىشتا مۇمكىنچىلىك تۇغدۇردى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇيغۇر رەسساملىقى دۇنياۋى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلدى. غازى ئەھمەد ئەپەندىدەك رەسساملار مەملىكەت ۋە خەلقئارا سەھنىلەردە ئۆز ئەسەرلىرىنى نامايىش قىلىپ ئالقىشلاندى.

## 2. ھەيكەلتىراشلىق

غەربىي يۇرت تارىخىدىكى ئەڭ قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ ھەيكەلچىلىك سەنئىتىنىڭ نامايەندىسى 1979 - يىلى كورلا بوستانلىقى كۆنچى دەرياسى ساھىلىدىكى «كرورەن گۈزىلى» دەپ نام بېرىلگەن جەسەت تېپىلغان قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ قەبرىستانلىقتىن ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا بايقالغان ھەيكەللەر بولۇپ، 3800 يىللار مۇقەددەم ئەجدادلار بۇ ھەيكەللەرنى ئۆز تەپەككۇرىغا تايىنىپ، ئۆز قولى بىلەن ياساپ چىققان. ئاشۇ ئۆردەكلىك (گۇمۇگۇ) قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ھەيكەل قورچاقلار جەمئىي ئالتە دانە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە بەشىنىڭ ئاياللىق خۇسۇسىيىتى روشەن ئىپادىلەنگەن،

يەنى كۆكسىگە گەۋدىلىك قىلىپ ئىككى دانە توپچا چىقىرىپ قويۇلغان، كاسىسى يوغان، يۈزى توم سىزىقلار بىلەن ئىپادىلەنگەن. بۇ ھەيكەللەرنىڭ بەشى ياغاچ، بىرى تاشتىن ياسالغان. ئارخېئولوگ ۋاڭ بىڭخۇا ئەپەندى بۇ ھەيكەللەرنىڭ تارىخىي قىممىتىگە باھا بېرىپ، بۇ ھەيكەللەر جۇڭگونىڭ گۈزەل سەنئەت تارىخىنىڭ بىرىنچى بابىغا كۆرۈنەرلىك قىلىپ يېزىشقا تېگىشلىك ئېسىل ئەسەر ئىكەنلىكى شۈبھىسىز، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت خەزىنىسىدىكى ناھايىتى قىممەتلىك مىراس بولۇشقا مۇناسىپ، دەپ يازدى.① مانا مۇشۇ ھەيكەلچىلىك سەنئەت ئەنئەنىسى غەربىي يۇرتنىڭ ئۇزاق داۋام قىلغان ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈپ، سىنىپىي جەمئىيەت، بولۇپمۇ بۇددا دىنى ئېتىقادى باشلانغان ۋە راۋاجلىنىپ تۇرغان ئۇزۇن بىر تارىخىي دەۋردە ئۆزىنىڭ گەۋدىلىك ئورنىنى ئىزچىل ساقلاپ، داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ، غەربىي يۇرتنىڭ ئۆزىگە خاس ھەيكەلچىلىك سەنئەت ئېقىمىنى شەكىللەندۈرگەن. 2003 - يىلى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى پىچان ناھىيىسىنىڭ ياڭخې قەبرىستانلىقىدىن لايدىن ياسالغان بىر ھەيكەلنى بايقىغان بولۇپ، ھەيكەلنىڭ ئېغىزى ۋە كۆزى چىڭ يۇمۇلغان، قاڭشىرى بىلەن پېشانىسى تومپۇز، يۈز قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 21 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 17 سانتىمېتىر بولۇپ، تەخمىنەن 2500 يىللىق تارىخقا ئىگە دەپ قارالغان ھەم شىنجاڭ تەۋەسىدىن بايقالغان ئەڭ دەسلەپكى لاي ھەيكەل دەپ ھېسابلانغان.② مەسىلەن، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى شۋېتسىيىلىك ف. بېرگمان مۇشۇ رايوندىن قازغان ياغاچ تاۋۇتلۇق قەبرىلەردىن بىر جۈپ ئەر - ئايالغا بەكمۇ ئوخشىتىپ ياسالغان ياغاچ قونچاقلارنى تاپقان. بۇنىڭدىن باشقا 1986 - يىلى قۇمۇلدىكى يانبۇلاق قەبرىلىرىدىنمۇ بۇ خىلدىكى قونچاقلار تېپىلغان (قونچاقلارنىڭ ئېگىزلىكى 15 — 18 سانتىمېتىر كېلىدۇ). ياغاچ قونچاق، يەنى ھەيكەل ياساش قەدىمكى دىڭلىڭلارنىڭ مۇھىم بىر پائالىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان جەنۇبىي سىبىرىيە

① ۋاڭ بىڭخۇا: «گۇمىگۇلۇقلار (قەدىمكى كۆتۈم ۋاسى كىشىلىرى) نىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىكى بىرقانچە مەسىلە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، خەنزۇچە، 1983 - يىلى 2 - سان، 88 - بەت.

② بۇ ھەقتىكى خەۋەرنىڭ تولۇق تېكىستىنى «تۇرپان كەچلىك گېزىتى» نىڭ 2004 - يىل 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىكى سانىدىن كۆرۈڭ.

تەۋەسىدىكى تاشتىق دائىرىسىدىمۇ بولغان، مەسىلەن، سابىق سوۋېت
ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرى دىڭلىڭلارغا مەنسۇپ تاشتىق قورغىنىنى
قازغاندا، بۇ يەردىن ياغاچتىن ياسالغان ئات، بۇغا، قوي ۋە كېيىك
قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ھەيكىلىنى تاپقان، تاشتىق مەدەنىيەت دەۋرى
ئادەتتە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5 — 3 ـ ئەسىرلەر دەپ قارىلىدۇ.
قەدىمكى دىڭلىڭلارنىڭ يايلاق مىللەتلىرىگە خاس ھەيكەلچىلىك
سەنئىتى قەدىمكى تۈركلەردە ئەنئەنە سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇلغان.
مەسىلەن، ئارخېئولوگىيە خادىملىرى ئۇزۇن يىللىق قىدىرىش نەتى-
جىسىدە، موڭغۇلىيە، جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى
تەۋەسى ۋە قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان جۇمھۇرىيەتلىرى
تەۋەسىدە نۇرغۇن ھەيكەللەرنى ئىلمىي يوسۇندا تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ
قەدىمكى تۈركلەر تۇرغۇزغان ھەيكەل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققتى.
بارىسغان شەھەر خارابىسىدىمۇ بىر تۈركۈم ئەر ـ ئايال ھەيكىلى
بايقالغان. «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ يېنىدىن قولىنى قوشتۇ-
رۇپ تۇرە تۇرغان ئىككى كىشىنىڭ ھەيكىلى، بۇ ھەيكەل جايلاشقان
يەرگە يىراق بولمىغان بىر جايدىن مەرمەر تاشتىن ياسالغان بىر
ئارسلان ھەيكىلىنى تاپقان. ئەينى زاماندا «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»
تىكلەنگەن ئورۇنغا بارىدىغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىرمۇنچە ھەي-
كەل ۋە بالبال تۇرغۇزۇلغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا غەربىي
ياۋروپالىق شەرقشۇناس تومسېن بۇ ھەيكەللەر ئىچىدىن كۆلتېگىن
ھەيكىلىنىڭ بېشى ۋە ئۇنىڭ خانىشىنىڭ ھەيكىلىنىڭ گەۋدە قىسمى
ۋە يۈزىنىڭ بىر بۆلىكىنى تاپقان. يەنە مۇشۇ ئورۇندا 1958 ـ
يىلىدىكى تەكشۈرۈشتە كۆلتېگىن ھەيكىلىنىڭ بەل قىسمى، ئىككى
قوچقار ھەيكىلى ۋە بىر ئايال كىشىنىڭ ھەيكىلى تېپىلغان.

قەدىمكى تۈركلەرنىڭ ھەيكەلتىراشلىقىدا بالبال ياساشمۇ مۇھىم
ئورۇندا تۇرغان. «بالبال» ھەيكەلتىراشلىقتىكى بىر قەدەر ئاددىي شە-
كىل بولۇپ، ئۇ چوڭ ـ كىچىك تاشلاردىن ياكى ياغاچلاردىن ئادەم-
نىڭ باش قىسمىدىكى ھەرقايسى ئەزالارنى ئاددىي سىزىق بىلەن ئويۇپ
ياساپ چىقىرىلغان، ئومۇمىي شەكلى بولسا بەك سىلىقلاپ ئىشلەنمە-
گەن، بۇ خىل بالباللار «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، «كۆلتېگىن
مەڭگۈ تېشى» ۋە «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» نىڭ يېنىدا خېلى كۆپ

تۇرغۇزۇلغان.

ئارخېئولوگلار قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ ھەيكەلچىلىك ھۈنەر - سەنئەت ئىشلىرىنى ھەمدەپنە قونچاقلار، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە مىڭئۆيلەردىن تېپىلغان تېۋىنىش ئېھتىياجى سەۋەبلىك ياسالغان ھەيكەللەر دېگەن تۈرلەرگە بۆلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ھەمدەپنە قونچاقلارنىڭ كېلىپ چىقىشى تولىمۇ تەسىرلىك، بۇ روھ ئۇقۇمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، يەنى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ مەلۇم باسقۇچىغا كەلگەندە قەدىمكى ئىنسانلاردا روھ ئۇقۇمى بارلىققا كەلگەن، تىرىك ئادەملەرنىڭ روھى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئادەم ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ تېنىدە روھى ساقلىنىدۇ، دېگەن چۈشەنچىدە بولغان. بۇنىڭ بىلەن شۇ روھقا سىمۋول قىلىپ قونچاق ياساپ، جەسەت بىلەن بىرگە دەپنە قىلىشتەك بەزى ئادەتلەر بارلىققا كەلگەن.

يەنە بىرى، ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلغان ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن ئادەمنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان قۇللۇق جەمئىيەتكە قەدەم باسقاندىن كېيىن، قۇللار قۇلدارلارنىڭ ئېزىش ۋە ئاياغ ئاستى قىلىش ئوبيېكتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خالىغانچە ئۆلتۈرۈلۈپ، ھايۋان قاتارىدا كۆرۈلگەن، ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ئەركىنلىكىدىن قىلچىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. ئاشۇنداق ئادەم بىلەن ھايۋاننى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان جەمئىيەتتە، ھۆكۈمران سىنىپتىكىلەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن بىرەرى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى قۇللار بىللە دەپنە قىلىناتتى. تىرىك كۆمۈلگەن قۇللارنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ئۇنىڭ مەرتىۋە - ئابرۇيىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولاتتى. شۇڭا قۇللۇق جەمئىيەتتە قۇللارنى قۇلدارلار بىلەن بىرگە دەپنە قىلىش ئومۇميۈزلۈك ئادەتكە ئايلانغان. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ھۆكۈمران سىنىپلار كۆپ ساندىكى تىرىك ئادەملەرنى بىللە دەپنە قىلىۋېتىش ئىشلەپچىقىرىشقا پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، قۇللارنى قۇلدارلار بىلەن بىللە دەپنە قىلىشنى ئازايتىشقا باشلىغان. بىراق ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار ئاخىرەتتىمۇ ئۆزىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ھوقۇقىنى نامايان قىلىشنى ئويلاپ، زىخمۇ كۆيمەيدىغان، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان بىر خىل مۇۋاپىق ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىققان، ئۇ بولسىمۇ، سۈپەتتى ئوخ-

شاش بولمىغان تۇرلۇك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ شەكلى ئادەمگە ئوخشايدىغان قونچاقلارنى ياساش ئۇسۇلى ئارقىلىق بۇ زىددىيەتنى مۇۋاپىق ھەل قىلغان. دېمەك، قونچاق ئارقىلىق ئەينى زاماندىكى ئادەمنى بىللە دەپنە قىلىدىغان ئۆرپ - ئادەتنى ئۆزگەرتكەن.

غەربىي يۇرتنىڭ ھەيكەل ياساش ھۈنىرى يۇقىرىقى بىر قاتار سەۋەبلەردىن باشقا، بۇ يەرگە بۇددا دىنىنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن، بۇ دىنىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولغان بۇت ياساپ، ئۇنىڭغا چوقۇنۇش ئىشلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، شۇنداقلا قەدىمكى گرېك ھەيكەلتىراشلىقىنىڭ قەندىھار مەدەنىيەت ھادىسىسىنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق بىرقەدەر ئومۇمىي تۈس ئېلىشقا يۈزلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا ئوتتۇرا جۇڭگو ھەيكەلچىلىكىنىڭ بەلگىلىك تەسىرى بولغان.

ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا مىلادىيە 3 — 4 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق ئادەم سىياقىدىكى ياغاچ قونچاقلار، لايدىن ياسالغان قونچاقلار، ئۆكۈز ھارۋىسى، ئات، ئۇچار قۇشلار سىياقىدىكى قونچاقلار كۆرگەزمىگە قويۇلغان، بۇ قونچاقلار قەبرىلەردىن تېپىلغان بولۇپ، ئەينى زاماندىكى تۇرمۇشنىڭ بىر ساھەسىنى نامايان قىلغان. ئۇنىڭدا ئەينى چاغدىكى قازا قىلغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتى، ئورنى — مەرتىۋىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇ قونچاقلارنىڭ ئۇيغۇنلۇق دەرىجىسى خېلى ياخشى، ئۇنىڭدا ئۆزگىچە يەرلىك ئالاھىدىلىك ئىپادىلەنگەن.

خوتەننىڭ قاراقىچىن خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان مىلادىيە 5- ئەسىرگە ئائىت تاتخاگاتا بۇددانىڭ ھەيكىلى ياسىلىش نىسبىتى مۇۋاپىق، قىياپىتى تەبىئىي، تەمكىن، مېھرىبان، ئۇنىڭدا بۇددانىڭ تەڭداشسىز ھەيۋەتلىك ئىلاھىي قىياپىتى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئالىملار ئۇنىڭدا قەندىھار سەنئىتىنىڭ مۇئەييەن ئۇسلۇبى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، دەپ قارىغان. قاراشەھەردىكى مىڭئۆي ئىبادەتخانىسىدىن قېزىۋېلىنغان تەخمىنەن مىلادىيە 6 — 7 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بۇدساتۋانىڭ ھەيكىلى سالماق ۋە مۇبالىغە قىلىنغان ھالدا ئىپادىلەنگەن، بەدەننىڭ ئۈستۈنكى يېرىمى يالىڭاچ، چىرايلىق ياسانغان بولۇپ، بۇدساتۋانىڭ سېھرىي كۈچكە ۋە جانلىقلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن، ئۇ

ئادەتتىكى ئەينىي شەكىلنىڭ ئاسارىتىدىن خالاس قىلىنغان. يەنە بەزى ھەيكەللەرنىڭ چىرايلىرىدىن ھېسسىياتى بىلىنىپ تۇرىدۇ، دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئويلىنىۋاتقان، چاچ - ساقاللىرى بۇدۇر قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يەرلىك مىللەت راھىبلىرىنىڭ قىياپىتى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. خوتەننىڭ دەندان ئۆيلۈك خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان، تەخمىنەن مىلادىيە 7 — 8 - ئەسىرلەرگە ئائىت بۇددا بېشى ئۇدۇل قاراپ تۇرغان، قىياپىتى سۈرلۈك، تەمكىن، رەڭگى سۇس، ئېنىق، چاچ پاسونىمۇ ئۆزگىچە. شىنجاڭدىكى مىڭئۆي بۇددا ھەيكەللىرىدە ئادەمنىڭ روھىي قىياپىتى ۋە مىجەزى ئىپادىلىنىپ، ئەنئەنە بىلەن ئارزۇ، مۇبالىغە بىلەن رېئاللىقنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلگەن. بۇلارنى قەدىمكى شىنجاڭ سەنئىتىنىڭ جەۋھەرلىرى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

تۇرمۇش ۋە سەنئەت تىپىغا مەنسۇپ ھەيكەللەرنىڭ ياسىلىشىمۇ ئۆزگىچە. بۇلاردىن ئەينى چاغدىكى غەربىي يۇرتنىڭ رەڭگارەڭ تۇرمۇش مەنزىرىسىنى ۋە سەنئەتكارلارنىڭ پىشىپ يېتىلگەن ماھارىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. نىيەدىن قېزىۋېلىنغان مىلادىيە 3 — 4 - ئەسىرلەرگە ئائىت نەقىشلەنگەن رەڭلىك ئۈستەل پۇتلىرى ئۆزگىچە، يېغىچ ئۇسلۇبتا ياسالغان. سول تەرەپتىكى ئۈستەل پۇتىغا ئايالنىڭ، ئوڭ تەرەپتىكىسىگە ئەرنىڭ يۈزى نەقىشلەنگەن. ئۈستەل پۇتىنىڭ تۆۋەن قىسمى ئات تۇيىقى شەكلىدە، ئوتتۇرا قىسمى يېرىم ئېچىلغان نىلۇپەر گۈلى شەكلىدە ياسالغان. خوتەندىكى يوتقان خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان تەخمىنەن مىلادىيە 1 — 3 - ئەسىرلەرگە ئائىت ساپال قۇش تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان زىننەت بۇيۇمى ياكى ئويۇنچۇق بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىنغان. ئۇنىڭدىن قەدىمكى خوتەن مەدەنىيىتى ئالاھىدىلىكىنىڭ بەزى تەرەپلىرى ئايان بولىدۇ.

مىلادىيە 7 — 9 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان قونچاقلار، لايدا ياسالغان ئات نۆكەرلەر، قەبرىگە مۇئەككەل ھايۋانلار، ھۆر قىزلار، لايدا ياسالغان ئادەم بېشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى رەڭدار بولۇپ، قىزىل، يېشىل، ئاق رەڭلەرنى ئاساسلىق بوياق قىلغان. بەزى ھۆر قىزلار بېشىغا رومال سېلىپ، ئات مىنىۋالغان ھۆر قىز قونچاقلار ئاجايىپ قامەتلىك، خىسلەت - ساخا-

ۋەتلىك، كەيپىياتى جىددىي، كۆركەم، ئۇنىڭدا ئەينى زاماندىكى ساھىبجامال خانقىزلارنىڭ گۈزەللىكى تەسۋىرلەنگەن.

تۇرپاندىكى ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان بۇيۇملار قاتارىدا ھەيكەلتىراشلىق بۇيۇملىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى مول، شەكلى ھەرخىل، تېما دائىرىسى كەڭ بولۇپ، قەدىمكى خەلقلەرنىڭ مەدەنىي ھاياتى، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي قىياپىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان، لايدىن ياسالغان ئادەم سىياقىدىكى بىر قونچاق قاڭشارلىق، چوڭقۇر كۆزلۈك ئىشلەنگەن بولۇپ، شۇنچە ئەينەنلىك تۇيغۇسى بېرىدۇ، ئۇنىڭ چىراي قىياپىتى تولغۇن، ئۇسلۇب جەھەتتە ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇنىڭدا يەرلىك پۇراق كۈچلۈك بولۇپ، ئەجدادلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىك، ئەمگەكچان روھىي قىياپىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەمگەك قىلىۋاتقان مەنزىرە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن يەنە بىر قونچاق مىلادىيە 7 — 9 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولۇپ، ئۇنىڭدا تۆت ئايالنىڭ ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى بىلەن ئەمگەك قىلىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. سەنئەتكار ئاددىي ھەيكەلتىراشلىق ماھارىتى ۋە نەقىش سەنئەت ماھارىتى ئارقىلىق ئەمگەك قىلىۋاتقان سورۇننى جانلىق ئىپادىلەپ بەرگەن. ئادەملەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش تاماملانغاندىن كېيىن، بوياق بېرىش ئارقىلىق روھىي قىياپەت ئۆزگىچىلىكلىرىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرىش ئۈنۈمىگە ئېرىشەلىگەن. ئادەملەرنىڭ ئوبرازى، قىياپىتى تولىمۇ مۇۋاپىق سۈرەتلەنگەن. رەڭلىك ئاتلىق چەۋەنداز قونچاقتا نازۇك تەرەپلىرى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىپادىلەنگەن ۋە زىننەت بۇيۇملىرى ئارقىلىق ئاۋۋال ئاتقا مىنگەن چەۋەندازنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق قىياپىتى جانلىق ئىپادىلەپ بېرىلگەن. بۇ قونچاقتا ئات ھاۋا رەڭ، تېنى غوۋۋا سىزىقچىلار بىلەن تولغان، قۇرۇلمىسى ۋە نىسبىتى مۇۋاپىق ياسالغان. ئاتنىڭ بېشى توشقاننىڭكىدەك دىڭ تۇرغان، كۆزلىرى ئۇزۇنەك تومپىيىپ چىققان، قاڭشىرى تەكشى ھەم كەڭ، تۇيىقى ياپىلاق ۋە ئېگىز، مۇسكۇللىرى چىڭ، بويىنى ئۇزۇن، بېلى قىسقا، سەرى ئۇزۇن، مەغرۇر ۋە ھەيۋەت، گوقچۇپ تۇرغان. بوران - چاپقۇندا چېنىققان جەڭ ئېتىدەك يارىتىلغان بولۇپ، كىشىگە شاش، ئۇچقۇر

ئاتنى ئەسلىتىدۇ. دېمەك، بۇ ئارقىلىق شىنجاڭ ئېتىنىڭ جەزبدار قىياپىتى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قارا چاپان كىيگۈزۈلگەن، بېلىگە قارا پوتا باغلانغان، پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك، بېشىغا ئاق كىگىز بۆك كىيگۈزۈلگەن. ئىككى قولى ئات يېتىلەۋاتقاندەك ھالەتتىكى كىشى ئوبرازى ئاددىي، سىزىقچىلىرى راۋان بولۇپ، روشەن ۋە راۋان تەسۋىرلەش ئۇسۇلى تەڭ قوللىنىلغان، شۇ زاماندىكى كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن.①

ئومۇمەن، غەربىي يۇرتىنىڭ ھەيكەلچىلىك ھۈنەر - سەنئىتى ئىپتىدائىي جەمئىيەت، قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئوداللىق جەمئىيەت باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن. ئوبرازلىرى ئادەم، ھايۋان، ئۇچار قۇشلاردىن ئىبارەت بولغان. بۇلار تاش، ياغاچ، لاي، لاتا، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، ئاق مەرمەر، گىپس قاتارلىقلاردىن ياسالغان. دەسلەپكى قونچاقلار ئاددىي ئويما بولۇپ، ئاددىي سىزىقلار بىلەن شەكىل چىقىرىلىپ، ئوبرازلاشتۇرۇلغان بولسا، بارا - بارا نەپىس ۋە يۇقىرى ماھارەتلىك ھەيكەللەرگە تەرەققىي قىلغان. يەككە ئوبرازلار بىلەنلا تۇرمۇشنى ھەر تەرەپلىمە ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەن ئەجدادلار بارا - بارا كوللېكتىپ ئوبرازلارنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى جانلىق ۋە ماھىرلىق بىلەن ياراتقان. ئېستېتىكىلىق چۈشەنچىنىڭ كۆپ خىللىشىشى ۋە تۇراقلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئادەملەرنىڭ يالىڭاچ ئوبرازىنى يارىتىشتىن، رەڭگارەڭ نەپىس كىيىندۈرۈلگەن ۋە كۆركەم گىرىم قىلىنغان قىياپەتلەر كۆرۈنۈشى ئىشلەنگەن. بۇلاردىن بىز ئەينى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ مەلۇم تەرىپىنى بىلىش مۇمكىنچىلىكىگە ئېرىشىش بىلەن بىرگە، ئەجدادلارنىڭ ئېستېتىكىلىق ۋە ئېتىكىلىق قاراشلىرىنىمۇ ئۆگىنىش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە بولىمىز. قىسقىسى، ئەجدادلار قەدىمكى زامانلاردىلا مەيلى ئادەملەر بولسۇن، مەيلى ھايۋانلار بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەيكەللىك ئوبرازىنى ياراتقاندا، سەنئەتتىكى ئوبراز يارىتىش ئۇسۇللىرىدىن بىرى بولغان

① چېن ۋېنجۇن: «شىنجاڭدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ھەيكەللەرنى تونۇشتۇرۇش»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1986 - يىلى 3 - سان.

روشەن، جانلىق ـ جۇشقۇن، جەزبىدار قىياپەتتە ئىپادىلەشكە تىرى-
شىپ، ئۆز ئەسەرلىرىنى قانداقتۇر بىر خىل زوقلىنىش خۇسۇسىيە-
تىگە ئىگە قىلغان. بۇ ئەجدادلارنىڭ ھاياتنى قەدىرلەش، تەمكىن،
روھلۇق بولۇش، ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىنى قاناتلاندۇرۇشتەك ئالىيجاناب
ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

ئاخىرىدا شۇنى قوشۇمچە قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، شىنجاڭدا ئۇي-
غۇر قاتارلىق مىللەتلەردە ئىسلام دىنى ئېتىقادىنىڭ ئۈستۈنلۈككە
ئۆتۈشى سەۋەبلىك، مەبۇد ياساش بىدئەتلىك دەپ قارىلىپ، ھەيكەلچى-
لىك سەنئىتى چەكلىمىگە ئۇچرىغان. شۇڭا مىلادىيە 10 ـ ئەسىرلەر-
دىن كېيىنكى قەدىمكى ئىزلاردىن قونچاق ـ ھەيكەللەر ئۇچرىتىلمايدى-
غان بولۇپ قالغان. لېكىن ئۇيغۇرلاردا ئىپتىدائىي روھ ئۇقۇمى ۋە
بۇددا دىنىنىڭ سارقىندىلىرى تەرىقىسىدە قونچاق ياساپ ئاغزىنى ياغ-
لاپ چوڭ يولنىڭ دوقمۇشىغا تىكلەپ قويۇپ، ئالدىغا بىر تاۋاق ئاش
قويۇپ، ئاۋاق بولۇپ قالغان بالىلىرىنىڭ روھىنى ئۇچۇقداپ، شىپا
تاپقۇزۇشتەك بىر خىل ئەنئەنىۋى ئادەت بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلىنىپ
قالغان بولۇپ، بۇ ياخشى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە فولكلور ماتېرىيا-
لى ھېسابلىنىدۇ.

### 3. مۇزىكا ـ مۇقام

كۈي ـ ئاھاڭ جۈملىدىن مۇزىكا قەدىمكى زامان جەمئىيىتىدىكى
ئىپتىدائىي ئىنسانلار تىرىكچىلىك قىلغان زامانلاردىلا بارلىققا كېلىشى-
كە باشلىغان.

مۇزىكا (مۇسىقا) تارىخىي جەھەتتىن ئەڭ قەدىمكى سەنئەتلەرنىڭ
بىرى. قەدىمكى ئىنسانلار ئەمگەك، تۇرمۇش، ئېتىقاد ۋە ھېسسىيات
قاينىمىدا دائىم رىتىمدارلىق بىلەن ئۆز ھاياتى ۋە تۇيغۇلىرىنى ئىلھام-
لاندۇراتتى. رىتىم ئىنسانىيەت پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىلا چەكسىز
تەبىئەتتىكى ئۆرلەش ۋە چۈشۈش، كۆتۈرۈلۈش ۋە پەسىيىشتىن ئىبا-
رەت قانۇنىيەتلىك تەكرارلانغۇچى ئىككى ئۇدار ئالمىشىشىدا پەيدا
بولۇپ، ئۇنى باشقۇرۇپ كەلگەن. رىتىمدىن ئىبارەت تەبىئەتتىكى
مۇزىكىلىق ئىپتىدائىي ئامىلنى پەقەت سەنئەت ھېسابلانغان مۇزىكىلا
مېلودىيە ۋە گارمونىيىلىك رىتىمدارلىققا ئايلاندۇرۇپ، مۇزىكا سەن-

ئىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

مۇزىكا — ئىپتىدائىي ئىنسان ھاياتىنىڭ سېھرىي ئىپتىخارى ۋە جەزىبىكار ئىلھام مەنبەسى ئىدى. جەڭ، ئوۋچىلىق، ئىستىقامەت، مۇراسىملار مۇزىكىلار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان. بىز گەرچە ۋاقىت خاراكتېرىدىكى مۇزىكا سەنئىتىنىڭ قەدىمكى كۈي شەكىللىرىنى بەلەلمىسەكمۇ، ئۇنىڭ ھازىرقى مۇزىكىلار تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىكىنى ۋە ۋارىسلىق قىلىنغانلىقىنى بىلىمىز.

غەربىي يۇرت مۇزىكا — ئاھاڭلار تولىمۇ مول جايلارنىڭ بىرى. بۈگۈنكى كۈندە بۇ يەردە «شەرق مۇزىكا گۆھىرى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» جەۋلان قىلماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ رەڭگارەڭ ۋە مول مۇزىكا — كۈيلىرى خەلق ئارىسىدا تارقالغان. بۇلار ھەرگىز يېقىنقى دەۋرنىڭ مەھسۇلى ئەمەس. ئۇنىڭ يىراق تارىخىي مەنبەسى، ئارخېئولوگىيىلىك ۋە يازما ھۆججەتلىك ئاساسى بار.

مۇزىكا — ئاۋاز سەنئىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي ماددىي ھاۋالىچىسى ئاۋازدىن ئىبارەت. بەزىلەر دەماللىققا ئاۋاز ۋاقىت خاراكتېرلىك ھادىسە تۇرسا، ئاۋازدىن بارلىققا كېلىدىغان مۇزىكىنىڭ قانداقمۇ يىراق تارىخىنى بىلگىلى بولىدۇ، دەپ قارىشى مۇمكىن.

مۇزىكا سەنئىتى ئومۇمەن «چالغۇلۇق مۇزىكا» ۋە «ئاۋازلىق مۇزىكا (ناخشا)» دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، مۇزىكا تارىخى تەتقىقاتچىلىرى چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق مۇزىكا تارىخىنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنى تەتقىق قىلىپ چىققىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەن. چۈنكى چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىدىن ئايرىلىپ چىققان ۋە ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئوخشاشمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى كۈي ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ داۋاملىق راۋاجلىنىپ كەلگەن. چالغۇ ئەسۋابلىرى مۇزىكىلىق ھېسسىيات ئىپادىلەش ۋاستىسى، شۇنىڭدەك مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم فولكلورلۇق ۋە ھۈنەر — سەنئەتلىك بايلىقى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا تارىخىي ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەر، قىياتاش سىزمىلىرىدىكى كۆرۈنۈشلەر، رىۋايەتلەر، كۈي — ئاھاڭلار-

نىڭ بۈگۈنكى خەلق ئارىسىدىكى ئومۇملىشىش ۋە داۋاملىشىش ھالىتى، شۇنداقلا قوشنا رايون، مىللەتلەر مۇزىكىلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىقمۇ بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، قەدىمدە نوتا بەلگىلىرى (يېزىق يارىتىلىشتىن ئىلگىرى) بولمىغاچقا، پەقەت ھازىرقى مەۋجۇت چالغۇلارنىڭ پەدىلىنىش - سازلىنىش خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق قەدىمكى كۈيلەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى ۋە مېلودىيىسىنى قىياس قىلىش مۇمكىن.

قەدىمكى زامان ھۆججەتلىرىدە غەربىي يۇرتتا مۇزىكىنىڭ بولغانلىقى ھەم ھەر خىل شەكىلگە ئىگە ئىكەنلىكى توغرۇلۇق ئۇچۇرلار ساقلانغان. جۇڭگونىڭ يازما مەنبەلىرىدىن غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ليۇشياڭ ( 刘 向 ) يازغان «مۇھاكىمە گۈلزارى» ( « 说 苑 » ) ۋە «جۇ سۇلالىسى قائىدە - يوسۇنلىرى» ( « 周 礼 » ) ناملىق كىتابلاردا، خۇاڭدىنىڭ لىڭ لۇن ( 伶 伦 ) دېگەن كىشىنى قۇرۇم (كۇئېنلۇن) تېغىغا ئاھاڭ تۈزۈشكە ئەۋەتكەنلىكى، مىلادىيىدىن 16 ئەسىر ئىلگىرى تۆت تەرەپتىكى قوۋملارنىڭ مۇزىكىلىرىنى بىلىدىغان تى لۇ ( 鞮 鞻 ) ئىسىملىك سەنئەتچىنىڭ بولغانلىقى يېزىلغان. بۇ يەردىكى خۇاڭدى 6000 — 8000 يىللار مۇقەددەم ياشىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. قۇرۇم تاغلىرى بولسا خوتەن بوستانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلار ئىدى. مىلادىيىدىن بىر - ئىككى ئەسىر ئىلگىرىلا غەربىي يۇرتتا خېلى تەسىرلىك كۈيلەر بولغان. مەسىلەن، خەنزۇچە «غەربىي ئاستانە خاتىرىلىرى» ( « 西 京 杂 记 » ) ناملىق كىتابنىڭ 3 - جىلدىدە مۇنداق دېيىلگەن: «چى خېنىمنىڭ دىدىكى جياپېيلەن كېيىن فۇفېڭلىق دۇەنزۇغا توقال بولغان... 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۇ بەيزى كۆلىگە كەلگەندە ئۇدۇن كۈيىنى چالغان.» دېمەك، تەتقىقاتچىلار بۇ ۋەقەنىڭ تارىخىي يىلنامىسىنى تەكشۈرۈپ، «ئۇدۇن كۈيى» نىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 206 — 195 - يىللىرىدا ئوتتۇرا جۇڭگوغا تارقالغانلىقىنى ئېيتىشتى.

غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى قوۋملارنىڭ قەدىمكى زاماندىلا ئۆزلىرىنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى بولغان. ئۇلار بۇرغا، جىيا ۋە نەي قاتارلىقلار.

بۇرغا — خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى سۇيجېن يازغان «سۆزلەملەر

ئىزاھى» (« 说文 ») ناملىق كىتابتا: «چىياڭلار چالغان بۇرغا تۇبى دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئەينى ۋاقىتتا، بۇرغا تەبىئىي مۈڭگۈزدىن ياسىلاتتى، كېيىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا باشقا شەكىلدىكى بۇرغىلارغا ئۆزگەرگەن. ھەتتا ئوتتۇرا ئەسىردىكى قوچۇ سازلىرى ئىچىدە شەكلى ئۆكۈز مۈڭگۈزىگە ئوخشايدىغان «مىر بۇرغا» بارلىققا كەلگەن. بۇرغىنى ھازىرغىچە ئۇيغۇرلار قوللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ھازىرقى كانايمۇ بۇرغىنىڭ تەرەققىي قىلغان شەكلى.

جىيا — «سۆزلەملەر ئىزاھى» دا «غۇز جىياسى (« 胡笳 ») پىلى (琵琶 ، خەنزۇلارنىڭ قەدىمكى بىر خىل يەرلىك سازى) غا ئوخشايدۇ، ئەمما تۆشۈكى يوق» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئالدىنقى چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت مۇزىكىسىدىكى جىيا ئوتتۇرا ئەسىردىكى كۇسەن مۇزىكىسىدا بىلى دەپ ئاتالغان. ئۇ ھازىر ئۇيغۇر مۇزىكىسىدا بالامان دەپ ئاتىلىپ يەنىلا قوللىنىلىۋاتىدۇ.

نەي — بۇ قەدىمكى زاماندا «چىياڭ نېيى» دەپ ئاتالغان. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مارۇڭنىڭ «نەي ھەققىدە خاتىرە» (马融 : « 长苗赋 ») سىدە مۇنداق دېيىلگەن: «بۈگۈنكى كۈندىكى نەيلەر چىياڭلاردىن كەلگەن، ئەمما ھازىر چىياڭلارنىڭ بامبۇك كەسكەن (نەي ياساشقا) كۆرۈنۈشىمۇ يوق، شۇنداقتىمۇ نەي ئاۋازى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ». «سۆزلەملەر ئىزاھى» دا: «چىياڭ نېيىنىڭ ئۈچ تۆشۈكى بار» دېيىلگەن. ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ئۈچ تۆشۈكلۈك بىر دانە نەي ساقلانماقتا. ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكىلەر ئۇنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى (420-581- يىللار) دىكى چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاۋۋالقى چىن خانلىقى دەۋرىدىكى چىياڭ نېيىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى ساقلىنىپ كەلگەن، ئوتتۇرا ئەسىردىكى كۇسەن مۇزىكىلىرىدا بارغانسېرى مۇكەممەللەشكەن، ھازىر ئۇيغۇر سازلىرى ئىچىدە نەي يەنىلا قوللىنىلىپ «نەي» ئاتالماقتا.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان چىياڭلار ئوتتۇرا جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدا ياشىغان قەدىمكى قوۋملاردىن بولۇپ، جەنگو دەۋرى-

ىگە كەلگەندە چېكىنىدۇ؛ شىنجاڭ تەرەپلەردە، سىچۈەننىڭ غەربى ۋە شىزاڭنىڭ شىمالىدا ياشىغان. مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدە كىرورەندىن تارتىپ پامىر تاغلىرىغىچە چىياڭلارنىڭ بىر تارمىقى ياشىغان. كېيىنچە غەربىي يۇرتتا ياشىغان چىياڭلار شىنجاڭدىكى ئاساسىي مىللەتلەرنى شەكىللەندۈرۈشكە ئېتنىك مەنبە بولغان.

ھازىر ساقلىنىۋاتقان شىنجاڭ مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە خەن سۇلالىسى، جىن خانلىقى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت چالغۇلىرىدىن سىزىلغانلىرى بار. بۇ تام رەسىملىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا خەن سۇلالىسى، جىن خانلىقى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت چالغۇلىرى ئىچىدە تارلىق سازلار، يەللىك سازلار، ھەر خىل دۇمباقلار ۋە ئاسما سازلار بار بولۇپ، مۇكەممەل مۇزىكا شەكلىنى ھازىرلىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى تارلىق چالغۇ ئەسۋابلار تۈرى ئىچىدە بەش تارلىق بەرباب، ئەگرى بويۇنلۇق بەرباب، رۇەنشيەن، تىك غوڭقا، سۇمۇرغ باشلىق غوڭقا، جېڭ (筝)لار بار؛ يەللىك سازلار تۈرى ئىچىدە نەي، بىلى (بالىمان)، نەي (پەيشياۋ، 排箫 نەينىڭ بىر خىلى)، سېڭ (笙)، سۇناي بار؛ پەدىلىك سازلار ئىچىدە بەل دۇمبىقى (腰鼓)، جىگۇ (羯鼓)، چوڭ دۇمباق قاتارلىقلار بار؛ ئاسما چالغۇ ئەسۋابلار تۈرى ئىچىدە چىكچاك (拍板) قاتارلىقلار بار. مىڭئۆي سىزمىلىرىدىن 14 خىل چالغۇ ئەسۋابنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ دەۋرلەردىكى چالغۇلار ھازىر ساقلىنىۋاتقان تام رەسىملىرىگە سىزىلغانلىرىدىنمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن. شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، مۇشۇ 14 خىل چالغۇ ئەسۋابى ئىچىدە سېڭ، شياۋ (زاك)، جېڭ، چىكچاك بار، سۇمۇرغ باشلىق غوڭقا بار، لېكىن تېخىمۇ كۆپلىرى بولسا شىنجاڭدىكى مىللىي چالغۇلار ياكى قايتا ئىشلەنگەن چالغۇلار، يەنى بەش تارلىق بەرباب (باربىت)، نەي، بىلى، سۇناي، ناغرا، يان دۇمباق، دالا دۇمبىقى قاتارلىقلاردۇر.

ئۇيغۇرلار غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا بارلىققا كەلگەن بەزى مۇھىم مۇزىكا كۈيلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان. تەتقىقاتچىلار بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «ئۇيغۇر مۇزىكىسى ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللىق تارىخىي تەرەققىياتى داۋامىدا ئۆزىگە خاس بەدىئىي

ئەنئەنىلەرنى شەكىللەندۈردى. بۇ ئەنئەنىلەر ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئۆتۈپ، ئۆزىگە خاس مەكتەپ (مىللىي ئۇسلۇب) نى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. غەربىي يۇرت — مۇزىكا ۋە چالغۇلار خەزىنىسى. بۇ رايوندا مۇزىكا ئۆزىنىڭ بايلىقى ۋە ھەر خىللىقى، مۇرەككەپلىكى ۋە ئۆزگىچىلىكى بىلەن يەر يۈزىنىڭ باشقا رايونلىرىنىڭ مۇزىكىلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. شىمالىي يېرىم شارنىڭ ئوتتۇرا (ئىللىق) بەلۋېغىغا جايلاشقان رايونلار (شەرقىي ۋە شىمالىي ئاسىيا، مەركىزىي ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا، خۇراسان ـ ئىران ۋە مېسوپوتامىيە، ھەتتا ھىمالايانىڭ جەنۇبىدىكى پەنجاپ، كەشمىر رايونلىرى) دا پەيدا بولۇپ، راۋاجلىنىپ، بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ھەر خىل چالغۇلارنىڭ مودېللىرىنى ۋە ئۆتمۈشتىكى ھالەتلىرىنى مانا مۇشۇ شىنجاڭ زېمىنىدا كۆرگىلى بولىدۇ».①

يازما ھۆججەتلەر، تام رەسىملىرىدىكى ئۇچۇرلاردىن باشقا، نەق ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارمۇ شىنجاڭ مۇزىكا ـ كۈيلىرىنىڭ ئىجرا ۋاستىسى بولغان چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشتە پايدىلىنىش قىممىتى چوڭ نەرسە ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، چەرچەن ناھىيىسىنىڭ زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىن 1990 ـ يىللاردا ئىككى دانە غوڭقا بايقالغان بولۇپ، ئۇلار مىلادىيىدىن بىرقانچە ئەسىر ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپلۇقى دەلىللەنگەن. 2003 ـ يىلى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى پىچان ناھىيىسىنىڭ ياڭخەي قەبرىستانلىقىدىن غوڭقا قاتارلىق ئۈچ دانە چالغۇ ئەسۋابىنى بايقىغان بولۇپ، ۋاقتى چەرچەن ناھىيىسىدىن بايقالغان غوڭقىدىنمۇ بۇرۇن ئىكەن، يەنى تەخمىنەن 2500 يىللىق تارىخقا ئىگە دەپ قارالغان.②

### 1. قەدىمكى زامان مۇزىكىلىرى

تارىخىي ھۆججەتلەردە غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا بەزى مۇزىكا ـ ئاھاڭلارنىڭ بار بولغانلىقى توغرۇلۇق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. بۇلار «ئۇدۇن كۈيى»، «سۇلې نەغمىسى»، «كۇسەن نەغمىلىرى»، «قوچو نەغمىلىرى»، «ياپبان نەغمىلىرى» ۋە «ئىبۇر-

① ئىسمىن تۇرسۇن: «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى، 95 ـ بەت.

② «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2004 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى سانىغا قارالسۇن.

غول نەغمىلىرى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

«ئۇدۇن كۈيى». بۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 — 2 ـ ئەسىرلەردە ئەل ئارىسىدا تارقالغان.

«سۇلې نەغمىسى». بۇ مىلادىيە 4 — 6 ـ ئەسىرلەردە ئەل ئارىسىدا تەسىرلىك مۇزىكا سۈپىتىدە تارقىلىشقا باشلىغان، شۇنداقلا شۇ دەۋرلەردە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا ئېلىپ بېرىلىپ،① سۈي سۇلالىسىنىڭ ياڭدى پادىشاھى زامانىسىدا «توققۇز قىسىملىق مۇزىكا» نىڭ ئىچىگە، تاڭ سۇلالىسى زامانىسىدا «10 قىسىملىق مۇزىكا» نىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلۈپ، ياقا يۇرت زاتلىرى ۋە چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشتا ئورۇندىلىدىغان مۇزىكا قىلىنغان.

«كۇسەن نەغمىلىرى». بۇ قەدىمكى كۇسەن ئېلىنىڭ مۇزىكا ۋە ئۇسسۇلى بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 1 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا بىخلىنىشقا باشلىغان. مىلادىيە 3 ـ ئەسىردىن 6 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا تەرەققىي قىلغان، سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى مۇزىكىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن. مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە كۇسەن نەغمىلىرى ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن بولۇپ، ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. كۇسەن نەغمىلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن چولڭ بىر ئوركېستىر تەشكىل قىلىنىدىكەن، 20 نەچچە خىل چالغۇ ئەسۋابى ئىشلىتىلىدىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە تارلىق چالغۇلار، يەللىك چالغۇلار، پەدىلىك چالغۇلار، ئاسما چالغۇلار بولغان. تاڭ سۇلالىسى راھىبى شۆەنزاڭ كۇسەن ئەلنەغمىچىلىرى «تارلىق، يەللىك چالغۇلارنى تازا ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالالايدىكەن» دېگەن. «كۇسەن نەغمىلىرى» ئىچىدە «كۇسەن مۇزىكىسى» گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. مىلادىيە 382 ـ يىلى ئالدىنقى چىن خانلىقى دەۋرىدە لۈي گۇاڭ كۇسەننى مەغلۇپ قىلىپ بۇ مۇزىكىنى خېشى كارىدورىغا ئېلىپ ئەكەتكەن. سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە «توققۇز قىسىملىق مۇزىكا»، تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە «ئون قىسىملىق مۇزىكا» غا كىرگۈزۈلۈپ، ئوردىدا ئورۇندالغان.

«ياپپان نەغمىلىرى» (« 悦般乐 » ياپپان — بەزىلەر يۆبەنلەر-

① ۋېي شۇ «ۋېيىنامە» دە: «سۇلې نەغمىلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە مىلادىيە 436 ـ يىلى تارقالغان» دەپ يازغان.

نى ياغمىلار دەپ ھېسابلايدۇ) . ياپپانلار شىمالىي ھونلارنىڭ ئەۋلادى، شىمالىي ھونلار غەربكە قاراپ كۆچكەندە بىر قىسمى كۆسەننىڭ شىمالىدا قېپقالغان، مىلادىيە 4 — 6 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە-ئۇلار تۇرغان جاي جەنۇبقا كۆچكەن ئۈيسۈنلار ماكانىنىڭ غەربىي شىمالىدا ئىدى. ۋېي شۇنىڭ «ۋېينامە. مۇزىكا تەزكىرىسى» دە: «فۇتۇڭ غەربىي دىيار (476 - يىلى) غا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، ياپپان ناغرا ئۇسسۇلى مەھكىمە، ئوردا ئۇسسۇلى قىلىندى»؛ «ياپپان خانلىقى ئۈيسۈن خانلىقىنىڭ غەربىي شىمالىدا... شىمالىي ۋېي خانى رېلىڭ شاۋ ناغرا ئۇسسۇلى بەزمىلىرىدە ئوردىدا ياپپان نەغمىلىرىنى ئورۇنداتقۇزاتتى» دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن ياپپان نەغمىلىرىنىڭ مىلادىيە 5- ئەسىردە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا تارقىلىپ كىرگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

«قوچو نەغمىلىرى» . بۇ قەدىمكى قوچو رايونىدا-تارقالغان ئۇسسۇللۇق مۇزىكىنىڭ بىر خىلى. ئەڭ دەسلەپ بۇ مۇزىكا مىلادىيە 6- ئەسىرلەردە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا كىرىشكە باشلىغان. سۈي ۋە تاڭ سۇلالىلىرى زامانىسىدا بۇ نەغمە پادىشاھلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان ھەم «ئون قىسىملىق مۇزىكا» تەركىبىگە ئېلىنغان.

«ئېۋىرغول — ئۇيغۇرغول نەغمىلىرى» . بۇ مىلادىيە 7—9- ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن، مىلادىيە 8 - ئەسىردە راسا گۈللەنگەن. تاڭ سۇلالىسى زامانىسىدا ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا يېتىپ بېرىپ، مۇزىكا ئوقۇتۇش يۇرتىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان.

مۇزىكا تەتقىقاتچىلىرى شۇنى كۆزەتتىكى، يۇقىرىدا ساناپ ئۆتكەن بۇ مۇزىكا - نەغمىلەر كېيىنكى چوڭ تىپتىكى مۇقامنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ خېمىرتۇرۇچى بولغان.

## 2. ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىسى مۇقام

يېپەك يولى مۇزىكا مەدەنىيىتى بويىچە ئاتاقلىق تەتقىقاتچى جۇ چىڭباۋ ئەپەندى «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ بارلىققا كېلىش، تەرەققىي قىلىش تارىخى ھەققىدە، قىسقىچە بايان» ناملىق ماقالىسىدە: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى — ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇقام ئۇيغۇر سەنئىتى خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر» دەپ كېلىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش، گۈللىنىش ۋە

راۋاجلىنىش دەۋرىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «بىرىنچى، ئويغىنىش دەۋرى (ئەڭ قەدىمكى دەۋردىن مىلادىيە 4 ـ ئەسىرگىچە)، ئىككىنچى، گۈللىنىش دەۋرى (مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىن 8 ـ ئەسىرگىچە)، ئۈچىنچى، ئۆزگىچە تەرەققىيات دەۋرى (مىلادىيە 8 ـ ئەسىردىن 14 ـ ئەسىرگىچە)، تۆتىنچى، قوشۇلۇش دەۋرى (مىلادىيە 14 ـ ئەسىردىن 16 ـ ئەسىرگىچە)، بەشىنچى، قېلىپلىشىش دەۋرى (16 ـ ئەسىردىن 19 ـ ئەسىرگىچە)».①

ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» ئىرەن مەنبە، ئۇزاق ئېقىم، گۈزەل گەۋدە، يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. ئۇ ئۆزىنىڭ تولىمۇ ئىرەن تارىخىي قاتلىمىدا، ئەل ئارىسىدىكى ۋە ئوردا ـ قەسىرلەردىكى يۇرۇشلەشكەن ياكى يۇرۇشلەشتۈرۈلۈۋاتقان مۇزىكا تۈركۈملىرى ئاساسىدا، ئۇزاق يېتىلىش مۇساپىسىنى بېسىپ بۈگۈنكى سەۋىيىگە مۇيەسسەر بولغان.

ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ يۇرۇشلەشكەن شەكلى ۋە ئىسىم ـ ئاتالغۇلىرى ئوخشاشمايدۇ. مەسىلەن، بۈگۈنكى كۈندە مۇقاملار «ئون ئىككى مۇقام»، «دولان مۇقامى»، «قومۇل مۇقامى»، «تۇرپان مۇقامى»، «ئىلى ـ ياركەنت مۇقامى»، «كۇچا مۇقامى»، «خوتەن مۇقامى»، «ئابۇچەشمە مۇقامى» قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىلىۋاتىدۇ.

«ئون ئىككى مۇقام» ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ يادروسى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى» (« 新疆民族辞典 ») دا مۇنداق يېزىلغان: «ئون ئىككى مۇقام» كاشغەر رايونىدا تارقالغان ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا ـ ئۇسسۇللۇق چوڭ يۇرۇشلەشكەن مۇزىكىسى، يۇرۇشلەشكەن ئون ئىككى چوڭ كۈيدىن تەركىب تاپقان بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان، ئادەتتە «كاشغەر مۇقامى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەڭ ساپ، ئەڭ تىپىك بولغان، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا ـ ئۇسسۇللۇق ئەنئەنىۋى ئەسىرى.②

«ئون ئىككى مۇقام» دىن ئىبارەت يۇرۇشلەشكەن مۇزىكىنىڭ ناملىرى مۇنداق: (1) راك؛ (2) چەببىيات؛ (3) مۇشاۋرەك؛

① «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.
② لىۋ ۋېيشىن باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 233 ـ بەت.

(4) چارگاھ؛ (5) پەنجىگاھ؛ (6) ئۆززال؛① (7) ئەجەم؛ (8) ئوششاق؛ (9) بايات؛ (10) ناۋا؛ (11) سىگاھ؛ (12) ئىراق.

«ئون ئىككى مۇقام» بۈگۈنكى كۈندە «كاشغەر مۇقامى» دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ، پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مۇزىكا قامۇسىغا ئايلىنىپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگو، جۈملىدىن شەرق مۇزىكا خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر دېگەن شەرەپلىك نامغا مۇيەسسەر بولدى.

«ئون ئىككى مۇقام» ھەجىم جەھەتتە ناھايىتى چوڭ. مەشھۇر مۇقامشۇناس كاشغەرلىك تۇردى ئاخۇن ئاكا (1881 — 1956 - يىللار) لېنتىغا بەرگەن، 1960 - يىلى نەشر قىلىنغان «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ پۈتكۈل ئاھاڭلىرى 245 نەغمە بولۇپ، ئۇنىڭغا سېلىنغان مۇقام تېكىستلىرىنىڭ سانى 2482 كۇپلېتتىن تەركىب تاپقان، ھەر بىر مۇقامنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئىككى سائەت ۋاقىت كېتىدۇ. شۇنداق بولغاندا، «مۇقام» نى باشتىن - ئاخىر توختىماي بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىش ئۈچۈن 24 — 27 سائەت ۋاقىت كېتىدۇ. دېمەك، «ئون ئىككى مۇقام» تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ھەجىمىنىڭ چوڭلۇقى، ئۇدار - رىتىملىرىنىڭ كۆپ خىللىقى، مېلودىيىسىنىڭ گۈزەللىكى، كۈي شەكلىنىڭ راۋانلىقى، نەغمىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىكى جىپسىلىق جەھەتتە جۇڭگودىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا سەنئەت خەزىنىسىدىمۇ يېگانە مۇزىكا قامۇسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

3. مۇزىكا - مۇقام تارىخىدا تۆھپە قوشقان ئەزىمەتلەر

مۇزىكا - مۇقام خەلقنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ مەھسۇلى، ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر قىسىم مەشھۇر سازەندىلەر ۋە مۇزىكا تەتقىقاتچىلىرى ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى خاس مۇزىكا ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، مۇزىكىلارنى ئىلمىي يوسۇندا رەتلەش، كۈي - ئاھاڭلارنى توپلاش، ئۇنى نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھلەش، نام - ئاتالغۇلىرىنى تەرتىپلىك بايان قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە سامىياۋدا (مىلادىيە 6 - ئەسىر)، بەي مىڭدا (白明达، مىلادىيە 6 - ئەسىر)، خې تو (何妥، مىلادىيە 6 -

① مۇقامشۇناسلار «ئۇزھال» ئەمەس، «ئۇززال» دەپ ئاتاش كېرەك دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقتە ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىننىڭ «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ناملىق كىتابىنىڭ 377 - بېتىگە قاراڭ.

ئەسىر)، ۋايجىرا كىلتى (尉迟敬德، مىلادىيە 7 ـ ئەسىر)، پېي شېنفۇ (裴神符، مىلادىيە 7 ـ ئەسىر)، لى چيۈنيەن (李龟年، مىلادىيە 8 ـ ئەسىر)، ۋايجىرا چىڭ (مىلادىيە 8 ـ ئەسىر)، ۋايجىراكان (مىلادىيە 9 ـ ئەسىرلەر)، بەي لىمۇ (白李摸، مىلادىيە 8 ـ ئەسىر)، قۇتلۇق (康坤仑، 骨出禄، مىلادىيە 8ـ ئەسىر)، پېي شىڭنۇ (裴兴奴، مىلادىيە 8— 9ـ ئەسىرلەر)، فارابى، لۇتفى، سەئىدخان (1484 — 1533 ـ يىللار)، قىدىرخان، ئابدۇرەشىدخان، ئامانىساخان قاتارلىق مۇزىكىشۇناس، مۇقامشۇناسلار ئۆتكەن. تۆۋەندە تۆھپىسى گەۋدىلىك بولغان بىر قىسىم كىشىلەرنى تونۇشتۇرىمىز:

سۇجۇپ — مىلادىيە 6 ـ ئەسىردە كۇسەن ئېلىدە ياشىغان مۇزىكانت بولۇپ، مۇزىكانتلار جەمەتىدە تۇغۇلغان. خەنزۇچە قەدىمكى تارىخنامىلەردە ئۇنىڭ «ئاتىسى غەربىي يۇرتلۇق، مۇزىكانت دەپ ئاتالغان» دېيىلگەن. ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا سەلتەنەت سۈرگەن شىمالىي جۇ خانلىقى (مىلادىيە 557 — 581 ـ يىللار) نىڭ ۋۇدى خانى زامانىسىدا تۈرك مەلىكىسى ئاشىنا بىلەن چاڭئەنگە بارغان ۋە ئۆزىنىڭ مۇزىكا ساھەسىدىكى تالانتى بىلەن جىڭ يى، ۋەن باۋچاڭ بىلەن بىرلىكتە شىمالىي خانلىقلار تەۋەسىدىكى ئۈچ چوڭ مەشھۇر مۇزىكانت بولۇپ شۆھرەت قازانغان. ئۇ پىپا قاتارلىق كۇسەن مۇزىكىلىرىنى ماھىرلىق بىلەن ئورۇندىغۇچى بولۇش بىلەن بىرلىكتە، كۇسەننىڭ كۈيشۇناسلىق نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا ئەكىرگەن. ئۇنىڭ «12 تېمپېراتسىيىلىك كۈيشۇناسلىق قانۇنى» بولۇپ، ئۇ بەش تارانە (بەش تون، ئاۋاز رايونى)، يەتتە ئاھاڭ شەكلى (يەتتە گامما) دىن ئىبارەت ئىدى. ھەربىر تارانە ئۆز ئىچىدىن يەتتە ئاھاڭ شەكلىگە بۆلۈنۈپ، 35 خىل ئاھاڭ شەكلى ھاسىل قىلاتتى. ھەربىر ئاھاڭ شەكلىدە بىر خىل ئاۋاز ئاساس قىلىنغان مۇزىكا بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ دادىسىدىن ئۆگەنگەن يەتتە پارچە كۈي نەغمىسى بولغان.[①]

سۇجۇپ چاڭئەندە مۇزىكانت جىڭ يى بىلەن بىرلىكتە «بەش تارانە، يەتتە ئاھاڭ» دىن ئىبارەت مۇزىكا نەزەرىيىسىنى ئۆزۈن

① ئا. مۇھەممەد ئىمىن: «ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام» ھەققىدە، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى، 39 ـ بەت.

مۇددەت ھەمكارلىشىپ تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ «12 تېمپېراتسىيە، 24 ئاھاڭ»غا كېڭەيتكەن. ① ياپونىيە تارىخچىسى لىن جەنسەن (Hayasi Kenzo) ئۆزىنىڭ «سۇي ـ تاڭ سۇلالىلىرى بەزمە نەغمىلىرى تەتقىقاتى» (گومورو خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان) دېگەن كىتابىدا، سۇجۇپنىڭ 12 رىتىملىق كۇي قانۇنىيىتى «جۇڭگو مۇزىكىچىلىقىدا مىسلىسىز يېڭىلىق كەيپىياتى تۇغدۇردى، ھەتتا سۇلاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياپونىيە مۇزىكىسىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن» دەپ يازغان.

فارابى — ئوتتۇرا ئاسىيا مۇزىكا تەرەققىياتىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان كاتتا ئەرباب. ئۇ قاراخانىيلار زامانىسىدا بۇ خانلىققا تەۋە ئوترار (فاراب) قەلئەسىدە توققۇز ئوغۇزلارغا مەنسۇپ بىر ئائىلىدە تۇغۇلغان. فارابىنىڭ مۇزىكا جەھەتتىكى مۇھىم تۆھپىسى «كىتابۇل مۇسىقۇل كەبىر» (مۇزىكا ھەققىدە چوڭ كىتاب)، «كىتابۇل مۇسىقۇل سەغىرى» (مۇزىكا ھەققىدە سۆز)، «رىتىم تۈرلىرى ھەققىدە» قاتارلىق نەزەرىيىۋى ئەسەر يازغانلىقى؛ ئۇد مۇزىكىسىنى بىر تار قوشۇپ ئىسلاھ قىلىپ، ئەرباب ئاساسىدا ئەرەب مۇزىكىسىنى 18 ـ كۈيگە كۆتۈرگەنلىكى، 15 ھەرپلىك نوتا قوللانغانلىقى، سەيفۇل دەۋلە زامانىسىدا مۇزىكا شاگىرتلىرىنى تەربىيىلەپ ئۆز نەزەرىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرغانلىقىدىن ئىبارەت. فارابى مۇزىكىدا ئەرەب، شەرق نەزەرىيىسىگە، ئىنىقراقى، ئەرەب ـ تۈركىي نەزەرىيىسىگە ۋە ئەرەب نەغمە نەزەرىيىسىگە ئاساس سالغان.

ئەلىشىر نەۋائى — مۇزىكىغا قىزىققان، يەنى خوجا يۈسۈپ بۇرھان دېگەن سازەندىدىن ساز چېلىشنى ئۆگەنگەن. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ھىجاز، ئىراق، ئەجەم، ناۋا، ئۇششاق، راست، چارگاھ، پەنجىگاھ، نەۋرۇز ئاھاڭلىرىنىڭ نامىنى تىلغا ئالغان. يەنى ئۇ بىر قاتار مۇقام ناملىرىنى «دەرىجە»، «ماكان» (ئورۇن، دىيار)، جۈملىدىن ئاھاڭ مەنىسىدە ئىشلەتكەن. نەۋائى ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە شېئىرىي رىتىمدارلىق، مۇزىكىنىڭ ئەھمىيىتىنى تىلغا ئالغان.

يۈسۈپ قىدىرخان ۋە ئامانىساخان — يەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇرەشىدخان (1533 ـ 1560/70 ـ يىللار) مۇقام ـ مۇزىكىغا

---

① ۋاڭ رۇڭ: «سۇجۇپ ۋە كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ شەرققە تارقىلىشى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىلى 4 ـ سان، 16 ـ بەت، خەنزۇچە، ئۈرۈمچى.

ھېرىسىمەن بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ مۇقام ـ ئاھاڭلارنى رەتلەپ چىقىش ئۈچۈن يۈسۈپ قىدىرخان ( ؟ — 1571/61 ـ يىللار) بىلەن ئۆزىنىڭ ئايالى — خانىش ئامانىسساخاننى بۇ خىزمەتنى ئورۇنداشقا بەلگىلىگەن. بۇ ئىككىيلەن خەلق ئارىسىدىكى سازەندىلەرنى ۋە مۇقام ـ كۈيلەرنى توپلاپ، مۇقامنى بىر قېتىم رەتلەپ سىستېمىلاشتۇرۇپ چىققان.

يەكەن خانلىقى زامانىسىدا دوستى يەركەندى دېگەن بىر مۇزىكانت ئۆتكەن، مەشھۇر مۇزىكا ئالىمى دەرۋىش ئەلى 1572 ـ يىلى يازغان «رىسالەئى مۇسىقى» ناملىق كىتابىدا: «ئەزبەدەلى دەۋلەت ئابادى ياركەندىكى تەختى دىيارى كاشغەر ئەست» (كاشغەر دىيارىنىڭ تەختىگە يار دۆلەتنى ئاباد يەركەندىن) بولغان ئەزىز دوستى، جېنىمدەك پەيۋەندىسى بولغان دوستى يەركەندىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغان.

مەشرەپ (1711 — 1757 ـ يىللار)، مۆجىزى (1820 — ؟ ـ يىللار)، ناقىس (2/1840 — 2/1920 ـ يىللار) قاتارلىقلار ئۆز ئەسەرلىرىدە مۇقامنىڭ ھەرقايسى ناملىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بولۇپ، بۇلار «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ناملىرى، ئېتىمولوگىيىسى، شەكىللىنىشىنى بىلىشتە، تۇردى ئاخۇن ئاكا ساقلاپ كەلگەن مۇقام ۋە ئۇنىڭ ناملىرىنىڭ تارىخىيلىقىنى بىلىشتە چوڭ رول ئوينىغان.

بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مۇقاملارنىڭ تەپسىلىيرەك نامىنى ئەڭ دەسلەپ خاتىرىگە ئالغان كىشى تۆمۈرىيلەر سۇلالىسى زامانىسىدا ياشىغان ئابدۇقادىر مەراغالى بولۇپ، بۇ مۇزىكانت 1418 ـ يىلى پارس تىلىدا يازغان «مەقاسىدۇلئەلخۇۋان» («ناخشا ـ مۇزىكىنىڭ مەقسىتى ۋە نىشانى») ناملىق كىتابىدا تۆمۈرىيلەر پادىشاھلىقىنىڭ ئوردا ـ سارىيىدا ئورۇندىلىپ تۇرغان «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ناملىرىنى مۇنداق كۆرسىتىپ ئۆتكەن: (1) ئۇششاق؛ (2) ناۋا؛ (3) بۇسەلىك؛ (4) راست؛ (5) ھۇسەينى؛ (6) ھىجاز؛ (7) رەھاۋى؛ (8) زەنگولە؛ (9) ئىراق؛ (10) ئىسفاھان؛ (11) زىرئەفكەند؛ (12) بۇزرۇگ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئاپتورلار مۇقام ناملىرىنى ھەرخىل شەكىلدە تىلغا ئېلىشقان.

ھېلىم ۋە سېلىم — بۇلار كاشغەردە ياشىغان ئاكا ـ ئۇكا مەشھۇر

مۇقامچىلار بولۇپ، ئۇلار 1879 - يىلى سىتتىۋالدى دېگەن يەنە بىر مۇقامچى بىلەن بىرلىكتە كاشغەر رايونىدا تارقىلىپ يۈرگەن مۇقاملارنى بىر قېتىم رەتلەپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، كۆلىمى تېخىمۇ زور بولغان ئۇسسۇللۇق يۈرۈشلۈك مۇزىكا - نەغمىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن كاشغەر مۇقامى كۈنسېرى مۇكەممەللەشكەن.[①]

مۇھەممەد موللا (كارۋشاڭ ئاخۇنۇم) — 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كاشغەردە تۇغۇلغان، ھېلىم ۋە سېلىملارنىڭ مۇزىكا ئۇيۇشمىسىدىن مۇزىكا ئۆگەنگەن. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئىلىغا چىقىپ، كاشغەر مۇقامىنى ئىلى رايونىغا تارقىتىشتا مۇھىم ھەسسە قوشقان. 40 يىلدىن ئوشۇق ئۆمرىدە ئىلى رايونىنىڭ مۇزىكا ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشكە كۈچ چىقارغان.

تۇردى ئاخۇن ئاكا (1881 — 1956 - يىللار) — كاشغەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ بۇلاقسۇ (بورى خىلتاي) يېزىسىدا نەچچە ئەجدادىدىن تارتىپ ئەلنەغمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن مۇقامچىلار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.[②] ئۇ دادىسى تەۋەككۇل ئاخۇن، ھېلىم، سېلىم، سىتتىۋالدى قاتارلىقلاردىن مۇقام ئۆگەنگەن، شۇنداقلا ھېلىم، سېلىم ۋە سىتتىۋالدىلار بىلەن ئۆز ئارا مۇقام ئۆگىتىشكەن. ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى مۇقام ئورۇنداشقا سەرپ قىلىپ، «ئون ئىككى مۇقام»نى تولۇق ئىگىلىۋالغان. 1950 — 1955 - يىللىرى يېڭى جۇڭگودا خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن «ئون ئىككى مۇقام»نى تولۇقى بىلەن ئورۇنداپ، پلاستىنكىغا بېرىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مۇزىكا بايلىقىنى ساقلاپ قېلىشتا ئۇلۇغ خىزمەت كۆرسەتكەن.

ۋەن تۇڭشۇ — خەنزۇ، ئاتاقلىق مۇقام تەتقىقاتچىسى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن شىنجاڭغا كېلىپ ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى پلاستىنكىغا ئېلىش ئىشىنى بىۋاسىتە ئىشلىگەن. بۇنىڭ بىلەن تۇردى ئاخۇن ئاكا قاتارلىق مۇقامچىلار ئورۇندىغان مۇقاملار تولۇقى بىلەن

---

① «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىلى نەشرى، 112 - بەت.

② ئا. راخمان تۈزگەن «مۇقام بېشۋالىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى نەشرى، 166 - بەت.

پلاستىنكىغا ئېلىنىپ، نوتىلاشتۇرۇلۇپ، ئىككى توملۇق كىتاب قىلىنىپ «ئون ئىككى مۇقام مۇزىكا نوتىلىرى» دېگەن نام بىلەن مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1960 - يىلى نەشر قىلىندى. ۋەن تۇڭشۇ ئەپەندى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇشتا چوڭ خىزمەت كۆرسەتتى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يېقىنقى دەۋرلەردىن بىرى ھاجى ئاخۇن قالۇنچى (1795— 1865- يىللار)، خاكى ھاجى (1849 — 1910 - يىللار)، ھۆسەيىن خان (19 - ئەسىر)، موللا مۇھەممەد خەلپەت ھاجى (19 - ئەسىر)، دادا خوجا (؟1852—1937- يىللار)، موللا ئابدۇللا (1850 —1930-يىللار)، تاش ئاخۇن (تاشۋاي، 1851— 1937 - يىللار)، ئېلى ئاخۇن ساتار (1850—1945- يىللار)، قۇربان كەكلىك ۋە ھەسەن كەكلىك (19 — 20 - ئەسىر)، روزى باشى (1864 — 1933 - يىللار)، ئېلاخۇن كۆككۆز (1866 — 1970 - يىللار)، ھەسەن تەمبۇر (1873 — 1946- يىللار)، خەلىچە بانۇ خانىم (1890 — 1937 - يىللار)، روزى تەمبۇر (1900 — 1957 - يىللار)، تۇردى ھامىد (1900 — 1984- يىللار)، ئاخۇنبەگ (1901—1986- يىللار)، نىساخان (1902— 1987 - يىللار)، قاسىمجان قەمبىرى (1915—1956- يىللار)، زىكرى ئەلپەتتا (1915 — 1986 - يىللار)، ئاقپاشا (1915 — 1989 - يىللار)، ئېلى ئىزىز قاتارلىق سازەندىلەر ئۆتكەن؛ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن، ھۆسەيىن كېرەم، جۇ جى، جۇ چىڭباۋ قاتارلىقلار مۇقام تەتقىقاتىغا كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشقان.

## 4. ئۇسسۇل

ئۇسسۇل سەنئىتى باشلانغۇچ جەمئىيەت شارائىتىدا مەيدانغا كەلگەن ئەڭ قەدىمكى سەنئەت شەكىللىرىنىڭ بىرى. ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەبىئەت بىلەن كۆرەش قىلىش جەريانىدا ئوۋچىلىق، يىغىم - تېرىم ئىشلىرى ۋە باشقا ئەمگەك مەشغۇلاتلىرىدا، ئۇرۇق - قەبىلىلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇشلار ۋە ئىپتىدائىي ئېتىقاد مۇساپىلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى ياكى غەلىبە شادلىقلىرىنى قايناق ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن ئىپادىلىگەندى. ھېسسىياتچان، ئىشا-

رەتلىك، رىتىملىق بەدەن ھەرىكەتلىرى تەدرىجىي يوسۇندا ئىپتىدائىي ئۇسسۇلنى شەكىللەندۈرگەن. شۇ ئاساستا ئوۋ ئۇسسۇللىرى، مۇراسىم - مەرىكە ئۇسسۇللىرى، ئۇرۇش - جەڭ ئۇسسۇللىرى، كېيىنچە بىرقەدەر كەسپىي ئۇسسۇل بولغان پېرىخونلۇق - باخشى ئۇسسۇللىرى مەيدانغا كەلگەن.

ئۇسسۇلشۇناسلار دەۋر ۋە خاراكتېر جەھەتتە ئۇسسۇلنى ئىپتىدائىي ئۇسسۇل، خەلق ئۇسسۇلى، كلاسسىك ئۇسسۇل، ھازىرقى زامان ئۇسسۇلى، يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل، ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇل، كوللېكتىپ ئۇسسۇل، ئەرلەر ئۇسسۇلى، ئاياللار ئۇسسۇلى، بالىلار ئۇسسۇلى، ئۇسسۇللۇق تىياتىر قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىپ چۈشەندۈرىدۇ.

غەربىي يۇرتنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇسسۇل سەنئىتىنى خەلق ئۇسسۇللىرى، كلاسسىك ئۇسسۇللار، يېڭى ئۇسسۇللار قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

غەربىي يۇرتنىڭ ئۇسسۇل تارىخى بەكلا ئۇزۇن، ئۇ ئىپتىدائىي ئۇسسۇللار، كلاسسىك ئۇسسۇل ۋە ھازىرقى زامان ئۇسسۇلى (بۇنى خەلق ئۇسسۇلى ۋە دىنىي ئۇسسۇل دېگەن تارماقلارغا بۆلۈش مۇمكىن) جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەن.

ئىپتىدائىي ئۇسسۇلغا دائىر ماتېرىياللار ئاساسەن قىياتاش رەسىملىرىدە ئىپادىلەنگەن. كۇچانىڭ شىمالىدىكى قۇرۇقتاغ قىيا تاش رەسىملىرى، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى قىيالىقلار، قۇتۇبى ناھىيىسىدىكى قىزىلتاش (كاڭجياشىمىنزى) قىيالىقى، ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى سارچوقىدا، تالمالى تاش جىلغا قىيا تاش رەسىملىرى، قاراقۇرۇم ۋە ئالتۇنتاغ تىزمىلىرىدىكى قىيا تاش رەسىملىرىدە ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئوبرازى ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، 1985- يىلى 4 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇم ۋە ئالتۇنتاغ تىزمىلىرى ئىچىدىكى مۆلچەر دەرياسى بويىدا زور بىر تۈركۈم قىيا تاش رەسىملىرىنى تەكشۈرگەن. بۇ رەسىملەر ئىچىدە ئۇسسۇلچى قىياپەتلىرى چۈشۈرۈلگەن بىر قىسىم رەسىملەر بولۇپ، نىقابلىق ئۇسسۇل (قۇيرۇق، مۈڭگۈز ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن نىقابلىنىۋېلىپ ئوينىلى-

دىخان ئۇسسۇل)، دىنىي مۇراسىم ئۇسسۇلى، ئوۋچىلىق ئۇسسۇلى، مۇھەببەت ئۇسسۇلى (چاغانتوقاي بىلەن قۇتۇبى ناھىيىسى تەۋەسىدىكى رەسىملەردە) قاتارلىقلار ئۆزگىچىلىككە ئىگە. بۇلاردىن باشقا بەزى جايلاردىكى قىيا تاش رەسىملىرىدە ئات، ئۆكۈز، قوي، ئۆچكە، تۆگە، ئىت، ئارقار، بۇغا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ رەسىملىرى بولغاندىن سىرت، بېشىغا مۈڭگۈز تاقاپ، ئارقىسىغا قۇيرۇق بېكىتىپ نىقابلانغان ئادەملەرنىڭ، قولنى قولغا تۇتۇشۇپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ۋە شۇ ئارقىلىق ياۋايى ھايۋانلارنى ئالداپ تۇتۇش ئۈچۈن ئۇلارغا يېقىنلىشىۋاتقان تەسۋىرىي رەسىملەر بار.

ئىپتىدائىي ئۇسسۇللار ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئېتىقاد پائالىيەتلىرىنى، ئىپتىدائىي، شۇنىڭدەك كۆپ قىرلىق ھېسسىياتچان قەلبىنى ئىپادىلەشتىكى ئاساسلىق مەنىۋى پائالىيىتى ھېسابلىناتتى. ئىپتىدائىي ئۇسسۇللار، جۇملىدىن توتېم، پىرخونلۇق ئۇسسۇللىرى بارغانسېرى داقا - دۇمباقلار، نەيزە - ئوقيالار، مەشئەل - گۈلخانلار، گىرىم - نىقابلار بىلەن ھەيۋەتلىك قەبىلە ئۇسسۇللىرىغا قاراپ راۋاجلاندى. ئۇ ئۆز تەرەققىياتىدا پۈتكۈل خەلق ئۇسسۇللىرىنىڭ ئاساسلىق ھەرىكەت تىلىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلدى ۋە ئۇسسۇلنىڭ سەنئەت شەكلىدىكى كېيىنكى تەرەققىياتىغا ئۇل سالدى.

شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇسسۇل مەدەنىيىتى قاتلىمىدا ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ۋارىسلىق قىلغان مول ئىپتىدائىي ئۇسسۇل ئامىللىرى چۆكمە ھاسىل قىلغان. مەسىلەن، ئۇسسۇل تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ تەھقىقلىشىغا قارىغاندا، بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىدا ئىپتىدائىي ئۇسسۇللارنىڭ تەسىرى ساقلانغان، «پېرە ئۇسسۇلى»، «ئوت ئۇسسۇلى»، «نازىركوم ئۇسسۇلى»، «شىر ئۇسسۇلى»، «تۆگە ئۇسسۇلى»، «توخۇ ئۇسسۇلى»، «غاز ئۇسسۇلى»، «كەپتەر ئۇسسۇلى»، «ئۆچكە ئۇسسۇلى»، «ئات ئۇسسۇلى»، «يولۋاس ئۇسسۇلى» قاتارلىقلار.

ئەمەلىي سېلىشتۇرما قىلىنمىدىغان بولسا مۇنداق ئەمەلىي ئەھۋالنى بايقايمىز: مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدە بىر يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل كۆرۈنۈشى بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر ئادەم

ئىككى قولىنى مۈرىسىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ چۆرگىلەۋاتقان، ئۇنىڭ ئېتەكلىرى چۆرگىلەشتىن كۆپۈپ كەتكەن بىر خىل ھەرىكەت تەسۋىرلەنگەن، مانا بۇ ھەرىكەتنىڭ كۆرۈنۈشى، گويا ھازىرقى دولان ئۇسسۇلىنىڭ تۆتىنچى ھەرىكىتى بولغان «سىپىرىلما»غا بەكمۇ ئوخشايدۇ. رەسىمدە يەنە بىر ئۇسسۇلچى ئىككى قولىنى لاچىن قانات ھەرىكىتى شەكلىدە تۇتۇپ قەدەم تاشلاۋاتقان، ئۇچىسىدىكى ئۇزۇن كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى سەل ئېچىلغان بولۇپ، بۇ ھەرىكەتنىڭ شەكلى ھازىرقى دولان ئۇسسۇلىنىڭ ئىككىنچى ھەرىكىتى بولغان «سەنەم» ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىش قىسمىغا ئوخشايدۇ. ئۈچ كىشىلىك ئۇسسۇلچىلارنىڭ قوللىرى ئوخشاشلا لاچىن قانات ھەرىكىتى شەكلىدە بولۇپ، قەدىمىنى چوڭ ئېلىپ، ئۇچىلىسى بىر خىل رىتىمدا ھەرىكەت قىلىپ كېتىۋاتقان، ئۇسسۇلدىكى قىياپەت ناھايىتى جىددىي ھەم چاققان بولۇپ، بۇلارنىڭ كىيىنىشىدىن قارىغاندا، بۇ ئالدىنقى رەسىملەردىن سەل يۇرۇنراق سىزىلغانلىقى مەلۇم. ئەمما ھەرىكەت شەكلى ھازىرقى دولان ئۇسسۇلىنىڭ ئۈچىنچى ھەرىكىتى بولغان «سەلىقە» ھەرىكىتىگە ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ.①

ئارخېئولوگىيە خادىملىرى مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى بۇ بىر تۈركۈم قەدىمكى رەسىملەرنى ھەر تەرەپلىمە، ئىنچىكە تەكشۈرۈپ باھالاش ئارقىلىق ئۇنىڭ يىل دەۋرىنى ئالاھازەل 6000 — 8000 يىل ئىلگىرىكى چاغقا توغرا كېلىدۇ، دەپ قارىغان.② بۇنىڭدىن شىنجاڭنىڭ ئۇسسۇل تارىخىنىڭ بەك ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ.

شىنجاڭ، جۈملىدىن ئوتتۇرا — مەركىزىي ئاسىيا قەدىمكى خارابىلىرى ۋە قەبرىلىرىدىن چىققان ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشتىكى قونچاقلار، بۇيۇملار، جەسەت كۆلى قاچىسى، توقۇلمىلاردىكى نەقىشلەر شىنجاڭنىڭ ئۇسسۇلچىلىق تارىخىنى ئۆگىنىدىغان يەنە بىر مۇھىم مەنبە. بۇ خىل قونچاقلار يەككە ئالغاندا يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇلنى، بىرلەشتۈرۈپ ئالغاندا كوللېكتىپ ئۇسسۇلنى ئىپادىلىگەن. كۇچادىن

① م. مېھرۇللا، ل. قۇربان: «ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتى توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىلى نەشرى، 96 - بەت.

② ئا. خوجا، د. قەمبىرى: «قەدىمكى قىياتاش سەنئىتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1985 - يىلى 1 - سان.

تېپىلغان ۋە توكيو ياپونىيە دۆلەتلىك مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان جەسەت كۆلى قۇتىسىنىڭ سىرتىغا سىزىلغان. بۇنىڭدىن باشقا خوتەندىن تېپىلغان يۇقىرىقى مۇزېيدا ساقلانغان مەيزاپ خۇمرىسى ئۇتتىسىغا ئىشلەنگەن ساپال قاپارتمىلاردىمۇ مايمۇن قىياپەتلىك قىزىقچىلىق ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشى بېرىلگەن. خېنەن ئەنياڭ ناھىيىسى فەنشۇي قەبرىگاھلىقىدىن تېپىلغان ياپىلاق سېرىق كوزىغىمۇ تۆت سازەندە ئارقىسىدا ئۇسسۇل ئوينىۋاتقان غەربىي يۇرت ئۇسسۇلچىسى ئوبرازى بېرىلگەن. بۇ خىل ئۇسسۇل كۆرۈنۈشلىرىدە قول، بەل ھەرىكىتى بىلەن ھېسسىيات ئىپادىلەش ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ.

غەربىي يۇرتنىڭ كلاسسىك ئۇسسۇل دەۋرى شىنجاڭغا بۇددا دىنىنىڭ كىرىپ كېلىشىنى بەلگە قىلغان بولۇپ، ئۇنى بۇددىزم دەۋرىدىكى ئۇسسۇل ۋە ئىسلام دەۋرىدىكى ئۇسسۇل باسقۇچى دېگەن ئىككى باسقۇچقا ئايرىپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

شىنجاڭ بۇددا سەنئەت غارلىرىدا ئاجايىپ نەپىس ۋە رەڭگارەڭ ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇلاردا كۇسەن، قوچۇ ئۇسسۇللىرىنىڭ باي ھەرىكەت شەكلى، ئۇسسۇللۇق شەكىل - كۆرۈنۈشلىرى ۋە ئۇسسۇللۇق ئوبراز يارىتىش قىياپەت ئۆزگىچىلىكلىرى، ئۇسسۇل كىيىمى، ئۇسسۇل گىرىمى كۆپ تەرەپلىمە تەسۋىر قىلىنغان. مەسىلەن، باي ناھىيىسى قىزىل مىڭئۆي بۇددىزم غارلىرىنىڭ 38 - نومۇرلۇق غارىدا بىر ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈش بار بولۇپ، ئۇنىڭغا چاۋاك - ئالقىش تەڭكەش قىلىنغان، بەدەن ھەرىكىتى، كىيىم - زىننەتلىرى، نازاكەتلىك، شوخلۇقىمۇ مۇۋاپىق دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن. بۇنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيە 3 - ئەسىر دەپ قارىلىدۇ. يەنە بىر رەسىم قەدىمكى كۇسەن خانلىقى تەۋەسىدىكى مىڭئۆيلەردىن كۆچۈرۈپ سىزىلغان ناخشا - ئۇسسۇل ئۆرنەكلىرى بولۇپ، بۇنىڭدا تولغىنىدىغان ۋە تولغانمايدىغان ئىككى خىل ئۇسسۇل بىرلەشتۈرۈلگەن، بىر خىل شەكىل ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيە 6 — 9 - ئەسىرلەر.

بۇلاردىن باشقا غەربىي يۇرتنىڭ بۇددىزم دەۋرىگە ئائىت قەبرىستانلىقلاردىنمۇ ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىدىكى مەلۇم بىر قەبرىدىن تېپىلغان قەبرە رە-

ملىملىرىدە بىلىز رەسىم بار بولۇپ، بۇ قەبرىنى 1916 ـ يىلى ئاستەيىن قازغان ۋە ئۇنىڭدىن مىلادىيە 4 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق «شىڭپىڭنىڭ 8 ـ يىلى» (مىلادىيە 364 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ) دېگەن يىلنامە چۈشۈرۈلگەن ھۆججىتى تېپىلغان، بۇنىڭدىكى ئۇسسۇل شەكىللىرىگە نافرا، نەي تەڭكەش قىلىنغان، بەدەن ھەرىكىتى ۋە كىيىم ـ زىننەتلىرى ئەينى زاماندىكى فېئوداللىق تۈزۈم ئۆلچىمىگە لايىقلاشتۇرۇلغان. شوخلۇق ئازايتىلغان، نازاكەتلىك ـ ئەۋرىشىملىك ئاساس قىلىنغان.

ئومۇمەن مۇنداق مىڭئۆي تام رەسىملىرى ۋە قەبرە رەسىملىرىدىكى رەسىملەر دۇنياۋى تارىخىي نامايەندە بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ كلاسسىك ئۇسسۇللىرىنىڭ قېزىپ تۈگەتكۈسىز مۇھىم خەزىنىلىرىدىن بىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

شىنجاڭ بۇددىزم دەۋرى ئۇسسۇل سەنئىتىگە دائىر يۇقىرىقىدىن باشقا بىر ئۇچۇر — سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە يېزىلغان شېئىرلار ۋە مۇزىكا مۇئەسسەسەلىرىگە ئائىت خاتىرىلەر بىلەن رەسمىي سۇلالە تارىخنامىلىرىدىكى ئەينى زامان سۇلي، كۇسەن، قوچۇ، ئۈۋىرغول، بۇخارا ۋە توققۇز چاۋۇپ خۇ (غۇز) لىرىغا ئائىت يۇقىرى باھا ۋە ئوبرازلىق تەپسىلاتلاردىن ئىبارەت. بۇ مەنبەلەردە بىر قاتار ئۇسسۇللۇق ئەسەرلەرنىڭ ناملىرى، ھەرىكەت شەكلى، كىيىم فورمىلىرى تەسۋىرلەنگەن.

دۇەن ئەنجيې يازغان «نەغمە ـ ناۋا مەھكىمىسى خاتىرىلىرى» (« 乐府杂录 »)، سۇي لىڭچۈن يازغان «ئوقۇتۇش يۇرتى خاتىرىسى» (« 教坊记 »)، گوماۋ ماچىڭ يازغان «نەغمە ـ ناۋا مەھكىمىسىنىڭ نەزم توپلىمى» (« 乐府诗集 ») قاتارلىق كىتابلاردا كۆرسىتىلىشىچە، شىنجاڭ ئۇسسۇللىرى تەركىبىدە تۆۋەندىكىچە ھەيۋەتلىك ۋە لەرزان ئۇسسۇللار بولغانلىقى مەلۇم، بۇلار: «پىرقىرىما ئۇسسۇل» ( 胡旋舞 )، «سەكرىمە ئۇسسۇل» (胡腾舞)، «چەش ئۇسسۇلى» ( 柘枝舞 )، «چاچ تاشلاش» (拔兴)، «ئالان» (阿连)، «سۇمۇز» (苏莫遮) قاتارلىق ھەيۋەتلىك ئۇسسۇللار ۋە «يېشىل رومال» ( 乐世六么 )، «باھاردىكى بۇلبۇل ناۋاسى» ( 春莺啭 )، «شۇشىرۇ»، «تۈندىكى نالە» ( نالەش )، «سىرىق

قۇيرۇق (ئاھۇ) قاتارلىق لەرزان ـ ئەۋرىشىم ئۇسسۇللاردىن ئىبارەت. ئەينى زاماندا ئۇسسۇللار مەخسۇس مەيدانلاردا، سورۇنلاردا، جۇملىدىن شۇ چاغدا بىر ئومۇمىي ئەھۋال بولۇپ قالغان ئائىلىدىكى كەچكى بەزمىلىك ئولتۇرۇشلاردا، ئايەم ۋە مەيخانىلاردا ئورۇندىلاتتى. بۇلاردىن باشقا يەنە نىقابلىق ئۇسسۇللار، شىر ئۇسسۇلى، گۈل پانۇس ئۇسسۇلى، كېيىنچە كۆپ كىشىلىك سەنەم ـ مەشرەپلەر (چوڭ نەغمىلەر) ئوينالغان.[1]

باھاردىكى بۇلبۇل ناۋاسى. بۇ كۇسەنلىك بەي مىڭدا ئىشلىگەن ئۇسسۇللۇق مۇزىكا. بۇ ئۇسسۇل چىرايلىق گىلەم ئۈستىدە يالغۇز كىشى تەرىپىدىن ئوينالغان. ئىلگىرىلەش ـ چېكىنىش ۋە پىرقىراش گىلەمدىن چەتكە چىقىپ كەتمىگەن. ئۇسسۇلنى ئورۇندىغۇچى ئۈستىگە سېرىق مەشۇت كۆڭلەك كىيىپ، بېلىگە قىزىل يىپەك گۈل چەككەن پوتا باغلاپ، بېشىغا گۈللۈك تاج تاقاپ، بۇلبۇل قىياپىتىنى ئىپادىلەيتتى.

شىر ئۇسسۇلى. بۇ كۇسەندە بارلىققا كەلگەن قويۇق دىنىي، يەرلىك ۋە مىللىي تۈس ئالغان چوڭ تىپتىكى ئۇسسۇل. بۇ ئۇسسۇلنىڭ قاچان بارلىققا كەلگەنلىكى توغرۇلۇق ماتېرىيال يوق. ئەمما مىلادىيە 420 ــ 581 ـ يىللىرى سەلتەنەت سۈرگەن جەنۇبىي خانلىقلار دەۋرىدە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا يېتىپ بارغانلىقى مەلۇم. شىمالىي ۋېي خانلىقى زامانىسىدىكى مۇئەللىپ ياڭ شۇەنجى يازغان «لوياڭدىكى ساڭرامىلار ھەققىدە زىيارەت خاتىرىسى» («洛阳伽蓝记») ناملىق كىتابىدىكى، چاڭچيۇ ئىبادەتخانىسىدىكى بۇتلارنى كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان چاغدا «كۆز تېگىشتىن ساقلايدىغان شىرلار ئالدىدا يول باشلاپ ماڭاتتى، ئويۇن ئوينىغۇچىلار (سېركچىلەر) ئاجايىپ ـ غارايىپ كىيىنىشىپ، پايتەختنى چاڭ كەلتۈرەتتى» دېيىلگەن مەزمۇن بۇنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەردە ئەسلىي ھالىتىنى ساقلىغان ھالدا، قىسمەن ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا ئوردىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئورۇندىلىدىغان خاس كۆرەكلەردە نامايىش قىلىنىدىغان نادىر ئۇسسۇل قاتارىدا تۈر-

---

① ئا. مۇھەممەد ئىمىن: «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى، 60 ـ، 61 ـ بەتلەر.

غان. تەتقىقاتچىلار: «قەدىمكى دەۋردە شىر ئۇسسۇلى شىنجاڭدا ناھا-يىتى گۈللەنگەن. دەسلەپكى چاغلاردىن باشلاپ تاڭ سۇلالىسىغىچە پايتەخت چاڭئەندىكى ئۇسسۇلچىلارنىڭ ھەممىسى كۇسەنلىك ئىدى. ھەتتا ئويۇن ئوينىغان چاغدا تەگكەش قىلىنىدىغان ئۇسسۇل مۇزىكى-سىنىڭ ھەممىسى كۇسەن ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى» ① دەپ يازغان.

شىر ئۇسسۇلى كۇسەندىن دەسلەپ گەنسۇدىكى لياڭجۇ (ۋۇۋېي) ئارقىلىق چاڭئەنگە كىرگەن ۋە باشقا جايلارغا تارقالغان بولغاچقا، «غەربىي لياڭ ئويۇنلىرى» دېگەن نام بىلەن ھەم چاڭئەندە زىلزىلە پەيدا قىلغان. شائىر بەي جۈيى ئۆزىنىڭ «غەربىي لياڭ ئويۇنلىرى» («西凉乐») ناملىق شېئىرىدا «شىر ئۇسسۇلى»نى مۇنداق تەس-ۋىرلىگەن:

غەربىي لياڭ ئويۇنلىرى، غەربىي لياڭ ئويۇنلىرى،
ئوينايدۇ يالغۇز شىرنى خۇلار② تارتىپمۇ نىقاب.
ئالتۇن يالاتقان كۆزى، كۈمۈش قاپلاتقان چىشى،
ياغاچ بىلەن باش ياساپ، يىپ - يىپەك قۇيرۇق تاقاپ.
چۆلگىنىپ تۆكلۈك كىيىم - ئەگسە بىر جۈپ بەللىرىنى،
تۆكۈلگەندەك تاغنىڭ قۇم خۇددى ئۇن مىڭ يول قاپساپ.
مەللە ساقال، چوڭقۇر كۆز ئىككى خۇ سەھنىگە،
سەكرەپ كېلىپ سۆزلىدى تۇتۇپ قوللىرىغا داپ.

«كۇسەن شىر ئۇسسۇلى» «بەش خىل رەڭلىك (ياكى بەش تېرەپلىك) شىر ئۇسسۇلى» دېگەن شەكىلدىمۇ ئوينالغان. بۇنى تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى شۈەنزۇڭ دەۋرى (مىلادىيە 712 — 756 - يىللار) دە سەنئەتچىلەر چاڭئەنگە ئېلىپ بېرىپ ئوردىدا ئوينىغان. ئەينى زاماندا ئويۇن مەيدانى ناھايىتى چوڭ تەييارلانغان. شۈەنزۇڭ پادىشاھ دائىم چوڭ تېپتىكى «شىر ئۇسسۇلى» كۆرۈپكىنى ئۆزى ئويۇشتۇ-رۇپ، ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلغانىكەن. تاڭ شۈەنزۇڭ ۋە خانىش

---

① گۇ باۋ: «قەدىمكى شىنجاڭنىڭ مۇزىكا - ئۇسسۇللىرى ۋە قەدىمكى مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 115 - بەت.

② 胡 خۇ — بۇ كۆپ مەنىلىك بىر ئاتالغۇ. ئەينى زاماندا ئوتتۇرا جۇڭگودىكىلەر شىنجاڭلىقلارنى بۇ نام بىلەن ئاتىغان.

ياڭ يۇخۇەي «بەش خىل رەڭلىك شىر ئۇسسۇلى» غا فېئودال پادىشاھلارنىڭ ئىدىيىسىنى سىڭدۈرگەن، يەنى شىر ئۇسسۇلىنى ئوينىغاندا سېرىق شىر ئوتتۇرىدا ئولتۇرۇش بەلگىلەنگەن، ئۇنىڭ تۆت تەرىپىگە كۆك، قىزىل، ئاق، قارا تۆت خىل رەڭدىكى شىر ئورۇنلاشتۇرۇلغان. سېرىق شىر مەركىزىي سۇلالىنىڭ ھوقۇقىغا سىمۋول قىلىندغان. بەش شىر ئايرىم - ئايرىم ھالدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمال، ئوتتۇرا تەرىپىگە ۋەكىللىك قىلغان. تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى شىر ئۇسسۇلىدىن لەززەت ئالغان چاغدا بەك خۇشاللانغان، ئۇ ئۆزى شىرلارنى ئويناتقان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شىر ئۇسسۇلى ئارقىلىق فېئوداللىق ئەخلاقنى تەرغىب قىلغان. ئۇسسۇل ئويناۋاتقان سېرىق شىر ئۇسسۇلىدىن پادىشاھنىڭ مۇتلەق يۇقىرى ھوقۇقىنىڭ مۇقىم بەلگىلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئوۋياڭشيۇ (1007 — 1072 - يىللار) يازغان «يېڭى تاڭنامە. مۇزىكا تەزكىرىسى» دە شىر ئۇسسۇلى توغرىسىدا يەنە مۇنداق ئېنىقلىما بېرىلگەن: كۇسەن ئويۇنى ئوينالغاندا «بەش خىل رەڭلىك شىرلار تەييارلىنىدۇ، (ئۇلارنىڭ) ئېگىزلىكى بىر جاڭدىن ئارتۇق، بەش خىل رەڭدە ھازىرلىنىدۇ».

«كۇسەن شىر ئۇسسۇلى» كېيىنچە دراملىق ئالاھىدىلىككە تەرەققىي قىلغان، يەنى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇ «شىر ئويۇنى» (شىر درامىسى) دەپمۇ ئاتالغان ۋە «سۇمۇز» ئويۇنى بىلەن قوشۇلۇپ، «كۇسەن دراملىرى» نى تەشكىل قىلغان.

«كۇسەن شىر ئويۇنى» (درامىسى) نى ھەر خىل مۇزىكىلارنىڭ تەڭكەش قىلىشى بىلەن 100 دىن ئارتۇق ئۇسسۇلچى بىر سورۇندا ئورۇندىغان. بەش خىل رەڭلىك شىرنى ئىككى ئاساسلىق ئارتىس ئوينىتىپ، خىلمۇخىل سەكرەتمە ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىپ، خاننىڭ ئۇلۇغۋار سېھرىي ئوبرازىنى نامايان قىلغان.

«شىر ئۇسسۇلى» نىڭ كۇسەندە بارلىققا كېلىشى غەربىي يۇرتتا ياشىغان بەزى ئۇرۇق - ئايماقلار ئارىسىدىكى شىر ئېتىقادچىلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ تارىخىنى ئەلۋەتتە ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئانىلىق ئۇرۇقچىلىق مەزگىلىدىكى توتېم ئېتىقادى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، يەنى ھايۋانلار سىياقىدا

ياسىنىپ ئويۇن كۆرسىتىش ياكى خۇراپىي ھەرىكەت قىلىشنىڭ توتېم ئېتىقادى بىلەن ئالاقىسى بار ئىدى.

«سۇمۇز»، بۇ غەربىي يۇرتنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق ئوپېراسىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر ئويۇن. سۇلېلىق ئالىم خۇيلىن «نوملار شەرھى» (« 一切经音义 ») ناملىق كىتابىنىڭ 41 ـ جىلدىدا: «سۇمۇز ( 苏莫遮 ) غەربىي رۇڭ خۇلىرى (西戎胡) نىڭ تىلى، توغرا ئېيتىلىشى سامۇز، بۇ ئويۇن ئەسلى غەربىي كۇسەن ئېلىدىن چىققان. ئۇنىڭ ئۆز نەغمىسى بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەن. ئۇ ئەلدە ئۇنىڭ نىقاب، چۈمبەل، باتو، چاچ تاشلاش قاتارلىق تۈرلىرى بار. بۇ ئويۇندا يا يىرتقۇچ ھايۋان قىياپىتىدە، يا جىن ـ ئالۋاستىلار قىياپىتىدە خىلمۇخىل نىقاب تاقاپ، يولۇچىغا لاي سۇ چېچىپ ياكى قولىغا سالما، ئىلمەك تۇتۇپ ئۆتكەن كىشىنى تۇتۇۋېلىپ قىزىقچىلىق قىلىنىدۇ. ھەر يىلى 7 ـ ئاينىڭ بېشىدا ھەممە يەردە بۇ ئويۇننى ئويناپ، يەتتە كۈندە ئاندىن توختايدۇ. يەرلىك قاراش بويىچە دائىم بۇ خىل ئويۇننى ئويناپ تۇرغاندا جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ پۇقرالارغا خېيىمخەتەر يەتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئويۇن ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا ئېلىپ بېرىلىپ، ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان ئويۇنى بولۇپ قالغان، يەنى مىلادىيە 579 ـ يىلىدىن 713 ـ يىلىغىچە ئوردىدا زوقلىنىپ كۆرۈلىدىغان ئويۇن بولۇپ قالغان.

قەدىمكى ئۇدۇن ئېلىدە ئۇسسۇل ۋە ئويۇنلار كەڭ ئەۋج ئالغان. تۈبۆت تىلىدا خاتىرىلەنگەن «ئۇدۇن ئېلىدىن تەلىم ئېلىش خاتىرىسى» ناملىق كىتابتا ئۇدۇن رايونىدا دراما ئوينىلىدىغانلىقى ئېيتىلغان. گوۋياڭ شيۇنىڭ «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە، ئۇدۇنلۇقلار «ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ئامراق» دېيىلگەن.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسسۇل، ئويۇن ـ نەغمىلىرى راسا ۋايىغا يەتكەن بىر مەزگىلگە كىرگەن. بۇ دەۋرگە مەنسۇپ تام رەسىملىرىدىن ئۇنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئوبرازلىق كۆرۈنۈشىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. سۇڭ سۇلالىسى (960 — 1279 ـ يىللار) ئەلچىسى ۋاڭ يەندى (939 — 1006 ـ يىللار) «قوچوغا

ئەلچىلىك خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئويۇن - نەغمە-لىرى توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق يازغان: «9 - ئايلار ئىدى، خان، بەگزادە ۋە ئۇنىڭ مۇلازىملىرى بىزنىڭ كۆنچىقىش تەرەپتىن كەلگەنلىكىمىزنى بىلگەندىن كېيىن، بىزنى ئويۇن بىلەن قارشى ئالـ-دى، خان بالا - چاقىلىرى بىلەن بىللە چىقىپ ئويۇن كۆردى، كۆچۈللۈك زىبايەت تاكى گۈگۈم چۈشكىچە داۋاملاشتى.» دېمەك، ئوردا ئۇسسىنى ئالغان بۇ ئۇسسۇل تولىمۇ مەيۋەتلىك ئوينالغان بولسا كېرەك.

غەربىي يۇرتنىڭ بۇددىزم دەۋرىدىكى ئۇسسۇل سەنئىتى ئومۇ-مىيلىق جەھەتتە بۇددا دىنى شەكلىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئۇسسۇلنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئاممىباب شەكلى ھەم ئارقىلىپ تۇرغان.

ئەينى چاغدىكى ئۇسسۇل سەنئىتى زور دەرىجىدە ئەۋرىشىملىككە ۋە سىپايىلىككە قاراپ يۈرۈلۈش ياسىغان. بۇ خىل نەپىسلىك ئۇلار-نىڭ كىيىنىشى ۋە ئۇسسۇللۇق ھەرىكىتىدە روشەن ھالدا ئۆز ئىپادى-سىنى تاپقان.

ئەينى زاماندىكى ياسىنىش - تارىنىش شەكىللىرى ۋە كىيىم - بېزەكلەر مۇنداق بولغان: چاچ تۇگۇنچەكلەش فورمىلىرى ھەر خىل بولۇپ، يۇمىلاق تۇگۇنچەك، ئېگىز تۇرمە چاچ، ئارقا قارىغاي شە-كىللىك تۇرمە، يان ماڭلاي، چېكە ماڭلاي، كىجەك (بۇدۇر) چاچ ۋە ئەشمە (سالغان) چاچ قاتارلىقلار بولغان. ئالتۇن ياكى نەقىشلىك قىسقۇچ، پىستان تاراق، گۈل قاداق، گۈللۈك تاج، نوھۇل تاج قاداشقا ئادەتلەنگەن. ھەر خىل زىرە - زىرىغلار، جىڭگىلىك زىرە ۋە مەيغا-لىق زىرە، ئۈزۈك، بىلەزۈك، قوڭغۇراقلىق ئاسما تۇمار ۋە قوڭغۇ-راقلىق بىلەزۈك، ئاسما مارجان، زۇننار قاتارلىق زىبۇ زىننەتلەر ئىشلىتىلگەن. ئەرلەر ساقال - بۇرۇت قويغان.

كىيىم - كېچەكلەرمۇ ھەر خىل بولغان. قالپاق ۋە چىمەندوپپى-لار كىيىشكەن، پوتا، بەلۋاغ ۋە نەقىشلىك كەمەر تاقاشقان. سۇلى ۋە قوچو كەمەرلىرى قىزىل قىيىقچە بولغان. قىزىل، قارا بۇلغارى ئۆتۈك ياكى گۈللۈك پايپاق كىيىشكەن. سۇلى، قوچو، بۇخارا ۋە سەمەرقەنتلىكلەر قىزىل ئۆتۈك، كۇچا ۋە غەربىي لىياڭ سەنئەتچىلىرى

تولىراق قارا ئۆتۈك كىيگەنلىكى خاتىرىلەنگەن. ھەر خىل شايى ياكى
داكا رومالالار سېلىشقان. ھەممە ئوركېستىرلاردا سازەندىلەر چېكىسى-
نى قارا تاۋار ياغلىق بىلەن تېڭىۋېلىشقان. نىمچە، كەمزۇل، جىلىت-
كە، چاپان، تون، پەشمەت، يەكتەك، ئالدى كۆكسى ياكى ياقا
پەشلىرى گۈل نەقىشلەنگەن ئەرلەر كۆڭلەكلىرى، ھەر خىل ئەتلەس
ياكى يوللۇق پۈرمە ئاياللار كۆڭلەكلىرى، ئەر - ئايال شىم ئىش-
تامباللىرى، گۈل پۆچىقى ئىشتانلار كىيىشكەن. كۆڭلەك ياكى نىمچە
ئۈستىگە نىم ئاناپلار (تور يوپۇقلار) ئارتىشقان. كۆچا، سەمەرقەنت
سازەندىلىرى قىزىل تاۋار تون كىيىشكەن. كۆچا، سۇلى، سەمەرقەنت
سازەندىلىرى قىزىل پوم شىلم كىيىشكەن.

يۈزىگە ئەڭلىك سۈرۈش، قاش - كىرپىكىگە سۈرمە سۈرتۈش،
پېشانىسىنى ھەللەش (بولۇپمۇ كۈسەن، قوچو ئۇسسۇلچىلىرىدا)،
لەۋلىك (لاك) سۈرۈش، زىننەت زىننىخى ياساش، خال چېكىش،
يۈزىگە گۈل چاپلاش قاتارلىقلار بولغان. بەزى شائىرلارنىڭ شې-
ئىرلىرىدىكى تەسۋىرلەرگە قارىغاندا، ئوسما قويۇش ئادىتى بولغان-
لىقى ئېھتىمال.

ئۇسسۇللار ئادەتتە دەسلەپ ئالماق، لەرزان باشلىنىپ، بارا -
بارا شوخلىنىشىپ بارار ئىكەن. ئۇسسۇل باشتىن - ئاخىر قىزغىن
كەيپىياتتا ئوينالغان. ئۇسسۇلچى ئۇسسۇل ئويناش جەريانىدا بەزىدە
شاپىدە توختاپ، جىلۋە قىلىۋېتىپ، يەنە قىزغىن ئويناپ كەتكەن،
پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۇرۇپ، بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ،
بويۇن ئېتىپ، قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ئىنتايىن قىزغىن ۋە
تولۇپ تاشقان ھېسسىيات بىلەن ئوينىغان... ئەتراپتا تۇرغانلار مۇزىكا
رىتىمىغا ماسلىشىپ چاۋاك چېلىپ بەرگەن. رىتىمدىن چىقىپ كەت-
مەي، بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ ناخشىغا تەڭكەش قىلىپ قىزغىن
ھېسسىيات ئىپادىلەش كۈسەن ئۇسسۇلى قاتارلىق ئۇسسۇللارنىڭ مۇ-
ھىم خۇسۇسىيىتى بولۇپ قالغان.

غەربىي يۇرتنىڭ بۇددىزىم دەۋرىدىكى ئۇسسۇلچىلىقى خەلقنىڭ
كوللېكتىپ ئىجادىيىتى ئارقىلىق بەرق ئۇرۇپ تۇرۇش بىلەن بىرلىك-
تە، بىرمۇنچە ئىستىبداتلىق ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىلىرىنىڭ كۆرۈنەر-
لىك تۆھپىسىدىن ئايرىلمايدۇ. ئەينى زامان ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىلە-

رىدىن ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغانلىرىمىز مۇنۇلار: (1) بەي مىڭدا (白明达). كۇسەندە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، 6- ئەسىرنىڭ كېيىنكى چارىكىدىن 7- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشىغان مەشھۇر مۇزىكىچى ۋە ئۇسسۇل ئىجادچىسى. شىمالىي جۇ خانلىقى ۋۇدىنىڭ تيەنخې 3- يىلى (مىلادىيە 568- يىلى) تۈرك مەلىكىسى بىلەن خانىش ئاشىناغا ئەگىشىپ (سوغۇپ بىلەن بىرگە) چاڭئەنگە بارغان؛ ئۇ ئەسلى كۇسەننىڭ يەرلىك مۇزىكىسى پىپا چېلىشقا قەۋەتلا ماھىر ئىدى. يەنە مۇزىكا - كۈي ئىختىرا قىلاتتى. شىمالىي جۇ خانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، سۇي سۇلالىسى ئوردىسىدا، ئاندىن تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدا ئۆزىنىڭ مۇزىكا جەھەتتىكى تالانتى بىلەن ئالىي ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن ئېتىبارلىنىپ ئىشلىتىلگەن. بەي مىڭدا ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن سۇي پادىشاھى ياڭدى (605-618- يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ «ياشىسۇن كۈيى» («万 岁 乐»)، «زەڭگۇ كۈيى» («藏钩乐»)، «يەتتىنچى ئاخشامدا دىدارلىشىش» («七夕相逢乐»)، «چەينەك سوزۇش كۈيى» («投壶乐»)، «ئۇسسۇللۇق ئولتۇرۇشتىكى بۇرادەرلەرنىڭ جەم بولۇشى» («舞度同心结»)، «قاشتېشى قىزچاق سۇنغان قەدەھ» («玉女行觞»)، «ئەۋلىيا مېھمان» («神山留客»)، «خىشنى چېچىپ ياش ئۇزارتىش» («掷砖续命»)، «خوراز سوقۇشتۇرۇش» («头鸡子»)، «ئوت - چۆپلەر بىلەن ئېلىشىش» («头百草»)، «كاتتا ئەجدىھا قولۋاق» («泛龙舟»)، «ئۇزۇن گۈل» («长乐花»)، «يەنە كونا ئوردا» («还旧官»)، «12 مەۋسۇم» («十二时») قاتارلىق ناخشا تېكىستلىرىگە مۇزىكا ئاھاڭى ئىشلەپ بەرگەن (ۋېي جېڭ «سۇينامە. مۇزىكا تەزكىرىسى» گە قارالسۇن). تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، بەي مىڭدانىڭ داڭقى تېخىمۇ چىقىپ، خان ئوردىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ۋە ئوردىنىڭ مۇزىكا - ئۇسسۇللىرىنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدارلىققا تەيىنلەنگەن. كېيىنچە تاڭ پادىشاھى گاۋزۇڭغا «باھاردىكى بۇلبۇل ناۋاسى» («春莺啭») ناملىق مۇزىكا - ئۇسسۇللۇق كۈينى ئىجاد قىلىپ بەرگەن ھەم ئۇنى پىپا (بەرباپ) بىلەن ئورۇنداپ بەرگەندە بەك سۆيۈنۈپ كەتكەن گاۋزۇڭ خان ئۇنى «ئىستېداتلىق» (奇才) دەپ

ماختىغان. يۈەن جېن، جاڭ گۇ قاتارلىق نامدار شائىرلار تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن بۇ نەغمىنى شېئىرىي مىسرالاردا ماختاشقان. بۇ ئۇسسۇللۇق نەغمە چاڭئەننى لەرزىگە سېلىپلا قالماستىن، بەلكى كورىيە، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەرگە تارالغان. بۈگۈنكى كۈندە ياپونىيىدە «باھاردىكى بۇلبۇل ناۋاسى» گەنئەنىۋى ئۇسسۇللۇق كۈي سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. 1983 - يىلى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ياپونىيىنى زىيارەت قىلغاندا ياپونىيە ئارتىسلىرى ئورۇندىغان بۇ ئويۇننى كۆرگەن.

پېي چېڭئېن ( 裴承恩 )، قەدىمكى سۇلې خانلىقىدا خان جەمەتى ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇنىڭ ياشىغان ۋاقتى 7 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى چارىكى ۋە 8 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ. مىلادىيە 740 - يىللىرى سىڭلىسى پېي ئاغىچا (裴大娘) بىلەن بىرلىكتە چاڭئەنگە بېرىپ، شۇ يەردە ئۆزىنىڭ ناخشا- ئۇسسۇل، سېھىرگەرلىك جەھەتتىكى ماھارىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نامايىش قىلىپ، كەڭ پۇقرالاردىن تارتىپ، ئوردا ئەھلى، جۈملىدىن پادىشاھلارنىڭ قىزغىن دىققەت - ئېتىبارىغا نائىل بولۇپ ئالقىشلانغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان مۇئەللىپلەردىن سۈي لىڭچۈننىڭ «ئوقۇتوش يۇرتى خاتىرىسى» ناملىق كىتابىدىكى بايانلاردىن بىلىنىشىچە، پېي چېڭئېن ناخشا ئېيتىشتا كامالەتكە يەتكەن تالانت ئىگىسى بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ھەم ماھىرلىرىدىن بولغان. ئۇ ئۇسسۇل ئورۇندىغاندا، تولىمۇ چېۋەرلىكىنى نامايان قىلغان. بولۇپمۇ ئۇ شىنجاڭنىڭ گەنئەنىۋى ئۇسسۇلى «سەكرىمە ئۇسسۇل» ( « 胡腾舞 » ) نى قالتىس ماھارەت بىلەن ئورۇنداپ، تاماشىبىنلارنى ھەيرانۇ ھەس قالدۇرغان. ئۇ ئۇسسۇل ئوينىغاندا، ئۆز يۇرتىنىڭ يەرلىك كىيىمىنى-كىيىپ، داپ، دۇمباق قاتارلىق چالغۇلارنىڭ تەڭكەش قىلىپ بېرىشى ئارقىسىدا رەڭدار گىلەم ئۈستىدە، قىياپىتىنى ئاجايىپ بىر خىل تۇستە ھەرىكەتلەندۇرۇپ، بەل - پۇتلىرىنى چەبدەسلىك بىلەن ئالماپ ۋە تولغاپ، چېۋەرلىك بىلەن سەكرەپ قىزىقچىلىق قىلغان. ئۇسسۇلى ئەۋجىگە چىقىپ، تازا قىزىق نۇقتىغا بارغاندا، ھاۋاغا سەكرەپ چىقىپ، بىرنەچچە مۇللاق ئېتىپ ئاندىن تىك سەكرەپ پەسكە چۈشكەن. بۇ چاغدا

تاماشىبىنلارنىڭ كۆزلىرى تورلىشىپ، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنىڭ راستـ
يالغانلىقىنى پەرق ئېتەلمەي قالغان. دېمەك، قىبى چېكىتبىنىڭ ناخشا
ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناپ، چاكىتەن شەھىرىدە چوڭ قىزىقىش قوزغىيا-
لىشىدىكى سەۋەبلەر ھەر خىل. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ۋايىغا يەتكەن
سەنئەت ئەمەلىيىتىدە شىنجاڭنىڭ يەرلىك ناخشا - ئۇسسۇللىرىنىڭ
ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن ئىپادە قىلىنىشى ئاساسىي سەۋەب بولۇپ،
ئۆزىگە ناتونۇش بولغان يۈكسەك سەنئەت ئەسەرلىرىدىن زوقلانغان
چاكىتەنلىكلەرنىڭ ئۆز مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتقان قىبى چېكىتبىنغا
ئالقىش ياغدۇرۇشى ئورۇنلۇق، ئەلۋەتتە.

قىبى ئاغىچا، قەدىمكى سۇلې بەگلىكىدە تۇغۇلۇپ ئۆسـ
كەن، 7 — 8 - ئەسىرلەردە ياشىغان. ئۇنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى
ماھارىتى ئۆز يۇرتىدىكى چېغىدىلا ۋايىغا يەتكەن بولسا كېرەك، شۇن-
داق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى تېخىمۇ
كۆرۈنەرلىك ھالدا جارى قىلدۇرۇش مەقسىتىدە ئاكىسى قىبى چېكىتبىن
بىلەن بىرلىكتە مەركىزىي جۇڭگو رايونىغا سەپەر قىلىپ، چاكىتەنگە
بارغان ۋە ئۇ يەردە تۇرغان. تارىخىي كىتابلاردا ئېيتىلىشىچە، قىبى
ئاغىچا تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا قاراشلىق ئوقۇتۇش يۇرتىدا ناخشاـ
ئۇسسۇل، مۇزىكا تەربىيىچىسى بولۇپ ئىشلەپ،① ئۆزىنىڭ سەنئەت
جەھەتتىكى ماھارىتىنى كۆپلىگەن قابىل شاگىرتلارنىڭ يېتىشىپ چىـ
قىشىغا سەرپ قىلغان. ئۇ بىر داڭلىق مۇزىكىچى، يۇقىرى ئاۋازلىق
ناخشىچى ۋە ماھىر ئۇسسۇلچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوردىدا پادىشاھـ
لارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ھۇزۇرلىنىپ، ئىززەت - ئىكرام بىلدۈرۈشىگە
مۇشەررەپ بولغان.

يۇقىرىقى سەنئەتكارلار بىلەن زاماندىش بولغان كۇسەنلىك بەي
جيەن ھەم ناخشىچى ۋە مۇزىكىچى بولغاندىن باشقا، ماھىر ئۇسسۇلچى
ئىدى.

غەربىي يۇرت كلاسسىك ئۇسسۇلچىلىقى دەۋرىنىڭ ئىككىنچى
باسقۇچى ئىسلام ئۇسسۇل سەنئىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋر
مىلادىيە 10 - ئەسىردىن باشلاپ ھېسابلىغاندا 1000 يىللىق جەرياننى

① ئا. م. سابىرامى: «سۇي، تاڭ سۇلالىلىرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى»، «مىللەتلەر نەشرىياتى»، 1993 - يىلى نەشرى، 274 - بەت.

ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. بۇ دەۋرنىڭ ئۇسسۇل تارىخىنى ئۆگىنىدىغان ماتېرىياللار بۇددا دەۋرىنىڭ ئەھۋالىغا سېلىشتۇرغاندا، ئازراق بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ماتېرىيال مەنبەسى بار. بۇ ماتېرىيالنىڭ بىرى قىياتاش رەسىملىرى. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇرغۇن قىيا تاش رەسىملىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە، بىر قىسمى بۇددىزم دەۋرىگە، يەنە بىر قىسمى 10 ـ ئەسىردىن كېيىنكى دەۋرگە تەئەللۇق دەپ قارالغان. يەنە بىر مەنبە خەلق ئارىسىدىكى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاممىباب ئۇسسۇللار ۋە بەزى دىنىي ئۇسسۇللار ئىسلام مۇھىتىدا داۋاملىشىپ كەلگەن. ئۈچىنچى بىر مەنبە، تۆمۈرىيلەر خانلىقى دەۋرىدە يېزىلغان بەدىئىي ئەسەرلەر قىستۇرما رەسىملىرىگە بەزمە ـ تولتۇرۇشلاردا ئويىنىلىۋاتقان بىر قاتار ئۇسسۇل كۆرۈنۈشلىرى بېرىلگەن. ئۇلاردا ھەر خىل جەڭگىۋار ئۇسسۇللاردىن تاشقىرى، نەپىس ئۇسسۇللار ۋە قىزىقچىلىق خاراكتېرىدىكى تەقلىدىي ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر بېرىلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسسۇل تارىخىدا 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە مۇشۇ ئەسىرنىڭ بىز ياشاپ تۇرغان ۋاقىتقىچە بولغان جەريان رەڭدارلىق ۋە گۈللەنگەن دەۋر بولدى. ئۇنىڭ ئاساسىي شەكلى خەلق ئارىسىدا زامان ـ زامانلاردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن ئۇدۇملۇق ئۇسسۇل سەنئەت شەكلىدىن ئىبارەت بولغان بولسا، بەزىلىرى ئەنئەنىۋى ئۇسسۇللار ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن ياكى ئىجاد قىلىنغان. بۇنداق ئۇسسۇللارنىڭ ئاممىباب ئۇسسۇل شەكلىگە «شادىيانە ئۇسسۇلى»، «ئاتۇش ئۇسسۇلى»، «دولان ئۇسسۇلى»، «نازىركوم ئۇسسۇلى» قاتارلىقلار كىرىدۇ؛ دىنىي تۈس ئالغان ئۇسسۇللاردىن «ساما ئۇسسۇلى» (بۇنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى ئاممىباب ئۇسسۇلدۇر)، «چىراغ ئۇسسۇلى»، «پېرە ئۇسسۇلى»، «ئوت ئۇسسۇلى» قاتارلىقلار بار؛ يۇرۇشلەشكەن كۆللېكتىپ ئۇسسۇللار تۈرىگە قەشقەر سەنىمى، ئاتۇش سەنىمى، قاغىلىق سەنىمى، كۇچا سەنىمى، دولان سەنىمى، كورلا سەنىمى، قومۇل سەنىمى، ئىلى سەنىمى، مەشرەپ قاتارلىقلار كىرىدۇ. ①

---

① ئايتوللا: «ئۇيغۇر ئۇسسۇللىرىنىڭ تارىخى تۈرلىرى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى.

ئۇسسۇل سەنئىتى كۈچلۈك ئېستېتىك تەسىر قىلىش كۈچىگە ئىگە. ئۇسسۇل سەنئىتى باشقا سەنئەت شەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆزىنىڭ ئوبراز يارىتىش، ھېسسىيات ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى، كەڭ مەنىلىك ھەرىكەت شەكلى ئارقىلىق تۇرمۇشنى، پىكىر ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ، مۇئەييەن ئىجتىمائىي تەسىر ۋە ئېستېتىك تەسىر پەيدا قىلىدۇ. مۇنداق ئىجتىمائىي ۋە ئېستېتىك تەسىر ئىنساننىڭ ئۆز-ئۆزىنى ئاڭ ئارقىلىق بىلىشى، مىللىي پىسخىك ئامىللارنى شەكىللەندۈرۈش ۋە مىللىي مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنى بېيىتىش، مىللەتنىڭ ئېتنولوگىيىلىك ئۇيۇشۇش كۈچىنى قويۇلدۇرۇش، مىللەتلەر ئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تەربىيىلەش، ھارغىنلىقنى چىقىرىپ ئېستېتىك ھۇزۇر بېرىش، روھنى ئۇرغۇتۇش ۋە داۋالاش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.[1]

## 5. سېركچىلىك

غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى زامان سەنئەتچىلىرى سېركچىلىك-سېھىرگەرلىك ھەرىكىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. سېركچىلىك ئىپتىدائىي سېھىرگەرلىك ھەرىكىتىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرى قىيا تاش رەسىملىرىدە كۆرۈلىدۇ. ئالتۇنتاغ رايونى مۆلچەر دەرياسى بويىدىكى قىيا تاش رەسىملىرىدە ئۇزۇن مۈڭگۈزلۈك ھايۋان سىياقىدا ياسىنىۋالغان، قانات-قۇيرۇق بېكىتىۋالغان، موللاق ئېتىشقا تەييارلىنىپ سەكرەۋاتقان، پۇت-قولىنى كېرىپ ھەرىكەت قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان ئادەملەر ھەم ئادەم باشلىق، ھايۋان تەنلىك ئوبرازلار بار. قۇرۇقتاغ قىيا تاش رەسىملىرىمۇ شۇنداق سېرك ئويۇنى ئويناۋاتقان كۆرۈنۈش بارلىقى دەلىللەنمەكتە. مەسىلەن، بىر رەسىمدە بىر ئادەم چېپىپ كېتىۋاتقان تۆگە ئۈستىدە تىك ئۆرە تۇرۇپ، ئىككى قولىنى كەڭ كېرىپ، ئاللىقانداقتۇر قىزىق بىر خىل سېرك ئويۇنى ئويناۋاتقانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. يەنە بىر رەسىمدە، بەستلىك بىر ئادەم ئىككى پۇتىنى سەل كېرىپ، سول قولى بىلەن بىر ئادەمنىڭ بېشىنى يەرگە، ئىككى

① ئا. مۇھەممەد ئىمىن: «قالاملىق ئېستېتىكا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994-يىلى نەشرى، 336-بەت.

پۇتىنى ئاسمانغا قارىتىپ، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرغان، ئۈستىدىكى ئادەم ئىككى قولى بىلەن پەستىكى ئادەمنىڭ بىر قولىنى چىڭ تۇتۇپ، باش ۋە بېلىنى تۈز قىلىپ، ئاسمانغا قارىتىلغان ئىككى پۇتىنى چىرايلىق ھەرىكەت شەكلىدە ئېگىپ تۇرغان. ئۆرە تۇرغان ئادەمنىڭ بېشىدا يەنە بىراۋنىڭ پۇتىنى ئاسمانغا، بېشىنى يەرگە قارىتىپ قىزىقارلىق سېرك ئويناۋاتقان بىر كۆرۈنۈش بېرىلگەن.①

غەربىي يۇرتنىڭ سېركچىلىكى توغرىسىدا قەدىمكى ھۆججەتلەردىمۇ يېتەرلىك خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. «لېيزى» («列子») دېگەن كىتابنىڭ 5 - جىلدىدا، جۇ سۇلالىسىنىڭ مۇۋاڭ دېگەن پادىشاھىنىڭ قۇرۇم تېغىغا چىققىنىدا شۇ يەرلىك سېركچىلەر ئوينىغان سېرك ئويۇنلىرىنى كۆرگەنلىكى يېزىلغان. بۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 10 - ئەسىرلەردىكى گەپ. بەن گۇ يازغان «خەننامە. جاڭ چيەن تەزكىرىسى»دە، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا سېرك - سېھىرگەرلىك بارلىقى يېزىلغان. تاڭ سۇلالىسى تارىخشۇناسى دۇيۇ (مىلادىيە 735 — 812 - يىللار) يازغان «قانۇنلار قامۇسى» («通典») ناملىق كىتابتا: «تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، سېركچىلىك غەربىي يۇرتتىن چىققان» دېيىلگەن. فاڭ شۈەنلىڭ يازغان «جىننامە. لۈگۇاڭ تەزكىرىسى»دە، يەنە جىن خانلىقى زامانىسى (غەربىي جىن خانلىقى 265 — 316 - يىللار، شەرقىي جىن خانلىقى 317 — 420 - يىللار كۆزدە تۇتۇلغان) دا كۇسەندىكى سېرك ئويۇنى توغرىسىدا سۆزلەنگەن.

غەربىي يۇرتتىكى قەدىمكى ئىزلاردىن ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىشتا بايقالغان سېركچىلىككە دائىر قونچاقلار ئوبرازىدىمۇ ھەر خىل سېرك ئويۇنلىرى ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن سېرك ئويناۋاتقان «سېركچى قونچاقلار»دىن خېلى كۆپ تېپىلغان. بۇلارنىڭ بىرى بېشىدا ئېگىز بىر خادىنى تىك تۇرغۇزۇپ، ئىككى غۇلىچىنى كەڭ كېرىپ (بىر قولى سۇنۇپ كەتكەن)، تىزلىنىپ ئولتۇرغان جايىدىن ئاستا ئۆرە تۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقان، بۇ سېركچى ماھىر سەھنە ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان شىرە ئۈستىدە بولۇپ،

① «يىپەك يولىنىڭ تەسۋىرىي سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 159 - بەت.

ناھايىتى زېرەكلىك ۋە چەم بىلەن قىزىق سېرك ماھارىتى كۆرسىتىۋاتقان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن. يەنە ئىككى سېركچى قونچاقنىڭ بىرى سوزۇلغان ئىككى قولىدا يەرگە تايىنىپ، ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كەينىدىكى مۈرە ئېگىزلىكىدىكى توسۇقتىن كەينىچە تىك موللاق ئېتىپ ئۆتۈشكە تەمشىلىۋاتقان جىددىي ھالىتى تەسۋىرلەنگەن. يەنە بىر ساقال ـ بۇرۇتلۇق قېرى سېركچى قونچاق (بىر قولى مۈرىسىدىن سۇنۇپ كەتكەن) بىر پۇتىنىڭ ئۇچىدا يەرگە دەسسەپ، بىر پۇتى ۋە قولىنى تۈز، ئۇزۇن سوزۇپ، سول تەرەپكە قاراپ قۇيۇندەك تېز پىرقىراۋاتقان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن.

كۇچادىن تېپىلغان ئاسار ئەتىقىلەر ئىچىدە بىزنى قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدىغان يەنە بەزى پاكىتلارمۇ بار. بۇ يەردە تىلغا ئالماقچى بولغىنىمىز ئىككى پارچە رەسىم بولۇپ، ئۇ ئويۇن ئويناۋاتقان كۆرۈنۈش چۈشۈرۈلگەن جەسەت كۆلى كومزىكىدىن ئىبارەت. بۇنىڭ بىرىنى ياپونىيىنىڭ ئوتانا شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى 1906 ـ يىلى قولغا چۈشۈرۈپ، 1957 ـ يىلى بۇ ھەقتىكى ئاخبارات ماتېرىيالىنى ئېلان قىلغان. يەنە بىرىنى فرانسىيىلىك پېللىئوت يېتەكچىلىكىدىكى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى 1907 ـ يىلى قولغا چۈشۈرگەن. ياپونىيىلىكلەر قولغا چۈشۈرگەن كومزەكتە بىرقانچە كىشىنىڭ مەيداندا ئويۇن كۆرسىتىۋاتقان كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ئادەم يۈزىگە نىقاب تاقىۋالغان، رەڭگارەڭ كىيىم كىيگەن بولۇپ، دراما ئويناۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. كېيىنكى كومزەكتە تۆت ئادەمنىڭ رەسىمى بولۇپ، ئۇلارمۇ نىقاب تارتىۋالغان، رەڭگارەڭ كىيىم كىيگەن بولۇپ، ئالدىنقىسى بىلەن ئوخشاش. بۇلار قەدىمكى تارىم بوستانلىقى ئەتراپىدىكى خانلىقلاردا دراما (ياكى سېركچىلىك) ئوينالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.① سەنئەت تەتقىقاتچىلىرى شۇنىڭغا ئىشىنىدىكى، سەھنە ئويۇنلىرى، دراما ـ كومېدىيە، سېرك ـ سېھىرگەرلىك مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن باشلاپ شىنجاڭدا ئەۋج ئېلىپ، بارغانسېرى ئومۇملىشىپ، ئاممىۋىلىشىپ ئۆزىنىڭ ھاياتى

① «شىنجاڭنىڭ دراممىچىلىق مەدەنىيىتى»، 1988 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشر مەتبەئەلىك نۇسخا، 1 ـ توپلام، 147 ـ، 148 ـ بەتلەر، ئۈرۈمچى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى دراما تەتقىقات گۇرۇپپى.

كۆچىنى نامايان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوتتۇرا جۇڭگونىڭ سەنئەت ساھەسىگە كۆچلۈك تەسىر قىلىپ، چوڭ دەبدەبە پەيدا قىلغان. بۇ ھەقتە تەتقىقاتچىلارنىڭ مۇنداق خۇلاسە خاراكتېرىدىكى بايانى بار: «قەدىمكى غەربىي يۇرت سېرك ــ سېھىرگەرلىكىنىڭ شەرققە سىلجىشىنى جۇڭگو سېھىرگەرلىكىنىڭ باشلىنىشى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. غەربىي يۇرت ۋە ئۇنىڭغا تۇتاش رايونلار قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيىتى ئەڭ تەرەققىي قىلغان ۋە ئاساسلىق دىنلار ئەڭ ئاۋۋال روناق تاپقان رايون ھەم دۇنيا سېرك ــ سېھىرگەرلىكىنىڭ يۇرتى.»①

غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى زامان سېركچىلىك ئىشلىرىدا سانسىزلىغان خەلق سېركچىلىرى ئۆزىنىڭ قان ــ تەرىنى ئاقتۇرۇپ، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان. ئۇلارنىڭ ئېگىلمەس ــ سۇنماس ئىرادىسى ۋە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش روھىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن شىنجاڭنىڭ سېركچىلىك ئىشلىرى شىنجاڭ چېگراسىدىن ھالقىپ، قوشنا رايونلار، جۈملىدىن ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا سېركچىلىك سەنئىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە شەكىللىنىشىگە، راۋاجلىنىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن.

غەربىي يۇرتنىڭ سېركچىلىك تارىخىنىڭ ئۇزۇن، كۆلىمىنىڭ چوڭ بولۇشىغا قارىماي، سېركچىلىك تارىخىدا نام ــ نىشانى خاتىرىلەردە ساقلىنىپ قالغانلىرى بەك ئاز. بۇلاردىن قەدىمكى سۇلې بەگلىكىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن فىي چېڭئېننىڭ سېركچىلىك ماھارىتى توغرىسىدا ئۇچۇرلار ساقلانغانلىقى مۇھىم بىر ھادىسە. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان ئاپتورلاردىن سۈي لىڭچۈننىڭ «ئوقۇتۇش يۇرتى خاتىرىسى» قاتارلىق كىتابلاردا فىي چېڭئېننىڭ داڭلىق سېھىرگەر ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن. ئېيتىلىشىچە، فىي چېڭئېن سەھنىدە ئويۇن كۆرسەتكەندە، ھەر خىل مەخلۇقلارغا ياكى باشقا نەرسىلەرگە ئۆزگىرەلەيدىكەن، ياغاچ يەپ ئاغزىدىن ئوت چىقىرالايدىكەن، پىچاق خەنجەرلەرنى ئاغزىدىن يۇتۇپ دۈمبىسىدىن ئۇچىنى چىقىرالايدىكەن، ئادەم ۋە ئاتلارنى پارچىلاپ ئىككى پارچە قىلىپ يەنە ئەسلىي ھالىتىگە كەلتۈرەلەيدىكەن، سۇ (كۆل، كۆلچەك سۇلىرى) ئۈستىدە

① لو شاۋۋېن: «غەربىي يۇرت سېركچىلىكىنىڭ شەرققە تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە 1988 ــ يىللىق 5 ــ سان، 62 ــ بەت.

نىلۇپەر گۈلى قاتارلىقلارنى پەيدا قىلالايدىكەن ھەمدە سۇ ئۈستىدە يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان ئوت پەيدا قىلىپ، تاماشىبىنلارنى ساراسىمىگە سالالايدىكەن.

غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى سېھىرگەرلىك سەنئىتىگە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سەر خىل سېھىرگىچلىرى ھەقلىق يوسۇندا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭ شانۇ شۆھرىتىنى ئالەمگە ياياقتا. قۇربانجان، ئەنۋەر، ئادىل ھوشۇرغا ئوخشاش سېھىرگەر ۋە دارۋازلار سېھرىي ماھارىتىنى كۆرسىتىشمەكتە.

## § 2 . تەنتەربىيە

تەنتەربىيە — ئادەم پائالىيىتىنى جانلاندۇرىدىغان، تېتىك، شوخ، جۇشقۇن خاراكتېرگە ئىگە قىلىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىگە ئىشىنىش، مىللىي ھېسسىيات، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە غۇرۇرنى ئاۋلاش ۋە ئۆستۈرۈشتە ئالاھىدە رول ئوينايدىغان مۇھىم پائالىيەت. تەنتەربىيە پائالىيىتى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدىن كەلگەن. يەنى قەدىمكى ئىنسانلار ھاياتىنى ساقلاش ۋە كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئوۋ ئوۋلاش، يەنى سالغا تاشلاش، تاش ئېتىش، كالتەك - چوماق ئىشلىتىش، ئوقيا ئېتىش، يۈگۈرۈش، ئېلىشىش ۋە چېلىشىش، مۇشتلىشىش، ھايۋانلارغا مىنىش، نەيزە ئۇرۇش، قىلىچ - پىچاق ئىشلىتىش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنى قىلغان. مەدەنىي ھاياتقا بۇرۇنراق قەدەم تاشلىغان خەلقلەردە يۇقىرىقىدەك بەزى ئىپتىدائىي پائالىيەتلەر تەدرىجىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىگە ئايلىنىپ قالغان. بەزىلىرى ئۇرۇش - جەڭلەردە ئۆز ئارا كارامىتىنى كۆرسەتكەن ۋە ئۆز ئېلى ھەم خەلقىنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىنى قوغداشتا كەم بولسا بولمايدىغان قوغدىنىش ۋاسىتىسىگە ئايلانغان.

بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە، بەزى چەت، ئىچكىرى، ئورمانلىق، تاغلىق رايونلاردا ياشايدىغان ئىپتىدائىي قوۋملاردا ئوقياچىلىق، سالغا ۋە ئارقان تاشلاش، نەيزە ئىشلىتىش قاتارلىقلار ئۆز تۇرمۇشىنى قامداشنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت شەكلى بولۇپ كېلىۋاتقاندىن باشقا،

مەدەنىي خەلقلەردە كۆڭۈل ئېچىش، ئاھالىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىشىدىكى مۇھىم ۋاسىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

تەنتەربىيە ئىپتىدائىي تەنتەربىيىدىن راۋاجلىنىپ، ئۇزاق تارىخىي جەريانلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، بۈگۈنكى كۈندە غايەت زور دەرىجىدە ئاممىۋىلىققا، دائىملىققا ئايلىنىپ، بىر مىللەت، بىر دۆلەتنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، شانۇ شەۋكىتى ۋە كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان ئىجتىمائىي سىياسىي پائالىيەتكە ئايلىنىپ كەتتى.

شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ قەدىمكى ۋە باي تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئەسلەش، بىلىش ۋە ئۇنىڭ ئىلغار تەركىبلىرىنى جارى قىلدۇرۇش ھەم ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش بۈگۈنكى شىنجاڭ تەنتەربىيىسىنىڭ يۈكسىلىشىدىكى مۇھىم بىر مەنبە.

ئەجدادلارنىڭ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدىن ئەڭ قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپلىرى ئوقياچىلىق بولۇپ، بۇنىڭ ماددىي ۋە يازما تارىخىي ئاساسى يېتەرلىك ساقلانغان. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تاش، مىس، سۆڭەك ۋە تۆمۈردىن ياسالغان ئوقيانىڭ ھەر خىل مۇناسىۋەتلىك سايمانلىرى تېپىلدى. بۇنداق ئوقيا قالدۇقلىرى قەدىمكى ئىزلار، قەبرىلەر ۋە باشقا جايلاردىن تېپىلغان. قۇرۇم تاغلىرىنىڭ جەنۇبى، مۆلچەر دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى قىيا تاشقا ئويۇلغان ئوۋچىلىق رەسىمى، 1980 - يىلى ئىلىنىڭ نىلقا ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قىيالىقلارغا ئويۇلغان ئوۋچىلىق رەسىملىرى① ئەجدادلارنىڭ ئوقياچىلىق ماھارىتىنى ئوبرازلىق ۋە جانلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ. بۇنداق رەسىملەر قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىمۇ بايقالغان.

شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى قوۋملار ئوقيانىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كۆپ باش قاتۇرغان. بۇ ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن ئوقيا ئەۋرىشكىلىرىنىڭ ھالىتىدىن بىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى سىما چيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى» دىكى ھون تەڭرىقۇتى مودۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئاۋازلىق ئوقيا كەشىپ قىلىپ چىققانلىقى توغرىسىدىكى

① «شىنجاڭ مىللىي تەنتەربىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىلى نەشرى، 1 - قىسىم، 34 - بەت.

تەپسىلىي بايانىدا ئىسپاتلانغان.

شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى قوۋملار ئوقياچىلىق ئىشلىرىغا بەك ئەھمىيەت بەرگەن. سىما چيەن «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى»دە مۇنداق يازغان: ھونلارنىڭ «باللىرى قوي مىنىپ، ئوقيا ئېتىپ، قۇشقاچ، چاشقان ئوۋلايتتى. سەل چوڭ بولغاندا بولسا تۈلكە، توشقان ئېتىپ ئوزۇقلىناتتى. ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ئەرلەر قاۋۇل، مەرگەن بولۇپ، ئۇلار تولۇق قوراللانغان چەۋەندازلار ئىدى... ئۇلارنىڭ تەبىئىتى مانا شۇنداق ئىدى... ئۇلار يىراقتا ئوقيا، يېقىندا قىلىچ، نەيزە ئىشلىتەتتى.»①

مۇنداق مەرگەنلىك قەدىمكى تۈركلەر، ئۇيغۇرلار، موڭغۇللار، قىرغىزلار، قازاقلاردا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن.

«ئوغۇزنامە»، «ماناس» قاتارلىق ئېپوسلاردا ۋە ئۇيغۇر، موڭغۇل، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ رىۋايەت، چۆچەك، داستان، قىسسەلىرىدە ئوقيا مەرگەنلىكى باش قەھرىمانلارنىڭ ئاساسلىق خاراكتېرىنى ئېچىپ بەرگۈچى تەسۋىر بولۇپ، بۇ تارىخىي رېئاللىقتىن ئېلىنغان بەدىئىي تەسۋىر.

ئوقياچىلىقتىن قالسا چەۋەندازلىقنىڭ تارىخىمۇ بەك ئۇزۇن. بۇنداق بولۇشى ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تارىخىي پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئات ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆندۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ كۆندۈرۈلۈش تارىخى 10 مىڭ يىلدىن ئاشىدۇ.②

ئاشۇ يىراق دەۋردىن باشلاپ تا پار ماشىنىسى ۋە ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى ئومۇملىشىشقا باشلىغان 19 — 20 ـ ئەسىرگىچىلىك ئات ئىنسانىيەتنىڭ ئاساسلىق قاتناش ۋاستىسى ۋە باشقا ئىشلاردىكى مۇھىم ھەمراھى بولۇپ كەلگەن. ئوتتۇرا ئاسىيادا يارىتىلغان بىر قاتار مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئات بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئالىملار «ئوتتۇرا ئاسىيا — ئات ئۈستى مەدەنىيىتى» دېگەن ئوبرازلىق ئىبارىنى قوللىنىشقا ھېرىسمەن بولغان.

ئەجدادلار ئات مىنگەندە ئوقيا ئېتىش، قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق، سالغا تاشلاش، ئارقان تاشلاش، كالتەك ئويناش

---

① «تارىخىي خاتىرىلەر»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 391 ـ بەت.
② چيەنداۋ شىنىس (ياپونىيە): «يىپەك يولىدىكى 99 سىر» گە قاراڭ، ئۇيغۇرچە نەشرى.

(ئىشلىتىش)، پاربدارلارنى توشۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان. يېقىنقى دەۋرلەرگىچە ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىدا ئات ئۈستى ھەرىكەتلىرىدىن ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىش، دەغنەك (چەۋگەن) ئويۇنى، ئات ئويۇنى، يورغا ئات بەيگىسى، ئاتلىق تاسما تارتىش، ئاتلىق كۆچ سىناش، ئاتلىق توڭگۇز ئوۋلاش ئويۇنى، ئاتلىق سالما تاشلاش ئويۇنى، ئاتلىق ئوقيا ئېتىش، ئاتلىق قوبۇق ئېتىش، ئاتلىق يەردىن تەڭگە ئېلىش، قىزقوغلاش، ئاتلىق مىلتىق ئېتىش قاتارلىق شەكىللىرى داۋاملىشىپ كەلگەن.[1]

ئات بەيگىسى. بۇ ئاتنىڭ سەر خىللىرىنى تاللايدىغان، يىگىت-قىزلارنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلايدىغان بىر خىل ھەرىكەت. ئەجدادلار كۆپ پائالىيەتلەرنى ئات ئۈستىدە ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، ئات چاپتۇرۇش، يۈگۈرۈك ئاتلارنى تاللاش، ئاتلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش، سورتلۇق ئاتلارنى يېتىشتۈرۈش، تۇرگە ئايرىش، كۆندۈرۈش، ياشلارنى چەۋەندازلىقتا تەربىيىلەش قاتارلىقلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بۇلار تەبىئىي يوسۇندا ئات بەيگىسى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ قالغان. ئىلگىرىكى چاغلاردا شىنجاڭنىڭ جاي-جايلىرىدا يېزىلار، ناھىيىلەر ئارا كەڭ دائىرىدە قىزغىن ئات بەيگىلىرى ئېلىپ بېرىلغان. بەيگىدە ئۈتۈپ چىققانلار ئالاھىدە ئالقىشلانغان ۋە ئات، ئوغلاق، تون ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن مۇكاپاتلىنىپ، جاسارىتىگە ئىلھام بېرىلگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ پائالىيەت بەزىدە توختاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىنىۋاتىدۇ. بۇ ھەرىكەت ئۇيغۇرلاردا يىگىتلەرنى ئاساس قىلغان. ئات بەيگىسىدىن باشقا «ئوغلاق تارتىش»مۇ ئاتلىق ئېلىپ بېرىلغان.

دارۋازلىق. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت تۈرى، شۇنداقلا شىنجاڭ تەنتەربىيىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى. دارۋازلىق خەن سۇلالىسى زامانىسىدىلا شىنجاڭدا بار بولۇپ، ئەينى زاماندا ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا يېتىپ بارغان.[2] خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھۆججەتلەردە «تاندا مېڭىش» (走索)، «غەربىي ئاستانە نەزمىسى»-

---

① «شىنجاڭ تەنتەربىيىسى تارىخ ماتېرىياللىرى»، 1988-يىلى 1-توپلام، 205-بەت.

② جۇ چىڭباۋ: «يىپەك يولى سەنئىتى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 407-بەت.

«西京赋»گە قاراڭ)، «يۇمشاق تانىدا مېڭىش» (走软索،
«شەيئىلەرنىڭ ئەسلىي زاتى — «事物原始» ناملىق كىتابقا قا-
راڭ)، ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي خانلىقلار زامانىسىدا «ئارقان
سېرىكچىلىكى» («绳伎»)، «تاڭ سۇلالىسى سۆزلۈكى — «唐语林»
ناملىق كىتابقا قاراڭ)، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «ئارغامچىدا مې-
ڭىش» (踏索، «مۇزىكىنامە» — «乐书» ناملىق كىتابقا قاراڭ)،
مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «ئېگىزلىكتە مېڭىش» (高絙، «ئۈچ جەزب-
لىك كۆرۈنۈش — «三才图会» ناملىق كىتابقا قاراڭ) دەپ
ئاتالغان. ئومۇمەن، خەنزۇچە ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، دارۋازلىق
غەربىي يۇرتتا كېلىپ چىققان بولۇپ، ھەرقايسى سۇلالىلەر مەزگىلىدە
شىنجاڭلىق دارۋازلار ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا بېرىپ ماھارەت كۆر-
سەتكەندە، قىزغىن ئالقىشلىنىپ كەلگەن. شائىرلار بەس - بەستە
نەزمىلەر پۈتۈشكەن. بۇ ئويۇن شىنجاڭدىمۇ قىزغىن ئويناپ تۇرۇلغان.
تۇرپان ئاستانىدىن ئارخېئولوگىيىلىك قېزىۋېلىنغان، مى-
لادىيە 7 — 8 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق قەبرىلەر ئىچىدە بەزى ھەيكەل-
لەر بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىدە تەڭشەك خادىسىنىڭ ئۈچىدا پۇتىنى قاي-
رىپ، ئاسمانغا قارىتىپ تۇرغان بىر جۈپ ھەيكەل بار. 11 - ئەسىر-
نىڭ تىلشۇناسى مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» تە، «يىپلا-
دى» دېگەن سۆزنى «دارۋازلىق قىلدى» دەپ، «ئەر يىپلادى» دېگەن
جۈملىنى «ئادەم دارۋازلىق قىلدى، يەنى ئارغامچا ئۈستىدە ئوينىدى». ①
دەپ يەشكەن. «نىزامۇتتەۋارىخ» ناملىق كىتابتا، تۇغلۇق تېمۇرخان
زامانىسىدا دارۋازلىق ھەرىكىتى تازا ئەۋج ئالغان بولۇپ، بۇ خىل
ھەرىكەتنى ئېرشات، دىرشات دېگەن ئىككى يىگىت ئۆز شاگىرتلىرى
بىلەن ئويناپ ماھارەت كۆرسەتكەنلىكى يېزىلغان. ②
چىڭ سۇلالىسى زامانىسىدا دارۋازلىق ھەققىدە مۇنداق مەلۇماتلار
بار: چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان مۇئەللىپ جىيا ۋېي «يەن پۇ
خاتىرىلىرى» ناملىق كىتابتا، چيەنلۇڭ خانىنىڭ بېيجىڭدا ئۇيغۇر
دارۋازلىرىنىڭ دارۋازلىق ماھارىتىنى كۆرگەنلىكى توغرىسىدا ئەسلەت-
مە قالدۇرغان. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، «دارۋازلار تىكلەنگەن موما

① مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» I توم، 421 - بەت.
② ياسىن قاسىم: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسى دارۋازلىق توغرىسىدا»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1985 - يىل 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىكى سانى.

ياغاچقا تارتىلغان ئۇزۇن ئارقان ئۈستىدە قولىغا تەڭشەك ياغىچىنى ئېلىپ، ئېغىپ كەتمەي، ئۇدۇل ئاختىپەرگە چىقالاتتى. بەزىدە بىر پۇتى بىلەن ئارقاننى دەسسىسە، يەنە بىر پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرەتتى، ناخشا ئېيتىپ، خېلى ۋاقىتتىن كېيىن قايتىپ چۈشەتتى» دېيىلگەن.

يەنە بىر ئۇچۇر مۇنداق: بۆلگۈنچى جاھانگىر خوجا 1826 - يىلى قەشقەرنى ئىگىلەپ تۇرغان چېغىدا بەشكېرەم بەگلىكىنىڭ بېگى نۇرمۇھەممەد ئاخۇنۇم چۇمبۇستىكى ئۆزىنىڭ شەخسىي باغ - ھويلىسىغا مېھمانغا چاقىرغان تۇرسۇن دارۋاز دېگەن كىشىنى دارۋازلىق ماھارىتىنى كۆرسىتىشكە تەكلىپ قىلىپ، مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئالغانىكەن.

دېمەك، دارۋازلىق مانا مۇشۇنداق ئۇزۇن بىر تەرەققىيات دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، بۈگۈنكى كۈنگە يېتىپ كەلگەن. ئۇيغۇر دارۋازچىلىقىنى زامانىمىزغىچە يەتكۈزۈپ كېلىشتە ئاجايىپ تۆھپە ياراتقان كۆپلىگەن مەشھۇر دارۋازلار ئۆتكەن، بۇلارنىڭ نەمۇنىلىك ۋەكىللىرى:

ھاشىم ھاجى (1868 — 1953 - يىللار) خوتەننىڭ قاراقاش ناھىيىسىدىن بولۇپ، ئابدۇللا ئاخۇن دېگەن مەشھۇر سەنئەتكار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، كىچىكىدە دادىسىدىن سازەندىلىكنى ئۆگەنگەن. 15 يېشىدىن كېيىن چامباشچىلىق، يەر يۈزى ماھارىتى، چەۋەندازلىق، ئات ئۈستى ماھارىتى، ھاۋا بوشلۇقى ماھارىتى، ھەييارلىق (سېرىكچىلىك) ھۈنەرلىرىنى پۇختا ئۆگىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن 17 يېشىدا قاراقاش ناھىيىسىدە مۇستەقىل دار ئويناپ، قالتىس ئالقىشلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ دارۋازلىق ئەترىتىنى باشلاپ، چەت ئەللەرگە سەپەر قىلىپ، رۇسىيە، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان، ئىران، ئىراق، تۈركىيە، مىسىر، سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق ئەللەرگە بېرىپ، ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن دارۋازلىق ماھارىتىنى جاھان خەلقلىرىگە نامايان قىلىپ قايتىدۇ ھەم ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ۋە رەھبەرلىرىنىڭ ماختىشى، ئىنئام بېرىشىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. ھاشىم ھاجى ئىككى قېتىم چەت ئەلگە چىقىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كۇچاغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ، بۇ يەردە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە دارۋازلىق، سازەندىلىك قىلىدۇ. كۇچانىڭ مائارىپ،

تىياتىرچىلىق ۋە ئاممىۋى مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىغا پۈتۈن زېھنىنى سەرپ قىلىدۇ. ئاپقان كىرىمىنىڭ كۆپ قىسمىنى مائارىپ، جامائەت پاراۋانلىقى، خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىغا سەرپ قىلغان.

توختى ئاخۇن، روزى توختى، ھەبىبۇللا روزى، مۇسا ھەبىبۇللا، ھوشۇر مۇسا قاتارلىق بەش ئەۋلاد دارۋازلار ئائىلىسى ئۇيغۇر دارۋازچىلىقىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە زامانىمىزغا ئەكېلىشتە، 400 يىلدىن ئارتۇق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، تارىختا مەڭگۈ ئايدىڭ بولىدىغان تۆھپە ياراتتى. مىلادىيە 1997 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چاڭجياڭ دەرياسىدىكى ئۈچ بوغۇزنىڭ كۈيمىن ئېغىزىدا تارتىلغان، جەنۇب تەرىپىنىڭ دەريا يۈزىدىن ئېگىزلىكى 402 مېتىر، باشلىنىش نۇقتىسى بولغان شىمال تەرەپنىڭ دەريا يۈزىدىن ئېگىزلىكى 377 مېتىر، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 440.75 مېتىر بولغان پولات سىمدىن 13 مىنۇت 48 سېكۇنت 79 دەقىقىدە مېڭىپ ئۆتۈپ، كانادالىق كوچىرانىڭ 53 مىنۇت 10 سېكۇنتلۇق رېكورتىنى زور دەرىجىدە بۇزۇپ تاشلاپ، مۇشۇ تۈردە دۇنياۋى مۆجىزە ياراتقان ئادىل ھوشۇر ئاشۇ دارۋازلار ئائىلىسىنىڭ 6 ـ ئەۋلادى.

دەغنەك ئويۇنى. بۇ چەۋگەن ئويناش دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ، ئاتقا مىنىپ ئوينىلىدىغان بىر خىل ئويۇننى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيان شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي يۇرتتا ئوينىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق ھەر خىل مەلۇماتلار ساقلانغان. تاڭ سۇلالىسى زامانىسىدا تۈرك قوشۇنلىرى مىلادىيە 626 ـ يىلى چاڭئەنگە بارغاندا تاڭ تەيزۇڭغا دەغنەك ئويۇنى كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ تارىخىي خاتىرىلەردە بايان قىلىنغاندىن باشقا، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر رەسسام «كىچىك كۆۋرۈك يېنىدا ئىتتىپاق تۈزۈش»تە بۇ خىل كۆرۈنۈش جانلىق تەسۋىرلەنگەن. بۇ رەسىمنىڭ ئاپتورى چىلىڭ جىزى بولۇپ، ئۇ ئۆز رەسىمىدە دەغنەك ئويناۋاتقان ئىككى نەپەر ماھىرنىڭ ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ئات ئۈستىدە پىرقىراپ كېتىۋاتقان توپنى قوغلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سۈرەتلىگەن. ئۇنىڭدا ھەرىكەت شۇنچە جانلىق ئوخشىتىپ سىزىلغان.

1972 ـ يىلى تۇرپان ئاستانىدىكى بىر قەدىمىي قەبرىستانلىقتىن دەغنەك ئويناۋاتقان بىر دانە رەڭلىك لاي قونچاق تېپىلغان بولۇپ،

ئۇ قونچاقنىڭ ئېگىزلىكى 37 سانتىمېتىر. ئۇنىڭدا ئات تۇپى كالتىكى بىلەن توپ ئۇرۇۋاتقان بىر چەۋەندازنىڭ ئوبرازى سۈرەتلەنگەن. ئۇ بېشىغا سەللە ئورىۋالغان، ئۈچىسىغا توم ياقىلىق ئۇزۇن تون كىيىپ، بۆرۈت قويۇپ، دەقىقىدىكە پۈتۈن دىققىتى بىلەن تىكىلگەن ھالەتتە، بوز ئېتىنى شوخ ئويناتىپ، كۆكتە پەرۋاز قىلدۇرۇۋاتقاندەك ھەيۋەت-لىك تەسۋىرلەنگەن. قونچاق تولىمۇ جانلىق قىياپەتتە ياسالغان بو-لۇپ، ئوقتەك ئېتىلىۋاتقان ئات گەۋدىسى، توپ كالتىكىنى ئويناتى-ۋاتقان بىلەكلەر كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرىدۇ ۋە سۆيۈندۈرىدۇ. دەغ-نەك ئويۇنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا يېتىپ بارغان. ئۇ يەردە بۇ توپ ئوينالغاندا «كۇسەن نەغمىسى»، «لياڭجۇ كۈيى» چېلىنار ئىكەن، چەۋەندازلار پەرغانە ئېتىغا مىنىپ، قولىغا كالتەك ئېلىپ، مەيدانغا چۈشكەن. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندىمۇ بۇ خىل قائىدە داۋاملاشتۇرۇلغان.

«دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»، «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق كىتابلاردىكى بايانلارغا قارىغاندا، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە دەغنەك ئويۇنى داۋاملىق ئوينىلىپ تۇرغان. مەھمۇد كاشغەرى «چۆگەن» دېگەن سۆز-نى «چەۋگەن ئويۇنى»① دەپ، «تەپىق»نى «چەۋگەن بىلەن ئۇرۇپ ئوينايدىغان تويۇق توپ»،② «تالاس» دېگەن سۆزنى «ئات بەيگىسىدە ۋە چەۋگەن ئويۇنىدا مەيداننىڭ چېكىگە تارتىلغان ئارغامچا» دەپ يەشمە بەرگەن بولسا، ③«ئەگىشتى»④ دېگەن سۆزنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، «ئول ماڭا ئەگىشتى — ئۇ ماڭا چۆگەن ئەگىشىپ بەردى⑤ (بۇ يەردە چۆگەن — ئۇچى ئەگرى تاياق مەنىسىدە كەلگەن) دەپ يازغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» (561 – بەت) تە ئادەملەر «چەۋگەننى بىلسۇن» دېگەن مەزمۇندا شېئىرىي مىسرا تۈزگەن.

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا شېئىر يازغان لۇتفى، ئاتائى، ئەلىشىر نەۋائى قاتارلىق مەشھۇر شائىرلار دەغنەك ئويۇنىغا ئالاقىدار تەسۋىر-لەرنى ئۆز شېئىرلىرىدا ئىشلەتكەن.

ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە، دەغنەك ئويۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى

---

①②③④⑤ م. كاشغەرى: «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» I توم، 523 –، 492 –، 474 –، 252 – بەتلەر.

تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن ھىندىستانغا (بابۇر دەۋرىدە) ۋە مىسىرغا (تولۇنخان ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى زامانىسىدا) يېتىپ بارغان. ئىنگلىزلار ھىندىستاندىن بۇ ئويۇننى ياۋروپاغا ئېلىپ بارغان.①

چېلىشىش. بۇ شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى تارىخىي تەنھەرىكەت تۈرى. شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ۋە بۈگۈنكى يېڭى دەۋردە چېلىشىش كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە قىلىندى. مەشھۇر پالۋانلار چىقىپ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ياخشى نەتىجە قازىنىپ، ۋەتەنگە شان - شەرەپ كەلتۈردى.

چېلىشىش شىنجاڭ جۈملىدىن غەربىي يۇرتتا ياشىغان قوۋملار ئارىسىدا قەدىمكى چاغلاردىن باشلاپ ئوينالغان. 1955 — 1957 - يىللىرى شىشەن شەھىرى شاڭلىنغەن دېگەن جايدىكى 140 - نومۇرلۇق قەبرىدىن قېزىۋېلىنغان ئىككى پارچە مىس تاختايدا ئىككى ئادەمنىڭ چېلىشىۋاتقانلىق قىياپىتى چۈشۈرۈلگەن رەسىم بولۇپ، ئالىملار ئۇنى ھەر تەرەپلىمە تەھقىقلەپ، ھونلارغا تەئەللۇق نەرسىلەر، دەپ قاراشقان. بۇ قەبرىستانلىق خەن سۇلالىسى زامانىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئالىملار بۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانلار ھونلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى ياكى ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى بولسا كېرەك، دېگەن پىكىرگە كېلىشكەن.

بۇ ماددىي پاكىتقا ياندىشىپ يازما ماتېرىياللاردىن بەن گۇنىڭ «خەننامە. جاڭ چيەن، لى گۇاڭلى تەزكىرىسى» دە، غەربىي يۇرتتا چېلىشىشنىڭ بارلىقى توغرىسىدا بايان بېرىلگەن. يەنە بىر پاكىت شۇكى، 1983 - يىلى بارچۇق (مارالبېشى) نىڭ چوڭ تىم خارابىلىكىدىن قەدىمكى چېلىشچىلارنىڭ كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن بىر قىزىل ساپال ھەيكەل تېپىلغان بولۇپ، بۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا «83BA. q. G : 041» نومۇر بىلەن ساقلانماقتا. ئىلمىي خادىملار بۇ خارابىنى مىلادىيە 7 — 10 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق، ھەيكەلدىكى رەسىم كاشغەر چېلىشچىلىرىنىڭ كۆرۈنۈشى دەپ قارىماقتا.②

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇلـۇغەتىت تۈرك» ناملىق كىتابى

---

① ياسىن قاسىم: «ئۇيغۇرلارنىڭ دەڭتەك ئويۇنىنىڭ تارىخىي مەنبەسى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ تەنتەربىيىسى تارىخىي ماتېرىياللىرى»، 1981 - يىللىق 1 - توپلام.

② «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، 204 -، 207 - بەتلەر.

( I توم، 477 ـ، 619 ـ بەتلەر) دا چېلىشىشقا دائىر بايانلار بېرىلگەن.

يۇقىرىقى بىر قاتار ئەھۋاللاردىن شىنجاڭدا مىلادىيىنىڭ ئالدى-كەينىدىن تا ھازىرغىچە چېلىشىش پائالىيىتىنىڭ داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

يېقىنقى 200 يىل مابەينىدە چېلىشىش ساھەسىدە بىر قاتار پالۋانلار ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىشىپ چىققان. بۇنى كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە چېلىشىش پائالىيىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. 17ـ ئەسىردە، كاشغەر بەشكېرەم بەگلىكىگە تەۋە تۈرك دېگەن يەردىن نامان ۋە ئامان دېگەن ئاتا ـ بالا ئىككى پالۋان كاشغەر تەۋەسىدە داڭق چىقىرىپ، «يېڭى يەرگە تەگمەس نوچىلار» دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ مەشىق ئۇسۇلى ئىنتايىن ئۆزگىچە بولۇپ، باشلاپ موزاينى توققۇز ۋاخىنلىق شوتىدىن كۆندە بىر قېتىم ئۆگزىگە كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ، چۈشىدىكەن ۋە بۇ ئىشنى يېرىم يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشتۇرىدىكەن. بۇنىڭدىن 200 يىل ئىلگىرى كونەس ناھىيىسىدە ساغىندىق دېگەن بىر پالۋان ئۆتكەن بولۇپ، خەلق ئارىسىدا نامى مەشھۇر بولغان. 19 — 20 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ئاتۇشتىن ھېيت نوچى، كاشغەر ئوپالدىن پەتتار پالۋان، كاشغەر كوناشەھەر ناھىيە يېڭىئۆستەڭ يېزىسىدىن ھامۇت پالۋان، مامۇت پالۋان، بەشكېرەم يېزىسىدىن ساتتار پالۋان دېگەن نامدار پالۋانلار ئارقا ـ ئارقىدىن چېلىشىش سورۇنلىرىدا داڭق چىقارغان. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كاشغەر كوناشەھەر ناھىيە قوغان يېزىسىدا تۇرغۇن ئاخۇن دېگەن بىر چېلىشچى ئۆتكەن بولۇپ (ھازىرمۇ ھايات)، ئۇ بىر سورۇندا بىر بۇقىنى ئارغامچا ئىشلەتمەي يىقىتىپ بېسىۋېلىشنى ئۆتۈشۈپ، تەمبەل بۇقىنى يىقىتقىنى ئۈچۈن ھازىرغىچە ئۇنى يۇرتداشلار «تۇرغۇن كالىۋاستى» (تۇرغۇن كالا باستى) دەپ ئاتىشىپ كەلمەكتە.

ئابلىز توقسۇن شىنجاڭدا نامى مەشھۇر پالۋانلارنىڭ بىرى، ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە كۈچلۈك پالۋانلارنى يېڭىپ نام چىقارغان. بۇ مەزگىلدە يەنى 1949 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ۋە 5 ـ ئايدا شىخو ۋە غۇلجىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇسابىقىلەردە ئابلىز توقسۇن، ھېزىم موللا، مامۇت، ئابدۇقادىر ئەبەيدۇللا، ئامانبەگ، رەخمىتۇللا،

بارات پالۋان، پولات قاتارلىق ئەزىمەتلەر ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ قالتىس ئالقىشلانغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، چېلىشىش ئىشلىرى شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق تەنتەربىيە تۈرى بولۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى.

ساغاردى ئويۇنى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت تۈرلىرىدىن بىرى. ئۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 — 2 - ئەسىرلەردىكى تارىخنى سۈرۈشتۈرۈش ئىمكانىيىتى بار. بۇ خىل تەنھەرىكەت تۈرى چىن ۋە خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە شىنجاڭدىن ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا بېرىپ، خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئوردىدىكى مۇھىم تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. ئاشۇ زاماندىن باشلاپلا ھەرقايسى دەۋرلەردە يېزىلغان خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە ساغاردى ئويۇنى توغرىسىدا مۇھىم ئۇچۇرلۇق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

شىنجاڭنىڭ تەنتەربىيە تارىخى سانسىزلىغان ئەزىمەتلەر جان تىكىپ ئىشلىشقان، ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىگەن، شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن تارىخ. تەنتەربىيە ئەزىمەتلىرى كۆپ ھاللاردا ئۆز ماھارىتىنى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىۋەتكەن. ھېرىش - چارچاشتىن، خېيىمخەتەردىن قورقماي مەشىق ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ جىسمانىي كۈچ - قۇۋۋىتىنى تاۋلىغان، جۇشقۇن - چېچەنلىكىنى ئاشۇرغان. گېزى كەلگەندە ئەل - يۇرتىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن، ئات مىنىپ جەڭگە ئاتلىنىپ، چەۋەندازلىق ماھارىتىنى ئىشقا سالغان، رەقىبلىرىنى چەبدەسلىك بىلەن قاماللاپ، بەلدىن تولغاپ ئېلىپ ئۇجۇقتۇرغان. ئوغۇزخان، ماناس، قۇبلاندى قاتارلىق يېرىم ئادەم، يېرىم ئەپسانىۋى قەھرىمانلار دائىم بوز ئايغىر ئاتقا مىنىپ، ئوقيا ۋە نەيزە، قىلىچلىرىنى ئېلىپ، سەپنىڭ ئالدىدا مەغرۇر يۈرۈپ، قەبىلىداشلىرىنى ھۆرلۈك، بەخت - سائادەت پەيتلىرىدىن ئۇزۇنراق بەھرىمەن قىلىشقا كۈچ چىقارغان. تېگىن ئەركىن، بۇسات، كۆل بىلگە قىدىرخان، سۇتۇق بۇغراخان، يۈسۈپ قادىرخان، سەئىدخان، ئابدۇرەشىدخانلار پادىشاھ مەن دەپ ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇۋېرىشنى راۋا كۆرمەي، ئات ئۈستىدە بىر قولىدا قىلىچ، بىر قولىدا نەيزە ئېلىپ سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىشنى ۋە تارىخنى ئىلگىرىلە-

ئېشنى شاھلىقنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى دەپ بىلگەن. ئۇلاردا
پىشقان مەشىق ئاساسى بولمىغاندا، سەپ يېرىپ، سەرۋاز - سەركەر-
دىلەرنى ئەگەشتۈرەلمىگەن ۋە دائىم نۇسرەت قۇچالمىغان بولاتتى،
شۇنداقلا زامانداشلىرى ئۇلارنى ماھىر چەۋانداز، نەيزىۋاز ۋە قىلىچ-
ۋازلاردىن ئىدى، دەپ ھۆرمەت قىلمىغان بولاتتى.

تەنتەربىيە كۆپ ھاللاردا ھەربىي مەشىقنىڭ بىر تۈرىگە ئايلىنىپ
كەتكەن بولۇشىغا قارىماي، قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن بەزى زىيالىيلار
قەلەم بىلەنلا بولۇپ كەتمەستىن، بەلكى ئەلەمگىمۇ ئالاھىدە نەزەر
ئاغدۇرغان. پۈتۈن ھاياتىنى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تىلىنى ئا-
ساس قىلىپ، فولكلور مەدەنىيىتىنى يىغىپ، توپلاپ، رەتلەشنى
ئۆمۈرلۈك پىلان قىلغان ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى «مەن ئەڭ
ئۇستا نەيزىۋازلاردىن» بولىمەن دەپ پەخىرلەنگەن. چىڭگىزخان باش
كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئالەمنى مالەم قىلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا جۇڭگو
رايونىغا بارغان ئۇيغۇرلار ئىچىدىن كاتتا ھەربىي ئالىملار، چەۋەنداز-
لار يېتىشىپ چىققان. گۇەن يۈنشى بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇندا
تۇرىدۇ. ئۇ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ داڭلىق
ئەدىبى ئىدى. تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇنىڭ كامىل چەۋەندازلاردىن
ئىكەنلىكى يېزىلغان، يەنى ئۇ قەلەم بىلەنلا بولۇپ كەتمەي، ئەلەمگىمۇ
ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ كىچىك ۋاقتىدىلا ئانىسىغا ئەگىشىپ، بوۋىسى-
نىڭ دىيانەتلىك ئائىلىسىدىكى داچا — «دىيانەتلىك باغ»دا قەلەم
بىلەن ئەلەمنى مەشىق قىلغان. ئۇ بىر تەرەپتىن، «قېتىرقىنىپ
ئۆگىنىشكە ماھىر قەلەمباز بولسا»، يەنە بىر تەرەپتىن، «ئاتلىق
ئوقيا ئېتىشقا ماھىر، يەنە كېلىپ ئۇستا چەۋەنداز ئىدى». ئۇ 12
ياش ۋاقتىدا، جىسمانىي جەھەتتە باشقىلاردىن كۈچلۈك بولۇپ، قەي-
سەر ۋە باتۇر ئىدى. بىر قېتىم ئۇنى ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىۋاتقان
نەچچە ئاتلىقنى قوغلاشقا ئەۋەتكەندە، ئۇ ئۆزى ئاتلىق، قورال تۇتۇپ
بىر چەتتە قاراپ تۇرىدۇ. ئاتلار ئۇچقاندەك تېزلىكتە چېپىپ ئۇنىڭ
ئالدىغا كەلگەندە، ئۇ ئاتلارنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ، ئىككى ئات-
نىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپ، ئۈچىنچى ئاتنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ
چىقىپ، قورالى بىلەن ھاۋا يېرىپ، ھەممىسىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.
ئۇ ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ئات ئۈستىدە ھەرقانداق ۋەھشىي ھايۋاننى

چەپدەسلىك بىلەن قارىغا ئالاتتى. ئۇ مەركىزىي جۇڭگودىكى خۇيخېنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا تۇمەنبېشى ۋە دارۇغاچ بولغاندا، 11 تۇمەن پۇقرانى باشقۇرۇپ، 7000 دىن ئارتۇق چېرىك بېشى ۋە لەشكەرلەرگە قوماندانلىق قىلغاندا، قوشۇننى قاتتىق باشقۇرۇپ، جازا ۋە ئىنئامدا سۆزىگە ئەمەل قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن.

شىنجاڭ تەنتەربىيىسى ساھەسىدىكى مەشھۇر ئەزىمەتلەردىن توختى جانبازنىڭ نامىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىمىز. ئۇ 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ جانبازلار توپلانغان بىر مەھەللىسىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان. 1945 - يىلى 63 ياشتا ۋاپات بولغان. توختى ئاخۇن جانبازلىق ھۈنىرىگە قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، بۇ ھۈنەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ، جاپاغا چىداپ مەشىق قىلىدۇ ھەم تېز ئارىدا يۇرتداشلىرى ئارىسىدا تونۇلغان جانباز بولۇپ نام چىقىرىدۇ ۋە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا شۆھرىتى يېيىلىپ، ئۇ يەردىن جانبازلار كېلىپ بەسلىشىدۇ.

شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى قوۋملاردا تەنتەربىيە، جۈملىدىن ھەربىي مەشىق نوقۇل يىگىتلەر بىلەنلا چەكلەنگەن ئەمەس. بۇ ساھەدە قىز - چوكانلارمۇ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسەتكەن. مەسىلەن، قەدىمكى ھون جەمئىيىتىدە ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاش ئات ئۈستىدە ئوقيا ئېتىشتا ماھىر بولغان، يەنى ئاياللار ھەر تەرەپلىمە مەشىققە قاتناشقان.

تۈرك خانلىقى دەۋرىدە ئاياللارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىدىن باشقا جىسمانىي قابىلىيىتىگىمۇ بەك ئەھمىيەت بېرىلگەن. بۇ خانلىق مەۋجۇت بولغان مەزگىلدە، سۇبىيى دېگەن بىر ئايالنىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ بىر مەزگىل ھوقۇق تۇتقانلىقى بۇ نۇقتىنى روشەن ھالدا ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى قەبىلىلەرنىڭ ئۆتكۈر زىددىيىتى بىلەن تولغان ئەينى زاماندا، ئۇزۇن سىناقلاردىن ئۆتكەن، ئەينى زاماننىڭ ھەربىي ساھەسىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بولمىسا، يۇقىرى ھوقۇقنى ئىگىلەپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئورقۇن قاتۇن 6 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر سىياسىيونى ۋە ھەربىي ئىشلارغا كامىل، جىگەرلىك ئايال. ئۇ ئور-

قۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچى (605 — 744 ـ يىللار)
نىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا تەختتە ئولتۇرغان بۇسات (616 — 636 ـ
يىللىرى) نىڭ ئانىسى ئىدى. بۇ ئايال كىچىكىدىن ئىجتىمائىي، سى-
ياسىي ئىشلارنى ئوبدان ئۆگەنگەندىن باشقا، ھەربىي مەشىق، جۇملى-
دىن شۇ زاماننىڭ تەنھەرىكەت تۈرى بولغان چەۋەندازلىق، قىلىچۋاز-
لىق ۋە نەيزىۋازلىق قاتارلىقلارنى پۇختا ئىگىلىگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ
ئەقىللىقلىقى ۋە چېۋەرلىكى بىلەن ئورقۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ دەسلەپكى
سەردارى تېگىن ئىركىن (605 — 616 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇر-
غان) نىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ، ئۇنىڭ ئەمرىگە ئۆتكەن. لېۇ شۈي «يېڭى
تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «بۇساتنىڭ ئانىسى ئورقۇن قا-
تۇن ناھايىتى كەسكىن، تەدبىرلىك ئايال ئىدى، قوۋملار ئىچىدە يۈز
بەرگەن ۋەقەلەرنى قەتئىيلىك بىلەن تىنچىتاتتى. ئۇيغۇرلار شۇنىڭ
ئۈچۈن قۇدرەت تاپقان» دېيىلگەن. يەنە «كونا تاڭنامە. ئۇيغۇرلار
تەزكىرىسى» دە: «بۇساتنىڭ ئانىسى ئورقۇن قاتۇن تەدبىرلىك ئايال
بولۇپ، ئەرز ـ دەۋا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلاتتى، ئەگەر ئىچكى
قىسىمدا توپىلاڭ يۈز بېرىپ قالسا، دانىشمەنلەرچە بېسىقتۇراتتى،
قوۋملارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنىمۇ قەتئىيلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلات-
تى» دەپ يېزىلغان.

بۇ دەۋردە نام ـ تۆھپىسى تارىخىي ماتېرىياللاردا ساقلىنىپ
قالغانلاردىن يەنە بىلگە قاتۇن ھەم بار. ئۇ مىلادىيە 759 ـ يىلىدىن
780 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان ئۇيغۇر خانى بۆگۈخان يەنى
ئىدىگىننىڭ خانىشى بولۇپ، بۆگۈ قەبىلىسىنىڭ بەگ جەمەتىدىن
بولغان خۇەي ئەننىڭ قىزى. ئۇ تاڭ سۇلالىسى ئىچىدە ئەن لۇشەن
توپىلىڭى يۈز بەرگەندە، (ئىبرىگە ئەگىشىپ) ئات مىنىپ، قورال
ئېسىپ ۋە بىر قىسىم ئۇيغۇر قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ،
توپىلاڭچى قوشۇن بىلەن قانلىق ئېلىشىپ زور خىزمەت كۆرسەتكەن
ھەم تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن سەركەردىسى بولۇپ قالغان.

ئورقۇن قاتۇن بىلەن بىلگە قاتۇنلار ئورقۇن دەۋرىدىكى جەسۇر
ئاياللارنىڭ تىپىك ۋەكىلى، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ۋە
سەرگۈزەشتىلىرى ئەينى زاماندىكى ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى،
جۇملىدىن تەنتەربىيە ۋە ھەربىي مەشىق پائالىيەت ئەھۋالىنى تەسەۋ-

ۋۇر قىلىشقا ئىمكانىيەت تۇغدۇرىدۇ.

قاراخانىيلار خانلىقى ھاكىمىيىتى قىز - چوكانلارغا باتۇر، شىجائەتلىك بولۇش تەلىپىنى قويغان. ئۇلار ھەر خىل مەشىق، تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشقان. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئانىسى ۋە قىزلىرى بۇ جەھەتتە ئۈلگە تىكلىگەن.

قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى چېلىشتا پىشقان ئاياللارنىڭ نەمۇنىسى قىلىپ، تۇركەن قاتۇننىڭ قىزىقارلىق بىر ھېكايىسىنى سۆزلەپ ئۆتۈش تولىمۇ ئورۇنلۇق. بۇ ئايال يۇسۇپ قادىرخاننىڭ قىزى بولۇپ، تۇرك غەزنەۋىلەر شاھزادىسى سۇلتان مەسئۇدقا ياتلىق قىلىنىپ، غەزنەۋىلەرنىڭ مەركىزى باغدادقا بارغان. باغدادتا داغدۇغىلىق توي قىلىنغان. توي كېچىسى تۇركەن قاتۇن سۇلتان مەسئۇدنىڭ مىجەزىنى سىناماق بولۇپ، بەل تۇتۇشقاندا ئۇنى يىقىتىپ قويغان. ئىش يەڭگىلەر ئارقىلىق خاقانىيلىكلەر ئارىسىغا تارقىلىپ، «قىز بىرلە كۆرۈشمە، قىسراق بىرلە يارىشما» دېگەن ماقال تارقالغان. بۇ ماقالنى مەھمۇد كاشغەرى مۇنداق يەشكەن: «قىز بىلەن چېلىشما، تۇغمىغان بايتال بىلەن چېپىشما، چۈنكى قىزلار كۈچلۈك كېلىدۇ، سېنى يىقىتىپ قويىدۇ؛ قىسراق - تۇغمىغان بايتال بىلەن چېپىشما، ئۇ ئاتتىن كۈچلۈك ۋە چاپقۇر بولغىنى ئۈچۈن سېنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ خاقانىيە قىزلىرىدىن بىرى نىكاھ كېچىسى سۇلتان مەسئۇدنى تېپىپ يىقىتىۋەتكىنى ئۈچۈن خاقانىيلىكلەر ئارىسىدا سۇلتان مەسئۇد توغرۇلۇق چىقىرىلغان بىر ماقال».

مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ، يۇقىرىدا پەقەت قىسمەنلىرىنىلا تىلغا ئالدۇق.

ئومۇمەن، شىنجاڭ تەنتەربىيىسى يۇقىرىقىدەك ئۇزاق تارىخىي جەريان، رەڭگارەڭ تۈرلەر ئاساسىدا ھازىرقى زامان تەنتەربىيە دەۋرىگە كىرىپ كەلدى.

# پايدىلانغان ئاساسلىق ماتېرىياللار

## 1. يېتەكچى ئەسەرلەر

△ «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، پەلسەپە قىسمى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ ئېنگېلس: «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، تاشكەنت «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى، 1951 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ لېنىن: «ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىدچىلىكى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1972 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ توملار، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1965 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

## 2. ئاساسلىق ماتېرىياللار

△ سىما چيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ بەن گۇ: «خەننامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ

يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ فەن يې، سىما بياۋ: «كېيىنكى خەننامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ «شىنجاڭ يەرلىك تارىخ ماتېرىياللىرىدىن تاللانما»، خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1987 ـ يىلى نەشرى.

△ ياڭ جيەنشىن ئىزاھلىغان «‹قەدىمكى غەربكە سەپەر خاتىرىلىرى تاللانمىلىرى›غا ئىزاھ»، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «ھونلار تارىخى ماتېرىياللىرى توپلىمى» (لىن گەن تۈزگەن)، ئىككى قىسىم، جۇڭخۇا نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1988 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر ماقالىلەردىن تاللانما» (لىن گەن تۈزگەن)، ئىككى قىسىم، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1987ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «ئۇيغۇر تارىخى يىلنامىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «‹ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئۈرنەكلەر›دىكى تۈركلەر، ئۇيغۇرلارغا دائىر ماتېرىياللارغا ئىزاھ» (ياڭ شىڭمىن ئىزاھ بەرگەن)، تيەنجىن قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1 — 3 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ، 1991 ـ، 1992 ـ يىللىرى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ «شىنجاڭدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «شىنجاڭ مىللەتلەر قامۇسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «شىنجاڭ تارىخ لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ قەدىمكى سەنئىتى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ، 1990 ـ يىللىرى خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە نەشرى.

※ ※

△ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، (ئابدۇقەييۇم خوجا قاتارلىقلار تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» I، I، II توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ، 1983 ـ، 1984 ـ يىللىرى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1984 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر: «تارىخى رەشىدى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ شاھ مەھمۇد جوراس: «تارىخى رەشىدى» (زەيلى)؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەتى-تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 1960 ـ يىلى ئۇيغۇرچە، شاپىگراف نۇسخا.

△ شاھ مەھمۇد جوراس: «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ مۇھەممەد سادىق كاشغەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى.

△ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، «تارىخى ئەمىنىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسى»، جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى، 1980 - يىللاردا نەشر قىلىنغان مۇناسىۋەتلىك تومىلىرى، خەنزۇچە نەشرى.

△ «辞海» («تسىخەي») ، شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى، 1979 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «مىللەت لۇغىتى»، شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى، 1987 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «جۇڭگو يىپەك يولى قامۇسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى شىمالدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخى»، خېيلۇڭجياڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، يۇتەيشەن باش تۈزگۈچىلىكىدە يېزىلغان، جۇڭگو دوستلۇق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1996 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «غەربىي يۇرت ئومۇمىي تارىخى»، يۇتەيشەن باش تۈزگۈچىلىكىدە يېزىلغان، جۇڭگو قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، جېڭجۇ، 1996 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ فەن ۋېنلەن: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى»، خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1970 — 1980 - يىللار، خەنزۇچە نەشرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 - يىللار، ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ جيەن بوزەن: «جۇڭگو تارىخ تېزىسلىرى»، خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1984 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ گو مورو: «جۇڭگو تارىخ تېزىسلىرى»، خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1976 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «شەرق مەدەنىيەت تەتقىقاتى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 - يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ لىيۇ يىۋېي: «جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخى»، جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخىدىن كۆچىرىكلار»، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1988 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «مەدەنىيەتشۇناسلىق لۇغىتى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ زېڭ ۋېنجۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى»، سودا نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1936 ـ يىلى نەشرى، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىللاردا ئۇيغۇرچە ئېلان قىلغان ھەرقايسى سانلىرى.

△ «جۇڭگو مىللەتلەر تارىخىدىكى شەخسلەر قامۇسى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1990 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر»، خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1981 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەشھۇر شەخسلىرى قامۇسى»، سىچۇەن قامۇس نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «جۇڭگودىكى مىللەتلەر مۇناسىۋەت تارىخى تەتقىقاتى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «جۇڭگو ئىسلام قامۇسى»، سىچۇەن قامۇس نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ دىن ۋە ئەپسانىلىرى قامۇسى»، ئىلىم گۈلزارى (学苑) نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1990 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

لىيۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ لىن گەن، گاۋزىخۇ: «ئۇيغۇر تارىخى»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ ياڭ شېڭمىن: «ئۇيغۇر تارىخى»، جىلىن مائارىپ نەشرىيا-

ти، 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ ليۇ يىتاڭ: «ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، تەيۋەن جىڭجۇڭ نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى.
△ شۆ زۇڭجياڭ: «تۈركلەر تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەن-لەر نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ «غەربىي يۇرت تارىخى مەجمۇئەسى»، ئۈچ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىللاردىن باشلاپ نەشر قىلغان، خەنزۇچە نەشرى.
△ لىن مېيسۇن: «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»، شەرق نەشرىيا-تى، بېيجىڭ، 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ لۇشۇن، لى گېنپىن: «مىللەت ۋە ماددىي مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە مۇھاكىمە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ ۋاڭ بىڭخۇا: «يىپەك يولى ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى»، شىن-جاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ «غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ دىن تارىخى ماتېرىياللىرى-دىن تاللانما» (شىنجاڭ قىسمى)، ئىككى قىسىم، گەنسۇ كۇتۇپخانى-سى 1985 ـ يىلى توپلاپ باستۇرغان (ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدى-غان)، خەنزۇچە نۇسخا.
△ جاڭ گۇاڭدا: «غەربىي يۇرت تارىخ جۇغراپىيىسى تېزىسلىرى-دىن دەسلەپكى توپلام»، شاڭخەي قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ جاڭ شىڭلاڭ: «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ ئالاقە تارىخى»، ئالتە توملۇق، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1977 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ شېن فۇۋېي: «جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىسى تارىخى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ جياڭ يىڭلياڭ: «جۇڭگو مىللەتلەر تارىخى»، ئۈچ قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ لۈ سىمىيەن: «جۇڭگو مىللەتلىرى تارىخى»، جۇڭگو ئېن-

ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ سۇ بېيخەي: «غەربىي يۇرت تارىخ جۇغراپىيىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ «جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋەت تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1987 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ ياڭ جيەنشىن: «جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخى»، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ ياڭ جيەنشىن: «يىپەك يولى»، گەنسۇ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ «شىنجاڭ بىلەن ئىچكىرىنىڭ مۇناسىۋەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ ليۇ يىڭشىڭ: «غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخى ۋە چاغاتاي خانلىقى تارىخى»، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ چيەن بوچۈەن، ۋاڭ بىڭخۇا: «ئاممىباب شىنجاڭ تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ «شىنجاڭ تارىخىغا دائىر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
△ فاڭ يىڭجى: «شىنجاڭنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تارىخى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ «ياپلاقتىكى يىپەك يولى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى» (جاڭ جياۋ باش مۇھەررىرلىكىدە)، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ سېن جۇڭمىيەن: «تۈرك تارىخى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1958 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ ما چاڭشۇ: «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى»، شاڭخەي خەلق

نەشرىياتى، 1957 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى؛ «شىمالىي دىلار ۋە هونلار»، ئۈچ بىرلەشمە كىتابخانا ( 三联书店 ) نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1962 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ دۇەن لىيەنچىن: «شىمالىي دىلار ۋە جۇڭشەن بەگلىكى»، خۇبېي خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ لىن گەن: «هونلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1986 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ لىن گەن: «تۈركلەر تارىخى»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلار «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، ئىككى قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ چېڭ سولۇ: «تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار تارىخى هەققىدە ماقالىلەر توپلىمى»، خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ دۇەن لىيەنچىن: «دىڭلىڭلار، ئېگىز قاڭقىللىقلار ۋە تېلىلار»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە هۆججەتلىرى هەققىدە ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «خۇاڭ ۋېنبى تارىخ ـ ئارخېئولوگىيە ماقالىلىرى توپلىمى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1989 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

※ ※

△ «قىسقىچە برىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى»، جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى، بېيجىڭ، شاڭخەي، 1986 ـ يىلى خەنزۇچە

نەشرى.

△ «سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى لۇغىتى»، دۆلەت نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1952 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «تۈرك چوڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركىيە مائارىپ نەشرىياتى، 1966 ـ يىلى تۈركچە نەشرى.

△ «ئىسلام چوڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركىيە مائارىپ نەشرىياتى، 1978 ـ يىلى تۈركچە نەشرى.

△ ئەھمەد زەكى: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، ئىستانبۇل، 1970 ـ يىلى تۈركچە نەشرى.

△ «ئەرەب، پارس، تۈركلەرنىڭ شەرق ھەققىدىكى ھۆججەتلىرىگە شەرھى» (فرانسىيىلىك گابرىئېل فېرراند ئىزاھلىغان)، ئىككى قىسىم، جۇڭخۇا نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1989 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ يۇتيەنخىڭ (خاندا تورۇ، ياپونىيە): «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ بارتولد (رۇسىيە): «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ گروسسى (فرانسىيە): «يايلاق ئىمپېرىيىلىرى»، چىڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ ئا. ستەيىن (ئەنگلىيە): «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ مۇگتيەن شۇنەن (ياپونىيە): «قەدىمكى تەڭرىتاغلىرىنىڭ تارىخ جۇغراپىيەشۇناسلىقى تەتقىقاتى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ مىكوۋېرىن (ئامېرىكا): «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەر تارىخى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1958 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ چېيەنداۋ شىنسى (ياپونىيە): «يىپەك يولىدىكى 99 سىر»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ ئەنبۇ جيەنبۇ (ئابىتاكمئۇ، ياپونىيە): «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى تارىخى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ مارئو بۇ ساگىر (ئىتالىيە)، چاياباتاكايا (ھىندىستان): «ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددا سەنئىتى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ پۇگاچېۋا، رىموفىت (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى): «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت تارىخى»، گەنسۇ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ پۇگاچېۋا، رىموفىت: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى سەنئىتى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ ستاۋىسكى (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى): «قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئىتى»، سەنئى ساياھەت نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ كىلىمكىت (گېرمانىيە): «يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ لو سې بوئۇل نوئىس (فرانسىيە): «يىپەك يولى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ ئا. ستەين: «قۇمىغا كۆمۈلگەن خوتەننى قېزىش خاتىرىسى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ غەربىي يۇرت خاتىرىسى» (ۋېي چاڭخۇڭ، خې خەنمىن تۈزگەن)، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ مونكۈي مايار (فرانسىيە): «قەدىمكى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت تارىخى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، بېيجىڭ،

1995 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ پېتېر خوپكىرك (ئەنگلىيە): «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ ئا. ۋ. گاباتىن (گېرمانىيە): «قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى»، تۇرپان شەھەرلىك تەزكىرە تەھرىرلىك ئىشخانىسى 1989 ـ يىلى خەنزۇچە باستۇرغان (ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان) نۇسخا.

△ خامىلتون (فرانسىيە): «بەش سۇلالە دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ھۇزۇرىدا تۈزۈلگەن)، ئالما ـ ئاتا «ئىلىم» نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى رۇسچە نەشرى.

△ س. گ. كىلياشتورنىي (رۇسىيە): «قەدىمكى تۈرك ـ رونىك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلار»، خېيلوڭجياڭ مائارىپ نەشرىياتى، خاربىن، 1991 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ رېنې گرائود (فرانسىيە): «شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ مەڭگۈ تاشلىرى ھەققىدە»، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى 1984 ـ يىلى خەنزۇچە باستۇرغان (ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان) نۇسخا.

△ لوفېر (ئامېرىكا): «جۇڭگو، ئىران»، سودا نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1964 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ شېفېي (ئامېرىكا): «تاڭ دەۋرىدىكى سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەت»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1995ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ ب. گ. غاپۇروف (تاجىكىستان): «ئوتتۇرا ئاسىيا تاجىكلار تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى؛ «تاجىكلار تارىخى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ گېئورگى كاۋدىس (فرانسىيە) : «گرېك، لاتىن ئاپتور-لىرىنىڭ يىراق شەرق ھەققىدىكى قەدىمكى ھۆججەتلىرىدىن ئۆ-زۈندىلەر»، جۇڭخۇا نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1987 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ سۇن ھېدىن (شۋېتسىيە) : «مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئىچكى رايونىغا ساياھەت خاتىرىسى»، شاڭخەي كىتابخانىسى باسمىخانىسى، 1984 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ كامىران گۈرۈن (تۈركىيە) : «تۈركلەر ۋە تۈرك دۆلەتلىرى تارىخى»، تۈركىيە بىلگە نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى تۈركچە نەشرى.
△ «تۈرك كۈلتۈر ئارىشتىرمالىرى»، ئەنقەرە، 1977 — 1978 ـ يىللىرى تۈركچە نەشرى.
△ م. ئا. تىرېنتىېۋ (رۇسىيە) : «ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇ-رۇش تارىخى»، سودا نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
△ رىشات گەنج (تۈركىيە) : «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلا-تى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
△ ئا. گ. مالياۋكىن (رۇسىيە) : «9 — 12 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى ئۇي-غۇرچە نەشرى.
فولك بېرگمان (شۋېتسىيە) : «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

※ ※

△ ئا. مۇھەممەد ئىمىن: «ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى (12 مۇقام)»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
△ شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى.
△ ئىبراھىم مۇتىئى: «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى»،

مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىلى نەشرى.

△ ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىلى نەشرى.

△ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ ئابدۇكېرىم رەھمان: «مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تۇغۇلغان ئىزلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ ئابدۇقەييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ مەھمۇد زەيدى: «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىن تەرمىلەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ ئابلىز مۇھەممەد سايرامى: «سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1993 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ ئا. رەھمان، ر. ھەمدۇللا، ش. خۇشتار: «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ ئابدۇكېرىم رەھمان: «ئۇيغۇر فولكلورىدىن ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1988 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ ئابدۇرېھىم ھېبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، مەملىكەتلىك ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن دەرسلىك، 1996 - يىلى بېسىلغان (ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان) نۇسخا.

△ ئىبراھىم نىياز: «تارىختىن قىسقىچە بايانلار»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1989 - يىلى نەشرى.

※ ※

△ «دۇنيانىڭ قىسقىچە تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ «دۇنيانىڭ ئوتتۇرا قەدىمكى زامان تارىخى»، ئىككى قىسىم، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1991- يىلى نەشرى.

△ «دۇنيانىڭ ئومۇمىي تارىخى»، خەلق نەشرىياتى، 1962- يىلى خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ.

△ ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى؛ «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ تېزىسلىرى»، خۇنەن مائارىپ نەشرىياتى، 1986- يىلى نەشرى؛ «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېقىنقى زامان تارىخى»، لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989- يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ شياڭ يىڭجيې: «ئوتتۇرا ئاسىيا: ئات ئۈستىدىكى مەدەنىيەت»، جېجياڭ خەلق نەشرىياتى، 1994- يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ داۋجياۋ جىڭزى (ياپونىيە): «پەن تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1990- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

△ ۋاڭ يۇساڭ: «پەن - تېخنىكا تارىخى»، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1993- يىلى نەشرى.

△ جىڭ جىيۇەن: «پەن - تېخنىكىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1987- يىلى نەشرى.

△ گىرمائىن جازىن (فرانسىيە): «سەنئەت تارىخى»، شاڭخەي خەلق گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى، 1991- يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ مەندارىن: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ جۇغراپىيىسىگە دائىر ھۆججەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1995- يىلى خەنزۇچە نەشرى.

△ جۇ چىڭباۋ: «يىپەك يولىدىكى سەنئەت تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994- يىلى خەنزۇچە نەشرى.

# ئاخىرقى سۆز

مېنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا 1978 — 1983 - يىللىرىغىچە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش دولقۇنى قاينام - تاشقىنلىق كەيپىياتتا باشلىنىپ، ئىقتىسادىي ساھەدىن تارتىپ ئىدېئولوگىيە ساھەلىرىگىچە جۇشقۇن بىر خىل مۇھىت يارىتىلىۋاتقان چاغلار ئىدى. ئالىي مەكتەپ قويىنىدا سىستېمىلىق بىلىم ئېلىش جەريانىدا، ئۇستازلارنىڭ دەرسلىرىنى قىزىقىپ ئاڭلىغاندىن باشقا، جەمئىيەتتىكى كەسپداش ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش ۋە ئۇلارنىڭ لېكسىيىلىرىنى ئاڭلاش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئىزدىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق، مەندە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخى توغرىسىدا ئىزدىنىش ئىستىكى تۇغۇلغانىدى. بەختىمگە يارىشا ئانا مەكتىپىمدە خىزمەتكە چۈشۈپ، ئوقۇتقۇچى بولدۇم ھەم ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى دەرسىنى ئۆتۈشكە تەيىن قىلىندىم. بۇ ھال مېنىڭ ئارزۇيۇمنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى ئۈچۈن ئوبدان بىر پۇرسەت ئىدى. دېمىسىمۇ ئېلىمىزنىڭ گۈللەپ ياشناپ تۇرۇۋاتقان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى، ئانا مەكتىپىمنىڭ ئەۋزەل مۇھىتى ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىشلىرىمگە بەكلا ماسلىشىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى» دېگەن مۇشۇ تېمىنى يورۇتۇشقا رەسمىي تۇتۇش قىلدىم. بۇ ماۋزۇنى چۆرىدىگەن ھالدا بەزى پىشمىغان ماقالىلەرنى ئېلان قىلدىم. بۇنىڭ دەسلەپكى يىرىكرەك نەتىجىسى بولغان «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى» («مۇقەددىمە») ناملىق ماقالەم (تەھرىرلەش ۋە بېسىلىش جەريانىدا جۇملىنىڭ ئالمىشىپ قېلىشى، ئىزاھاتلىرى قالايمىقانلىشىش ۋە ئىملا سەۋەنلىكى كۆرۈلگەن بولسىمۇ) «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىللىق 3 - سانىدا، «ئۇيغۇر مەدەنىيەت

تارىخى، » نى يېزىشقا دائىر مەسىلىلەر» ناملىق ماقالەم شۇ ژۇرنال-
نىڭ 1986 ـ يىللىق قوشۇمچە 11 ـ سانىدا جامائەتچىلىك بىلەن
يۈز كۆرۈشۈپ، جەمئىيەتتە بەلگىلىك ئىنكاس قوزغىغانىدى. بۇ ھال
ماڭا دەرھال «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى» ناملىق بىر كىتاب يېزىشىم-
نىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇردى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ
ماۋزۇنىڭ بەك چوڭ، ئۇنى ئىلمىي يورۇتۇشنىڭ تولىمۇ تەسلىكىنى
ھېس قىلىپ، داۋاملىق ئىزدىنىشىمغا توغرا كەلدى. 1990 ـ يىلى
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتۇش باشقارمىسىنىڭ قوشۇلۇشى ۋە ئو-
رۇنلاشتۇرۇشى ئارقىسىدا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇ-
غۇچىلىرىغا «شىنجاڭ مەدەنىيەت تارىخىدىن لېكسىيىلەر» ناملىق تال-
لانما دەرسنى سۆزلەشكە باشلىدىم. بۇ 1992 ـ يىلى كۈزدە شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىغا «غەربىي يۇرت مەدەنى-
يەت تەتقىقاتى» نامى بىلەن بىر تەتقىقات تۈرى قىلىپ يوللىنىپ
تەستىقلانغان ۋە 1993 — 1995 ـ يىلىغىچە تاماملاشقا مەلۇم نىسبەت-
تە مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىلگەن 1995 ـ يىلى كۈزدە شىنجاڭ ئۇنىۋېر-
سىتېتى پەن تەتقىقات باشقارمىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
مائارىپ كومىتېتىغا ۋاكالىتەن شەرىپىدىن ئۆمەر، ئابلەت ئۆمەر،
ئابدۇكېرىم رەھمان قاتارلىق پروفېسسورلار، ئابدۇقەييۇم خوجا،
ئىسرايىل يۈسۈپ قاتارلىق تەتقىقاتچىلاردىن تەركىب تاپقان باھالاش-
بېكىتىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، مەن ئورۇندىغان بۇ تۈرنى ئەستا-
يىدىل كۆرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئىلمىي قىممىتىگە تېگىشلىك باھا
بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىتابنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ،
مەزمۇنىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەققىدە قىممەتلىك تەكلىپ
پىكىرلىرىنى بەرگەن. مەن يۇقىرىقى ئىلمىي خادىملارنىڭ بۇ كىتابىم
ئۈچۈن سىڭدۈرگەن خالىس ئەمگەكلىرىگە چىن قەلبىمدىن تەشەككۇ-
رۇمنى ئىزھار قىلىش بىلەن بىرگە، بۇ جەرياندا بارغانسېرى ئىلمىي-
لىشىشقا ۋە سىستېمىلىشىشقا قاراپ يۈرۈلۈش ياسىغان بۇ كىتابنى
قايتا ـ قايتا تولۇقلاپ ۋە پىششىقلاپ، بۇ قېتىم رەسمىي «قەدىمكى
تارىم مەدەنىيىتى» («ئومۇمىي بايان») دېگەن نام بىلەن نەشر قىل-
دۇرۇشنى مۇۋاپىق تاپتىم. ئارزۇ ـ ئارمانلىرىم بەك كۆپ، كىتابىم-

نىڭ ماۋزۇسى ھەم ناھايىتى چوڭ. كەڭ ئوقۇرمەنلەر ۋە كەسپداش-
لارنىڭ ئارزۇلىرىغا قەترىچىلىك مەزمۇن قوشالىسام ھەم چوڭ ماۋزۇ-
نى ئۆزىنىڭ ئىچىدىكى بىر مەزمۇن ئارقىلىق قىسمەتكە ئىگە قىلالىسام
ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك چاغلىغان بولاتتىم.

ئۈرۈمچى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى

1998 - يىل 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى
2006 - يىل 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى